


غەيرەت ئاسىم
ئۆكۈنۈش
شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

مىللىي يېزىقتىكى نەشر بۇيۇملىرى مەخسۇس مەبلىغىگە ئېرىشكەن تۈر


民族文字出版专项资金资助项目



# ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار

## 21 - 50

## 维 吾 尔 原 创 文 学 作 品 精 选



غەيرەت ئاسىم

# ئۆگۈنۈش

(رومان)

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

懊悔：维吾尔文 / 阿拉提·阿斯木著. — 乌鲁木齐: 新疆人民出版社, 2014.7
ISBN 978-7-228-17550-5

Ⅰ. ①懊… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2014)第140746号

责任编辑 巴力江·孜帕尔
责任校对 热娜古丽·阿布里米提
封面设计 买买提·诺比提
出版发行 新疆人民出版总社<br>新疆人民出版社
电　　话 0991-2827472
地　　址 乌鲁木齐市解放南路348号
邮　　编 830001
印　　刷 北京顺诚彩色印刷有限公司
经　　销 新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本 880×1230毫米 32开本
印　　张 16.25
版　　次 2014年8月第1版
印　　次 2014年8月第1次印刷
印　　数 1 — 3000
定　　价 45.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب «نايناقلار دەرياسى» ........................ 1
ئىككىنچى باب ئاي غوۋا، قۇشلار بىناۋا ...................... 28
ئۈچىنچى باب ياخشىلار مەھەللىسى ........................ 47
تۆتىنچى باب ئارالدىكى قىزىل ئۆي ........................ 51
بەشىنچى باب رەنا ...................................... 69
ئالتىنچى باب رەپقەت ................................. 78
يەتتىنچى باب جۇپلەشكەن يۈرەكلەر ...................... 87
سەككىزىنچى باب خەمىت مۇرادىغا يەتتى ..................... 108
توققۇزىنچى باب گۈلباھار ياق دەپ بېشىنى كۆتۈردى ...... 135
ئونىنچى باب ھەر كاللىدا بىر خىيال ..................... 154
ئون بىرىنچى باب دوست يىغلىتار، دۈشمەن كۈلدۈرەر .... 166
ئون ئىككىنچى باب توي .................................. 178
ئون ئۈچىنچى باب ياخشى كۆنلەرگە رەھمەت .................. 199
ئون تۆتىنچى باب مەرھابانىڭ يىغىسى ....................... 238
ئون بەشىنچى باب چەت ئەلدىن كەلگەن مېھمان .......... 260
ئون ئالتىنچى باب مۇھەببەتنى ئۇنتۇغىلى بولمايدۇ ........ 287
ئون يەتتىنچى باب ئادەم ئادەم بىلەن ئادەم .................. 306
ئون سەككىزىنچى باب قول ئىچىگە ئېگىلىدۇ ............... 325
ئون توققۇزىنچى باب رەنا سەپەرگە ئاتلاندى .................. 338
يىگىرمىنچى باب بۇلبۇللار كۆندە سايراۋەرمەيدۇ .......... 366
يىگىرمە بىرىنچى باب زەربە ................................. 378
يىگىرمە ئىككىنچى باب ئاخىرقى قارار ........................ 397
يىگىرمە ئۈچىنچى باب يېڭى ماكان، يېڭى ھايات ............ 409

يىگىرمە تۆتىنچى باب  ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە ............ 425
يىگىرمە بەشىنچى باب  يەنىلا ياخشىلار كۆپ بۇ ئالەمدە .... 460
يىگىرمە ئالتىنچى باب  قەلبتىن قەلبكە سەپەر ............ 471
يىگىرمە يەتتىنچى باب  ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپىدۇ .... 482
يىگىرمە سەككىزىنچى باب  هايات يېنىكلىكنى كۆتۈرمەيدۇ ... 497

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى باب

# «نايناقلار دەرياسى»

بۇ شەھەرنىڭ تارىخى بەكمۇ ئۇزاق، ھەممە ئادەم مۇشۇ شەھەرگە قىزىقىدۇ. لېكىن، نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئۇنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى بىلمەيدۇ. بەزىلىرى قىزىقمايدۇ، قىزىقىدىغانلىرى ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئاڭلىغان رىۋايەتلىرىنى ئاساس قىلىپ ھۇزۇرلىنىدۇ. سورۇنلاردا، ئولتۇرۇشلاردا، ئەتە ـ ئاخشاملىرى مەھەللىلەردە دوقمۇشتا ياكى مېھرى ئىسسىق ساتىراشخانىلاردا بىزنىڭ مۇشۇ شەھىرىمىز دۇنيا بويىچە ئۈستەڭ ـ دەريا ئەڭ جىق ماكان ئىكەن دەپ، ئاڭلىغان ـ بىلگەنلىرىنى ئۇلارغا قاراپ ئولتۇرغان تونۇش ۋە ناتونۇش كىشىلەرگە زوق ـ شوق بىلەن سۆزلەپ بېرىپ ماختىنىدۇ.

بۇ شەھەردە ئەزەلدىن سۇ جىق ئىدى، بەزىلەر بۇ شەھەرنى سۇ شەھىرى دەپمۇ قويىدۇ. شۇڭا، شەھەر ئورمان ئىچىدە ئىدى، يىراقتىن كەلگەنلەرنىڭ كۆزلىرىگە ئالدى بىلەن كۆك ئاسمانغا تۇتىشىپ تۇرىدىغان ياپيېشىل ئورمان كۆرۈنەتتى، يول قىسقارغانسېرى ئۇلار ھەقىقىي شەھەر بىلەن كۆرۈشەتتى. شەھەر يوللىرى ئەگرى ـ توقاي، شۇ قەدەر تەبىئىي ئىدى. ھەممە ئادەم دېيىشىۋالغاندەك ھويلىلىرىنىڭ دەرۋازىلىرىنى، ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى زەڭگەر سىر بىلەن سىرلىۋالغانىدى. قىز ـ خوتۇنلىرى ئاۋۋال ئۇلارنىڭ قورسىقى ئۈچۈن ئىشلىمەي، ھەر كۈنى چۈشكىچە تەرلەپ ـ تەپچىرەپ، ھېرىپ ـ ئېچىپ

ھويلىلىرىنىڭ مۇھىتى ئۇچۇن ئىشلەيتتى. بۇنى كۆرگەن ساياھەتچىلەر: ھە مانا، خوتۇن دېگەننى مۇشۇ شەھەردىن ئالىدىغان گەپ ئىكەن ـ دە، ئەر ئۇچۇن، ئەرلەر ئۇچۇنلا تۇغۇلغان قىزلار ئىكەنغۇ بۇ دېيىشەتتى.

ئەسلىدە شەھەر بەرىكىتىنىڭ مەنبەسى ئاشۇ كۆل ـ دەريالار ئىدى، بۇ ماكانغا «سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق، ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق» دېگەن گەپ مۇناسىپ كەلمەيتتى، يەر شارائىتى ھەرھالدا ھەممە تەرەپتىن ئادەمنى شادلاندۇراتتى. ھەر ئادەمگە ئۆزىگە تۇشلۇق ياشاش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. قورسىقى توق، كۆزلىرىمۇ توق ئادەملەر سۆزلەپ تۇراتتى، ئويناپ تۇراتتى، ئوتتۇز ياشلىق يىگىت بىلەن ئاتمىش ياشلىق يىگىتنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق دېسەكمۇ بولاتتى، ئوتتۇز ياشلىق يىگىتلەر قىلىدىغان ئىشنى ئاتمىش ياشقا كىرگەن نوچىلارمۇ قىلماي قالمايتتى. ئۇلار: ئون گۈلىمىزنىڭ بىرى ئېچىلمىدى تېخى دەپ، ئۆزىنىڭ ھەم باشقىلارنىڭ مەنئۇيىتىگە مەدەت بېرىپ، ئۇلۇغ كەلگەن يەردە قازان قايناتماي قالمايتتى، شىشە بىكارلىماي قالمايتتى. ئىشقىلىپ، ئۇ يەردە كىشىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى بەك جىق ئىدى، بەزىدە ئاخشىمى قىلىدىغان ئىشلارنى كۈندۈزى قىلاتتى، بەزىدە كۈندۈزى قىلىدىغان ئىشلارنى كېچىسى قىلاتتى. قىسقىسى، ئۇلار ئۆزلىرى ئۆزلىرىگە ئىلھام بېرەتتى.

بۇ ئويناپ تۇرىدىغان ئوماق شەھەردە ئىككى دەريا بار ئىدى. جەنۇب تەرەپتىكى دەريا كۈنپېتىشقا قاراپ ئاقاتتى، شىمال تەرەپتىكى دەريا كۈنچىقىشقا قاراپ ئاقاتتى. شەھەر ـ شەھەرلەردىن كەلگەن قىزىقىقاق، كۆلگەك ساياھەتچىلەر بۇ ئىشقا ھەيران بولۇشۇپ، بۇ قانداق گەپ؟ دەريا دېگەن كۈنچىقىشقا قاراپ ئاقامدۇ، دېيىشەتتى. لېكىن، سۇ ئادەمنىڭ قولىدا بولمىغانلىقتىن ئاققۇسى كەلگەن تەرەپكە قاراپ ئېقىۋېرەتتى. كىشىلەر كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ ئاقىدىغان دەريانى «تەلكە

دەرياسى» دەپ ئاتىشاتتى، كۆنپىتىشقا قاراپ ئاقىدىغان دەريانى ھەجۈپ قىلىپ «نايناقلار دەرياسى» دەپ ئاتىشاتتى، سەۋەبى: چوڭلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بەكمۇ ئۇزاق يىللاردىن بىرى ئاشىق ـ مەشۇقلار ئاساسەن ئەتىسى ـ ئاخشاملىرى مۇشۇ دەريا بويىغا كېلىپ كۆرۈشۈپ، سۆيۈشۈپ، جانانلىرىنىڭ بويىنىنى قايرىپ يۈرگەنلىكتىن، كىشىلەر بۇ دەريانى «نايناقلار دەرياسى» دەپ ئاتاپ كەلگەنىكەن. ياشلار نېمە ئۈچۈن مۇشۇ دەرياغا ئامراق؟ چۈنكى، كۈن قايرىلغاندا «نايناقلار دەرياسى» قۇياش ئاستىدا شۇ قەدەر گۈزەللىشىپ كېتەتتى، دەريادىكى سۇلارنى بېلىقلار ئوينىشاتتى، قىردىكى قىزلارنى ـــ نازىنىنلارنى يىگىتلەر ئوينىتاتتى، سۇدىكى بېلىقلار بىلەن قىردىكى ئادەملەرنىڭ مەقسىتى بىرلا ئىدى: ئازادە، گۈزەل ياشلىق دەۋرلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، مۇھەببەتكە قېنىش ئىدى، ئاندىن سۇلار ياشلارنىڭ ئالدىدىن، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئالدىدىن، ئىككى دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئالدىدىن نايناقشىپ ئېقىپ غايىب بولاتتى. ئاسماندىكى قۇياش مۇشۇ گۈزەل كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەممىسىنى خاتىرىسىگە كىرگۈزۈۋالاتتى.

كېيىنكى يىللاردا ھەممە ئادەم پۇل بىلەن بولۇپ كەتتى. پۇلنىڭ مۇھىملىقى كىشىلەرگە تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇلدى. پۇلنىڭ ئەتىۋارى تېخىمۇ ئاشتى، ۋاقىت ئۇنى گۈزەل مۇنبەرگە باشلاپ چىقتى، مەيلى ئۇ تاز بولسۇن، گاچا بولسۇن ھەممە يەردە باش كۆتۈرۈپ كەتتى. مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا، شەھەردە پولى بار، يۈزى بار، ئەمەلىي كۈچى بار كىشىلەر بىلەن ئېپى بار يىگىتلەر مۇشۇ «نايناقلار دەرياسى» غا كېلىپ بەس ـ بەستە ساياھەت ئورنى قۇرۇۋالدى. بىرنەچچە يىلغا بارمايلا «نايناقلار دەرياسى»نىڭ ئەتراپى ئاۋاتلىشىپ كەتكەنىدى، چوڭلار، بولۇپمۇ شەھەرنىڭ چوڭلىرى «تەلكە دەرياسى»غا بېرىپ ساياھەت قىلاتتى، چۈنكى ئۇ يەر ئۇلار ئۈچۈن تىنچ، ئارامبەخش ئىدى.

چۈشتىن كېيىن دەريانىڭ ئەتراپى شۇ قەدەر تىنچ ئىدى،

شامالللارمۇ ئورمانلارنىڭ ئىچى ـ ئىچىگە كىرىپ ئۆخلاپ قالغانىدى. شەھەر تەرەپتىن چىققان بىر قىزىل پىكاپ دەريا تەرەپكە قاراپ يول ئالدى، ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرىدىغان دەرەخلەر ئاستىدا بىر خىل ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان بۇ پىكاپ تولىمۇ چىرايلىق ئىدى، ئۇ مۇشۇ مۇھىتقا بەكمۇ ياراشقانىدى، پىكاپ «بۇ دۇنيا ساياھەت ئورنى» غا كەلگەندە ئاستا توختىدى. دەرۋازىنىڭ ئالدىدا تۇرغان مۇلازىمەتچى پىكاپنىڭ ئالدىغا مېڭىۋىدى، بېلەت ساتىدىغان بىر يىگىت ئۇنى چاقىرىۋالدى.

— ماشىنىنى كىرگۈزۈۋەت، نومۇرىغا قارىمىدىڭمۇ؟ بەش توققۇز تۇرمامدۇ، بىزنىڭ غوجايىنىنىڭ يېقىنى بۇ، — دېدى بېلەتچى يىگىت.

دەرۋازىغا قارايدىغان يىگىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال ھىجايدى، ئاندىن دەرۋازىنىڭ يەنە بىر قانىتىنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىپ، دەرۋازىنىڭ چېتىدە تۇرۇپ ماشىنىدىكى شوپۇرغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ چاس بەردى.

— ماۋۇ گۈينىڭ ئايناقشىپ كەتكىنىنى ئەمدى، — دېدى بېلەتچى يىگىت ئىچىدە كۈلۈپ.

پىكاپ دەرۋازىدىن كىرىپ، قويۇق ئورمان ئىچىدە غايىب بولدى.

— شوپۇرى بىر قىزغۇ ئاداش؟ — دېدى دەرۋازىغا قارايدىغان يىگىت.

— تونۇمىدىڭمۇ؟

— ياق.

— رەنا لوبەن دېگەن شۇغۇ! ماشىنىنىڭ نومۇرىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ — كىمدە ئۇنداق نوچى نومۇر، بەش توققۇز دېگەن قانداق سان؟ توققۇزى تەل بولدى دېگەن گەپنى بىلمەمسەن؟ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس ئۇ، يەنە ئالدىنى توراۋاتىسەن!

— بىلمەيمەن ـ دە!

— دۇرۇس، بىلمەيسەن، شۇنىڭدىمۇ ئاشۇنداق مۇھىم

نومۇرلارنى كۆرگەندە جىم تۇرۇۋالساڭ بولىدۇ، ئادەتتىكى ئادەملەر كەلمەيدۇ بۇ يەرگە. ئېسىڭدە بولسۇن، ھېلىقىدەك بىرىنچى نومۇر، ئىككىنچى نومۇر، بەشىنچى نومۇرلۇق ماشىنىلار كېلىپ قالىدۇ، ئۇنداق ماشىنىلارنى ھەرگىز توسۇمايسەن، تونۇمىساڭمۇ مەيلى، ئاستا ـ ئاستا تونۇپ قالىدىغان گەپ. سەن بىلەن بىز مۇشۇ يەردە ھىجىيىپلا تۇرۇپ بەرسەك بولدى، قالايمىقان ئادەملەر، مال ـ ۋارانلار كىرىپ كەتمىسە بولدى، — دېدى بېلەتچى يىگىت.

— چۈشەندىم، — دېدى دەرۋازىۋەن.

بېلەتچى يىگىتنىڭ گېپى توغرا ئىدى، چۈنكى بۇ بەش توققۇزلۇق نومۇرنى خېلى ـ خېلى ئادەملەر ئالالمىغانىدى، بەزى غوجايىنلار ئەللىك مىڭ سوم خەجلەپمۇ ئالالمىغانىدى، لېكىن ئۇ رەنانىڭ قولىغا بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا چۈشكەنىدى. ئۇ مۇشۇ پىكاپنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئىزچىل ھالدا ئۆزىنىڭ بېشىنى، ۋۇجۇدىنى سىلاۋاتقان مۇھىم ئەربابقا تېلېفون بېرىپ، ماشىنىنىڭ نومۇرى ھەققىدە گەپ قىلغاندا، ئاشۇ قورسىقى كەڭ مۇھىم ئەرباب بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئۇنىڭغا مۇشۇ نومۇرنى ھەقسىز ھەل قىلىپ بەرگەنىدى. نومۇرنى ماشىنىغا بېكىتىش جەريانىدا، رەنا يەنە ئاشۇ ئورۇنلارنىڭ باشلىقلىرى بىلەنمۇ چىقىشىۋالغانىدى، ئۇ باشلىقلارنى مېھمان قىلىمەن دېگەندە، ئۇلار ئۇنىڭ گولدەك جامالىغا قاراپ تۇرۇپ، خۇشال بولۇپ تەبەسسۇم بىلەن ھىجىيىپ كەتكەنىدى. نەتىجىدە، رەنا ئۇلارنىمۇ ئۆزىنىڭ خالتىسىغا سېلىۋالغانىدى.

رەنا ئورمان يولىدا ماشىنىسىنى ئاستا ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇرىدىغان چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن ھېلى يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئورمانغا، ھېلى يولنىڭ سول تەرىپىدىكى ئورمانغا قاراپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ روھىي ھالىتى ناھايىتى چاغ ئىدى. ئۇ ماشىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئەينەكنى چۈشۈرۈۋەتتى، ئورمان ئىچىدە زېرىكىپ يۈرگەن ساپ ھاۋا

ماشىنىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇنىڭغا چاپلاشتى. رەنا ئۇلۇغ بىر تىنىۋالدى ـ دە، كۆزلىرىنى بىر يۇمۇپ ئېچىۋالدى، بۇ ئۇنىڭ بىر خىل دەم ئېلىش ئۇسۇلى ئىدى. ئېرىقتىكى چىرايلىق سۇ دەريا تەرەپكە قاراپ ئاقاتتى، بالدۇر سارغىيىپ قالغان يوپۇرماقلار سۇ ئۈستىدە مەيۈس هالدا لەيلەپ كېتىۋاتاتتى. ماشىنا قويۇق ئورماندىن چىققاندىن كېيىن، رەنانى كەڭ بوشلۇقتا بەس ـ بەستە ئېچىلغان ياۋا گۇللەر قارشى ئالدى، گۇللەر ئادەم بويى چۆپلەر ئارىسىدا رەنانى سۆيۈپ، ئەركىلەپ كۇلەتتى، ئۇلار رەنانى تونۇيتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى ھەدىيە قىلاتتى، خۇش پۇراق رەنانىڭ بەدىنىدىكى ئەتىرگە ئەسىر بولۇپ قوناتتى. رەنانىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى، ئۇ ھەر قېتىم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ماشىنىنى ئاستىلىتىپ، ئاشۇ گۇللەرنىڭ يوپۇرماقلىرى بىلەن كۆرۈشەتتى، ئۇلار بىلەن سالاملىشاتتى، ئۇلاردىن ھەربىر كېچىدە ۋە تاڭدا بولغان سىرلارنىڭ سىرىنى سورايتتى. ياۋا بىدىلەر كىچىك يوپۇرماقلىرىنى ئوينىتىپ ئۇنىڭغا سالام بېرەتتى، رەنا جانلىنىپ پات ـ پات ئالقىنى بىلەن رولغا ئۇرۇپ قوياتتى، ئاندىن ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ: «ئاھ، دۇنيادا بىرلا ماكان بۇ !» دەيتتى.

رەنا مەنزىلگە ئاز قالغان يەردە يەنە قويۇق ئورمان كۆرۈندى، يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر جۈپ ياش مۇھەببەتلىشىپ كېتىۋاتاتتى، قىزنىڭ قىزىل كۆڭلىكى رەنانىڭ قىزىل كۆڭلىكىگە ئوخشاش بەك ياراشقانىدى. قىز يەرگە قاراپ تولغىنىپ «نايناقلار دەرياسى» تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئورماننىڭ ئىچىدىن قېچىپ چىققان بەڭباش شامال قىزنىڭ بۇدۇر چاچلىرىنى نازغىتقىلى تۇردى. قىزنىڭ چاچلىرىدىكى ئەتىر پۇرىقى يىگىتنىڭ كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇردى، يىگىت قولىنى قىزنىڭ قولىدىن ئاجرىتىپ، ئۇنىڭ بويىنىنى تۇتتى. شۇ تاپتا يىگىت ماڭالماي قالدى، قىزنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت يىگىتنىڭ قەلبىگە تۇتاشتى، يىگىت قىزنىڭ بويىنىنى قايرىدى. شۇ تاپتا رەنا قىزنىڭ قىشىغا كېلەيلا دەپ

www.uyghurkitap.com

قالغاندى. ئۇ چاقچاقلىق بىلەن ماشىنىسىنى توختاتتى ـ دە، چەبدەسلىك بىلەن يەرگە چۈشتى، ئاندىن ماشىنىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئالماقچى بولغاندەك يۈك ـ تاق ساندۇقىنى ئاچتى. ئاچتى ـ يۇ، ئۇ يەردىن ھېچنېمىنى ئالماستىن سەل ـ پەل ئېڭىشكىنىچە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا بەش غۇلاچ نېرىدىكى بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇققا سەپسالدى. يىگىت قىزنى چىڭ قۇچاقلىۋالغاندى، بىرنەچچە پەسىل قۇشلىرى ئۇلارنىڭ قېشىدىكى دەرەخكە قونۇپ، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ بىر گەۋدىگە ئايلانغان ھالىتىنى ئاستاغىنا تاماشا قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇلار بۇ بىر جۈپ يىگىت ـ قىزنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈپ كىچىك تىللىرىدا ئەمەس، دىللىرىدا سايرىشىپ كەتتى. رەنا ماشىنىسىغا چاپلىشىپ تۇرۇپ يىگىتنىڭ قىزنىڭ بوينىنى قايرىپ تۇرۇپ لېۋىگە قان ، جېنىغا جان بەرگەن مەڭگۈلۈك ھالىتىنى تاماشا قىلدى. يىگىت ئەركىنگە ئوخشايتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزئالدىدا يىگىتى ئەركىنىنىڭ سۆلىتى پەيدا بولدى، ئەركىنمۇ ئون يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇ يىگىتكە ئوخشاش ئۇنى باغرىغا ئېلىپ، ئەڭ ئۇلۇغ ھېسسىياتى بىلەن ئۇنى بىر ئۆلتۈرۈپ، بىر تىرىلدۈرۈپ ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچقانىدى. ئۇلار ئۆيدە قىلىدىغان ئىشنى تالادا قىلغانىدى. رەنا كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى، شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇ «نايناقلار دەرياسى»نىڭ بويىدا يىغلىغىنىنى ئېسىگە ئالدى، ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلغان ئاشۇ كۈنى ئۇ ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا قورقۇپ يىغلاپ كەتكەنىدى، بولۇق ئوت ـ چۆپنىڭ ئۈستىدىكى سىرلىق قان ئۇنىڭ گۆدەك مەنىۋىيىتى بىلەن نۆل جىنسىي تەجرىبىسىگە قاتتىق ھۇجۇم قىلغانىدى. ئۇنىڭ شۇ كۈنكى يىغلىرى ئورمان ئىچىگە كىرىپ ئۇۋىسىنى تېپىپ ئۇخلاپ بولغان پەسىل قۇشلىرىنىمۇ ئويغىتىۋەتكەنىدى، پەقەت «نايناقلار دەرياسى» لا ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈنپېتىشقا قاراپ توختىماي ئاقاتتى.

رەنا ئاستا كۆزىنى ئاچتى. يىگىت بىلەن قىز قېنىشىپ بولغانىدى، رەنا ماشىنىسىنى ئاستا قوزغىدى، يىگىتنىڭ قولى قىزنىڭ قولىدا ئىدى. «ياشلىقتا ھېچ نەرسە توغرا كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، ئەركىن مۇشۇنداق كۈنلەردە ياشلىقىم پادىشاھلىقىم دەپ ناخشا توۋلاپ ماڭاتتى، مانا ھەش ـ پەش دېگۈچە ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، نېمىدېگەن رەھىمسىز جاھان بۇ؟!» دېدى ئۇ ئىچىدە.

رەنا ماشىنىسىنى قوزغىدى. بىر جۈپ ياش ئۇنىڭ كەينىدە قالدى، ئۇ بىر ئاچال يولغا كەلگەندە، ئوڭ تەرەپتىكى يولغا چۈشتى. ئۇ بارىدىغان ئورۇننى بىلەتتى، بۇ ئورۇن مۇشۇ دەريا بويىچە ئەڭ ياخشى ئورۇن ئىدى، مەنزىرىگاھنىڭ كۆزى ئىدى. ئۇ ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى، ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ ماشىنىسىنى ئاشخانىنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ توختىتىپ قويدى. ماشىنىدىن ئاندىن ئاستا چۈشۈپ، ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋەتتى. ئۇ ھەر قېتىم ماشىنىسىنى مۇشۇ ئورۇنغا توختىتاتتى، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدا ماشىنامغا ياخشىراق قاراپ قويۇڭلار دېگەن يوشۇرۇن تەلەپمۇ بار ئىدى.

— رەنا لوبەن كەپتۇ ! — دېدى ئوماققىنا بىر كۈتكۈچى قىز. ئۇ چىرايلىق ھىجىيىپ رەنانىڭ ئالدىغا چىقتى.

— مەن بالدۇر كېلىۋالدىمغۇ دەيمەن، سىڭلىم؟ — دېدى رەنا كۈتكۈچى قىزغا كۈلۈپ.

— سىلەر قايسى ئورۇننى ئالغانىدىڭلار، رەنا ھەدە؟ — دېدى كۈتكۈچى قىز كۆزلىرىدە كۈلۈپ.

— ھېلىقى «كىچىك جەننەت» نى ئالدىم دېدىمغۇ ! — دېدى رەنا.

— ئۇ ئورۇننىڭ ئادەملىرى تېخى كەلمىدى، رەنا ھەدە، يۈرۈڭ، مەن سىزنى باشلاپ باراي، — دېدى كۈتكۈچى قىز.

— مەن يولنى بىلىمەن، سىڭلىم، سىز ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ.

قىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئورنىدا تۇرۇپ قالدى. رەنا جەنۇب تەرەپتىكى چىغىر يولغا چۈشتى، ئاندىن ئۇ بىردەمدىلا ئورمان ئىچىدە غايىب بولدى.

— بۇ سەتەڭنى بۈگۈنمۇ ھەرقاچان شۇ بىرلا ئادەم چاقىردى، — دېدى ئاش تارتىدىغان بىر يىگىت.

— گەپ بولدى - دە بۇ، ئەمىسە ئىككىسى چاقىرامتى ؟! — دېدى قورۇما قورۇيدىغان يىگىت.

— بەزىدە ئون نەچچىسى بىرلىشىپ چاقىرىدۇغۇ بۇ خېنىمنى ! — دېدى ئاش تارتىدىغان يىگىت.

— ھەممىسى مەست گۈيلار ئۇ، ئىش پۈتكۈزىدىغان ئادەم ئۆزىلا چاقىرىدۇ.

— ئەمىسە بۈگۈن بۇ ئىككىسى ئۇلار يەيدىكەن - دە !

— دەريا بويىغا كەلگەندىن كېيىن ھەممىنى يەيدۇ - دە، ئەمدى.

— قاراڭغۇ چۈشكەندە ماراپ باقامدۇق؟

— كۆزۈمدىن نېرى بارە، ساراڭ !

ئاشخانىدىكى باللارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

رەنا ئورمان ئىچىدە دەريا بويىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى، ھە دېگەندە سۇ بىلەن بېلىقنىڭ پۇرىقى ئۇنىڭ دىمىقىغا بۇرۇقى ئۇچۇرلارنى ئەسلىتىشكە باشلىدى. رەنا بۈگۈن قىزىل كۆڭلەك بىلەن ئۆزىنى ياسىغانىدى، چاچلىرى يەنە بۇرۇنقىدەك بويىنىنىڭ ئەتراپىدا ئويناپ تۇراتتى. يېرىم كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆكسى قۇياش ئاستىدا بەكمۇ سىرلىق پارقىرايتتى، جۇپلەشكەن كەپتەرنىڭ ئارىلىقىدا شەكىللەنگەن سىرلىق سىزىقچە قىز بالىنىڭ مەڭگۈلۈك بەدەن سىرىنى ئادەمنىڭ ئېسىگە سېلىپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ روشەن كۆزلىرىگە ماسلىشىپ، ئۇنى كۆرگىلى بولىدىغان، تۇتقىلى بولمايدىغان بىر ھەقىقىي پەرىشتە قىلىپ كۆرسىتەتتى.

«كىچىك جەننەت» دېگەن ئارامگاھ دەريا بويىدا ئىدى، ئەتراپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قويۇق ئورمان بولۇپ، پەقەت مۇشۇ ئورۇننىڭ ئالدىلا ئوچۇق ئىدى، بۇ ئورۇندا تولغىنىپ قايماقتەك ئېقىپ كېتىۋاتقان سۇ بىلەن مۇڭداشقىلى بولاتتى، سىرداشقىلى بولاتتى، سۇ كۆپ هاللاردا ئادەمدىن سادىق ئىدى، ئۇ بەزى ئىشلارنى ئادەملەردەك ئاسانلا دەۋەتمەيتتى.

رەنا «كىچىك جەننەت» كە كېلىپ ئولتۇرغاندا، ئۇزاقتىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن سىرداش بولۇپ كەتكەن كېپىنەكلەر ئۇنىڭ تېنىنى هىدلاپ ئۇنى ئىزدەپ كەلدى، ئۇلار ئۇنىڭغا پەرۋانە بولدى، يېقىندىن بېرى ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى. رەنا كېپىنەكلەرگە قاراپ، خۇشاللىقىدا كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى، ئۇلارنىڭ قاناتلىرىدا ئۇنىڭ بەكمۇ جىق خاتىرىسى بار ئىدى. رەنا كۆزىنى ئېچىپ، دەرياغا قاراپ تۇردى، بۇ دەريا ئۇنىڭ بىرمۇنچە ئىشلىرىغا گۇۋاهچى ئىدى، لېكىن رەنا ئۇ ئىشلارنىڭ خاتىرىسىنى ئاچمايتتى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، چىرايلىق ئىشلەنگەن كىچىك شىپاڭغا كىردى، ئۇ ئۇستەلنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ يەنە دەرياغا قارىدى. ئۇلۇغ سۇ تىرىشىپ خاتىرىسىنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يېيىشتىن ئالدىرايتتى.

دەريا قىرىق يىلنىڭ ئالدىدىكى دەريادەك زوۋان سۈرمەي ئاقاتتى. يەنە شۇ سۇ، ئوخشىمايدىغان يېرى ئۇ ۋاقىتتىكى سۇنىڭ پەردە — تارامىلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى، سۇنىڭ ئىچىدىكى بېلىقلارنىڭ بۇرۇت ـ قۇيرۇقلىرىنى، ئويۇن ـ تاماشىلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى، هازىر بۇلغانغان سۇدا ئۇنداق ئىمكانىيەت يوق ئىدى. سۇ بۇلغانمىغان يىللاردىمۇ زوۋان سۈرمىگەنىدى، بۇلغانغان يىللاردىمۇ زوۋان سۈرمىگەنىدى، سۇ خىيال ئىچىدە باش كۆتۈرەلمەي مۇڭلۇق رەۋىشتە ئېقىپ تۇراتتى. سۇدا ئەسلىدە پۇرسەت بار ئىدى، ئاشۇ سۈزۈك يىللىرى ئۇ ئۆزىدىكى بېلىقلارنىڭ سانىنى ئالالمىغانىدى، ئالالمىغانىدى ئەمەس، ئالمىغانىدى. نېمە قىلىمەن، ئۆزۈمنىڭ باغرىدىغۇ ئۇ بېلىقلار

www.uyghurkitap.com

دېگەندى. مانا ئەمدى ئۆزى بۆلغىنىپ بىلىقلارنىڭ سانىنى بىلگىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلگەندىمۇ، بېشىنى كۆتۈرمەي ئېقىۋەردى، رەنا يەنە قىرىق يىلنىڭ ئالدىدىكى دەريا بىلەن سۆھبەتلەشتى. ھەيۋەتلىك سۇلار دەريا ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولدى، يوغان، بەستلىك ئادەملەر، ھازىرقى ئادەملەردەك ئۈچ - تۆت چىقىدىغان ئادەملەر سال پالىقىنى باشقۇرۇپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى، سال ئۈستىدە بەزىدە ئۈچ - تۆت قوي، بەزىدە بىر - ئىككى كالا بار ئىدى، ئۇلار سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ كېتەتتى، جاھاننىڭ ئېقىشىغا، كۆڭۈلنىڭ ئېقىشىغا قاراپ كېتەتتى، مەيلى يۈز يىلنىڭ ئالدىدا بولسۇن ياكى قىرىق يىلنىڭ ئالدىدا بولسۇن، دەريا بويى ھازىرقىدەك قىزىپ باقمىغانىدى.

كېپىنەكلەر رەنانىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى، رەنا ھەر قېتىم كەلگەندە ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ ئۇنىڭ ئابرۇيىنى قىلاتتى، چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا پەس ئېچىلىدىغان كىچىك قولاقلىق گۈللەرمۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ مەززىلىك پۇراقلىرىنى خانىشتەك ئولتۇرغان رەناغا ئەۋەتىپ بېرەتتى. مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا رەنا ئەتىۋارلىق ئىدى، ئادەملەرلا ئەمەس، ھەتتا ئوت - چۆپلەرمۇ، گۈل - گىياھلارمۇ، كېپىنەكلەرمۇ ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ خۇشچاقچاق بولۇشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ مىنۇت - سېكۇنتلىرىنى قۇربان قىلاتتى.

بۈگۈن رەنانى ئەركىن ئوسمان مۇشۇ ئورۇنغا چاقىرغانىدى. بۇ مېھماندارچىلىق رەنانىڭ يول مېڭىپ ئۆزىنىڭ ئوغلىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ياخشىلىقىغا سېلىنغان داستىخان ئىدى. ئەركىن ئوسمان ئۆزى ئارزۇ قىلغاندەك، ئوغلىنى مەدەنىيەت ئىدارىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇۋالغانىدى. دەسلەپتە ئەركىن ئوسمان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھالىنى ئېيتقاندا، رەنا ئەركىنگە : مەن سىزنى چۈشىنەلمىدىم، ئەركىن، بالىڭىز بىر تېتىك بالا ئىكەن، بازاردا سودا ئىشلىرىغا سېلىپ چېنىقتۇرسىڭىز بولمامدۇ ؟! بىر ناننى ئىككى قىلىشنى

ئۆگىنىدۇ ئەمەسمۇ! ئىدارە ـ جەمئىيەتلەردە ئوتتۇز يىل ئىشلىسىمۇ بىر چاپىنىنى ئىككى قىلالمايدىغان ئادەم بولۇپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە هازىر خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ئاسانمۇ! بۇرۇنقى ئىشلار تۈگىدى ئەمدى، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزسىلا خىزمەتكە ئورۇنلاشقىلى بولىدىغان ئىشلار ئەمدى بارسا كەلمەسكە كەتتى. هازىر بىز جەمئىيەتتە، بازارلاردا ئۆز ئالدىمىزغا تېنىمەي ئىش قىلىش ئۈچۈن ئوقۇيمىز، بىلىم ئېلىش ئۈچۈن، ساپايىمىزنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، بىرەر ئىشنىڭ يولىنى بىلىش ئۈچۈن ئوقۇيمىز، سىزنىڭ بۇ ئىشىڭىز كالللامدىن ئۆتمەيدۇ، دېگەنىدى. ئەركىن سىنىڭ راست دەپ داۋاملىق ئۇنىڭغا يېلىنغانىدى، نەتىجىدە ئۇ مەقسىتىگە يەتكەنىدى.

«توۋا، ئاجايىپ جاهان ئىكەن بۇ، ئەگەر مەن ئەركىن بىلەن مۇناسىۋەتىمنى ئۈزمەي، ئۇنىڭغا كۆيۈپ ـ پىشقان ئاشۇ هېسسىياتلىرىمنى كۆمۈۋەتمەي، مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان بولسام، بوگۈنكى مېنىڭ تۇرمۇشۇم قانداق بىر تۇرمۇش بولار بولغىيدى؟» دېدى رەنا دەرياغا قاراپ ئولتۇرۇپ. شۇ تاپتا ئۇ خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتكەنىدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا رەنانىڭ ئەتراپىدىكى كېپىنەكلەر قاناتلىرىنى ئوينىتىپ ئۇنىڭغا ئۇچۇر ئېلىپ كەلدى، ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ قېشىغا كېلىپ: مېهمان كەلدى، دېدى. رەنا ئورنىدىن تۇرۇشىغا، ئەركىن ئوسمان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. ئەركىن رەنانى كۆرۈپ خىجالەت بولۇپ قالدى، ئۇ هىجىيىپ تۇرۇپ رەنادىن تىنچلىق سورىدى.

— ياخشى، رەهمەت، — دېدى رەنا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— كەچۈرىسىز رەنا، مەن تېخى بالدۇرراق باراي دەپ كەلگىنىمتى بۇ، يەنە كېچىكىپ قاپتىمەن، — دېدى ئەركىن هىجىيىپ، ئۇ كۈلسە تاكىلاڭ بۇرۇتلىرى يېيىلىپ، چىرايىنى بەك سەتلەشتۈرۈۋېتەتتى.

«بۇ ئاۋاقفا كۆلكە ياراشمايدۇ» دېدى رەنا ئىچىدە.

— سىز كېچىكمىدىڭىز، ئەركىن، مەن ئۆزۈم بالدۇر كېلىۋالدىم، مەن مۇشۇ دەريانى بەك ياخشى كۆرىمەن، مەن بۇرۇن بۇ ئورۇنغا جىق كېلەتتىم، مېنىڭ بىرنەچچە دوستلىرىم مۇشۇ دەريا بويىدا كېپىنەككە ئايلىنىپ كەتكەن، شۇڭا پات - پات كېلىپ ئۇلارنى يوقلاپ تۇرىمەن، — دېدى رەنا كۈلۈپ.

ئەركىن كۈلۈپ كەتتى، ئۇ لاپ قىلىپ بىچارە كۆزلىرىنى رەنانىڭ ئويناپ تۇرىدىغان كۆكسىگە بىر تاشلىۋالدى، ئىچىدە: «مۇشۇ سەتەڭ بىلەن بىر قېتىم تۇتۇشقىلى بولارمۇ؟» دېدى.

— ئۇنداق دېمەڭ رەنا، سىز قانداق ئادەم، سىز دېگەن ئاينىڭ نۇرىنى تەڭشەپ بېرىدىغان ئادەم تۇرسىڭىز، سىزنىڭ دوستلىرىڭىز كېپىنەككە ئەمەس، پەرىشتىگە ئايلىنىدۇ، — دېدى ئەركىن ھىجىيىپ.

ئەركىن شىپاڭغا چىقىپ رەنانىڭ قېشىدا ئولتۇردى، رەنانىڭ بەدىنىدىن تارقالغان خۇش پۇراق ئەتىرنىڭ ھىدى ئەركىننىڭ ھېسسىياتىنى قوزغاپ قويدى.

— پەرىشتىگە ئايلانغانلىرىمۇ بار، بىرنى كەلتۈرۈپ بېرەيمۇ؟ — دېدى رەنا چاقچاق قىلىپ.

— مەندەك بىر ئاۋاقفا ئاشۇنداق پەرىشتىلەر نېسىپ بولارمۇ؟ — دېدى ئەركىن چاقچاق قىلىپ.

— تىلىسىڭىز مۇرادىڭىزغا يېتىسىز، ئەركىن، — دېدى رەنا. رەنا جىمىپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئەركىن ئىسىملىك يىگىتى پەيدا بولدى، ئەركىن باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئوتتۇرا مەكتەپكىچە رەنا بىلەن بىللە ئوقۇغانىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى ئاخىرغىچە داۋاملاشمىغانىدى. ئۇلار بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان بىلەن، بىر بازاردا، بىر ئۆيدە بىللە بولالمىغانىدى.

ئەركىن ئوسمان يېنىدىن يانفوننى ئېلىپ، شىپاڭنىڭ ياغىچىغا يېزىپ قويغان ئاشخانىنىڭ تېلېفونىغا تېلېفون بەردى.

ئاندىن تامىقىمىزنى كەلتۈرسەڭلار بولىدۇ، دېدى.
رەنا ئۇلار شورپىسىغا ئامراق ئىدى، ئەركىن ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى باشقىلاردىن سوراپ يۈرۈپ بىلىۋالغانىدى. كۈتكۈچى قىزلار ھە دېگەندە نان بىلەن ئۇلار شورپىسىنى كەلتۈردى. ئەركىن مېھماننى تاماققا تەكلىپ قىلدى، رەنا ئۇلارنىڭ شورپىسىدىن ئازراق ئىچكەندىن كېيىن، ئەركىنگە قارىدى.
— ئۇلار شورپىسى ئىكەن ـ دە، سىزمۇ ئۇلار گۆشىنى ياخشى كۆرىسىزكەن ـ دە !
— مېنىڭ بۇ بىرىنچى قېتىم ئېغىز تېگىشىم، سىزنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم، — دېدى ئەركىن ھىجىيىپ.
— ئۇلار گۆشى دورا، ئەركىن.
— شۇنداق سىزنىڭ گېپىڭىزمۇ دورا، رەنا !
رەنا كۈلۈپ كەتتى:
— رەھمەت، سىز مېنى ياخشى چۈشىنىپسىز، ئەركىن، — دېدى ئۇ، ئاندىن ئىچىدە: «مايمۇنغۇ بۇ !» دېدى.
ئەركىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ سەت بۇرۇتلىرى پارقىراشقا باشلىدى، ئۇ ئەسلىي پىلانىدا ئۇنىڭغا بېرىدىغان نەرسىسىنى ئاخىردا قايتقاندا بەرمەكچى بولغانىدى، ئۇ رەنانىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، ھاياجىنىنى باسالماي قالدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ قولىدىكى سومكىسىنىڭ ئىچىدىن كىچىك بىر چىرايلىق سومكىنى چىقىرىپ رەنانىڭ ئالدىغا قويدى. سومكىنىڭ ئىچىدە رەنا رازى بولغۇدەك پۇل بار ئىدى.
— ئازراق كۆڭلۈم بار ئىدى، رەنا، ئاز كۆرمەي ئېلىپ قويارسىز، — دېدى ئەركىن.
— ئاۋارە بوپسىز، ئەركىن، سەت بولسىمۇ ئېلىپ قويىمەن ـ دە، ئەمدى، سىز مېنى ياخشى چۈشىنىسىز، مەن مۇشۇنداق كۆڭۈل ئۈستىگە تۇغۇلغان ئادەم، — دېدى رەنا.
— رەھمەت، — دېدى ئەركىن كۈلۈپ، شۇ تاپتا ئۇ بەكمۇ

خۇشال ئىدى.

رەنانىڭ كۆز ئالدىغا يەنە تۇنجى سۆيگىنى ئەركىن پەيدا بولدى، ئۇلار ئەتىسى ـ ئاخشاملىرى مەھەللىدە مۆكىمۆكىلەڭ ئوينايتتى، قاراڭغۇدا ھەممە قىزلار ئۆيىگە كەتسە، ئۇ ئەركىننىڭ كەينىگە كىرىپ ئويۇن بىلەن بولۇپ كېتەتتى. ئاپىسى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ قولىدىن تۇتۇپ ئۆيىگە ئەكىرىپ كېتەتتى، ئاندىن ئۇنى تىللاپ قورقۇتاتتى: «قىز بالىمۇ ئوغۇل بالا بىلەن ئوينامدۇ، قانداق گەپ بۇ؟ ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئوغۇللار بىلەن ئوينىسىڭىز چوڭ بولغاندا سىزگە بۇرۇت چىقىدۇ!» رەنانىڭ ئاپىسى شۇ ۋاقىتتا ئۇنى خېلى قورقۇتقانىدى، لېكىن رەنا بۇ ئادىتىنى ئۆزگەرتەلمىگەنىدى، ئۇلار شۇنداق ئويۇنلاردا داۋاملىق ئوغۇللار بىلەن بىللە ئويناپ يۈرۈۋەردى، ئۇنىڭ ئاپىسى ۋارقىراپ ـ ۋارقىراپ ھېرىپ قالغانىدى، ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا، رەنا يەنە ئەركىنگە ئەگىشىپ مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى تۈگمەننىڭ قېشىدا ئويناپ يۈردى. ئۇ ئاخشاملىرى ئەركىننىڭ كەينىدىن چىقالمايتتى، رەنانىڭ ئاپىسى قىزىدىن ئەنسىرەيتتى، كىچىك باللار بىر ئىشنى بىلمەي سەت ئىش قىلىپ قويارمىكىن دەپ قورقاتتى. ياز ۋە كۈز كۈنلىرى تۈگمەن ئەتراپى ئۇلارنىڭ ئوينايدىغان مەركىزى ئىدى، قاراڭغۇ چۈشكەندە، مەھەللە تېخىمۇ سىرلىقلىشىپ كېتەتتى. ئۇلار تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقاندا، بىر كۈنى قاراڭغۇدا ئويۇندىن قايتىپ ماڭغاندا، ئەركىن رەنانى تۈگمەننىڭ كەينىدىكى تىرەك تۈۋرۈككە يۆلەپ تۇرۇپ، ئۇنى بىرىنچى قېتىم چوكچۇلدىتىپ سۆيۈۋالغانىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر قىزىل شارپا سوۋغا قىلغانىدى. رەنا شۇ كۈنى قورقۇپ ئاران ئۆيىگە كىرىۋالغانىدى، ئۇ ئەركىن بەرگەن ئاشۇ قىزىل شارپىنى قويىنىغا تىقىشتۇرۇپ يۈرۈپ، ئاپىسىغا تۇيدۇرماي ئۆزىنىڭ كىچىك ساندۇقىغا تىقىۋالغانىدى.

رەنا ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن يىلى ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى

چوڭ ئىشلار بولغانىدى. ئەركىن ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىدى، ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئوت سېلىپ قويغانىدى. «ئەمدى رەنا مەڭگۈ سېنىڭ ئەمەس، ئەركىن، ئۇ ئوقۇپ كەلسە ساڭا قارىمايدۇ، بېيجىڭدا ئوقۇدى دېگەن قانداق گەپ، بىلەمسەن؟ بېيجىڭدا ئوقۇيدىغان ئادەم قايتىپ كەلگەندە كاتتا ئورۇنلاردا ئىشلەيدۇ، ئەمدى سەن ئۇنى بىرنېمە قىلىپ ئۆزۈڭگە قارىتىۋالمىساڭ قولۇڭدىن چىقىپ كېتىدۇ» دەپ ئۇنى پاراكەندە قىلغانىدى. ئەركىن ئاغىنىلىرىنىڭ كۆرسەتكەن يولى بويىچە ئىش كۆرۈپ، رەنا ئالىي مەكتەپكە ماڭىدىغان يىلى ئۇنى گوللاپ دەريا بويىغا ئاپىرىپ، قىلماقچى بولغان ئىشنى قىلىۋالغانىدى. يىللار ئۆتتى، رەنانىڭ كاللىسىدا زور ئۆزگىرىش بولدى، ئەركىن ئەڭ يامان، ئەڭ دەھشەت ئۇسۇل بىلەنمۇ رەناغا ئىگە بولالمىدى، رەنا بېيجىڭدا ئۈچ يىل ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، يازلىق تەتىلدە ئۆيىگە كەلگەندە، ئەركىن بىلەن كۆرۈشتى. ئەمدى ئۇ ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۈزگەنىدى. رەنا: «ئىككى يىلدىن كېيىن مەكتەپ پۈتكۈزۈپ بېيجىڭدا ئىشلەيدىغان بولدۇم، ئەمدى بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ، سىز توي قىلىۋېلىڭ، ماڭا قارىماڭ» دېگەنىدى. لېكىن، ئەركىن ئۇنىڭ گېپىگە كۆنمىگەنىدى. ئۇ: رەنانىڭ قورسىقىدا جىن بار، ئۇ ئۆزگەردى، دەيتتى.

كۈتكۈچى قىزلار تائاملارنى توشۇپ تۇردى. ئەركىن رەنانى كاۋاپقا تەكلىپ قىلدى، رەنا قولىغا بىر زىخ كاۋاپ ئالدى، لېكىن ئۇنىڭ ئېسى يەنە ئۆزىنىڭ ئەركىنىدە ئىدى. ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلىپ كەتكىنى بىلەن، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدى، ئۇ ئۇنىڭ مۇھەببەت خاتىرىسىنىڭ ئەڭ كۆركەم بەتلىرىدىن ئورۇن ئالغانىدى. شۇ تاپتا ئەركىن ئوسمان توختىماي سۆزلەۋاتاتتى، ئۇ يەنە رەناغا رەھمەت ئېيتىۋاتاتتى: ئەگەر سىز ماڭا ياخشىلىق قىلمىغان بولسىڭىز، مەن بىر ئۆمۈر تىرىشساممۇ ئوغلۇمنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرالمايتتىم، مەن قىلغاننى بىلىدىغان

ئادەم، سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، مېنىڭ بىر ئاغىنەم ئامېرىكىدا، ھەرقانداق ئىشىڭىز بولسا ماڭا دەڭ، مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ، دېدى.

رەنانىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپلەر كىرمىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا ئەينى چاغدا ئەركىننى يولغا سېلىش ئۈچۈن توقۇغان ئامېرىكىغا چىقىپ ئوقۇيمەن، فىرانسىيەگە چىقىپ ئوقۇيمەن دېگەن سەپسەتىلا بار ئىدى. ئەركىن ئۇنىڭ گېپىگە قەتئىي قارشى چىققانىدى. «ياق، مۇمكىن ئەمەس، مەن سىزنى كۈتمەن، ساقلايمەن، بەش يىل، ئون يىل بولسىمۇ ساقلايمەن. ئەمەلىيەتتە، سىز ماڭا خوتۇن بولۇپ بولغان، مەن سىزگە بىر ئۆمۈر مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك» دېگەنىدى ئۇ. رەنا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۆڭگەنىدى: «سىز نەنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسىز، ئەركىن؟ مۇشۇ كۈندە كىم كىمنى ساقلايدۇ، سىز ئاشۇ ئىشنى دەۋاتامسىز؟ كاللىڭىزنى ئازاد قىلىڭ، مۇشۇ كۈندە قولىڭىزغا چىقىدىغان نەرسىگە ئىشىنىڭ» دېگەنىدى.

ئەركىن ئوسمان يەنە رەنانى تاماققا تەكلىپ قىلدى، رەنا ئەركىنگە كۆلۈپ قويدى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى دەرياغا قارىدى، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قۇياشنىڭ نۇرلىرىمۇ بوشاپ كېتىۋاتاتتى، دەريا ھېرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، لېكىن دەريانىڭ ئۇ چېتىدىكى ئورمانلار ناھايىتى سىرلىقلىشىپ كەتتى، قويۇق ئورمان ئىچىدىن ئۇچۇپ چىققان پەسىل قۇشلىرى دەرياغا ئەگىشىپ كۆنپېتىش تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى، گۈزەل مەنزىل دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىدە پەيدا بولدى.

چىرايلىق كۆتكۆچى قىز يەنە پەيدا بولدى، ئارقىدىن بۇ ساياھەت ئورنىنىڭ غوجايىنى قەھرىمان ئۆلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئەركىن ئورنىدىن تۇرۇپ بەك سەمرىپ كەتكەن، قورسىقى تىزىغا ساڭگىلاپ بولغان، ئۆردەكتەك ئىرغاڭلىمىسا ماڭالمايدىغان قەھرىماننى شىپاڭغا باشلىدى، قەھرىمان كۆلگەك كۆزلىرى بىلەن ئەركىننى يۇقىرى ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى

ئەركىنىڭ قېشىدا ئولتۇردى، ئۇ مېھمانلار بىلەن ئەھۋاللىشىپ بولغاندىن كېيىن رەناغا قارىدى:

— مەن سىرتتا ئىدىم، رەنا خېنىمنى قەدەم تەشرىپ قىپتۇ دەپ ئاڭلاپ قايتىپ كەلدىم، خېنىم بىزنىڭ مۇشۇ ئورۇنغا بىر دەسسەپ قويسا ئىشىمىز ئون يىل ئىلگىرى باسىدۇ.

— ئۇنداق ئەمەس، قەھرىمان ئاكا، بۇ گېپىڭىز سەل ئېشىپ كەتتى.

— ئۇنداق دېمەڭ خانىم، سىز پەيدا بولغان يەردە بەرىكەت پەيدا بولىدۇ ئەمەسمۇ! — دېدى قەھرىمان.

— شۇنداق، قەھرىمان لوبەن توغرا ئېيتتى، — دېدى ئەركىن. ئۇ تەبەسسۇم بىلەن قەھرىمانغا ماسلاشتى.

— ئاخشام باللار دەرياغا قارماق تاشلاپ قويۇپتىكەن، قىلتىرىقى يوق بېلىقتىن بىرى چىقىپتۇ، مانا بۈگۈن سىز قەدەم تەشرىپ قىپسىز، خېنىم، سىزنى رىزقىڭىز باشلاپ كەلگەن گەپ، باللار بېلىقنى پىشۇرۇۋاتىدۇ، ئېغىز تېگىڭلار، — دېدى قەھرىمان كۈلۈپ.

— ئاۋارە بولمىسىڭىز بوپتىكەن قەھرىمان ئاكا، قورسىقىمىز تويۇپ قالدى، — دېدى رەنا.

«مېھماننى مەن قىلىۋاتسام ماۋۇ گۇي نېمە قىلىۋاتىدۇ بۇ يەردە!» دېدى ئەركىن ئىچىدە.

— بېلىقنىڭ قورسىقى ئايرىم، رەنا خېنىم، — دېدى قەھرىمان چاقچاق قىلىپ.

— ياخشى بېلىق ئىكەن دەپ يەۋەرگىلى بولمايدۇ، قەھرىمان ئاكا! — دېدى رەنا كۆز ـ قاشلىرىنى ئوينىتىپ.

— ئەمىسە مەن ئەتە سىزنى چاقىراي.

— ئۇ ۋاقىتتا بېلىقىڭىز تۇرۇپ قالارمىكىن.

— ئىسسىتىپ تۇرمامدىم! — دېدى قەھرىمان كۈلۈپ.

رەنا ئۇنىنى قويۇۋېتىپ جاراڭلىق ئاۋازدا كۈلۈپ كەتتى، ئەركىنمۇ چاندۇرماي ھىجىيىپ قويدى. قەھرىمان بېلىقنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پىشۇرۇۋېرىڭلار دەپ ئاشخانىغا تېلېفون قىلىۋەتتى.

ــ سودىڭىز قانداقراق، قەھرىمان ئاكا؟ ــ دېدى رەنا گەپنى باشقا يەرگە يۆتكەپ.

ــ يامان ئەمەس، ئۇ تەرەپكە بىر كۆل قېزىۋاتىمەن، دەريانىڭ سۈيىنى باشلاپ ئۇ يەردە بىر سۇ ئۈزۈش ئورنى قىلاي دەۋاتىمەن، ــ دېدى قەھرىمان.

ــ ياخشى ئويلاپسىز، ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئادەم ساياھەت قىلىمىز دەپ ئۆيلىرىنى تاشلاپ مۇشۇنداق يەرگە كېلىپ بەش ـ ئون كۈن يېتىۋالمىسا خۇمارىدىن چىقالمايدىغان ئوخشايدۇ، ئىشلىرىڭىز ئىلگىرى بولسۇن ئاكا، بىخەتەرلىك ئىشلىرىنى ياخشى تۇتۇڭ.

ــ رەھمەت خېنىم.

ئەركىنمۇ بۇ گەپكە ئارىلاشتى، ئۇ: ھازىر ئەڭ ياخشى تىجارەت مۇشۇ ساياھەتچىلىك بولۇپ قالدى، دېدى، ئاندىن چەت ئەللەردىن مىسال ئېلىپ سۆزلىدى:

ــ مەسىلەن، ئامېرىكىدا ھەرقانداق ساياھەت ئورنىدا بېلەت سېتىلمايدىكەن، ئۇلار مېھمانخانا، ئاشخانىلار ئارقىلىق پۇل تاپىدىكەن. شۇڭا، قەھرىمان لوبەن، سىزمۇ دەرۋازىڭىزنىڭ ئالدىدىكى بېلەت سېتىش ئورنىڭىزنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتسىڭىز بولغۇدەك.

ــ سىز مېنىڭ بۇ كىچىك ساياھەت ئورنۇمنى ئامېرىكىنىڭ ساياھەت ئورۇنلىرى بىلەن سېلىشتۇرسىڭىز بولمايدۇ، ئەركىن، مېنىڭ بېلەت سېتىشىم بىر شەكىل، قالايمىقان ئادەملەر بىلەن ئۇششاق بالىلارنى توسۇش ئۈچۈن قوللانغان بىر تەدبىرىم، بېلەت ساتقان پۇل بىلەن دەرۋازىدىكى ئىككى ئادەمنى باققىلى بولمايدۇ، ئەگەر مەن دەرۋازىنى باشقۇرمىسام، بۇنىڭ ئىچى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ.

ــ شۇنداق.

بىرئازدىن كېيىن كۈتكۈچى قىزلار قىلتىرىقى يوق بېلىقنى

كۆتۈرۈپ كىردى، قەھرىمان مېھمانلارنى بېلىققا تەكلىپ قىلدى.
— بۇ ھەقىقەتەن ياخشى بېلىق، — دېدى رەنا.
— بىز كىچىك ۋاقىتلاردا بۇنداق بېلىقلار بازارغا جىق كىرەتتى، چوڭلاردىن قىلىتىرىقى يوق بېلىق دورا دەپ ئاڭلايتتۇق، ھازىر بۇنداق بېلىقلار ئازىيىپ قالدىغۇ دەيمەن، — دېدى ئەركىن.
— شۇنداق، بىزنىڭ باللار كۈندە نەچچە يەرگە قارماق سالىدۇ، بىر يازدا ئاران بىر - ئىككىسى چىقىدۇ، ماۋۇ بۇ يىلقى تۇتقان بىرىنچى بېلىق، — دېدى قەھرىمان.
رەنا چوكىسىدىكى بېلىقنى ئاغزىغا سېلىپ، ئەرلەردەك ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ھۇزۇرلىنىپ بېلىقنى چاينىدى.
— مەن بۇنداق بېلىقنى جىق يېگەن، ھەقىقەتەن دورا بېلىق بۇ، مېنىڭچە دەريادا بۇنداق بېلىق ئاز قالغان گەپ ئەمەس، قەھرىمان ئاكا، گەپ بىزنىڭ قارمىقىمىزدا، — دېدى رەنا چاقچاق قىلىپ.
— قارماقتا گەپ يوق، خېنىم، زاۋۇت قارمىقى!
— يەرلىك بېلىقلارنى زاۋۇتنىڭ قارمىقى بىلەن تۇتقىلى بولمايدۇ، قارماقنى ئەركىن بازاردىكى تۆمۈرچىگە سوقتۇرۇش كېرەك.
— ئاللا دېدىم، خېنىم، تۆمۈرچىلەرنىمۇ تونۇيسىزكەن - دە! — دېدى قەھرىمان كۈلۈپ، ئۇنىڭ پاختىلىشىپ كەتكەن يوغان كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.
— ئۇنداق ئەمەس، ئاخشام بىرنەچچە تۆمۈرچى چۈشۈمگە كىرىپ قاپتىكەن، — دېدى رەنا كۈلۈپ.
— ئەستاغپۇرۇللا شەيتان، خېنىم، سىزگە كۈندە مەن دۇئا قىلىۋاتسام نەدىكى ئادەملەرنى چۈشەپ يۈرۈپسىز - دە!
— ئەمىسە دۇئايىڭىز باشقا بىر رەناغا كەتكەن ئوخشايدۇ.
قەھرىمان بىلەن ئەركىن كۈلۈپ كەتتى، رەنا كۈلۈپ تۇرۇپ قەھرىماننى بېلىققا تەكلىپ قىلدى.

قەھرىمان بىلىقنى يەۋاتقاندا ئۇنىڭ يانفونى سايرىدى. قەھرىمان يانفوندا كۆرۈنگەن قارشى تەرەپنىڭ تېلېفون نومۇرىغا قارىدى:

— ئاشخانىدىن تېلېفون كەپتۇ، مەن بېرىپ باقاي، سىلەر ئازادە ئولتۇرۇڭلار، — دېدى قەھرىمان ئورنىدىن تۇرۇپ.

— مەرھەمەت، قەھرىمان ئاكا، ئەگەر بىرەر ئىش بولۇپ قېلىپ قىزلار يېتىشمەي قالسا مېنى «هايت» دەۋالارسىز، — دېدى رەنا چاقچاق قىلىپ.

ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتتى.

قەھرىمان كەتكەندىن كېيىن، رەنا ئەركىنگە قارىدى:

— قەھرىمان ئاكام بىلەن دائىم مۇشۇنداق چاقچاق قىلىشىمىز، ئۆزى بەك ئېسىل ئادەم، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدۇ، نەگە بارسا مۇشۇنداق قىزىقچىلىق قىلىپ كەلتۈرىدۇ، مېنىڭ كەلگىنىمنى ئاڭلىسىلا كېلىپ كۆرۈشىدۇ.

— شۇنداق قەھرىماننىڭ مىجەزى بەك ياخشى، ئادەم شۇ مىجەزى بىلەن ئىكەنغۇ، ياخشى بولسىڭىزمۇ مىجەزىڭىز بىلەن بولىسىزكەن، يامان بولسىڭىزمۇ مىجەزىڭىز بىلەن بولىسىزكەن.

— بەك ياخشى گەپ قىلدىڭىز ئەركىنكا، مىجەز بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىكەن.

— شۇنداق رەنا... بىر نېمە ئىچمەي ئولتۇردۇقغۇ؟

— مەن ھېچ نەرسە ئىچمەيمەن، سىز ئىچسىڭىز ئىچىۋېرىڭ.

— ئەمىسە مەنمۇ ئىچمەي.

— ياق، ئازراق هاراق ئەكەلدۈرۈپ ئىچىڭ، مەن توغرا چۈشىنىمەن، بۈگۈن بار، ئەته يوق جاهان بۇ.

ئەركىن ئاشخانىغا تېلېفون بېرىپ: كىچىك بوتۇلكىلىق هاراقتىن بىرنى كەلتۈرۈڭلار، دېدى.

كۈتكۈچى قىز هاراق بىلەن رومكىنى ئەكېلىپ ئەركىننىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى، ئەركىن رومكىغا هاراقنى قۇيدى. ئۇ ئۈچ رومكا هاراق ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تاكىلاڭ

بۇرۇتلىرى پارقىراپ تىك تۇرۇپ كەتتى.

دەريانىڭ يۇقىرىسىدىن مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇ مۇڭلارنى دەريا ئېقىتىپ كەلگەندى، يېقىملىق سۇ ھەسرەت بىلەن مۇھەببەتنىڭ يىغا ۋە كۈلكىلىرىنى يىراق يەرلەرگە ئېقىتىپ كېتىۋاتاتتى، ناخشا مۇڭلىرىدا مەست بولۇپ كەتكەن بېلىقلار سۇ ئۈستىدە سەكرەپ ئويناۋاتاتتى، بۇ ئەسلىدە رەنانىڭ چۈشلىرىدىكى كۆرۈنۈشلەر ئىدى، ئۇ چۈشىدىكى ئالامەتلەرنى بۈگۈن يەنە بىر قېتىم ئوڭىدا كۆردى.

شامال دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن يۈگۈرۈپ كەلدى، ئۇ بەك ئالدىراش ئىدى، ئۇ تاغلاردىكى ئادەملەرنىڭ ۋە ھايۋانلارنىڭ تىنىقلىرىنى، ئۇ شەھەرلەردىكى ئادەملەر بىلەن شەيتانلارنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرەتى ۋە قىلمىقلىرىنى، ئورمان ئىچىدىكى ھايۋانات دۇنياسىنىڭ سىرلىق پىلانلىرىنى، يەنە دەريانىڭ ئەڭ تۆۋەن تەرىپىدە، چېگرانىڭ سىملىرىنىڭ ئاستىدىكى ئوتلارنىڭ ئارىسىدا نەپەس ئالالماي ھاسىراپ ياشاۋاتقان قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىمۇ ئېلىپ كەلدى. ئۇ مۇشۇ ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسىنى «كىچىك جەننەت» شىپاڭنىڭ ئالدىغا يايدى. رەنانىڭ خىيالى سۇ ئېقىتىپ ئەكېتىۋاتقان ئاشۇ ئۆلمەس مۇڭلاردا ئىدى، دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى مۇڭلارنىڭ تەسىرى بىلەن سۇ ئۈستىدە ئۇسسۇلغا چۈشكەن بېلىقلار پەيدا قىلغان شامال ئاستىدا قاناتلىرىنى ئوينىتىپ، بۇ ئۇچۇرلارنى يىراقتىكى يوپۇرماقلارغا تارقىتىۋاتاتتى. رەنا مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا ھەيكەلدەك مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ خىيال قىلاتتى، ئۇ ھەر دائىم ئۆزىنىڭ ئوي ـ پىلانى ئىچىدە ياشايتتى، ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ھەممە يەردە ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمايتتى.

رەنا قېشىدا ئولتۇرۇپ ئىككى يۈز ئەللىك گىرام هاراقنى ئىچىپ بولغان ئەركىنگە قارىدى. ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەندى، رەنا ئۇنىڭ كۆزىدىكى ئۆزگىرىشنى بايقىدى، بايا هاراق ئىچمىگەندە ئەركىننىڭ كۆزىدە ھېچقانداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارتۇق نەرسە يوق ئىدى، مانا ئەمدى ئۇ رەنانى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. رەنا ئىچىدە: مەيلى ئەر ئەمەسمۇ، خۇشال بولۇپ قالسۇن، بىراق مەن ئۇنى بىر سىناپ باقاي، ئەمىسە قايتىمىزمۇ ئەركىن دەپ باقاي. ئەگەر ئۇ گەپ قىلماي ماقۇل ئەمىسە دەپ ماڭسا، مەن ئۇنىڭغا پۇرسەت بېرىمەن، ئەگەر ئۇ ئىغىز ئېچىپ سەتلەشسە، مەن ئۇنىڭغا قارىمايمەن، رەت قىلىمەن، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. راست دېگەندەك قايتىشىدا ئەركىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى، ئۇ رەنانىڭ قولىنى تۇتۇپ سالدى، رەنا چاندۇرماي قولىنى تارتىۋالدى. بۇ دەل كۆز باغلانغان ۋاقىت ئىدى، دەريا يۈزىدە ئويناۋاتقان بېلىقلارنىڭ ئاۋازى بەكمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى، دەريانىڭ قانىتىدىكى ئورمانىنىڭ ئىچىدىن چىققان هايۋاناتلار دەريا قىرغىغا سۇ ئىچىشكە كەلگەنىدى. ئەتراپ ھەقىقەتەن كىچىك جەننەتكە ئايلانغانىدى. ئەگەر ئەركىن بايا رەنانىڭ قولىنى تۇتماي، ئولتۇرۇپ بەك چارچاپ كەتتۇق، رەنا، شىپاڭنىڭ كەينىدىكى ياغاچ ئۆيگە كىرىپ بىردەم ئارام ئېلىپ تېلېۋىزور كۆرىمىزمۇ دېگەن بولسا، رەنا ناھايىتى تەبىئىيلا ئۆيگە كىرەتتى، ئۇ ۋاقىتتا ئۆيدە يەنە ھەممە ئىش ئۆز يولى بىلەن بولاتتى. لېكىن، ئەركىن ئۇنداق قىلالمىدى، ئۇرغۇپ تۇرغان هېسسىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. ئۇنىڭ رەنا بىلەن بىللە بولۇش ئارزۇسى بىر ياكى ئىككى كۈنلۈك ئارزۇ ئەمەس ئىدى، ئاخىر چىدىماي رەناغا ئىغىز ئاچتى:

— مەن ئەمدى سىزگە نېمە دېسەم بولار، رەنا، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، شىپاڭنىڭ كەينىدىكى ئۆيگە كىرىپ بىردەم ئولتۇرايلى، — دېدى ئەركىن.

«ھەي بىچارە، گېپىڭنى ئوڭشالماي قالدىڭ ـ دە !» دېدى رەنا ئىچىدە.

— بۈگۈن قايتايلى، ئەركىن، پۇرسەت جىققۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى تېخى ھازىر ئاڭلاۋاتىمەن، ھەممە ئىش ئۆزىنىڭ يولى بىلەن بولسۇن، مەن

ئادەملەرنى ياخشى كۆرىمەن، ئەركىن، ئادەمدىن قاچمايمەن، ئەگەر مەن ئادەمدىن قاچقان بولسام، بۈگۈنكى كۈندە باشقا بىر خىل تۇرمۇش يولىغا كىرگەن بولاتتىم. ئەمدى سىزگە بىر ئىغىز گەپ قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ، سىز نېمە ئۈچۈن قىلىدىغان ئىشىڭىزنى دەپ تۇرۇپ قىلىسىز؟ بىر ئادەم، مەيلى ئۇ ئەر بولسۇن ياكى مەزلۇم بولسۇن، ئەگەر ئۇ ھەقىقىي مەنىدە ياشايمەن، بىر نېمىنى ئىككى قىلىمەن، يەنە پەردە ئىچىدە، يەنە ئوچۇق - يورۇق سەھنىدە ياشايمەن دەيدىكەن، ئۇ ئالدى بىلەن قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئىغىزغا ئالماسلىقى كېرەك، ئىغىزغا ئالغان ئىشنى قىلماسلىقى كېرەك. دېگەننى قىلماسلىقى، قىلغاننى دېمەسلىكى كېرەك، شۇ ۋاقىتىدا ئۇ ھەقىقىي يول تاپقان ھەم تاپالايدىغان بىر ئادەمگە ئايلىنىدۇ. مەن بۇ جاھاننى مۇشۇنداق چۈشىنىمەن، ئەركىن.

— مەن سىزنى خاپا قىلىپ قويدۇم، رەنا... — دېدى ئەركىن. ئۇ ئوبدانلا ئوڭايسىزلىنىپ قالدى.

— ئۇنداق ئەمەس، مەن سىزنى ئۆز كۆرۈپ راست گەپ قىلىۋاتىمەن، مەن ئۇرغۇنلىغان ئەرلەرنى كۆرگەن، سىز يەنە ماڭا بىردەم ئارام ئالالى دەپ، چىرايلىق گەپ قىلمىدىڭىز. گەپ قىلمايلا بوينۇمنى قايرىپ سەتلەشتىدىغان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس، ئادەم بىلەن ئادەم ئوخشىمايدۇ، ئەركىن، شۇڭا بىز ئوخشىمايدىغان ئادەملەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى بىلىشىمىز كېرەك. بىز ئۇرغۇنلىغان ياخشى گەپلەر ئىچىدە ياشايمىز، لېكىن بىز كۈندە ئىغىزىمىزنى ئۈچ ۋاق يۇيۇپ بەرسەكمۇ، بۇ يۈزسىز ئاغزىمىزدىن راست گەپ بەك ئاز چىقىدۇ، شۇڭا ئادەملەرنىڭ يۈرىكىنى بىلىشىمىز كېرەك...

ئەركىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىردىنلا سەگسىپ كەتتى، قاراڭغۇدا رەنانىڭ جامالىنى كۆرگىلى بولمايتتى. «مىڭ قىلمىسا ئوقۇغان دېگەن ئوقۇغان - دە !» دېدى ئۇ ئىچىدە. ئۇلار چىغىر يولغا چۈشۈپ ئاشخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئورماندىن چىقىپ

كەڭ ئېتىزلىققا كەلگەندە، ئېتىزلىقتىكى ئەمەنلەر رەناغا سالام بەردى، ھەم ئۇنىڭغا:

«ئۇزاق يىللار ئۆتۈپتۇ، سىزنى ئەمدى كۆرۈۋاتىمىز، شۇ يىلى سىز يىگىتىڭىز ئەركىن بىلەن قول ئۇزۇشكەندە، ئەركىن تاڭ ئاتقۇچە بىزنىڭ قويىنىمىزدا يېتىپ يىغلىغان، ئۇ تاڭ ئاتقۇچە سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى توۋلاپ چىققاندى. ئاھ خۇدا، مەن بۇ دۇنيادا توي قىلمايمەن، بىر ئۆمۈر رەنانىڭ ئىشقىدا ئۆتىمەن، دېگەندى. ئۇ ھەم بىزگە: ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە رەنانى كۆرۈپ قالساڭلار، مۇشۇ گېپىمنى يەتكۈزۈپ قويارسىلەر دەپ ھاۋالە قىلغانىدى، بىز مۇشۇنداق بىر ئېغىز گەپنى سىزگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇزاق يىل ساقلىدۇق!» دېدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئاستا مېڭىۋاتقان رەنا قەدىمىنى توختاتتى، قاراڭغۇدا ئۇ ئەمەنلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى، ئۇ قولىنى سوزۇپ ئەمەنلەر بىلەن كۆرۈشتى، ئەمەنلەر ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى. شۇنداق، ئۇ ئەركىن بىلەن مۇشۇ يەردە خوشلاشقانىدى، ئەمەنلەرنىڭ مەززىلىك ھەم ئاچچىق پۇراقلىرى ئۇنىڭ ئۇزاق خاتىرىسى ئىچىدىكى كۈنلىرىنى يېتىلەپ چىقتى، ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، يەنە ئەمەنلەرگە:

— ھەش ـ پەش دېگۈچە نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ، نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئىشلار ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئاھ، ئەركىن، سەن مېنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشۇمدا بىر كۈنمۇ مەۋجۇت بولغان ئەمەس، لېكىن نېمە ئۈچۈن مېنىڭ مەنىۋىيىتىمدىن يوقىمايسەن؟ مۇھەببەت دېگەن زادى قانداق نەرسە ئۇ، ئۇ زادى بار نەرسىمۇ ، يوق نەرسىمۇ؟

رەنا ماشىنىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان ئەركىن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتى. ئاندىن ئۇنى ئالغىلى كەلگەن بىر ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇردى. رەنا رولنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ماشىنىسىنى قوزغىغاندىن كېيىن، ئەركىن

ئولتۇرغان ماشىنا ئۇنىڭ ماشىنىسىغا ئەگەشتى.
«نايناقلار دەرياسى» شۇ قەدەر جىمجىتلىقتا چۆككەنىدى، ئۇلارنى قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ ساز ـ كۈيلىرى ئۈزىتىپ قويدى، ئەركىن ماشىنىدا ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئاللا دېدىم، بۇ سەتەڭنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ» دېدى.
نەق مۇشۇ ۋاقىتتا، يىراق بىر سەھرادىكى بىر ئائىلە كىشىلىرى تويغا قوپقانىدى، ھويلىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ بەزگە تويغان ئىت دەرۋازا ئالدىدا مەغرۇر ئولتۇراتتى، ھەممە ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك ئىدى، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئىشلىرى بىلەن بەند ئىدى، ھەممە ۋاقىت يىگىت بىلەن قىز ئىككىسىدىلا ئىدى، ھەممە گەپ قىز بىلەن يىگىت ئۈستىدىلا بولاتتى. ئاياللار، يەنە مومايلار، جۇۋانلار، قىزلار بىر ئۆيدە سەۋزە توغراۋاتاتتى، مومايلار تۆردىكى سۇپىدا ئىدى، قىزلار توي قىلىدىغان قىز ئۈستىدە پاراڭلىشىۋاتاتتى، مومايلار يىگىتنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتاتتى. سېمىز بىر موماي يىگىتنى ماختاپ كەتتى:
ـــ مەمەتجان بەك ياخشى بالا ئۇ، بەك ياۋاش، تۇر دېگەن يەردە ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە تۇرىدۇ.
ئۇنىڭ بۇ باھاسى بۇلۇڭدا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ سەۋزە توغراۋاتقان بىر ئورۇق مومايغا ياقمىدى:
ـــ ئوھوي، نېمىلەرنى دەيدىغانسىلەر، ئوغۇل بالا دېگەننىڭمۇ ياۋشى بولسۇنمۇ، مىڭ ياۋاش بولسىمۇ ھېلىقى يەرنى تېپىۋالىدۇ! ـــ دېدى ئۇ. مومايلار كۈلۈشۈپ كەتتى.
دېرىزە تەرەپتىكى قىز ـ چوكانلار دەرھال كۈلۈشۈپ موماي تەرەپكە قارىدى، ئۇلار نېمە بولدى، نېمە بولدى دېيىشىپ كەتتى.
ـــ تۇنىسا قېرى بىر گەپ قىلغانىدى، ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى، ـــ دېدى بىر قىز.
ـــ ھە بولدى، ئۇ قېرى چوقۇم ئاغزى يامان گەپ قىلدى ئەمىسە! ـــ دېدى يەنە بىر قىز.

— شۇ، يەتمىش ياشقا كىرگەندىمۇ ئەرگە تېگمەن دەپ يۈرۈۋاتقان قېرى تۇرسا ئۇ ! — دېدى بىر چوكان.

— جېنى بارراق بىر بوۋايغا تويىنى قىلىپ قويۇپ، ئەتىسى - ئاخشاملىرى ماراپ ئوينايدىغان قېرى ئىكەن - دە ! — دېدى يەنە بىر چوكان گەپكە ئارىلىشىپ.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

# ئىككىنچى باب

## ئاي غۇۋا، قۇشلار بىناۋا

بۇگۈن كېچە نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى، بەزىلىرى ئىش بىلەن بولسا، بەزىلىرى ئويۇن ــ تاماشا بىلەن روھلىناتتى، ھەممە ئادەم ئۆز بۇلۇڭىدا ئارام ھەم خۇشاللىق تىلەيتتى.

خاڭغا يېقىن بىر مەھەللىدە ئولتۇرۇش بولىۋاتاتتى، ئۆي ئىگىسى ئون نەچچە يىلدىن بېرى ئېشەك ھارۋىسى بىلەن خاڭدىن كۆمۈر توشۇپ شەھەرگە سېتىپ بالىلىرىنى بېقىپ كېلىۋاتاتتى، مۇشۇ جەرياندا ئۇ خاڭدىكى ئەمەلىي ھوقۇقى بار ئادەملەر بىلەن ئاغىنە بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا بۇ ئادەم بۇگۈن مۇشۇ يىللاردىن بېرى ئۆزىگە نۇرغۇن قېتىم ياخشىلىق قىلغان ۋە ياردەم بەرگەن ئادەملەرنى ئۆيىگە يىغىپ مېھمان قىلىۋاتاتتى. مېھمانلار يەپ ــ ئىچىپ قىزىپ ناھايىتى پەيزى بولۇپ كەتكەنىدى، دۇتارچى دۇتارنى قولىغا ئېلىپ مۇڭلۇق ناخشىسىنى ياڭراتتى:

قاتار ــ قاتار قاغىلار
بارساڭلار سالام دەڭلار!
مېنى ئاتام سورىسا
خاڭنىڭ ئاستىدا دەڭلار!...

قاراڭغۇلۇق دېرىزىدىن ئۆلارغا قاراپ تۇراتتى، ئۆيدىن چىققان

مۇڭلار نەچچە يۈز يىللىق قارىياغاچ ئۈستىدە قاتار قونۇپ ئارام ئېلىۋاتقان مۇشۇكياپىلاقلارنى ئويغىتىۋەتتى، ئۇلار ئۆي ئىچىدىكى دۇتار چېلىۋاتقان ئادەملەرنى كۆرۈپ، بۇ ئادەملەر قاراڭغۇدا ئۇخلىماي ۋارقىراپ كېتىۋاتىدۇ، ھەممىسى ساراڭ ئوخشايدۇ، دېيىشتى. شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ قېشىغا بىر لاچىن ئۇچۇپ كەلدى، ئۇ ئۇلارغا، ئۇنداق دېمەڭلار، ھازىر كىم ئولۇك، كىم ساراڭ بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ، دېدى.

ئۇلارنىڭ ئويۇنى داۋاملىشىۋاتاتتى، خاڭنىڭ ئىشلىرىمۇ داۋاملىشىۋاتاتتى، بەزىلەر قاراڭغۇدا ئۇخلىسا، بەزىلەر قاراڭغۇدا ھەرىكەت قىلاتتى.

شامالنىڭ قايسى تەرەپتىن كەلگىنىنى بىلگىلى بولمايتتى، چۈنكى شامال بەك قالايمىقان ئىدى. شامال پورلىشىپ كەتكەن كۆتەكنىڭ، قوي گۆشىنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرىنىمۇ ئېلىپ كەلگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەللىك يىل ئالدىدا يوگۇرۇپ ئالدىراپ قوشخانىغا كىرىپ جىنىنى پوقاق پوكانچىنىڭ پىچىقىغا تۇتۇپ بەرگەن قويلارنىڭمۇ يىغىسىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. قىپقىزىل قان قوشخانىنىڭ ئىچىدىكى سېمونت ئېرىقتا قوينىڭ باش ـ پاچاقلىرى بىلەن بىللە ئېقىپ كېتەتتى، يېرىم ئەسىر بىر ئەسىر بىلەن تەڭ ئىدى.

رەنا ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن قىزىل ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئۆزىنىڭ تاللا بازىرىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇ ھەر كۈنى مۇشۇنداق ۋاقىتتا ماشىنىسىنى ئاستا ھەيدەپ، ماشىنىسىنىڭ ئەينىكىنى چۈشۈرۈپ، يولدىكى ئادەملەرنى تاماشا قىلغاچ ئىشخانىغا قاراپ ئىلگىرىلەيتتى. ئۇ ئۇنىڭغا ھىجىيىپ قارىغان ئادەملەرنىڭ قورسىقىدىكىنى بىلەتتى، بۇنداق ئادەملەر ئۇنىڭغا ھە دەپ قويۇپ جان باقىدىغان ئادەملەر ئىدى. ئۇ ئۇنى كۆرۈپ تۇكۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئادەملەرنىمۇ ئوبدان بىلەتتى، ئۇلار ئۇنىڭغا نەپرەت ئوقۇيتتى، لېكىن ئۇ ھەممە ئادەمگە كۇلۇپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلاتتى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۇنىڭغا تەتۈر قارايدىغان

ئادەملەرنىڭ سانى ئازسىپ باردى، ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىدىمۇ خېلى ئۆزگىرىشلەر بولغانىدى، ئەڭ بولمىغاندا ئۇلار ئوتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ، دېگەن نەزەرىيەگە قايىل بولۇپ، مىجەزىنى ئەسكى قىلمايدىغان بولغانىدى.

يوللاردىكى ئادەملەر ئالدىراش ئىدى، ئالدىرىمايدىغان ئادەم بۇنداق ئەتىگەندە يولغا چىقمىۋالمايتتى، يولنى توسۇپ ئاۋارىچىلىك پەيدا قىلمايتتى، قارىغۇلارچە سايرايدىغان بۇلبۇللار، بىر قازاندا قايناۋاتقان ياخشى ـ يامانلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن سايرايتتى، ئۇ چېچەك ئۈستىدىمۇ، ئىنچىكە شاخ ئۈستىدىمۇ، گۈل ئۈستىدىمۇ، كۆسەي ئۈستىدىمۇ ھەم پاسار ئۈستىدىمۇ سايراۋېرەتتى. بۇلبۇلنىڭ مۇشۇ قىلىقى نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. ئۇلار بۇرۇن شەھەردە سايرىمايتتى، سەھرادا سايرايتتى، ئۇ يىللاردا جاھاننىڭ مەركىزى سەھرادا ئىدى، چۈنكى يەيدىغان نان سەھرادىن چىقاتتى، ئۇ چاغدا ئادەملەر نانلا يەيتتى، ھازىرقىدەك ئۇششاق ـ چۈششەك، ئانام ـ دادام كۆرمىگەن نەرسىلەرنى يېمەيتتى، شۇڭا ھەممە ئادەم سەھرادا ياشايتتى. كېيىن ئادەملەر شەھەرلەشكەندىن كېيىن، بىر تۈركۈم بۇلبۇللار ئاشۇ ئادەملەرگە ئەگىشىپ كېلىپ، ئەتىسى ـ ئاخشاملىرى ئۇلارنىڭ بولمىغۇر قىلىقلىرىنى كۆرۈپ، مۇشۇنداق مۇرەككەپ سايرايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

رەنا تاللا بازىرىغا يېتىپ كەلدى، ئۇ ماشىنىسىنى ئادەتلەنگەن ئورۇنغا توختىتىپ، تاللا بازىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە ئورۇنلاشقان ئىشخانىسىغا كىردى. تاللا بازىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان مۇنىرە رەنانى كۆرۈپ، كەينىدىن رەنانىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. رەنا مۇنىرە بىلەن ئامانلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بازارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

— سودىمىز ياخشى مېڭىۋاتىدۇ، رەنا ھەدە، ئەمدىكى ئەھۋال، بازاردا چاي ـ تۇز، ئۇن ـ گۈرۈچلەر تۈگىدى، بولۇپمۇ ئۇن ئىزدەپ كېلىۋاتقان خېرىدارلار بەك كۆپ، خەقتىن ئاڭلىساق

يېقىندىن بۇيان ئۇن ـ مايىنىڭ باھاسى ئۆسىدىغان ئوخشايدۇ، باشقا تاللا بازارلىرىمۇ ئۇن ـ ماي كىرگۈزۈۋاتقان ئوخشايدۇ، ئاساسەن باھانى ئۆسىدۇ، دەپ ئۇن زاۋۇتلىرى زاۋۇتتىن ئۇن چىقارمايۋاتقان ئوخشايدۇ، ـــ دېدى مۇنىرە.

رەنا كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى، ئۇن ـ مايىنىڭ باھاسى ئۆسۈش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى بىرنەچچە يەردە ئاڭلىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قورسىقىغا بىر پىلان كەلدى: ئۇ مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئادەم تەشكىللەپ، يېزىلارغا بېرىپ دېھقانلارنىڭ قولىدىن بۇغداي سېتىۋېلىپ، ئۇن زاۋۇتىغا ئاپىرىپ ئۇنغا تېگىشىپ، ئاندىن دەرھال بازارغا سالماقچى بولدى، مۇشۇنداق قىلغاندا بىر جەھەتتىن بازارنى تولۇقلاپ خېرىدارلارنى رازى قىلغىلى بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئۇنىنىڭ باھاسىنى ئازراق ئۆستۈرۈپ پۇل تاپقىلى بولاتتى.

ئۇ بۇ ئىشنى مۇنىرەگە دېدى، ئۇنى دەرھال ئادەم تەشكىللەشكە بۇيرۇدى. مۇنىرە ئىشقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، رەنا ئىشكىنى ئىچىدىن ئىلىپ قويۇپ، ھەر يەرلەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرگە تېلېفون بەردى.

رەنا چۈشكىچە ئولتۇرۇپ نۇرغۇن ئادەم بىلەن ئالاقىلەشتى، ئۇ كۆڭلىدە ئويلىغىنىدەك، بەش ئورۇندىن نۇرغۇن بۇغداي ھەل قىلدى، ئاندىن ئۇ قول ئاستىدىكى ئادەملەرنى ئەۋەتىپ، رەسمىيەتلەرنى پۈتكۈزۈپ، ئاشۇ بۇغدايلارنى ئەڭ يېقىن زاۋۇتقا يۆتكىدى، ناھايىتى تېز ۋاقىت ئىچىدە تاللا بازىرىغا ئۇن كىرگۈزۈپ بولدى، ھەتتا بەزى كۈنلىرى تاللا بازىرىدا ئۇنلارنى تالىشىپ سېتىۋالىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلدى. ئاخىرقى ھېساپتا ئۇ مۇشۇنداق بىر پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، خېلى جىق پۇل تېپىۋالدى.

رەنا بۈگۈن چۈشكىچە ئۆيىدە ئۇخلاپ دەم ئالدى. ئۇ تۈنۈگۈن يېرىم كېچىگىچە ئويناپ چارچاپ كەتكەنىدى، ئۇنى يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بىر باشلىقى مېھمانغا چاقىرغانىدى. يۇقىرىدىن

خىزمەت تەكشۈرگىلى بىر ئەمەلدار كەپتۇ، سىز قاتناشمىسىڭىز بولمايدۇ، دەپ ئۇنى سورۇنغا كوزىر قىلىپ ئاپارغانىدى. رەنامۇ ماقۇل دەپ ئۇ يەرگە بېرىپ، ئۇ ئەمەلدار بىلەن كۆرۈشتى، تاماقتا بىللە بولدى، ئاندىن يەنە ئۇنى يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەن بىللە ياتىقىغا يەتكۈزۈپ قويغانىدى. يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا، ئۇنى ئاشۇ يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئۆيىگە ئەكىلىپ قويغانىدى، ئۇ ياتاقتا ئاشۇ ئەمەلدارنى ئۇخلىتىپ قويۇپ قايتىپ چىققانىدى.

رەنا يۈزىنى يۇيۇپ چاي قايناتتى، ئاندىن ئۆيىنىڭ دېرىزىسىنى ئېچىپ تۆۋەنگە قارىدى، ئۇنىڭ ئۆيى بەشىنچى قەۋەتتە بولغاچقا، ئۇ تۆۋەندە بولغان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلارنى ئاڭلىمىغانىدى. تۆۋەندە ئادەم توپلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ نېمە ئىش بولغاندۇ، دەپ بىرىنچى قەۋەتتىكى بىرسىنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىلدى. ئۇلار ئۇنىڭغا: ياخشى ئىش ئەمەس، ئاڭلىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، دېدى. رەنا ماقۇل ئەمىسە دەپ يەنە بىرسىنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بەردى، ئاخىر ئۇ تۆۋەندە بولغان ماجىرانى بىلدى، بىرىنچى قەۋەتتىكى ئەمەت دېگەن ئادەم ئايالىنىڭ سەھراغا تويغا كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاشنىسىنى ئەكىلىپ قوندۇرۇپتىكەن، ئايالى تۇيۇقسىز قايتىپ كېلىپ ئۆيگە كىرىپ ئۇلارنى تۇتۇۋاپتۇ. «دۆت ئادەم ئىكەن ـ دە، ئالىقاندەك شۇنچىلىكلا بىر ئىشنىمۇ قاملاشتۇرالماپتۇ» دېدى رەنا ئۆز ـ ئۆزىگە. ئاندىن ئۇ ئولتۇراق رايونىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا پولۇ ساتىدىغان غۇلامغا تېلېفون بېرىپ، بىر چىنە پولۇ بۇيرۇتتى، ئۇ تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىنى قويۇپ، چاينى دەملەپ تۇرۇشىغا، بىرسى ئىشىكنى چەكتى. ئۇ ئىشىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېكىتىلگەن مۇشۇككۆزىدىن تالادىكى ئادەمنى كۆردى، غۇلامنىڭ شاگىرتى بىر قاچا ئاشنى تۇتۇپ تۇراتتى. رەنا سومكىسىدىن پۇلنى ئېلىپ، ئىشىكنى ئاچتى ـ دە، بالىنىڭ قولىدىكى ئاشنى ئېلىپ ئۇنىڭ قولىغا پۇلنى تۇتقۇزۇپ قويدى، ئاندىن: توختا، چىنەڭنى ئالغاچ چىقىپ كەت،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېدى. رەنا ئاشنى تەخسىگە تۆكۈۋېلىپ، بالىنى يولغا سالدى. ئاندىن تېلېۋىزورنى ئېچىپ قويۇپ، تاماققا ئولتۇردى.

رەنا ئۆيدە ئۆزى يالغۇزلا بولسا، تەنتەربىيە قانىلىدىن باشقا ھېچقانداق قانالنىڭ نومۇرلىرىنى كۆرمەيتتى، تاماقتىن كېيىن ئۇ قاچىلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقتى.

رەنا تاللا بازىرىدىكى ئىشخانىسىغا كەلدى، ئۇ ئادىتى بىر خېرىدار سۈپىتىدە بازارنىڭ ھەممە يېرىنى ئايلىنىپ چىقتى، كىشىلەرنىڭ مال تاللاۋاتقان ئەھۋالىنى، ھەم ئۇلارنىڭ بەزى ماللار توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلىرىنىمۇ ئاڭلىدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ، قولىغا تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئالدى. ئۇ نەق ئىككى يېرىم سائەت تېلېفون ئۇردى. ئۇ پات ـ پات مۇشۇنداق تېلېفون ئارقىلىق ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ تۇراتتى، بۇنداق ئۇچۇرلارنىڭ مەزمۇنى بەك كەڭ ئىدى، بازار ئەھۋالى، تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ ئەھۋالى، مال باھاسى دېگەندەك ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى بىلگىلى بولاتتى. رەنا مۇشۇنداق ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ تۇرغاچقا، ئۇ نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئالالايتتى.

ئۇ تاللا بازىرىدىن چىقىپ بىر ئاشخانىغا كىردى. ئۇ بۇ يەردە ساقچى ئىدارىسىنىڭ بىر مەسئۇلى ــ يالقۇن بىلەن كۆرۈشمەكچىدى. ئۇ بىر ئايرىمخانىنى ئېلىپ ئۇخ دەپ ئولتۇرۇشىغا، يالقۇن ئۇنىڭغا تېلېفون بەردى. ئۇ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بار يېرىنى دەپ بەردى، يالقۇن بىردەمدىلا ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى.

رەنا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى.

ــ سىزنى ساقلىتىپ قويغان ئوخشىمامدىمەن، ــ دېدى يالقۇن. يالقۇننىڭ بويى ئېگىز، ئۆزى قوپال ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى ئىككى ئالتۇن چىشى ۋال ـ ۋۇل پارقىرايتتى.

ــ ياقەي يالقۇنكا، مەنمۇ تېخى ھازىر كىرىپ تۇراتتىم، ــ

دېدى رەنا ھەجىيىپ، — نېمە يەيمىز يالقۇنكا؟
— كاۋاپ بىلەن نان يەيلى، بۇ يەرنىڭ كاۋىپى بەك ياخشى، — دېدى يالقۇن.
رەنا كۈتكۈچى قىزنى چاقىرىپ، كاۋاپ بىلەن نان بۇيرۇتتى.
— سەمەت يېقىن بىر ئادىمىمنىڭ ئاغىنىسى ئىدى، ئۇنى ئامال قىلىپ بۇگۈن قويۇۋەتمىسەڭلار بۇ ئىشنى ئىدارىسى بىلىپ قالسا ئۇ ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، مۇشۇ ئىشقا بىر ياردەم قىلىڭ، يالقۇنكا.
— ئۇ سەمەت دېگەن نېمە ئىش بىلەن تۇتۇلغانىكەن؟
— مېھمانخانىدا ئويۇنچى قىزلار بىلەن بىللە بوپتىكەن.
— بۇ قانداق گەپ، بۇنداقلاردىن جەرىمانە ئېلىپلا قويۇۋېتىدىغانغۇ؟
— سىلەرنىڭ ئادەملىرىڭلارغا يېنىپ قويغان ئوخشايدۇ!
— ھە، شۇ، بولمىسا نېمە قىلىدۇ ئۇلارنى سولاپ ئاۋارە بولۇپ، جەرىمانە ئېلىپ قويۇۋېتىدۇ ئەمەسمۇ!
كۈتكۈچى قىز كاۋاپ بىلەن ناننى ئەكىردى، رەنا يالقۇننى كاۋاپقا تەكلىپ قىلدى، يالقۇن رەنانىڭ كۆزلىرىنىڭ قارىسىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، بىر زىخ كاۋاپنى قولىغا ئالدى.
— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن بىر دەم تۇرۇپ ئىدارىگە بېرىپ سۈرۈشتە قىلاي.
رەنا كۈلدى. ئاندىن قولىغا بىر زىخ كاۋاپ ئېلىپ، ئاغزىغا كەلتۈرۈپ بىر تال گۆشنى چىشلىدى.
— ئاخشام چۈشۈمگە كىرىپ قاپسىزكەن، رەنا، — دېدى يالقۇن سەت كۆزلىرى بىلەن رەناغا قاراپ.
— تېلېفون بەرسىڭىز بولمامدۇ؟
— ئۆيدە دۈشمەن خوتۇن بار ئەمەسمۇ!
— ئەمىسە بىر كۈنى ئۆزۈم تېلېفون بېرەي.
— شۇنداق قىلىڭ، رەنا، بىزگىمۇ تېلېفون بېرىپ تۇرۇڭ.
ئۇلار تاماقنى يەپ بولدى، يالقۇن ئورنىدىن تۇرۇپ ئالتۇن

چىشىنى كوچىلىغاچ رەناغا قارىدى:
— ئەمىسە مەن ماڭغاچ تۇراي، ئەتە تېلېفون بېرىمەن.
— ئەمىسە رەھمەت، يالقۇنكا! — دېدى رەنا قاش - كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ.
يالقۇن ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى، رەنا كاسسىرنىڭ قېشىغا بېرىپ ھېسابىنى پۈتكۈزدى، ئاندىن كەينىگە يېنىپ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى.
رەنا ماشىنىسىنى ھەيدەپ، ئايرودۇرۇم تەرەپكە جايلاشقان كېچە - كۈندۈز — يىگىرمە تۆت سائەت ئاچىدىغان بىر ھۆسن تۈزەش مەركىزىگە يېتىپ كەلدى، بۇ يەر جىمجىت ھەم ئازادە بولۇپلا قالماستىن، ھەم مۇلازىملارنىڭ تېخنىكىسى ئۈستۈن ئىدى. ئۇ ماشىنىسىنى جايلاشتۇرۇپ بولۇپ، ھۆسن تۈزەش مەركىزىگە كىردى، مۇلازىم قىزلار ئۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.
رەنا ھە دېگەندىلا كەڭ كارىۋاتتا ئازادە يېتىپ بەردى، مۇلازىمەتچى قىزلار ئەتراپىغا ئولاشتى، بىرسى پۇتلىرىنى تۇتسا، بىرسى قوللىرىنى تۇتۇپ، بىردەمدىلا ئۇخلىتىپ قويدى. ئۇنىڭ بېشىدا تۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىگە ماي - دورىلارنى سۈركەپ ھۆسنىگە ئىشلەۋاتقان قىز بىردەمدىلا ئۇنىڭ خورىكى بىلەن كۆرۈشتى، دەسلەپتە بۇ خورەك بىركىمدىن تەپ تارتقاندەك، بىرلىرىگە مەسلىھەت سالغاندەك چىقىقاندى، ئاندىن ئۇ بارا - بارا كۈچىيىپ، پۈتۈن ھۆسن تۈزەش مەركىزىنى بېشىغا كىيدى. قىزلار توختىماي ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىغا، قاش - كۆزلىرىگە ئىشلەۋاتاتتى.
قىزلار ئۇنىڭ خورىكىگە ھەيران بولۇپ كۈلۈشەتتى.
— تۇۋا، قىز بالىمۇ مۇشۇنداق ئادەمنىڭ قورقۇقۇسى كەلگۈدەك خورەك تارتىدىكىنە، — دېدى ئۇنىڭ پۇتىنى ئۇۋۇلاۋاتقان قىز.
— باي قىزلار مۇشۇنداق خورەك تارتىدىغان ئوخشايدۇ

ئاداش، ــــ دېدى رەنانىڭ قوللىرىنى ئۇۋۇلاۋاتقان يەنە بىر قىز.

ــــ سىلەر بۇ قىزنى تازا ياخشى بىلىپ كەتمەيسىلەر، بەك باي قىز بۇ، قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ بۇ قىزنىڭ، ھېلى قارىسىڭىز پەرى، ھېلى قارىسىڭىز مايمۇن، ئىشقىلىپ، ھۈنىرى جىق بۇ قىزنىڭ! پۇلى بار ئادەم دېگەن نېمە قىلمەن دېسە شۇنى قىلىدىكەن! ــــ دېدى ئۇنىڭ يۈزىگە ئىشلەۋاتقان قىز.

ــــ توۋا مۇشۇ تەڭشەلمىگەن جاھاننى، مەن مۇشۇ ھەدەمنىڭ يۈزى بولۇپ قالسامچۇ! ــــ دېدى ئۇنىڭ پۇتىنى تۇتۇۋاتقان قىز.

ــــ قانداق قىلىسىز، نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ ئادەم دېگەن غۇرۇرى بىلەن ياشىغۇلۇق، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز مۇنداق گەپ قىلماڭ، ــــ دېدى رەنانىڭ قاش ـ كۆزلىرىگە ئىشلەۋاتقان قىز.

ــــ چاقچاق قىلىپ قويدۇم، ھەدە، ــــ دېدى قىز خىجالەت بولۇپ.

ــــ بۇنداق چاقچاقنى قىلماڭ، ئەگەر بىر ئادەمدە غۇرۇر بولمىسا ئۇ ئەڭ نامرات ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. خۇدايىم بىر ئۆمۈر بىزنى مۇشۇنىڭغا ياراتقان ئەمەس، بىزمۇ ياخشى ئىشلەپ تاپقىنىمىزنى بۇزۇپ ـ چاچماي يىغساق، بىزمۇ ئۆز ئالدىمىزغا بىر ئىش قىلالايمىز، ــــ دېدى يەنە بىر قىز.

ئۇلارنىڭ پارىڭى رەنانىڭ خورىكى بىلەن بىرلىشىپ، ئۆينى كۆتۈرۈۋەتتى.

قىزلار ھەممە تۈرلەر بويىچە مۇلازىمىتىنى تۈگەتكەندە، رەنا كۆزلىرىنى ئاچالماي خورىكىنى ياڭرىتىۋەردى. باشقا ئۆيدە ئىشلەۋاتقان بىر قىز يۈگۈرۈپ چىقىپ، خېرىدارلار پىكىر قىلىۋاتىدۇ، دېدى.

ــــ بىلدۇق، ئاز قاپتۇ دەپ قويۇڭلار، بۇ خېنىمغا سوت يوق، بىردەم چىدىسۇن، ــــ دېدى ئۇلار.

رەنا كارىۋاتتا بەك تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى، بايا يېگەن مەززىلىك كاۋاپنىڭ خۇش پۇراقلىرى خورەك ئارقىلىق ئۆينىڭ ئىچىگە تارقىلىپ بولغانىدى. قىزلار ئۇنىڭ خورىكىنى دوراپ

www.uyghurkitap.com

كۈلۈشەتتى، لېكىن ھېچكىم ئۇنى ئويغىتىشقا پېتىنالمىدى، چۈنكى رەنا ھەر قېتىم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، مۇشۇنداق يېتىپ ئۇخلايتتى، ئۇنى ئويغىتىشقا بولمايتتى، ئۆزى ئويغانغاندا پۇلنى قىزلارغا تاشلاپ بېرىپ ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتەتتى.

رەنانىڭ يۈزلىرىگە ئىشلىگەن قىز ئۇھ دەپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇ دېرىزىنى ئېچىپ ساپ ھاۋا بىلەن ئۇچراشتى، ئۇنىڭ قىزىرىپ پارقىراپ كەتكەن كۆزلىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشايتتى، يۇلتۇزلار كۆزلىرىنى چىم ـ چىم قىلىپ كائىناتتىكى سىرداشلىرى بىلەن تېپىشاتتى، شامال «نايناقلار دەرياسى» دىكى ئوتلارنىڭ، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ پۇراقلىرىنى ئېلىپ كەلدى، بۇلبۇللار يىراق بىر يەردە سايرايتتى، لېكىن ئۆيدە ھەممىدىن روشەن نەرسە رەنانىڭ خورىكى ئىدى.

بۇ ھۆسن تۈزەش مەركىزىنىڭ ئىچى بەكمۇ چىرايلىق ئىدى، چوڭ زال نۇرغۇنلىغان كىچىك ئۆيلەرگە بۆلۈپ، ئايرىم ـ ئايرىم خانا قىلىپ ياسالغانىدى. ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئۈستى ئوچۇق ئىدى، بۇنىڭدا ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، ھەربىر ئۆينىڭ ئىچىدىكى تېمىغا بىر پارچىدىن يوغان سۈرەت ئېسىلغانىدى. بۇ بىر گۈزەلنىڭ سۈرىتى بولۇپ، بەدىنىنىڭ كۆپ قىسمى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بۇ سۈرەت ھەممە قىز ـ چوكانلارنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى.

— ئاجايىپ بىر جاھان بولۇۋاتىدىغۇ بۇ، ھەممە ئادەم يۈزىگە ئىشلەۋاتىدۇ، ئادەم يۈز تاپمىغۇچە ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايدىكەن. مەيلى خوتۇن ـ قىزلار بولسۇن ياكى يىگىت ـ ئەرلەر بولسۇن، يۈز تاپمىغۇچە ھېچ ئىشنى ئاقتۇرالمايدىكەن، يۈز تاپقاندىن كېيىن بىر نېنى ئون بولىدىكەن، يۈز بولىدىكەن، مىڭ بولىدىكەن، نېمىدېگەن سىرلىق جاھان بۇ! — دېدى رەنانىڭ يۈزىگە ئىشلىگەن قىز دېرىزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ.

— ھەي خورەك تارتىۋاتقان ئۆيگە بىرەر ئەرنى

ئەكىرىۋالمىغانسىلەر! ــ دەپ ۋارقىرىدى بىر خېرىدار.

تاڭ سۈزۈلگەندە، رەنانىڭ خورىكى ئاستا - ئاستا پەسەيدى، ئۇ ئويغىنىپ بېشىنى كۆتۈردى، ئەتراپىغا بىر قارىۋېتىپ، ھە دەپ قويۇپ يەنە بېشىنى ياستۇققا قويدى. ئۇ بىر دەم يېتىۋالغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ ئاق خالىتىنى سىلىۋەتتى - دە، كىيىملىرىنى كىيىپ، سومكىسىنى قولىغا ئالدى. ئاندىن كاسسىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھېساب قىلدى، ئاندىن ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ئۈچ قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سومكىسىدىن پۇل ئېلىپ ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ ھەربىرسىگە ئەللىك كويدىن چاي پۇلى بەردى.

رەنا ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئولتۇراق رايونغا كەلدى، ئادەتتە ئۇ چوڭ ئۆيگە بارماي مۇشۇ بىنا ئۆيدە تۇراتتى، ئاپىسىغا: شىركەتنىڭ ئىشلىرى بەك ئالدىراش، ئاپا، ئىشنى تۈگىتىپ يېرىم كېچىدە كېلەلمىسەم، يول بەك خەتەرلىك، كۈندە دەرۋازا ئۇرۇپ سىلەرنى ئاۋارە قىلماي، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ئىشلەي، دەپ ئۇلارنى قايىل قىلغانىدى. ئۇ ماشىنىسىنى توختىتىپ قويۇپ، ئۆيگە چىقىپ ئۇخلاپ قالدى.

رەنا ئىسسىق يوتقاندا خورەك تارتىۋاتقاندا، ئالەم كۆزىنى ئېچىپ بولغان، ئۇلۇغ نۇرلار ئۆينى ئاپپاق بولۇتلار بىلەن ئاقارتىپ بولغانىدى، قۇياش نۇرى ئاستىدا ئۇنىڭ تامدىكى ماي بوياق رەسىملىرى بەك چىرايلىق كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ يەرگە سالغان ئالىي دەرىجىلىك يۇڭ گىلەملىرى ئۆينىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇپ تۇراتتى، رەنا ئۆينى كۆرگەزمىخانىدەك چىرايلىق بېزىۋالغانىدى.

رەنا ئەتىسى يەنە چۈشكىچە ئۇخلىدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا بىر قارىۋالدى، ئىچىدە بۇ قانداق گەپ؟ مەن ئاخشام ھۆسن تۈزەش مەركىزىدە يېتىپ قالغانغۇ دېدى. ئاندىن ئېسىنى تېپىۋالدى، توغرا، تاڭ ئاتاي دېگەندە ئۆيگە يېتىپ كەلگەنىدىم، دېدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، باش - كۆزلىرىنى

يۈيۈپ، يەنە توك ئوچىقىدا چاي قايناتتى، ئاندىن يەنە دەرۋازىنىڭ ئالدىدا پۇلۇ ساتىدىغان غۇلامغا تېلېفون بەردى، غۇلام شاگىرتىدىن ئاش چىقىرىپ بەردى، رەنا ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ تاماقنا تۇتۇش قىلدى، ئەلۋەتتە، تېلېۋىزوردا تەنتەربىيە قانىلى ئۇنىڭغا ھەمراھ ئىدى.

رەنا تاماق يەپ بولۇپ چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى، يانفونى جىرىڭلىدى، ئۇ يانفونىنىڭ نومۇرىغا قاراپ : ھە، يالقۇندىن كەپتۇ، دېدى. ئۇ تېلېفوننى ئېلىپ: «ياخشى، يالقۇنكا، ھەئە، ئۆيدە، ياق، تېخى بازارغا چىقمىدىم، ھە، پۇتتىما، ياخشى، رەھمەت سىزگە، خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا ئايرىم رەھمىتىم بار سىزگە! ماقۇل ئەمىسە، سىزگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت!» دېدى. ئاندىن يانفوننى ئېتىۋېتىپ، چاي ئىچىپ ئولتۇردى.

تەنتەربىيە قانىلىدا ماشىنا مۇسابىقىسىنىڭ نەق مەيدان كۆرۈنۈشىنى بېرىۋاتاتتى، مۇسابىقە ناھايىتى قىزىپ كەتكەنىدى، پاكار ماشىنىلار شەيتان قوغلىغاندەك ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى، ئۇشتۇمتۇتلا بىر ماشىنا يەنە بىر ماشىنىغا سوقۇلۇپ كەتتى، شوپۇر يارىلاندى. لېكىن، مۇسابىقە داۋاملىشىۋەردى، رەنا ئۆز ـ ئۆزىگە:

— مۇشۇنداق جاھان بۇ، بىرسى ۋايجان دەپ ياتسا، يەنە بىرسى ئۆزىنىڭ يولىغا قاراپ مېڭىۋېرىدۇ، — دېدى.

رەنا ئورنىدىن تۇرۇپ كارىۋاتنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى، يۇمشاق كارىۋات ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدىكى بوشۇككە ئايلاندى، ئۇ ئەللەي بالام دەۋرىدە چىرايلىق بوشۇكتە يېتىپ بارلىق ئاستىدا يوغان ـ يوغان كاۋىلارغا قاراپ غەمسىز دۇنيادا كۆك ئاسماندىكى لەگلەكلەرگە ئايلىنىپ كېتەتتى. ئۇ قورۇ ھازىر بۇ شەھەردىن غايىب بولغانىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا پىرقىراتما ماگىزىن دەيدىغان بىر چوڭ بىنا چۈشكەنىدى، ئۇ سودا سارىيىنىڭ ئىشىكى توك بىلەن پىرقىراپ تۇرغانلىقتىن، خەلق ئۇنى پىرقىراتما ماگىزىن، دەپ ئاتاپ كەلگەنىدى. بۇ

نەرسىلەر ئۇنىڭ خاتىرىسىدىلا قالغانىدى، ئەلۋەتتە، يەنە ئاپىسىنىڭ «ئەللەي بالام» ناملىق ناخشىسىمۇ قالغانىدى. ئاپىسىنىڭ ئېيتىشىچە، رەنا بەش ياشقا كىرگەندە ئۇلار هازىرقى مەھەللىسىگە، يەنى ياخشىلار مەھەللىسىگە كۆچۈپ كەلگەنىدى. رەنا ساۋاقداشلىرىغا: مېنىڭ ئىككى ياشتىكى ئىشلىرىممۇ ئېسىمدە، دەيتتى. ساۋاقداشلار كۈلۈشۈپ: ئەلۋەتتە، شۇنداق بولىدۇ ـ دە، ئاداش، سەن دېگەن قانداق ئادەم ! دەپ ئۇنىڭ چىشىغا تېگەتتى.

رەنا كارىۋاتتا يېتىپ تۇرۇپ بەكرىگە تېلېفون بەردى. ئۇنىڭ ئاۋازى ھەسەلدەك تاتلىق ئىدى، بەزىدە نازلىنىپ سۆزلىسە، بەزىدە جاڭ ـ جاڭ سۆزلەيتتى، يەنە بەزىدە قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتەتتى. «ئىش پۈتتى، بەكرىكا، تەلىيىڭىز بار ئىكەن، تېخى هازىر يالقۇنكامدىن تېلېفون كەپتۇ، تۈنۈگۈن ئۇ ئاكام بىلەن ئۆزۈم كۆرۈشكەنىدىم، ئاغىنىڭىزنى ئەتىگەن قويۇۋېتىپتۇ.» دېگەن سۆزلەر ئۇنىڭ ئىنچىكە تىللىرى، يېقىملىق لەۋلىرى ۋە گۆھەر چاقناپ تۇرىدىغان قاش ـ كۆزلىرىدىنمۇ تىزىلىپ چىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھېسسىياتى قارشى تەرەپتىكى بەكرىنى تەسىرلەندۈرۈپ خېمىرغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى، بەكرى ئارقا ـ ئارقىدىن رەھمەت ئېيتىپ كەتتى، ئاندىن ئۇ بارلىق ھېسسىياتىنى رەنانى كەچكە توغرىلاپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە تاماق يېيىشكە قاراتتى. رەنا: «ياق، ئىشىم بار، پەقەت بولمايدۇ، بۈگۈن پەقەت بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى، بەكرى بارغانسېرى چىڭىپ كېتىۋاتاتتى، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلار بىر رېستوراندا كۆرۈشىدىغان بولدى.

كەچتە رەنا بەكرى بىلەن بىر رېستوراندا كۆرۈشتى، بەكرى بالدۇر كېلىپ رەنانى كۈتۈپ ئولتۇردى. بەكرى بوي ـ بەستى ئېگىز، كېلىشكەن ئادەم بولۇپ، كۆزلىرى ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئويناپ تۇراتتى. رەنا رېستوراندا پەيدا بولغاندا، ئۇ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ رەنانىڭ ئالدىغا چىقتى، ئۇنى ئايرىمخانىغا باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەكرى ناھايىتى روھلۇق ئىدى، ئۇ كۆزلىرىنى رەنانىڭ كۆزىدىن يۆتكىمەي ئولتۇراتتى، رەنا تائامىلارغا ئېغىز تەگكەچ ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بېرىپ تۇردى، لېكىن بەكرىنىڭ كۆزلىرى، ئوت چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى رەنانىڭ كۆزلىرىگە يېپىشىۋالغانىدى، ئاخىر رەنا تاقەت قىلالمىدى:

— ئۇنداق قىلماڭ، بەكرىكا.

— ھوي، نېمە بولدى، مەن ھېچ ئىش قىلمىدىمغۇ؟!

— ئادەمگە زامان ئاخىر بولىدىغاندەك قاراپ تۇرۇۋالىسىز - كەن...

— راست دېدىڭىز رەنا، بۈگۈن بار، ئەتە يوق جاھان بۇ!

— سىز بەك ئۈمىدسىز ياشايدىكەنسىز، بەكرىكا، بۈگۈن ئەلۋەتتە ياخشى، لېكىن ئەتە بىز ئۈچۈن تېخىمۇ تاتلىق.

— ئادەم بىلەن ئادەم ئوخشىمايدۇ، رەنا، مەن بۈگۈنگە ئامراق، بۈگۈن غازاڭ يېسەممۇ ئەتىنىڭ گېپىنى قىلمايمەن.

— شۇڭا ئاغىنىلىرىڭىز بۈگۈنگە دوم چۈشۈپ ساقچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىكەن - دە!

بەكرى كۈلۈپ كەتتى:

— مېنى بىر كەلتۈرۈۋالدىڭىز - ھە، بۇ گېپىڭىز بەك قاملاشتى، رەنا، قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنتۇمايمەن.

ئۇ يېنىدىن پۇل سېلىنغان بىر كونۋېرتنى چىقىرىپ، رەنانىڭ قېشىدىكى ئۇنىڭ چىرايلىق قىزىل سومكىسىنى قولىغا ئالدى، چاقچاقلىق بىلەن ئاغزىنى ئېچىپ، كونۋېرتنى سومكىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويدى.

— بىر ئىشلارنى قىلىپ كېتىۋاتىسىزغۇ، بەكرىكا؟

— سومكىڭىزغا بىر ئەڭگۈشتەر سېلىپ قويدۇم، رەنا، بۇ ئەڭگۈشتەر كۈندە سىزنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىدۇ، — دېدى بەكرى كۈلۈپ.

— رەھمەت، بەكرىكا، بىراق مەن كۈندە جەننەتتە يۈرسەم زېرىكىپ قالارمەنمىكىن؟

— مەن بار رەنا، مەن سىزنى زېرىكتۈرمەيمەن !
— ئازراق هاراق ئىچىمىزمۇ، رەنا؟
— ئۇنداق گەپ قىلماڭ، خۇدايىم بەرگەن ئاكا !
— مەن سىزنى ئىچىدۇ دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟
— مېنىڭ كەينىمدە ئۇنداق گەپلەر جىق... بۇ گەپلىرىڭىزنى قويۇڭ بەكرىكا، ئاكىسى دېگەن ئۇنداق شوخلۇق قىلسا بولمايدۇ، ئەسلىدە سىز مېنى مۇشۇنداق ئىشلاردىن توسۇسىڭىز بولىدۇ ! ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى، خىزمىتىڭىز قانداق؟
— ناۋات - ناۋات، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بەك تاپىسىز - دە ! ئەمدى مېنىڭ ئىشىم چاتاق، رەنا، مەن ئىدارىگە مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ ئىشلىگىلى ئون يىل بولدى، ئەمدى يېشىم ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى ئۆسەلمەيدىغان بولدۇم، بولمىسا ئاز ئەجىر قىلمىدىم. هەي، نېمىسى نېمىكىن، پەقەت ئۆسىدىغان يولنى تاپالمىدىم، بولمىسىغۇ كۈندە ئەتىگەندە ئىشقا مېڭىشنىڭ ئالدىدا خوتۇنۇم پېشانەمگە چوك قىلىپ بىرنى سۆيۈپ دۇئا قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتىسى - ئاخشاملىرى ئوڭ كەلگەن يەردە ئاشنامۇ دۇئا قىلىۋاتىدۇ، بىراق شۇ ئىشلىرىم پەقەت ئوڭ كەلمەيۋاتىدىغۇ تاڭ !...
— هە بولدى، سىزنىڭ گېپىڭىزنى چۈشەندىم، بەكرىكا، ئەسلىدە سىزگە ئاشۇ ئۆگەي خوتۇنىڭىزنىڭ دۇئاسى زىيان قىپتۇ، ئەگەر سىز ئىزچىل هالدا ئايالىڭىزنىڭلا دۇئاسى بىلەن كۈن كەچۈرگەن بولسىڭىز بۇ كەمگىچە ئىدارىگە بىرىنچى قول باشلىق بولۇپ بولاتتىڭىز، — دېدى رەنا چاقچاق قىلىپ.
— بەلكىم، بولغۇلۇق بولۇپ بولدى، نېمە دەيمىز ئەمدى؟ !
— ئەمدى ئاستا دەم ئېلىشقا چىقىۋېلىپ ئوقەت قىلمامسىز؟
— تاپتىڭىز، رەنا ! هەسەلدەك گەپ قىلىسىز - هە ؟! نېمە دېگەن ئەقىل سىزدىكى بۇ! دەم ئېلىشقا چىقىۋالاي دەۋاتىمەن، ئۆزۈم خان، ئۆزۈم بەگ بولۇپ يۈرمەمدىم. بىر دۇكان ئېچىۋالاي دەۋاتىمەن، بىر چەتتىن پۇل تېپىپ، يەنە بىر چەتتىن ئويناپ

يۈرمەمدىم.
— سىزنىڭ مىجەزىڭىز ياخشى، بەكرىكا، ئۇقەت قىلسىڭىز پۇل تېپىپ كېتىسىز.
— سىزنىڭمۇ مىجەزىڭىز ياخشى، رەنا، ئىككىمىز بۈگۈن كەچتە ياخشى بىر يەرنى تېپىپ تازا بىر قانغۇچە خورەك تارتىشمايلىمۇ!
— خورەكنىڭ ئاستىدا ئۆلەرسىزمىكىن، ئاكا؟!
بەكرى قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى:
— ئەستاغپۇرۇللا ماۋۇ قىزنى! — دېدى بەكرى جوزىنى ئۇرۇپ، — گۈلدەك ئەمەلىيىتىم بار دەۋاتىمەن، رەنا! گۈلدەك ئەمەلىيىتىم بار!
— ئەمىسە ياخشىراق بىر يەرنى تاپايمۇ؟
— ئاللا رەھمەت قىلسۇن، رەنا، بىلگۈچىلىكىم بار مېنىڭ!
— ئەمىسە «نايناقلار دەرياسى» غا بارامدۇق؟
— قولۇم كۆكسۈمدە، تەبئىي ئوت ئەڭ ئېسىل!
— سىزمۇ ماڭا ئوخشاش كارنۋاتقا ئۆچ ئىكەنسىز ـ دە!
— يەر ياخشى، رەنا، يەر ئازادە!
ئۇلار قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.
— شۇنداق، ھەممە ئىشنىڭ تەبئىي بولغىنى ياخشى، مەن ئاشۇنداق تەبئىي ئوتلاقلارنى، ئورمانلارنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى رەنا.
— مەن ئون ياشقىچە سەھرادا مومام بىلەن بىللە تۇرغان، ئۇ يەردە سىز دېگەندەك كەڭ كەتكەن جىگدىلىك بار ئىدى، بىز باللار بىلەن قوي باقاتتۇق، ئاندىن ئوتۇن تېرىپ ياۋاش موزايلارغا ئارتىپ ئۆيگە ئەكېلەتتۇق، سىزنىڭ ھازىرقى گەپلىرىڭىز ماڭا ئاشۇ كۈنلىرىمنى ئەسلىتىپ قويىدى، — دېدى بەكرى.
— ئەمىسە سىز بۈگۈن مېنى ئاشۇ سەھرايىڭىزغا ئاپىرىڭ، مېنىڭ ئۇ يەردە بەكمۇ جىق كېپىنەك دوستلىرىم بار، ئۇلار

بىزنى مېھمان قىلىدۇ، بىزگە بەكمۇ قىزىق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ، بىزگە ياۋاش كالىلارنى سېغىپ بېرىدۇ...

— ئەگەر بىز ئاشۇ سەھرالىقلىرىڭىزنىڭ ئېگىز چۆپلىرى ئىچىدە ئۇخلاپ قالساق، ئۇ ۋاقىتتا بىزنى قوياشتىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرمەيدۇ، مۇشۇ دۇنيا بىزنىڭ بولۇپ قالىدۇ.

ئۇ ھە دەپ رەنانى ئۆزىنىڭ مەنزىلىگە ئەكىرىۋاتاتتى.

— ياق، بۇ دۇنيا بىزنىڭ ئەمەس، بەكرىكا، بىز بۇ دۇنياغا مېھمان، بۇ دۇنيامۇ بىزگە مېھمان، شۇڭا بىز بۇ دۇنيادا يوقىتەلەك بېشىمىزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ياشىشىمىز كېرەك، بۇ دۇنيامۇ بىزگە پۇرسەت بېرىشى كېرەك. ئەگەر بۇ دۇنيا بىزگە پۇرسەت بەرمىسە، بىز نەگە بېرىپ ناينائقشيمىز؟ بۇ بەك مۇھىم مەسىلە، بەكرىكا !

ئۇ بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى.

— بىز باشقا يەرگە كېتىپ قالدۇق، رەنا، مەن بايام ئوشۇقچە گەپ قىلىپ قويۇپتىمەن، بىز يەنە بايامقى گېپىمىزگە كېلەيلى، مېنىڭ ئاشۇنداق ئازادە سەھرا ياكى تاغ ئوتلاقلىرى ئارىسىدا سىز بىلەن بىر كۈن ھېكايە ئېيتىشقۇم بار... بىز ئاشۇنداق جەننەتتەك مەنزىرىدە ھېرىپ ئۇخلاپ قالساق، ئاندىن بەس - بەستە خورەككە چۈشۈپ كەتسەك، ھايۋاناتلارنىڭ ھەممىسى بىزنى ئىزدەپ كەلسە، بىزنى مۇبارەكلىسە، خورەكلىرىمىزدىن چىققان ئاۋازلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ بىزگە قايتا كۆرسەتسە، ئاندىن بىز ئۇلار بىلەن ئاغىنە بولۇپ كەتسەك، ئاتلارغا، پىلىلارغا، بۆرە - يولۋاسلارغا مىنىپ قويۇق ئورمانلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتسەك، مەڭگۈ ئۇلار بىلەن ياشىساق، نېمىدېگەن ياخشى - ھە، رەنا ؟!

ئۇنىڭ پۈتۈن ھېسسىياتى رەنانى خوش قىلىش ئىدى، شۇڭا ئاغزىغا كەلگەننىڭ ھەممىسىنى سۆزلەۋاتاتتى.

— ياق، مەن ئۇنداق ئادەم يوق يەرلەرگە بارمايمەن بەكرىكا، مەن ئادەملەرنى ياخشى كۆرىمەن، ئادەم بار يەردە ھەممە نەرسە

بولىدۇ، نۇرغۇن ئىمكانىيەتلەر بولىدۇ، مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يىللىرىمدا نۇرغۇن رومانلارنى ئوقۇغان، بەزىلىرى چەت ئەلدە بېسىلغان رومانلار ئىدى، مەن ئاشۇ كىتابلار ئارقىلىق بۇ جاھاننىڭ ھەقىقىي يىلتىزى ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگەن، شۇڭا مەن بۇگۈنگە قەدەر ئادەملەرنى ياخشى كۆرىمەن، ئادەم بار يەردىن قاچمايمەن، چۈنكى ئادەم پەقەت ئادەملەر ئارىسىدىلا پۇل تاپالايدۇ.

«قانداق گەپ بولۇپ كەتتى بۇ، ئەمەسلا بىر گەپلەرگە چۈشۈپ كەتتۇققۇ !» دېدى بەكرى ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ.

ـــ بەك ياخشى گەپ قىلدىڭىز، رەنا، مەنمۇ سىزگە ئوخشاش ئادەملەرگە ئامراق، بولۇپمۇ سىزدەك پەرىگە بەك ئامراق، ئەمىسە مۇشۇ ھەپتىدە ئىككىمىز تاغقا چىقىپ ئويناپ كېلەمدۇق؟ ـــ دېدى بەكرى گەپنىڭ ئۇچىنى يەنە ئۆزىنىڭ ئىشقىي ئارزۇ ئېرىقىغا باشلاپ.

ـــ بىرنېمە دېيەلمەيمەن !

ـــ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

ـــ مېنىڭ ۋاقتىم ئۆزۈمنىڭ ئەمەس، خەقلەرنىڭ، سىزگە ئوخشاش ئەرلەرنىڭ. مەن ۋەدە بېرەلمەيمەن. ئەگەر بىر كۈنى سەھەردە تويۇقسىز ئۆيۈمگە كەلسىڭىز، ئەگەر مەن ئۆزۈمنىڭ كارىۋىتىدا مەۋجۇت بولسام، ئۇ ۋاقىتتا مەن ئۆزۈمنىڭ ۋاقتىغا ئۆزۈم ئىگە بولالايمەن، سىزگە ئەگىشىپ تاغقا ياكى باغقا چىقالايمەن، بولمىسا مەندە ئۈمىد يوق. مەسىلەن، بۈگۈنكى شامال مېنى سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئۇچۇرۇپ كەلدى، ئەتىكى شامال مېنى نەگە ئاپىرىدۇ، مەن بىلمەيمەن، شۇ شامال بىلىدۇ.

ـــ ئەمىسە مەنمۇ بىر كۈنى شامال بولۇۋالسام بولىدىكەن ـ دە !

ئۇلار كۈلۈشۈپ رېستوراندىن چىقتى، بىنانىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق پاراڭلىشىپ تۇرۇپ كېتىشتى. بەكرى رەناغا: «ئۇنداق قىلماڭ، مەن بۈگۈن سىزنىڭ

شاملىڭىز» دېدى، رەنا: «ياق، قانداق شامال سىز، قالايمىقان چىقىدىغان، شامال دېگەن ئەتىگەندە چىقامدۇ؟» دېدى. بەكرى: «بەزى شاماللار مۇشۇنداق بەڭباش بولىدۇ، رەنا، ئۇنداق قىلماڭ» دېدى.

رەنا: ئىشىم بار، دەپ ماشىنىسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، بەكرى ماشىنىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى. رەنا ئەمىسە مەن سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي دەپ ماشىنىسىنى قوزغىدى.

دەل شۇ ۋاقىتتا، شەھەرلىك كىنوخانا ئالدىدىكى بازاردا بىر چوكان چېپلەكتە پىشقان قوناق سېتىۋاتاتتى، بۇ ياش چوكان مۇشۇ شەھەرگە مىڭ كىلومېتىر كېلىدىغان بىر شەھەردىن سۆيگەن يىگىتى بىلەن قېچىپ چىققانىدى. يىگىتىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇلارنىڭ تويىغا قوشۇلمىغانىدى. سەۋەب: قىز تەرەپنىڭ ئاپىسى تىلەمچى ئىدى، ئۇ قىزنىڭ دادىسىنى دەپ بېرەلمەيتتى، ئۇلار ئەركىن بازاردىن بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇردى، چوكاننىڭ يولدىشى هارۋىدا كوچا ئايلىنىپ ئالما، ئۈزۈم ساتتى. ئەتىسى ـ ئاخشاملىرى ئۇلار قىشتا قانداق قىلارمىز، دەپ غەم يەيتتى، چوكاننىڭ ئېرى : ئەنسىرىمەڭ، ئامىرىقىم، قىشتىمۇ خۇدايىم بار، دەيتتى. ئۇلار ئۆزىگە ئىشىنەتتى، بازاردىن ئايرىلمايتتى، قەلبىدە بىر ئېتىقاد بار ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئۈچىنچى باب

# ياخشىلار مەھەللىسى

چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە بۇ مەھەللىنىڭ ئىسمىنى تۆت كوچىدىكى سۇلتان ئىسىملىك بىر دۇكانچى قويۇپ بەرگەنىكەن. ئەسلىدە كىشىلەر بۇ مەھەللىنى تۇيۇق مەھەللە دەپ ئاتىشىدىكەن، مەھەللىنىڭ ئۇ يېقىدا يول يوق ئىكەن. سۇلتان مۇشۇ مەھەللىدىكى ئابرۇيلۇق ئاقساقال بولغاچقا، مەھەللىنىڭ چوڭلىرى ئۇنىڭغا ئەھۋال ئېيتىپ: تەخسىر، تۇيۇق مەھەللە دېگەن گەپ بەك سەت ئاڭلىنىدىكەن، بىزنىڭ مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئىسمىنى بىر ئۆزگەرتىپ بەرگەن بولسىڭىز، دېگەنىكەن، ئاخىرقى ھېسابتا سۇلتان ئاقساقال چوڭلارنىڭ گېپىنى توغرا كۆرۈپ، مەھەللىنىڭ ئىسمىنى ھازىرقى «ياخشىلار مەھەللىسى» گە ئۆزگەرتكەنىكەن.

ياخشىلار مەھەللىسىنىڭ مۇشۇ ئوتتۇز يىللىق ئۆزگىرىشىمۇ زور ئىدى. مەھەللىدىكى بايلار پۇل چىقىرىشىپ يوللارنى ياسىدى، توك تارتتى، ئەڭ مۇھىمى مەھەللىدە بىرەر ئادەم قورۇ ـ جايىنى سېتىۋېتىپ باشقا يۇرتقا كەتمەكچى بولسا، ئۇنى ئالدى بىلەن مەھەللىنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزىدىغان بولدى، ئالدى بىلەن مەھەللىنىڭ ئىچىدىكى ئادەملەرگە سېتىش، ئۇلارنىڭ بالا ـ ۋاقىلىرىغا سېتىش، ئۇلاردىن ئاشسا ئاندىن سىرتقا سېتىش، سىرتقا ساتقاندىمۇ پۇلنى ئاساس قىلماي، ئادىمىنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇش، مىجەز ـ خاراكتېرىنى دەڭسەپ

ئاندىن سېتىش، ئادەمگە باقماي سېتىپ قويۇپ، كۆكۈل ئاغرىقى تاپىدىغان ئىشلىرىغا قەتئىي يول قويماسلىق قائىدىسى بىلەن سېتىش چارىسى قوللىنىلدى. بۇ ئىشقا مەھەللىنىڭ چوڭلىرى ئارىلىشىپ تۇرغاچقا، مۇشۇ ئوتتۇز يىلدىن بېرى بۇ ياخشىلار مەھەللىسىگە قالايمىقان ئادەملەر كېلىپ جايلىشالمىدى، ھېلىقىدەك بىر كېچىدىلا پۇل تېپىپ بېيىپ كەتكەن ئادەملەرمۇ مۇشۇ مەھەللىگە كىرەلمىدى، ئۇلار بۇ مەھەللىنىڭ تىنچ مۇھىتىنى ياخشى كۆرەتتى، قورۇسىنى ساتماقچى بولغان ئادەمگە ئاغزىدىن چىققان پۇلنى بەرمەكچىمۇ بولغانىدى، لېكىن چوڭلار ئۇلارنى توستى: بىز دېگەن ئادەمگە ساتىسەن، بازار نەرخى ساتىسەن، بىزگە مۇھىت كېرەك، بىزگە جان كېرەك، دەپ ياخشىلار مەھەللىسىنىڭ مۇھىتىنى ساقلاپ قالدى.

رەنا ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە مەھەللىدىكى ئوغۇل بالىلار بىلەن ئاشۇ قاتار ئۆرۈك ئۈستىگە چىقىپ ئۆرۈك يەيتتى، ئۆرۈك شۇنداقلا ئالا بولۇشىغىلا، بالىلار چوڭلارنىڭ ھاي دېگىنىگە ئۇنىماي ئۆرۈكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى غورىلارنى ئۈزۈپ يەپ بولاتتى. چوڭلار رەنانىڭ ئۆرۈككە يامىشىپ چىقىۋاتقان قىياپىتىنى كۆرۈپ ھەيران قالاتتى : بۇ رەنا ئاجايىپ بىر قىز بولدىغۇ ، ئۆرۈك ئۈستىدە ئوغۇل بالىدەكلا شاختىن ـ شاخقا سەكرەپ يۈرىدا، دىققەت قىلمىسا مۇشۇ قىز چوڭ بولغاندا ئوغۇل بولۇپ كېتىدۇ جۇمۇ، دەيتتى.

كەپسىز رەنا ئەنە شۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا كەچلىرى ئۆيگە كىرمەي مەھەللىدە ئوغۇل بالىلار بىلەن مۆكىمۆكىلەڭ ئوينايتتى. بىر كۈنى ئۇ خېلى كەچكىچە ئۆيگە كەلمىگەنىدى، ئۇنىڭ ئاپىسى ئەنسىرەپ ئىككى قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۇنى مەھەللىدىكى تۈگمەننىڭ ئارقىسىدىن تېپىۋالغانىدى. رەنا شۇ كۈندىن باشلاپ خورەك تارتىدىغان بولۇپ قالغانىدى، خېلى ئۇزاققىچە ئاپىسى ئۇنى ئاخشاملىرى مەھەللىدە ئوينىغىلى قويمايدىغان بولغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ خورىكى يوقىمىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاپىسى ئەنسىرەپ موللىغىمۇ ئوقۇتقانىدى، لېكىن ئۇنىڭ خورەك تارتمىدىغان ئىشىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغانىدى.

باھاردا، يازدا مەھەللىنىڭ مۇھىتى بەك چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى، باھاردا پەسىل قۇشلىرى بىردىن ـ ئىككىدىن كېلىپ ئۆرۈك ئۈستىگە قونۇپ، چېچەكلەر ئۇچۇن، يېشىللىق ئۇچۇن، ئادەملەر ئۇچۇن سايرايتتى. باھار شاماللىرى چېچەكلەرنىڭ كۆزلىرىنى سۆيۈپ كېتەتتى، بۇلبۇللار ئالدىرىماي كېلەتتى، ئۆرۈك چېچەكلىرى ئېچىلىپ توزۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار قويۇق يوپۇرماقلارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولاتتى، ئۆزىنى كۆرسەتمەي سايرايتتى. رەنا ئۆسمۇرلۇك دەۋرلىرىدە باللارغا ئەگىشىپ، قورۇمۇقورۇ يۈرۈپ بۇلبۇل تۇتىمىز دەپ چوڭلارنى پاراكەندىچىلىككە سېلىپ يۈرەتتى. لېكىن، ئۇلار بۇلبۇلنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمەيتتى، سايرىغىنىنى ئاڭلايتتى ـ يۇ، ئۆزىنى كۆرمەيتتى. چوڭلار : ئۇنداق دېمەڭلار، بۇلبۇل تۇتىمىز دېمەڭلار، چوڭ بولغاندا قولۇڭلار تىترەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، دەيتتى. ئۇلار چوڭلارنىڭ مۇشۇ گەپلىرى بىلەن جىمىپ قالاتتى.

قىشتا مەھەللىگە بەكمۇ جىق قاغىلار كېلىپ قوناتتى، ئۇ يىللاردا قار بەكمۇ قېلىن ياغاتتى، چوڭلار پىيما كىيىپ بازارغا چىقاتتى، رەنا دوستلىرى بىلەن ئۆيدە ئاغىچائايلام ئوينايتتى. بەزىدە قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ باللىرى بىلەن قارتا ئوينايتتى، ئاپىسى ئۇنىڭ قارتا ئوينىغىنىنى كۆرسە ئۇنى تىللايتتى: قىلىقسىز ! قىز باللا دېگەنمۇ قارتا ئوينامدۇ؟ دەپ ئۇنى ئەيىبلەيتتى. قاراڭغۇدا ئۇ ئاپىسىغا ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ قورۇسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدىكى سانسىز قاغىلارنى كۆرۈپ، ئاپىسىغا : ئاپا نېمە ئۇچۇن قاغىلار قىشتىلا بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىۋالىدۇ؟ يازدا نېمىشقا بۇلبۇللار بىلەن بىللە كېلىپ سايرىمايدۇ؟ دەيتتى. ئاپىسى ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تېرىكەتتى : ھەي، جىن قىز ـ دە، بۇ! مۇشۇمۇ گەپمۇ، قاغا دېگەن شۇم نەرسە، ئۇنى سايرىتىپ نېمە

قىلىسىز، نەدىكى بىر گەپلەرنى قىلىدىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق گەپ قىلماڭ، دەيتتى. رەنا كۈلۈپ قويۇپ يەنە ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلاتتى. بەزى كۈنلىرى ئاپىسى ئۇنى يۇيۇپ - تاراپ يېڭى كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ قويغاندا، ئۇ خۇشال بولۇپ: ئاپا، ئەمدى مەن كېپىنەك بولۇپ ئۇچۇپ كېتىمەن، ئەمدى سەن مېنى تاپالمايسەن، دەيتتى. ئاپىسى رەناغا قاراپ كۈلۈپ كېتەتتى، زوقمەنلىك بىلەن قارىغىنىچە ھەمىشە: بىر جىن قىز بولدىغۇ بۇ؟ دەيتتى.

## تۆتىنچى باب

# ئارالدىكى قىزىل ئۆي

بۈگۈنكى قۇياش شۇنچىلىك يېقىملىق ئىدى، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر سەھرا يولىدا، بىر جۈپ ياش ئېرىقنىڭ ئۇ چېتىدىكى يوغان دەرەخلەرنىڭ دالدىسىدا، گەپ قىلماي يەرگە قارىشىپ تۇراتتى. يەردىكى چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا بىر تالمۇ گۈل يوق ئىدى، بوراننىڭ زەربىسىدە سارغايماي تۇرۇپلا يەرگە چۈشكەن بىرنەچچە يېشىل يوپۇرماقلار ئۇلارنىڭ قايغۇسىغا تەسەللى بېرەتتى. يىگىت قىزغا : خوش ئەمىسە، بۇ ئىشنى مەندىن كۆرمەڭ، مەن ئانامنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسام بولمايدۇ، ھەرقانداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىسىڭىز ماڭا تېلېفون بېرىڭ، دېدى. قىز يىغلىدى، يىگىت قىزنىڭ يىغىسىغا قارىماي ئۇنى تاشلاپ قويۇپ كەتتى. قىز ئېچىنىشلىق يىغلاۋاتاتتى: ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟ مېنى كىم ئالىدۇ؟ ئانىسىدىن قورقىدىغان ئادەم ماڭا چېقىلمىسا بولمامدۇ؟ دېدى قىز نالە قىلىپ ! ...

رەيقەت بۈگۈن رەنانى «ئارال» نىڭ بەشىنچى ئۆيىدە مېھمان قىلىدىغان بولدى.

رەنا بالدۇر كېلىپ، ماشىنىسىنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئاسما كۆۋرۈك بىلەن ئارالغا ئۆتتى. ئۇ مۇشۇنداق گۈزەل يەرلەرگە مېھمان بولۇپ كەلسە، مېھمان چاقىرغان ئادەمدىن بۇرۇن كېلىۋالاتتى.

بۇ ئارال دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر توقايلىق ئىدى، ئۇ

مۇشۇ شەھەردە جەننەتتەك ئېسىل ماكان ئىدى. ھەسەن لەگلەك ئەسلىدە بازاردا دوللارچىلىق قىلاتتى، ئۇ ئەڭ دەسلەپتە مال بورداپ پۇل تاپقان ئادەم ئىدى، كېيىن ئاسانراق پۇل تاپىمەن دەپ دوللار بازىرىغا كىرىپ دوللارچىلىق قىلدى. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، پۇل ئېلىپ پۇل ساتاتتى، ئەرزان ئېلىپ قىممەت ساتاتتى. ئۇ مۇشۇ ئوقەتتىن خېلى ياخشى پۇل تاپقاندىن كېيىن، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، ئاشۇ ئارالنى ئىجارىگە ئېلىپ ساياھەت ئورنى قىلىشقا ئۆزگەرتىپ مۇشۇ ئارالنى ئىجارىگە ئېلىپ ساياھەت ئورنى قىلىۋالغانىدى. ئەسلىدە مەيلى «نايناقلار دەرياسى» ياكى تەلكە دەرياسى ئەتراپىدا بولسۇن، ئاچقۇدەك ساياھەت ئورنى تۆگىگەنىدى، بولغۇدەك يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى يۈزى بار، يولى بار ئادەملەر ئېلىپ بولغانىدى. مۇشۇ ئارال ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كەلمىگەنىدى، ھېچقانداق بىر ئادەم ئۇ ئارالغا ئاسما كۆۋرۈك ياساپ ئۆتۈشنى ئويلىمىغانىدى، ھەسەن لەگلەك مۇشۇ ئەتراپقا بىرنەچچە قېتىم كەلگەندىن كېيىن، ئاشۇ يەرگە كۆزى چۈشكەنىدى، دېمىسىمۇ ئۇ پۈتكۈل دەريانىڭ كۆزى ئىدى، ھەرقانداق ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان گۆھەر ئارال ئىدى.

رەنا ئاسما كۆۋرۈككە چىقىشى بىلەنلا كۈنپېتىشتىن كەلگەن شامال ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ئۇنىڭ بەدىنىنى ئىللىق شامالنىڭ سۆيۈشلىرى بىلەن روھلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ ھەرقانداق ئەرنى ئالدىرىتىپ قويىدىغان كۆزلىرى تېخىمۇ روھلىنىپ كەتتى. بېلىقلار دەريا ئۈستىدە سەكرەپ ــ سەكرەپ ئەركىلەيتتى، ئارالدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن پەسىل قۇشلىرى ئۇنىڭغا ئارالدىكى ئۇچۇرلارنى سوۋغا قىلىپ ماڭاتتى. رەنانىڭ ئەزەلدىن بىر قىز بىلەن بىر يىگىتنىڭ ياكى بىر چوكان بىلەن بىر ئۆلەي دەپ قالغان بوۋاينىڭ پۈتۈشكەن ئىشلىرى بىلەن خۇشى يوق ئىدى، ئۇ مۇشۇ ئارالغا كېلىۋاتقان ــ كېتىۋاتقان نوچى ئادەملەرنىڭ ئىسملىكىگە دىققەت قىلاتتى. ئۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئۇنىڭغا ياردەم قىلالايدىغان ئادەملەرگە قىزىقاتتى.

رەنا ئاسما كۆۋرۈكتىن چۈشۈپ ئارالغا دەسسىشى بىلەن،

ئۇنى ئارالدا ئارامخۇدا ئويناۋاتقان ياۋا ئۆردەكلەر بەشىنچى قىزىل ئۆيگە باشلاپ ئاپاردى. رەپقەت تېخى كەلمىگەنىدى، رەنا ئاپپاق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئەتراپتىكى مەنزىرىگە قارىدى، بۇ ئۇنىڭ بۇ يەرگە بىرىنچى قېتىم كېلىشى ئىدى. دەريانىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى مەنزىرىلەر بەكمۇ گۈزەل ئىدى، ئۇ خۇددى ئەڭ ياخشى شائىرنىڭ خىيالىدىكى ئەڭ ياخشى ئەسىرىگە ئوخشاش يېقىملىق ھەم ھاياجانلىق ئىدى. توقايلىقلارنىڭ كەينىدە ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرۇۋاتقان گۈزەل، جانلىق، باتۇر، قويۇق ئورمانلار مەغرۇر ھالدا ھۇزۇر بېغىشلاپ تۇراتتى. رەنا شىمال تەرەپكە قارىدى، دەريا بەكمۇ ئېگىز تام بولۇپ شەكىللەنگەن قىر ئاستىدا ئاقاتتى، سۇ ھەر يىلى ياۋاش قىرنى يۇمشىتىپ توپىسىنى يەپ ماڭاتتى، ئېگىز قىرنىڭ ئاستىدىكى گۈزەللىك ئۇ يەنە بىر دۇنيا ئىدى، رەنا بۇرۇن شۇ ئېگىزلىكتە تۇرۇپ ئارالنى نۇرغۇن قېتىم تاماشا قىلغان ، لېكىن مۇشۇ ئارالغا چۈشۈپ ئۇستىدىكى مەنزىرىنى كۆرمىگەنىدى. ئاندىن ئۇ ئەتراپىغا قارىدى، شوخ شامال چۆپلەرنىڭ چىرايلىق ئۇچىنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۇرۇپ ئويناۋاتاتتى، چۆپلەرنىڭ ئۇستىدە بولۇۋاتقان ئالامەتلەرنى كۆرسىمىز دەپ تىرىشىپ چۆپلەرنىڭ غولىغا يامىشاتتى. رەنا يەنە ئۆزى ئولتۇرغان يەرگە قارىدى، ئۆزى سىرلىق ئېچىلىدىغان، يوپۇرماقلىرى ئاچ قىزىلگۈللەر روشەن ھالدا ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقتى. رەنا مۇشۇ كۇنگىچە بۇنداق چىرايلىق گۈللەرنى كۆرۈپ باقمىغانىدى، ئۇ ئورنىدا تۇرۇپ ئاشۇ گۈللەرنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، بىر تال گۈل ئۈزدى، ئاندىن گۈلنى بۇرنىغا تۇتتى، گۈلنىڭ ھىدى ئۇ ئىشلىتىۋاتقان فىرانسىيە ئەتىرىدەك يېقىملىق، ئۆتكۈر ئىدى. ئۇ ئىچىدە : «ھە، بۇ مۇشۇ ئارالدىلا ئۆسىدىغان گۈل ئىكەن ـ دە» دېدى. ئاندىن ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ دەريانىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى قويۇق ئورمانلارغا قارىدى، بىر نەچچە لاچىن ئورماننىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى توقايلىقنىڭ

ئۈستىدە نايىناقلىشىپ يۈرەتتى، «نايىناقلار دەرياسى» نىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىكى نايىناق لاچىنلار جانسىز بولۇتلارغا ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتاتتى.

دەريانىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئېگىزلىكتە، يەنە بىر ئادەم رەناغا دىققەت قىلىۋاتاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ قىزىل كۆڭلىكى ساياھەت ئورنىدا بەك روشەن ئىدى، ئۇ ئاشۇ ئادەمنىڭ نەزىرىدە بىر گۈزەل مەنزىرىگە ئايلاندى: «نەدىن كەلگەن پەرىدۇ بۇ؟» دېدى ئۇ ئادەم ئىچىدە.

ئارالدا ئۇ ئاسماندىن چۈشكەن ئاتەش قۇشىدەك ھەممە ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغايتتى.

رەپقەت تۇيۇقسىزلا رەنانىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ رەنانىڭ قولىنى تۇتتى:

— كەچۈرىسىز، رەنا، كېچىكىپتىمەن.

— ئۇنداق ئەمەس، مەن ئۆزۈم بالدۇر كەلدىم.

رەپقەت كۈتكۈچى قىزلارنى چاقىردى، قىزلار بەشىنچى ئۆينى ئېچىپ بەردى، ئۇلار ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى.

— ياغاچ ئۆي سالقىن بولىدۇ، رەنا، — دېدى رەپقەت كۈلۈپ.

— مەن ئىسسىقتىن ئانچە قورقۇپ كەتمەيمەن، رەپقەتكا، — دېدى رەنا كۈلۈپ.

— ياخشى قىزلار ئىسسىقتىنمۇ قورقمايدۇ، سوغۇقتىنمۇ قورقمايدۇ، — دېدى رەپقەت ھىجىيىپ.

رەنا كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلمىدى، رەپقەت ئۇنىڭ كۆزىگە بىر قارىۋالدى، رەنانىڭ قىزىل كۆڭلىكى ئۆزىگە شۇنچە ياراشقانىدى، ئۇنىڭ تولغان كۆكسى كۆڭلىكىگە پاتماي قالغانىدى، خېلى ئوبدانلا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمى رەپقەتنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيتتى.

— ئىش - ئوقىتىڭىز قانداقراق، رەپقەتكا؟

— ياخشى، رەنا، ھەرھالدا ئىشلارنىڭ ھەممىسى كۆڭۈلدىكىدەك كېتىۋاتىدۇ. يېقىندا سەل ھېرىپ قالغاندەك

قىلىۋاتىمەن، ئىككىمىز تاغقا چىقىپ بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىپ كېلەمدۇق يا؟

«بىردەمدىلا ساقىلىمىغا ئېسىلدىغۇ ماۋۇ ئاداش، ئارانلا تۇرۇۋېتىكەن ـ دە !» دېدى رەنا ئىچىدە.

ــ تاغقا چىقىپ نېمە قىلىمىز، رەپقەتكا؟ مانا مۇشۇ يەردە دەم ئېلىۋاتىمىزغۇ ! بۇ جاھاندا دەردى يوق ئادەم يوق ئىكەن، رەپقەتكا، مېنىڭ ئاشۇ تالالا بازىرىمۇ خېلى ئاۋارە قىلىدۇ مېنى.

ــ شۇنداق رەنا... بىراق سىزگە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئاكا دېمەي رەپقەت دەپ چاقىرسىڭىز، ــ دېدى رەپقەت رەنانىڭ ئاپپاق كۆكسىگە قاراپ.

ــ نېمە دېگىنىڭىز رەپقەتكا بۇ ! سىز ئەللىك ياشقا كىرگەن ئادەم تۇرسىڭىز، مەن تېخى ئەمدى ئوتتۇز ياشقا كىرگەن تۇرسام، مەن سىزنى ئوچۇق ـ ئاشكارا رەپقەت دەپ ئاتىسام قانداق بولىدۇ؟

ــ گەپ ياشتا ئەمەس، رەنا !

ــ ياق، گەپ شۇ ياشتا، بايام تېخى مۇشۇ كۈنلەردە ئازراق ئىش قىلىپ قويسام چارچاپ كېتىدىغان بولدۇم دەۋاتاتتىڭىزغۇ !

ــ بىر كەلتۈرۈۋالدىڭىز ـ ھە، رەنا؟ ! ــ دېدى رەپقەت كۈلۈپ، ــ شۇنىمۇ دەپ قوياي رەنا، مېنىڭ ئەھۋالىم ئون سەككىز ياشلىق يىگىتنىڭكىدىنمۇ ياخشى ـ ھە !

ــ ئۇنىڭغا ئىشىنىمەنغۇ، رەپقەتكا !

ــ ئەگەر مېنى ئاكا دېمىسىڭىز نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلىپ بېرەتتىم، ــ دېدى رەپقەت رەنانىڭ كۆزلىرىگە قاراپ.

ــ بۇ مۇمكىن ئەمەس، رەپقەتكا، سىز مەندىن چوڭ تۇرسىڭىز، مەن سىزنى ئاكا دېمىسەم قانداق بولىدۇ؟

ــ ئەمدى مەن سىز بىلەن تەڭ بولىمەن. مېنىڭ بىر ئاغىنەم بار ئىدى، ئۆتكەن يىلى ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن، بۇ يىل سىزگە ئوخشاش بىر كىچىك قىز بىلەن توي قىلدى، بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى مېنىڭ يېشىمنى سىزنىڭ يېشىڭىزغا ئوخشاش

بولۇپ قالىدۇ.

رەنا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— سىز خىيالىڭىزغا نېمە كەلسە شۇنى دەيسىزكەن، رەيھەتكا!

— ئوغۇل بالا دېگەن مۇشۇنداق خىيالچان كېلىدىكەن، رەنا!

كۈتكۈچى قىزلار چاي بىلەن تائاملارنى كۆتۈرۈپ كىردى. رەيھەت رەنانى تاماقتا تەكلىپ قىلدى، ئۇلار قولىغا چاي ئالدى.

دەريانىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى مەنزىرىلەر قىزىل ئۆينىڭ ئەينەك تېمى ئارقىلىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دەريا ئۈستىگە چۈشكەن قۇياش ئوينىقىشىپ كېتىۋاتقان سۇنىڭ قىچىقىنى غىدىقلاپ ئويناتتى، سۇنىڭ ئېقىشى ئادەمگە ئارام بېرەتتى، ئادەمنى يايرىتاتتى، ئادەمگە ئۆتكەن چاغلارنى ئەسلىتەتتى. رەيھەت قولىدىكى ناننى داستىخان ئۈستىگە قويۇپ، كۆنىپىتىشقا قاراپ ئېقىۋاتقان دەرياغا قارىدى، شامال بېلىقلارنىڭ پۇراقلىرىنى ئۇچۇرتۇپ ئۇلارنىڭ قېشىغا ئەكېلىپ قويۇپ كەتتى، ئالدىدىكى كاۋاپلارنى چوڭ - چوڭ چىشلەپ يەپ ئولتۇرغان رەنا بېلىقنىڭ پۇرىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، قولىدىكى بىر پارچە كاۋاپنى ئالدىغا قويۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ رەيھەتكە قارىدى.

— رەيھەتكا، تونۇش بېلىقلارنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتىدىغۇ! — دېدى رەنا قىزىقچىلىق قىلىپ.

— ئىشقىلىپ، بۈگۈن تونۇش ئادەملەرنىڭ پۇرىقى كەلسە بولدى، رەنا! — دېدى رەيھەت كۈلۈپ.

— مەيلى كەلسۇن، رەيھەتكا، كەلمىگىنىدىن كەلگىنى ياخشى.

— ئازراق بىرنېمە ئىچىپ ئولتۇرمايلىمۇ رەنا؟ — دېدى رەيھەت رەنانىڭ ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ.

— ئەر كىشى بولغاندىن كېيىن ئىچىڭ ئاكا!

— ئەمىسە مەن ئازراق ھاراق ئىچىپ قېلىنىلىشاي، رەنا.

رەنا كۈلۈپ كەتتى.

رەپقەت كۆتكۈچى قىزلارنى چاقىردى، ئۇ قىزلارغا هاراق بۇيرۇتتى. قىزلار هاراقنى ئەكېلىپ، رومكىسى بىلەن رەپقەتنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى. رەپقەت ئارقا ــ ئارقىدىن ئىككى رومكا هاراق ئىچىۋېلىپ، رەناغا قارىدى:

ــ بىر ئىش بار ئىدى رەنا.

ــ دەۋا رەپقەتكا.

ــ بىر ئاغىنەمنىڭ بىر ئىدارىدىن ئېلىشى بار ئىكەن، بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۇلار پۇلىمىز يوق دەپ پۇلىنى بەرمەي ئۇنى بەك ئاۋارە قىلىۋېتىپتۇ، مالىيە ئىدارىسى پۇل بەرسە بېرىمىز دەيدىكەن...

ــ نېمە پۇل ئىكەن ئۇ؟ ــ دېدى رەنا ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋېتىپ.

ــ بىنا سالغان پۇل ئىكەن...

ــ هە، ئەمدى گېپىڭىزنى قىلىۋېرىڭ !

ــ مۇشۇنداق ئىش، شەهەر باشلىقى تەستىقلاپ بەرسە مالىيە ئىدارىسىدىن ئۇلارغا پۇل بېرىدىكەن، مۇشۇ ئىشقا بىر ياردەم قىلىسىڭىز، ئاغىنەم ياخشى رازى قىلىمەن دەيدۇ.

ــ هە، بولدى چۈشەندىم، ــ دېدى رەنا رەپقەتكە قاراپ، ــ قايسى ئىدارە ئىكەن ئۇ؟

ــ تەنتەربىيە ئىدارىسى ...

ــ هە، بولدى، مەن ئۇ ئىدارىنىڭ باشلىقلىرىنى ياخشى بىلىمەن ... ئەمىسە مۇنداق قىلايلى رەپقەتكا، ئۇلار شەهەرلىك خەلق هۆكۈمىتىگە قارىتىپ بىر پارچە دوكلات يازسۇن، مەن ئۇلارنىڭ ئاشۇ دوكلاتىنى تەستىقلىتىپ بېرەي.

ــ ياخشى، رەنا، مۇشۇنداق قىلساق ئىش پۈتىدۇ، ــ دېدى رەپقەت خۇشال بولۇپ.

ــ شۇنداق بولسۇن ئەمىسە، سىز دوكلاتنى ماڭا ئەكېلىپ بېرىڭ، مەن بۇ ئىشقا ماڭاي، بىراق هېلىقى ئاغىنىڭىز مەندىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانا دەپ قاچىدىغان ئادەم ئەمەستۇ؟

— ئۇنداق دېمەك رەنا، مەن ئۇنداق ئادەملەر بىلەن ئارىلاشمايمەن.

— ئۇنداق دېمەك، ئۆتكەندە ئاشۇنداق بىر ئىش بولدىغۇ رەپقەتكا، مەن سىزنىڭ ئىشىڭىزنى دەپ ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئاشۇ ئاغىنىڭىزنىڭ يۇرتىغا بېرىپ ئىشىنى پۈتكۈزۈپ بەردىم، لېكىن ئۇ ئاداش شۇ كۈندىن باشلاپ يوقىدىغۇ؟

— شۇنداق، شۇنداق بىر سەت ئىشمۇ بولغان رەنا، ئۇ مېنىڭ ئاغىنەم ئەمەس ئىدى، ئۇ ئەسلىدە مېنىڭ بىر ئاغىنەمنىڭ تونۇشى ئىكەن، راست دەيسىز، بۇ ئىشتا مەن كەتكۈزۈپ قويدۇم...

— كەتكەن ئىشلار كەتتى رەپقەتكا، قولغا چىققان بىلىق يەنە دەرياغا چۆشۈپ كەتتى، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق ئىشلار تەكرارلىنىپ قالمىسۇن دەيمەنغۇ!

— خاتىرجەم بولۇڭ رەنا، مەن ئەمدى ئۇنداق پارچە پۇل خەجلەيدىغان ئادەملەر بىلەن ئارىلاشمايمەن.

بىرنەچچە يىلدىن بېرى، رەپقەت رەنادىن ناھايىتى ياخشى پايدىلانغانىدى، رەنا ئۇنىڭ مىجەزىنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭدا ئەرلەرگە خاس ئوغۇل بالىچىلىق بار ئىدى. رەنا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەن يىلى رەپقەت بىلەن تونۇشقانىدى، شۇ كۈنى ئۇ بىر دوستىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مەلۇم بىر مەسئۇلىنى مېھمان قىلىدىغان ئولتۇرۇشقا قاتناشقان، شۇ سورۇندا رەپقەت بىلەن تونۇشقانىدى. ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى، مۇئامىلىسى رەناغا بەكمۇ تەبىئىي تۇيۇلغانىدى، رەنا ئون كۈندىن كېيىن رەپقەت بىلەن ئىككىنچى قېتىم بىللە بولۇپ قالغان ۋە شۇ كۈنى رەپقەتنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتكەنىدى. رەپقەت بۇنداق ئىشلاردا بەك تەجرىبىلىك ئىدى، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، قىزلارنىڭ قوللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ كۆلچىكىگە چۈشۈرۈۋالاتتى. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاشۇ بىرىنچى

www.uyghurkitap.com

قېتىملىق ئۇلتۇرۇشتا رەنا قىزلاردىن سوراپ يۈرۈپ رەپقەتنىڭ ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەپ بولغانىدى، ئۇ تەبىئىيلا ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قىزىقىپ قالغانىدى. دېمەك، رەپقەتنىڭ تۇگمىنىدە يېتەرلىك ئۇگۇت بار ئىدى، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلار قويۇق ئارىلىشىپ كەتتى، رەنا رەپقەتنى ئەتراپلىق چۈشەنگەنىدى. رەپقەتنىڭ ھەممە يېرى ئۇنىڭغا ياقاتتى، خۇشخۇي، گەپلىرى ئوچۇق، قىزلارنى ھۆرمەت قىلىدىغان مىجەزى ئۇنىڭدا ياخشى تەسىر قالدۇرغانىدى، باشقا ئەرلەرگە ئوخشاش قىز بالىنى قولىغا چۈشۈرۈۋالغۇچە ۋاي دەپ، ئىشنى پۈتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن قوپاللىق قىلىدىغان ئەرلەردىن ئەمەس ئىدى. قىسقىسى، رەپقەت ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ئىشلاردا ھەرقانداق توسۇقتىن ئۆتەلەيدىغان ماھارەتكە ئىگە بولغانىدى، مەسىلەن، ئاشۇنداق كۈنلەردە رەنا رەپقەتنىڭ سەنىمىگە دەسسەپ بولغاندىن كېيىن، رەپقەت ئۇنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئوينىتىپ يولغا سالاتتى. نەتىجىدە، رەنانىڭ خاتىرىسىدە رەپقەتنىڭ كۆڭۈللۈك ھەرىكەتلىرى بىلەن گەپ ـ سۆزلىرى تىزىلىپ قالاتتى. ئۇ رەنا بىلەن ھەممە ئىشلىرىنى تۈگىتىپ يولغا سالىدىغان ۋاقىتتا رەنانى ئۇزاققىچە قۇچاقلىۋالاتتى. رەناغا : سىزمۇ كۆزلىرىڭىزنى يۇمۇڭ، مەنمۇ كۆزلىرىمنى يۇماي، ئىككىمىز مۇشۇنداق ئۇزاق قۇچاقلىشىپ خوشلىشايلى، دەيتتى. مۇشۇنداق مىنۇت ـ سېكۇنت ئىچىدە ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى بىلەن قىلىقلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىۋالاتتى. ئەمەلىيەتتە، مەيلى رەنا بولسۇن ياكى رەپقەت بولسۇن، ئۇلار بۇ قىلىقىنىڭ يۈزدەيۈز ئويۇنلۇقىنى ياخشى بىلىشەتتى، شۇنداق بولسىمۇ مۇشۇنداق ئىشلاردا تولكە بولۇپ كەتكەن رەپقەت ئاز بولسىمۇ مۇشۇنداق بىر شەكىلدىن پايدىلىناتتى. مۇشۇنداق جەريانلار داۋاملىشىۋەرگەندىن كېيىن، ئەتىسى ـ ئاخشاملىرى ئۇ رەسمىي رەنانى چۈشەيدىغان، ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. مۇشۇنداق كۈنلەردە رەپقەتنىڭ

مـجەزى بىلەن قىلىقلىرى ئۇنىڭغا ئەركىنىنى ئەسلىتىپ قوياتتى، ئەركىنىنىڭمۇ مۇشۇنداق مىجەزى ياخشى ئىدى. ئۇ بۇ ئىككى ئەرنى سېلىشتۇرۇپ قالاتتى، بىرسىدە ياشلىق بار ئىدى، يەنە بىرسىدە بايلىق بار ئىدى، ئۇلار مۇشۇ جەھەتتىن پەرقلىنىپ تۇراتتى، ئەركىنىدە بار نەرسە رەپقەتتە يوق ئىدى، رەپقەتتە بار نەرسە ئەركىنىدە يوق ئىدى. لېكىن، رەنانىڭ بەدىنىدە، يەنە جىنسىي خاتىرىسىدە، ئەركىنىنىڭ شۇ قەدەر روشەن ئوبرازى بار ئىدى، ئۆتكەنكى ئەمەلىيەت بوگۈنكى چۈشكە ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ رەنانىڭ مەنىۋىيىتىدە يەنىلا ئۆچمەس ئەمەلىيەت ئىدى.

رەنا تامىقىنى يەپ بولۇپ دەرياغا قاراپ ئولتۇراتتى، ئەتراپ شۇ قەدەر جىمجىت ئىدى، شامال ياندىكى دېرىزىدىن ئارالدىكى تۇرلۇك ئوت ـ چۆپلەرنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرىنى ئەكىلىپ ئۇلارغا سوۋغا قىلدى. رەنانىڭ چىرايلىق كۆڭلىكى چىرايلىق گىلەمنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلىۋەتكەنىدى، كۇنپېتىشقا قاراپ كېتىۋاتقان قۇياش نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى تام ئەينەكنى پۈتۈنلەي يورۇتۇۋەتكەنىدى. ئۆينىڭ ھەممە يېرى يالىڭاچ ئايدەك يورۇپ كەتتى، رەپقەت دەرياغا قاراپ ئولتۇرغان رەناغا قارىدى، ئۇ شۇ تاپتا قۇياش نۇرىنىڭ يۈيۈشى بىلەن بىر پەرىگە ئايلانغانىدى، رەپقەت ئۇنىڭ چېچىنى تۇتتى، رەنا داۋاملىق دەرياغا قاراپ ئولتۇردى:

ــ ئاپتاپ تازا خۇشپېقىۋاتىدۇ، رەپقەتكا، بىردەم يېتىپ ئۇخلىۋالايمىكىن؟

ــ ھە دېگەندىلا تۇتۇشۇپ كېتەرمىزما!

ــ قېلىن گەپ قىلماڭ، رەپقەتكا؟

ــ يا ئەمدى دەيمىنا، قاراڭغۇ چۈشمەي تۇرۇپ ئۇخلىساق قانداق بولار؟

ــ قاراڭغۇ قەيەرگە كەتكەنىدۇ، رەپقەتكا؟ ــ دېدى رەنا رەپقەتنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— يىراق يەردە ئەمەس، قۇياشتىن قورقۇپ كەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى رەپقەت، — بەك ئۈيقۇڭىز كېلىپ كەتكەن بولسا قاراڭغۇنى باشلاپ كېلەيمۇ يا؟

— ياق، رەپقەتكا، ئۆزى كەلسۇن، باشلاپ كەلگەن نەرسە ئانچە ئەسقاتمايدۇ.

— سىز بەك ئەقىللىق، رەنا...

— يەنە بىر قېتىم ماختىسىڭىز سىزگە ئۇسسۇل ئويناپ بېرىمەن!

— سىز بەك ئوماق، رەنا...

— ھە، يەنە ماختاۋېرىڭ، رەپقەتكا...

— مېنى ئاكا دېمىسىڭىز ماختايمەن.

— سىزنىڭ خىيالىڭىز يەنە شۇ يەردىما، رەپقەتكا؟

— بەك ئەسكى مىجەزىم بار، رەنا، بىر ئىش كاللامغا كىرىۋالسا پەقەت چىقماي تۇرىۋالىدۇ!

— توۋا دەيمەن، رەپقەتكا، بىزنىڭ مۇشۇ شەھەردە بىر دەريا كۆنېيتىشقا ئاقىدۇ، يەنە بىر دەريا كۈنچىقىشقا ئاقىدۇ، ئاجايىپ ئىش ئىكەن بۇ.

— مەن مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن ئادەم، رەنا، بۇنداق ئىشلارنى بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ، سۇ دېگەن پەسكە قاراپ ئاقىدىغان، بىزنىڭ ئاشۇ تەلكە دەرياسى ئېگىز تەرەپكە قاراپ ئاقىدىغۇتاڭ.

— شۇ، مۇشۇ ئىككى دەريانىڭ بېلىقىدىن قايسىسىنىڭ بېلىقى تاتلىق، رەپقەتكا؟

— كۆڭۈلدىكى دەريانىڭ بېلىقى تاتلىق.

رەنا كۈلدى:

— سىز قايسى دەريانى ياخشى كۆرىسىز، رەپقەتكا؟

— مۇشۇ «نايناقلار دەرياسى» نى ياخشى كۆرىمەن!

— مەنمۇ مۇشۇ دەريانى ياخشى كۆرىمەن، بۇ قۇياشقا ئەڭ يېقىن دەريا!

— شۇنداق، ئادەمگىمۇ يېقىن دەريا، كۆڭگەي تەرەپتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ياخشى بولىدۇ، رەنا، ئادەملەرمۇ مۇشۇنداق ، مەسىلەن، ئايالىمنى ئالساق، ئۇ تەسكەيدە چوڭ بولغان خوتۇن، شۇڭا سەت، مىجەزى ئوسال، كۆڭگە تويمىغان، ئوغۇل تۇغمايدۇ...

— ئۇنداق دېمەڭ، رەپقەتكا، يامان بولىدۇ !

— بۇ راست گەپ، رەنا، مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى كۈن نۇرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، كۆڭگە تويمىغان ئادەمنىڭ مىجەزى غەلىتە بولۇپ قالىدىكەن قاراڭ، بەزىدە ئايالىم يېرىتىم كېچىدە تۇيۇقسىز ئويغىنىپ ماڭا : ھەي ئادەم، كىمنى ئىزدەيسىز، بۇ يەردە يېتىۋاپسىزغۇ ؟ دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ قاراڭ، — دېدى رەپقەت قىزىقچىلىق قىلىپ.

رەنا جانان چىنىدەك جاراڭلىق ئاۋازدا كۈلۈپ كەتتى.

— توۋا دەڭ، رەپقەتكا...

— ئۇنىڭ ئۈستىگە مېھمان خالىمايدۇ قاراڭ، تۆتىلا ئاغىنەم كەلسە قاپاقلىرى چۈشۈپلا كېتىدۇ، ئۇ يىلدىن - بۇ يىلغا ئىككى ئاغىنەمنى مېھمان قىلالمايمەن ئەمەسمۇ قاراڭ...

— بولدى، رەپقەتكا، يامان بولىدۇ، ئەمدى ھەدىمىزنىڭ يامان گېپىنى قىلماڭ...

— يەنە بىر ئىشنى دەپ بېرەيسەم رەنا، ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن ئۆيدە بىر قېتىم پولۇ، يا بىر قېتىم مانتا دېگەندەك تاماقلارنى ئەتمەيدۇ قاراڭ. ئىسسىق باسمايدۇ دەيدۇ، كۈندە كوركىرىتىپ سۇيۇقئاشلا ئېتىدۇ، قىشتا كەلسىڭىز تەر پۇراپ تۇرىدۇ، ئەتىسى - ئاخشاملىرى مۇنداق بىر يەرلىرىنى تۇتقىلى بولمايدۇ قاراڭ...

— ئەمدى بولدى، رەپقەتكا، يامان بولىدۇ...

— مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ تەسكەيدە چوڭ بولغانلىقتىن بولغان گەپ، رەنا، ئادەمنىڭ چىرايى كۈن كۆرمىسە قىلىقلىرىمۇ قاملاشمايدىكەن ئەمەسمۇ !

— توختاڭ، رەپقەتكا، مەن سىزگە بىر يۇمۇر ئېيتىپ بېرەي، بولمىسا سىز بۇ گەپنى تۈگەتمەيدىغان ئوخشايسىز.
— ھە ـ ھە ـ ھە، مانا ئەمدى ئۇيقۇڭىز كەلمەيدىغان بولدى.
— بىر بالا ئاپىسىنى رازى قىلىمەن دەپ ئاپىسىنى يۇدۇپ ھەرەمگە ئېلىپ مېڭىپتۇ، مەھەللىدىكى چوڭلار : نەگە ماڭدىڭ بالام، ئاپاڭنىڭ مىجەزى يوقمۇ ؟ دەپ سوراپتۇ. بالا : ئۇنداق ئەمەس ئاكا، ئاپامنى ھەرەمگە ئېلىپ ماڭدىم. دەپتۇ. يەنە بىر بوۋاي گەپكە ئارىلىشىپ : ئاپاڭنىڭ چىرايىدا قان تەپچىپ تۇرىدۇ، بالام ! ئاۋارە بولۇپ يول ماڭغۇچە ئاپاڭنى ئەرگە بەرگەن بولساڭچۇ، دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان بالىنىڭ دۇمبىسىدىكى ئانا : ئۇنى بىر دېمەڭ تاشئاخۇن، بۇ گۆيىنىڭ بالىلىرى ئۇنى بىلمەمدا، دەپتۇ....
رەپقەت كۈلۈپ كەتتى، رەنامۇ كۈلۈپ كەتتى.
— يەنە بىرنى، رەنا !
— مېنىڭ شۇ بىرلا يۇمۇرۇم بار، رەپقەتكا !
— ھېلىقىدەك يۇمۇرلىرىڭىز باردۇ؟
— يوق، بولسا سىز بىلمەي قالاتتىڭىزمۇ، مەن نەدە سورۇنلاردا يۇمۇر ئېيتىمەن.
— ئەمىسە مەن سىزگە بىر يۇمۇر ئېيتىپ بېرەي، — دېدى رەپقەت تەكىيىگە يانپاشلاپ ئولتۇرۇپ، — بىر سودىگەر ئۆيىدىن ئايرىلىپ يېرىم يىل بولغاندا قايتىپ كەپتۇ، ئۇ ئۆيىگە كىرىپ ئايالىنى قۇچاقلاپ سۆيەي دەپ تۇرۇشىغا تالادىن بالىسى كىرىپ قاپتۇ، ئۇ بالىسىنى ئالداپ ـ سىلاپ ئەكەلگەن نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ ئۇنى تالاغا ئۇيىنىغىلى چىقىرىۋەتمەكچى بوپتۇ. لېكىن، دادىسىنى سېغىنىپ كەتكەن بالا دادىسىنىڭ ئويۇنىغا كۆنمەپتۇ، دادىسى ئامال تاپالماي بالىسىنى دېرىزىگە چىقىرىپ قويۇپتۇ : بالام، سەن دېرىزىدىن تالاغا قاراپ ئولتۇرۇپ كوچىدا كۆرگەن ئىشلارنى ماڭا دەپ بەر، دەپتۇ. بالا : ماقۇل ! دەپ دېرىزىگە چىقىپ يۈزىنى تالاغا ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. دادا

پۇرسەتنى تۇتۇپ ئايالىنى چوكۇلدىتىپ بىرنەچچىنى سۆيۈۋاپتۇ، ئارىلىقتا چاندۇرماي: ھە بالام، تالادا نېمىلەرنى كۆردۇڭ ؟ دەپ بالىسىنى گەپكە سېلىپ تۇرۇپتۇ. بالا : داۋۇتكام بىر قوي يېتىلەپ كىتىۋاتىدۇ، دەپتۇ. دادا يەنە : ھە بالام، يەنە نېمىنى كۆردۈڭ ؟ دەپتۇ. بالا : ئۇدۇلدا مەمەتجان ئاغىنەممۇ دېرىزىدە پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرىدۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا ئۆيدە دادىسى ئاپىسىنى سۆيۈپ ئويناۋاتامدىكىن، دەپتۇ...

رەنا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— ۋاي بۇ يۇمۇر بەك قىزىق ئىكەن، نەدىن ئاڭلىغانسىز رەپقەتكا بۇ يۇمۇرنى؟

— ياق، يەنە سىزنىڭ يۇمۇرىڭىزغا يەتمەيدۇ !

كۇتكۇچى خان قىز چاي چۆگۈننى كۆتۈرۈپ كىردى، ئۇلارنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى.

گۇگۇم دەسلەپتە دەريا يۈزىدە پەيدا بولدى، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا ئەينەك تامنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ جايلاشتى. شامال سۇنىڭ يېقىملىق پۇراقلىرىنى ئارالدىكى ياۋا بىدىنىڭ پۇراقلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدىكى بوشلۇققا چېچىۋەتتى. كەيپىيات ناھايىتى ياخشى ئىدى. بۇ چىرايلىق قىزىل ئۆي ئارالدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۇچۇۋاتاتتى، شامال دېرىزە تەرەپتىن نانىڭ مەززىلىك پۇراقلىرىنى ئۆيگە ئەكىرىپ بەردى، گۆش مايلىرىنىڭ ئېرىپ چوغدا ھاسىل بولغان ئىس ـ تۇتەكلىرىنىڭ خاس پۇراقلىرى ئادەمنى ھاياجانغا سالاتتى. رەپقەت ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنى ئېتىۋەتتى. رەنا ئۇنىڭغا : توكنى ياندۇرۇۋېتەمسىز، رەپقەتكا؟ دېدى. رەپقەت : ئۆزىمىز توكقۇ، رەنا، توكنى نېمە قىلىمىز ؟ دېدى، ئاندىن ئۇ تەكىيلىرىنى سۈرەپ رەنانىڭ قېشىغا كەلدى.

پۇتۇنلەي قاراڭغۇ چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ، پەسىل قۇشلىرىنىڭ مۇڭلىرى ئارالنى ئىلكىگە ئالدى، ئۇلارنىڭ تاۋۇشلىرى دەريا ئېقىنىنىڭ كۈيلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بېسىۋالدى، شامال ئاشخانىدىن چىققان ئىس ـ تۈتەكلەرنى سۈنىڭ ئېقىشىغا قويۇپ بەردى. كۆنچىقىش تەرەپتىكى بىر قىزىل ئۆيدىن ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ بىر قىزنىڭ ئاۋازى ئىدى:

ئەگەر كەلسەڭ بۈگۈن كەل يارىم !
ئەتە كەلسەڭ بۇ چىرايىم يوق...

قاراڭغۇ قىزنىڭ مۈڭلىرىنى ئارالغا چېچىپ بولغاندىن كېيىن، بارسا كەلمەس ماكانغا قاراپ ئېقىپ كېتىۋاتقان دەرياغا سوۋغات قىلىۋەتتى، دەريا بۇ مەڭگۈلۈك مۈڭلارنى ئېقىتىپ يول بويى قىرلاردا ئېچىلغان ياۋا گۈللەرگە سوۋغا قىلىپ ماڭدى، ئارالدا مىڭ يىلنىڭ ئالدىدىكى ئەركەك ھېسسىيات پەيدا بولدى.

— رەنا، بايامقى ناخشىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — دېدى رەپقەت.

— ئاڭلىدىم، ئويلاپ قالدىم، رەپقەتكا، پات ـ پات مۇشۇ يەرگە كېلىپ مۇشۇنداق ناخشا ئاڭلايدىغان گەپ ئىكەن، بۇ ئارالدا ناخشا بەك مۇڭلۇق ئاڭلىنىدىكەن.

— ئەمىسە مۇشۇ ئۆيدە بەش ـ ئون كۈن قونايلى، — دېدى رەپقەت چاققانلىق قىلىپ.

— رەپقەتكا، سىز كۈندە ھەسەل يەۋەرسە ئەمەن تېتىيدۇ دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانما؟

— ئۇغۇ شۇنداق، رەنا، ئەمما سىز بىلەن بىر ئۆمۈر ئەمەن يېسەممۇ پولۇ يېگەندەك ياشايمەن جۇمۇ؟

رەنا كۈلدى:

— بايامقى ناخشىنىڭ تېكىستى ياخشى ئىكەن، رەپقەتكا، مەن شۇ تېكىست ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم: بۈگۈن ھەممىدىن مۇھىم ئىكەن، ھەممە ئىش بۈگۈن بىلەن ئۆزرە بولىدىكەن، مەيلى بىز بۈگۈندىن رازى بولايلى ياكى رازى بولمايلى، بىزنىڭ تەقدىرىمىز ھامان بۈگۈن بىلەن باغلانغان بولىدىكەن !

— شۇنداق، بۈگۈن ھەممىدىن ئۇلۇغ ئىكەن، رەنا، — دېدى

رەپقەت، ئاندىن ئۇ رەنانىڭ ئۆيەر ـ بۆيەرلىرىنى سىلاشتۇرۇپ تۇرۇپ ، ئوتتەك ئىسسىق قولىنى سىقتى.
«نېمە يەيدىغاندۇ بۇ سەتەڭ، قاچان قارىسا قولى ئوتتەك» دېدى رەپقەت ئىچىدە.
رەنا رەپقەتنىڭ قىلىقىغا بىۋاستە قارشىلىق كۆرسەتمىدى، لېكىن ئۇ ئۈنىڭغا:
— توكنى ياندۇرۇپ قويساق بولاتتى، رەپقەتكا، — دېدى.
— توكنى ياندۇرمايلى، رەنا، ئۇ توكنى ياندۇرساق بىزنىڭ توكىمىز ئۆچۈپ قالىدۇ ! — دېدى رەپقەت.
«قاقباش» دېدى رەنا ئىچىدە.
تالادا، ئاشخانىدا ئىشلەيدىغان ئىككى بالا دېرىزىدىن ئۇلارنى ماراۋاتاتتى
— كەچكىچە ھېكايە ئېيتىپ ئولتۇرىدىغان ئاداشكىنە بۇ، — دېدى بويى پاكار بىر بالا.
— لاتا ـ دە ! — دېدى ئېگىز بويلۇق بالا ئاستا سۆزلەپ.
لېكىن، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ئۇلارنىڭ قىلىقىغا كۆز سالمىدى، ئۇلار كائىناتقا، يەنە ئاسمانغا قاراپ تۇرغان ئادەملەرگە مىڭ يىلنىڭ ئالدىدىكى رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى : ئۇ ۋاقىتتا رەنا بىلەن رەپقەت پەيزە قىلىۋاتقان مۇشۇ ئارال بىر شەھەر ئىدى، گۈللەنگەن شەھەر ئىدى، مۇشۇ زېمىننىڭ نوچىلىرى، سەرخىللىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن مۇشۇ شەھەرگە يىغىلىپ، ئىلىم ـ بېرىم، سودا ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈپ بۈگۈنكى جاھان ئۈچۈن ئۆچمەس ئۇل سالغانىدى.
چىرايلىق قىزىل ئۆيدە، رەپقەت ناخشىسىنى باشلىۋالغانىدى:
— رەنا، مانا بۇ مېنىڭ ناخشام، بۇ ناخشىنىڭ تېكىستىنىمۇ ئۆزۈم يازغان، مۇزىكىسىمۇ ئۆزۈمنىڭ، مەن بۇ ناخشىنى سىز ئۈچۈنلا ئېيتىۋاتىمەن ھەم ئېيتىمەن .
دېرىزىدە ئۇلارنى ماراۋاتقان ھېلىقى پاكار بالا:
— شائىر ئوخشىمامدۇ ماۋۇ گۆي؟ — دېدى.

— ياقەي، قىلىقلىرىغا قارىغاندا ھەۋەسكار بىرنەرسە بولسا كېرەك، — دېدى ئۇنىڭ ئاغىنىسى.

خېلىدىن كېيىن، رەنا بىلەن رەپقەت ھاردۇق يەتكەن قۇرت — قوڭغۇزلار بىلەن، پەسىل قۇشلىرى بىلەن، ھايۋانلار بىلەن، يەنە پۈتكۈل ئارال بىلەن ئۇيقۇ دۇنياسىغا غەرق بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئارالدا، لېكىن چۈشلىرى باشقا يەردە ئىدى.

ئاندىن بۇ ئارال ئەللىك يىلنىڭ ئالدىدىكى بىر كېمىگە ئايلاندى، بۇ كېمە بۇ شەھەرنى ئۇ قاناتتىكى بەش يېزا بىلەن ئۇلاپ تۇرىدىغان كېمە ئىدى، كېمىنى بىلەكتەك بىرنەچچە پولات سىم ئارقان تۇتۇپ تۇراتتى، كېمىدە ئادەم، ئۇلاغ، ھارۋا، ماشىنا، بوغداي، قوناق، كەپتەر، يەنە شەيتانلارمۇ بار ئىدى. بۇ يەردە ئادەم ئاساس ئىدى، كېمىچى قەدەمنى كەڭ ئېلىپ، مەيدىسىنى كېرىپ يۈرەتتى، كېمىدە ئادەم ئاساس ئىدى، قارىماققا ھەممە ئادەم ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن ئاۋارە ئىدى، چىرايى بىر — بىرىنىڭكىگە ئوخشايتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ قولىقى بىر — بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايتتى، مىڭ ئادەمدە مىڭ خىيال بار ئىدى.

بابا رەنا بىلەن رەپقەت قىزىل ئۆيدە يۇمۇر ئېيتىشىپ ئولتۇرغاندا، مۇشۇ ئارالغا ئوتتۇز كىلومېتىر كېلىدىغان بىر قولتۇقتا، ئاركاشكا ئىسىملىك بىر رۇس ئىنىلىرى بىلەن بېلىق تۇتۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى 1870 — يىلى رۇسىيەدىن شىنجاڭغا كېلىپ تىرىكچىلىكىنى باشلىۋالغان مۇھاجىرلار ئىدى. شۇ زاماندىن باشلاپ ئۇلار تا ھازىرغىچە مۇشۇ دەريادا بېلىقچىلىق قىلىپ كېلىۋاتاتتى، يىللار ئۆتۈپ ئۇلارغا ۋەتەنگە قايتىش پۇرسىتىمۇ كەلگەنىدى، لېكىن ئۇلار ۋەتىنىگە كەتمىدى. بۇ توغرىسىدا كىشىلەر ئارىسىدا گەپ جىق ئىدى، لېكىن ھەقىقىي سىرنى ئۇلار ئۆزلىرى بىلەتتى، سىر ئىچىدە ياشايدىغان بۇ مىللەتنىڭ مىجەزىنى بىلىپ بولغىلى بولمايتتى، رۇسىيەنىڭ دۇنيادىكى جۇغراپىيەلىك ئورنىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ بىر پۇتى ياۋروپادا، يەنە بىر پۇتى ئوتتۇرا ئاسىيادا

ئىدى، مۇشۇ ئەمەلىيەت ئۇلارنى بۆشۈك قىلىپ تەۋرىتەتتى، ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى ھەر ئىككى تەرەپتىكى كەپتەرلەر ئوينىتاتتى، بۇ نەرسىلەر بېرىپ ئۇلارنىڭ مىجەزىگە تاقىشاتتى، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلارنىڭ مىجەزى مۇرەككەپلىشىپ ماڭاتتى، ئاسانلىقچە كىشىگە سىر بەرمەيتتى.

بۈگۈنمۇ ئاركاشكا نۇرغۇن بېلىق تۇتتى، ئەتىسى سەھەردە ئۇ بېلىقلىرىنى بازارغا ئەكىرىپ چوپقىتىگە ئۆتكۈزەتتى. كەچتە ئۇنىڭ ئىنىسى ئالېكساندىر بىر قازان بېلىق پىشۇردى، ئۇ بېلىق پىشۇرۇشقا شۇنداق ئۇستا ئىدى، ھەممە بېلىق پىشۇرۇش ئۇسۇلىمۇ ئۆزگىچە ئىدى. ئۇ كىلوغا يېقىن بىر چوڭ بېلىقنى پارچىلاپ، قازانغا سېلىپ ئۇستىگە چىلاشقۇدەك قىلىپ سۇ قۇيۇپ، ئاندىن تۇز بىلەن سىركە، لازا دېگەندەك خۇرۇچلارنى سېلىپ، قازاننى دۈملەپ قويۇپ ئوت ياقاتتى. قازاننىڭ سۈيى قايناپ بولغاندىن كېيىن، بېلىقمۇ پىشاتتى، بېلىق ئۆزىنىڭ مېيى بىلەن شۇنداق تاتلىق پىشاتتى. ئاركاشكا ھۇزۇرلىنىپ بېلىق گۆشى بىلەن ھاراق ئىچەتتى، بېلىقچىلىق تۇرمۇشىدا ھاراق ئىچىپ تۇرمىسا بەدەندە ئىسسىقلىق قالمايتتى، ئاندىن ئۇ ئىنىسىغا گارمونىنى ئەكېلىپ بەر، دەيتتى، گارمونىنى قولىغا ئېلىپ، گۈزەل دەريا بويىدا مۇڭلۇق رۇس خەلق ناخشىلىرىنى ياڭرىتاتتى، ئەتراپ شۇ قەدەر گۈزەل ئىدى، جەننەتكە ئۇلىنىدىغان يولدەك يېقىملىق ئىدى.

www.uyghurkitap.com

## بەشىنچى باب

# رەنا

رەنا تۇغۇلغان يىلى مۇشۇ شەھەردە، يەنە ئۇلارنىڭ جەمەتىدىمۇ بەزى ئىشلار يۈز بەرگەنىدى. مەسىلەن، ئۇ تۇغۇلغان كۈنى بوۋىسى ئالەمدىن ئۆتتى، بىرسى ئۇ دۇنياغا كەتكەن بولسا، بىرسى بۇ دۇنياغا كەلگەنىدى.

رەنانىڭ دادىسى باققال ئىدى، ئۇنىڭ بوۋىلىرىمۇ باققال ئىدى، ئۇلار قىش ـ ياز ئالما، ئۈزۈم، نەشپۈت ئېلىپ ساتاتتى، ئۇ يىللاردا رەنانىڭ بوۋىسى مالنى باغ ئىگىلىرىدىن سېتىۋالاتتى. ئۆينىڭ ئىش ـ ئوقىتى رەنانىڭ دادىسىغا قالغاندا، ئۇ ئادەم باھاردىلا باغلارنى سېتىۋالىدىغان بولغانىدى، يازلىق مېۋىلەرنى يازدا سېتىپ تۈگىتىپ، كۈزلۈك مېۋىلەرنى قورۇسىغا ئەكىرىپ ئامباردا ساقلاپ، قىشتا ئاز ـ ئازدىن ئاچىقىپ سېتىپ، ئۆينىڭ روزغارىنى قامداپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ بەش قىزى بار ئىدى، رەنا ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك قىزى ئىدى، ئۇ ئالدىدىكى تۆت قىزىنى مەكتەپتە ئوقۇتالمىغانىدى. ئۇلار ئاتىسىغا ھەمدەم بولۇپ باغلاردا ھەم ئۆيدە ئالما ئۈزۈش، يەرگە چۈشكەن ئالمىلارنى تېرىش، ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن بولاتتى. ئەگەر شۇ يىلى رەنانىڭ دادىسى ئاشۇ بىر چوڭ جېدەلگە ئۇچرىمىغان بولسا، ئۇ يەنە ئوخشاشلا رەنانىمۇ مەكتەپتە ئوقۇتمايتتى. شۇ يىلى رەنانىڭ دادىسى بىر ئادەمگە يۈز كويلۇق ئالما بەردى. قارشى تەرەپ پۇلىنى كۈزدە بېرىمەن دەپ

ھۆججەت يېزىپ بەرگەنىدى. كۆزدە رەنانىڭ دادىسى ھۆججەتنى كۆتۈرۈپ ئاشۇ ئادەمنى ئىزدەپ بارغاندا، ئۇ ئادەم تېنىۋالغانىدى، جېدەلنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالغان ئادەملەر رەنانىڭ دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ھۆججەتنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇغانىدى، ھۆججەتتە «يۈز سوملۇق ئالما ئالدىم» دەپ يېزىلغانىدى. بۇ ئۇقۇمدا يا نېسىگە ئالدىم، يا بولمىسا پالانى كۈنى بېرىمەن دېگەن گەپ يوق ئىدى. ئىش ئاخىر مۇشتلىشىش بىلەن ئاخىرلاشقانىدى. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن رەنانىڭ دادىسى بىلىمنىڭ قەدرىگە يەتكەنىدى، ئۇ ئوقۇش يېشىدىكى رەنانى مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرگەنىدى.

رەنانىڭ دادىسى كېيىنكى يىللاردا كەسىپنى تاشلاپ تامچى بولۇۋالغانىدى، ئۇ ئەسلىدە ياش ۋاقتىدا تامچىلارغا شاگىرت بولۇپ ئىشلىگەنىدى، ئۇ ھە دېگەندە خەقلەرنىڭ بىر ـ ئىككى ئېغىزلىق ئۆيلىرىنى ھۆددىگە ئېلىۋېلىپ ئىشلىدى، ئۇ بۇ ئىشتىمۇ ئوبدانلا پۇل تاپتى، ئۆينىڭ مورەككەپ يەرلىرىگە كەلگەندە، بولۇپمۇ تاشقى كۆرۈنۈشىنىڭ گۈل قويىدىغان يەرلىرىدە ئىككىلىنىپ قالغاندا، كوناشەھەرنىڭ قەدىمكى ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق شۇ ئۆيلەرنى ئايلىنىپ، نەق مەيداندا ئۆگىنىپ كېلىپ ئىشلەيتتى. كېيىن ئۇ ياۋروپا پاسونىدىمۇ ئۆي سالالايدىغان بولغانىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭغا بۇ كەسىپ ئېغىر كەلدى، ئۇ بۇ ئىشنى قاتلاپ قويۇپ، بازارغا چىقىپ كىگىزچىلىك قىلدى، دەسلەپكى كىگىز ئېلىپ كىگىز سېتىشتىن كىگىزچىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ كىگىز ئەتكۈزۈپ ساتىدىغان بولدى. ئۇ مۇشۇنداق ئىلگىرىلەشلەردە خېلى ئوبدان پۇل تاپقانىدى. چۈنكى، بازاردا يۇڭ ئەرزان ئىدى، كىگىزچىنىڭ ئىش ھەققىمۇ ئەرزان ئىدى، ئوتتۇرىلىقتا ئۇنىڭغا ئوبدانلا پايدا قالاتتى. كېيىن ئاۋام تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ گىلەم ئېلىپ، گىلەم ساتىدىغان بولدى. دەسلەپتە ئۇ گىلەمنى بەش ـ ئون پارچىدىن ئېلىپ، دۇكىنىغا قويۇپ

بازار كۆردى، كېيىن بازارغا سالغىنى يۈز پارچىغا چىقتى. يەنە بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ گىلەم يۇرتىدىن گىلەم ئەكېلىدىغان سودىگەرلەر بىلەن ئاداش بولۇپ، ئۇلارنىڭ گىلەملىرىنى ماشىنىلاپ نېسىگە ئالالايدىغان ئەھۋالغا كەلگەنىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ چوڭ گىلەمچى بولۇپ قالغانىدى.

ئاشۇ يىللاردىن باشلاپ رەنا ئوقۇشنى ناھايىتى ياخشى ئوقۇدى، ئۇنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى نەتىجىسى مەكتەپ بويىچە ياخشى ئىدى. كېيىن رەنا ساۋاقداشلىرى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان ئاشۇ كۈنلىرىنى ئەسلىگىنىدە، ئۇ ئۆزىنىڭ مېھرىبان سىنىپ تەربىيەچىسى ئالىيە خانىمنىڭ ئۇنى تەرىپلەپ: رەنانىڭ كالىلىسى بەك ئىشلەيدۇ، دېگەن گېپىنى ئەسلەپ بېرەتتى، ئاندىن بۇ سۆزنىڭ كەينىگە نۇرغۇنلىغان مەزمۇنلار ئۇلىنىپ چىقاتتى. ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى نەتىجىسىمۇ شۇنداق ياخشى ئىدى، دەرسكە كىرىدىغان جىمى ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇلار دەرس تەكشۈرۈپ ياكى بالىلارنىڭ مەشىق ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: ياخشى ئوقۇغىن قىزىم، دەپ ئۇنىڭغا ئىلھام بېرەتتى. ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى سىنىپ تەربىيەچىسى ئۇنىڭ تەنتەربىيە جەھەتتىكى ماھارىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرەتتى، ئۇنى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەندە تەنتەربىيە كەسپىدە ئوقۇش، دەيتتى. رەنا ئۆزى ئېتىك، پائالىيەتچان، تىرىشچان قىز ئىدى، ئۇنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى، بەزىدە مەكتەپتە بالىلار چۈشتىن كېيىن باشقا مەكتەپنىڭ پۇتبول كوماندىسىنى تەكلىپ قىلىپ مۇسابىقە ئۆتكۈزگەندە، مەكتەپ كوماندىسىدىكى بىرەر ـ ئىككى بالا ۋاقتىدا كېلەلمەي قالسا، ئۇ ئاشۇ بالىلارنىڭ ئورنىغا مۇسابىقىگە چۈشۈپ توپ تېپەتتى. ئۇنىڭ تۇرۇشلىرى، يەنى چىرايلىق

پاچاقلىرىنى كېرىپ تۇرۇشلىرى، يۈگۈرۈشلىرى، ھەر دائىم جىددىي ھالەتتە تۇرۇشلىرى ئۇغۇل بالىدىن قېلىشمايتتى. ئۇ شۇنداقلا مەيدانغا چۈشكەندىن كېيىن، توپ ئويۇننى كۆرىدىغان ئادەملەر تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتەتتى. بىر كۈنى مۇسابىقە تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە مۇسابىقىگە چۈشكەن بىر ئەزىمەت چاقچاق قىلىپ : قاراڭ رەنا، سىز بىلەن مۇسابىقىغا چۈشسەم ئالدىمغا توپ كېلىپ قالسا ھودۇقۇپ قاياققا تېپىشنى بىلەلمەي قالىمەنكەن، دېگەندە، ئۇ شېتىلىلىك بىلەن جاۋاب بېرىپ: ۋاراتارغا تەپمەمسىز؟ دېگەنىدى. كېيىن بۇ گەپ مەكتەپكە كەڭ تارقىلىپ كەتكەنىدى. ئوقۇغۇچىلار ھەم ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن ھۇزۇرلىناتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ سىنىپ تەربىيەچىسى ئۇنى تەرىپلەپ : خۇدايىم بۇيرۇسا رەنا بىر ئېسىل قىز بولۇپ يېتىلىدۇ، دەيتتى. شۇ يىلى قىشتا شەھەر بويىچە ئۆزۈنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەندە، ئۇ شەھەر بويىچە بىرىنچى بولغانىدى، بۇمۇ ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا ئۇنى ماختايدىغان بىر پاراڭغا ئايلانغانىدى. بىراق، ئۇنىڭ قىز ساۋاقداشلىرى چاقچاق قىلىشىپ مۇنداق دەيتتى: بۇ سارالڭ مۇشۇنداق يۈرىۋەرسە كېيىن ئەر بولۇپ كېتىدۇ، توۋا، نەدىكى كۈچ ـ قۇدرەت بۇ جىندىكى !

لېكىن، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان يىلى ئۇ ئارزۇ تولدۇرۇشتا تەنتەربىيە كەسپىنى يازمىدى، ئۇ ئىنگلىز تىلى كەسپىنى تولدۇردى، ئۇ مۇشۇ تىلغا ھەۋەس قىلاتتى. ئۇنىڭغا تىل دەرسى بېرىدىغان ئۇستازى مۇنداق بىر گەپنى قىلغانىدى : بىر تىل بىر باغچە، بىر تىل بىلگەن ئادەم بىر باغچىدا ياشايدۇ، ئون تىل بىلگەن ئادەم ئون باغچىدا ياشايدۇ. رەنا مۇشۇنداق بىر مەنىۋى ئىلھام بىلەن ئىنگلىز تىلى كەسپىگە يېزىلغانىدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدا مۇشۇنداق چەت ئەل تىلى ئاساسى بار ئىدى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، مەھەللىدىكى قاھار ئەپەندى ئۇنىڭغا ئىنگلىز تىلى بىلەن رۇس تىلى ئۆگىتىشكە

باشلىغانىدى.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، رەنا شۇ قەدەر كېلىشكەن، چىرايلىق قىز ئىدى، ئۇ مىلىك يىل بۇزۇلمايدىغان ئايروپىلاندەك ئۆزگە ھەرقايسى جەھەتتە پۇختا ئىدى. ئۆزىنىڭ ئوبرازىغا، يەنە گۈزەللىكىگە شۇ قەدەر ئەھمىيەت بېرەتتى ۋە دىققەت قىلاتتى، مەسىلەن، ئۇ ھەر كۈنى سىرتقا چىقىشتىن ئاۋۋال، ئىچ كىيىملىرىنى بىر قېتىم ئالماشتۇراتتى، ھەر كۈنى ئۇنتۇماي مۇشۇنداق قىلاتتى، قولتۇقلىرىدىكى تۈكلەرنى پاكىز تازىلاپ، ئۈيەر - بۇيەرلىرىنى ئەتىر بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ تۇراتتى، ئاندىن پۇتلىرىنىڭ تىرناقلىرىنى تەكشۈرەتتى، ئاندىن قوللىرىنىڭ تىرناقلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئاراچلىرىنى تازىلاپ، ئالدى بىلەن ئۆزىنى خۇش قىلاتتى. شۇنداقلا قول ئاستىدىكى قىزلىرىغىمۇ مۇشۇنداق قاتتىق تەلەپ قوياتتى، ئۇ بىرەر قىزنىڭ تىرنىقىدا قارا كىر كۆرۈپ قالسا، ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ ۋارقىراپ كېتەتتى. ئاندىن ئۇ ھەر كۈنى سىرتقا چىقىشتىن ئاۋۋال ئېغىزىنى تەكشۈرەتتى، چوتكىلاپ يۇياتتى، ئاغزىم پۇراپ قالمىسۇن دەپ، تاماقنى ئاز يەيتتى. رەنا قاش - كۆزلىرى بەك كېلىشكەن قىز ئىدى، بوينى ئادەتتىكى قىزلارنىڭ بوينىدىن ئۇزۇنراق ئىدى، بۇ ئەمەلىيەت ئۇنى باشقا قىزلاردىن روھلۇق، ئېتىك كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىدە بۆلجۈرگەندەك چىرايلىق ئېچىلىپ تۇرىدىغان بىر قىزىلگۈل بار ئىدى، بەزىدە ئۈيەر - بۇيەرلەردە رەنانىڭ گېپى بولۇپ قالغاندا، بەزىلەر : سىلەر قايسى رەنانى دەۋاتىسىلەر؟ دېگەندە، ئۇلار : يۈزىدە گۆھىرى بار رەناچۇ، دەيتتى. قىزلار، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان قىزلار ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ يۈزىڭىزنى قانداق قىلىپ ئاشۇنداق قىزىل چېچەك قىلىۋالدىڭىز، قانداق قىلسا شۇنداق بولىدىكەن، بىزگە بىر ئۆگىتىپ قويسىڭىز دەپ ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالغاندا، ئۇ : مەن يۈزۈمنى ھېچ نەرسە قىلمىدىم، ماڭا ئىشىنىڭلار، ئۆزۈم شۇنداق بولۇپ قالغان، شۇ يەرگە بىر ئۆسمە ئۆسۈپ قالغانىدى،

كېيىن قىچىشىدىغان بولۇپ قالدى، يامان ئۆسمە بولۇپ قالمىسۇن دەپ دوختۇرخانىغا باردىم ، دوختۇرلار خاتىرجەم بولۇڭ دېدى، ئەتىسى ـ ئاخشاملىرى ياتقاندا بەك قىچىشىدۇ، بەزىدە بىلىپ ـ بىلمەي تاتىلاپ قويۇپتىمەن، كېيىن مۇشۇنداق بولۇپ قالدى، دەپ ئۇلارنى پەس قىلغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ئىش باشقىچە ئىدى. ئۇ بۇ ھۈنەرنى بېيجىڭدا ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقاندا ئۆگىنىۋالغانىدى، ئۇنىڭغا يۈننەنلىك بىر ساۋاقدىشى ئۆگەتكەنىدى. ئۇ دەسلەپتە بۇنداق گۆھەر چېچەكنى شۇ ساۋاقدىشىنىڭ يۈزىدە كۆرۈپ، ھەيران قالغانىدى، مېنىڭ يۈزۈمنىمۇ شۇنداق قىلىپ قويغان بولسىڭىز دېگەندە، ئۇ ساۋاقدىشى ئۇنىڭ يۈزىنى ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش قىلىپ چېكىپ، مەڭگۈلۈك بىر گۈل پەيدا قىلىپ قويغانىدى. بۇ ئىش بىر تال يىڭنە بىلەن بىر قوشۇق ئىسپىرت بىلەن پۈتەتتى، ساۋاقدىشى ئۇنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ، ئوڭ مەڭزىگە، يەنى بۇرنىنىڭ قېشىدىكى مۇسكۇلى قېلىنراق يەرگە يىڭنە سانجىدى، يەنى يىڭنىنى كىچىك بوتۇلكىدىكى ئىسپىرتقا تەگكۈزۈپ تۇرۇپ سانجىدى، ئۇ قايتا ـ قايتا مۇشۇنداق قىلغاندىن كېيىن، شۇ ئورۇندىن چىققان قانلارنى ئېرىتىۋېتىپ ئىككى قولى بىلەن چېكىلگەن ئورۇننىڭ ئەتراپىنى تۇتۇپ ـ تۇتۇپ ئۇۋۇلدى، ئاندىن تېرىنىڭ ئىچىدىكى گۆش سىرتقا تەپتى، ساۋاقدىشى كەينىدىن ئۇ ئورۇننى ئىسپىرت بىلەن تازىلىدى. مۇشۇنداق قىلىپ، بۇ چىرايلىق چېچەكنى «ئېچىلدۇرغانىدى»، كېيىن ئۇ ساۋاقدىشىنىڭ تاپشۇرۇشى بىلەن، شۇ ئورۇنغا پات ـ پات يىڭنە سانجىپ بەردى، بىر ئايدىن كېيىن، ئۇنىڭ يۈزىدىكى چېچەك پىشىپ مۇكەممەل بىر مەرۋايىتقا ئايلانغانىدى.

رەنا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن يىلى ئىنگلىز تىلى بىلەن رۇس تىلىنى ئوبدانلا ئىگىلەپ بولغانىدى، ئۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىك: بەزى بىر خىل ئادەملەرگە ئوخشاش ۋالاقشىپ مەست ئادەمدەك سۆزلەشلا ئەمەس، بەلكى ئۇ يېزىشقىمۇ ماھىر

ئىدى، بۇ ئۇنىڭ ھەقىقىي ئارتۇقچىلىقى ئىدى. قاھار ئەپەندى مەھەللىدە ئەڭ دەسلەپتە رەنانىڭ تىل جەھەتتىكى تالانتىنى بايقىغانىدى، ئۇ رەنانىڭ دادىسى بىلەن سۆزلىشىپ ئۇنىڭغا رۇس تىلى بىلەن ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىتىشكە باشلىغانىدى. قاھار ئەپەندى رەناغا باھا بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى:

— بۇ قىزدا قانداقتۇر بىر تەبىئىي تالانت بار، بۇنى ئېتىراپ قىلماسلىق مۇمكىن ئەمەس. بەزى ئادەملەر تەبىئىيلا داھىي بولۇش، باشلامچى بولۇش ئۈچۈن، ئېسىلزادە بولۇش ئۈچۈن ئالەمگە كېلىدۇ. بۇ پېشانىدىكى نەرسىنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ، مەن مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈپ بالاغا قالغان ئادەم، لېكىن مەن يانمايمەن، يەنە دەيمەن، كېيىنكى تىرىشچانلىق ئۇ بىر ئىش، لېكىن مۇھىم ئامىل قاندىكى تەقدىر، بۇ رەنانىڭ پېشانىسىدە بار، ئەگەر ئۇ ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇسا، ئىستىقبالى چەكسىز بولىدۇ!

قاھار ئەپەندىنىڭ مۇشۇ باھاسى رەناغا ھەم ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ھەقىقىي ئىلھام بولغانىدى، لېكىن رەنا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندە مۇئەللىمنىڭ بۇ باھاسىنى ئۇنتۇغانىدى، كېيىنكى يىللاردا ئۇ مۇئەللىمنىڭ مۇشۇ باھاسىنى ئەسلەپ، كۆزلىرىدە ئەمەس، يۈرىكىدە يىغلىغانىدى.

رەنا شۇ يىلى مەملىكەت بويىچە ئالىدىغان ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتكەنىدى. ئۇ ئىنگلىز تىلى فاكۇلتېتىدا بالىلارنىڭ ئالدى بولۇپ ئوقۇدى، ھەممە ئادەم ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال ئىدى.

مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، رەنا ئۆزىنىڭ يولى توغرۇلۇق قايتا ـ قايتا ئويلىشىپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەنىدى. رەنا شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دادىسى ۋە ئاپىسى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىرنەچچە قېتىم سۆزلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىنى ئۇلارغا ئېيتتى: سىلەر ئېيتقاندەك ياكى ماڭا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئاكىلار

ئېيتقاندەك مەن ھېچقانداق ئىدارە ياكى مەكتەپتە ئىشلىمەيمەن، ئۆز ئالدىمغا شىركەت قۇرۇپ، جەمئىيەتتە ئىگىلىك تىكلەيمەن. مەن قاھار ئەپەندى بىلەنمۇ كۆرۈشتۇم، مېنى چۈشىنىڭلار دادا، ئاپا، دېگەنىدى. رەنانىڭ دادىسى : ئۇ ۋاقىتتا ئوقۇغىنىڭىز بىكار بولۇپ كەتمەمدۇ، دېگەنىدى. رەنا : ياق، ئۇنداق بولمايدۇ، ئۇ ۋاقىتتا ئۆگەنگىنىمنى تېخىمۇ جانلىق ئىشلىتىمەن، دېگەنىدى. رەنانىڭ ئاپىسى ئۇنىڭدىن : قاھار ئاكىڭىز نېمە دەيدۇ قىزىم ؟ دېگەندە، رەنا : قاھار ئەپەندى ئەڭ ياخشىسى بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىسىڭىز بولاتتى قىزىم، تىل تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسىڭىز ياخشى بىر مۇتەخەسسىس بولۇپ يېتىلەتتىڭىز، دەيدۇ. بىراق، مېنىڭ ھېسسىياتىم ھازىر ئۇنداق ئىشلاردا ئەمەس، ئاپا، سىلەر مېنى ئوقۇتىمەن دەپ جىق جاپا تارتتىڭلار، ئەمدى مەن پۇل تېپىپ سىلەرگە قارىمىسام، ئۆيلەرنى قايتىدىن سالمىسام بولمايدۇ، دەپ ئۇلارنى قايىل قىلغانىدى.

رەنانىڭ تۇرمۇش قارىشى بەك روشەن ئىدى: ئادەم ئالدى بىلەن پۇل تېپىپ ئۆزىنى ئازاد قىلىشى كېرەك، ئاندىن مەنىۋى جەھەتتە باش كۆتۈرگىلى بولىدۇ، دەيتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ مۇشۇ قارىشىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن، ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەت تورى ۋە ئاياللىق خۇلقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، يۈزلۈك، ھوقۇقلۇق كىشىلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىمتىياز ـ كۈچى ئارقىلىق ئىش پۈتكۈزمەكچى بولغان ئادەملەرنىڭ، ھاجەتمەنلەرنىڭ ئىشلىرىنى ئىمكانقەدەر پۈتكۈزۈپ، ئۇلارنى رازى قىلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشنىڭ كويىغا كىرگىنىگە ئۇزاق بولغانىدى.

ئۇ مۇشۇ مەزگىلدە ئۆزى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بىر ئەربابنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلدى. ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مۇستەھكەملەش بىلەن بىللە بۇ ئىشنى قەتئىي مەخپىي تۇتۇپ كەلدى. ئۇ ئاشۇ مۇھىم ئەربابنى ئىشقا سېلىپ، بىر قۇرۇلۇش شىركىتىگە بىر

ئىدارىنىڭ ئون قەۋەتلىك بىناسىنى سېلىش ئىشىنى ھەل قىلىپ بەردى. ئۇ قولىغا باشلىقلارنىڭ تەستىقلىغان ھۆججىتىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاشۇ شىركەتنىڭ غوجايىنى بىلەن رەسمىي سودىلاشتى. ئۇلار : سىزنى رازى قىلىمىز، قېنى ئېيتىپ بېقىڭ، دېگەندە، رەنا بىنادىن بىر يۈرۈش ئۆي، يەنە بىر پىكاپ ئېلىپ بەرسەڭلار، دېدى. شىركەت ئۇنىڭ تەلىپىگە كۆندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بىنادىن بىر يۈز ئوتتۇز كىۋادرات مېتىرلىق بىر يۈرۈش ئۆي ۋە داڭلىق ماركىلىق ماشىنىدىن بىرنى ئېلىپ بەرگەندى. ئۇ ئاشۇ قىزىل ماشىنىسىنى ھەيدەپ، تېخىمۇ ئوماق، تېخىمۇ تېتىك بولۇپ كەتكەندى. قىسقىسى، ئۇنىڭ ئىشلىرى ئاستا ـ ئاستا راۋانلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

بىر ئايدىن كېيىن رەنا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا چېپىپ يۈرۈپ، بىر ئادەمنىڭ خاڭ ئېچىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى تەستىقلىتىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن خېلى جىق پۇلغا ئىگە بولدى. ئۇ مۇشۇ پۇلنى خەجلەپ، تۆت كوچىدىكى بىر بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئۇ يەردە بىر چوڭ تاللا بازىرى ئېچىۋالدى، ئۇ سودا مەكتەپلىرىنى پۈتكۈزگەن بىر يۈرۈش قىز ـ ئوغۇللارنى يىغىپ، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە تاللا بازىرىنىڭ ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈپ كەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئالتىنچى باب

# رەپقەت

رەپقەتنىڭ بوۋىسى، دادىسى ھەم ئۆزى ئەركىن بازاردا چوڭ بولغان ئادەملەر ئىدى.

ئەينى يىللاردا رەپقەتنىڭ بوۋىسى كىنوخانىنىڭ ئالدىدا مۇز سۇيى ساتاتتى، قىشتا سۆگەت ياغىچى بىلەن قار كۈرەيدىغان كۈرەك ياساپ ساتاتتى. ئۇ يىللاردا قار ئۆي بىلەن تەڭ ياغاتتى، شامال ئاسماندىن، ياكى كۈنپېتىشتىن ياكى كۈنچىقىشتىن ئەمەس، يەردىن چىقاتتى، يەر يېرىلاتتى، زەھەردەك ئاچچىق شامال يەر باغرىدىن ئۈچۈپ چىقاتتى، ئاندىن ئۇ يەر ئاستىدىكى بارلىق ئۈچۈرلارنى ئالەمگە چېچىپ ئوينايتتى. ئۇ ئاشۇ قىممەتلىك ئۈچۈرلارنى مەقسەتسىز ھالدا زېمىنغا چاچاتتى، كىشىلەر رەپقەتنىڭ بوۋىسىنىڭ قولىدىن سېتىۋالغان كۈرەكلەر بىلەن ئاشۇ ئۈچۈرلارنى كۈرەپ قارغا ئارىلاشتۇرۇۋېتەتتى، يازدا شامال تامنىڭ تۆشۈكلىرىدىن، دەم ئېلىۋاتقان مورىلاردىن، ئامبارلاردا جىن ـ شەيتانلار بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىۋاتقان مەشنىڭ كانايلىرىدىن چىقاتتى، كەچتە كىنو تۈگىگەندىن كېيىن، كىنودىن قايتقان مېھمانلار رەپقەتنىڭ بوۋىسىنىڭ مۇز سۇيىنى ئىچىپ قايتاتتى. بەزى كۈنلىرى خېرىدارلار سۇ ئىچمەي ماڭسا، بوۋاي: گاڭگۇڭ ئوغۇل باللار، تامنىڭ تۈۋىدىن ماڭمايلى! دەيمەن، دەپ ۋاقىرايتتى.

كېيىن بۇ ھۈنەر رەپقەتنىڭ دادىسىغا قالغاندى. قىشتا ئۇلار

«نايناقلار دەرياسى» دىن مۇز ئالاتتى، رەپقەتنىڭ دادىسى كەڭلىكى بىر مېتىر، قېلىنلىقىمۇ بىر مېتىر كېلىدىغان سۇپسۈزۈك مۇزلارنى دەريا بويىدىن ئەكېلىپ، قورۇسىدىكى گەمىسىگە بېسىۋالاتتى، بىر قۇر مۇز، بىر قۇر سامان قىلىپ تىزىپ، مۇزلارنى ناھايىتى جىق تىزىۋېتەتتى. يازدا بۇ مۇزلار گۆش ئالغىلى بولىدىغان، نان ئالغىلى بولىدىغان قىزىل پۇلغا ئايلىناتتى. بۇنداق مۇزلارنى دەريانى مەخسۇس پارچىلاپ چىقىرىپ ساتىدىغان ئادەملەر بار ئىدى. ئۇلار خېرىدارلارنىڭ ئېشەك ھارۋىسىغا ئېگىز قىلىپ مۇز بېسىپ بېرەتتى، ئېشەك ھارۋا شەھەرگە كىرگەندە، ھەممە ئادەم مۇزغا قارىشاتتى، ئاندىن بۇ مۇزلار ئۇلارنى راھەت يازنىڭ خاتىرىسىگە باشلاپ كىرەتتى. ئەمدى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، شەھەردە، مەيلى يازدا بولسۇن ياكى قىشتا بولسۇن، بۇنداق مەنزىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

كېيىنكى يىللارغا كەلگەندە رەپقەتنىڭ دادىسى بۇ ئوقىتىنى قاتلاپ قويدى. جاھان تەرەققىي قىلىۋاتاتتى، بازاردا ئىلگىرى كىشىلەر كۆرمىگەن نەرسىلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى، مەسىلەن، شەھەر بازىرىغا تۇنجى قېتىم بانان، ئاناناس، ئاپېلسىن دېگەندەك مېۋىلەر كىرگەندە، نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ھەيران قېلىشىپ: ھەي مۇشۇ نەرسىلەرنى يېگىلى بولامدىكەن ؟ دەپ ئارىسالدى بولۇپ يۈرگەنىدى. دېمەك، باشقا جەھەتلەردىمۇ بازاردا زور ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولدى، رەپقەتنىڭ دادىسى مەجبۇرىي مۇشۇنداق ئۆزگىرىشلەرگە ماسلاشتى، ئۇ مۇز ساقلايدىغان گەمىسىنى تاشلىۋەتتى، ئۇنىڭ تېگىدە سارغىيىپ ياتقان سامانلار يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سېسىپ تۈگىدى، ئاندىن ئۇ سۇ ساتىدىغان ئاشۇ چوڭ جاۋۇرلار بىلەن چېلەكلەرمۇ ئاشۇ گەمىنىڭ بۇلۇڭىدا پۈتۈنلەي كاردىن چىقتى، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا پۇرسەت كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. رەپقەتنىڭ دادىسى بازاردا دۇكان ئېچىپ تىككۈچىلىك قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بۇ ھۈنەرنى ياش ۋاقتىدا ئۆگەنگەنىدى. ئاپىسى : ئوغۇل بالا دېگەن بىرەر

ھۈنەرنى ئۆگىنىپ قويمىسا قانداق بولىدۇ؟ دەپ ئۇنىڭغا مۇشۇ ھۈنەرنى ئۆگىتىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئاپىسى ئۇستا تىككۈچى ئىدى، مەھەللىدىكىلەر، يەنە ئارقا مەھەللىدىكى خېرىدارلارنىڭ ھەممىسى رەختلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۆزلىرىنى ئۆلچىتىپ چىقىپ كېتەتتى. رەپقەتنىڭ دادىسى ئاپىسى ئۆلچەپ بولغان رەختلەرنى رەتلەپ تىزىپ، ئاپىسى بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىپ قولىنى كۆندۈرەتتى. دەسلەپتە ئاپىسى ئۇنىڭغا قەغەزدىن ئىشتان ــ چاپان كېسىپ بېرەتتى. ئۇ قەغەزنى تىكىپ قولىنى كۆندۈرەتتى. ئىككى يىل ئىچىدە ئاپىسى ئۇنى ئۆز ئالدىغا ئىش قىلالايدىغان بىر ھۈنەرۋەن قىلىپ يېتىلدۈرگەنىدى. كېيىن ئاپىسى بازاردىن دۇكان ئېچىپ بېرىمەن دېگەندە، ئۇ ئاغىنىلىرىم شاگىرت قىلمىدىكەن، دېگەننى باھانە قىلىپ ئۇنىڭ گېپىگە كۆنمىگەنىدى.

رەپقەتنىڭ دادىسى تىككۈچىلىكتىن تازا پۇل تاپالماي قالدى، ئۇنىڭ ئىككى شاگىرتى كۈندە دېگۈدەك قەغەزدە ئىشتان تىكىپ ئۇنىڭ يېپىغا زىيان سالاتتى. بۇ يەردىكى بىر سەۋەب : ياشلار، بولۇپمۇ قىز ــ چوكانلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردە زاۋۇتتا تىكىلگەن مودا كىيىملەرگە ئۆگىنىۋالغانىدى، ئۇنىڭ دۇكىنىغا پەقەت سېمىز خوتۇنلار بىلەن بوۋايلار كېلىپ كىيىم تىكتۈرەتتى. رەپقەتنىڭ دادىسى: توختا، بۇ ئىش بولمىدى، دەپ شاگىرتلىرىنى قايتۇرۇۋېتىپ، بازارنىڭ ئەھۋالىنى ئاز ــ تولا ئىگىلىدى، ئاندىن ئۆز دۇكىنىنى كومىسسىيونغا ئۆزگەرتتى. ئۇ بۇ ئوقەتتىن خېلى پۇل تاپتى، ھاجەتمەنلەر قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ئەكېلىپ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئەرزان باھادا سېتىۋېتەتتى، ئاندىن ئۇ مال تونۇيدىغان ئادەملەرگە ئۇنى قىممەت باھادا ساتاتتى. لېكىن، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ بۇ ئىشمۇ سۇغا چىلاشتى، ئاخىر ئۇ دۇكىنىنى كىيىم ــ كېچەك ساتىدىغان دۇكان قىلىپ ئۆزگەرتتى. دەسلەپتە ئۇ توپ سېتىش سودا سارايلىرىدىن مال ئەكېلىپ ساتتى، كېيىن بازاردىكى ئاغىنىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئاشۇ كىيىم ــ كېچەك

زاۋۇتلىرىغا بېرىپ، بىۋاسىتە مال ئەكېلىپ، بازىرىنى ئاۋاتلاشتۇرغانىدى.

يىللار ئۆتۈۋەردى، رەپقەتنىڭ دادىسى: بالام، ئەمدى مەن ياشاندىم، ھاردىم، بۇ ئىشلارنى ساڭا ئۆتكۈزۈپ بېرەي، دەپ ئىش ــ ئوقىتىنى رەپقەتكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى. بازاردا بوۋىسىغا، دادىسىغا ياردەملىشىپ خېلى پىشىپ قالغان رەپقەت دۇكاننىڭ ئىشلىرىنى بېرىلىپ ئىشلەپ كەتتى، ئۇ گۇاڭجوۋغا بېرىپ ماشىنىلاپ مال ئەكېلىپ، توپ سېتىش بازىرىدىن دۇكان ئېلىپ، تىجارەتنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ئىشلىرى تېز ئىلگىرىلىدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، دادىسى بىر يىلدا تاپقان پۇلنى ئۇ بىر ئايدىلا، بەزىدە يېرىم ئايدىلا تاپاتتى، چۈنكى پۈتكۈل بازار ئىچكىرىنىڭ كىيىم ــ كېچەكلىرىگە مايىل بولۇپ كەتكەنىدى. ياش، ئوتتۇرا ياشلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇنداق زامانىۋى مودا كىيىملەر بىلەن بولۇپ كەتكەنىدى. رەپقەت مۇشۇ ئوقىتتى بىلەن ئون يىل مەشغۇل بولۇپ، خېلىلا ھاللىنىۋالدى. ئۇ بۇرۇنقى رەپقەت ئەمەس ئىدى، ئۇ سەمرىدى، يۈزىنىڭ تېرىلىرى ئوبدانلا قېلىنلاپ قالدى، ئۆزىدە زور ئىشەنچ پەيدا بولدى، لېكىن ئۇنىڭ مىجەزى شۇنداق ياخشى ئىدى، ئاغىنىلىرى بىلەن بازاردىكىلەر ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشقا، بىللە بولۇشقا ئامراق ئىدى. بەزىلەر تېخى ئۇنىڭ مىجەزىنى ئۈلگە قىلاتتى. بازاردا خېلى پۇل تاپقان، يۈز ــ ئابرۇيلۇق ئەيسا ئىسىملىك بىر ئادەم: مۇشۇ رەپقەت يولدىكى دېلگىراملار بىلەنمۇ ئاغىنە بولالايدۇ جۇمۇ، دەيتتى. باللار بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى. ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ سودىسى تەدرىجىي بوشاشقا باشلىدى، بازار ئاساسەن تويۇنۇپ قالغانىدى، چۈنكى بۇرۇنقىدەك باشقا يۇرتلاردىن توپ ــ توپ مال ئالىمىز دەپ كېلىدىغان سودىگەرلەر بارغانسېرى ئازىيىۋاتاتتى، ئەكەلگەن مال مۇشۇ شەھەرنىڭلا بازىرىغا قاراپ قالغانىدى. دەل مۇشۇنداق ۋاقىتتا بازاردا قاشتېشى بازىرى شەكىللەندى. رەپقەت قىلىۋاتقان

ئوقـتـنـى تۆت كۈن ئـچـىدە يـىغىشـتـۇرۇپ، مۇشۇ بـازارغـا بېشچىلاپ كىرىپ كەتكەنىدى، چۈنكى ئۇ كىچىككىنە بىر پارچە قاشتېشىنىڭ نۇرغۇن پـۇلغا يارايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىگە ئىشەنمەي قالغانىدى. ئۇ نەق مەيداندا ھەيران بولۇپ بۇ ئۆزۈممۇ يا دەپ يۈزلىرىنى ھەم ئـۇيەر ـ بۇيەرلىرىنى تـۇتۇپ چىمداپ باققانىدى. ئۇ قاشتاش بازىرىدىن ئىككى چوڭ دۇكان ئالدى، ئالدىغا كەلگەن قاشتېشى بىلەن باشقا قىممەتلىك تاشلارنى داۋاملىق سېتىۋالدى، ھەم سېتىۋالغاندىمۇ ئانچە باھاسىغا قاراپ كەتمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ كاللىسىدا مۇنداق بىر قاراش شەكىللەنگەنىدى : بۇ قاشتېشى دېگەن نەرسە توختىماي زاۋۇتتىن چىقىدىغان گۆھەر ئەمەس، ئۇ يەردىن، سۇدىن چىقىدىغان ھەقىقىي گۆھەر، بىرى چىقسا بىرى تۈگەيدۇ دېگەن گەپ، شۇڭا كەلگەن قاشتېشىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ، چىڭ تۇتۇپ تـۇرۇش كېرەك. ئۇ مۇشۇنداق ئىدىيەنىڭ يېتەكچىلىكىدە بەش يىل ئىچىدە نۇرغۇنلىغان بىرىنچى، ئىككىنچى دەرىجىلىك ئېسىل قاشتېشىنى قولىغا يىغدى، ئاساسەن ساتماي كەلدى، بازاردىكى تاشچىلار ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا ھەيران ئىدى : «ماۋۇ رەپقەت دېگەن يېتىم غەيرىي يېتىم ئىكەن جۇما ، قولىدىكى تاشلار باھاسىغا چىقسىمۇ ساتمايۋاتىدۇيا» دەيتتى. ئۇ يىلدا شاڭخەيدىن كەلگەن سودىگەرلەرگە بىر ـ ئىككى قاشتاش سېتىپ بېرەتتى، يەنە ئاغزىدىن چىققان باھاغا بېرەتتى، قارشى تەرەپ باھا قويسا، كۈلۈپ تۇرۇپ تاشنى قولىغا ئېلىۋالاتتى. باشقا تاشچىلار: يامان سورىمىدىغۇ، بېرىۋەتمەمسەن دېسە، نېمىنى بېرىۋېتىدۇ، ئادەمنىڭ خۇنىدىن شەكىللەنگەن نەرسە بۇ، بىرى تۈگىسە بىرى يوقايدۇ، باھاسىز نەرسە بۇ ! بوگۈن ساتقان باھاغا ئەتە ساتمايمىز! دەيتتى. تاشچىلار رەپقەتنى بەك چىڭ نەرسە بۇ، قولىدىكى تاشتەك چىڭ نەرسە دەپ قويىاتتى، ئاندىن تاش بازىرىدىكىلەر ئۇنى رەپقەت تاش دەپ ئاتايدىغان بولغانىدى. مەھەللىدىكى ئاغىنىلىرى ئۇنى رەپقەت سەيپۇڭ دەيتتى، رەپقەت بۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گەپلەرنى ئاڭلىغاندا كۈلۈپ قوياتتى.

رەپقەت تاش بازىرىغا كىرگەن ئالتىنچى يىلى، شاڭخەيدىن بىرنەچچە بايۋەچچە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار شاڭخەيدە ئۇنىڭ قولىدىكى قىممەتلىك تاشلارنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ مەخسۇس ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنىدى، ئۇلار كېلىپلا ئۇنىڭ كىچىك - كىچىك ساندۇقلىرىدا ساقلىغان بىباھا تاشلىرىنى كۆردى، بايۋەچچىلەر ئىچ - ئىچىدىن سۆزۈك ئايدەك پارقىراپ تۇرىدىغان بۇ گۆھەرلەرنى كۆرۈپ، كۆزلىرى چىقىپ كېتەي دەپ قالغانىدى. شۇ تاپتا دىمىقلىرىغا ئوت كەتكەنىدى، لېكىن ئۇلار شۇ كۈنى رەپقەت بىلەن سودىلاشمىدى، ئەتىسىمۇ ئۇلار رەپقەت بىلەن كۆرۈشمىدى، بەش كۈنگىچە ئۇلار رەپقەتنى ئىزدىمىدى، رەپقەت ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكىنى بىلەتتى، ئۇلار مۇشۇنداق ئويۇن ئارقىلىق، رەپقەتكە ماللىرىڭىز ئانچە ياخشى ئەمەس بۇرادەر، ئۇ تاشلار سىز دېگەندەك ئۇ دەرىجىدە قالتىس ئەمەس، بىز مىلىڭىزغا ئانچە قىزىقمىدۇق، دېگەن تۇيغۇنى بەرمەكچىدى. مۇشۇ ئويۇن ئارقىلىق تاشلارنىڭ باھاسىنى چۈشۈرىدىغان مەقسىتىگە يەتمەكچىدى، ئۇلارنىڭ بۇ ئويۇنىنى كۆرگەن رەپقەت ئۆزىگە تېخىمۇ ئىشىنەتتى، مېلىنى چىڭ تۇتۇپ ساتاتتى...

شۇ يىلى رەپقەت قولىدىكى بارلىق تاشلىرىنى شاڭخەيدىن كەلگەن ئاشۇ سودىگەرلەرگە سېتىپ بەردى، ساتقاندىمۇ ئاغزىدىن چىققان باھادا بەردى، ئۇنىڭ يەنە داۋاملىق تاشچىلىق قىلغۇسى بار ئىدى. لېكىن، قاشتاش بازىرى كۈندىن - كۈنگە بوشاپ كېتىۋاتاتتى، سەۋەب بازارغا تاش كىرمەيدىغان بولغانىدى، تاش ماكانى ھۆكۈمىتى تاش قازىمىز دەپ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ دەريا بويلىرى ۋە بارلىق بوش يەرلەرگە چىقىۋالغان ئادەملەرنىڭ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، پەرمان چۈشۈرۈپ تاش كولاش ئىشلىرىنى توختاتقانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، تاش بەكمۇ قىس بولۇپ كەتكەنىدى. رەپقەت ئاپلا دەپ

قالدى. «يەنە بىر يىل تۇرۇپ تۇرغان بولسام ئىشلار پۈتۈنلەي باشقىچە بولاتتىكەن ـ دە» دېدى ئۇ ئىچىدە.

رەپقەت دۇكىنىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، تاش بازىرىدىن چىقىپ كەتتى. «ھەرقانداق بىر ئىش ـ ئوقەتنىڭ گۈللىنىدىغان ۋاقتى شۇ ئون يىلغا بارمايدىغان ئوخشايدۇ» دېدى ئۇ ئىچىدە. ئۇ بىر مەزگىل ھېچ ئىش قىلماي بازار ئايلىنىپ ئويناپ يۈردى، ئۇ قىلىدىغان بىرەر ئىشنىڭ يولىنى ئىزدەيتتى، ئاغىنىلىرى بىلەن ئەتىسى ـ ئاخشاملىرى يەپ ـ ئىچىپ ئويناپ يۈرەتتى. ئۇ مۇشۇنداق ئويۇن داۋامىدا ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يۈرۈپ، توساتتىنلا بىر ئىش ئۈستىدە كاللىسى ئېچىلىپ قالدى. «توغرا، يەر ئېلىپ بازار قىلىش كېرەك ئىكەن، ئاۋات، مەركىزىي ئورۇنلاردىن يەر ئالسام، بازار قىلسام، بىر ئۆمۈر شۇ بازارنىڭ نېنىنى يېيەلەيدىغان ئوخشايمەن. توغرا، ھەقىقىي ئەڭگۈشتەر بازار ئىكەن» دېگەنىدى ئۇ ئىچىدە. ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇ يول ماڭدى، نەدە ساتىدىغان يەر بار، بىرەر كونا بازارلار سېتىلامدۇ دەپ، كۆرگەن ـ بىلگەنلەرنىڭ ئارىسىغا بېرىپ تىڭتىڭلىدى، كۆڭلىگە يارىشا ئۇ يىگىرمە مو يەرگە ئىگە بولدى. بۇ ئورۇن بۇرۇن شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئۇن ماگىزىنى ئىدى، ھەم بېغىمۇ بار ئىدى. ئۇ يول مېڭىپ يۈرۈپ مۇشۇ ئورۇننى سېتىۋېلىپ، ئۇنى مېۋە ئۇنىۋېرسال سودا بازىرى قىلىپ ئۆزگەرتىپ، پۇلنىڭ بىر قىسمىنى مۇشۇ بازارغا ئىشلىتىپ، ئوبدانلا خاتىرجەم بولۇپ قالغانىدى. مۇشۇنداق مۇھىم پەيتتە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىپ: «ئاداش رەپقەت، سەن مۇشۇ كۈنگىچە ئاز جاپا تارتمىدىڭ، پۇلنىمۇ ياخشى تېپىۋالدىڭ، ئەمدى يېتىپ يەيدىغان ۋاقتىڭ كېلىپ قالدى، بىر بىنا سېلىۋال، مېھمانخانا قىلىپ قويۇپ خاتىرجەم يۈرمەمسەن، مۇنداق ئوك كەلگەن ئوقەتلەر بولسا قىلىپ قويسەن، بولمىسا دەم ئېلىپ بايۋەچچىلەردەك يۈرمەمسەن!» دېگەنىدى. نەتىجىدە، ئۇ ئاغىنىلىرىنىڭ گېپىگە كىرىپ شۇنداق قىلغانىدى. ئۇ يەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېلىپ ئۇبدان لايىھەلىتىپ ئالتە قەۋەتلىك بىنا سېلىپ، ئۇنى مېھمانخانا قىلىپ قويغانىدى. بىنانى كۆتۈرۈۋالغان قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ تېخنىكى ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىپ: «ئۇلىنى ئون قەۋەت بويىچە ئىشلەيلى، قالغان تۆت قەۋەتنى كېيىن ئەھۋالغا قاراپ سېلىۋالسىڭىز بولىۋېرىدۇ، جاھان مۇشۇنداق تۇرىۋەرمەيدۇ، كېيىن ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرمەمسىز!» دەپ ئۇنى قىزىقتۇرغانىدى. رەپقەت شۇ ئادەمنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرگەنىدى. بىنا پۈتتى، ھەممە ئىشلار جايىدا ئىدى، خۇدانىڭ تاڭ ئاتقان كۈنى ئۇنىڭ ھېساباتىغا ئوبدانلا پۇل كىرىپ تۇراتتى، لېكىن تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئالتە قەۋەتلىك بىنانىڭ ئۈستىگە بىنا ئۇلانمىدى، چۈنكى نۆۋەتتىكى بازارنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنچىلىك ئىدى، لېكىن كەلگۈسى تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئاشۇ تۆت قەۋەت بىنا چوقۇم ئۇلىنىدىغاندەك قىلاتتى. رەپقەت ئاغىنىلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ زېرىكىپ، يەپ ـ ئىچىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان ۋاقىتلاردا ئۇ كەلگۈسىدە ھەممە نەرسە يېتىشمەيدىغان ئوخشايدۇ دەپ ھېس قىلاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭچە بولغاندا ئادەم كۆپىيىۋاتاتتى، شەھەرنىڭ دائىرىسى كېڭەيمىگەنىدى.

رەنا رەپقەتنىڭ مۇشۇنداق مال ـ دۇنياسىغىمۇ قىزىقاتتى، رەپقەتنىڭ ھەممە قىلىقلىرىنى ئۇنىڭغا شۇ قەدەر تاتلىق قىلىپ كۆرسىتىۋاتقان نەرسە ئاشۇ ئەمەلىي كۈچى ئىدى، رەنانىڭ قارىشىچە، رەپقەتنىڭ ئاشۇ بىناسى بىلەن بازىرى ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك يېقىلمايدىغان زاۋۇتى ئىدى.

رەپقەت ھەممە ئىشلىرىنى ئىزىغا سېلىپ بولغان مۇشۇ ئالتۇن باھاردا رەنا بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى، ئۇنىڭ نەزىرىدە رەنا كۆركەم، يېگۈسى كېلىپ تۇرىدىغان، چاينىسا راھەتلىنىدىغان كاۋاپ ئىدى، بۇنداق كاۋاپ ھەرقانداق بىر ئەرنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيتتى. رەپقەت مۇشۇ كۈنگىچە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا خېلى جىق ئىش كۆرگەنىدى، لېكىن ئۇ رەنادەك

گۈزەلنى ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى، رەنا ئۇنىڭ جىنسىي مەنىۋىيىتىنىڭ دەرۋازىسىنى پۈتۈنلەي ئېچىۋەتكەنىدى. ئۇ ئاشنىسى دىلدارنى يولغا سالدى، ئۇنى ھەم پۇل ھەم گەپ بىلەن تىنچلاندۇردى: «بىزنىڭ موماي ھەممە ئىشنى بىلىپ بوپتۇ دىلدار، ئۆيگىمىزنىمۇ بىلىۋاپتۇ، ئىزدەپ بېرىپ چېچىڭنى يۇلىمەن دەۋاتىدۇ، ئەمدى بولدى قىلايلى» دەپ ئۇنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سالغانىدى. ئۇ ئاشنىسى دىلدارنىڭ ئالدىدا ئايالىنى چۈشۈرگەن بولۇپ، يالغاندىن ئۇنى بىزنىڭ موماي، دەپ قوياتتى، چۈنكى دىلدار تېخى توي قىلمىغان كىچىك قىز ئىدى.

رەپقەت رەنانىڭ قانداق قىزلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئۇنىڭ نەزىرىدە چىۋىنمۇ قونۇپ باقمىغان پاك قىزدەك تۇيۇلۇپ كېتەتتى، ئەدناسى بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ھېسسىياتى رەنادا ئىدى، يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، رەنا قوش بىسلىق بىر خەنجەر ئىدى، ئۇنىڭ قولىدىن ھەممە ئىش كېلەتتى، بۇ تەرەپلىرى رەپقەت ئۈچۈن بەكمۇ پايدىلىق ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## يەتتىنچى باب

# جۈپلەشكەن يۈرەكلەر

رەپقەت بىلەن رەنا ناھايىتى تېز ۋاقىت ئىچىدە ھەممە جەھەتتىن جۈپلىشىۋالدى. مەيلى مەنپەئەت، مۇھەببەت، ھېسسىيات جەھەتلەردە بولسۇن ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق جۈپلىشىۋېلىشىدىكى مەقسىتى ئورتاق ئىدى. ئۇلار كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك بىللە ئۆتەتتى، كۆپ ھاللاردا كۈندۈزنى كېچىگە تېگىشىپ، ئىش - ئوقەتلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، ئويۇن - تاماشاغا چۈشۈپ كېتەتتى. رەنانى ئىزدەيدىغان ئادەم ناھايىتى جىق ئىدى، ئۇ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى پۈتكۈزۈپ بېرىپ بولۇپ، رەپقەت بىلەن تېپىشىپ جۈپلىشەتتى، ئۇ رەپقەتكە ئۆزى كىتابتا ئوقۇغان دۇنيانى سۆزلەپ بېرەتتى، رەپقەت كۈلۈپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتى. مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ كۆزلىرى پىشقان ئۆرۈككە ئوخشاش چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى، ئۇ رەنانىڭ گەپلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى چۈشەنمەيتتى، رەنا ئۇ بىلمەيدىغان، چۈشەنمەيدىغان ئادەملەر ئۈستىدە توختىلاتتى، رەپقەت چاندۇرماي ھىجىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئىچىدە: «بۇ سەتەڭنىڭ مۇشۇنداق گەپ قىلغۇسى كېلىپ قاپتۇ، ھە دەپ بېرەي، سۆزلىۋالسۇن» دەيتتى.

رەپقەت بۈگۈن چۈشتىن كېيىن رەناغا ئۆزىنىڭ بىنادىكى مەخپىي ئۆيىدىن تېلېفون بەردى. رەنا تېلېفوننى ئېلىپ: مەن تاللا بازىرىدا، ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ بارىمەن، دېدى. رەپقەت

بازاردىن تونۇر كاۋاپ دېگەندەك نەرسىلەرنى ئەكېلىپ تەييار قىلىپ قويغانىدى. ئۇ بۇ ئۆينى بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئالغانىدى. بۇ شەھەردىن خېلى يىراق ئولتۇراق رايونىنىڭ ئىچىدىكى يېڭى ئۆي ئىدى. بۇ يەردىكى ئادەملەر ھەممە شەھەردىن كەلگەن تارقاق ئولتۇراقلاشقۇچىلار بولغاچقا، بىر - بىرىنىڭ ئەھۋالىنى تازا بىلىپ كەتمەيتتى، ھەم بىلگۈسىمۇ يوق ئىدى، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئىدى، پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقاندا ياكى چۈشۈۋاتقاندا بىر - بىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالسا، ھۆرمەت بىلەن سالاملىشىپ قويۇپ ئۆزىنىڭ يولىغا ماڭاتتى. رەپقەت بۇ ئۆينى جەلپكار رەنانى قولغا كەلتۈرگەن يىلى سېتىۋالغانىدى.

رەنا تاللا بازىرىدا ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ بازارغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان قىزلارنى قېشىغا چاقىرىپ، بەزى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قىزلاردىن: يەنە نېمە گېپىڭلار بار، دەپ سورىدى. تاللا بازىرى مالىيە بۆلۈمىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل سىمىز بىر قىز رەناغا قاراپ:

— مەن بىر ئىشنى سىزگە دېمەكچىدىم، — دېدى. رەنا:

— سۆزلەڭ، — دېدى.

سىمىز قىز تاللا بازىرىغا گۆش سالساق دەپ تەكلىپ بەردى.

— يېقىندىن بېرى خېرىدارلار گۆش يوقمۇ؟ گۆشمۇ سالغان بولساڭلار ئىكەن، دەپ تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، مەن ئەھۋال ئىگىلەپ باقتىم، ئەگەر گۆش سالساق كۆڭگە ئاز دېگەندە ئون قوينىڭ گۆشى تۈگەيدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى. رەنا بۇ قىزنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆردى.

— ئەمىسە شۇنداق قىلىڭلار، گۆش كىرگۈزۈڭلار، باشقۇرۇش ياخشى بولسۇن، قوشخانىغا بېرىپ مەنمۇ سۆزلىشەي، — دېدى. ئۇ مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تۈگىتىپ بولۇپ، ئىشخانىسىنى تاقىۋېتىپ تاللا بازىرىدىن چىقتى. ئۇ ماللارنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، بەزى ماللارنىڭ تىزىلىش ئەھۋالىغا تەكلىپ - پىكىر

بەردى، ئاندىن ئىشكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ رەپىقەتكە تېلېفون بېرەي دەپ تۇرۇشىغا، بىر نامرات ئايال ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇدى. ئايال ئەللىك ياشلارغا كىرىپ قالغانىدى، ئۇ رەنانى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى، رەنا ئىلگىرى مۇشۇنداق نامرات ئاياللارغا خېلى جىق ياردەم بەرگەنىدى. ئۇ بۇ ئايالنىڭ بىرەر ئىشقا ھاجەتمەن ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ، ئۇنىڭغا چىرايلىق گەپ قىلدى:

— يىغلىماڭ ھەدە، نېمە قىيىنچىلىقىڭىز بار، ماڭا دەڭ، — دېدى رەنا.

— سىزگە ئازراق گېپىم بار ئىدى، رەنا خېنىم، — دېدى ئايال بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— يۈرۈڭ ئەمىسە، ئىشخانىغا كىرەيلى، — دېدى رەنا.

رەنا نامرات ئايالنى باشلاپ ئىشخانىغا ئەكىردى. ئايالنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

— كەچۈرسىز، رەنا خېنىم، ئەدەپسىزلىك قىلىپ ئالدىڭىزنى توسۇپ قويدۇم. ئىسمىم سارىخان بولىدۇ، ئۆيۈم ئەركىن بازىرىنىڭ يۇقىرىسىدىكى مازار مەھەللىسىدە. دېسەم گەپ جىق، خېنىم. بېشىمغا كۈن چۈشۈپ سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كەلدىم، ئېرىم سەككىز ئاينىڭ ئالدىدا ئاغرىپ ئالەمدىن ئۆتكەن، مەن ئۈچ بالام بىلەن قالغاندىم، بىز ئەسلىدە بۇ يەرلىك ئەمەس، ئون يىلنىڭ ئالدىدا يۇرتنى تاشلاپ مۇشۇ شەھەرگە چىققان. بۇرۇن يولدىشىم ئىككىمىز بازاردا كۆكتات ساتاتتۇق، يولدىشىم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مەن ئىككى ئوغلۇم بىلەن داۋاملىق بازاردا كۆكتات سېتىپ جان باقتۇق، گۈلبانۇ ئىسىملىك بىر قىزىم بولىدىغان، ئۇ مەكتەپتە ئوقۇيتتى، ئۆزى ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا مەن ئۇنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالماي ئوقۇتقاندىم. يىللار ئۆتۈپ مانا بۇ يىل قىزىم ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپتۇ، ئۈچ - تۆت يىل ئوقۇيدىكەن، خېلى جىق پۇل كېتىدىغان ئوخشايدۇ. بولدى، قىزىم، ئوقۇماڭ، ماڭا قارىشاڭ

دېسەم، قىزىم يىغلاپ ئۈنمىدى. بىر كۈنى بازاردا بىرسى بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم، ئۇ دائىم مەندىن چامغۇر ئالىدىغان بىر ئايال ئىدى، ئۇ ماڭا سىز دوختۇرخانىغا ئەكىلىدىغان يەردىكى ئاسما كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىكى تاللا بازىرىغا بېرىپ رەنا خېنىم دەيدىغان بىر غوجايىن قىزنى ئىزدەڭ، ئەھۋالىڭىزنى ئېيتىڭ، شۇ قىز سىزگە ئاز ـ تولا ياردەم بېرىدۇ، دېگەنىدى. شۇڭا، سىزنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم خېنىم، ماڭا بىر ياخشىلىق قىلىپ قويۇڭ، مەندىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانا، — دېدى سارىخان، ئۇ يىغلاپ كەتتى.

— ھە، مۇنداق گەپ ئىكەن ـ دە، سارىخان ھەدە، — دېدى رەنا سارىخانغا قاراپ. بۇ بىچارە ئايالنىڭ چىرايىدىن توپا يېغىپ تۇراتتى، كىيىملىرى كونا، لېكىن پاكىز ئىدى، چىرايى قارىداپ سەتلىشىپ كەتكەنىدى، — قىزىڭىز قايسى مەكتەپكە ئۆتۈپتۇ ھەدە؟

— مەكتەپنىڭ ئېتىنى دەپ بېرەلمەيمەن، ئىشقىلىپ، مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ چوڭ مەكتەپكە ئۆتۈپتۇ! — دېدى سارىخان.

«ئەمىسە ئۇ ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا ئۆتۈپتۇ ـ دە!» دېدى رەنا ئىچىدە.

— قىزىڭىز ھازىر قەيەردە؟

— ئۆيدە...

— ھە، ئۆيدە دەڭ ھەدە، — دېدى رەنا. شۇ دەقىقىدە ئۇ ئايالغا ياردەم بېرىش نىيىتىگە كەلدى: «توختا، بۇ بىچارە ئايالنى ئاللا مېنىڭ قېشىمغا ئەۋەتتى، مەن ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق قىلىپ قوياي، تاپقىنىمنى ئۆزۈمنىڭ دەپ يۈرىۋەرسەم بولمايدۇ» دېدى رەنا ئىچىدە.

— ئەمىسە مۇنداق قىلايلى، سارىخان ھەدە، ئۆيىڭىزگە بارايلى، مەن قىزىڭىز گۈلبانۇ بىلەن ئايرىم كۆرۈشەي، — دېدى رەنا.

— رەھمەت، خېنىم، رەھمەت، مەندىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانا! — دېدى سارىخان كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ.

— يۇرۇڭ ئەمىسە، — دېدى رەنا سارىخاننى باشلاپ. رەنا ئېشخانىسىنى قۇلۇپلىدى، ئاندىن سارىخاننى ئەگەشتۇرۇپ تالاغا چىقتى، ئۇ سارىخاننى ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ:

— ئەمىسە سىز يول باشلاڭ، هەدە، — دېدى.

ئەركىن بازارغا كەلگەندە، رەنا ماشىنىسىنى ئىككىنچى خوتتا بەكمۇ ئاستا هەيدىدى، يول بەك قالايمىقان ئىدى، شەهەر بويىچە ئەڭ قالايمىقان يول مۇشۇ يەردە ئىدى. يولدا ماشىنىمۇ جىق، ئېشەك هارۋىسىمۇ بار ئىدى؛ خادىكمۇ قاتنايتتى، ئاپتوبۇسمۇ بولۇشىغا سىگنال بېرىپ يول تالىشاتتى. ئاپتوبۇس شوپۇرى : «مېنىڭ دېگەن كوچا ئاپتوبۇسى، هەممىڭ ماڭا يول بېرىشىڭ كېرەك» دېگەن مەنىدە باشقا قاتناش قوراللىرى بىلەن يول تالىشاتتى، شوپۇر بېشىنى ئەينەكتىن چىقىرىپ، باشقا شوپۇرلارغا : «نېمىگە ئالدىرايسەن، ئاستا ماڭمامسەن!» دەپ ۋارقىرايتتى. ئەمەلىيەتتە ئالدىرىغان ئادەم ئۆزى ئىدى. رەنا بىر ئاپتوبۇسنىڭ كەينىدە يول ساقلاپ تۇرۇپ قالدى، شۇ دەقىقىدە بىر مەست ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا كۆزىنى قىستى:

— ئاي خېنىم، پەيزىڭىز بارغۇ، ماشىنىڭىزنى ئىتتىرىشىپ بېرەيمۇ، مېيى قالمىغان ئوخشىمامدۇ ؟! — دېدى مەست كۆزلىرىنى ئالىغاي قىلىپ.

— ماڭالماي قاپسىز، ئۇكام، ئىتتىرەلەمسىز؟ — دېدى رەنا چاقچاق قىلىپ.

— سىزدەك ئاي خېنىمنى قولىمىزغا پاختا ئېلىپ تۇرۇپ ئىتتىرىمىز دەڭا ! — دېدى مەست.

— ئۆزىڭىزمۇ پاختىدەك بولۇپ كەپسىز، — دېدى رەنا كۈلۈپ.

— ئەمىسە ئىككىمىز بىر يەرنى تېپىپ تەكىيە تىكلىمەيلىما ! — دېدى مەست لىڭشىپ تۇرۇپ.

بۇ ۋاقىتتا ئالدىدىكى كوچا ئاپتوبۇسى قوزغىلىپ كەتكەن ئىدى، كەينىدە يول ساقلاۋاتقان ماشىنىلار رەنانى ئالدىرىتىپ

كەينى ـ كەينىدىن نارازىلىق سىگنالى بەردى. رەنا ماشىنىسىنى قوزغىدى.

— بۇ يەرنىڭ مەستلىرى مۇشۇنداق ئەدەپسىز، خېنىم، — دېدى سارىخان خىجالەت بولۇپ.

— ئۆزى ئانچە مەست ئەمەس ئىكەن، ئاغزى قىچىشىپ قالغان بالا ئىكەن، — دېدى رەنا.

ئۇلار ئەركىن بازاردىن ئۆتۈپ سول تەرەپتىكى يولغا چۈشتى. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، رەنا سارىخاننىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ماشىنىسىنى ئوڭ قول تەرەپتىكى بىر يولغا تارتتى، يول ناھايىتى ناچار ئىدى، بەزى يەرلەر ئوبدانلا ئازگال ئىدى. ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن، ماشىنا ئېگىز مازارنىڭ ئاستىنى توسۇپ كىچىك ـ كىچىك قورۇ قىلىپ سېلىنغان بىر كوچىغا كىردى، بۇ نەق مازار مەھەللىسى ئىدى، بۇ يەردە ھەممە يەردىن كەلگەن ئاجىزلار ياشايتتى، ئۆزلىرى يەر ئىگىلەپ ئۆي سېلىپ، جېنىنى جان ئېتىپ ئولتۇراتتى.

— كەلدۇق خېنىم، — دېدى سارىخان.

رەنا ماشىنىسىنى سارىخاننىڭ قورۇسى ئالدىدا توختاتتى. بۇ چىرايلىق قىزىل ماشىنىنىڭ مۇشۇ ئورۇندا توختىغانلىقىنى كۆرگەن قوشنىلار ئۇلارغا قىزىقسىنىپ قاراشتى، رەنا ماشىنىسىنى قۇلۇپلاپ قويۇپ، سارىخاننىڭ ھويلىسىغا كىردى. ھويلىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە ئاددىي ئىككى ئېغىزلىق ئۆي بار ئىدى، سول تەرەپتىكى ئون مېتىردەك ئېگىزلىكنىڭ ئۈستى تۇپراق ئىدى، ئۆينىڭ ئالدىدا كىچىك ئىككى تۈپ ئالما بار ئىدى، دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىغا گۈللەر تېرىلغانىدى.

چىرايلىققىنا بىر قىز رەنانىڭ ئالدىغا چىقتى. سارىخان قىزىنى رەناغا تونۇشتۇردى، رەنا قىزنىڭ قولىنى تۇتتى، ئاندىن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدى، ئۇ بۇ ساددا، ياۋاش قىزنى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالدى. سارىخان ئۇنى ئۆيگە باشلىدى.

سارىخاننىڭ ئىككى ئېغىز ئۆيى تولىمۇ ئاددىي ئىدى، ساراي

ئۆيدە يەرگە سېلىنغان بورىنىڭ ئۈستىدە بىر پارچە كونا كىگىز تۇراتتى، ئاندىن تام تەرەپتە بىر ساندۇق بار ئىدى، ساندۇقنى ئىككىدىن تۆت كىسەككە مىندۈرۈپ قويغانىدى، ساندۇقنىڭ ئۈستىدە ئىككى يوتقان ـ كۆرپە بار ئىدى، ئۇلارنىڭ بارلىق دۇنياسى مۇشۇ ئىدى. رەنا بۇ بەكمۇ ئاددىي ئۆينى كۆرۈپ تەسىرلەندى، ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىشقا باشلىدى.

سارىخان تالادا ئوچاق ئالدىدا چاي قاينىتىمەن دەپ ئولتۇرغاندا، رەنا گۈلبانۇغا مەكتەپتىن كەلگەن چاقىرىق قەغىزىنى ئاچىقىڭ، دېدى. گۈلبانۇ رەناغا مەكتەپنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى ئاچىقىپ بەردى.

«ھە، شۇ، مەن دېگەندەك ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ چاقىرىق قەغىزى ئىكەن» دېدى رەنا ئىچىدە.

ــــ مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇي دەۋاتامسىز، سىڭلىم؟ ــــ دېدى رەنا گۈلبانۇغا قاراپ.

ــــ ھەئە، ــــ دېدى گۈلبانۇ، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى مۆلدۈردەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

ــــ يىغلىماڭ سىڭلىم، يامان بولىدۇ، ــــ دېدى رەنا، ئاندىن ئۇ دېرىزە تەرەپكە قارىدى.

ئۇ دېرىزىگە ئورنىتىلغان پارچە ـ پارچە ئەينەكلەردىن دۆڭدىكى قەبرىلەرنى كۆردى. ئۇ ئىچىدە: «تۇۋا، بۇلار شۇنچە نۇرغۇن يىللاردىن بېرى قورقماي قانداقمۇ مۇشۇ يەردە ياشىغاندۇ؟» دېدى.

ــــ ماڭا بىر ياردەم قىلغان بولسىڭىز، رەنا ھەدە، مەن مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن سىزنىڭ قولىڭىزدا ئىشلەپ پۇلىڭىزنى قايتۇراتتىم! ــــ دېدى گۈلبانۇ ھەسرەت چېكىپ.

ــــ خاتىرجەم بولۇڭ، سىڭلىم، مەن سىزگە ياردەم قىلىمەن، ئاپىڭىزنى چاقىرىڭ! ــــ دېدى رەنا، گۈلبانۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

ــــ سارىخان قىزىنى ئەگەشتۇرۇپ ئۆيگە كىردى.

— مەن گۈلبانۇنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم قىلاي سارىخان ھەدە سىز بۇ ئىشتىن خاتىرجەم بولۇڭ، ئەتە قىزىڭىز تاللا بازىرىغا بېرىپ مەن بىلەن كۆرۈشسۇن، — دېدى رەنا.

سارىخان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇ رەھمەت ئېيتىپ يىغلىدى.

— يىغلىماڭ، ھەدە، قالغان ئىشلار بولسا كېيىن پاراڭلىشىمىز، ئالدى بىلەن گۈلبانۇنى مەكتەپكە كىرگۈزۈۋېتەيلى، قالغان ئىشلارنى يەنە ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرىمەن، مەن سىلەرنى بۇ يەردىن كۆچۈرۈپ كېتىمەن، — دېدى رەنا.

— رەھمەت خېنىم، رەھمەت، مەندىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانا، — دېدى سارىخان يىغلاپ.

— ئەمىسە ئىشلار ھازىرچە مۇشۇنداق بولسۇن، سارىخان ھەدە، ئازراق ئىشىم بار ئىدى، مەن قايتاي، — دېدى رەنا ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئۇ دالان ئۆيگە چىقىپ ئەتراپقا يەنە بىر قۇر سەپسالدى، دالان ئۆيدىمۇ بىر پارچە يىرتىق كىگىزدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى.

«تووۋا، خۇدايىم، ئويلىماپتىمەن، مۇشۇ كۇنلەردىمۇ مۇشۇنداق ئادەملەر باركەنە!» دېدى رەنا ئۆيدىن چىققاندا ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ.

رەنا دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، سارىخان بىلەن گۈلبانۇ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى، ئانا بىلەن قىز ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى، ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرى قان ئارىلاش تۆكۈلۈۋاتاتتى، ئالتە قول ئىسسىق قانغا بويالدى، رەنا چىشىنى چىڭ چىشلەپ تۇراتتى، ئاخىر ئۇ ئانا ـ بالىنىڭ يىغىسىغا چىدىماي ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا يىغلاپ كەتتى، قوللىرىدىكى قانلار يەرگە تامچىدى، شۇ تاپتا زېمىنمۇ ئۇلارنىڭ دەردىدىن خەۋەر تاپتى.

— سەۋر قىلىڭ، سارىخان ھەدە، ماڭا ئىشىنىڭ، مەن چوقۇم

سىزنى مۇشۇنداق تۇرمۇشتىن خالىي قىلىمەن، ــ دېدى رەنا ئۇلار بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، ئاندىن ماشىنىسىغا چىقىپ، ماشىنىسىنى ئاستا قوزغاپ ماڭدى.

قوشنىلار سارىخان بىلەن گۈلبانۇغا قارىدى، ئۇلار كەينىگە يېنىپ ئۆيىگە كىردى، ئانا بىلەن قىز يەردىكى كىگىزگە ئۆزىنى ئاتتى، ئۇلارنىڭ يىغىسىدىن دۆڭدىكى ــ كەڭ كەتكەن قەبرىستانلىقتىكى ئەرۋاھلارمۇ تەسىرلەندى.

رەنا يولغا چىققۇچە ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى، ئاندىن ئۇ رەپقەتكە تېلېفون بەردى: «ئەممىسە مەن يولغا چىقتىم، رەپقەتكا» دېدى.

رەپقەت تېلېفوندا : «ئەگەر ئاكا دېمەي، رەپقەت دېسىڭىز، سىزنى ناھايىتى ياخشى بىر ئىش بىلەن مۇكاپاتلايمەن» دېدى. رەنا تېلېفوندا كۈلدى، ئۇ ئانىسىنىڭ قويىنىدىكى بۇلبۇلدەك تاتلىق كۈلگەنىدى. «قانداق مۇكاپاتلايسىز؟» دېگەندە، رەپقەت ئۇنىڭغا : «سىزنى بىر ئايغىچە قويۇۋەتمەي قۇچاقلاپ ياتىمەن» دېدى. رەنا كۈلۈپ تېلېفوننى ئېتىۋالدى.

رەنا رەپقەتنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى، رەپقەت ئۇنى قۇچاقلىۋالدى.

ــ ئاستىراق، رەپقەتكا، ھېلىلا زامان ئاخىر بولۇپ كېتىدىغاندەك قىلىپ كېتىۋاتىسىزغۇ! ــ دېدى رەنا كۈلۈپ.

ــ يەنە بىر دەم كەلمىگەن بولسىڭىز زامان ئاخىر بولاتتى، رەنا! ــ دېدى رەپقەت چاقچاق قىلىپ.

رەنا قولىنى يۇيۇپ ئۈستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى، داستىخاندا نۇرغۇنلىغان يەيدىغان نەرسىلەر بار ئىدى، رەنا كىچىك بىر پارچە تونۇر كاۋىپىنى ئاغزىغا سالدى.

ــ مۇشۇ كۈندە قىزلار سەمرىپ كېتىۋاتىمىز دەپ ئانچە گۆش يېگىلى ئۇنىمايدىغان بولدى، ــ دېدى رەنا.

ــ مېنىڭچە ئادەم گۆش يېگەنگە سەمرىمەيدۇ، رەنا، كۆڭلى ئوچۇق، مىجەزى ياخشى ئادەملەر ئۇچ ۋاق قايناق سۇ ئىچسىمۇ

سەمرىۋېرىدۇ!

— بەلكىم، مەن مۇشۇ كۈنگىچە ئۇنداق ئادەملەرنى كۆرۈپ باقمىدىم تېخى...

«كىچىككىنە تۇرۇپ بىلمەيدىغىنى يوق بۇ سەتەڭنىڭ، يۈزىدىكى ئاشۇ چېچەكنى چىشلەپ ئۈزۈۋالغۇم كېلىدۇ ـ دە، ئىگەكىم!» دېدى رەپقەت ئىچىدە.

رەنا ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى:

— گەپ قىلمايسىزغۇ، ئىچىڭىزدە مېنى بىرنېمە دەۋاتىسىز ـ ھە؟!

— ئۇنداق ئەمەس، يۈزىڭىزدىكى چېچىكىڭىزگە قاراپ ھوشۇمدىن كېتىۋاتىمەن، — دېدى رەپقەت گېپىنى ئوڭشاپ.

— ئەر دېگەن چېچەككە تويمايدۇ ـ ھە، رەپىقەتكا؟ — دېدى رەنا.

— ئەر دېگەننىڭ ئىشى چاتاق ئىكەن، رەنا، قورسىقى تويسا كۆزى تويمايدىكەن، — دېدى رەپقەت.

— سىز ئۇنداق ئەرلەردىن ئەمەس، رەپقەتكا!

— خاتالاشتىڭىز، رەنا، مەن نەق ئاشۇنداق ئەرلەردىن، ئەگەر مۇشۇ ئۆينىڭ زۇۋانى بولغان بولسا، سىزگە كېچە ـ كۈندۈز سۆزلەپ بېرەتتى، — دېدى رەپقەت.

— بۇگۈن ئۆينى سۆزلەتمەيمىز، رەپقەتكا، ئىككىمىز سۆزلەيمىز، — دېدى رەنا كۈلۈپ.

كەيپىيات ناھايىتى ياخشى ئىدى، رەپقەت رەنانىڭ چىنىسىگە چاي قۇيۇپ تۇراتتى. رەنا قولىنى ئاپپاق قەغەزگە سۈرتۈۋېتىپ، تاماق يېيىشنى توختاتتى، ئاندىن ئۇ يەنە قولىغا ئىككى ۋاراق قەغەز ئېلىپ، دېرىزە تەرەپكە قاراپ ئاغزىنى ئېرتتى، ئاندىن تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ، قولى بىلەن چىشىنى يۇيۇپ چىقتى.

رەپقەت كەڭ كارىۋاتتا يانپاشلاپ يېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى، رەنا ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، خۇش پۇراق ئەتىرنىڭ ئالامەتلىرى رەپقەتنىڭ ئەرلىك تومۇرلىرىنى

ئويغىتىشقا باشلىدى، ئۇ ئەتىرنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ رەناغا چاپلىشىپ ئولتۇردى، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەكلىرىنى تۇتۇپ ئۇۋۇلاشقا باشلىدى، ئارقىدىن ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىنى تۇتۇپ قويدى. ئۇ رەنا بىلەن كۆرۈشكەندە، مۇشۇنداق كارىۋات ئۈستىدە بولۇپ قالغاندا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىنى تۇتۇپ ئۇۋۇلاپ، ئۇنىڭ بەدىنى ۋە ھېسسىياتلىرىنى قىزىتىپ ئۆزىنىڭ مەنۋىيىتىگە يېقىنلاشتۇرۇۋېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ باشقا يەرلىرىگە ئېسىلاتتى، بەزىدە ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇنداق ئىشلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغايتتى، ئاخىرقى ھېسابتا كەلگۈلۈك كارىۋاتقا كەلدى. كارىۋات ئۇچار گىلەمنىڭ ئۈستىگە چىقتى، ئاندىن گىلەمنىڭ ھەربىر زەيلىرىنىڭ ئىچىدىكى گۈللەر ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى، ھەممىسى ئادەمنى بىكارچى قىلىپ سارائ قىلىدىغان مۇڭلار ئىدى، ئادەمنىڭ ئېسىنى يوقىتىدىغان ئۇدار ئىدى، ئاندىن گىلەم ئۆينىڭ ئىچىدە ئايلىنىشقا باشلىدى، ئۇ ھەربىر تامغا بېرىپ چىرايلىق كۆرۈنۈش بولۇپ شەكىللەندى، ئاندىن كارىۋاتنى ئۆز ئورنىغا ئەمەس، تازىلىق ئۆينىڭ قېشىغا ئەكېلىپ چۈشۈرۈپ قويدى، گىلەم ئەسلىدىكى تامغا بېرىپ چاپلاشقاندىن كېيىن، تازىلىق ئۆيىنىڭ سۇلىرى شارقىراشقا باشلىدى، خۇش پۇراق سوپۇنىنىڭ شىرنىلىرى شەيتان سۇغا ئارىلىشىپ، تازىلىق ئۆيىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. بۇ ۋاقىتتا كارىۋات كۆزىنى يۇمۇپ دەم ئالاتتى، تامدىكى سىرلىق گىلەم ئۇنىڭ چۈشىنى ئوينىتاتتى.

رەيھەت دېرىزە تەرەپكە قاراپ خورەكنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قالغانىدى. خورەك ئۇنىڭ مەنۋىيىتىنى دەريا بويىغا باشلاپ ئەكەتتى، رەيھەت ئاپپاق خورەكنى ئىسسىق ئالىقىنىغا ئېلىپ، مېڭىپ ئەمەس، ئۇچۇپ دەريا بويىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى، ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇنىڭ مۇڭ بولۇپ كەتكەن ھالىتىنى كۆرگەن تونۇش كېپىنەكلەر، كەپتەرلەر، ئاق قۇلار، ئاتەش قۇشلار، تورنىلارنىڭ

ھەممىسى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ دەريادىكى ئاشۇ ئارالغا يېتىپ كەلدى، ئۇلار ئارالدا ئۇنى يەرگە چۈشۈرمەي قانات ـ قۇيرۇقلىرىغا ئېلىپ ئۇزاققىچە غاز ـ غاز قىلىپ ئوينىدى. ئارالدىكى ئادەملەرگە، ھايۋانلارغا، چوڭ ـ كىچىك قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا، دەريادىن بېشىنى چىقىرىپ تاماشا كۆرۈۋاتقان بېلىقلارغا بايرام بولغانىدى.

كارىۋاتتىكى خورەكلەر داۋاملىشىۋاتاتتى، تالادىكى قاراڭغۇلۇق دېرىزىگە كېلىپ چاپلىشىپ بولغانىدى، ئۇلار ئۆيدىكى توكقا ھەۋەس قىلاتتى، تىرىشىپ دېرىزە پەردىسىنىڭ يوچۇقىدىن ئۆيدىكى مەڭگۈلۈك كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈۋالغۇسى كېلەتتى.

دەسلەپتە رەيقەت ئويغىنىپ كۆزلىرىنى ئاچتى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ توك ئوچاقتا چاي قايناتتى، ئۇ چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ رەناغا قارىدى، رەنانىڭ جامالىدىن ئىللىق نۇر يېغىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ يۈزىدىكى ئاشۇ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى يەيدىغان قىزىل چېچەكنى يەنە شۇنداق يېقىملىق ھەم گۈزەل ئىدى، ئەتىگەندىن بېرى ئوچۇق تۇرغان تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازى رەنانى ئويغىتىۋەتتى.

— ھە، بەك ئۇخلاپ كېتىپتىمەن ـ دە، — دېدى رەنا، — خورەك تارتتىممۇ؟

— ھە، ئالامەت، مەن خورەكلىرىڭىز بىلەن خېلى بىر يەرلەرگە بېرىپ كەلدىم، خورەكلىرىڭىز كۆڭۈلدىن ـ كۆڭۈلگە ئوماقلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، رەنا، يۇتۇۋالغۇدەك خورەك تارتىسىز جۇمۇ! — دېدى رەيقەت كۈلۈپ.

— ئاكام بار دەپ خاتىرجەم خورەك تارتىمەن ـ دە! — دېدى رەنا كۈلۈپ.

— ئۇستەلگە كېلىڭ، چاي ئىچىمىز، رەنا.

رەنا كارىۋاتتىن چۈشۈپ، تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، ئۇ قولىنى يۇيۇپ چىقىپ رەيقەتنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— نۇرغۇن يىل بولدى، رەنا، سىزگە دەيدىغان بىر گەپ بار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىدى.

— دەڭا، رەپقەتكا !

— ئىككىمىز توي قىلىشالىساق بولاتتى، رەنا...

— يەنە شۇ گەپما، بۇ گەپنى بەكمۇ جىق قىتىم دېدىڭىزغۇ...

— توغرا، شۇ هاراق ئىچكەندە، ئويۇن تاماشا قىلغاندا دېدىم، ئەمدى مانا هازىر بېشىم ساق ۋاقتىدا دەۋاتىمەن، بۇگۈن دېگىنىم راست...

— تېخى مۇنداقمۇ ئىش بار ئىكەن - دە، رەپقەتكا، يەنە بىر توي قىلىشالاي دەپسىزكەن - دە. ئويىڭىزغۇ ياخشى ئىكەن، بىراق هۆكۈمەت بىر ئادەمنىڭ ئىككى خوتۇنلۇق بولۇشىغا ئۇنىمايدىغۇ! — دېدى رەنا كۈلۈپ.

— ئۆيدىكى مومايىنى قويىۋېتەمەدىم !

— ئەخمەق بولماڭ، رەپقەتكا، سىزگە ئەسقاتىدىغان ئادەم ئاشۇ ئۆيدىكى موماي، ئۇ دېگەن هە دېگەندە ئاپپاق يوتقان ئىچىدە كۆزىڭىزنى ئاچقان ئايال...

— ئۇنىڭ گېپىنى قىلماڭ، رەنا، ئۆيدىكى خوتۇن تېخى ئېسىنى تاپمىغاندا مەن بىر مەهەللىنىڭ قىزلىرى بىلەن ئاداش بولۇپ بولغان !

— مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن، بىراق هەرقانداق پەرى ئايال ئالسىڭىزمۇ بىرىنچى خوتۇنغا يەتمەيدۇ، رەپقەتكا، بىرىنچى خوتۇن ئۇ يۈرىكىڭىزدە ئېچىلغان گۈل، ئىككىنچى خوتۇن ئالقىنىڭىزدا ئېچىلغان گۈل، قولنى يۇيۇۋەتكىلى بولىدۇ، يۈرەكنى يۇغىلى بولمايدۇ، — دېدى رەنا.

— چاقچاق ئەمەس، رەنا، مەن ئايالىمنى بىر ئامال قىلىپ قويۇۋېتىپ سىزنى ئالىمەن !

— مېنى پۇتىڭىزغا باغلىۋېلىپ نېمە قىلاي دەيسىز، ئاكا، مۇشۇنداق يۈرسەك نېمىدېگەن ياخشى !

— پۇتۇمغا ئەمەس، رەنا، يۈرىكىمگە باغلىۋالىمەن ! — دېدى رەپقەت رەنانىڭ كۆزلىرىگە قاراپ، ئاندىن ئۇ چوك قىلىپ ئۇنىڭ

چېچېكىگە بېرنى سۆيۈۋالدى.

— مېنى ئالسىڭىز قانداق بولىدۇ، رەپقەتكا؟ مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى بىلمەمسىز؟ كىشىلەر ئالدىمدا كۆلگىنى بىلەن كەينىمدا مۇشۇ شەھەردىكى ھەممە يامانلىقنى ماڭا ئارتىدۇ، مەن بۇ ئىشلارنى ياخشى بىلىمەن!

— كۆرەلمەيدىغان ئادەملەرنىڭ قىلىقى ئۇ! ئېسىڭىزدە بولسۇن، سىزدەك، مەندەك قورسىقى كەڭ ئادەملەر بەك ئاز، پۇل تاپالمىغان، پۇل تاپالمىغان ئادەملەر كۆپ ھاللاردا قورسىقىدىكى قۇرتقا ئەگىشىپ ماڭىدۇ.

— چاقچاقنى ئاز قىلىڭ، رەپقەتكا، تۇرمۇشۇڭىزنى قالايمىقان قىلماڭ، تالادىكى ئويۇننى دەپ ئائىلىڭىزنى دەسمايە سېلىپ بەرسىڭىز بولمايدۇ، تالادىكى ئويۇن ئېرىقتىكى لاي سۇغا ئوخشايدۇ، سۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنى ھېچكىم كۆرەلمەيدۇ، ئائىلە دېگەن ئۇ بىر سۈزۈك بۇلاق، ئۇنىڭغا بىر قىل ئارىلىشىپ قالسىمۇ بولمايدۇ.

— گەپلىرىڭىز توغرا، رەنا، بىراق موماي خوتۇن مېنى قېرىتىۋېتىپ بارىدۇ، — دېدى رەپقەت رەنانىڭ كۆزلىرىگە قاراپ.

— سىز مېنى دەپ قىزلىرىڭىزنى يېتىم قىلىشقا رازىمۇ؟

— سىز يېتىم دېگەن سۆزنى قانداق چۈشىنىسىز رەنا؟ كىم يېتىم ئەمەس، ھەممىمىز مۇشۇ دۇنيادا يېتىم! ئەگەر مېنىڭ قىزلىرىم كىچىك بولغان بولسا، ئۇلار تېخى ئون سەككىز ياشقا كىرمىگەن بولسا، ئۇلارنى يېتىم دېسەك بولىدۇ. قىزلىرىمنىڭ ھەممىسى ئون سەككىز ياشتىن ئېشىپ كەتتى، ھەممىسىنىڭ ئىش ئورنى بار، ئۇلار يەنە قانداقسىگە يېتىم بولىدۇ؟ ئۆزىنىڭ كۈنىنى كۆن ئېتەلەيدىغان ئادەمنىمۇ يېتىم دەمدۇق؟! مەن ۋەزىپەمنى ئادا قىلىپ بولغان ئادەم، رەنا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدىكى موماي خوتۇن مۇشۇ كۈندە...

— بۇ گەپلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ئادەمنى قايىل قىلالمايدۇ،

رەپقەتكا. سىز بالىنى ئون سەككىز ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن يېتىم دېمەيمىز دېگەن بۇ ئۇقۇمنى نەدىن تاپتىڭىز، رەپقەتكا ؟ بۇ گەپ ھېچ يەردە ئاقمايدۇ. توۋا دەڭ، مەن قانداق قىلىمەن دەۋاتىسىز، بۇ ئىش ئاسان، مۇشۇ ئۆينىڭ ئاچقۇچىدىن بىرنى ماڭا بەرسىڭىز بولىدۇغۇ !

— ياق بىز رەسمىي توي قىلىپ، بازاردا بىر - بىرىمىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ يۈرىشىمىز كېرەك !

— سىز بازاردا مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ ماڭالامسىز؟ ئۇ ۋاقىتتا خەق سىزنى نېمە دەيدۇ؟ مۇشۇ شەھەردە مېنى بىلىدىغان ئادەملەرنىڭ مېنى قانداق ئادەم دەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن، بىز بىرەر ۋاق تاماقنى بىللە يېسەك بولىدۇ، لېكىن مەندەك قىزنى خوتۇن قىلىسىڭىز بولمايدۇ، سىز بىر ئەۋلىيا ئەمەس، ئادەم تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن مۇشۇ ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلمايسىز؟ — دېدى رەنا. ئۇ ناھايىتى روھلىنىپ كەتكەندى، كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى.

— ياق، رەنا، سىز ئۇنداق دېمەڭ، مەن سىزگە ئوخشاش ئوقۇغان بولسام، ھازىرلا سىزنى قايىل قىلغۇدەك بىر باھانە تېپىپ بەرگەن بولاتتىم، مۇشۇنداق گەپ، ئادەم بىلەن ئادەم ئوخشىمايدۇ، شۇڭا بىزنىڭ ياشاش ئۇسۇلىمىزمۇ ئوخشىمايدۇ. سىز بايام بەك سەت گەپ قىلدىڭىز، ئۇ گەپنى مېنىڭ دېگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. مېنىڭچە بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئۇنداق ئىش يوق، ئىشىنىمەن، سىز دېگەن ئاشۇ سەت گەپ ئۇزاققا بارماي بىزنىڭ سۆزىمىزنىڭ ئىچىدىن يوقىلىدۇ، بىز تۇرمۇشتا ئۆزىمىزنىڭ قەلبىنى ئاساس قىلىپ ياشايمىز، قەلبىمىزنىڭ يېتەكلىشىگە ھۆرمەت قىلىمىز، قەلبىمىزنى تومۇرىمىز سوقىدىغان ئىشقا توغرىلايمىز، ئەكسىچە خەقلەرنىڭ باھاسى ئىچىدە قازان قايناتمايمىز، — دېدى رەپقەت رەناغا قاراپ.

«خېلى گەپ قىلىدىكىنە بۇ ئادەم» دېدى رەنا ئىچىدە.

— راست دەيسىز، رەپقەتكا، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ

دۇنياقارىشى ئىچىدە ياشايدۇ، لېكىن ھەممە ئىشلار سىز دېگەندەك راۋان، كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. بىر ئىشنىڭ بىرنەچچە تەرىپى بولىدۇ، بىز ھامان پەردە ئىچىدە ياشايمىز، شۇڭا سىز ئەمدى ماڭا ئاشۇنداق چاقچاقلارنى قىلماڭ، ئەڭ بولمىغاندا سىز بالىلىرىڭىزنىڭ كۆڭلىنى ئايىمىسىڭىز بولمايدۇ. بىز ئاياللار ھامان ئاجىز، رەپىقەتكا، بىز ئاران دەريا بويىغىلا بارالايمىز، دەريانىڭ ئۇ چېتىدىكى مەنزىرە ھەرگىز بىزگە مەنسۇپ ئەمەس.

— بۇمۇ سىزنىڭ قارىشىڭىز، رەنا، سىز ئوقۇغان ئادەم، ئاساسى يوق، ئاقمايدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلمايسىز، لېكىن مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سىز بىلەن توي قىلىمەن، مېنىڭ بۇ ئىرادەمنى ھېچكىم توسۇيالمايدۇ، ياخشى كۆرۈشنىڭ ئۆزى گۇناھ ئەمەس. رەنا، ۋاقىت ھەممىگە جاۋاب بېرىدۇ. سىز بايام بىر گەپ قىلدىڭىز، بىز ئاياللار ھامان ئاجىز كېلىمىز دېدىڭىز، توغرا، بىز ئەرلەرمۇ نۇرغۇنلىغان ئىشلاردا ئاجىز كېلىمىز، كۆڭلىمىزدىكى بار نەرسىنى سىرتقا ئاچىقالمايمىز، مۇشۇ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئالەمدە، بىز نېمە ئۈچۈن بىر قېتىم بولسىمۇ ئۆزىمىزنىڭ مۇشۇنداق مۇقەددەس ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلمايمىز؟ نېمە ئۈچۈن بىرەر قېتىم سەتلىشىپ باقمايمىز؟ بىز ئەقىل سېپۈتىگە توغۇلغان ئەمەس، رەنا، بىز ئالدى بىلەن ياشايمىز، باھانى خەق بېرىدۇ، ئۇ باھالارغا بىزنى باغلاپ تۇرۇپ پېشانىمىزدىن تېشىپ قويمايدۇ، ئۆزىگە، يەنە باشقىلارغا، يا شامالغا سۆزلەيدۇ. مەن ئەسلىي سىزگە بىرلا ئېغىز گەپ قىلماقچىدىم، بۇ گېپىمنى يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، مەن ئۆزۈمنىڭ سىز بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن ۋاقتىمنى ئالامەت ياخشى كۆرىمەن، — دېدى رەپىقەت، ئۇ شۇ تاپتا شۇ قەدەر سەمىمىيلىشىپ كەتكەنىدى.

«مانا ئەمىسە، ئىش بار ئوخشىمامدۇ تېخى» دېدى رەنا ئىچىدە. ئۇ ئويلىنىپ قالدى، ئىلگىرى رەپىقەت ئۇنىڭغا مۇشۇ گېپىنى بىرنەچچە قېتىم دېگەنىدى. رەنا : ئۇ ماڭا چاقچاق قىلىۋاتىدۇ،

دەپ چۈشىنەتتى، مانا بۈگۈن ئۇ بۇ گەپكە ئىشەندى. «ئۇ مېنى ئېلىپ نېمە مەقسەتكە يېتەر؟ ئۆزى دېگەندەك بازارلاردا مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ كوچا ئايلىنىش ئۈچۈنلىمۇ؟» دېدى رەنا ئىچىدە.

ئۇلار جىمىپ كەتتى. ئىككىلىسىنىڭ چىرايىدا بىر خىل جىددىيلىك پەيدا بولدى، ئۇلار بىر - بىرىنىڭ چىرايىنى كۆرەلىگىنى بىلەن، بىر - بىرىنىڭ يۈرىكىنى كۆرەلمەيتتى، بىر - بىرىنىڭ قورساقلىرىدا ئويناۋاتقان ھۈنەرلەرنى كۆرەلمەيتتى. رەنا قاتتىق خىيالغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ: «ياق، مېنى ئاۋارە قىلماڭ» دەپ رەپقەتنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتسىمۇ بولاتتى، لېكىن ئۇنداق قىلالمىدى. ئۇ مۇشۇ ئىش ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدى. ئۇ ئەسلىي دەسلەپتە كۆزى ئېچىلىپ سۆيگەن ئەركىن بىلەن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن، مۇشۇ كۆڭۈلچە ھېلىقىدەك مۇھەببەت - سۆيگۈ دەيدىغان نەرسىگە ئىشەنمەي كەلگەنىدى. «كىشىلەر مۇشۇنداق نەرسىلەرنى دەسمايە قىلىپ ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتىدۇ» دەيتتى ئۇ. لېكىن، رەپقەتنىڭ ئەھۋالى ئۇنى قىزىقتۇراتتى، چۈنكى رەپقەت بىر زور ئىگىلىكنىڭ ئىگىسى ئىدى، ئەگەر ئۇ رەپقەت بىلەن توي قىلسا، ئەلۋەتتە، ئۆزىنىڭ مەن مۇشۇ ئون يىل ئىچىدە ئوقەت قىلىپ ئەڭ كاتتا بايلارنىڭ قاتارىغا ئۆتىمەن دېگەن نىشانىغا تېزرەك يېتىۋېلىش ئاساسىغا ئىگە بولاتتى، رەنا بىرىنچى قېتىم مۇشۇ ئىش ئۈستىدە ئويلىنىشىپ قالدى.

رەپقەتنىڭ رەنانى ياخشى كۆرۈشىدىمۇ ئوبدانلا ئۆزىنىڭ مەقسىتى بار ئىدى: بىرىنچىدىن، ئۇ بىر قارا قورساق، لېكىن مەن قارا قورساق بولغىنىم بىلەن ئايدەك بىر زىيالىي قىزنى ئالدىمغۇ؟ قانداق قىلىسەن؟ دېگەن ھېسسىياتىنى بازارغا سالماقچى ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ ئۇنىڭ مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىش - ئوقىتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرالايتتى.

«قانداق قىلىشىم كېرەك؟ بۇ بىر پۇرسەت، مۇھەببەت قوغلىشىپ تۆمۈر تارغىقى بار تازغا تەگكۈچە، جېنى بار، پۇلى

بار مۇشۇنداق بىر ئادەمگە تېگىپ باقامدىم يا؟ مۇشۇنداق پۇرسەتكە كىرىپ ئۆزۈمنى بىر كۆرۈپ باقايمۇ يا؟ شەرت قويسام، ئەركىنلىكىمگە توسقۇنلۇق قىلمايسەن، ئۆزۈمنىڭ ئىش ـ ئوقىتى ئۆز ئالدىمغا بولىدۇ دېسەم، ئاندىن مېھمانخاناڭنى گۆرۈگە قويۇپ ماڭا بانكىدىن قەرز ئېلىپ بېرىسەن، مەنمۇ بىر بىنا سېلىپ ماڭغۇزىمەن دېسەم، ئۇ مېنىڭ مۇشۇ تەلەپلىرىمگە كۆنەرمۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلىدى رەنا.

رەنا رەيقەتنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقماقچى بولۇپ ئۇنى گەپكە سالدى:

— مېنى بىلىڭىزگە باغلاپ سۆرەپ ئوينايمەن دەۋاتىسىزغۇ، رەيقەتكا!

— ئۇنداق دېمەڭ، مەن سىزنى گۈل قىلىپ قولۇمغا قىسىمەن، — دېدى رەيقەت. ئۇ رەنانىڭ ھېسسىيات جەھەتتە ئۆزىگە بېقىنغىنىنى ھېس قىلدى.

— مەن بايام ئازراق ئويلىنىشىپ قالدىم، رەيقەتكا، مەن سىزنىڭ مىجەزىڭىزنى ياخشى كۆرىمەن، سىز پۇلنى دوست تۇتمايسىز، ئادەمگەرچىلىكىڭىز بار، ئاغىنىڭىز جىق، بۇ تەرەپلىرىڭىز ماڭا ياقىدۇ، بىراق مەن سىز بىلەن توي قىلسام ھەر ئىككىلىمىزگە ياخشى بولمايدىغاندەك بىلىنىدۇ، مېنىڭمۇ ئاتا ـ ئانام بار، جەمەتىم بار، سىزمۇ شۇنداق، بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز ئىش تېپىۋالىدىغان ئوخشايمىز، ئەڭ ياخشىسى بىز مۇشۇنداق دوست بولۇپ يۈرەيلى!

— سىز مېنى چۆشەنمەيۋاتىسىز، رەنا...

— مېنىڭ دېگىنىم، سىز ئەمەلىيەتچانراق بولۇڭ، ئائىلىڭىزگە زەربە بېرىپ نېمە قىلىسىز؟ مەقسىتىڭىزگە يەتسىڭىز بولدىغۇ؟

— كۈندە مۇشۇنداق ئوغرىدەك يۈرەمدۇق؟

— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، رەيقەتكا، ئەگەر، ھازىرچە ئەگەر دەپ تۇرايلى، ئەگەر بىز توي قىلىدىغان بولۇپ قالساق، مەن

سىزگە : جىنىم غوجام رەپقەت، بىرىنچىدىن، مەن ئۆزۈمنى مايغا مىلىمەيمەن؛ ئىككىنچىدىن، بۇرۇنقىدەك ئۆزۈمنىڭ ئەركىنلىكىنى ساقلايمەن؛ ئۈچىنچىدىن، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزۈمنىڭ ئىگىلىكىنى ئۆزۈم تۇتىمەن؛ تۆتىنچىدىن، سىزگە ئوخشاش بىر بىنا سېلىپ، ئۇنى مېھمانخانا قىلىمەن، سىز بۇ ئىشتا ماڭا ياردەملىشىپ بانكىدىن قەرز ئېلىپ بېرىسىز ، دەپ شەرت قويسام، سىز مېنىڭ مۇشۇ پىكىرلىرىمگە قانداق قارايسىز؟ — دېدى رەنا رەپقەتنىڭ كۆزلىرىگە بىر قارىۋېتىپ. رەنانىڭ مۇشۇ قاراشلىرىدا بۇرۇنقىدەك ئازادە، يېقىملىق ھېسسىياتلارنى كۆرگىلى بولمايتتى.

«مانا ئەمىسە، مەن قويىمەن دېسەم مېنى قويىدى» دېدى رەپقەت ئىچىدە.

— قولۇم كۆكسۈمدە، ئۇ ئادەتتىكىدەك بىر ئىش ! — دېدى رەپقەت. ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق ئىدى. «بۇ جادۇگەرنىڭ چاندۇرماي ئولتۇرغىنىنى قارا» دېدى رەپقەت ئىچىدە.

— ئەمدى بۇ بىر دەۋاتقان گەپ، رەپقەتكا، مەن ھەرقانداق ئىشتا سىزنى مەجبۇر قىلسام بولمايدۇ، سىز مېنى دەپ مەجبۇر بولۇپ قالسىڭىز بولمايدۇ ! — دېدى رەنا.

— مەن دېگەن بىر ئوغۇل بالا، مەن ئەسلىدە بۇرۇن كۆندىلىكىمنى كۆندە تېپىپ يەيدىغان بىر ئادەم ئىدىم، ھازىر ماڭا خۇدايىم بەردى، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سىزنىڭ ئۇ تەلەپلىرىڭىز مەن ئۈچۈن بەكمۇ نورمال بىر ئىش، ئۇ ھەم مېنىڭ خەلقئالەم ئالدىدا يۈزۈم ئوچۇق بولىدىغان بىر ئىش، بۇ ئىشلارنى قىلغان ھەرقانداق بىر ئادەم مېنىڭ گېپىمنى قىلىدۇ ! بىز توي قىلايلى، رەنا، سىز مېنىڭ ئەمەلىيىتىمنى كۆرۈڭ ! — دېدى رەپقەت.

«ماقۇل دەۋېتەيما؟ ھېچكىمگە مەسلىھەت سالماي ماقۇل دەۋېتەيما؟ ئاپامغىمۇ دېمەي ماقۇل دەۋېتەيما؟ ئۆزۈمدىن ئون

نەچچە ياش چوڭ بىر ئادەمگە تېگەمدىم؟» دېدى رەنا ئىچىدە، ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى.

— ئەممىسە، بولىدۇ رەپقەت، توي قىلايلى، — دېدى رەنا كۆزلىرىنى ئېچىپ ئەستايىدىل قىياپەتتە.

رەپقەت ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى، ئاندىن ئۇنىڭ چېچىكىگە كەينى ـ كەينىدىن بىرنەچچىنى سۆيدى:

— رەھمەت، رەنا، مەن مۇشۇ كۈننى ئارزۇ قىلاتتىم، مانا ئەمدى مەن ئەڭ بەختلىك بىر ئادەم. سىز مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئايالىمنى، بالىلىرىمنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرىمەن ! — دېدى رەپقەت. ئۇ تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى.

— مەن سىزگە ئىشىنىمەن... بىراق سىز بەك ئالدىراپ كەتمەڭ، بىز بايام بەكمۇ جىق گەپلەرنى قىلىشتۇق، ئەگەر ئىككىمىز توي قىلساق، ماڭا قارىغاندا سىزگە بېسىم جىقراق بولىدۇ، چۈنكى سىز ئايالىڭىز بىلەن قىزلىرىڭىزنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرمىسىڭىز بولمايدۇ، سىز بۇ ئىشقا ئالدىرىماڭ، رەنا ماقۇل بولدى، ئەمدى مەن ئىشلارنى تېز بىر تەرەپ قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىۋالاي دەيدىغان ئويغا باغلىنىپ قالماڭ، ئوبدان ئويلىنىڭ.

رەپقەت كۈلدى:

— بەك ياخشى گەپ قىلدىڭىز، رەنا، لېكىن مەن ئوقۇمىغان بىلەن ئىش بىلىمەن، ئەللىك يىلدىن بېرى نۇرغۇنلىغان ئىشلانى كۆردۈم، مەن بازاردا شاللىنىپ كەتمەي تاپقىنىمنى بۇگۈنگىچە تۇتۇپ كەلدىم... مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سىزدىن هۇزۇرلىنىمەن، مەن مۇشۇ كۈنگىچە سىزدەك سەرخىل قىزنى كۆرمىگەن، مەن ئۆزۈمنىڭ ھېسسىياتىغا سادىق بولىمەن، ئىشقىلىپ، مەن سىز بىلەن توي قىلىمەن، سىزنى ئالىمەن...

ئۇلار ئۇزاقتىن ـ ئۇزاققىچە پاراڭلاشتى، گەپ ـ سۆزلەر ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. رەنانىڭ كۆزلىرىنىڭ ئېكرانىدا رەڭگارەڭ كېپىنەكلەر ئويناۋاتاتتى، رەپقەتنىڭ قۇشلىرىمۇ

ھارماي سايرايتتى، لېكىن مۇنداق سۆزلەر، مۇڭلار، كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي بىر مەقسىتى، يەنە مۇھىم مۇناسىۋىتى ئۇستەلنىڭ ئۇستىگە چىقمىغانىدى، ئۇلارنى نىكاھ ئارغامچىسىغا باغلىماقچى بولغان ھەقىقىي نەرسە قورسىقىدىكى ئاشۇ دېگىلى بولمايدىغان مەقسىتىدە ئىدى.

# سەككىزىنچى باب

## خەمىت مۇرادىغا يەتتى

رەنا بۇگۈن ئادىتىنى بۇزۇپ، ئەتىگەندىلا ئۆيدىن چىقتى. ئۇ ماشىنىسىنى ھەيدەپ بازارغا كەلدى ـ دە، بىر چايخانىغا كىرىپ چاي ئىچتى، چايخانىدا خاس ئەرلەر ئوخشىغان گىردە نان بىلەن چاي ئىچىۋاتاتتى. كۆتكۈچى قىز ئۇنىڭغا نان بىلەن چاي ئەكىلىپ بەردى، رەنا ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ قويۇپ چېيىنى ئىچىۋەردى. چايخانىنىڭ ئىچى تەرىپىدە ئولتۇرغان بىرنەچچە ئادەم بىر ـ بىرىگە پىچىرلاپ : «ئۆيى يوق قىزمىدۇ بۇ؟ ئەتىگەندىلا چايخانىغا كىرىپتۇ يا؟» دېدى. رەنا چېيىنى ئىچىپ بولۇپ، كۆتكۈچى قىزغا پۇلنى بېرىپ، چايخانىدىن چىقىپ كەتتى.

— مەن تونۇيمەن بۇ قىزنى، دادىسى چوڭ بىر باشلىق، — دېدى بىرسى.

— ئۆتكەندە بىرسى ئامېرىكىدا ئوقۇپ كەلگەن قىز بۇ دەۋاتاتتى، — دېدى يەنە بىرسى.

— ماشىنىسى بار ئىكەن ئەمەسما، ئەمما باي قىز جۇمۇ بۇ ! — دېدى يەنە بىر ئادەم گەپكە ئارىلىشىپ.

سەھەرنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى ياخشى ئىدى، رەنا ماشىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئەينەكلىرىنى ئادىتى بويىچە يېرىم چۈشۈرۈپ قويۇپ، ماشىنىسىنى قوزغىدى، ئاندىن ئۇ تونۇگۈن بېرىپ كەلگەن گۈلبانۇنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇ تونۇگۈن

يېرىم كېچىدە ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، بېشىنى تەكىيىگە قويۇپ ياتقاندا گۇلبانۇنىڭ يىغىسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالغانىدى.

رەنا بۈگۈن ئەركىن بازىرىنىڭ ئاشۇ قالايمىقان كوچىسىدىن ئاسانلا ئۆتتى. ئەتىگەن بولغاچقا ، يول ئازادە ئىدى، چوڭ يولغا چىقىۋالغان پىيادىلەرمۇ يوق ئىدى، ئىچەرمەنلەر چۈشتىن باشلاپ مەست بولۇپ قېپىپ، مايماق دەسسەپ مۇشۇ يولنى توغرا كېسىپ يولنىڭ ئۇ چېتىگە ئۆتەتتى. مۇستەھكەم ھالدا جاھىللىق بىلەن يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى پىيادىلەر يولنى ئىگىلەپ يايمىلىرىنى يېيىپ سېتىقچىلىق قىلىۋاتقان ئادەملەر ماللىرىنى ماختاپ توختىماي ۋاقىرايتتى: «بىكارغا بېرىشنىڭ ئورنى يوق ئاغىنىلەر، ماۋۇ شاڭخەيدە ئىشلەنگەن پايپىقنىڭ بىر سوم!» دەپ ۋاقىرايتتى. كىشىلەر بۇ يەرنى پايپاق بازىرى دەيتتى، تۈگمەن تەرەپتىكى بازارنى تۇخۇم بازىرى دەيتتى، تۇخۇم چېكىشتۈرۈپ ئوينايدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تۈگمەننىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، بىر ـ بىرىگە:

— تۇتە تۇخۇمىڭنى !

— سەن تۇتە !

— ياق، سەن تۇت !

— ئەكە، كۆرۈشۈپ باقايلى !

ياق، كۆرمەيسەن، تۇتساڭ ئۇرىمەن ! — دەپ تۇخۇم ئوينىغىلى كىرىشىپ كېتەتتى. يەنە تۈگمەننىڭ ئۇ يېقىدا ھەممە بازار بار ئىدى، ھاراقكەشلەر بازىرى، ئۆپكە ـ ھېسىپ بازىرى، كاللا ـ پاچاق بازىرى، كونا كىيىملەر بازىرى، چوكانلار بازىرى دېگەندەك بەكمۇ كۆپ بازار بار ئىدى. بۇ چوڭ ئەركىن بازىرىدا، توخۇنىڭ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسىنى تاپقىلى بولاتتى. رەنا تۈنۈگۈنكى يولنى بېسىپ مېڭىپ گۇلبانۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى، ئۇ ماشىنىسىنى گۇلبانۇنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا توختاتتى. ماشىنىنى كۆرگەن قوشنىلار ھويلىسىغا چىقىپ، قوللىرىدىكى سۈپۈرگىنى دەرۋازىنىڭ يېپىق قانىتىغا يۆلەپ

قويۇپ، قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ رەناغا قارايتتى، ئۇلار رەناغا قاراپ كۈلۈشەتتى، مۇشۇنداق تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتاتتى. تۇنۇگۈن رەنا سارىخان بىلەن خوشلىشىپ ئۇنىڭ هويلىسىدىن چىققاندا، قوشنىلارنىڭ هەممىسى دېگۈدەك سارىخان بىلەن گۈلبانۇنىڭ يىغلاپ ئېقىپ كەتكەن ئەهۋالىنى كۆرگەنىدى، هەم رەنانىڭ ئۇلارغا ساخاۋەت قولىنى سۇنماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدى، شۇڭا ئۇلار بۈگۈن رەنانى كۆرۈپ، ئېخسمۇ خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى.

رەنا هويلىغا كىرىپ گۈلبانۇ بىلەن كۆرۈشتى، گۈلبانۇ رەنانى كۆرۈپ جانلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

— ئاپام سەهەردە ئىنىلىرىم بىلەن كۆكتات بازىرىغا چىقىپ كەتكەن، — دېدى گۈلبانۇ رەنانىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ.

— ئەمىسە دەرۋازىغا قۇلۇپ سىلىپ مەن بىلەن مېڭىڭ سىڭلىم، بىز كۆكتات بازىرىغا بارايلى، — دېدى رەنا.

گۈلبانۇ دەرهال ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئۆيگە قۇلۇپ سالدى، ئاندىن رەنا بىلەن تالاغا چىقىپ، دەرۋازىنى قۇلۇپلىدى، بىرنەچچە قوشنىلار كۆزىنى ئۈزمەستىن ئۇلارغا دىققەت قىلىپ تۇراتتى.

— ئۆزى ياخشى قىز ئىدى، خۇدايىم بەردى مانا...

— سارىخان بەك تەستە ئوقۇتقانتى بۇ قىزىنى، مانا ئەمدى هاردۇقى چىقىدىغان بولدى.

— «كەچ قويغان خۇدايىم ئاچ قويماپتۇ» دېگەن مۇشۇ ـ دە، مانا...

قوشنىلار گۈلبانۇ ئۈچۈن شادلىناتتى، ئۇ رەنانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ماشىنىغا چىقتى، ئۇ رەنانىڭ قېشىدىكى ئورۇندا ئولتۇردى، لېكىن ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئۇكشاپ ياپالمىدى، رەنا ئۇنىڭغا چىڭ تارتىڭ دېگەندىن كېيىن، گۈلبانۇ ئاران ئۇكشاپ يېنىدىكى ئىشىكنى يېپىۋالدى.

ماشىنا ئەركىن بازىرىنىڭ كۆكتات بازىرىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى، بازارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، رەنا ماشىنىسىنى بىر گۆش دۇكىنىنىڭ ئالدىغا توختىتىپ قويۇپ، ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇ ماشىنىسىنى قۇلۇپلىۋېتىپ، گۈلبانۇ بىلەن كۆكتات بازىرىغا قاراپ ماڭدى، بازارنىڭ ئىچىدە ئادەم بەك جىق ئىدى، بازارنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى چېتى ئاشخانا ئىدى. ئەركىن بازار بويىچە، ياق، شەھەر بويىچە ئەڭ ئەرزان تاماق مۇشۇ يەردە ئىدى، ئەرزان لەڭمەن، ئەرزان پولۇ، ئەرزان مانتا، سامسا، دېگەندەك تائاملارنىڭ ھەممىسى بار ئىدى، يەنە شەھەرنىڭ ھېچقانداق يېرىدىن تاپقىلى بولمايدىغان ئۆچەي كاۋاپمۇ مۇشۇ يەردە بار ئىدى. سامسىپەزلەر ۋارقىراپ ـ ۋارقىراپ خېرىدار چاقىراتتى : «قويرۇق ماي بىلەن ياققان سامسا، خالايىق ! يۈرىكىڭگە داۋا !» دەپ ۋارقىرايتتى بۇرۇتلۇق سامسىپەز.

گۈلبانۇ رەنانى باشلاپ سارىخان ئوغۇللىرى بىلەن كۆكتات سېتىۋاتقان ئورۇنغا كەلدى، ئۇلار قىش ـ ياز مۇشۇ ئورۇندا كۆكتات سېتىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى، رەنا سارىخاننىڭ قېشىدا تۇرغان ئوغۇللىرىغا قارىدى، چوڭىنىڭ يېشى ئون ئىككىلەردە بار ئىدى، كىچىكىنىڭ يېشى سەككىز ياشلاردا بار ئىدى، رەنا ئىچىدە : «ماۋۇ كىچىكىنى ئوقۇتۇش كېرەك ئىكەن ـ دە» دېدى، ئاندىن سارىخانغا قارىدى، سارىخان يىراقتىن ئۇلارنى كۆرۈپ تەسىرلىنىپ رەنانىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغانىدى.

— دۇكىنىڭىز مۇشۇ يەردە ئىكەن ـ دە، سارىخان ھەدە ؟ — دېدى رەنا كۈلۈپ. ئۇ سارىخاننىڭ كۆكتاتلىرىغا قارىدى، چىرايلىق سەۋزە، چامغۇر، قىزىلمۇچ، تۇرۇپ، شوخلا قاتارلىق كۆكتاتلار سېمونت تاختىنىڭ ئۈستىدىكى پالاسقا رەتلىك تىزىلغانىدى.

— ئەمدى بۇ مۇشۇنداق دۇكان، مۇشۇ كىچىككىنە يەر، ئۈچ مېتىر كېلىدۇ، ئىجارىسىنى ئايدا تۆلەيمىز، بولمىسا بازارنىڭ ئىگىسى ئۇنىمايدۇ. يازدا ياخشىراق، قىشتا كۈنىمىز تەس، شۇ

كىچىك چېلەكنى مەش قىلىپ ئوت يېقىپ ئولتۇرىمىز، ـــ دېدى سارىخان.

ـــ ئەمىسە، سارىخان ھەدە، بىز مېنىڭ تاللا بازىرىمدىكى ئىشخانامغا بارايلى، ئىككى ئوغلىڭىز دۇكىنىڭىزغا قاراپ تۇرسۇن، ـــ دېدى رەنا.

ـــ ماقۇل، رەنا خېنىم، ـــ دېدى سارىخان. ئۇ ئىككى ئوغلىنى قېشىغا چاقىرىپ: ـــ مەن كەلگۈچە بىر ياقىقا مىدىرلىماي سودا قىلغاچ تۇرۇڭلار، ـــ دېدى، ئاندىن رەنا بىلەن سىرتقا قاراپ ماڭدى.

رەنا ئۇلارنى ماشىنىسىغا سېلىپ تاللا بازىرىغا كەلدى. ئاندىن ئۇلارنى ئىشخانىسىغا باشلىدى. گۈلبانۇ ئاپىسىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ رەنانىڭ كۆزىگە قارىدى، ئۇ بىپايان دېڭىزدا بىر قولۋاقىقا چىقىۋالغاندەك خۇشال ئىدى.

ـــ ئەمىسە ئالدى بىلەن قىزىڭىزنىڭ ئىشى توغرىسىدا پاراڭلىشايلى، سارىخان ھەدە. گۈلبانۇنىڭ ئىشىدىن خاتىرجەم بولۇڭ، قىزىڭىزنى مەن ئوقۇتىمەن، ئۇنىڭ ھەممە خىراجىتىنى ئۆزۈم ئۈستۈمگە ئالىمەن، مەكتەپكە ئۆزۈم ئاپىرىپ قويىمەن. سىز ئاشۇنداق شارائىتتا نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىق تارتىپ قىزىڭىزنى مۇشۇنداق يارامىلىق قىلىپ ئوقۇتۇپسىز، بۇ ئاسان ئىش ئەمەس، ئەمدى قالغان ئىشلارنى مەن قىلىمەن...

سارىخان بىلەن گۈلبانۇ رەنانىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، تەسىرلىنىپ يىغلاپ كەتتى.

ـــ يىغلىماڭ، سارىخان ھەدە، ئەمدى سىز يىغلىماي ياشايسىز، ئەمدى ئۆزىڭىزنىڭ گېپىگە كىلەيلى ، مەن مۇنداق بىر ئويغا كېلىۋاتىمەن، سىزگە مېنىڭ مۇشۇ تاللا بازىرىنىڭ كەينىدىكى يەنە بىر بىنادىن بىر يورۇش ئۆي ئېلىپ بەرسەم، بۇ ئەتراپتا يەتتە ـ سەككىز يىل بولغان ئۆيلەر بار، ئۆيىڭىزنى مۇشۇ يەرگە كۆچۈرۈپ ئەكەلسىڭىز، ئەمدى ئاشۇ مۇھىت بىلەن خوشلاشمىسىڭىز بولمايدىغان ئوخشايدۇ. بازاردىكى ئىشىڭىزنىمۇ

قاتلاپ قويۇڭ. كىچىك ئوغلىڭىز ئوقۇش يېشىدا ئىكەن، ئۇنى مەكتەپكە بېرەيلى، چوڭ ئوغلىڭىز بىلەن ئۆزىڭىز مېنىڭ مۇشۇ تاللا بازىرىمدا ئىشلەڭلار، ئۆزىڭىز بازاردىكى كىچىك تېز تاماقخانىدا ئىشلەيسىز، بالىڭىز شوپۇرلار بىلەن مال ئەكەلسۇن، كېيىن شوپۇرلۇقنى ئۆگىنىۋالسا ئۆز ئالدىغا مال ئەكېلىدىغان بولۇپ ئىشلەيدۇ، سىزچە قانداق، سارىخان ھەدە؟ — دېدى رەنا سارىخاننىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ.

— سىزگە رەھمەت، رەنا خېنىم، سىز نېمە دېسىڭىز بىز شۇ، بىزدىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانا ! — دېدى سارىخان. گۈلبانۇ بېشىنى كۆتۈرەلمەي يىغلاپ ئولتۇراتتى.

— مازار مەھەللىسىدىكى ئۆيۈڭلارنى كېلىشىمگە سېتىۋېتىڭلار، مەن ئاشۇ پۇلغا سىلەرگە بىنادىن ئۆي ئېلىپ بېرەي، مۇشۇنداق قىلىپ تۇرمۇشۇڭلارنى خاتىرجەم قىلايلى، قالغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە مەن بار. ئەمدى سىلەرگە دەپ قويىدىغان بىر گەپ، بۇ ئىشلارنى ھېچقانداق بىر ئادەمگە تىنماڭلار، قىسقىسى، ئۆزۈڭلارغا چىڭ بولۇڭلار، — دېدى رەنا.

— ماقۇل، رەنا خېنىم، بىزدىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانا خېنىم، — دېدى سارىخان يىغلاپ.

— ئەمىسە بۇ ئىشلارنى مۇشۇنداق قىلايلى، سارىخان ھەدە، گۈلبانۇ بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن مېنى ئىزدىسۇن، — دېدى رەنا.

ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتى. قۇياش شۇنداق ياخشى ئىدى، گۈلبانۇ ئاپىسىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى.

رەنا ئۇزاققىچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇردى، ئاندىن ئۇ ئۆز - ئۆزىگە:

— ئاپام بۇ ئىشنى ئاڭلىسا خۇشال بولۇپ قالىدۇ، دائىم ماڭا ئاجىزلارغا قاراپ قوي، تاپقان پۇللىرىڭنىڭ ھەممىسى ئۆزۈڭنىڭ ئەمەس، ئۇنىڭدا ئاشۇنداق ئاجىزلارنىڭمۇ ھەققى بار، دەيتتى. مانا مەن بۇ قېتىم مۇشۇ ئىش بىلەن ئاپامنى، يەنە سارىخان ھەدەم

بىلەن ئۇنىڭ بالىلىرىنىمۇ خۇش قىلىدىغان بولدۇم، ئەلۋەتتە، بۇ ئىش ئۆزۈمگىمۇ ياخشى ! — دېدى.

رەنا ئۆزىنىڭ تاللا بازىرىنىڭ مالىيە بۆلۈمىگە كىردى، ئىككى قىز ھېساب ئىشلەۋاتاتتى، ئۇ ئۇلارنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. قىزلارغا مەدەت بولىدىغان بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويىدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ ساۋاقدىشى خەمىت ئۇنى بىر ئاشخانىغا چاقىرغانىدى، رەنا ماشىنىسىنى ھەيدەپ شۇ ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۈتۈپ تۇردى. ئۇلار قىزغىن كۆرۈشتى، خەمىت ھېجىيىپ قولىنى ئۇزىتىپ رەنا بىلەن مەجبۇر كۆرۈشتى.

— ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ ساۋاقدىشىم، چىرايىڭىزدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ، خۇدايىم بەرسۇن ! — دېدى خەمىت.

— ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن، ساۋاقداش، ساۋاقداشلارنى كۆرگەندە چىرايىم مۇشۇنداق نۇرلىنىپ كېتىدۇ، قاراڭ خەمىت، — دېدى رەنا كۈلۈپ. ئۇ خەمىتنىڭ جىنسىي ھېسسىياتىنى غىدىقلاپ ئۇنىڭغا كۆز ـ قاشلىرىنى ئوينىتىپ قويىدى.

«ئاھ پەلەك، جاننى ئالىدۇ ـ دە، بۇ سەتەڭ !» دېدى خەمىت ئىچىدە ئاھ ئۇرۇپ.

— ئاشخانىغا كىرەيلى، رەنا، — دېدى ئۇ رەنانى ئاشخانىغا باشلاپ.

ئۇلار ئايرىمخانىغا كىرىپ ئولتۇردى.

— ئاڭلىسام مۇشۇ ئاشخانىدا ئۇلار شورپىسى بار ئىكەن، سىزنى ئۇلار شورپىسىغا ئامراق دەپ ئاڭلىغانىدىم، رەنا، — دېدى خەمىت.

— توۋا، بىز كۆرۈشمىگىلى خېلى يىللار بولدى، سىز مېنىڭ ئۇلار شورپىسىغا ئامراقلىقىمنى قانداق بىلگەنسىز؟

— سىز مېنىڭ ئامراق نەرسەمنى بىلمىگەن بىلەن مەن سىزنىڭ ئامراق نەرسىڭىزنى ياخشى بىلىمەن، رەنا، — دېدى خەمىت دەرھال گەپكە گەپ كەلتۈرۈپ. ئۇنىڭ مۇشۇ گەپنى قىلىشىدا ئۆزلىرى بىلىشىدىغان ئارقا كۆرۈنۈش بار ئىدى.

— مەنمۇ بىلىمەن خەمىت، سىز مانتىغا ئامراق!

ئۇلار قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

خەمىت رەنانىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى ئىدى، خەمىت ئورۇق، بويى ئېگىز، خۇش چاقچاق ئادەم ئىدى. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇغاندىمۇ مۇشۇنداق ئادەمگە چاپلىشىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئوغۇل باللارغا پەقەتلا ئوخشىمايدىغان يېرى، ئادەتتە مەكتەپلەردە، پائالىيەتلەردە قىزلارنىڭ ئارىسىغا جىقراق بېرىۋالاتتى، بەزىدە ئۇنىمۇ ئىنچىكە چىقىپ قالاتتى. شۇڭا، ساۋاقداشلار بەزىدە ئۇنى شاڭخو قىلىپ، ئۇنى «مەزلۇم!» دەپ چاقىراتتى. كېيىن مۇشۇ لەقەم ئۇنىڭغا چاپلاشقانىدى. ئۇ ئاشۇنداق ھە دېسە قىزلارنىڭ قېشىغا بېرىۋالىدىغان ئادىتىنى تاشلىغانىدى. ئۇلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەندە، رەنا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا، خەمىت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتكەنىدى. خەمىت مەخپىي ھالدا رەناغا كۆيەتتى، لېكىن بۇ ئويىنى ئۇنىڭغا دېيەلمەيتتى، بىر كۈنى ساۋاقداشلار ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن ساۋاقداشلىرىنى «نايناقلار دەرياسى» غا چاقىرىپ، ئۇلارنى شۇ يەردە مېھمان قىلىپ ئۇزىتىپ قويماقچى بولغاندا، ئازراق ھاراق ئىچىۋالغان خەمىت قېلىنلىشىپ رەنانىڭ قېشىغا كېلىپ، كۆڭلىدىكى قىممەتلىك ئاشۇ سۆزىنى ئۇنىڭغا ئىزھار قىلغانىدى. بۇ چاغدا رەنا ئەركىن بىلەن ئاللىقاچان «ئاشىق - مەشۇق» لاردىن بولۇپ كەتكەنىدى. ئەلۋەتتە، خەمىت بۇ ئىشنى بىلمەيتتى. رەنا ئۇنىڭغا سىلىق قىلىپ: «ساراڭ بولماڭ، خەمىت، مەن ئوقۇشقا مېڭىۋاتىمەن، سىزمۇ ئوقۇشقا ماڭىسىز، بىز تېخى ئوقۇغۇچى» دېگەنىدى. خەمىت ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن بىر ئېغىز غەلىتە گەپ

قىلىۋەتكەنىدى. كېيىنكى يىللاردا ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ گېپى ئۈچۈن بەكمۇ خىجىل بولۇپ كەتكەنىدى، ئۇ شۇ كۈنى قالايمىقانچىلىقتا رەناغا: «مەن سىزنى ساقلايمەن، رەنا، ئامانەتنى ماڭا بېرىپ كېتىڭ. بولمىسا بېيجىڭدا قالمىسۇن يەنە» دېگەنىدى. رەنا قىزىرىپ ئۇنى تاشلاپ قويۇپ ساۋاقداشلىرىنىڭ يېنىغا كېلىۋالغانىدى. يىللار ئۆتتى، ئۇلار ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ قايتىپ كەلگەندە، رەنا بازاردا ئىگىلىك تىكلەيمەن دەپ ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن بولدى، خەمىت مەكتەپكە ئورۇنلاشتى، كېيىن خەمىت جەمئىيەتتە رەنا توغرىسىدا خېلى گەپلەرنى ئاڭلىدى، ئاندىن ئۇ يەر ـ بۇ يەردە رەنانىڭ ماشىنا ھەيدەپ يۈرگىنىنىمۇ كۆردى. رەنا بىر تاللا بازىرى ئېچىۋاپتۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ تاللا بازىرىغىمۇ بېرىپ كۆردى: «خەقلەرنىڭ دېگەن گېپى راست ئوخشايدۇ، بولمىسا بۇنچىۋالا پۇلنى نەدىن تاپىدۇ؟» دېگەن يەرگە كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭدىن قاچىدىغان بولۇپ قالغانىدى، بازارلاردا، توي ـ تۆكۈنلەردە كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ يۈرىدىغان بولۇۋالغانىدى. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇ ئامالسىز رەناغا باش ئەگدى: «ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەپتۇ» دېگەن گەپ بار، يۈزۈمنىڭ قېلىنلىقى جېنىمنىڭ راھىتى دەپتىكەن، ئەمدى رەنادىن ياردەم سورىمىسام بولمىدى، «ئېشەكنىڭ دۈمبىسىگە ئىسسىق چۈشسە قولۇڭنى ياق» دەپتىكەن، ئۇنىڭغا ۋاي دەپ قويۇپ ئىشىمنى پۈتكۈزمەيمەنمۇ، دېگەن ئويغا كەلگەنىدى.

كۈتكۈچى قىزلار قىزىق چايلارنى قۇيۇپ تۇردى، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىنى ھارغىنلىق قاپلىغانىدى. ئۇلار مېھمانلارنىڭ ئالدىغا تائاملارنى قويۇپ چىقىپ كېتەتتى، ئاندىن ئۇلار مېھمانلار ياخشى كۆرىدىغان ئۇلار شورپىسىنى كۆتۈرۈپ كىردى. خەمىت رەنانى تاماققا زورلىدى، ئاندىن ئۇلارنىڭ دورىلىق رولى ئۈستىدە سۆزلىدى، رەنا بۇنداق سۆزلەرنى بەك جىق ئاڭلاپ كەتكەنىدى، ئۇ چاندۇرماي ھە دەپ ئولتۇردى. ئىچىدە :

«خەمىتنىڭ ماڭا دەيدىغان مۇھىم بىر ئىشى بار ئوخشايدۇ، بولمىسا ئۇ ماڭا بۇنچىلىك قىلىپ كەتمەيتتى» دېدى.

— خەمىت، ئۇزاق بولدى شۇكۇرنى كۆرمىدىمغۇ؟ — دېدى رەنا قولىدىكى چاينى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇپ.

— بار، لېكىن ئۇ بۇ يەردە ئەمەس، ئۇ ئائىلىسىنى ئېلىپ خوتەنگە كەتتى، شۇ يەردە تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ياڭاقچىلىق قىلىۋاتىدۇ، كۈنى يامان ئەمەس، چوڭ بىر قورۇ - جاي قىلىۋاپتۇ! — دېدى خەمىت.

— بىزنىڭ ئوقۇتقۇچى تاھىر ئەپەندى جىق ئېسىل ئادەم ئىكەن جۇمۇ، مەكتەپتە ئۇلارنى ئاشۇ ئادەم قۇتقۇزۇۋالمىغان بولسا، ئۇلار قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ قالاتتى، — دېدى رەنا.

— شۇنداق، ئۇلارنى تاھىر مۇئەللىم قۇتقۇزۇپ قالدى، بولمىسا مەكتەپ ئۇلارغا قاتتىق چارە كۆرۈۋېتەتتى، — دېدى خەمىت.

— خەمىت، شۇ ۋاقىتتا دەيمەن، ئۇلارمۇ مەكتەپتە ئۇنداق ئىش قىلغۇچە دەريا بويىغا بارسا بولمامدۇ! — دېدى رەنا خەمىتنىڭ ئىشتانبېغىنى قىچىشتۇرۇپ.

— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن قىزلار دەريا بويىدا ئامانەتنى بەك چىڭ تۇتىدىكەن ئەمەسمۇ! — دېدى خەمىت كۈلۈپ.

شۇ تاپتا رەنانىڭ ئېسىگە ئۆز ۋاقتىدا خەمىتنىڭ دەريا بويىدا قىلغان ئاشۇ ئەسەبىي گېپى كېلىپ قالدى، ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

خەمىتمۇ كۈلۈپ كەتتى.

— ئاشۇ يىللار نېمىدېگەن تاتلىق يىللار - ھە، خەمىت؟!

— ئۇ يىللارنى بىر دېمەڭ، رەنا، ئاق كەپتەرلەردەك خالىغان يەرگە ئۇچۇپ ياشاپتىمىزكەن، مانا ئەمدى تۇرمۇشقا، ئائىلىگە تۇتۇلۇپ قالدۇق...

— ھەممىمىز مۇشۇنداق، خەمىت، ھەممىمىز شۇ تورنىڭ ئىچىدە ياشايمىز.

— بىراق سىز ھازىر ياخشى، قولىڭىزنى نەگە ئۇزارتسىڭىز شۇ يەرگە يېتىدۇ...

— مەن تۇرمۇشتا باشقىچە يول تۇتتۇم، خەمىت...

— سىز ئۇتتىڭىز، رەنا، ئىگىلىك تىكلىدىڭىز، بۇ كىچىك ئىش ئەمەس، يولمۇ تاپتىڭىز، پۇلمۇ تاپتىڭىز!

— تېلېفوندا «بىر ئىش بار ئىدى» دېگەنىدىڭ قىلىۋاتاتتىڭىز، خەمىت، — دېدى رەنا خەمىتنىڭ كۆزىگە قاراپ.

خەمىت ئۆزىنى بىر ئوڭشىۋالدى، ئاندىن يەنە بىر تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ ئىچىگە كۈچلۈك بىر شورىدى، ئاندىن ئۇ تۈتۈنلەرنى ئاغزىدىن ياندۇرۇپ چىقىرىۋېتىپ، رەناغا قارىدى.

— مەن ئالدىڭىزغا بەك تەستە كەلدىم، رەنا، بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئىزدەشمىدۇق، ئاساسەن مەن سىزنى ئىزدىيەلمىدىم، ئىزدىيەلمىدىم ئەمەس، ئىزدىمىدىم، بۇ خاتالىق مەندە. مانا ئەمدى ئىشىم چىققاندا قېلىنلىق قىلىپ ئالدىڭىزدا گەپ سېتىپ ئولتۇرىمەن. ئالدى بىلەن سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن، ئاندىن سىزگە دەيدىغان گېپىم، يەنە شۇ ئۆزۈمنىڭ خىزمەت ئىشى...

ئۇ گېپىنى مۇشۇ يەرگىچە داۋاملاشتۇرۇپ توختاپ قالدى، مەقسىتىنى ئوچۇق دېيىشكە خىجالەت بولدى.

— سىزنى مەكتەپكە مۇئاۋىن مۇدىر بولدى دەپ ئاڭلىغاندىم، — دېدى رەنا گەپنى تېپىپ. ئۇ خەمىتنىڭ ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى بايقىغانىدى.

— مەن سىزنى مۇشۇ ئىش بىلەن ئىزدىگەنىدىم، رەنا. ئەمدى سىزگە نېمە دېسەم بولا، ھازىر ئويلىسام ئوقۇتقۇچىلىقىمنى قىلىپ يۈرگەن بولسامچۇ دەيمەن، مۇئاۋىن مۇدىر بولغاندىن كېيىن مۇدىر بولغۇسى كېلىدىكەن ئادەمنىڭ. بەزىدە نېمە بولسا بولمامدۇ دەپ ئويلايمەن، ئۇ نېسىتىمدىن ۋاز كېچىمەن، لېكىن بىر ئۇخلاپ قوپۇپلا بىر مۇدىر بولۇۋالسام بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلاتتىم، يەنە بىرنەرسە بولۇۋالسام بولاتتى دەپ يۈرمەيتتىم دەپ خىيال سۈرىمەن. مۇشۇ خىياللار ئەتىسى -

ئاخشاملىرى ماڭا ئۇيقۇ بەرمەيدۇ، بولۇپمۇ يېقىندىن بېرى بىزنىڭ مۇدىر يۆتكىلىپ كەتكەن، شۇ ئادەمنىڭ ئورنى مېنى كېچە - كۈندۈز قىيناپ كېتىۋاتىدۇ، بەزى كۈنلىرى مەكتەپتە ھېچكىم قالمىغاندا ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا مۇدىرنىڭ ئورنىغا بېرىپ خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇۋالىمەن، ئاندىن ئۆزۈمگە ئۆزۈم سۆزلەپ مەكتەپنىڭ ئىشلىرى ئۈستىدە بۇيرۇق چىقىرىپ باقىمەن. كۈنلەر ئۆتمەۋەردى، چوڭ ئۆيدە بېقىۋاتقان قويلارنى يېتىلەپ بىرنەچچە يەرلەرگە يول مېڭىپ باقتىم، لېكىن يەنىلا مۇدىر بولالمىدىم، يا بۇ ئورۇنغا باشقا بىرسىنى ئەكېلىپ مېنى خاتىرجەم قىلمىدى، قارىسام مۇنداق كېتىۋەرسەم ئېلىشىپ قالىدىغان ئوخشايمەن، بىر كۈنى ئايالىم ئۆيگە كىرسە كىمنى ئىزدەيسىز دەپ تۇرۇۋاپتىمەن، ئاخىر بولماي يۈزۈمنى قېلىن قىلىپ سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كېلىشىم مانا...

— ھە... مۇنداق دەڭ، بولدى چۈشەندىم، خەمىت، ياخشى ئىش ئىكەنغۇ، ئۆسىمەن ، باشلىق بولىمەن دېگەن يامان ئىش ئەمەس، ئۆسىمەن دېگەن ئاڭنىڭ ئۆزىمۇ ئىلغار بىر ئىش، ھېلىقىدەك بەرسەڭ يەيمەن، بەرمىسەڭ ئۆلىمەن دەيدىغان ئادەملەردىن مىڭ ھەسسە ياخشى دەڭا ! بولىدۇ مەقسىتىڭىزنى چۈشەندىم، مەن سىزنىڭ يولىڭىزنى مېڭىپ باقاي، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن.

— رەھمەت، رەنا، مۇشۇ ئىشىمغا بىر ياردەم قىلىپ قويۇڭ، مەن بىر ئەر، مەن چوقۇم سىزگە ياندۇرىمەن.

— مەن ئالدى بىلەن بۇ ئىشنى پۈتكۈزەي، قالغان گەپنى شۇ ۋاقىتدا دېيىشەرمىز...

— رەھمەت، رەنا، مەن سىزنىڭ ئاغزىڭىزغا قارايمەن.

رەنا خەمىت بىلەن خوشلىشىپ ئاشخانىدىن چىقتى، ئۇ ماشىنىسىغا جايلىشىپ ماتارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سەمەتكە تېلېفون بەردى، سەمەت ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يايراپ كەتتى.

بىر سائەتتىن كېيىن ئۇلار رەنانىڭ تاللا بازىرىدا كۆرۈشتى.

سەمەت رەنانى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كېۋەزدەك ئېچىلىپ تۇرىدىغان ئاغزى كېرىلىپ قۇلىقىغا تاقاشتى. ئۇنى كۆرگەن ھېچقانداق بىر ئادەم ئۇنى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دېمەيتتى، پېشانىسى كالىنىڭ پېشانىسىدەك كەڭ، بۇرنىنىڭ تۆشۈكى تونۇرنىڭ تۇرخۇنىدەك يوغان ئىدى، ئىككى كۆزىمۇ قۇلىقىغا ئۇلىنىپ تۇراتتى، چىشلىرى ئاتنىڭ چىشلىرىدەك ئۇزۇن ئىدى، كۈلسە تىلى ئوخشاپ پىشقان سېرىق ئۆپكىدەك لىغىلداپ تۇراتتى. ئۇ رەنانىڭ قېشىدا دوزاخنىڭ ئامبارچىسىدەك سەت تۇراتتى.

— سالامەت تۇرۇپسىز، رەنا... — دېدى سەمەت كۈلۈپ.

— كۈلمەڭ، سەمەتكا، سىز كۈلسىڭىز ھوشۇمدىن كېتىمەن، دېدى — رەنا چاقچاق قىلىپ.

— بىرەر قېتىم ھوشىڭىزدىن كەتسىڭىز ماڭا خۇدايىمنىڭ بەرگىنى شۇ ئىدى، — دېدى سەمەت قېلىن كالپۇكلىرىنى يالاپ. ئاندىن ئۇ تىراكتورنىڭ موتورىدەك خىرىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

— بىر كەلتۈرۈۋالدىڭىز - ھە، سەمەتكا ! — دېدى رەنا.

— خۇدايىم بۇيرۇسا يەنە بىر كەلتۈرىمەن، رەنا ! — دېدى سەمەت كالپۇكلىرىنى ماكىلدىتىپ.

رەنا كۈلدى:

— گەپكە بەك ئۇستا بولۇپ كېتىپسىز، سەمەتكا !

— قولۇمدىن باشقا ئىش كەلمىگەندىن كېيىن، قاراڭ، گەپ بولسىمۇ ئۆگىنىپ تۇردۇم !

— سىز ئەقىللىك ئادەم - دە !

— ئەقلىم بولمىسا كەينىڭىزدە يۈرمەيمەنغۇ !

— ئەمدى بولدى قىلايلى، سەمەتكا، قالغان گەپنى ئاق قۇ كۆلىگە بارغاندىن كېيىن دېيىشەيلى، ئەمىسە يولغا چىقمىزما؟ — دېدى رەنا.

— شۇنداق قىلايلى، رەنا !

— ئۆيدىكىلىرىڭىزگە تېلېفون بېرىۋەتكەنسىز؟ قايتىپ

كەلگەندە كىرەلمەي يۈرمەك يەنە ! ـــ دېدى رەنا چاقچاق قىلىپ.

ـــ بىر ئاي بولدى، ئۆيدە ئادەم يوق، ئۆيدىكىلەر ئىلىشىپ قالغانىدى، دۈمبىسىگە بىر خالتا ئۇننى يۈدۈگۈزۈپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغان ...

رەنا كۈلدى:

ـــ ئاشۇنداق گەپ قىلىپ يۈرسىڭىز ھېلىمۇ ئىلىشىپ قالماپتۇ ھەدىمىز !

ئۇلار تاللا بازىرىدىن چىقىپ ماشىنىغا ئولتۇردى، سەمەت ماشىنىنىڭ كەينىگە جايلاشتى:

ـــ مەن مۇشۇنداق ئورۇنغا لايىق، رەنا، ئۆزۈم بەك سەت ئادەم، قېشىڭىزدا ئولتۇرسام بەك چېنىپ قالىمەن، يولدا تونۇش - بىلىشلىرىڭىز كۆرۈپ قالسا كەينىمىزدىن قوغلاپ كېلىپ جېنىمنى ئېلىشتىن يانمايدۇ، ـــ دېدى سەمەت.

رەنا كۈلۈپ كەتتى.

رەنا ماشىنىسىنى سىلىق ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى قوچاق يەتمەيدىغان ئېگىز دەرەخلەر ئۇلارغا سايە تاشلاپ تۇراتتى، رەنا ماشىنا رولىنىڭ قېشىدىكى DVD نى ئېچىپ قويدى، شۇ تاپتا ماشىنا ئىچىدە خەلق ناخشىلىرى مۇڭلۇق ياڭرىدى.

ـــ سىز بەك جىق ئىش بىلىسىز، رەنا، مەن سىزنىڭ يا بىر پۈتىڭىز، يا بىر قولىڭىز بولۇپ قالغان بولسامچۇ ! ـــ دېدى سەمەت چاقچاق قىلىپ.

ـــ بۇ گېپىڭىز تازا قاملاشمىدى، سەمەتكا، قولۇم بولۇپ قالغان بولسىڭىزغۇ ئەمدى ھەرھالدا ياخشى، پۇتۇم بولۇپ نېمە قىلاتتىڭىز، پۇتۇم بولۇپ قالغان بولسىڭىز ئارام يوقتى سىزگە، ـــ دېدى رەنا كۈلۈپ.

ـــ گېپىڭىز بەك ئوچۇق - ھە، رەنا، سىزنىڭ؟

ـــ بەزىدە ئادەم مۇشۇنداق ئوچۇق گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدىكەن، سەمەتكا !

ماشىنا ئىچىدىكى خەلق ناخشىلىرىنىڭ مۇڭلىرى سەمەتنىڭ كەيپىياتىنى يۇقىرىلىتىپ كېتىۋاتاتتى. «بۇ سەتەڭ مېنى ئاشۇ كۆلگە ئاپىرىپ نېمە دەر؟ بىرەر ئىشى بولمىسا ماڭا دان چاچمايدۇ بۇ جادۇگەر !» دېدى سەمەت ئىچىدە.

رەنا ئالدىدىكى كىچىك ئەينەك ئارقىلىق سەمەتنىڭ خىيال سۈرۈۋاتقان جامالىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى، ئۇ سەمەتكە:

— سەمەتكا، گېپىڭىز بولسا ئىچىڭىزدە قىلماي تېشىڭىزغىمۇ چىقىرىڭ ! — دېدى.

— بىر ئىشنى ئويلاپ قېلىۋاتىمەن، رەنا، مۇشۇ ماشىنا دېگەننىڭ كەينىنى بىرەر كارىۋات پاتقۇدەك قىلىپ ئۇزۇن لايىھەلەپ ئىشلىسە، مۇشۇنداق سەپەرلەردە كەينىدە ئولتۇرغان ئادەم يېتىپ ئۇخلاپ ماڭسا نېمىدېگەن ياخشى - ھە ! — دېدى سەمەت توم چىقىدىغان تەلەپپۇزى بىلەن.

— توغرا، ياخشى گەپ قىلدىڭىز، سەمەتكا، سىز بەك ئىلغار جۇمۇ !

ماشىنا ئاسفالت يولدىن چىقىپ يېزا يولىغا چۈشتى، رەنا ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى، يېزا يوللىرىدىكى مەنزىرىلەر ماشىنىغا قارشى كېلىپ رەناغا سالام بېرەتتى، يول ئۈستىدىكى ئوتلار، ئېتىز قىرلىرىدىكى ياۋا گۈللەر، ھەتتا دەرەخ ئۈستىدىكى قۇشلار ئۇلارنى قارشى ئېلىپ كۈلەتتى ھەم سايرايتتى، ھەر خىل ئوتلارنىڭ، گۈللەرنىڭ، ئېتىزدىكى زىرائەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ پىشقان زاراڭزىلارنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى بىرلىشىپ مۇقەددەس بىر خۇش پۇراق سىمفونىيەگە ئايلىنىپ، ماشىنىنىڭ ئىچىگە كىرىپ رەناغا چاپلاشقانىدى، رەنانىڭ يۈرىكى بارلىق ھېس - تۇيغۇ تومۇرلىرىغا ۋە ئەزالىرىغا ئۇچۇر بەردى، ئاندىن ئۇنىڭ چىرايى سەھەردىكى تۇنجى قۇياش نۇرىنىڭ سۆيۈشىدە ئېچىلغان گۈلدەك پارقىراشقا باشلىدى. سەمەت يولدىكى كۆرۈنۈشلەرنى تاماشا قىلىپ مېڭىۋاتاتتى، ماشىنا ئاق قۇ كۆلىگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇ ئالدى بىلەن

ماشىنىدىن چۈشۈپ، رەنانىڭ قېشىغا كېلىپ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، ئاندىن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى.

— سىزنى ئىشقا سېلىپ قويدۇم، رەنا، سەت بولدى، ئەسلىدە سىزنى ماشىنىنىڭ كەينىدە دەم ئالدۇرۇپ ماشىنىنى ئۆزۈم سۈرەپ چىقسام بولاتتى، — دېدى سەمەت كۈلۈپ.

— سىزدە كۈچ بار، مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن، سەمەتكا، — دېدى رەنا ماشىنىدىن چۈشۈپ. ئۇ گۈزەل ئاق قۇ كۆلىگە قارىدى. بىرنەچچە ئاق قۇلار پادىشاھنىڭ ئەركە بالىسىدەك ئۆزۈن بويۇنلىرىنى ئويىنىتىپ ئۇياق - بۇياقلارغا قاراۋاتاتتى، تاغ تەرەپتىن كەلگەن شامال ئۇلارغا ئاق قۇلارنىڭ سالىمىنى ئەكېلىپ سوۋغا قىلدى.

— بىر سائەت يول مېڭىپتۇق، رەنا، — دېدى سەمەت.

— ئەگەر ماشىنىنى سۈرگەن بولسىڭىز بىر كۈندە چىقالتتۇققۇ دەيمەن، سەمەتكا؟ — دېدى رەنا چاقچاق قىلىپ.

— يولدا بىر كۈن قونمىساق چىقالمايتتۇق!

— ئەگەر يولدا قونۇپ قالساق سىزنىڭ مۇشۇ بەستىڭىزگە ياپقۇدەك بىرنەرسە تاپقىلى بولمايتتى - دە!

— سىز بار يەردە قانداق ئەركەك ئىكەن ئۇ ئۇخلايدىغان؟ بىر كۈندە بىر يىلنىڭ ئىشىنى قىلىۋېتىپ قاراپ ئولتۇرمامدۇ! — دېدى سەمەت سەت ھىجىيىپ.

— بۈگۈن مېنى گەپتە ئېلىپ قويىدىغان ئوخشايسىز، سەمەتكا!

— بۈگۈن گەپلا قىلىپ ئولتۇرماسمىز، رەنا، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارمۇ بولار؟

— تونۇش ئاق قۇلار بار، چاقىرىپ كەلسەك ياخشى ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ!

— بۈگۈن ماڭا سىزدىن ئېشىپ ياخشى ئاق قۇ يوق - ھە! ئۇنىڭ تىلىنى بىلىپ بولغۇچە بىر كۈن كېتە!

— ئىشارەت بىلىدۇ...

— ياق، سىزگە چىدىمايمەن، رەنا، سىزنى تاشلاپ قويۇپ ئاق قۇغا ئىشارەت قىلىپ ئولتۇرمايمەن!

— قاش - كۆزلىرىڭىز ياخشى بولغاندىن كېيىن ئىشارەت قىلىشنى ئۆگىنىۋالمامسىز؟ — دېدى رەنا كۈلۈپ.

— ھازىر ئىشارەت مودىدىن قالدى، رەنا، جاھان بەك تەرەققىي قىلىپ كەتتى.

رەنا ماشىنىسىنىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ تۇرۇشىغا، بىر كۆتكۈچى قىز ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى، قىز كۈلۈپ ئۇلارغا سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سىڭلىم، ھە، بىز ئىككىلا ئادەم، بىزنى خالىي بىر يەرگە باشلاڭ ئەمىسە، — دېدى سەمەت.

كۈتكۈچى قىز ئۇلارنى كۆلنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىر شىپاڭغا باشلاپ كىردى، شىپاڭنىڭ ئەتراپى ئەينەك بىلەن توسۇۋېتىلگەن، ئالدى تەرىپى ئوچۇق ئىدى، گۈزەل كۆل ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇراتتى. كۈتكۈچى قىز ئۇلارغا چاي قۇيۇپ بەردى، ئاندىن سەمەت بۇيرۇتقان تائاملارنى تىزىملاپ چىقىپ كەتتى.

— ھە راست، رەنا، بايام ئاشۇ كۆلدىكى ئاق قۇدىن بىرنى يەيمىز دېمەيتۇققۇ! — دېدى سەمەت چاقچاق قىلىپ.

— ساياھەتچىلەر كۆرۈپ ھوزۇرلىنىدىغان ئاق قۇ ئۇ! — دېدى رەنا كۈلۈپ.

— ئۇغۇ شۇ، بىراق بۇ يەردە ئۇلار يوق ئىكەن ئەمەسمۇ!

— ئۇلارنى كېيىن يەيمىز، سەمەتكا، يېمىگەننى يېگىلى بولىدۇ، — دېدى رەنا.

— توغرا، بەك دانا گەپ قىلدىڭىز، رەنا، قىلمىغاننى قىلغىلى بولىدۇ!

كۈتكۈچى قىزلار تاماقنى كۆتۈرۈپ كىردى، سەمەت بىر بوتۇلكا ھاراقمۇ بۇيرۇتقانىدى، تاماقتىن كېيىن ئۇ ئىستاكانغا يېرىم قىلىپ ھاراق قۇيۇپ، كۆتۈرۈپ ئىچىۋېتىپ، يوغان

ئاغزىنى ئېچىپ ئولتۇرۇپ، يەنە ئىستاكانغا هاراق قۇيدى.
— ئىككى ـ ئۈچ بوتۇلكا هاراق ئىچىۋېتىسىزغۇ دەيمەن، سەمەتكا؟
— ياق، هازىر ئۇنچىلىك ئىچەلمەيدىغان بولدۇم، — دېدى سەمەت. ئۇ يەنە ئالدىدىكى هاراقنى ئىچىۋەتتى، — ئازراق ئىچىپ قويسىڭىز سالامەتلىكىڭىزگە پايدىسى بولاتتى!
— ئۇنداق دېمەڭ، سەمەتكا، يامان بولىدۇ، قىزلار ئىچىدىغان نەرسە ئەمەس بۇ! — دېدى رەنا.
— سىز مۇشۇ ساياھەت ئورنىغا پات ـ پات كېلىدىغان ئوخشىمامسىز؟ — دېدى سەمەت.
— ھەئە، زېرىكىپ قالسام پات ـ پات كېلىپ دەم ئېلىپ كېتىمەن، ئاق قۇلار بىلەن مۇڭدىشىمەن، ئۇلار ماڭا يۇلتۇزلار ئارىسىدا بولغان ئىشلار بىلەن بۇلۇتلار ئارىسىدا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ.
— سىز قانداقلارچە ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلىسىز؟
— مەن بىر كۈنى يېرىم كېچىدە ئاسماندىن چۈشكەن بىر يۇلتۇز بىلەن دوست بولۇپ قالغان...
— ھە مۇنداق دەڭ، ئويلىمايدىغان نەرسىڭىز يوق ـ دە، سىزنىڭ، رەنا!
— مەن ھەممە ئادەم بىلەن تونۇشسام، ھەممە جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەر بىلەن تونۇشسام دەپ ياشايمەن، سەمەتكا! — دېدى رەنا كۈلۈپ.
— ئەڭ ياخشىسى مۇڭلۇق سايرايدىغان بۇلبۇللار بىلەن دوست بولۇۋېلىڭ! — دېدى سەمەت كۈلۈپ.
— بۇلبۇلدىن دوستۇم بار، سەمەتكا! ھەر يىلى باھاردا ئۇلار ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا كېلىپ مەن ئۈچۈن سايرايدۇ.
— ئەركەك بۇلبۇلمۇ يا؟
— ئارىلاش، سەمەتكا، ئۇلارمۇ زېرىكىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. كۆلدىكى ئاق قۇلار پادىشاھنىڭ ئەركىسىدەك بويىنىنى

ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ سۇدا ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرنى پەيزى قىلىۋاتاتتى، كۆلنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە سىپلىنغان قىزىل ئۆيلەر رىۋايەتتىكى سىرلىق ئۆيلەردەك ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىپ تۇراتتى. جەنۇب تەرەپتىكى ئېگىز تاغ قاپقارا ئورمان ئىدى، بىر ـ بىرىگە قانماي جۈپلىشىپ تۇرىدىغان قارىغايلار زۇمرەت كۆلنى قوغداپ تۇراتتى، تاغنىڭ كەينىدىن بىر توپ ئاق قۇ ئۇچۇپ كېلىپ كۆلگە چۈشتى، كۆلدە چىرايلىق دولقۇنلار پەيدا بولدى، كۆلدە راھەتلىنىپ يۈرگەن ئاق قۇلار يېڭى كەلگەن مېھمانلارنىڭ قېشىغا كېلىپ قاناتلىرىنى ئوينىتىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى، كۆك ئاسماندىكى ئاپپاق بۇلۇتلار ئۇلارغا بەخت تىلەپ دۇئا قىلاتتى. مۇھىت شۇ قەدەر گۈزەل، يېقىملىق ئىدى.

رەنانىڭ دىققىتى كۆلدىكى ئاق قۇلاردا ئىدى، ئۇ ئىچىدە ئاق قۇلارنى ساناۋاتاتتى، لېكىن سەمەتنىڭ سەت كۆزلىرى رەنادا ئىدى. شۇ تاپتا تاغ تەرەپتىن سالقىن شامال كەلدى، سەمەت ھۇزۇرلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئورۇندۇقنى رەنانىڭ قېشىغا ئەكەلدى.

ئاشخانا تەرەپتىن بىر قىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، رەنا دىققەت قىلىپ يولغا قارىدى، چاچلىرى چېچىلاڭغۇ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بىر قىز يولدا پەيدا بولدى، ئۇ توختىماي سۆزلەپ كېلىۋاتاتتى:

— ئوچىقى بار، قازىنى يوق، ئوچىقى بار، قازىنى يوق، ئوچىقى بار، قازىنى يوق...

— توۋا ئېلىشىپ قالغان قىز ئىكەن ـ دە، بۇ؟ — دېدى رەنا ئورنىدىن تۇرۇپ، سەمەتمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ رەنانىڭ قېشىغا كەلدى.

قىز داۋاملىق «ئوچىقى بار، قازىنى يوق، ئوچىقى بار، قازىنى يوق» دەپ رەنالارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. سەمەت قىزغا ئىچ ئاغرىتىپ:

— بىچارە، بىر چىرايلىق قىز ئىكەن بولمىسا ! — دېدى.
— توۋا خۇدايىم، نېمە بولغاندۇ بۇ قىزغا ، — دېدى رەنا.
ئۇلار ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇشىغا، كۆتكۈچى قىز چاي كۆتۈرۈپ كىردى، رەنا كۆتكۈچى قىزدىن بايامقى قىزنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.
— ئۇ قىز بىر ئاينىڭ ئالدىدا بىر قىزىل ئاق قۇ بىلەن پاراڭلىشىپتىكەن، ئەتىسىلا مۇشۇنداق سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى، مۇشۇ كۈنگىچە بۇ كۆلگە قىزىل ئاق قۇ كېلىپ باقمىغانىدى، شۇ كۈنى قانداق بولدى، بىر قىزىل ئاق قۇ كېلىپ ئۇنىڭغا گەپ قىپتۇ، ئۇ قىز : «توۋا، قىزىل ئاق قۇمۇ بولىدىكىنە، ھەم گەپ قىلالايدىكەن !» دەپ ياقىسىنى چىشلەپتىكەن، ئەتىسىلا مۇشۇنداق سۆزلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ، باشقا گەپ قىلمايدۇ، ئەتىگەندىن - كەچكىچە «ئوچىقى بار، قازىنى يوق، ئوچىقى بار، قازىنى يوق» دەپ يۈرىدۇ، — دېدى كۆتكۈچى قىز.
— داۋالاتساڭلار بولمامدۇ؟ — دېدى رەنا.
— داۋالاتتۇق، دورا تازا پايدا قىلمايۋاتقان ئوخشايدۇ، يېزىدا بىر تېۋىپ بار ئىكەن، شۇ تېۋىپقا ئاپارغان، دورا يېزىپتۇ، كىندىكىگە بىر باغلام بۇيىنىڭ يىلتىزىنى تېڭىپ قويىدى، ئىككى ئايدا ساقىيىدۇ دېگەنىدى، ھازىرغىچە ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوققۇ ؟! — دېدى قىز.
— بۇ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا خەۋەر قىلمىدىڭلارمۇ؟
— خەۋەر قىلمىدۇق، بىزنىڭ غوجايىنىمىزنىڭ ئايالى ئۇنىمىدى، كۆزگىچە ساقىيىپ قالىدۇ، شۇ ۋاقىتتا بىراق دەيمىز دەيدۇ، — دېدى كۆتكۈچى قىز.
— ئۇ خوتۇن ياخشى ئىش قىلماپتۇ، — دېدى رەنا.
كۆتكۈچى قىز مېھمانلارغا چاي قۇيۇپ بېرىپ چىقىپ كەتتى.
— توۋا، ماۋۇ ئىشنى، شەھەردىكى دوختۇرخانىغا ئەكىرسە ساقىيىپ كېتىدۇ بۇ قىز، — دېدى رەنا.

— غوجايىنىڭ ئايالى ياخشى نەرسە ئەمەس ئىكەن، كۆلنىڭ ئۇ چېتىدىكى ئورمانلىقتا ئاپىرىپ ماڭالمايدىغان قىلىپ قويىدىغان خوتۇن ئىكەن ـ دە ! — دېدى سەمەت.

— ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، سەمەتكا ! كەينىدە قوغدايدىغان ئىتى بار ئاۋۇ خوتۇننىڭ !

— ئىتىغا بىر پارچە گۆش تاشلاپ بەرسەك ئىگىسىنى سېتىۋېتىدۇ.

— بۇ جاھاندا ئادەم بىلمىگەن، كۆرمىگەن ئىشلارنى كۆرىدىكەن، — دېدى رەنا سەمەتكە قاراپ، — ئەمىسە گەپ قىلىپ ئولتۇرمامدۇق، سەمەتكا؟

— پاراڭلىشايلى، رەنا، ئۆتكەندە سىز مائارىپ توغرىسىدا خېلى ياخشى گەپ قىلغانىدىڭىز، شۇ گەپنىڭ داۋامىنى قىلىپ بەرمەمسىز ؟ — دېدى سەمەت رەنانىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمەي.

«ماۋۇ ئادەم نەنىڭ گېپىنى قىلىدىغاندۇ ؟» دېدى رەنا ئىچىدە، « ھە بوپتۇلا، ئالدىرىماي، ئازراق گەپ قىلىپ بېرەي ئەمىسە.»

— ئەمىسە سىزگە ئازراق گەپ قىلىپ بېرەي، مەن مائارىپنى چۈشەنمەيمەن، بەزىدە ئۆزۈمچە بىر ئىشلارنى ئويلاپ قالىمەن، مېنىڭچە ئادەتتىكى ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، مائارىپنىڭ مۇنداق ئۈچ ۋەزىپىسى بار: بىرىنچىسى، ئۇ ئادەملەرنىڭ كۆزىنى ئېچىش يولىدا خىزمەت قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي كۆزىنى ئېچىشتا زور رول ئوينايدۇ. مۇنداقچە ئېيتسام ئادەملەرنىڭ ئىككىنچى كۆزىنى ئاچىدۇ، بۇ بەك مۇھىم، ئاددىي ـ ساددا ئادەملەرنى مۇرەككەپ قىلىپ يېتىلدۈرىدۇ. ئادەم مۇرەككەپلەشكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇ قولىدىكى ناننى تۇتۇپ تۇرالايدۇ. شۇڭا، بىزدە نوچى ئادەملەر بەك ئاز، ئەتراپىمىزدا بىر ھەقىقىي قول قويغۇدەك، مېھمان قىلغۇدەك ئادەملەر بەك ئاز. ئىككىنچىسى، مەكتەپ دېگەن ئۇ ئادەمگە ھۈنەر ئۆگىتىدىغان بىر ئورۇن، مەكتەپ بالىلارغا خەت يېزىشنى، ئوقۇشنى، ھېساب قىلىشنى ئۆگىتىش ئاساسىدا، بالىلارغا شەرتسىز ھۈنەر

ئۆگىتىشى كېرەك، بالىلارنىڭ ئەمەلىي تېخنىكىسى بولۇشى كېرەك. شۇ ۋاقىتتا، بۇ ھەقىقىي مەكتەپ بولىدۇ. ئۈچىنچىسى، بالىلار ئۆزلىرىنى قوغداشنى بىلىشى كېرەك، مەكتەپتە ئوقۇپ ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئوقۇيدىغان، تالاغا چىقسا ئالدىغا كەلگەن ئىشنى قىلالايدىغان ۋە ئۇ ئىشلاردىن قاچمايدىغان بولۇشى كېرەك. قىسقىسى، ياشاشنى بىلىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك. دېمەك، مائارىپنىڭ ۋەزىپىسى مۇشكۈل.

— ياخشى گەپ قىلدىڭىز، رەنا، مەن سىزنىڭ مۇشۇنداق گەپلىرىڭىزگە ئامراق. شۇنداق، مائارىپ ئالدى بىلەن ئادەمنى زامانىۋى ئادەم قىلىپ يېتىلدۈرۈش ئاساسىدا، شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ خاسلىقىنى، يەنە مىجەزىنى قوغدىشى كېرەك. جاھاندا خىلمۇخىل نەرسىلەر بولغاندەك، ئادەملەرنىڭمۇ مىجەزى ھەر خىل بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، سىزنى ئالساق سىز ئۆزىڭىزنىڭ مىجەزى بويىچە ياشاۋاتىسىز، بىرنەچچە مەكتەپتىن كېلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرايلى دېسە ئۇنىماي، ئۆز ئالدىڭىزغا شىركەت ئاچتىڭىز، بىزنىڭ مائارىپىمىز ئادەمدىكى مۇشۇنداق ئەركىنلىكنى قېزىشى ھەم قوغدىشى كېرەك، ھەربىر بالىغا سۆزلەش، پىكىر قىلىش، ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇش پۇرسىتىمۇ بېرىشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا بالىلار مۇستەقىل پىكىر قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. مەن يېقىندا مۇنداق بىر ئىشنى ئويلاۋاتىمەن، مۇشۇ ئىشنى بىر مەكتەپتە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپنىڭ بالىلىرى ئارىسىدا سىناق قىلىپ باقايلىمىكىن دەيمەن، مەسىلەن، بالىلارنى چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن، چۈشتىن كېيىن دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، كۈندە بىر ئوقۇغۇچى بالىلارغا مۇستەقىل دەرس بەرسە، ئالدىنقى يىلنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكىدىن تەييارلىق قىلىپ دەرس بەرسە، بۇ بىر ناھايىتى ياخشى چېنىقىش بولارمىكىن دەيمەن. مۇشۇنداق قىلغاندا بالىلار سۆزلەش، تەپەككۇر قىلىش پائالىيىتىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتلەردە ئالاھىدە پۇرسەتكە ئىگە

بولالامدىكىن دەيمەن، سىزچە قانداق، رەنا؟ — دېدى سەمەت.
— سىز مۇشۇ ئىشنى سىناق قىلىڭ، سەمەتكا، بۇ ئويىڭىز بەك ياخشى ئىكەن، سىز مۇشۇ ئىشتا چوقۇم نەتىجىگە ئىگە بولالايسىز.
— بىر سىناق قىلىپ باقاي، رەنا، مۇشۇ ئىشتا نەتىجە باردەك قىلىدۇ، — دېدى سەمەت، — بىراق، شۇ سىزنى كۆرسەملا سۆزلىگۈم كېلىدۇ. ئوقۇغىنىڭىزنى يەۋېتىدىغان بولدىڭىز ـ دە!
— ياق، يەۋەتمەيمەن، سەمەتكا، كۈندە ئۆيدە ئاخشاملىرى يېتىشتىن ئاۋۋال بىر سائەت ئىنگلىزچە ماتېرىيال كۆرىمەن.
— بۇ ئىشىڭىز ياخشى ئىكەن، ئەگەر مەن سىز بولغان بولسام، بۇ كەمگىچە بىرەر ئۇنىۋېرسىتېتتا مۇدىر بولۇپ بولاتتىم.
— سىزگە يارىشاتتى، سەمەتكا، مەكتەپنىڭ ئىچىدە تاغدەك مېڭىپ كەتسىڭىز ئوقۇغۇچىلار سايىڭىزدا ياخشى ئوقۇۋالاتتى ـ دە!
— بۇ بىر مەڭگۈلۈك خىيال، رەنا.
«ئەمدى ئىبغىز ئاچاي بۇ ئاداشقا» دېدى رەنا ئىچىدە.
— بىر گەپ بار ئىدى، سەمەتكا، — دېدى رەنا.
— دەڭ، دەڭ، رەنا، ئەتىگەندىن بېرى قارىسام گەپ باردەك قىلمىدى، — دېدى سەمەت كۈلۈپ.
— سىلەرنىڭ 8 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان بىر ساۋاقدىشىم بار ئىدى، سەمەتكا، شۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى يۆتكىلىپ كەتكەن چېغى، مۇشۇ كۈنلەردە ساۋاقدىشىمنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ...
— ھە بولدى، چۈشەندىم، خەمىتقۇ!
— شۇنداق، خەمىت.
— مۇشۇنداق گەپ ئەمەسمۇ مانا، يا بالدۇرراق گەپ قىلماپتۇ بۇ ئاداش، مەن بىرسىگە ۋەدە بېرىپ قويغان، نەچچە قويىنى يەپ بولدۇم ئۇ ئاداشنىڭمۇ! — دېدى سەمەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۇنىڭ ئىشىنى باشقا يوللار بىلەن ھەل قىلالايمىز، ساۋاقدىشىمنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇڭ ئەمدى.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق بولىدۇ ـ دە، ئەمدى، رەنا، سىز دېگەن ئىشنى قىلمىسام قانداق بولىدۇ؟ !

— ئەمىسە سىزگە ئىشەندىم، باشقا ئادەمنى ئىزدىمەيمەن.

— مەسىلە يوق، رەنا، خاتىرجەم بولسۇن، قونىمەن دېگەن شېخىغا قوندۇرالايمەن.

— ئەمىسە سىزگە رەھمەت، سەمەتكا.

— ئۇنداق دېمەڭ، ئۇنداق دېسىڭىز مېنى يات كۆرگەن بولۇپ قالىسىز !

ھېلىقى بىچارە قىزنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— ئوچىقى بار، قازىنى يوق، ئوچىقى بار، قازىنى يوق...

— ھەي بىچارە قىز، نېمە دېگىنىدۇ ئەمدى بۇ ؟! — دېدى سەمەت.

— بىر ئىش تەسىر قىپتۇ ـ دە، بۇ قىزغا، ئوچىقى بار، قازىنى يوق، دېگىنى نېمە گەپتۇ ئەمدى؟ — دېدى رەنا.

— شۇنى دەيمەن، ئوچىقى بار ئادەمنىڭ قانداقلارچە قازىنى بولمايدۇ، ھەي...

رەنا ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتى، سەمەتمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى، قىز سۆزلىگىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

رەنا بىلەن سەمەت كۆلنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەڭ يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇردى، كۆلنىڭ سۈيى ئۇلارنىڭ يۈرىكى بىلەن كۆرۈشتى، شامال سۇ يۈزىدە ئۇخلاۋاتقان بېلىقلارنىڭ قىزىق ھېكايىسىنى ئۇچۇرتۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چاچتى. رەنا قوچىقىدا پەيدا بولغان بىر ئالتۇن بېلىقنىڭ بېشىنى سىلىدى، ئاندىن قورسىقىنى سىلاپ، ئۇنىڭدىن كۆل ئاستىدىكى ئىشلارنى سورىدى. بېلىق قۇيرۇقىنى ئوينىتىپ رەنانىڭ گېپىگە جاۋاب بەردى:

— كۆلدە ھەممە ئىشىمىز ياخشى، كۆل ئەتراپىغا ئادەملەر كەلگەندىن كېيىن ئىشلىرىمىز تېخىمۇ ياخشى.

— رەنا، بۇ بىلىقىڭىز بەك ئايناق بېلىق ئوخشىمامدۇ، ئويناپ تۇرۇپ سۆزلەيدىكىنە ! — دېدى سەمەت چاقچاق قىلىپ.

— بېلىق ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام دېگەن مۇشۇ ! — دېدى رەنا كۈلۈپ.

سەمەت كۈلۈپ كەتتى.

— بىر كەلتۈرۈۋالدىڭىز ـ دە، ھە رەنا !

— بۇ بىر تونۇش بېلىقتى، سەمەتكا !

— مەن دېدىمغۇ، رەنا، سىز مۇشۇ جاھاندىكى ھەممە نەرسىنى تونۇيسىز.

رەنا كۈلدى.

شامال تاغدىكى قارىغايلارنىڭ ئارىسىدىكى ھايۋانلارنىڭ چۇشلىرىنى ئەكىلىپ كۆل ئۈستىگە چاچتى، ئاق قۇلار باشلىرىنى ئېگىپ ئۇلارنىڭ ھەممە چۇشلىرى بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشۈپ چىقتى، بەزى قورقۇنچلۇق چۇشلەرنى يۇتۇۋالغان ئاق قۇلار قورقۇپ كۆلدىن ئۇچۇپ كەتتى. شامال كۆل بويلىرىدىكى سۇلارنى ئوينىتىپ قىردىكى گۈللەر بىلەن سۆيۈشۈپ تۇراتتى، ھەممە يەر شۇ قەدەر مۇھەببەتلىك ئىدى.

— رەنا، كۆل بويلاپ بېرىپ ئورماننىڭ ئىچىگە كىرىپ چىقامدۇق ؟ — دېدى سەمەت، ئۇنىڭ خىيالى رەنانىڭ يېرىمى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كۆكسىدە ئىدى.

— ئەمدى بىزگە بۇ ئورمان ياراشمايدۇ، سەمەتكا، ئون يىلنىڭ ئالدىدا بولغان بولسا مەن سىزگە ئەگىشىپ ئاشۇنداق ئورمانلارغا كىرىپ كېتىۋېرەتتىم...

— ئەمدى دەيمىنا، ئورمان ئادەمنى ياشارتىپ قويىدىچۇ !

— بۇ يەردە سەتلىشىپ قالىمىز، سەمەتكا، بىزنى تونۇيدىغانلار چىقىپ قالىدۇ، بىزنىڭ ئۆيگە كېتەيلى ! — دېدى رەنا. بۇ گەپ سەمەتكە بەك خۇشياقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— توغرا ، ئۆيىڭىزگە بارايلى، رەنا، ئۆيىڭىزدە ياخشى كىنو فىلىمى بار، — دېدى سەمەت، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانا تەرەپكە ھېساب قىلغىلى ماڭدى.

كۆز باغلانغاندا، ئۇلار ئاق قۇ كۆلى بىلەن خوشلىشىپ، شەھەرگە يېتىپ كەلدى...

بىر ئايدىن كېيىن ، خەمىتنىڭ ئىشى ھەل بولدى، خۇشاللىقىغا پاتماي قالغان خەمىت رەنانى بىر رېستورانغا ئەكىرىپ مېھمان قىلدى. تاماقتىن كېيىن ئەكەلگەن سوۋغاتلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى، رەنا رەھمەت ئېيتىپ ئالدىدىكى سومكىنى تۆۋەنگە ئېلىپ قويدى. شۇ ئارىلىقتا خەمىت يېنىدىن بىر كىچىك قىزىل قۇتا ئېلىپ، رەنانىڭ ئالدىغا قويدى:

— خاتىرە بولۇپ قالسۇن، رەنا، سىزگە بىر ئۈزۈك ئالدىم، بەك چىرايلىق ئۈزۈك ئىكەن، — دېدى.

— سىزنى ئاۋارە قىپتىمەن، خەمىت، — دېدى رەنا قىزىل قۇتىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇ قۇتىنى ئېچىپ ئىچىدىكى بىر جۈپ ئۈزۈكنى قولىغا ئالدى، راستتىن دېگەندەك بۇ بەك چىرايلىق ئىشلەنگەن ئۈزۈك ئىدى، بولۇپمۇ كۆزلىرى بەك ئېسىل ئىدى، رەنانىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىشقا باشلىدى.

«ياق، مەن رەنانىڭ ئىشتىنىغا ئېرىشەلىسام بولمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مۇشۇنچىلىك بولۇشى كېرەك، ئالدىغىنىنى بەردىم، ئەمدى ئۇنىڭ مۇشۇنداق مىجەز - قىلىقلىرىغا پېتىپ قالسام بولمايدۇ» دېدى خەمىت ئىچىدە.

رەنا ئۈزۈكنى سومكىسىغا سالدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ خەمىتكە قارىدى:

— ئايالىڭىز ئىشلەۋاتامدۇ، خەمىت؟

— ئايالىنىڭ گېپىنى قىلماڭ، رەنا.

— بىر گەپلەرنى ئاڭلايمەنغۇ؟ !

— ماڭا ئەسكىلىك قىلدى... ئاشنىسى بىلەن تۇتۇۋالدىم.

— مۇشۇ ئىشنى ياخشى قىلماپسىز، خەمىت، تۇتۇۋالغۇلۇق ئەمەستى، بىلمىگەن كىشى بولۇۋېلىپ مىجەزىم توغرا كەلمىدى دەپ ئاجرىشىپ كېتىدىغان ئىش ئىدى ئەمەسما! ئىش مۇشۇنداق بولغان بولسا تالادا سەت گەپلەر ئاززاق بولاتتى.

— ئادەمنىڭ نېرۋىسى ئۆرلەپ قالىدىكەن، رەنا.

رەنا خەمىت بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە كەتتى. كەچتە خەمىت بىرنەچچە ئاغىنىلىرى بىلەن تېپىشىپ بىر ئاشخانىغا چۆكتى. كۇتكۇچى قىز ئىچەرمەن يىگىتلەرنى كۆرسە بەشىنچى، ئالتىنچى كۆزلىرى بىلەن كۈلەتتى. خەمىت بۈگۈن خۇشال ئىدى، ئۇ مەقسىتىگە يېتىپ ئاغىنىلىرىنى مېھمان قىلىۋاتاتتى. بەش ئادەم تۆت بوتۇلكا هاراقنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، خەمىت يەنە بىرنى ئوينايلى، دەپ تۇرىۋالدى. ئۇنىڭ سەلىم دېگەن بىر ئاغىنىسى:

— ئاغىنىلەر، بىزدە مۇشۇ هاراق ئىچمەي ئوينايدىغان ئويۇن يوقمۇ زادى؟ — دېدى.

— بار، هاراق ئىچمىسەك قىزلارنى تاپساق بولىدۇ شۇ، — دېدى ئۇنىڭ يەنە بىر ئاغىنىسى گەپكە ئارىلىشىپ:

— توغرا، بىردىن تېپىۋالايلى، بۇنىڭدىن كېيىن ئاشنىسى يوق ئادەملەرنى نورمال ئادەم دېمەيدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ سورۇندىكى ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## توققۇزىنچى باب

# گۈلباھار ياق دەپ بېشىنى كۆتۈردى

رەنا گۈلبانۇنى مەكتەپكە ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك خادىملارغا ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا يانفون نومۇرى ۋە ئادرېسىنى قالدۇرۇپ: «بىرەر ئىش بولسا ماڭا تېلېفون بېرىڭلار، گۈلبانۇنىڭ ھەممە ئىشىغا ئۆزۈم ئىگە» دېدى. ئاندىن قايتىپ كېلىپ سارىخانغا تاللا بازىرى ئەتراپىدىكى كونا بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋەتىدىن ئۆي ئېلىپ بەردى: «ئەمدى مازار مەھەللىسىدىكى ئاشۇ قورۇيىڭىزنى سېتىۋېتىڭ، پۇلىنى مۇشۇ ئۆيگە ئىشلىتەيلى، قالغىنىنى مەن سىزگە ياردەم قىلغان بولاي» دېدى. سارىخان كۆز يېشى قىلىپ رەناغا رەھمەت ئېيتتى. رەنا سارىخاننى تاللا بازىرىدىكى ئاشخانىغا ئورۇنلاشتۇردى، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلىنى مال ئەكېلىدىغان بىر شوپۇرغا قوشۇپ قويدى، كىچىك ئوغلىنى مەكتەپكە ئوقۇشقا ئەكىرىپ بەردى. ئۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، سارىخان بىلەن ئۇنىڭ بالىلىرىنى خاتىرجەم قىلىپ، ئۇلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردە ئازادە قىلىپ قويدى.

گۈلبانۇ مەكتەپكە كىردى. شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى رەنانىڭ تاللا بازىرىغا كېلىپ، ئاپىسىغا ياردەملىشەتتى، ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن رەناغا رەھمەت ئېيتاتتى.

رەپقەتنىڭ ئۆيى تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئىدى، ئۆيىنىڭ ئالدىدا بىر ئېرىق سۈزۈك سۇ ئاقاتتى، بۇ ئۆستەڭ كۈنچىقىش

تەرەپتىنكى سازلىقتىكى نۇرغۇنلىغان قۇدۇقلارنىڭ ساپ سۇلىرىدىن شەكىللەنگەنىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۆيى كۈنپېتىش تەرەپتىكى چوڭ يولنىڭ ئاخىرىدىكى مەھەللىدە ئىدى. ئۇ دەسلەپتە چوڭ ئۆيدىن ئايرىلىپ چىققاندا، شۇ يەردىن يەر ئېلىپ ئۆي سېلىپ ئولتۇرغانىدى. كېيىنكى يىللاردا پۇل تېپىپ يول ئاچقاندا، مۇشۇ ئاۋات تۆت كوچىغا كېلىپ، بىر بوۋاينىڭ ئۆيىنى سېتىۋېلىپ، مۇشۇ يەرگە جايلاشقانىدى. ئۇ بۇ ئورۇننىڭ ئاۋاتلىقىغا ھەم مۇشۇ بىر ئۆستەڭ سۇغا بەك قىزىققانىدى، كېيىن ئۇ قوشنىسىنىڭ بىر مولۇق قورۇ ـ جايىنى سېتىۋالدى، بۇ يەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى ئىككى مودىن ئاشاتتى. ئاندىن ئۇ كونا ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى چېقىۋېتىپ، دوقمۇشقا — يول ئۈستىگە كەلتۈرۈپ ئىككى قەۋەت قىلىپ بىر بىنا سالدى، بىرىنچى قەۋەتتى چوڭ ـ كىچىك بولۇپ نەق يىگىرمە دۇكان بولدى. ئۇ دۇكانلارنىڭ ھەممىسىنى ئىجارىگە بېرىۋېتىپ، ئۈستىنى ئۆي قىلىپ ئولتۇردى. رەيھەت قىزلىرىنى ئوقۇتۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغانىدى. ئىجارىگە بەرگەن دۇكانلارنى رەيھەتنىڭ ئايالى گۈلباھار باشقۇراتتى، مەھەللىدە، يەنە ئاياللارنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ گېپى گەپ ئىدى، ئاياللار ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى، گۈلباھار پات ـ پات مەھەللىسىدىكى ئاياللارنى مېھمان كەلمىسە ئادەم سېغىنىپ تۇرىدىغان كەڭ، ئازادە ئۆيلىرىگە باشلاپ، مېھمان قىلىپ پاراڭلىشىپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئىشلىرىنى ئانچە قوللاپ كەتمەيدىغان رەيھەت بىر كۈنى ئايالىغا: «مەھەللىدە، تۇغقانلار ئارىسىدا بىرنەچچە يەردە چېيىڭ بار، يەنە تۆت كۈندە بىر مۇشۇ شەيتان خوتۇنلارنى ئۆيگە باشلىۋالىسەنكىنە؟» دېگەنىدى. گۈلباھار يولدىشىغا: «بۇرۇن تۆۋەن مەھەللىدە ئولتۇرغاندا خۇشخۇي، جانلىق، ئۇمىدلىك يۈرەتتىم، مۇشۇ مەھەللىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن كۈندە دېگۈدەك ئىچىم پۇشۇپ زېرىكىپ تۇرىدىغان بولدۇم» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. رەيھەت: «قورسىقىڭ

تويۇپ قالدى خوتۇن، ئادەمنىڭ قورسىقى بەك تويۇپ كەتسە مۇشۇنداق زېرىكىپ قالىدۇ، شۇڭا بىر دۇكاننى ئۆزۈڭ ئېچىپ، سەي - پەي، گازىر - پۇرچاق دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىپ ئولتۇرۇپ ئىچ پۇشۇقى قىلمامسەن؟» دېگەنىدى، لېكىن گۈلباھار ئۇنىڭ بۇ پىكرىگە كۆنمىگەنىدى.

رەپقەتنىڭ بېغىدا ناھايىتى چىرايلىق مېۋىلەر بار ئىدى، ئۇ شەھەرنىڭ نەرىدە ياخشى مېۋە كۆچىتى بولسا شۇ يەردىن ئېلىپ كېلىپ بېغىغا تىكەتتى، مەسىلەن، بىرىنچى دەرىجىلىك ئالما، نەشپۈت، ئالۇچا، ياڭاق، دۆشەش، چىلان قاتارلىق مېۋىلەرنى ناھايىتى ياخشى يېتىلدۈرگەنىدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ قورۇسى بەك كۆڭۈللۈك ئىدى، باش باھاردىن كۈزگىچە قورۇسىدىن خۇشبۇي تارقىلىپ تۇراتتى.

گۈلباھار ئۈچ يەردە چاي ئوينايتتى، بىرىنچى چېيىنى مەھەللىدىكى سودىگەرلەرنىڭ خوتۇنلىرى بىلەن ئويناتتى، ئايدا بىر قېتىم بولاتتى، پۇلى مىڭ سوم ئىدى، باشلىقى يەنە گۈلباھار ئىدى. بۇ چايدىكى ئاياللارنىڭ ھالى بىرىنىڭ بىرىنىڭكىدىن چوڭ ئىدى، يېتەرلىك ئىقتىساد ئۇلارنىڭ مىجەزىنى مۇشۇنداق قىلىپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاددىي - ساددا يۇرىدىغان ئايال گۈلباھار ئىدى، قالغانلىرى ھەر قېتىم چايغا كەلگەندە بىر قۇردىن يېڭى مودا كىيىملەرنى كىيىپ كېلەتتى، ئۇلار بۇ كىيىملەرنى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، باشقىلارنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن كىيەتتى. ئاندىن چىرايىنى تۇتقىلى بولمايدىغان، سۆيگىلى بولمايدىغان قىلىپ ياسايتتى. بەزىلىرىگە يارىشاتتى، بەزىلىرى بەزىبىر بىزەڭ ئەرلەرنىڭ بەشىنچى، ئالتىنچى خوتۇنىغا ئوخشاپ قالاتتى، يەنە بەزىلىرى بەك سەمرىپ كەتكەچكە، گىرىممۇ، كىيىممۇ ياراشمايتتى، قورساقلىرى ساڭگىلاپ ئاۋۇ بىر يەرگە بېرىپ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن گۈزەللىك دېگەن نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت گۈلباھارلا گىرىم قىلمايتتى، ئىزچىل مۇشۇنداق

تەبىئىي ياشايتتى. گۈلباھار ئىككىنچى چېيىنى كونا مەھەللىسىدىكى، يەنە ئۆزىنىڭ ئانا مەھەللىسىدىكى كىچىكىدىن ئويناپ چوڭ بولغان دوستلىرى بىلەن ئوينايتتى، بۇ ئۇنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك چېيى ئىدى. بۇ چايدا ھەرقانداق گەپلەرنى قىلغىلى بولاتتى، بۇرۇنقى كۈنلەرنى ئەسلەپ مۇڭ بولۇپ، يەپ - ئىچىپ ئوينىغىلى بولاتتى، يەنە مۇھەببەت دەۋرلىرىدىكى شېرىن چاغلىرىنى ئەسلىگىلى بولاتتى، ھەم ئۆزئارا سىردىشىپ، بىر ئۆمۈر ئەرلەرگە دېگىلى بولمايدىغان ئىشلارنىمۇ قورساقتىن چىقارغىلى بولاتتى. دېمەك، ئۇلار ئاشۇ ئالتۇن دەۋرىدە، ئەتىسى - ئاخشاملىرى بىر يوتقاندا يېتىپ چوڭ بولغان جان دوستلاردىن ئىدى، گۈلباھار بۇ دوستلىرىنى كۆرسە بەك خۇشال بولۇپ كېتەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى قىيىنچىلىقى بار دوستلىرىغا مەردلەرچە ياردەم بېرەتتى. ئۇ ئۈچىنچى چېيىنى تۇغقانلار بىلەن ئوينايتتى، بۇ چايدا ئۆزى دېمەتلىكلەرمۇ بار ئىدى، يەنە ئۆزىدىن كىچىكلەرمۇ بار ئىدى، بەزىلىرى تېخى ئەمدى توي قىلغان قىزلار ئىدى، ئۇلار مۇشۇنداق چاي ئويناش ئارقىلىق، بىر - بىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئىناق ئۆتەتتى.

گۈلباھار ئۈچ چېيىنى ئۈچ مەكتەپ دەپ ھېسابلايتتى، ئۇ مۇشۇنداق چايلاردا نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى ئۆگىنىۋالاتتى، يەنە نۇرغۇنلىغان ئۇچۇرلارغا ئىگە بولاتتى، ئائىلىلەردە، جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ھەممە ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ تۇراتتى. چوكانلار ئارىسىدا، ئەرلەر ئارىسىدا بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ تۇراتتى، ھەممە ئادەم سۆزلەيتتى، كونكرېت ئىشلارغا باھا بېرەتتى، گۈلباھارمۇ مۇشۇنداق گەپلەرگە ئارىلىشىپ، ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى.

شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇ دوستلىرى بىلەن ئويناۋاتقان چايغا باردى. چاينى ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ھەلىمە ئۆتكۈزگەنىدى. تاماقتىن كېيىن مېھمانلار خېلى ئۇزاقىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى، مېھمانلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەلىمە گۈلباھارنى ئېلىپ قالدى: «بىردەم ئولتۇر، ئاداش، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار» دەپ ئۇنى تۇتۇپ قالغاندى.

— رەپقىتىڭنىڭ ئىش ـ ئوقەتلىرى قانداقراق، ئاداش؟

— ياخشى، ھەممە ئىشلىرى ياخشى كېتىۋاتىدۇ!

— «دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ» دېگەن گەپ بار، ئاداش، مەن ساڭا بىر گەپ قىلاي، بازارلاردا ئايناقشىپ يۈرىدىغان ھېلىقى رەنا ئارتىس دەيدىغان سەتەڭنى بىلىسەنغۇ!

— بىلىمەن.

— ھە، ئىش چاتاق، ئاداش، ئاشۇ پاسكىنا رەپقىتىڭ بىلەن ئەتىسى ـ ئاخشاملىرى جۈپلىشىپمۇ قالىدىغان ئوخشايدۇ!

— نېمە؟ — دېدى گۈلباھار ھەلىمەگە قاراپ، ئۇنىڭ چىرايى شۇ دەقىقىدە تاتىرىپ كەتتى، — كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— سەن بۇ ئىشنى مەندىن سورىما، ئاداش، مېنىڭ ئەڭ يېقىن بىر ئادىمىم بار ئىدى، شۇ ماڭا بۇ سىرنى ئاشكارىلاپ قويدى، سەن ئۆزۈڭگە چىڭ بول، ياخشىراق ئىنقىلاپ باق، بىر ئامال قىلىپ بۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئال! رەنا ئارتىسنى شەيتانغا دەرس بېرىدۇ دەپ ئاڭلايمەن، بىرلا گەپ، ئاداش، ئۆزۈڭگە چىڭ بول!

— توۋا، رەپقەت ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلارما؟ — دېدى گۈلباھار ھەلىمەگە قاراپ.

— مەنمۇ خەقتىن ئاڭلىدىم، ئاداش، سەن ياخشىراق ئىنقىلاپ باق، قىزلىرىڭ بار، بىر سەت ئىش بولۇپ قالمىسۇن، پۇلى بار ئەرلەرنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ مۇشۇ كۈنلەردە! — دېدى ھەلىمە.

گۈلباھار شۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئولتۇرغان يېرىدە ئولتۇرۇپ قالدى. چىرايى بەك سەتلىشىپ كەتتى، كۆزلىرى پاختىدەك ئاقىرىپ مىنۇت ـ سېكۇنت ئىچىدە كاللىسىغا نۇرغۇن ئىشلار كىرىۋالدى، رەپقەت بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ قېشىغا كەلمەيدىغان بولۇۋالغاندى.

— ھە، ئەسلىي مۇنداق ئىش ئىكەن ـ دە! — دېدى

گۈلباھار، ئۇنىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالمىغانىدى.

— بەك قايغۇرۇپ كەتمە، ئاداش، ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتمە، باشتا بۇ ئىشنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ياخشى ئېنىقلا، — دېدى ھەلىمە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

— بۇ ئىش يالغان ئەمەس، ئاداش...

— رەپقەتنىڭ قېرىغاندا نېمە قىلغىنى، ھەي ...

— مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قوي، ئاداش، بولمىسا كېتەلمەيمەن.

— بولىدۇ، مەن سېنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قوياي، ئاداش.

ھەلىمە كىيىملىرىنى كىيىپ، گۈلباھارنى تاكسىغا سېلىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى.

گۈلباھار بىر ھەپتە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. قىزلىرى مەھەللىدىكى گۆھەر دوختۇرنى باشلاپ كىرىپ، ئۇنىڭغا دورا ـ ئوكۇل قىلىپ ئاران ساقايتىۋالدى. رەپقەت ئۆيدىن سەھەر چىقىپ كەتسە كەچتە كىرەتتى، بەزىدە بىرنەچچە كۈن يوقاپ كېتىپ، مېھمانخانىنىڭ ئىشى تۈگىمەي شۇ يەردە يېتىپ قالدىم دەپ كېلەتتى.

گۈلباھار ئادەم سېلىپ رەپقەت بىلەن رەنانىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلىدى، ئىشلار راستلا ھەلىمە دېگەندەك ئىدى. گۈلباھار ھەلىمە بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتتى.

— قانداق قىلىش كېرەك ئەمدى، ھەلىمە؟ — دېدى گۈلباھار، ئۇنىڭ كۆزلىرى مىدىرلىماي تاشتەك قېتىپ كەتكەنىدى.

— ئۇلارنى تۇتۇۋالغىلى بولمايدۇ، ئاداش، رەنا ئارتىس دېگەن بەك يامان نەرسە ئۇ، ئۇۋىسى جىق، سەن بۇ ئىشنى بىر كۈنى رەپقەتكە دە! — دېدى ھەلىمە.

— بولمايدۇ، ئاداش، ئۇ ئىقرار قىلمايدۇ.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ ئۇلار مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، رەپقەت كېيىن سەندىن چانمامدۇ؟

— مەن بۇ ئىشنى رەپقەتنىڭ ئاپىسىغا دەي، ئاداش.
— مۇشۇنداق قىلساڭمۇ بولىدىكەن ئاداش، شۇ ۋاقىتىدا رەپقەت سەل چۆچۈيدۇ!
— ئەمىسە مەن رەپقەتنىڭ ئاپىسى بىلەن كۆرۈشەي، ئاداش، ماڭا مۇشۇ يولدىن باشقا يول يوق!
گۈلباھار يەنە نەچچە كۈن ئويلاشتى، ئاخىر ئۇ غەيرەتكە كېلىپ قېيىنئانىسى مەريەمخان بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ ھەممە گەپنى ئۇنىڭغا دېدى، ئاندىن ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى.
— يىغلىماڭ قىزىم، مۇنۇ جۇۋاينىمەكنىڭ قىلىپ يۈرگەن قىلىقىنى قارا، ئۆزىچە مەن باي، نېمە قىلسام قىلىمەن دەپ يۈرگىنى ئىكەن - دە، بۇ ساراڭنىڭ! — دېدى مەريەمخان غەزەپلىنىپ، — تىنچلىق بولسا كىچىك دادىسىنى دوراپتۇ - دە، بۇ خوتۇنپۈرۈش!
— رەپقەتكە ئۆزىڭىز گەپ قىلىڭ، ئاپا، مەن قىزلىرىمنى يېتىم قىلمايمەن، خەلقئالەم ئالدىدا سەت...
— خاتىرجەم بولۇڭ، قىزىم، مەن بۇ ئىشنى دادىسىغا دەيمەن، دادىسى پۇتىنى چاقىدۇ ئۇ ساراڭنىڭ! بۇ بالا ئاخىر بايلىقنى كۆتۈرەلمىدى - دە!
مەريەمخان بەستىلىك ئايال ئىدى، پېشانىسى كەڭ، يۈزى چوڭ، كېلىشكەن ئايال ئىدى، بۇ يامان خەۋەر بىردىنلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپ قويدى.
مەريەمخان بۇ ئىشنى ئېرىگە دېدى، رەپقەتنىڭ دادىسى كامال بۇ ئىشنى ئاڭلاپ غەزەپتىن ئاغزىنى بۇزدى:
— ئەمدى ماۋۇ ئېشەك مۇشۇ يېشىغا كەلگەندە شۇ ئىشنى قىپتىما؟! ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭ پاراڭلاش ئۇ ئېشەك بىلەن، ئەگەر مەن كۆرۈشۈپ قالسام ئارىلىقىمىزدا كەلگۈلۈك پەردىشەپكە كېلىدۇ! مەن ئۆزۈمنى دالدىغا ئالاي، سەن ئۇنىڭغا دە، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز سۇ سېتىپ جان باققان ئادەملەر، مۇشۇ جاھاندا سۇدىن پاكىز نەرسە يوق، بىز ئەل - يۇرت ئالدىدا

گەپ ـ سۆزگە قالغان ئادەملەرنىڭ پۇشتىدىن ئەمەس. ئەگەر ئۇ كالىلىسىنى سىلكىۋېتىپ يۇرمىسە، ئۇ گۈينىڭ تاشقىنى شاراقشىتىۋاتقان بىناسىغا ئوت قويىۋېتىمەن!
— توۋا، ماۋۇ بالىنى، قىزلىرى ياتلىق بولاي دېگەندە نېمە ئىش ھەي بۇ ؟!
— سەن بۇگۇنلا رەپقەت بىلەن سۆزلەش! — دېدى كامال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ.
— ئۆيگە چاقىرىمەنما؟
— ئەمىسە ئالدىغا بارامتىڭ ئۇ ھارامزادىنىڭ! — دېدى كامال ۋارقىراپ.
— كىمنى دوراپ قالدىكى بۇ سارالڭ، — دېدى مەريەمخان كوتۇلداپ.
— كىمنى دورايتتى، مېنىڭ ئەجدادىمنى دورىمامدۇ! مېنىڭ پاھىشىۋاز ئەجدادىمنى دورىمامدۇ! خاتىرجەم بول قېرى، مەن بۇ ئىشنى سېنىڭ ئەجدادىڭدىن كۆرمەيمەن، سېنىڭ جەمەتىڭ قەغەزدەك ئاق، — دېدى كامال.
مەريەم گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى، كامال ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، مەريەم دېرىزىنىڭ قېشىدىكى تېلېفوننىڭ يېنىغا كېلىپ، رەپقەتنىڭ يانفونىغا تېلېفون بەردى. يېرىم سائەتتىن كېيىن، رەپقەت ئاپىسىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى.
— ياخشى، بالام، ياخشى، — دېدى مەريەمخان بالىسىنىڭ سالىمىغا جاۋاب بېرىپ، — ھە، تېلېفون بېرىپ قويۇپلا ئايدا، يىلدا ئاران بىر ـ ئىككى قېتىم كېلىدىغان بولدۇڭغۇ!
— بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتىمەن، ئاپا!
— ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمەن بالام، ھېلىقى رەنا ئارتىس دېگەن يۇندىكەش قىزنى ئەگەشتۇرۇپ يۇرۇپسەن!
رەپقەت بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى.
— ئۇنداق دېمە، ئاپا، خەقلەرنىڭ تاپقان گېپى ئۇ، — دېدى رەپقەت چاندۇرماي.

— بولدى بالام، ئەمدى ماڭا يالغان گەپ قىلساڭ بولمايدۇ، گۈلباھارنى مەن ساڭا ئون ئالتە ياش ۋاقتىدا ئېلىپ بەرگەن، ئۇ بىچارە ئون يىل مۇشۇ ئۆيدە مېنىڭ يۇندامنى تۆكتى، سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلغىلى نەچچە ئون يىل بولدى ئەمدى سەن ئۇنى دەپسەندە قىلساڭ بولمايدۇ!

«بۇ ئىشنى ئاپامغا گۈلباھار دەپتۇ - دە!» دېدى رەپقەت ئىچىدە.

— سەن مېنى خاتا ئەيىبلەۋاتىسەن، ئاپا، مەندە ئۇنداق ئىش يوق.

— مەن گۈلباھارغا ئىشىنىمەن، ئۇ ماڭا يالغان گەپ قىلمايدۇ،

«شۇ، ئاشۇ موماي خوتۇن دەپتۇ بۇ گەپنى!» دېدى رەپقەت ئىچىدە.

— ماڭا ئىشەنمەيۋاتامسەن، ئاپا؟ بۇ گەپنى كېيىن دېيىشەيلى.

— ئالدىرىما، مەن دەيدىغان گەپنى دەپ بولاي، گۈلباھارنى مەن ساڭا ئېلىپ بەرگەن، ئەگەر سەن مەن ئېلىپ بەرگەن خوتۇندىن چانساڭ، شۇ كۈندىن باشلاپ سەندىن ئامەت قاچىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە داداڭ بۇ ئىشنى بىلىپ بەك غەزەپلەندى، پۈتمنى چېقىۋېتىمەن ئۇ گۈينىڭ بالىسىنىڭ دەيدۇ. باشقا گەپلىرىنى دېمەي قوياي ئەمدى.

«توختا، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەنمۇ موماي خوتۇننى بىر سىناپ باقاي!» دېدى رەپقەت ئىچىدە.

— سىلەر بىلمەيسىلەر، ئاپا، بىرەر يىل بولاي دەپ قالدى، گۈلباھار سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى، نېرۋىسىدىن سەل كېتىپ قىلىۋاتىدۇ، مەن تېخى قولۇمدىكى ئىشلىرىمنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىراي دەپ تۇراتتىم!

— ئۇنداق دېمە ، يامان بولىدۇ، خۇدالىق ئالەم بۇ! گۈلدەك ئۈچ قىزىڭ بار، بىزنىڭمۇ يۈزىمىزنى قىل.

— ئەمىسە مەن ماڭاي، ئاپا، خاتىرجەم بولۇڭلار، مەندە ئۇنداق ئىش يوق، ئەگەر ئۇ سارالڭ يەنە مۇشۇنداق ئىغۋالارنى تارقىتىۋەرسە، مانا ئەمىسە دەپ قىلمىغان ئىشلارنى قىلىمەن، ئۇ ۋاقىتىدا مېنى مۇشۇ يولغا باشلىغان ئادەم ئۆزى بولۇپ قالىدۇ، مېنىڭدىن رەنجىمىسۇن!

— ئەمدى بىزنىمۇ مايمۇن ئويىنتاي دەۋاتامسەن؟ نېمىدېگەن گېپىڭ ئۇ، گەپنى بايقاپ قىل، — دېدى مەريەمخان، ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى.

— ئەمىسە مەن ماڭاي ئاپا، ئەتە كېلىمەن.

— ئۇنداق يوللارغا كىرمە، بالام، خۇدالىق ئالەم بۇ، مۇشۇ كۆنلەرگە شۈكۈر قىلايلى، ئۇنداق ئىشلاردا قالايمىقانلىشىپ كەتسەڭ ھەممە ئىشلاردا قالايمىقانلىشىپ قالىسەن، تاپقىنىڭمۇ سورۇلۇپ كېتىدۇ. نەچچە يىلدىن بېرى مەن ساڭا دەۋاتىمەن، لېكىن تا بۈگۈنكى كۈنگىچە هاراقنى تاشلىيالمايۋاتىسەن، ئەڭ بولمىغاندا بىر ۋاق ناماز بولسىمۇ باشلىۋال دېسەم ئۇنىمىدىڭ، ئۇنداق قىلما بالام، ئۆزۈڭنىڭ ئويۇنى ئۈچۈن ياشايدىغان يىللىرىڭ ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى بالىلىرىڭ، ئايالىڭ، يەنە بىز ئۈچۈن، جەمەتىمىز ئۈچۈن ياشايسەن. بالام، بىزنى ئاپا، بىزگە ئەمدى نان كېرەك ئەمەس، يۈز كېرەك، ئۇنداق قىلما، دۈشمەنلەر خۇش بولىدىغان ئىشلارنى قىلما، بالام...

— مېنىڭ دۈشمىنىم يوق، ئاپا!

— كۆپۈرلۈق قىلما، دەۋاتقان گېپىڭنى قارا، سەن چاتاق، رەپقەت!...

— مەندە ھېچقانداق ئىش يوق، ئاپا، گۈلباھار كېلىپ سىلەرنى ئىلىشتۇرۇپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ.

— ئۇنداق قىلما، يامان بولىدۇ.

— ئەمىسە خوش، ئاپا، مەن ماڭاي! — دېدى رەپقەت، ئۇ شۇ قەدەر تەسلىكتە ئۆيدىن ئاران چىقىۋالدى.

رەپقەت دەرۋازىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ماشىنىسىغا چىقىپ،

ماشىنىنى قوزغىدى. ئۇ ئۇدۇل ئۆيگە كەلدى. گۈلباھار ھويلىدا ئىدى، ئۇ ئايالىنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ قاتتىق تىللىدى.
— ھەي موماي، ئاپامنىڭ قېشىغا بېرىپ مېنى چېقىپسەنغۇ!
— نېمە بولدىڭىز، رەپقەت؟ ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ!
— ئاپامغا بىر قىز بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپسەنغۇ!
— راستقۇ!
— ھەي موماي، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان، ئېيتە، نېمەڭ كەم سېنىڭ؟ سەن مەن بىلەن ئېيتىشقۇدەك بولدۇڭما؟ ئاتا ـ ئانامنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى چۈشۈردىڭغۇ سەن، ئەمدى مەندىن كۆر، قانداق قىلىمەنكى، ئۆزۈڭگە يۆلەپ تۇرۇپ كۆزۈڭدىن ئوت چىقىرىۋېتىمەن!
— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، رەپقەت، سىز مېنى ئۇنداق تىللىماڭ، بۇ جاننى خۇدايىم ئالىدۇ. مەن سىزگە يامان گەپ قىلمىدىم، قىزلىرىڭىزغا قىلىپ قويىسىز، پۇلۇم بار دەپ ئاشۇنداق ئىشلار بىلەن يۈرسىڭىز، مەن بۇ شەھەردە قانداق باش كۆتۈرىمەن، سىزگە يۈز كېرەك بولمىغىنى بىلەن ماڭا كېرەك، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، تىللاپ مۇشتلاپ قورقىتىۋالىمەن دېمەڭ! — دېدى گۈلباھار جىددىيلىشىپ.
— سەن مېنى بىر كىم بىلەن تۇتۇۋالدىڭما؟
— تۇتۇۋالسىلا ھېسابمىتى؟
— سېنىڭ نېمەڭ كەم زادى، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشىسەن، سەن بىر ئەقىلسىز نەرسە ئىكەنسەن! مەن ساڭا دەپ قوياي، باشقا خوتۇن بولسا بارغۇ قارا، بۇ ۋاقىتچە ئۆز قولى بىلەن ماڭا بىر قىز ئېلىپ بېرەتتى! — دېدى رەپقەت.
— جالاپ خوتۇنلىرىڭىز بولسا ئېلىپ بېرىدۇ، نېمە ئۇلارغا بىرەر قىز دېگەن، ئاڭلىسام ھېلىقى رەنا دېگەن ئارتىسىڭىز ئون ـ يىگىرمە چۈجە جالاپلارنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرىدىكەنغۇ، باش جالاپ سىزنىڭ بولغاندىكىن، چۈجە جالاپلارمۇ سىزنىڭ! — دېدى گۈلباھار نەپرەتلىنىپ.

رەپقەت بۇ گەپلەرگە چىدىمىدى، ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئايالىنىڭ ئالدىغا ئىتتىلىپ كەلدى ـ دە، پۈتۈن غەزىپى بىلەن يۈزىگە بىر شاپىلاق ئۇردى، گۈلباھار يىقىلىپ چۈشتى، ئۇنىڭ بۇرنى قاناپ كەتتى.

— كۆزۈمدىن يوقال، سارالڭ! ساڭا نىمە كەم، ئەمدى مېنى مارايدىغان بولدۇڭما! سەن مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشقۇدەك بولدۇڭما؟ ساڭا كىم ئۆگەتتى مۇشۇ ئىشلارنى؟ سەن مېنى باشقۇرىمەن دەمسەن، قۇچاقلاپ ياتىدىغان مۈشۈكۈڭنى باشقۇرۇۋال سەن ماڭقا!

گۈلباھار يەردىن ئاستا تۇردى، ئۇنىڭ بىر شاپىلىقى ئۇنى قاراڭغۇ دۇنياغا ئىتتىرىۋەتتى، ئۇ ئاستا ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ، قولى بىلەن يۈزىدىكى قاننى ئېرتتى، ئۇ خورلۇق ئىچىدە كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى، ياش كۆزلىرىدىن ئېقىپ چۈشۈپ يۈزلىرىنى يۇيۇشقا باشلىدى، رەپقەت پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقان بىرسىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى، بۇ چوڭ قىزى زۆبەيدەنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئىدى. بۇ قىز پەلەمپەيگە ئوغۇل بالىدەك گۈس ـ گۈس دەسسەپ چىقاتتى، شۇ دەقىقىدە رەپقەت ئوڭايسىزلىنىپ قالدى، چۈنكى، ئۇ مۇشۇ كۈنگىچە ئايالىغا قول سالغان ئەركەك ئەمەس ئىدى، بەزىدە ئۇلار دېيىشىپ قالاتتى، بەك ئاچچىقى كېلىپ كەتسە ئۇنى تىللايتتى، ئەزەلدىن ئۇنى ئۇرىدىغان ئىش يۈز بەرمىگەنىدى. مانا بۈگۈن ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئايالىنى ئۇرۇپ قويدى، شۇ تاپتا رەپقەت ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ قىلىدىغان ئىشىنى تاپالماي قالدى، قىزى زۆبەيدە پەلەمپەيدىن چىقىپ بولغانىدى، رەپقەت ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ يەنە بىر ئۆيگە كىرىپ، باشقا بىر ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

زۆبەيدە ئۆيگە كىرىپ ئاپىسىنى ئىزدىدى، ئۇ بىرنەچچە ئۆيگە كىرىپ ئاپىسىنى تاپالمىغاندىن كېيىن، «ئاپا!» دەپ توۋلىدى، ئۇ بىردىنلا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ يىغلاپ تۈگۈلۈپ كېتىۋاتقان

گۈلباھارنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ ئاپىسىنىڭ شۇ تۇرقىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى.

ئاپا، نېمە بولدى؟ — دېدى قولىدىكى سومكىسىدىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، ئاپىسىنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى ئېرتتى، گۈلباھار قىزىنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى.

— ئاپا، نېمە بولدى؟ — دېدى يەنە زۇبەيدە جىددىيلىشىپ.

— يىقىلىپ چۈشتۈم، بالام، — دېدى گۈلباھار ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ.

— قانداق يىقىلىپ چۈشتۈڭ؟

— بوسۇغىغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتۈم...

— دادام قېنى؟

— داداڭنى كۆرمىدىم، — دېدى گۈلباھار، ئۇ بۇ ئىشنى قىزىغا ئاشكارىلاشنى توغرا تاپمىدى.

— ئەمىسە ھازىر تېخى دادامنىڭ ماشىنىسى دەرۋازىنىڭ ئالدىدا تۇراتتىغۇ؟

— دۇكانلارنىڭ بىرەرىگە كىرىپ كەتتىمىكىن؟ — دېدى گۈلباھار، — قىزىم، مېنى موماڭنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قوي، مەن شۇ يەردە بىرنەچچە كۈن دەم ئالاي !

— ساڭا بىر ئىش بوپتۇ - دە، ئاپا؟ — دېدى زۇبەيدە ئەتراپقا قاراپ.

— ھېچ ئىش بولمىدى، قىزىم، شۇنداق قىل، تالاغا چىقىپ بىر تاكسى توسۇپ كەل، مەن ئۆزۈمنى جابدۇپ تۇراي، — دېدى گۈلباھار ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ بېشى شۇنداق قېيىپ تۇراتتى.

— ئەمىسە دوختۇرخانىغا بارايلى، ئاپا، چىرايىڭ بەك تاتىرىپ كېتىپتۇ.

— ياق دوختۇرخانىغا بارغۇدەك ئىش يوق، موماڭلارنىڭ مەھەللىسىدە دوختۇر بار.

— ئەمىسە مەن بىر تاكسى چاقىرىپ كېلەي، ئاپا !

زۇبەيدە سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

گۈلباھار يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ، كىيىملىرىنى كىيىپ تەييار بولدى، ئاندىن ئۇ ئۆزى ياتىدىغان ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ، يوغان ساندۇقنىڭ ئىچىدىن بىر جىگەر رەڭ سومكىنى قولىغا ئالدى، ئاندىن سومكىنىڭ ئىچىنى ئاختۇرۇپ كۆردى. ئۇ كۆرمەكچى بولغان نەرسىلىرىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، سومكىنى قولىغا ئېلىپ، ساندۇقنى يېپىپ قۇلۇپلاپ، تالاغا قاراپ ماڭدى. پېشايۋانغا چىققاندىن كېيىن، ئۆينى قۇلۇپلىۋەتتى. ئادەتتە قاتار كەتكەن مۇشۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ئوچۇق تۇراتتى، پەقەت ئۇ ئۆزى ياتىدىغان ئۆينى قۇلۇپلاپ قوياتتى.

گۈلباھار پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقاندا، زۇبەيدە دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى، ئۇ ئاپىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ قولىدىكى سومكىسىنى ئالدى ـ دە، ئاپىسى بىلەن دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، دەرۋازىغا قۇلۇپ سالدى، ئاندىن ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان قىزىل رەڭلىك تاكسىغا چىقتى، زۇبەيدە شوپۇرغا بارىدىغان ئورۇننى ئېيتتى، شوپۇر ماشىنىسىنى قوزغىدى.

تۆت كوچا يەنە بۇرۇنقىدەك ئاۋات ئىدى، ئۆستەڭدە سۇ شىرىلداپ «نايناقلار دەرياسى» غا قاراپ ئاقاتتى، ئۆستەڭ ئىچىدىكى بېلىقلار سۇنىڭ ئېقىنىغا ئەمەس، سۇنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ ئاقاتتى، بايا گۈلباھارنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىغان سەۋزىچىلىك بىر بېلىق بېشىنى سۇدىن چىقىرىپ دەرۋازىدىكى قەدىمكى قۇلۇپ ياساش ھۈنىرى بىلەن ياسالغان يوغان، قوپال قۇلۇپقا قاراپ: «مانا بۇ دەرۋازىغا ئۇزاق يىللاردىن بېرى بىرىنچى قېتىم قۇلۇپ سېلىندى» دېدى. ئۇنىڭ قېشىدا قاتار تۇرۇپ گېپىنى ئاڭلىغان بېلىقلار: «يۈرۈڭلار سۇ شەيتانلىرى، ئادەملەر يەر ئۈستىدە بىزدىنمۇ بەكرەك شەيتان» دېدى.

بېلىقلار ئۆستەڭگە كىرىپ كەتتى.

گۈلباھار ئاپىسىنىڭ ئۆيىدە ئۈچ كۈن ياتقاندىن كېيىن، ئاپىسىنىڭ كەينى ـ كەينىدىن نېمە بولدى قىزىم؟ دەپ

سوراۋېرىشىگە چىدىماي بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاستا ئېيتتى. موماي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئاندىن ئۇ ئۆزاققىچە سۈكۈت دېڭىزىغا پېتىپ قالدى. ئۇ كۆپ ئويلاندى، قىزىنىڭ دېگەن گېپىگە ئىشەندى. ئۇنى قىزى يېگەن ئاشۇ بىر شاپىلاق ئىشەندۈرگەنىدى. لېكىن، ئۇ قورسىقىدىكىنى سىرتىغا چىقارمىدى. ئۇ گۈلباھارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھاي بەردى.

ــ «گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ» دېگەن گەپ بار، قىزىم، سىز ئۇ ئىشلارنى ئۆزىڭىز كۆرمىدىڭىز، رەپقەتنىڭ ئاپىسى بىلەن كۆرۈشمەي تۇرغان بولسىڭىز بوپتىكەن.

ــ رەنا ئارتىسنى يامان جالاپ دەيدۇ، مېنىڭ ئۆيۈمنى بۇزۇۋېتىشتىن يانمايدۇ .

ــ قېرىغاندا نېمە خاپىلىق بۇ؟ سىز مۇشۇ ئىشتا ئالدىراپ قاپسىز ـ دە، قىزىم، ئۇدۇل مېنىڭ قېشىمغا كەلسىڭىزچۇ! ئۇ ئاشۇنداق سەت ئىشلىرى بىلەن ئېزىپ يۈرگەن ھالەتتىمۇ ئۇنى ئالداپ ـ سىلاپ ياندۇرۇش كېرەكتى ئەمەسمۇ! سەن ئۇنى بۇرۇنقى رەپقەت دەپ يۈرەمسەن؟ بىر ئەر پۇل تاپقاندىن كېيىن ئۆزىنى مىڭ ئەرگە، يەنە بىر شەھەرگىمۇ تەڭ قىلمايدۇ.

ــ سەن بىلمەيسەن، ئاپا، كوچىدا گەپ بەك جىق، ھەتتا ئىككىسىنى توي قىلىۋاپتۇ دېگەنلەر بار...

ــ سىز ئاشۇنداق گەپ ـ سۆزلەرگە ئۇسسۇل ئويناپ يۈردىڭىزما؟ بىرەرسى بىلەن يەنە بىر ئۆي تۇتۇۋالغان بولسا مەيلى ئەمەسمۇ! كىم ئەسكىلىك قىلسا شۇ يۈزىنى كۆتۈرەلمەيدۇ ئەمەسمۇ! ئۇنىڭمۇ ئاتا ـ ئانىلىرى بار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بار، جامائىتى بار. ئۇمۇ ئادەم، ۋىجدانى ئاستا ـ ئاستا ئۇنى قامچىلاپ ئويغىتىدۇ، ئاخىر بىر كۈنى توۋا قىلىدۇ، كوچىدىكى شالتاق قىزلار قايسى بىر ئەرگە ئاش ـ نان بولغان.

ــ بولدى، ئاپا، ئاجرىشىپ كېتىمەن...

ــ نېمە دەيدىغاندۇ مۇنۇ ساراڭ قىز. قالايمىقان گەپ

قىلماڭ، بىرىپ ئۆيىڭىزنى تۇتۇڭ، ئاۋۇ ئۆيدە سىزنىڭ ھەققىڭىز بار، رەپقەت ھەرگىز سىزنى ئۇ قورۇدىن قوغلاپ چىقىرالمايدۇ!

— ئۇ ساراڭ مېنى ئۆرۈۋاتسا، مەن يەنە ئاشۇ ئۆيگە بارامدىم؟

— بارماي نەگە بارىسىز؟

— قىزلىرىمنى ئەكېلىپ سەن بىلەن بىللە تۇرىمەن!

— ئەخمەق بولماڭ، ھەممە نەرسىدىن قۇرۇق قالىسىز، بىر شاپىلاق ئۇرۇپ قويغانغىمۇ مۇشۇنچىلىك ئىش تەۋرىتەمسىز؟ ئاۋۇ دادىڭىز ساراڭ بارغۇ، مېنى ئەللىك ياشقا كىرگەندىمۇ ئۇرۇپ دومبالايتتى، بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن كەچتە: ئۇستىخانلارنى سىلىپ سۈيۈقئاش ئەت! دەپ قويۇپ چىقىپ كەتكەنىدى، شۇ كۈنى مەھەللىدە توي بولۇپ تاماق قىلالمىغانىدىم. كەچتە مەست كېلىپ: «مەن دېگەننى قىلماپسەن!» دەپ مېنى ئۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ساراڭنىڭ مۇشۇ ئىشى ھازىرمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ، مەن دادىڭىزنىڭ ئاشۇنداق ئەسكىلىكلىرىنىمۇ ئىچىمگە يۇتۇپ ياشاپ كەلگەن، ئەمدى سىزمۇ چىدىمىسىڭىز بولمايدۇ، قىزىم، قېنىڭىز بەك قىزىپ كەتمىسۇن، ئەتە ئۆيىڭىزگە كېتىڭ...

گۈلباھار گەپ قىلمىدى، ئۇنىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتكەنىدى.

ئەتىسى گۈلباھار ئاپىسىنىڭ گېپىگە كىرىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. رەپقەت مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ: «سەن ماڭا قارا چاپلاپ مېنى چوڭلارنىڭ ئالدىدا سېسىتىپ بولدۇڭ، ئەمدى سەن بىلەن ئاجراشقىنىم ئاجراشقان، ھەممە ئىشنى ئۆزۈڭ قىلدىڭ!» دەپ ئۇنى يەنە بىر زور قايغۇغا باغلاپ قويدى. گۈلباھار ئاخىر ئامال تاپالماي بۇ ئىشنى قىزلىرىغا ئېيتتى. لېكىن، ئۈچ قىزىنىڭ پىكرى ئۈچ خىل بولدى. شۇ كۈنى ھەممە ئادەم قايغۇرۇپ ئۆز خىيالى بىلەن ئولتۇرسا، ئۇنىڭ كەنجى قىزى رىزۋان: «دادام ئويناپ قويۇپتۇ» دېگەنىدى، ھەدىسى زۇبەيدە ئۇنى تىللاپ كەتكەنىدى.

بىر ئاي ئىچىدە رەپقەت گۈلباھار بىلەن ئاجرىشىپ، رەنا

ئارتىس بىلەن توي قىلىدىكەن دېگەن گەپلەر ھەممە يەرگە تارقىلىپ بولدى. بۇ ئىش ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئىچىدە، دوست ـ ئاغىنىلىرى ئىچىدە، جامائەتچىلىكتە خېلى غۇلغۇلا بولدى. بەزىلەر : «ئاللا دېدىم، زامان ئاخىرى بولدىمۇ نېمە، رەنا دېگەن كىچىك بىر قىزغۇ ئۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆرگەن يەردە ئۆردەكتەك قونۇپ ـ يېتىپ قالىدىغان شاپاقچى تۇرسا ئۇ، رەپقەت كېچە ـ كۈندۈز ئۇنى ماراپ يۈرەرمۇ ـ ھە؟ » دېسە، يەنە بەزىلىرى : «ئوغۇل بالا ئىكەن ئاشۇ، رەنا يەردە ئەمەس، ئاسماندا ئۇچۇپ ياشاۋاتقان پەرىشتە» دەيتتى. كۆپ ساندىكى ئادەملەر رەپقەتنى ئەيىبلەيتتى.

كۈز شامىلى تەلكە دەرياسى تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلدى. قارا سۇدىن كەلگەن شامال يول بويى ئېتىزلاردىكى قورايلارنىڭ يوپۇرماقلىرىنى ئەكېلىپ بازارلارغا چاچاتتى. ھەممە ئادەم تەبىئىي ھالدا قىشنىڭ تەييارلىقىغا چۈشۈپ كەتكەندى. كۈز ئالمىسى ئىسسىق ساقلاش گەمىسىگە چۈشكەندە، ئالمىلارنىڭ كۈن كۆرگەن سېپى تەرىپى شاھزادىنىڭ مەڭزىدەك يېقىملىقىنا پارقىرايتتى، ئالمىلارنىڭ كۈن كۆرمىگەن تۆۋەن تەرىپى يېتىم باللارنىڭ كۆزلىرىدەك روھسىز ئىدى. باغدىكى شامالنىڭ سۈرگۈن قىلىشىدىن ساقلىنىپ قالغان ئالما يوپۇرماقلىرى چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا ئالما دەرىخىنىڭ يىلتىزى بىلەن مۆگدىشاتتى. سارغايغان چۆپلەر غازاڭلار بىلەن بىرلىشىپ ئۆي ئىگىسىگە ھاياتنىڭ ھەم ۋاقىتنىڭ رەھىمسىزلىكى ئۈستىدە بېشارەت بېرەتتى، ئالما شاخلىرىنىڭ ئۇچىدا قالغان بىر تال ياكى ئىككى تال ئالما سەھەردىكى قۇياشنىڭ نۇرى ئاستىدا مەرۋايىتتەك پارقىرايتتى، ئىش بىلىدىغان ياخشى قىزنىڭ يۈرىكىدەك يېقىملىق ئىدى. شامال ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن تەلكە دەرياسى تەرەپتىن كەلگەندە، شەھەردىكى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ بۇرنىغا قىشنىڭ دەسلەپكى پۇراقلىرى كېلىپ ئۇرۇلاتتى، كۈز شامالىلىرىنى ئىشقا سېلىپ قويۇپ، تاملارغا، بىنالارغا، دەل ـ دەرەخلەرگە يۆلىنىۋېلىپ جىم بولۇۋالاتتى.

ئۇلار زېمىنغا مول ھوسۇل بېرىش بىلەن بىللە يەنە كائىناتقا قىشنىڭ ئۇچۇرىنى چاچاتتى، باھاردا كۆلگەن گۈللەرنى يىغلىتاتتى.

گۈلباھارنىڭ تەتۇر ئۇستىخان ئىنىسى ئازاد ئەركىن بازىرىدا تېرىچىلىك قىلاتتى، ئۇ بازارنىڭ ھەممە تەرىپىدىن يىغىلغان تېرىلەرنى يىغىپ ئېلىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كېلىدىغان بايۋەچچىلەرگە ساتاتتى. مۇشۇ ئون يىل ئىچىدە، ئۇ قاسساپلىق ھۈنىرىنى تاشلاپ، تېرە بازىرىغا كىرىپ مۇشۇ ئوقەت بىلەن كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇنى بۇرۇن بازاردىكىلەر، ھەم ئەل ـ ئاغىنىلىرى «ئازاد قاسساپ» دەيتتى. كېيىن تېرە بازىرىغا چىققاندىن كېيىن ئازاد تېرە دەيدىغان بولغانىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ لەقىمى ئازاد دوقا ئىدى، ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسى ئالدىغا چىقىپ تۇراتتى، ئۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ھەم شوخ ياشلىق دەۋرلىرىدە باللار بىلەن سوقۇشۇپ قالسا ھەرقانداق بالىنى كاللا بىلەن بىرنى قويۇپ ياتقۇزۇۋېتەتتى. ھەممە ئادەم ئۇنىڭدىن قورقاتتى. قىسقىسى، ئۇ مۇشۇ كۈنگىچە ھېچقانداق ئادەمگە بوزەك بولماي كەلگەنىدى.

ئازاد ھەدىسىنىڭ ئىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، رەپقەتتىن نەپرەتلەندى، ئۇ ئىچىدە رەپقەتنى تىللىدى : «بۇ رەپقەت دەيدىغان گۇيمۇ كىچىك ۋاقتىدا ئېرىق لېۋىگە بېرىپ قالغان ھەزىلەكمۇ نېمە؟ ئۇ رەنا دېگەن يۇندىكەشنى كىم بىلمەيدۇ، نوچى بولسا ئون سەككىز ياشلىق قىزدىن ئالمامدۇ؟» دېدى. ئۇ بىر كۈنى ھاراق ئىچىپ رەپقەتنىڭ مېھمانخانىسىغا بېرىپ رەپقەتنى قاتتىق ئۇرۇۋەتتى، رەپقەت قول ئاستىدىكى ئامانلىق خادىملىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۇنىمۇ قاتتىق ئۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويغانىدى. رەپقەت بۇ ئاقىۋەتتىن قورقۇپ، يەردە مىدىرلىماي ياتقان ئازادنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ئۇنى داۋالىتىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

رەپقەت ئازادنىڭ بۇ ئىشنى باھانە قىلىپ، گۈلباھار بىلەن كۆرۈشۈپ: «مەن ئەمدى سەن بىلەن ئاجرىشىمەن، ھېچكىم مېنى

توسۇيالمايدۇ، قۇشخانىدا يوق توشۇيدىغان ئاشۇ ئىنىڭ ئۆزىچە ماڭا قول سىلىڭاتىدىغۇ! ئەمدى قالغان ئىشنى مەندىن كۆر، ئۇ گۆينىڭ گىپىدىن بىنزىن قۇيۇپ ئوت قويۇۋېتىمەن، ئەمدى مېنىڭ قىلغىنىمنى كۆرسۇن! ئالدى بىلەن دوختۇرخانىدىن ساقىيىپ چىقسۇن، شۇ ۋاقىتتا كۆرىمىز» دېدى. گۈلباھار تېخىمۇ چوڭ قايغۇغا پېتىپ قالدى.

گۈلباھارنىڭ ئاپىسى ئازادنى ئەيىبلىدى : «ھەي، بالا دېگەن بالا ـ دە ، نېمە قىلىدۇ ھەدىسىنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ، مانا ئەمدى ھەممە ئىشنى بۇزدى» دېدى.

مەيلى ئۇلارنىڭ ئىشلىرى قانداق بولۇپ كەتسۇن، شەھەرنىڭ ئىشلىرى يەنە ئۆز يولىدا كېتىۋاتاتتى، ئادەملەر توۋا قىلىپ، قانائەت قىلىپ، شۈكۈر قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ قازىنى ئۈچۈن تىرىكچىلىك قىلاتتى. بىر تۈركۈم ئادەملەر بازاردا جاپا بىلەن پۇل تاپاتتى، يەنە بىر تۈركۈملىرى گەپ بىلەن، ئىشارەت بىلەن، شەيتانلىق بىلەن پۇل تاپاتتى. ئازاد دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالانغان كۈنى ئىككى ئاغىنە كىنوخانىنىڭ يېنىدىكى قاۋاقتا ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىپ ماڭدى. بۇ ئىككىسى ئاكا ئاداشلاردىن ئىدى، كىچىكىنىڭ ئېتى جۇرئەت ئىدى. ئۇلار قاۋاقتا ئۈچەي كاۋاپ بىلەن ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇۋاتاتتى. بۇ قاۋاقنىڭ ئورنى يىگىرمە نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئەسلىي كىنوخانىنىڭ بېلەت ساتىدىغان بىر ئۆيى ئىدى. ئۆينىڭ ھازىرقى ئىشىكىنىڭ ئورنى كەڭلىكى قىرىق سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر كىچىك كامار ئىدى. بېلەت ئالىدىغانلار مۇشۇ كامارغا قولىنى تىقىپ ئالاتتى، مانا بۇ ئورۇن ھازىر چوڭ بىر ئىشىككە ئايلاندى، ئىچەرمەنلەر مۇشۇ ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىدىغان بولدى. بۇرۇنقى ئىككى مىڭ ئادەم پاتىدىغان كىنوخانىنىڭ ئۆزى ھازىر ئون نەچچە ئورۇنغا بۆلۈنۈپ، سىرتقا ئىجارىگە بېرىلگەنىدى، بۇرۇن شۇ قەدەر ئاۋاتلاشقان كىنوخانا ئەمدى شۇ قەدەر ۋەيرانە ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. قىسقىسى، بۇ ئورۇن بىر بۆلۈك ـ پۇچقاقتا ئايلىنىپ قالغانىدى.

# ئونىنچى باب

# ھەر كاللىدا بىر خىيال

رەنا رەپقەتنىڭ ئائىلىسىدە بولغان مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، رەپقەتنىڭ ئايالىنى ئۇرغان ئىشىغا ئاچچىقى كېلىپ قالدى. ئۇ رەپقەتكە جىق گەپ قىلدى، ئاخىردا رەپقەتكە : «جېنىم، ئائىلىنىڭ ئىشىنى ئۇنداق ھەل قىلىشقىنىڭىز بولمايدۇ، سىز ئەسلىدە ھەدىمىزگە قول تەگكۈزمەي، ئۇنى پەيلەپ تۇرۇپ قايىل قىلىشىڭىز كېرەك ئىدى. ئەسلىدە خەقلەرگە ئويۇن قويۇپ بەرمەسلىكىمىز كېرەك ئىدى» دېدى. رەپقەت ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ قالدى، ئۇ رەناغا : شۇ كۈنى ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالدىم، دېدى. ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلىرى ئۈستىدە پاراڭلىشىۋالدى.

رەپقەت شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆيگە كەلمەيدىغان بولۇۋالغانىدى، گۈلباھار بۇ چوڭ قورۇدا ئۈچ قىزى بىلەن قالدى، قىزلار ھەر كۈنى كەچتە ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئاپىسى بىلەن دادىسىنىڭ ئىشلىرى ئۈستىدە پاراڭلىشاتتى. بىراق، ئۇلارنىڭ گەپلىرى گۈلباھارغا خۇشياقماي كەتمەيتتى. ئۇ قىزلىرىغا بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلاشماڭلار، دەيتتى.

— سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەڭلار، بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلاشماڭلار، مەيلى مەن داداڭلار بىلەن ئاجرىشاي ـ ئاجراشماي، داداڭلار سىلەرنى تاشلىۋەتمەيدۇ ! — دېدى.

— سەن ئاجراشمايمەن دەپ تۇرمامسەن، ئاپا، نېمە ئۈچۈن ئاجرىشىسەنكەن ! سەن دېمىسەڭ مەن دەيمەن ! — دېدى زۆبەيدە.

— مەن دېدىمغۇ، مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشماڭلار، — دېدى گۈلباھار.

— ئۇنداق دېمە، ئاپا، ئارىلىشىمىز، ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، ئۇ رەنا دېگەن بۇزۇق دادامنىڭ پۇلىنى كۆزلەۋاتىدۇ !

— مەنچە بۇ ئانچە چوڭ ئىش ئەمەس، ئاجرىشامدۇ، ئاجراشمامدۇ، بۇ ئىشلارنى دادام بىلەن ئاپام ئىككىسى ئۆزلىرى چىقىشىپ بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ، بىز بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قويساق ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ ! — دېدى گۈلباھارنىڭ ئىككىنچى قىزى زەيتۇنە.

— سەن كىچىكىڭدىن مۇشۇنداق جان باقار ئىدىڭ، زەيتۇنەم، بىر بۇزۇق نەرسە دادامنىڭ تاپقان دۇنياسىغا چاڭ سېلىۋاتسا، بىز بۇ ئىشقا ئارىلاشمايلى دەيسەنغۇ !

— مېنى ئۇنداق دېمە، ھەدە، دادامنىڭ ھېسسىياتىغىمۇ ھۆرمەت قىلىش كېرەك، ئۇ رەنا دېگەن قىز دادامغا تېگىمەن دېگەن بولسا بۇ ئىشنىڭ ئاپامغا نېمە زىيىنى؟ ئۇ ئاپامنىڭ ياردەمچىسى سۈپىتىدە دادامنىڭ خىزمىتىنى قىلسا ئاپامغا ياخشى ئەمەسمۇ ! سىلەر ھەممە ئىشنىڭ يامان تەرىپىنى ئويلايدىكەنسىلەر !

— توۋا، سەنمۇ كىچىكىڭدە كىم بىر نەرسە بېرىپ قويسا شۇنىڭ كەينىدىن كېتىۋېرەتتىڭ !

— ئەقىللىك ئادەم ماڭا ئوخشاش بولىدۇ، ھەدە !

گۈلباھار گەپ قىلماي ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ كاللىسى بەك قالايمىقان ئىدى. ئۇ قىزلىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قايغۇرۇپ كەتتى. زەيتۇنە بىلەن رىزۋاننىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەگكەنىدى. ئەسلىدە : ئۈچ بالام مەن تەرەپ بولىدۇ، ئۇلار ماڭا مەدەت بېرىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، بۇ ئەمەلىيەت ئۇنى قاتتىق گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى مۇزلاپ

تىترەشكە باشلىدى.

— بايام ئاپام بىر ياخشى گەپ قىلدى، ھەدە، بىز بۇ ئىشقا ئارىلاشمايلى، — دېدى رىزۋان ھەدىسىگە قاراپ.

رىزۋان ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى، ئارقىدىن زەيتۇنەمۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتتى، پەقەت زۇبەيدە ئاپىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. گۈلباھار ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى.

— داداڭ قېرىغاندا بىزنى يەرگە قارىتىدىغان بولدى، قىزىم، — دېدى گۈلباھار زۇبەيدەگە قاراپ.

— يىغلىما، ئاپا، مەن ھەممە گەپنى دادامغا دەيمەن.

— ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، قىزىم، مەن دادىڭىزغا نېمە قىلدىم؟

زۇبەيدە ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى...

مۇشۇ كۈنى كەچتە، رەپقەتنىڭ ئىنىسى راشىدىن ئاكىسى بىلەن كۆرۈشتى.

— ... مۇشۇنداق گەپ، ئاكا، مەن كىچىك بولساممۇ ساڭا بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قوياي، بۇ قىزنى ئالساڭ بولمايدۇ، قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، قىزلىرىڭنى يېتىم قىلما، سېنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، سەن تۆتىنىڭ ئالدى بولۇپ ياشاۋاتقان ئادەم، ئۇنداق قىلما، ئاكا، ئەگەر سەن ئاشۇنداق قىزنى ئالساڭ، ئۆيۈڭگە بارمايمىز !

— سەن قالايمىقان قىلما، ئۇكام، رەنا سەن دېگەندەك قىز ئەمەس، ئۇ ياخشى قىز، خەقلەر مېنى كۆرەلمەيۋاتىدۇ، ئاشۇنداق ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان بىر قىزنى ئېلىپ كېتەمدۇ، دەپ ئىغۋا تارقىتىۋاتىدۇ. سەن ئۇلارنىڭ سەنىمىگە ئۇسسۇل ئوينىما، كېيىن ھەممە ئىشنى چۈشىنىپ قالىسەن...

راشىدىن ئاكىسىنىڭ گېپىگە ئىشەنمىدى. ئۇ داۋاملىق تۇغقانلارنىڭ ئارىسىدا رەنانى سېستىشنى توختاتمىدى.

رەنانىڭ تۇنجى يىگىتى ئەركىن ھەر دائىم تونۇش ـ بىلىشلەر ئارقىلىق رەنانىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن خەۋەر تېپىپ تۇراتتى. يېقىندا ئۇ رەنانىڭ رەپقەت بىلەن توي قىلماقچى بولغان خەۋىرىنى ئاڭلاپ، بىر كۈنى رەنانىڭ تاللا بازىرىغا كېلىپ رەنا بىلەن كۆرۈشتى. رەنا مەجبۇرىي ئۇنى قوبۇل قىلدى. رەنا ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا قوبۇل قىلدى.

— ياخشى تۇرۇپسىز، رەنا، ئۇزاق بولدى سىز بىلەن كۆرۈشەلمىدىم.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدە يەنە ئون يىلنىڭ ئالدىدىكى ئوتلار يالقۇنجاۋاتاتتى.

— يامان ئەمەس... — دېدى رەنا، ئۇ چىرايىنى ئاچماي ئولتۇردى. ئون يىلنىڭ ئالدىدا ئەگەر ئۇلار مۇشۇنداق ئۆيلەردە يالغۇز بولۇپ قالسا، بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپ سۆيۈشۈپ بولاتتى. مانا ۋاقىت ئۇلارنى مۇشۇنداق ياتلاشتۇرۇپ قويىدى.

— سىزنى توي قىلىدۇ دەپ ئاڭلايمەنغۇ، رەنا؟ — دېدى ئەركىن. ئەسلىدە ئۇ بۇ گەپكە ئالدىرىمايتتى. رەنانىڭ پوزىتسىيەسى ئۇنى مەقسىتىنى تېزرەك دېيىشكە مەجبۇر قىلغانىدى.

— مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشماڭ، ئەركىن...

— مەيلى مېنى نېمە دېسىڭىز دەڭ، رەنا، مەن مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە بىلگىنىمنى ھەم ئۆزۈمنىڭ كاللىسىدىكىنى دېمىسەم بولمايدۇ. بىرىنچىدىن، رەپقەت قېرىپ ئۆپكىسى قالمىغان ئادەم، ئۇ سىزگە ئەر بولالمايدۇ، ئەكسىچە سىزنىڭ ئۆمرىڭىزنى قىسقارتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ سىز بىلەن توي قىلىشىدىكى نىيىتى دۇرۇس ئەمەس، ئۇ سىزنىڭ مال ـ دۇنيايىڭىزنى كۆزلەيدۇ. سىز ئويلاپ بېقىڭا، ئەگەر سىز بازاردا نان ـ چاي ساتىدىغان بولۇپ قالغان بولسىڭىز رەپقەت سىزگە مۇشۇ دەرىجىدە قىزىقامتى؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس، رەنا ؛ ئۈچىنچىدىن، سىز ئۇنىڭ قىزلىرى بىلەن تەڭ، بۇ ئىش قائىدىگىمۇ پەقەت

توغرا كەلمەيدۇ؛ تۆتىنچىدىن، سىز رەپقەت بىلەن تىوي قىلغان ھالەتتىمۇ ئۆي تۇتالمايسىز، سىلەردىكى نىكاھ غەيرىي بىر نىكاھ. سىلەر شەكىل ئىچىدە ياشايسىلەر، ئۆيۈچىلار بولىدۇ، لېكىن تۇزۇچىلار يوق، بۇ ئەمەلىيەتنى كېيىن كۆرىسىز تېخى، مەن سىزگە كۆيۈنۈۋاتىمەن، رەنا، بۇ ئادەم ھەرقايسى جەھەتتىن سىزگە توغرا كەلمەيدۇ.

ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئۆچمەي يالقۇنجاپ كېلىۋاتقان شۇ ئوت ئۇنىڭ قېنىنى داۋاملىق قىزىتىپ تۇراتتى.

— ئەمىسە كىمگە تەگسەم بولىدۇ، ئەركىن؟ ! — دېدى رەنا باشقا يەرگە قاراپ.

— ئۇنى يۈرىكىڭىزدىن سوراڭ.

— سىزچە مەندە يۈرەك بارمۇ، ئەركىن؟

— ئەمىسە ماڭا تېگىڭ، سىزنىڭ يۈرىكىڭىز يوق بولسا مېنىڭ يۈرىكىم بار.

— بۇ بىر رىۋايەت، ئەركىن، سىز مېنى چۈشەنمەيسىز. مەن ئون يىلنىڭ ئالدىدىكى رەنا ئەمەس، مېنى خىجالەت قىلماڭ، بىلەمسىز، خەقلەر مېنى نېمە دەيدۇ؟ مېنى ئادەم ئەمەس، شەيتان، ئارتىس، مەتە دەيدۇ. شۇڭا، سىز مەندىن يىراقراق تۇرۇڭ، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئىزدىمەڭ... — دېدى رەنا چىرايىنى ئاچماي.

شۇ تاپتا مەنىۋىيىتى قەغەزدەك پۈرلىشىپ كەتكەن ئەركىن رەنانىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى، ئۇنىڭ تەييار بولۇپ قالغان كۆز يېشى ئۇنى يەنە بىر قېتىم رەنانىڭ ئالدىدا سەتلەشتۈردى. رەنا ئەركىننىڭ يىغىسىنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. ئۇ بايا دېگەن گەپلىرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ قالدى. ئۇ بىرىنچى قېتىم بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەركىننىڭ ھەممە يېرىگە قاراپ چىقتى. ئىچىدە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى، چۈنكى ئەركىن ئۇنىڭ ئاشۇ يىللاردىكى ئۆچمەس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap

خاتىرىسى ئىدى.

ئەركىن ئورنىدىن تۇرۇپ رەنا بىلەن خوشلاشتى، ئاندىن ئۇ رەنانىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى. رەنا ئۇنىڭ كەينىدىن چىقمىدى، ئۇ ئولتۇرغان يېرىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

يەر يۈزىدە نۇرغۇن يول بار ئىدى، بۇ يوللار نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنى بىر ـ بىرىگە ئۇچراشتۇرۇپ تۇراتتى، رەنا ئۆسۈپ چوڭ بولغان ياخشىلار مەھەللىسىدە مەريەم موماي دەيدىغان بىر ياشىنىپ قالغان ئايال بار ئىدى، بۇ ئايال مەھەللىدىكى بىر باينىڭ هويلىسىدا قوشنا ئولتۇراتتى، باي ئۇنىڭدىن ئۆي ئىجارىسى ئالمايتتى. بىر كۈنى ئۇ رەنانىڭ تاللا بازىرىغا كېلىپ، رەنا بىلەن كۆرۈشتى. رەنا ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى.

— خۇدايىم بەرسۇن، قىزىم، ئىشىڭىز بەك ياخشى ئىكەن.

— رەھمەت، مەريەم چوڭ، ئاپا، — دېدى رەنا كۈلۈپ. ئۇنىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى.

— يېقىندىن بېرى سىز بىلەن كۆرۈشەلمىدىم، قىزىم، بىر گەپلەرنى ئاڭلىغانىدىم، بۈگۈن ۋاقىت چىقىرىپ كەلدىم، مانا تەلىيىمگە يارىشا ئۆزىڭىز بار ئىكەنسىز، — دېدى مەريەم موماي رەناغا قاراپ، — مۇبارەك بولسۇن، قىزىم!

«مەريەم چوڭ ئاپام توينىڭ گېپىنى قىلىدىكەن ـ دە!» دېدى رەنا ئىچىدە.

— مۇشۇنداق بىر گەپ بولۇۋاتىدۇ، مەريەم ھەدە، تېخى بۇ ئىشنىڭ ئېغى بىلەن بېغى يوق! — دېدى رەنا كۈلۈپ.

— گەپ چىققاندىن كېيىن قالغان ئىشلار ئاستا ـ ئاستا بولىدىغان گەپ، قىزىم. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولدۇم، يېشىڭىز چوڭ بولۇپ كەتتى، قىزىم، ھەممە ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلمىسا بولمايدۇ. مۇشۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مېنىڭ سىزگە ئازراق گەپ قىلغۇم كېلىپ قالدى. سىز مېنى ياخشى بىلىسىز، قىزىم. مەن ئادەتتە بۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشمايمەن، مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلىسىز، سىزگە ئەكەلگۈدەك بىر نېمەم يوق، ئىككى باغلام

ئوسما ئالغاچ كەلدىم، بۇنى ئىشلىتەرسىز، — دېدى مەرىيەم موماي. ئۇ كونىراپ بېغىنىڭ ئىچىدىكى ئاق چېگىلىرى كۆرۈنۈپ قالغان سومكىسىدىن ئىككى باغلام ئوسمىنى ئېلىپ، رەنانىڭ ئالدىغا قويدى. كۆپكۆك ئوسما شۇ قەدەر چىرايلىق ئىدى، ئۇ رەنانىڭ كۆڭلىگە شۇ قەدەر ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

— رەھمەت، مەرىيەم چوڭ ئاپا، مەن سىزنىڭ دۇئايىڭىز بىلەن مۇشۇنچىلىك بولغان ئادەم، مەن بۇنى ئۇنتۇيالمايمەن! — دېدى رەنا. ئۇ قولىغا ئىككى باغلام ئوسمىنى ئېلىپ، ئۇنى بۇرنىغا ئەكېلىپ پۇرىدى.

رەنا كۆزلىرىنى يۇمۇپ كۈلدى، ئوسمىنىڭ پۇرىقى ئۇنى يىراق يىللارغا ئەكەتتى. ئۇ بەكمۇ ئازادە بىر دۇنيا ئىدى، بۇ شۇ قەدەر ئۇلۇغ، تەبىئىي باغچە گويا بىر ئالتۇن بۆشۈككە ئوخشاش ئۇنى بىپايان ئاسماندا تەۋرىتەتتى، رەنا ئىللىق ئاسماندا ئۇخلاپ قالاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قورۇسىغا چۈشۈپ كۆزىنى ئاچقاندا، مېھرىبان ئاپىسى ئۇنى: «مەيەرگە كېلىڭ، قوزام، سىزگە ئوسما قويۇپ قوياي» دەپ ئۇنى ئىللىق قۇچىقىغا ئالاتتى. ئاپىسى چىنىنىڭ كەينىدىكى كىچىك بوشلۇقتا سىقىپ تەييار قىلغان كۆپكۆك ئوسما شىرنىسىنى كىچىك ياغاچنىڭ بېشىغا ئورالغان پاختىغا چىلاپ ئۇنىڭ قېشىغا قوياتتى. شۇنداق قىلىپ، ئىككى قېشىنى كەينى ـ كەينىدىن بوياپ بەكمۇ چىرايلىق قىلىپ قوياتتى، ئاندىن رەنا ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدىن چۈشۈپ، تالاغا يۈگۈرەيتتى، تالادا ئۇنىڭ قانىتى بار ئىدى، بۇ قانات ئۇنى مەھەللىنىڭ ھەممە يېرىدە ئويناتاتتى، چۈشتىن كېيىنكى قۇياشنىڭ نۇرلىرى ئۇنىڭغا ئاسماندىكى ئاپپاق بۇلۇتلارنىڭ ئاستىدا يۈز بەرگەن ھېكايىلەرنى ئەكېلىپ چېچىپ بېرەتتى. رەنا دوستلىرى بىلەن باغلاردىكى ئالما دەرىخى ئاستىدىكى ئاشۇ سىرلىق ھېكايىلەرنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتى، قۇياش نۇرلىرى تىنچ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مىنۇت ـ سېكۇنتلارنى مەڭگۈلۈك ئەسلىمىلەرگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى رەنانىڭ ۋە ئۇنىڭ

ئايدەك ئاپپاق دوستلىرىنىڭ قانلىرىغا سىڭدۈرۈۋېتەتتى، ھاياتنىڭ تاتلىق - تاتلىق كۆرۈنۈشلىرىنى ئۇلارنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىگە سوۋغا قىلاتتى. ئاشۇ يىللاردا ئۇسما رەنانىڭ بىر دانە ئەڭگۈشتەرى ئىدى.

رەنا كۆزىنى ئاچتى، ئۇنىڭ قولىدىكى ئۇسما ئۇنى بەكمۇ ئۇزاق يىللاردىن قايتۇرۇپ كەلدى، مەريەم موماي ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ ئولتۇراتتى.

رەنا مومايىنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، يىللار مومايىنىڭ كۆزلىرىدىكى نۇرلارنىڭ ھەممىسىنى شوراپ تۈگىتىپ بولاي دېگەنىدى.

— مەن نىكاھقا مۇنداق قارايمەن، قىزىم، پۇلى بار ئەردىن ۋىجدانى بار ئەر ياخشى. پۇل تۈگەيدۇ، ۋىجدان ھەممە نەرسىگە ئاساس بولالايدۇ، ئۇ يوقنى بار قىلىدۇ. بىر ئايال ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نەرسە ۋىجدان، ۋىجدان بولمىسا كۆڭۈلمۇ بولمايدۇ، ھېسسىياتمۇ بولمايدۇ، قىزىم... ئەمدى مەن ئۆزۈم توغرىسىدا بىرلا ئېغىز گەپ قىلىپ بەرسەم، مەن ئەسلى ئالتۇننىڭ ئىچىدە چوڭ بولۇپ، مۇرادىمغا يېتىپ ياشىغان ئادەم ئىدىم. مانا مەن ھازىرقى كۈنگە چۈشۈپ قالدىم، نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى مەن ئۆزۈمنىڭ ياشلىق باھارىمغا ئىگە بولالمىدىم، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم، بۇ جاھاندىكى بۇلبۇللارنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن سايرايدۇ دەپ قىلىدىغان ئىشىمنى تاپالمىدىم، شۇڭا سىز مۇشۇنداق ياخشى مەزگىلىڭىزدە ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك...

رەنا مەريەم مومايىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانسېرى تەسىرلەندى، ئۇ مومايىنىڭ ھەقىقەتەن ئۆزى ئۈچۈن كۆيۈنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— رەھمەت، چوڭ ئاپا، مەن سىزنىڭ گەپلىرىڭىزنى ئۇنتۇمايمەن!

مەريەم موماي ئورنىدىن تۇرۇپ رەنا بىلەن خوشلاشتى، رەنا

مومايىنى تاللا بازىرىنىڭ ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ قويدى، ئۇ مومايغا:

— مەن سىزنى ئەتە يوقلاپ بارىمەن، مەريەم چوڭ ئاپا، — دېدى.

— ئوسما بازىرىدا كۆرۈشەيلى، قىزىم، مەن ئاشۇ بازاردىن ئايرىلالمايمەن! — دېدى موماي.

— ئەمدى بازارغا چىقماي مەھەللىدىكى مومايلار بىلەن يۈرسىڭىز بولاتتى، چوڭ ئاپا، تۇرمۇشىڭىزنى مەن ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرەتتىم، — دېدى رەنا.

— هازىر ئۇنىڭغا تېخى بالدۇر، قىزىم، سالامەتلىكىم ياخشى، بازاردا جېنىمنى بېقىپ كېتەلەيمەن، — دېدى موماي.

موماي پەلەمپەيدىن يەرگە چۈشتى. رەنا:

— مەن سىزنى مەھەللىگە ئاپىرىپ قوياي، چوڭ ئاپا، — دەپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى، موماي ئۇنىمىدى.

— مەن بازار كۆرۈپ ئالدىرىماي ساياھەت قىلىپ ئۆيۈمگە كېتىمەن، — دېدى. رەنا موماي بىلەن خوشلاشتى.

موماي يولنىڭ چېتىدىن بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ يولىغا راۋان بولدى، ئاندىن ئۇ ئادەملەر ئارىسىدا غايىب بولدى. رەنا تۇرغان يېرىدە تۇرۇپ ئويغا پېتىپ قالدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۇچۇپ كەتكەن بىرنەچچە كېپىنەكلەر ئۇنىڭ ئېسىنى ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئاشۇ «نايناقلار دەرياسى» نىڭ تەبىئىي باغچىسىغا باشلاپ كەتتى، ئۇ ئاشۇ يەردە ئەركىن بىلەن كۆرۈشتى. ئەڭ ياخشى ھۆجرا مۇشۇ دەريا بويىدىكى قويۇق يۇمشاق چۆپلەر ئىدى، مۇشۇ چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا قالغان ئەركىنىنىڭ لەززەتلىك پۇراقلىرى ئۇنىڭ دىمىقىدا يەنە بىر قېتىم پەيدا بولدى، ئۇلارنىڭ ئاستىدا قالغان ئەمەن قوراينىڭ ئاچچىق - چۈچۈك پۇراقلىرىمۇ ئۇنىڭ تىنىقى بىلەن كۆرۈشتى. ئەمەنىنىڭ ئەڭ ئاستى تەرىپىدىكى كۈن كۆرمەيدىغان سالقىندا ئېچىلىدىغان زىغىردەك يوپۇرمىقى بار كۆك گۈللەر رەنانىڭ

ئاستىدا يىغلايتتى. ئەركىن لەززەت سۈرۈپ سەل قالايمىقانلىشىپ قالغاندىن كېيىن، ئوق تەگكەن ئادەمدەك رەنانىڭ قېشىدا كۆزلىرىنى يۇمۇپ يەر تىڭشايتتى. قورايلارنىڭ ئارىسىدىكى قۇرت ـ قوڭغۇزلار داۋاملىق پىچىرلىشاتتى، ئۇلار بىر ـ بىرىگە رەنا بىلەن ئەركىننىڭ ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزەتتى. بۇنداق ۋاقىتتا رەنانىڭ ئېچىلمىغان كۆزلىرىمۇ ئېچىلىپ كېتەتتى، ئۇ قويۇق ئەمەن قورايىنىڭ ئىچىدە قالاتتى، ئۇ كۆك ئاسمانغا قاراپ يېتىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۇچۇپ ئويناۋاتقان قۇشلارنى تاماشا قىلاتتى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق غەم، قورقۇش، ئەندىشە يوق ئىدى. ئاخىر شامال دەريانىڭ ئۇ يېقىدىن ئۇچۇرتۇپ كەلگەن كەندىرنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۇنى ئۇيقۇ دۇنياسىغا سۆرەپ كىرەتتى، ئاندىن ئۇزاققا بارماي بۇ يەر خورەك دۇنياسىغا ئايلىناتتى. رەنانىڭ خورىكىدىن ئۈركۈگەن پەسىل قۇشلىرى غوجامىنىڭ يالاقچىلىرىدەك بىر ـ بىرىگە ئەگىشىپ دەريانىڭ ئۇ چېتىگە ئۇچۇپ كېتەتتى، تىنچ، بىخەتەر دەريا بويىدا ئۇلار ئىككىسىلا قالاتتى، ئۇلارنى قارىغاي، ئاق تېرەك، جىگدە، سۆگەت، قارىياغاچ قاتارلىق دەرەخلەر قوغدايتتى، ئاخىر تونۇش بېلىقلار دەريادىن چىقىشىپ رەنانىڭ خورىكىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى قولۋاققا سېلىپ دەرياغا قويۇۋېتەتتى. ئۇلار ئويغىنىپ تۆۋەندىكى بېلىقچى دوستلارنىڭ بېلىق تۇتىدىغان ئورنىغا كەلگەندە، دوستلار ئۇلارنى مېھمان قىلاتتى، ئۇلار ئۇ ئىككىسىنى ئاككوردىيون بىلەن، ھاراق بىلەن، يەنە ياخشى شامال بىلەن مېھمان قىلاتتى. لېكىن، ئەتىسى رەنا مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ قالاتتى، پەقەت يېقىملىق دەريانى، سۇنى چۈشىگىنىنىلا ئەسلىيەلەيتتى. ئەركىن يۇيۇنۇپ بولۇپ ئۇنى چاقىراتتى، رەنا رۇباشكىسى بىلەن دەريا بويىغا كېلىپ، يىغلاپ كېتىۋاتقان سۇغا چۈشۈپ ئۆزىنى يۇياتتى، قاراڭغۇدا قىزلار دەرياغا چۈشۈپ ئۆزىنى يۇسا، سۇ خورلىنىپ يىغلاپ كېتەتتى، رەنا بۇلغىنىپ بولغان رۇباشكىسىنى سېلىۋېتىپ دەرياغا

ئېقىتىۋەتكەندە، يۇلتۇزلار ئۇنى مارايتتى. مۇشۇنداق ۋاقىتتا، ئۇلار ئاسماندا ئورۇن تالىشىپ جېدەل قىلىشاتتى، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ بىر ـ بىرى بىلەن دېيىشىپ قالاتتى. مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئاسماندىن يۇلتۇز چۈشۈپ، سۇ بىلەن بىللە ئېقىپ كېلىپ رەنانىڭ قولىغا چىقىۋالاتتى، ئاندىن ئۇ رەناغا : «مەن يەنە بىر دۇنيادىن كەلدىم، خان قىز، مەن سىلەرنىڭ ھەممە ئىشىڭلارنى كۆردۈم، سىز بىر ئەرگە مەنىۋىيىتىڭىزنى ئوغرىلىتىپ قويدىڭىز. بەزى ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكىلى بولىدۇ، لېكىن بەدەنگە، قىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان ئەڭگۈشتەرگە قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىقنى ئۇنتۇماق تەس. ئەڭگۈشتەرنى يوقىتىپ يامان قىلدىڭىز، خان قىز. ئەلۋەتتە، بىر قىز، مەيلى قاچان بولمىسۇن ئۇ ھامان بىر كۈنى بىر ئەرنىڭ باغاشلىشىغا دۇچ كېلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەرلەر — ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر رەسىم. ئەرلەرنى ئۇلۇغ دېگىلى بولمايدۇ، چاكىنا دېگىلىمۇ بولمايدۇ، لېكىن ئۇلار مەڭگۈلۈك خاتىرجەمسىزلىك. مانا ئەمدى ئەڭگۈشتەرىڭىزنى ئالغان ئەرنىڭ تېنى بىر ئۆمۈر سىزنىڭ قەلبىڭىزدىن يوقالمايدۇ. ئەگەر بىز ئەرلەردىمۇ ئادەم ھۆ بولغۇدەك ئەسكىلىك بار دېسەك، مانا بۇ ئۇلاردىكى ئەڭ سەت بىر ئەمەلىيەت. بىر قىزنى نۇرغۇنلىغان ئەرلەر دەپسەندە قىلىپ يەرگە قارىتالمايدۇ، ئۇنى بىرىنچى ئەر كاردىن چىقىرىدۇ، سىز مۇشۇنى ئۇنتۇماڭ، سىز مۇشۇ دەريانى مۇشۇنداق قارىغۇلارچە بۇلغاپ كېلىۋاتىسىز. ئەگەر مۇشۇ ئىشتىن ئۆزىڭىزنى تارتمىسىڭىز، كېيىن ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويىسىز...» دەيتتى.

يۇلتۇزنىڭ غايىۋى سۆزلىرى رەنانىڭ ۋۇجۇدىنى تىترىتىپ، ئۇنى چوڭقۇر ئويلارغا سالغانىدى...

رەنا بۇرۇنقى يىللارنىڭ ئۇۋىسىدىن قايتىپ كەلدى، ئۇ تاللا بازىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ قېشىدا ئۇنى ساقلاپ تۇرغان ئايالغا قارىدى، بۇ ئايال گۈلبانۇنىڭ ئانىسى سارىخان ئىدى، سارىخان

رەنا بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى، ئاندىن ئۇنىڭغا:

— كەچتە گۈلبانۇ ئۆيگە كەلمەكچىدى، خاپا بولماي بىزنىڭ ئۆيگە بارغان بولسىڭىز، رەنا خېنىم، بىز بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېگەن بولساق، — دېدى.

رەنا بۇ تەكلىپنى ئاڭلاپ خۇشال «بولدى، ماقۇل، سارىخان ھەدە» دېدى. ئۇلار تاللا بازىرىغا كىرىپ كەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئون بىرىنچى باب

## دوست يىغلىتار، دۈشمەن كۈلدۈرەر

بۈگۈنكى شامال تەلكە دەرياسى تەرەپتىن كەلدى، ئۇ كۆلكە بىلەن يىغا ئاۋازلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. شامال كۆلگەن ئادەملەرگە ئۇسسۇل ئوينايتتى، يىغلىغانلارنىڭ قېشىدا تۇرۇپ ئۇلارغا تەسەللى بەرگەنىدەك قارايتتى، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئاشۇ كۈلگەنلەردە ئىدى. شامال ئاللىبۇرۇن ئادەملەرنىڭ مىجەزىنى بىلىپ بولغانىدى. مۇشۇ كۈنلەردە رەپقەت بىلەن رەنا كۈندە بىر ئۆيدە ئىدى، ھەر كۈنى رەنا ئۇنىڭغا : «ياخشى ئويلىشىڭ، رەپقەت، ئەڭ ياخشىسى بالىلىرىڭىزنى يېتىم قىلماڭ» دەپ تۇردى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ رەپقەتنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي باغلاپ بولغانىدى، چۈنكى بۇ تويىنىڭ كەينىدە بىر بىنا بار ئىدى، رەنانىڭ نامىدا سېلىنىدىغان بۇ بىنا رەنانىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ئىدى. مۇشۇنداق قىزىقچىلىق ئىچىدە، رەپقەتنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، تۇغقانلىرىنىڭ، ئەل ـ ئاغىنىلىرىنىڭ، قىزلىرىنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كەتتى، ئۇ ئايالىنى تولۇق رازى قىلدى، قىزلىرىنىڭ تەلەپلىرىگىمۇ ماقۇل بولدى. گۈلباھار : «سوتقا بارمايمەن، مۇشۇنداقلا ئاجرىشىپ كېتىمەن، رەپقەت قولۇمغا پۈتۈك قىلىپ بەرسۇن» دېدى. مەھەللىدىكى ئاقساقاللار ئۇنىڭ ھاۋالىسى بىلەن رەپقەت بىلەن كۆرۈشتى، رەپقەت ۋەدىسى بويىچە ئاشۇ قورۇ ـ جاينى ئايالىغا بېرىۋەتتى، ھەم يول ئۈستىدىكى يىگىرمە

دۇكانىمىزنىمۇ گۈلباھارنىڭ ۋە قىزلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا بېرىۋەتتى، ھەم بازاردىكى ئاشۇ سودىسىنىمۇ ئۇنىڭغا بەردى. رەپقەت مۇشۇنداق قىلىپ ئايالىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدى، ئەسلىدە ئۇنىڭ قورسىقىدا : ئەگەر بۇ خوتۇن ئاجراشمايمەن دەپ تۇرۇۋالسا، بازارنى بەرمەي، ئۇنى ئۆيگە تاشلاپ قويۇپ يۈرۈۋېرىمەن، دەيدىغان ئوي بار ئىدى، لېكىن گۈلباھار ئۇنىڭغا ئۇشۇق گەپ قىلماي ئاجرىشىشقا قوشۇلغانىدى.

رەپقەت گۈلباھارغا ۋەكىل بولۇپ كەلگەن مەھەللىنىڭ ئاقساقاللىرىنى ئۆزىنىڭ مېھمانخانىسىدا كۈتۈۋالدى، بۇمۇ گۈلباھارنىڭ تەلىپى بويىچە بولدى، رەپقەت مەردلىك قىلىپ، يەنە ئۆزىنى مەھەللىدىكى ئاقساقاللارنىڭ ئالدىدا ياخشى كۆرسىتىش ئۈچۈن، گۈلباھارغا بەش يۈز مىڭ يۈەن پۇل بېرىمەن، دەپ ۋەدە قىلدى. پۇلى ئۇنىڭ بارلىق غەيرىي ئىشلىرىنى نورماللاشتۇرۇۋاتاتتى. تاماقتىن كېيىن ئاقساقاللار دۇئا قىلدى، ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلاشقاندا رەپقەتنىڭ قول ئاستىدىكى بىر خىزمەتچى ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ھەممىسىنىڭ يانچۇقلىرىغا بىردىن كونۋېرت سېلىپ قويدى، شۇ تاپتا يانچۇقتىكى پۇللارنىڭ قۇدرىتى ئۇلارنىڭ چىرايىدا پەيدا بولدى، ئەتىگەندىن بېرى كۆلمەي ئولتۇرغان ئاقساقاللارنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى. رەپقەت ئاقساقاللار بىلەن خوشلىشىپ ئۇلارنى ئىشىكنىڭ ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. ئۇلار خېلى ئۇزاققىچە گەپ قىلماي يول يۈردى، دوقمۇشقا كەلگەندە ئۇلار كۆۋرۈكنىڭ ئۇ چېتىدىكى يوغان سۆگەتنىڭ ئاستىغا كېلىپ دەم ئالدى، سايىدا قارتا ئويناۋاتقان ياشلار ئورۇننى بوشىتىپ دۇكان تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئۇلار ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئۇھ دەپ بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلدى.

— قانداق جاھان بولۇپ كەتتى بۇ، يانچۇقىمىزغا كونۋېرت سېلىپ قويۇۋاتىدىغۇ بۇ بالا، — دېدى سەلەيئاخۇن.

— چىقىرىپ ساناپ باقە، — دېدى باراتجان.
سەلەيئاخۇن يانچۇقىدىن كونۇپرتنى ئېلىپ، ئىچىدىكى پۇلنى سانىدى.
— مىڭ سومدىن قىپتۇ ئاغىنىلەر.
— مانا، مۇشۇنداق گەپ، مۇشۇ كۈنلەردە ھەممە ئىشلار مۇشۇنداق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، جاھاندا ھەممە ئادەملەر پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ قالسا ئىشلار مۇشۇنداق بولۇپ كېتىدىكەن، بۇرۇن بۇنداق ئىشلارنى ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلاتتۇق، بۆلۈشمەن، ئاجرىشمەن دەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئاغزىمىزغا قارايتتى. ھازىر بىز ئۆلارنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان بولۇپ قالدۇق، «زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق» دېگەن مۇشۇ، ئاغىنىلەر. نامىمىز يۇرت چوڭلىرى، ئاقساقال، لېكىن قىلىۋاتقان ئىشىمىز غوجامنىڭ ئېشىكىنى سوغىرىپ پۇلىنى ئېلىش.
— بۇرۇنقى بايلار تۆت ـ بەش تەڭگە تاپسا توقال ئالاتتى، مانا ھازىرقى بايلارمۇ مۇشۇنداق ئىشلاردىن خالىي بولالمايدىغان ئوخشايدۇ!
— ئۇنداقمۇ ئەمەس، ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىدىغانلىرى-مۇ بار...
— بەك ئاز...
رەپقەت ئايالىدىن ئاجرىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ دادىسى تاشئاخۇن ئۆيىدە ئولتۇرالمىدى، ئۇ رەپقەتكە تېلېفون بېرىپ ئۇنى تاپالمىدى، مېھمانخانىسىغا كېلىپمۇ ئوغلى بىلەن كۆرۈشەلمىدى. رەپقەت دادىسىنىڭ ئۇنى ئىزدەۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، مەقسەتلىك ھالدا دادىسىدىن قېچىپ يۈرەتتى، بىر كۈنى تاشئاخۇن ئادەم ئەۋەتىپ بالىسىنى ئۆيىگە چاقىرىپ كەلدى.
— ... گەپ مۇشۇنداق بالام، دېمىسەم بولمايدۇ، ساڭا كەلگەن ئامەت بىزنىڭ تارىخىمىزدا ھېچقانداق بىر ئەۋلادىمىزغا كەلمەپتىكەن. ھازىر سېنىڭ قولۇڭدىكى بايلىق ئاسان تاپقان

بايلىق ئەمەس. توغرا، سەن يول تاپتىڭ، بىزنىڭ ئۆيلىرىمىزنىمۇ يېڭىلاپ بەردىڭ، لېكىن سەن بۇنىڭلىق بىلەن ئەدەپ - قائىدە يولىدىن چىقىپ كەتسەڭ بولمايدۇ، بالاڭنى يېتىم قىلما دېسەم ئۇنىمىدىڭ. توغرا، بالىلىرىڭ چوڭ بولۇپ كەتتى، لېكىن ئۇلار بىر ئۆمۈر دادىغا موھتاج، سەن مۇشۇ ئىشلارنى ئويلاپ ئەمەس، ئويناپ تۇرۇپ قىلىۋاتىسەن. ئەمدى ھېلىقى قىز بىلەن توي قىلىمەن دېگەن ئىشىڭنى قوي! بۇ قەتئىي بولمايدۇ، بالام! ئۇ شۇنداق بىر ياخشى قىز ئىدى، لېكىن سىلەرنىڭ يېشىڭلار بىر - بىرىڭلارغا توغرا كەلمەيدۇ، ئاتمىش ياشقا كىرگەندىمۇ يىگىرمە ياشلىق قىز ئېلىپ خوتۇن قىلىدىغان دەۋرلەر يۇز يىلنىڭ ئالدىدا قالدى، بالام، يېڭى زاماندا بۇنداق ئىش قىلىپ يۇرسەڭ جامائەتنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىسەن. سەن - مەن بازاردا چوڭ بولدۇق، بۇنداق ئىشلارنى بەك جىق كۆردۇققۇ! ئەمدى ساڭا نېمە دېسەم بولا، بالام؟ ساڭا كۆز تەگدى، ئۇنداق بولمىغان بولسا سەن جاپايىڭنى تارتىپ ئۇچ قىزىڭنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئايالىڭنى تاشلىمايتتىڭ... ئەللىك ياشقا كىرگەن ئادەم نېمە ئىش قىلىشى كېرەك؟ ئەلۋەتتە، ئۇ بۆشۈك تەۋرەتمەيدۇ، ئۇ بۆشۈك ياسايدۇ... گېپىمنى ئېسىڭدىن چىقارما بالام، مەن بازاردا قۇشقاچ بىلەن قۇشقاچنىڭ بىر تال چىۋىننى تالىشىپ قان بولۇپ كەتكىنىنى كۆرگەن، بازاردىكى ئادەملەر مەنپەئەتتىن باشقا نەرسىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، بالام...

رەيقەتنىڭ كاللىسى ئالىيبۇرۇن ساڭگىلاپ كەتكەنىدى، قورسىقىدا دادىسىنىڭ سۆزلىرىگە تاقابىل تۇرىدىغان گەپ ياساۋاتاتتى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ دادىسىغا قارىدى:

— مەن گۇلباھارنى تاشلىۋەتمەيمەن، دادا، قېرىغانسېرى ئۇنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ كەتتى، ئۆيگە كەلسەملا مەن بىلەن جېدەللىشىدۇ ئوينايدۇ، تۇخۇمدىن تۈك ئۇندۇرىدۇ. يوق ئىشلارنى توقۇپ مېنى ئاپامغا چېقىپتۇ، مۇشۇمۇ قىلىقمۇ ئەمدى!

— مەن گۇلباھارنى سەندىن ياخشىراق چۈشىنىمەن، بالام...

بوۋاي ئۇنىڭ ئوشۇق گەپ ئوينىتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى.

— ماقۇل دادا، — دېدى رەيقەت.

— ئارتۇق پۇللىرىڭ بولسا ئاپاڭغا بېرىپ قوي، ئەڭ ئاخىر ئاشۇ پۇللار ئەسقاتىدۇ ساڭا! — دېدى تاشئاخۇن.

— ماقۇل، دادا.

«بۇ گۇي ماقۇل دەپلا قۇتۇلىدىغان بولدى ـ دە، مەندىن» دېدى تاشئاخۇن ئىچىدە.

رەيقەت ئۆيدىن خوشلىشىپ چىقىپ ئۇھ دەپ ئۇزاق بىر تىندى، ئاندىن ماشىنىسىنى ھەيدەپ يولىغا راۋان بولدى.

رەيقەتنىڭ رەنا بىلەن توي قىلماقچى بولغان خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئاغىنىلىرى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ سۆزلەشتى. ئوسمان بىلەن ساۋۇت ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنىلىرىدىن ئىدى. ئۇلار رەيقەتتىن بۇ ئىشنى جەزملەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن:

— چاقچاق قىلما، ئاداش! — دېدى ساۋۇت يالغاندىن ئىشەنمىگەن بولۇۋېلىپ.

— بىزنى چېلىۋاتىسەن ـ ھە! — دېدى ئوسمانمۇ ساۋۇتنىڭ گېپىگە ماسلىشىپ.

— راست، ئاغىنىلەر، رەنا بىلەن توي قىلىمەن، بولمىسا موماي خوتۇننى قويۇۋېتەمدىم؟ — دېدى رەيقەت.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، ئاداش؟ سەن رەنانى بىلىسەنغۇ؟ — دېدى ساۋۇت.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دېدى رەيقەت.

— رەنانىڭ قىلمىۋاتقانلىرىنى بىلىسەنغۇ، ئاداش، قايسىبىر غوللۇق، يۈزى بار ئادەمنىڭ قولى تەگمىگەن ئۇنىڭغا! مۇشۇنداق قىزنىمۇ ئالىمەن دەيسىنا؟ — دېدى ئوسمان.

— ھەممىسى ئەيقاچتى گەپ، كىم كۆرۈپتۇ ئۇنىڭ خەققە ئىشتان سېلىپ بەرگىنىنى، كۆرەلمەي تاپقان گەپ! — دېدى رەيقەت.

— پەيلىگدىن يان، ئاداش، بۇ يول سىنىڭ بىر نىنىڭنى ئىككى قىلمايدۇ، سەن ئاشۇ رەنانىڭ قولىدىن تۈز يەيمەن دەمسەن؟ بىزنى قورقۇتما، ئاداش، — دېدى ساۋۇت.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭلار، ئاغىنىلەر، نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىزنى كۆرەلمەي ئاغزىغا كەلگىننى جۆيلۇۋاتىدۇ. مانا مەن بازاردا چوڭ بولغان ئادەم، ھەممە ئىشنى بىلىمەن، رەنا ياخشى قىز، سىلەر ماڭا ئوشۇق گەپ قىلماڭلار، ئۇنى ئالغىنىم ئالغان!

ئوسمان بۇ ئىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بېشى قاتقانىدى، مانا ئەمدى ئۇ تېخىمۇ ئولتۇرالماي قالدى، ئۇ ئىچىدە قەتئىي بىر ئىرادىگە كەلدى، ئەمدى راست گەپ قىلاي، بولمىسا نامەرد بولۇپ قالىمەن دەپ، رەپىقەتكە قارىدى:

— بۇ نىيىتىڭدىن يان، ئاداش، سەن رەنا بىلەن توي قىلساڭ بولمايدۇ، بولمىسا مەنمۇ ساڭا يۈز كېلەلمەي قالىمەن...

— سىلەر مېنىڭ جانجىگەر ئاغىنىلىرىم، ئەگەر سىلەر بۇ ئىشقا قارشى تۇرساڭلار، ئۇ ۋاقىتتا ھەممە ئادەم ماڭا قارشى تۇرىدۇ، بۇ مەن ئۈچۈن ياخشى ئىش ئەمەس، شۇڭا سىلەر ھازىرىدىن باشلاپ ماڭا مۇشۇنداق گەپ قىلماڭلار، مەن بۇرۇنقى ئىشلارنى بىلمەيمەن، ھەم بىلگۈممۇ يوق، ماڭا ھەممىدىن مۇھىمى بوگۈنكى رەنا، رەنا ماڭا ئاق، ئۇ ئاسماندىكى تۇرنىدەك ئاق!

— بىز بۇ ئەمەلىيەتنى بەك تەستە قوبۇل قىلىمىز، ئاداش، ئەگ بولمىغاندا سەن ئۇنى ئەتىسى ـ ئاخشاملىرى ئاشنا قىلىپ كۆرۈپ باقساڭ بولاتتى، سەن ئۇنى داقا ـ دۇمباق چېلىپ خوتۇن قىلىپ ئالىمەن دېسەڭ بەك بەدەل تۆلەپ كېتىسەن، يەنە بىر ئويلىنىپ باق، ئاداش.

— ئەمدى ماڭا ئوشۇق گەپ قىلماڭلار، ئاغىنىلەر، مەن ھەممە ئىشنى ئويلىنىپ بولغان، ئەگەر سىلەر مېنىڭ ئاغىنەم بولساڭلار، ماڭا مەدەت بېرىڭلار، ماڭا ياردەم بېرىڭلار.

ساۋۇت بىلەن ئوسمان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىردىنلا جىمىپ كەتتى.

«سۇنى سىڭگەن يەرگە سەپ، دېگەن گەپ بار، سېنىڭ راست دەپ بۇ ئاداشقا ماسلاشمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ !» دېدى ئوسمان ئىچىدە.

— مەيلى ئاداش ئەمىسە، ئۆزۈڭ بىل، سەن بۇنداق دەۋاتساڭ بىز نېمە دەيمىز ئەمدى.

— يېقىندا ئاڭلىسام پۇلى نەچچە مىليوندىن ئاشىدىغانلارغا ئىككى خوتۇن ئېلىشقا رۇخسەت قىلارىمىش، ئاشۇنداق بىر ئىجازەت بولۇپ قالسا ئىككى خوتۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىلەڭگۈچ ئوينىغىلى بولارمىكى دەيمەنغۇ ؟! — دېدى ساۋۇت زاڭلىق قىلىپ.

ئوسمان كۈلۈپ كەتتى.

— ئەگەر شۇنداق بىر سىياسەت يولغا قويۇلۇپ قالسا، مەن ئالدى بىلەن سىلەرگە ياردەم بېرىمەن ! — دېدى رەپقەت.

— بىز ئەرلەر ئەسكى كېلىدىكەنمىز جۇمۇ، ئاداش، — دېدى ئوسمان ساۋۇتقا قاراپ، — خوتۇن سەللا بېلىنى كۆتۈرەلمەي قالسا بىز ئۇلاردىن چېنىپ يەنە بىر خوتۇن ئالىمىزكەن !

— زىتىمغا تەگمە ! — دېدى رەپقەت كۈلۈپ.

— ياق، يا ئەمدى دەيمىنا ! — دېدى ئوسمان.

— كىچىك خوتۇنغا يېتەمدۇ، ئاداش، قىشنىڭ كۈنى ئۆيۈڭگە مەش قويمايسەن، ئۇ ئۆزى بىر كۆيۈپ تۇرغان ئوت ـ دە، رەپقەت.

— ئەگەر رەنا بىلەن توي قىلىپ قالساڭ، ئاداش، بىر ئىشقا بەكرەك دىققەت قىل، ئۇ سەندىن ئوبدانلا كىچىك، ئەتىسى ـ ئاخشاملىرى بەك ئېسىلىۋالما، بولمىسا تۆت كۈندە ماڭالمايدىغان بولۇپ قالىسەن ! — دېدى ئوسمان.

— سەن ئۇ ئىشلاردىن غەم قىلما، ئاداش، ئامېرىكىنىڭ ئەڭ ئېسىل دورىسى بار، بىر ئىشنى ئىككى قىلىۋېتىمدۇ ! — دېدى ساۋۇت.

— ئۇ دورىنى يەۋەرگەن بىلەن ئادەم پالەچ بولۇپ قالىدۇ، — دېدى ئوسمان.

— سەن بىزنىڭ رەپقەتنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن! رەپقەت دورا يېگەنسېرى كۈچىيىپ پالۋاندەك بولۇپ كېتىدۇ! — دېدى ساۋۇت.

رەپقەت كۈلۈپ قويۇپ ئۇلارنىڭ چاقچىقىغا ئارىلاشمىدى.

— مەيلى، ئاداش، رەنانى ئالساڭ ئال، — دېدى ساۋۇت

«توۋا، قانداق بولۇپ كەتتى بۇ ئىش؟» دېدى ئوسمان ئىچىدە.

— ئەمىسە بۇ ئىش سەن دېگەندەك بولسۇن، ئاداش، توي قىلساڭمۇ قىل، ئەگەر قىز چىقماي قالسا ئەتىسى قويۇۋېتەرسەن! — دېدى ئوسمان.

ساۋۇت كۈلدى.

— قىمارۋازلارنىڭ ئىچىدە بارىغا دەتتىكام دېگەن گەپ بار، بارى ھېساب! — دېدى رەپقەت.

— مەيلى ئاداش، تويۇڭنى قىلايلى، ئەگەر كېيىن چىقىشالماي قالساڭ قويۇۋېتىپ يەنە بىرنى ئالامسەن؟! — دېدى ئوسمان.

— ئېشەك سودىسى بولغىيدى ئۇ! — دېدى ساۋۇت

— ئۇنىمۇ بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ، ئاغىنىلەر! — دېدى رەپقەت تېرىكىپ، — ئەمدى سىلەر مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە مېنى چۈشىنىپ قېلىڭلار، باشقىلارغا ئوغۇل بالا ئىكەن، ئۆزى پۇل تېپىپ خوتۇن ئاپتۇ، سىلەرنىڭمۇ قولۇڭلاردىن كەلسە داداڭلار ئېلىپ بەرگەن خوتۇنۇڭلارنى دەم ئېلىشقا قويۇۋېتىڭلار، دەپ قويارسىلەر!

— بەك ياخشى گەپ ئىكەن، ئاداش بۇ، ئامال بار مۇشۇ گەپلىرىڭنى باغاقچە قىلىپ بىسىپ بەرسەڭ، توي كۈنى كەلگەن مېھمانلارنىڭ چېكىسىگە بىر داندىن قىستۇرۇپ قويساق! — دېدى ئوسمان.

— سېنىڭ تويۇڭغا كېلىدىغان ئەركەكلەرگە ئانچە ياراپ

كەتمەيدۇ، ئاداش، بۇ گەپلىرىڭ. مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشىنىمەن، ئۇلار ئاساسەن ئادەتتىكى ئادەملەر! — دېدى ساۋۇت.

— ئادەم بىلەن ئادەم ئوخشمايدۇ، ئاداش ، بەزىلىرى خوتۇن قىلىپ ئۆيگە ئەكىرىۋالىدىكەن، بەزىلىرى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا ئوغرىلىق قىلىپ يۈرىدىكەن، — دېدى ئوسمان.

— يۈرىكى تومراقلىرى ئوغرىلىق قىلىپ يۈرۈۋاتىدۇ! — دېدى ساۋۇت.

رەپقەت كۈلۈپ كەتتى:

— مەن ھەرگىز ئاجىز ئەمەس ـ ھە ؟! — دېدى ئۇ.

— سېنى بىلمىزغۇ، ئاداش، يۈرىكىڭ بولغان بولسا گۈلباھارنى قويۇۋەتمەي، رەنانى قاتار ئۆيۈڭنىڭ بىرىگە ئەكىرىپ بېقىۋېرەتتىڭ ! — دېدى ئوسمان.

— بىر قەپەسكە ئىككى پاختەك پاتمايدۇ، ئاداش ! — دېدى رەپقەت.

— ئۆتمۈشتە بىر قىسىم ئەرلەر ئىككى ـ ئۈچ خوتۇن ئالاتتىكەن، ئۇلار بىر ئۆيدە بىر قورساقتىن چىققان قېرىنداشلاردەك ياشايتتىكەن، مەن مۇشۇنىڭغا ھەيران، — دېدى ساۋۇت.

— ئۇ ۋاقىتتا ئاياللار قارا تۈز يەيتتى، كاللىسى ئازاد بولمىغان، شۇڭا بىر ئەرنىڭ كۆزىگە قاراپ، ئامالى يوق ئىدى، مانا ھازىرقى ئاياللار ھەقىقىي ئازاد بولدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشنى بىلىدۇ، — دېدى ئوسمان.

— ئۇمۇ بىر يېرى ئەمدى، مېنىڭ بىلىشىمچە، ھازىرقى كۈندە بىر ئەرگە قارايدىغان ئىككى خوتۇن بىر يەردە بىللە بولۇپ قالسا، چىشلىرى قېرىشىپ، قولتۇقلىرى قىچىشىپ بىر ـ بىرىنىڭ ئىچىنى ئادىتىپ، جېدەل قىلغۇسى كېلىپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇلار بىر ئۆيگە پاتمايدۇ ! — دېدى رەپقەت.

— مانا، بۇ ئىشنىڭ سىرىنى رەپقەت بىلىدىكەن ئەمەسمۇ! —

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېدى ئوسمان.

— مېنىڭ ئېسىمگە بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ، رەپقەت، ئەگەر رەنانىڭ ئىككى سىڭلىسى بولسا، ئوسمان ئىككىمىزمۇ خوتۇنلىرىمىزنى قويۇۋېتىپ بىردىن ئالساق، ئاندىن ئۈچىمىز بىر يۇرۇش باجا بولۇپ ئويۇننى شاما قىلىۋېتەتتۇق ـ دە ! — دېدى ساۋۇت كۈلۈپ.

— ئۇ ۋاقىتتىدا ئەڭ كىچىك سىڭلىسىنى مەن ئۆزۈم ئالاتتىم ـ دە ! — دېدى ئوسمان كۈلۈپ.

— بۇ ئەقىلنى مەن تاپسام، سەن نېمىدەپ ئەڭ كىچىك سىڭلىسىنى ئالىدىكەنسەن؟ ! — دېدى ساۋۇت.

— ئۇنداق دەپ تۇرۇۋالساڭ بولمايدۇ، كىم كەلتۈرسە شۇ ئالىدۇ !

— مۇنداق دېمەمسەن !

رەپقەت كۈلۈپ كەتتى:

— تالاشماڭلار، ئاغىنىلەر، رەنانىڭ بىرمۇ سىڭلىسى يوق !

— تۇغقانلىرى ئىچىدىمۇ كىچىكرەك قىزلىرى يوقمىكەن ؟ — دېدى ساۋۇت.

— مەن سوراپ باقاي، ئاداش، — دېدى رەپقەت.

ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتتى.

— رەنانىڭ ئاجرىشىپ كەتكەن بىر ھەدىسى بار، بىرسىڭلار شۇ چوكاننى ئالامسىلەر يا؟ — دېدى رەپقەت.

— مەن ئالسام بولارمىكىن، مەن ئانچە چوڭ ـ كىچىك دەپ كەتمەيمەن، — دېدى ئوسمان.

— سەن «ئاشقان ـ تاشقان بارات تازنىڭ» دېگەننى ياخشى ئۆگەنگەن ـ دە، ئاداش ! — دېدى ساۋۇت.

— مەن يېتىم چوڭ بولغان ئاغىنىلەر، ھەرقانداق قىز، چوكاننىڭ قەدرىگە يېتىمەن، — دېدى ئوسمان.

— نايناقلارنىڭ دۇئاسىنى ئالغان نەرسە ـ دە، سەن ! — دېدى ساۋۇت.

— ھەرھالدا سىزنىڭ شەھۋانىي نەپسىڭىز ياۋاش ئىكەن، — دېدى رەپقەت كۈلۈپ.
ئۇلار كۈلۈپ كەتتى.
— چاقچاقمۇ قىلىشتۇق، ئاغىنىلەر، ئەمىسە گېپىمىز گەپ، سىلەر مۇشۇ تويدا ماڭا يېقىن تۇرۇپ ياردەملەشمىسەڭلار بولمايدۇ! — دېدى رەپقەت.
— مەن ئۇنىڭ قول ۋەزىر بولىمەن!
— چەك تاشلايمىز!
— مۇسابىقىلىشىمىز، كىمنىڭ كۈچى چوڭ بولسا شۇ ئۇنىڭ قول ۋەزىر بولىدۇ.
— ياق مۇشتلاشمايمىز، سەن ئاكاڭنى باشلاپ كېلىسەن.
رەپقەت كۈلدى:
— چاقچاقنى ئاز قىلىڭلار، ئاغىنىلەر، ئەمىسە مەقسەتكە كەلسەك، مەن سىلەرگە ئىشەندىم. توينىڭ ئىشلىرىغا سىلەر ئىگە بولىسىلەر، مەيلى خەقلەر رەنانى نېمە دېسە دەۋەرسۇن، لېكىن رەنا ماڭا ئاق، ئۇ مېنىڭ قەلبىمدىكى پەرى، مەن مۇشۇ ئەللىك يىل ئىچىدە ئوڭۇمدىمۇ، چۈشۈمدىمۇ چۈشەۋاتقان نازىنىن مۇشۇ. سىلەر باشقىلارغىمۇ مۇشۇنداق دەڭلار، مەن ئالىدىغان خوتۇن بىلەن خەقنىڭ نېمە كارى ئىكەن؟ مەن ئەمدى ئۆزۈم ئۈچۈن ياشايمەن. ئەمدى مۇشۇ شەھەردە خەق تىللاپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ماڭا ئوخشاش بىر ئادەم بولۇشى كېرەك، بولمىسا ئۇلار كىمنى تىللاپ ئوينايدۇ. بىز ئۈچىمىز ئاغىنىلەر ئىچىدىكى جانجىگەر ئاغىنىلەردىن. سىلەر مۇشۇنىڭغا كەلگەندە مېنى چۈشىنىڭلار، ئەل - ئاغىنىلەرگە، تونۇش - بىلىشلەرگە، شەيتان - پەيتانلارغا، جان باقار - نان باقارلارغا تەشۋىق قىلىڭلار: رەپقەتتە گۇناھ يوق، چۈنكى مۇھەببەتتە گۇناھ يوق، رەنادا ئەيىب يوق، چۈنكى مۇھەببەتتە ئەيىب يوق، دېگەن گەپنى دەڭلار...
— بۇ ھەممەيلەننىڭ ئىسىدىن چىقمايدىغان ئەسىر تويى

بولۇپ قالىدۇ ! ــــ دېدى ئوسمان.

ــــ كېچىدە ئاغىنىلەر مارايمىز دەپ تۇرۇۋالسا قانداق قىلىمىز؟ ــــ دېدى ساۋۇت قىزىقچىلىق قىلىپ.

ــــ قۇرۇق گەپ، رەپقەت رەنانى ھېلىقى بىنا ئۆيىگە كۆچۈردى، ئۇ يەردە قانداق مارايدۇ، تامغا يۆلىنىپ خورەك ئاڭلايدۇ شۇ ! ــــ دېدى ئوسمان.

رەپقەت بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىتتىكلا ئوسمانغا قارىدى. ئوسمان ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا دىققەت قىلمىدى. بايا ئوسمان: «سەن رەنا بىلەن توي قىلساڭ بولمايدۇ، بولمىسا مەنمۇ ساڭا يۈز كېلەلمەي قالىمەن» دېگەندە رەپقەت ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەنىدى. ئوسمان مېنى مۇشۇ يولدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق دەۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئاشۇ گېپىگە ئىشىنىپ قالدى: «ئەگەر ئۇلاردا ئاشۇنداق ئىش بولمىغان بولسا، ئوسمان ئۇنىڭ دەھشەت خورەك تارتىدىغانلىقىنى قانداق بىلىدۇ ؟ » دېدى ئىچىدە. لېكىن، رەپقەتنىڭ قورسىقىدىكى بۇ ئويلارنى ئوسمان بىلەن ساۋۇت بىلمەيتتى.

## ئون ئىككىنچى باب

# توي

بۈگۈن رەنا بىلەن رەپقەتنىڭ تويى. تويغا ناھايىتى جىق ئادەم كەلدى. ئوسمان بىلەن ساۋۇت رەپقەتنىڭ تەلىپى بويىچە، تويىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى، ئۇلار ئەل - ئاغىنىلەردىن ئوتتۇز نەچچەيلەننى يىغىپ مەسلىھەت چاي ئۆتكۈزگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇلارنى ئىشقا سېلىپ، كەلگەن مېھمانلارنىڭ ھەممىسىنى ئىككىنچى قەۋەتتىكى چوڭ مېھمان كۈتۈش زالىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەممە ئىشلارنى تەخ قىلدى. رەنا بىلەن رەپقەت ئاسماندىن چۈشكەن مەلىكە ۋە شاھزادىدەك تۆردىن ئورۇن ئالدى، ئۇلار بەك سۆلەتلىك كىيىنىۋالغانىدى، رەنا ئۆزى دائىم بارىدىغان ئاشۇ ھۆسن تۈزەش مەركىزىگە بېرىپ، ئۇ يەردە بەش سائەت تەييارلىق قىلىپ، ئاي پەرىدەك بولۇپ تەييارلانغانىدى. ئاياللارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك باش شىرەدىكى رەناغا دىققەت قىلىپ ئولتۇراتتى، رەنانىڭ يېرىم ئېچىلىپ تۇرىدىغان كۆكسى دېرىزىدىن چۈشكەن قۇياش نۇرىدا ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيتتى، ئەرلەر بولسا ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ گېپى بىلەن ئىدى، ئۇلار چاقچاقنىڭ ئىچىدە پەيزى قىلاتتى، گەپ ئارىسىدا ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا دەپ قويۇشاتتى.

ئوسمان بىلەن ساۋۇت ئىشىكنىڭ قېشىدىكى ئۇستەلدە ئولتۇردى، بۇ ئورۇن سەھنىگە يېقىن بولغاچقا، مەرىكە زالىنى باشقۇرۇشقا قولايلىق ئىدى. ئۇلار ئەتراپىغا يېقىن ئاغىنىلىرىنى

يىغىۋالغانىدى، مۇشۇنداق تويى سورۇنلىرى بولۇپ قالسا ئۇلار تەبىئىيلا بىر ئۇستەلگە يىغىلىپ قالاتتى.

— توۋا دەيمەن، رەنا ئارتىسنىڭ كۆكسى نېمىدېگەن يوغىناپ كەتكەن ھەي! — دېدى دېرىزە تەرەپتە ئولتۇرغان بىرسى.

— ھازىرقى قىزلارنىڭ ھەممىسىنىڭ شۇنداق، ئۇننى تۇغقان خوتۇندەك كۆكسى ئويناپ كېتىدىكەنغۇتاڭ، — دېدى يەنە بىرسى گەپكە ئارىلىشىپ.

— ئىككىڭلارزە بەك قىزىق جۇمۇ، نەگە بارساڭلار قىز - ئاياللارنىڭ كۆكسىگە باھا بېرىپ ئولتۇرىسىلەر، — دېدى ئوسمان كۈلۈپ.

— ئەمدى ئاداش بىزنىڭ قولىمىزدىن باشقا بىر ئىش كەلمىگەندىن كېيىن، مۇشۇ غەيۋەتتىن ئىبارەت ئەڭ ئاسان ئىشقا كۆنۈپ كەتتۇققۇ! ئىدارىگە بارساق ھوقۇقىمىز يوق، ئارىلىشىدىغان جىق ئىشىمىز يوق، ئۆيگە كىرىۋالساق بىزدەك ياخشى ئادەم يوق، خوتۇن نېمە دېسە شۇ دەپ ھىجىيىپ ئولتۇرىمىز، زامانىمىزنىڭ جان باقارلىرى دېگەن بىز شۇ ئاداش، — دېدى تۇرسۇن ئىسىملىك بىرسى جاۋابەن.

— ما گۇينى، غەيۋەتتىن ئىبارەت دەپ كەتكىنىنى، ئىبارەتلىرى بار ئىكەن تېخى! — دېدى ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان بىرەيلەن.

— ئەسلىدە مەن ئالىي مەلۇماتلىق دېمەكچىغۇ ئۇ! — دېدى ئوسمان چاقچاق قىلىپ.

— ئوقۇغان ئادەمدىن ئوقۇمىغان ئادەم ياخشىمىكىن دەيمەن، ئاغىنىلەر، مەسىلەن، ئوقۇغان ئادەم بەزىبىر سەت ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىدۇ، ئوقۇمىغان ئادەم بىلمەي تۇرۇپ ... — دېدى يەنە بىر مېھمان.

— ماۋۇ تويى، ئاغىنىلەر، بۈگۈن نەزەرىيە ساتمايمىز، — دېدى ساۋۇت.

— ھە راست، ئوسمان بىلەن ساۋۇت بۈگۈن تويى باشقۇرىدۇ،

قالايمىقان گەپ قىلمايلى، ئاغىنىلەر ! — دېدى بىرسى.
— توي باشقۇرغۇچى دېگەن شۇ رەپقەتنىڭ ياردەمچىسى دېگەن گەپقۇ ! — دېدى بىرەيلەن گەپنى باشقا يەرگە بۇراپ.
— باشقا گەپ قىلمايلى، ئاغىنىلەر، — دېدى ساۋۇت ئۇنىڭ مەقسىتىنى سېزىپ.
— ئەسلىدە بۇگۈن ئوسمان كېچە ـ كۈندۈز خىزمەت قىلسا بولىدۇ ! — دېدى بىرسى سورۇنغا ماسلىشىپ.
— ئەمىسە ئاداش بۇگۈن تاڭ ئاتقۇچە سۇ ئىسسىتىپ چىقىسەنكەن ـ دە ! — دېدى بىرەيلەن چاقچاق قىلىپ.
— ساۋاب تېپىپ كېتىدىغان بولدۇڭغۇ، ئاداش ! — دېدى ئەزىز.
— ئۆتكەندە بىر مەست زامان ئاخىر بولغاندا ئىككى ئادەم بىر تۆشۈككە سىيىدۇ دەۋاتاتتى، — دېدى بىرسى.
— هاي ـ هاي، ماۋۇ چاقچىقىڭلار بولمىدى، ئاغىنىلەر، — دېدى ساۋۇت.
— نەدە شۇ يۇغان يەردە، سىيگەن يەردە يۈرگەندىن كېيىن مۇشۇنداق گەپ قىلىدۇ ـ دە، بۇ گۇيلار! — دېدى ئوسمان.
— گەپ بولدى ـ دە بۇ، ئىشنى سەن قىلساڭ بولىدۇ، مەن دېسەم بولمامدا، — دېدى هېلىقى چاقچاق قىلغىنى.
— ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ ئالدىدا يايغىچە ئاستا كېلىپ دېسەڭ بولمامدا ! — دېدى ئوسمان.
هەممەيلەن كۈلۈپ كەتتى.
كۈتكۈچى قىزلار تاماق ئېلىپ چىقتى، ئوسمان بىلەن ساۋۇت ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنى باشقۇرۇپ باش تاۋاقنى بىرىنچى ئۈستەلگە، يەنى رەنا بىلەن رەپقەتنىڭ ئالدىغا قويغۇزدى.
زالدا ئادەم بەك جىق ئىدى، ئەللىك ئۈستەل لىق ئادەم بار ئىدى، هەممە ئۈستەللەرگە تاماق تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئوسمان بىلەن ساۋۇت ئۆزىنىڭ ئۈستىلىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئاغىنىلىرى ئۇلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى.

— پولۇ ئوخشاپتۇ، ئاداش، قېنى ئېلىڭلار ! — دېدى ساۋۇت ئۇلارنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ.
— رەھمەت، — دېدى ئوسمان. ئۇ قولىنى چىنە تەخسىدە پارقىراپ تۇرغان ئاشقا سالدى.
— ئۆزۈڭنىڭ ئېشىغىمۇ رەھمەت دەۋاتىسەنغۇ، ئاداش ؟ — دېدى بىرەيلەن چاقچاق قىلىپ.
— ئالجىغان ئوخشايمەن، ئاداش، — دېدى ئوسمان.
ھەممەيلەن كۈلۈپ كەتتى.
— ئەمدى ئۇنىمۇ دېدۇق، بۇنىمۇ دېدۇق ئاغىنىلەر، مۇشۇنداق ئىشلارغا نېمە دەيمىز ئەمدى ؟ بىز كىچىك چاغدا كىنوخانىنىڭ ئالدىدا ئايالى بىلەن ئىككى قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ جانبازلىق ئويۇنىنى كۆرسىتىدىغان بىر خەنزۇ بۇرادەر بولىدىغان، ئۇ تەييارلىقنى تۈگىتىپ، «ئويۇن» دېيەلمەي، چالا ئۇيغۇر تىلى بىلەن «ئويۇك، ئويۇك» دەپ ئادەم يىغاتتى، بىردەمدىلا بىرمۇنچە ئادەملەر ئەتراپىغا ئولىشىپ ئويۇن كۆرۈپ كېتەتتى، بۈگۈنكى مۇشۇ نىكاھتىن ئاجرىشىش، توي قىلىش دېگەندەك ئىشلار ئاشۇ بۇرادەر دېگەندەك بىر ئويۇنغا ئايلىنىپ قالدى جۇمۇ ئاغىنىلەر ! — دېدى ئوسمان.
— ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ، ئاداش، — دېدى ساۋۇت ئوسماننىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ.
— ئەمىسە ھەممە ئادەم ساڭا ئوخشاش دادىسى ئېلىپ بەرگەن خوتۇننىڭ قولىغا قاراپ ئولتۇرامدۇ؟ — دېدى بىرەيلەن ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ.
— ئوسماننى چۈشەنگىلى بولىدۇ، ئاغىنىلەر، ئۇ رەنادىن رەنجىۋاتىدۇ، رەپقەت بىلەن تونۇشۇپ ھەش - پەش دېگۈچە توي قىلىۋالغۇچە، بىرەر يېرىم يىل تۇرۇپ تۇرسا بولمايدۇ دېمەكچى؟ — دېدى بىرسى.
— بۇ گۇي ئۇ سەتەڭگە ھە دېسە يېرىم پۇل كۆرسىتىپ قويۇپ قاچۇرۇپ قويدى - دە، ئۇنى ! — دېدى يەنە بىرسى.

— نېمە بولسا بولسۇن، ئاغىنىلەر، ئويۇن دېگەن ئويۇن، ئويۇننى رەسمىي ئىشقا ئايلاندۇرۇۋالساق بولمايدۇ، بىز ھەرگىز رەپقەتنى دورىمايلى، — دېدى ساۋۇت.

— ئەگەر رەنادەك ئاشۇنداق بىرەر پەرىگە ئۇچراپ قالسام مەن رەپقەتنى يۈزدەيۈز دورىشىم مۇمكىن - ھە! — دېدى بۇ سورۇننىڭ چاقچاقچىسى كىنايىلىك كۈلۈپ.

— خۇدا ساقلىسۇن، ماڭا ئات كالىلىسىدەك ئالتۇن بەرسىمۇ رەپقەتنى دورىمايمەن جۇمۇ! — دېدى بىرسى.

— سىنىڭ مىجەزىڭ ياخشى، ئەزىز، ئالدىڭغا تاشلاپ بەرگەن نەرسىنىلا يەيسەن! — دېدى ئوسمان.

— بۇ ئاغىنەم تۇغۇلۇپلا ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان، شۇڭا مىجەزى بەك بوش، — دېدى چاقچاقچى.

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئەمدى رەپقەتنىڭ بالىلىرى چوڭىيىپ كەتتى، ئائىلىنى بىر ئوبدان رازى قىپتۇ، بۇ ئىشنىمۇ توغرا چۈشەنسەك بولىدۇ، — دېدى بىرسى.

— گۈلباھار بەك سەمرىپ كېتىپتۇ، بېشىنى كۆتۈرۈپ بولغۇچە قوڭى قوپۇپ بولىدىكەن، شۇڭا ئۇ خوتۇن رەپقەتنىڭ بەرگىنىنى جان بالىكام دەپ ئېلىپ، قولىغا تەگكىنىگە خۇشال بولسا بولىدۇ ئەمدى... — دېدى يەنە بىرسى پاس چىقىرىپ.

— توغرا، رەپقەت بۇقىدەك تۇرسا، قاچانغىچە دەردىنى تارتىدۇ ئۇنىڭ، — دېدى يەنە بىرسى.

— يوق ئادەمنىڭ گېپىنى قىلمايلى، ئاغىنىلەر، — دېدى ئوسمان.

— ئاشنىسىنى ئەرگە بېرىۋېتىپ چىدىمايدۇ ماۋۇ ئاداش، — دېدى بىرسى چاقچاق قىلىپ.

ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

رەپقەت ئۈچۈن بۇ توي ئاسانغا توختىمىغانىدى. رەنا رەپقەتكە: «ئالدى بىلەن ماڭا بانكىدىن قەرز ئېلىپ بېرىسىز، مەن

ئۆزۈمنىڭ سالماقچى بولغان بىنايىمنىڭ رەسمىيەتلىرىنى پۈتكۈزۈۋالىمەن، ئاندىن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا بېرىپ قىزىل قەغەز ئالىمىز» دېگەنىدى. رەپقەت ئۆزىنىڭ بىناسىنى رەڭگە قويۇپ، رەناغا دېگەن پۇلنى ئېلىپ بەرگەنىدى. رەنا يول مېڭىپ يەر سېتىۋالدى، بۇ ئورۇن ئەسلىدە شەھەرلىك تەمىنات كوپېراتىپىنىڭ قورۇسى بولۇپ، ئورنى ناھايىتى ياخشى يەردە ئىدى، كونا كىنوخانىنىڭ يېنىدا ئىدى. رەنا ھەممە رەسمىيەتلىرىنى پۈتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن رەپقەت بىلەن خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىگە بېرىپ توي خېتى ئالدى. ئۇ بىنانىڭ ئىسمىنى «رىۋايەت مېھمانخانىسى» دەپ قويدى، ئۇ ئۇزاقتىن بېرى مۇشۇ ئىسىمنى ئويلاپ كېلىۋاتاتتى، بۇ ئىسىم رەپقەتكە يارىمىغانىدى، ئۇ رەپقەتكە بۇ ئىسىمنى ئەتراپلىق چۈشەندۈردى: «مەن ئۆزۈممۇ رىۋايەت، رەپقەت، قىلىۋاتقان ئىشلىرىممۇ رىۋايەت، مەن بۇ ئىسمىنى كۆپ يىل ئويلىدىم» دېدى. رەپقەت رەنانىڭ كۆڭلىنى قىلىپ ئاغزىدا ھە دەپ قويدى، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا ياقمىغانىدى.

رەنا بازارغا قەدەم باسقان كۈندىن باشلاپ مۇشۇنداق بىر كۈننى ئارزۇ قىلاتتى، پۇل تاپسام، بىنا سالسام، ئايال سودىگەرلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتۈپ ياشىسام دەيتتى، مانا بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقىنىنى كۆردى. بىنا ئىش باشلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇ رەپقەت بىلەن مەسلىھەتلىشىپ توينىڭ كۈننى بېكىتكەنىدى. لېكىن، شۇنىڭدىمۇ رەپقەتكە تەلەپ قويغانىدى : «مەن بەش يىلغىچە قورساق كۆتۈرمەيمەن، رەپقەت، مەن ھە دېگەندە بالا تۇغۇش، بالا بېقىش ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتسەم بولمايدۇ، مەن مۇشۇ ئىشنى ئالدى بىلەن سىزگە ئېيتىپ قوياي. مەن بەش يىلدىن كېيىن تۇغسام بولىدۇ، شۇ چاغدا ئۆيدە ئولتۇرۇپ بالا باقسام بولىدۇ» دېگەنىدى. رەپقەت كۈلۈپ تۇرۇپ : «ماقۇل بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرسىڭىز بولاتتى، رەنا» دېگەندە، رەنا : «بۇ بىزنىڭ

قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، رەپقەت» دېگەنىدى. رەپقەت: «گۈلباھار ماڭا ئۈچ قىز تۇغۇپ بەردى، ئەمدى سىز ماڭا ئوغۇل تۇغۇپ بەرسىڭىز؟» دېگەنىدى. رەنا «مەن بەش يىلغىچە ئۆزۈمنىڭ ئىش - ئوقىتىنى قىلىشىم كېرەك، بىنا پۈتكەندىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلار ئاز ئەمەس، رەپقەت» دېگەنىدى.

رەپقەتنىڭ رەناغا قەرز ئېلىپ بەرمەكچى بولغانلىقى ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى ئىچىدە خېلى غۇلغۇلا قوزغىغانىدى، ئۇلار: «بىر قىز ئۈچۈن شۇنچىلىك بەدەل تۆلىگەن ئىش بارمۇ؟» دەپ رەپقەتنى ئەيىبلىگەنىدى. بۇ ئىشقا دەسلەپ قارشى چىققان ئادەم ئوسمان ئىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا ساۋۇت قېتىلىدى. ئۇلار: «بۇ ئىشىڭ بولمىدى، ئاداش، مۇنچىلىك نۇرغۇن پۇلغىمۇ كېپىل بولامسەن، ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا قانداق قىلىسەن؟» دېگەنىدى. رەپقەت ھەممە گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «راست، مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە مەن بەك قاراملىق قىلىپ كەتتىممۇ، قانداق؟» دەپ ئويلىنىپ قالغانىدى، لېكىن ئارقىدىنلا ئۇ يەنە ئۆزىگە بۇرۇنقىدەكلا ئىشەنگەنىدى: «ياق، بۇ ئىشتىن چاتاق چىقمايدۇ، مەن چوقۇم رەنانى قوللىشىمغا چۈشىنىشىم كېرەك. ئۇنىڭ چىرايى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى مەن ئۈچۈن ھەقىقىي ئەڭگۈشتەر. ئۇنىڭ مۇناسىۋىتى ئارقىلىق نۇرغۇن ئىشلارنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. دېمەك، بۇ ئىشتا ماڭا ھەرقايسى جەھەتتىن زىيان يوق. رەنا نۇرغۇنلىغان چوڭ - چوڭ قۇرۇلۇشلارنىڭ، پۇللارنىڭ رەسمىيەتلىرىنى پۈتكۈزەلەيدۇ، بۇ رەسمىيەتلەرنى ئەتىسلا پۇلغا ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ» دەپ ئۆزىنى خاتىرجەم قىلغانىدى.

تاماقتىن كېيىن توي زىياپىتى رەسمىي باشلاندى، سازەندىلەر دۇتار، تەمبۇرلىرىنى چېكىپ قۇلاقلىرىنى بۇراپ ساز قىلىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شەھەردىكى ئاتاقلىق سازەندە - ناخشىچىلارمۇ بار ئىدى، مېھمانلار ئۇلارنى كۆرۈپ پالانىمۇ كەپتۇ، پۇستانىمۇ كەپتۇ دېيىشىپ كەتتى. يەنە بىر مېھمان: «مۇشۇنداق

گەپ، پۇل بولسا ھەرقانداق ئاتاقلىق مۇزىكانتلار بىلەن ناخشىچىلارنىمۇ ئەكەلگىلى بولىدۇ، مۇشۇ كۈندە پۇلدەك دانىشمەن نەرسە يوق» دېدى.

باش ئۇستەلدە رەپقەت بىلەن رەنانىڭ بوگۇنكى ئوبرازى ئەمدى ھەممە ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتاتتى، رەپقەتنىڭ قارا كاستيۇمى ئۆزىگە بەك ياراشقانىدى، ئۇنى ياش، جانلىق كۆرسىتىپ تۇراتتى، مېھمانلار ئۇلارغا باھا بېرىپ: «رەپقەت ياش قىز بىلەن توي قىلىپ مانا ئۆزىمۇ ياشىرىپ كېتىپتۇ» دېيىشەتتى. رەنا قىپقىزىل ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى، مېھمانلار ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ئاپىرىن ئوقۇيتتى: «گىرىم بەك يارىشىدىكەن بۇ سەتەڭگە» دەپ ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىشاتتى، لېكىن مۇنداق باھالار ئىچىدە، قارغىشمۇ بار ئىدى: «ئۆزىنى نېمانداق قىلىۋالغاندۇ بۇ بىر نېمە، تاس قاپتۇ كۆكسىنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىۋالغىلى، ياپسا بولمامدۇ ئاۋۇ سەت كاۋىسىنى !» دەپ ئالىيىشاتتى. قىسقىسى، رەنا توي كىيىمى ئۇچۇن ئاز باش قاتتۇرمىغانىدى. قورۇمىلار كەينى ـ كەينىدىن چىقىۋاتاتتى، كۇتكۇچى قىزلار مېھمانلارغا چاي قۇيۇۋاتاتتى، ساۋۇت سەھنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قولىغا مىكروفوننى ئالدى، ئۇ «ۋەي ـ ۋەي!» دەپ مىكروفوننى سىناپ باقتى، ئاندىن گېپىنى باشلىدى:

ــ ھۆرمەتلىك مېھمانلار، ئالدى بىلەن بوگۇنكى تويىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىڭلارغا سەممىمىي رەھمەت ئېيتىمەن ! بوگۇن ھەممىمىز ئۇچۇن خۇشاللىق بىر كۇن بولدى، ياراتقان ئاللا ئاغىنىمىز رەپقەت بىلەن رەنانىڭ مۇھەببىتىنى مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۇنلەردە بىر ئارغامچىغا باغلاپتۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ بەختلىك بىر ئىش... ئەمسە بىز ئۇلارغا بەخت تىلەپ، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىنىڭ گۇلدەك ئۆتۇشىنى ئۇمىد قىلىپ تويىنى خۇشال ـ خۇرام قىزىتىپ بېرەيلى، داستىخانلاردىكى ئېسىل تائاملاردىن ئېلىپ ھۇزۇرلانغاچ، ھەممىمىز مەيدانغا چۇشۇپ يايراپ ئويناپ بېرەيلى !

ساۋۇت ناھايىتى روھلۇق، جانلىق سۆزلىگەندى، ھە دېگەندە سورۇننىڭ كەيپىياتى بىردىنلا كۆتۈرۈلدى.
مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ رومكا سوقۇشتۇردى، كەيپىيات ناھايىتى ياخشى ئىدى.
— ساۋۇت بۈگۈن تويىنى ناھايىتى جانلىق باشقۇردىغۇ ئاغىنىلەر! — دېدى تۇرسۇن ئوسمانغا قاراپ.
— مەن بايام ئۈچ رومكا ھاراق ئىچۈرۈپ قويغانىدىم، ئىچمىسەڭ تويىنى جانلىق باشقۇرالمايسەن ئاداش دېگەنىدىم، راست دېگەندەك جانلىنىپ كەتتى بۇ ئاداش، — دېدى ئوسمان.
— تويىنى جانلىق باشقۇرۇپ رەنانى رازى قىلاي دەپسەنكەن ـ دە ! — دېدى بىرسى.
— جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا دېگەن نەق مۇشۇ، — دېدى تۇرسۇن.
مېھمانلار كۈلۈشۈپ كەتتى.
— بايام ساۋۇت دېگەن ئاداش رەنا بىلەن رەپقەتنىڭ مۇھەببىتى بىر ئارغامچىغا باغلىنىپتۇ دېگەندەك بىر گەپ قىلدىغۇ ! — دېدى بىرسى.
— بىر كالتەككە باغلاندى دېسىچۇ ! — دېدى چاقچاقچى كۈلۈپ.
— ھەلا دەڭلا، مۇھەببەت نېمە قىلىدۇ ئۇ گۈيلاردا، — دېدى بىرسى.
ساۋۇت قولىغا مىكروفوننى يەنە ئالدى:
— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، بۈگۈن ھەممىمىز ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن، يىللار ھەممىمىزنى ئوخشىمىغان ۋاقىت، ئوخشىمىغان ئورۇنلاردا مۇشۇنداق ھاياجانغا سالغان، بىزمۇ ئۇنداق مەڭگۈلۈك كۈنلىرىمىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمىز، بۈگۈنكى مۇشۇنداق بىر بەختلىك كۈندە، مەن بىزنىڭ مەشرەپتىكى بارلىق ئاغىنىلەرگە ۋاكالىتەن، رەپقەت بىلەن رەنانىڭ يېڭى تۇرمۇشىنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشىنى تىلەيمەن،

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ كەلگۈسى بەختى ئۈچۈن، قېنى ئەزىز مېھمانلار، خۇشال ـ خۇرام ئوينىپ ئولتۇرايلى! — دېدى ساۋۇت. ئۇ قولىدىكى رومكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مېھمانلارغا يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتتى.

— ساۋۇت گەپكە بەك ئۇستا بولۇپ كېتىپتۇ، ھەي ئاغىنىلەر، — دېدى چاقچاقچى يىگىت تىللىرىنى چاكىلدىتىپ.

— ھەممىسى يالغان گەپ، — دېدى بىرسى.

— يالغانىمۇ قاملاشتۇرالىساڭ بولىدۇ، — دېدى يەنە بىرسى.

— بۇنداق يەردە قانداق راست گەپ قىلغىلى بولىدۇ؟ توي دېگەندە ئاساسەن يالغان گەپ ئاقىدۇ، راست گەپ قىلىپ قويساڭ ھەممە ئادەم قېچىپ چىقىپ كەتمەمدۇ سورۇندىن، بىز ھەممىمىز يالغان گەپنىڭ ئىچىدە ياشايمىزغۇ؟ راست گەپ دېگەننى ئۆيگە بارغاندا قىلىشىمىزغۇ! — دېدى بىرسى.

— خوتۇنۇڭغا راست گەپ قىلمىساڭ نان بەرمەيدۇ ساڭا! — دېدى ئوسمان.

— نان بەرمىسە توپا يەيدۇ بۇ! — دېدى چاقچاقچى يىگىت. مېھمانلارنى يەنە بىر كۈلۈشتى.

— خوتۇنىنىڭ تامدىكى سۈرىتىگە قاراپ تۇرۇپ راست گەپ قىلغان ئادەممۇ ئاچ قالامدىكەن؟ — دېدى ئوسمان كۈلۈپ.

مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا خوتۇنۇڭنىڭ سۈرىتىنى يوغىنىتىپ تامغا ئېسىۋاپسەن ـ دە! — دېدى ئەزىز.

— خوتۇنىڭغا چوقۇنىدىغان بولۇپ قاپسەن ـ دە ئوسمان! — دېدى بىرسى گەپكە ئارىلىشىپ.

— ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەن خوتۇنغا چوقۇنسا نېمە بوپتۇ؟ — دېدى بىرسى.

— ئوسمانمۇ ئۇستا، خوتۇنىنىڭ سۈرىتىنى تامغا چىقىرىپ قويۇپ، ئۇنى رەپقەتكە ئوخشاش يولغا سېلىپ، ساۋۇتنى يەنە بىر قېتىم مۇشۇ يەردە توي باشقۇرغۇزماقچىغۇ! — دېدى چاقچاقچى.

مېھمانلار يەنە بىر قېتىم كۈلۈشتى.
تاماقلارنىڭ ھەممىسى ئۈستەللەرگە چىقىپ بولغاندى، تائاملار ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىدى، ئاياللار ناز قىلىشىپ ئالدىدىكى چىرايلىق ئىگىز ئىستاكانلىرىدىكى چايلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ لېۋىگە تەگكۈزۈپ قويۇپ، يالغاندىن ئىچكەن بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ گەپلىرى بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئەرلەر بىر ـ بىرىگە زورلىشىپ رومكىلىرىنى ئىگىز قىلىپ ھاراقنى ئاغزىدىن كۆرگىلى بولمايدىغان دۇنياغا ئۆتكۈزۈۋېتىشەتتى. ئەسلىدە ئاشۇ ئىغىزلار نۇرغۇن ئادەملەرگە «نەچچە قېتىم، سانسىز قېتىم ئەمدى ئىچمەيمەن، زادى ئىچمەيمەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئىچىدىغان بولسام جۇۋاينىمەك بولۇپ كېتەي» دەپ ۋەدە بەرگەنىدى، قەسەم ئىچكەنلەرمۇ بار ئىدى، لېكىن ۋاقىتنىڭ ياردىمى بىلەن مۇشۇ ۋەدە ـ قەسەملىرىنى ئۇنتۇپ، يەنە قايتىدىن ئىستېمال قىلىدىغان بولۇۋالغانىدى، ھاراق ئۇلارنىڭ بىرىنچى ھەمراھىغا ئايلانغانىدى.
سازەندىلەرنىڭ قېشىدىكى بازاردا قاشتېشى سودىسى قىلىدىغان مېھمانلار بار ئىدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى رەپقەتتىن چوڭ ئىدى، چوڭراق بىرسى ھاراق رومكىسىنى قولىغا ئالدى، ئۇ: «توي تۇرسا بۇ، تويدا ئىچمىسەڭ قەيەردە ئىچىسەن» دېگەن بۇيرۇق بىلەن ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە ھاراق ئىچۈردى.
— ئەسلىي ئوغۇل بالا دېگەن ئۆزىدىن ئون ياش كىچىك قىزنى ئالغۇلۇق، قېرىغاندا قولتۇقۇڭدىن يۆلەپ، پۇت ـ قوللىرىڭنى تۇتۇپ دېگەندەك تازا ئەسقاتىدۇ، بەزى ساراڭلار ئۆزىدىن چوڭ قىزلارنى ئېلىۋالىدىكەن، — دېدى ھېلىقى چوڭام.
— پۇل خەجلەتمەيدىغان نەرسىلەر ـ دە ئۇلار! — دېدى بىرسى.
— ئۇنداقمۇ ئەمەس، بەزى نەرسىلەر ئاشۇنداق چوڭ قىزلارغا ئامراق بولىدىكەنغۇتاڭ! — دېدى چوڭام.

— بىراق خوتۇن بەك كىچىك بولۇپ كەتسە مەسىلە چىقىدۇ، ئەرگە سادىق بولماي قالىدۇ! — دېدى يەنە بىرسى.

— ھەممە ئادەمنى بۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ! — دېدى بىرسى.

— ئەمدى ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز، باللار، ئائىلە تۇرمۇشى بەك سىرلىق ئىش بۇ! — دېدى چوڭئام، — مەسىلەن، بىر ئۆيدە يا ئەر نوچىراق يا ئايال نوچىراق بولسا، شۇ ئۆينىڭ مۇھىتى ياخشى بولىدىكەن، ئىككىلىسى نوچى بولۇپ كەتسە ئۆيدىكى يوتقان ئىسسىمايدىكەن، ئەر - خوتۇن ئىككىلىسى بازاردىن كىرمەيدىغان بايلاردىن بولۇپ قالسا، بۇنداق ئائىلىدىن چاتاق چىقماي قالمايدۇ.

— شۇنداق، — دېدى نۆۋەتنى ئىچىۋاتقان بىرسى قولىدىكى ھارىقنى كۆتۈرۈۋېتىپ.

ساۋۇت يەنە قولىغا مىكروفوننى ئېلىپ، سازەندىلەرنى ساز چېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى، مۇڭلۇق مۇزىكا زالدا ياڭراشقا باشلىدى. ئىككى پەدە مۇزىكا ئورۇنلانغاندىن كېيىن، ناخشا باشلاندى. تەكلىپ قىلىنغان تۆت ناخشىچى شەھەر بويىچە داڭق چىقارغان ناخشىچىلاردىن ئىدى. ئۇلارنى ئوسمان بىلەن ساۋۇت تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەنىدى. «باشقا تەكلىپىمىز يوق، ئۇستازلار، بىر ھۈنەر كۆرسىتىپ بېرىڭلار!» دەپ قېلىن كونۋېرتنى يانچۇقىغا سېلىپ قويغانىدى. ناخشىچىلار پۈتۈن ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇپ توينى قىزىتىۋاتاتتى.

— نېمىدېگەن ئېسىل ناخشىلار ھەي، نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ئۈزۈلمەي ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ناخشىلار - دە! — دېدى ئوسمانلارنىڭ ئۇستىلىدە ئولتۇرغان بىرسى.

— ئۇيغۇر دېگەن ئۇلۇغ مىللەت جۇمۇ، باشقا ھۈنىرى ئۇياقتا تۇرسۇن، مۇشۇ ناخشىلىرى ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرەلەيدۇ جۇمۇ! — دېدى تۇرسۇن مۇڭلىنىپ.

— ئۇغۇ شۇ ئاداش، بىراق مۇشۇنداق ياخشى ناخشىلار بۇگۈنكى تويغا توغرا كېلەمدۇ؟ — دېدى يەنە بىرسى.

— توغرا كېلىدۇ، نېمىشقا توغرا كەلمەيدىكەن! ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىشى ئۆزىنىڭ ئىشى، بۇ توي بىر ئويۇن، بىز ھەممىمىز زېرىكمەي ئويۇن كۆرگىلى كەلگەن ئاغىنىلەر. بىزدە گۇناھ يوق، بىز ئاشۇنداق ناخشىلىرىمىزنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن پەخىرلىنىدىغان ئادەملەر بىز، — دېدى چاقچاقچى.

— ھەق! — دېدى بىرسى، — ياخشى گەپ بولدى، رەنا بىلەن رەپقەتنىڭ ئىشى ناخشا ـ مۇزىكىدا ئەمەس، ئۇلار يالغاندىن ھېجىيىپ كىم كەلدى، كىم كەلمىدى دېگەنگە دىققەت قىلىدۇ!

— شۇنداق، — دېدى يەنە بىرسى.

ناخشا بىلەن مۇزىكا تەڭلا توختىدى.

ساۋۇت قولىدىكى مىكروفوننىڭ كۇنۇپكىسىنى ئاچتى، ئۇ يەنە چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئاككوردىيونچى دولقۇننى سەھنىگە چىقاردى. دولقۇن مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ داڭلىق ئاككوردىيونچى ئىدى. ئۇ بېشىنى بىردەم سول تەرەپكە، يەنە بىردەم ئوڭ تەرەپكە قىيسايتىپ تۇرۇپ كۆزلىرىنى تاتلىق يۇمۇۋېلىپ ناھايىتى ئەركىن، شوخ، جانلىق چېلىشقا باشلىدى، مېھمانلارنىڭ ھەممىسى روھلىنىپ، تەسىرلىنىپ، قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. ئۇ ۋالىس مۇزىكىسىنى چېلىشقا باشلىغاندا، رەنا قېشىدا مەغرۇر ئولتۇرغان رەپقەتكە قارىدى:

— رەپقەت، تانسا ئوينامدۇق؟ — دېدى ئۇ رەپقەتكە قاراپ كۆزىدە كۈلۈپ.

— ئوينايلى، ئەمىسە تانسىنى بىز باشلاپ بېرەيلى، — دېدى رەپقەت. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ رەنانى تانسىغا تەكلىپ قىلدى.

رەپقەت رەنانىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۇنى سەھنىنىڭ مەركىزىگە ئەكەلدى. ئاندىن ئۇنىڭ بېلىنى تۇتۇپ مۇزىكىغا ماسلىشىپ تانسىغا چۈشۈپ كەتتى.

رەنا تانسىنى ناھايىتى چىرايلىق ئوينايتتى، بولۇپمۇ ۋالىس

ئوينىغاندا بەك چىرايلىق پىرقىرايتتى، ئۆزىنى قويۇۋېتىپ قارشى تەرەپكە تەبەسسۇم قىلاتتى، ئۇنىڭ مۇشۇنداق روھىي هالىتى ھەممە ئادەمنى جەلپ قىلاتتى. ئۇ بۇ شەھەردە مۇھىم ئىشلىرىغا ئاستىرتىن ياردەم قىلىۋاتقان ئاشۇ مۇھىم ئەرباب بىلەن مۇشۇنداق تاسا ئويناۋېتىپ تونۇشقانىدى. شۇ كۈنى ئۇ ئادەم ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ: «ئەتە ماڭا تېلېفون بېرىڭ، سىزگە دەيدىغان گېپىم بار» دېگەنىدى. رەنا شۇ ۋاقىتتىلا ئۇنىڭ قورسىقىدىكىنى بىلىپ بولغان، ئەتىسى ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ، ياتىقىغا بېرىپ كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ بەرگەن، ئەرباب ئۇنى شۇ باھانە بىلەن ياتىقىغا كىرگۈزۈۋالغان، ئاندىن كېيىن جاھان تىنچلىنىپ ھەممە ئادەم ئۇخلاپ بولغاندا، تۇربىدىن شارقىراپ چۈشۈۋاتقان ئىسسىق سۇ ئاستىدا ئۇلار كېيىنەكلەرگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى... بۇ مۇناسىۋەت بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۈزۈلمىگەنىدى.

رەنا توي قىلىش ئالدىدا مۇھىم ئەربابقا تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشكەن، ئۇنى ئالىي مېھمانخانىدىن بىر ياتاق ئېلىپ كۈتۈۋالغانىدى. ئىشلار بۇرۇنقىدەك شۇ قەدەر قىزغىن ئىدى، ئەربابنىڭ ھەركىتى بىلەن غەيرىتىنى يىگىتلەرنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. ئۇ مۇشۇنداق كۈنلەردە بىردىنبىر پالۋانغا ئايلىناتتى. بۇنداق ۋاقىتتا ئۆزىنىلا ئەمەس، دۇنيادىكى ھەممە ئىشنى ئۇنتۇيتتى. رەنا ئۇنىڭغا ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن قۇۋۋەت دورىلىرىنى بېرەتتى، بۇ دورىلار ئەربابنى ياشلىق دەۋرىگە قايتۇرۇپ، ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتاتتى. ئارىلىقتا رەنا پۇرسەت چىقىرىپ ئۆزىنىڭ توي قىلماقچى بولغان ئىشىنى ئەربابقا دېدى. ئەرباب بۇ خەۋەردىن خۇشال بولدى: «ياخشى بوپتۇ، يېشىڭىز ئۇلغايغىچە، توي قىلسۇۋېلىڭ، بىراق ماڭا تېلېفون بېرىشنى ئۇنتۇپ قالسىڭىز بولمايدۇ» دېدى.

دولقۇنىنىڭ ئاككوردىيونىدىن چىققان مۇڭلار زالنىڭ ھەممە

يېرىنى مەست قىلىپ بولغانىدى. رەنا رەپقەتنىڭ قولىدا داۋاملىق پىرقىراۋاتاتتى، تويدا يالغاندىن ھىجىيىپ ئولتۇرغان ئادەملەر كۆپ سانلىق ئىگىلىسىمۇ، توينىڭ ئومۇمىي كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى ئىدى، ھاراق، ئېسىل قورۇمىلار، ياخشى تاماكىلار سورۇندا ھەربىر ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە رەپقەت بىلەن رەنانىڭ ئابرۇيى ئۈچۈن ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئوسماننىڭ ئۈستىلىدە ئولتۇرغان ئادەملەر توختىماي رەپقەت بىلەن رەنانىڭ ئويۇنىغا باھا بېرىپ تۇراتتى، تويدا كۈلكە - چاقچاقلار مۇشۇ ئۈستەلدە ئەڭ كۆپ بولۇۋاتاتتى.

— مەن مۇشۇنداق قارىسام، ئاغىنىلەر، ئىككىنچى خوتۇن دېگەن باشقا گەپ ئىكەن - دە، ئۇ ئادەم ھەقىقەتەن ياشلىق باھارىغا قايتىدىغان ئوخشايدۇ، ئەگەر مەن دادامدىن قورقمىغان بولسام خوتۇنۇمنى قويۇۋېتىپ رەپقەتنى دورايتتىم جۇما ! — دېدى سورۇن قىزىقچىسى.

— مانا ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭ، ئاداش ! سېنى ھەقىقىي ئويغاندى دېسە بولغۇدەك ! — دېدى ئوسمان.

— ئىككىنچى خوتۇن ئۈچۈن مۇشۇنچىلىكمۇ ئاۋارە بولغان بارمۇ ئەمدى، ئاشنىڭنى مازارغا باشلاپ چىقىپ شەيخكە نىكاھ قىلدۇرۇۋالساڭ خوتۇن بولۇپ كېتىدۇغۇ ! — دېدى بىرسى.

— ئۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆگەي خوتۇن بولۇپ قالىدۇ - دە ! — دېدى ئوسمان.

ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

گۈلباھار رەپقەتنىڭ توي خەۋىرىنى ئاڭلاپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. ھەممە ئىشلار ئۇ ئويلىغاندەك چىقتى، لېكىن قىزلىرىغا چاندۇرماي يۈرۈۋەرگەنىدى. ئىككى قىزى — زەيتۈنە بىلەن رىزۋانىنىڭ پوزىتسىيەسى ئىزچىل بىر خىل ئىدى: «بىز بالا، دادىمىزنىڭ بۇنداق ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ كەتسەك بولمايدۇ» دەيتتى. لېكىن، زۇبەيدە سۆزلەپلا قالغانىدى،

ئاخىر ئۇ ساۋاقدىشى مەرۇپ بىلەن كۆرۈشتى. مەرۇپ مەكتەپتە ئوقۇغاندا ئۇنىڭغا تەلەپ قويۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن چىقماي يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى، لېكىن، زۇبەيدە ئۇنىڭ مىجەزىنى ياقتۇرمايتتى، ساۋاقداشلىرىغا: «مەرۇپ بەك بوش، ئوغۇل بالىدەك قىلىقى يوق» دەيتتى. لېكىن، مەرۇپ ئۇنى نۇرغۇن يىل ساقلىدى، قاچان زۇبەيدە توي قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆيلىنىمەن دەپ ھېچقانداق قىز بىلەن ئارىلاشماي ئۆتكەنىدى. مەرۇپ زۇبەيدەنىڭ تەلىپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن: «خاتىرجەم بولۇڭ، مەن بۇ ئىشنى سىز دېگەندەك قىلىمەن» دېدى. ئاندىن ئەركىن بازىرىغا بېرىپ، تۈگمەننىڭ كەينىدە قىمار ئويناۋاتقان بىرسىنىڭ قېشىغا كېلىپ، قىمار دۈۋىسىنىڭ قېشىدا قاراپ تۇرغان باللارنىڭ چىرايىغا قارىدى. ئۇنىڭ دىققىتى ئۆزى ۋىجىك، شۇم چىراي بىر بالىنىڭ تۇرقىغا مەركەزلەشتى، بالا ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشلار چامىسىدا ئىدى، مەرۇپ بالىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن:

— ئېتىڭ نېمە، ساقام؟ — دەپ سورىدى.

— سىيىت، — دېدى بالا دىققەتكە كېلىپ.

— بۇ ياققا كېلە، ساقام، ساڭا دەيدىغان بىر گەپ بار ئىدى، — دېدى مەرۇپ. سىيىت ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تۈگمەننىڭ ئالدىغا ئۆتتى.

— بىر ئىشىڭىز بارمىدى، ئاكا؟ — دېدى سىيىت، — تاماكىڭىز بولسا بىر تال بېرىڭا، ئاكا!

— مەن تاماكا چەكمەيمەن، ساقام، پۇل بېرەي، ئۆزۈڭ ئېلىۋال، — دېدى مەرۇپ، — بىر ئىش بار ئىدى، ساقام، يۈز سوم پۇل بېرىمەن، شۇ ئىشنى پۈتكۈزۈپ بېرەمسەن؟

— نېمە ئىشتى ئۇ؟ — دېدى سىيىت ئۆتكۈر كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ.

— مېنىڭ بىر ئاغىنەم بار ئىدى، بىز قىمار ئوينىغاندا مەن ئۇنىڭ ماشىنىسىنى ئۇتتۇۋالغانىدىم، بىراق ئۇ مېنى بوزەك

قىلىپ ماشىنىسىنى ماڭا بەرمەيۋاتىدۇ، مەن ئاشۇ ماشىنىنى ماڭىمۇ، ساڭىمۇ يوق قىلىپ كۆيدۈرۈۋېتەي دېگەن، ساقام، ئۇ ئاغىنەمنىڭ ماشىنىسى هازىر بىر مېهمانخانىنىڭ ئالدىدا. مەن سىنى باشلاپ بېرىپ ئۇ ماشىنىنى كۆرسىتىپ قويىمەن، ساڭا بىر پارچە بېنزىنغا چىلانغان ئوتۇن بېرىمەن، سەن ئاشۇ ئوتۇنغا ئوت يېقىپ، ئۇ ماشىنىنىڭ تېگىگە تاشلاپلا قويساڭ بولدى...

— توتولۇپ قالسام قانداق قىلىمەن؟ — دېدى سىيىت.

— ئوت ماشىنىغا تۇتىشىپ بولغۇچە سەن بارىدىغان يېرىڭگە بېرىپ بولامسەن!

— ئەمىسە ئىككى يۈز سوم بېرەمسەن، ئاكا؟ — دېدى سىيىت سېرىق كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ.

— مەيلى ساقام، ئۇ گۇيدىن ئۆچۈمنى ئېلىۋالمىسام بولمايدۇ، — دېدى مەرۇپ، — يۈرە ساقام ئەمىسە، تاكسىغا چۈشۈپ ماڭىمىز! — مەرۇپ سىيىتنى تاكسىغا سېلىپ رەپقەت بىلەن رەنانىڭ تويى بولۇۋاتقان رەپقەتنىڭ مېهمانخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ماشىنىدىن چۈشىدىغان چاغدا، سىيىت: «پۇلنى قاچان بېرىسىز؟» دېدى. مەرۇپ: «گەپ قىلماي تۇر، ساقام!» دەپ ماشىنىدىن چۈشۈپ، تاكسىچىنىڭ كىراسىنى بېرىۋەتتى. ئاندىن ئۇنى باشلاپ قاتار تۇرغان ماشىنىلارنىڭ قېشىغا ئەكىلىپ، رەنانىڭ قىزىل ماشىنىسىنى ئۇنىڭغا يىراقتىن كۆرسەتتى،

— كۆرۈۋالدىڭما، شۇ قىزىل ماشىنا! — دېدى مەرۇپ.

— هە كۆردۇم، — دېدى سىيىت.

— يۈر ئەمىسە، ئاۋۇ هاجەتخانىغا كىرەيلى، قالغان گەپلەرنى شۇ يەردە دېيىشىمىز، — دېدى مەرۇپ.

سىيىت مەرۇپقا ئەگىشىپ بىر هاجەتخانىغا كىردى. ئۇلار يالغاندىن تەرەت قىلغان بولۇپ، تەرەت ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى، هاجەتخانىدا ئادەم قالمىغاندا، مەرۇپ چاققانلىق بىلەن يېنىدىن پۇلنى چىقىرىپ، سىيىتقا ئىككى يۈز سوم تۇتقۇزدى. ئاندىن قولىدىكى سومكىنى ئۇنىڭغا بەردى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئوتۇن بىلەن چاقماق سومكىنىڭ ئىچىدە، چاقماق بىلەن ئوتۇننى تۇتاشتۇرسەن، سومكىنى ماشىنىنىڭ ئاستىغا تىقىۋېتىسەن، تامام ! — دېدى مەرۇپ.

— خاتىرجەم بول، ئاكا، مەن ئۇچۇن ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئۇ ! بىراق پۇلۇڭ جا ئەمەستۇ؟ — دېدى سىيىت.

— مانا قاراپ باقە، مەن جا پۇل تۇتىدىغان ئادەمگە ئوخشامدىم؟ — دېدى مەرۇپ.

— ئەگەر پۇلۇڭ جا بولۇپ قالسا، مەن سېنى تېپىۋالىمەن ئاكا ! — دېدى سىيىت.

— خاتىرجەم بول، ساقام، ئاكاڭ جا پۇل تۇتمايدۇ، — دېدى مەرۇپ.

ئۇلار ھاجەتخانىدىن چىقتى، سىيىت سومكىنى كۆتۈرۈپ رەنانىڭ ماشىنىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. مەرۇپ كۈنچىقىش تەرەپتىكى چوڭ يول بويىغا كېلىپ تۇردى. ئۇ سىيىتتىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇردى، سىيىت بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ مېھمانخانىنىڭ قېشىدىكى ماگىزىنغا كىرىپ كەتتى. مەرۇپ يىراقتا تۇرۇپ: «مانا ئەمىسە، بۇ گوي قېچىپ كەتمىگىدى» دېدى. سىيىت ماگىزىنغا كىرىپ يېنىدىن مەرۇپ بەرگەن يۈز سومنى چىقىرىپ، بىر قاپ تاماكا سېتىۋالدى، مال ساتقۇچى ئۇنىڭ پۇلىنى پۇل تەكشۈرىدىغان كىچىك ماشىنىدىن ئۆتكۈزۈپ سىناپ، ئاندىن ئاشقان پۇلنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردى. سىيىت خاتىرجەم بولۇپ ماگىزىندىن چىقىپ، رەنانىڭ قىزىل ماشىنىسى تۇرغان يەرگە قاراپ ماڭدى. يىراقتا مەرۇپ ئۇنىڭ ماگىزىندىن چىققىنىنى كۆرۈپ، بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى، سىيىت ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ قويۇپ، ماشىنىنىڭ قېشىغا كەلدى. رەنانىڭ تەلىپى بويىچە، خىزمەتچىلەر ئۇنىڭ مۇشۇ ماشىنىسىنى يۇيۇپ تازىلاپ، قىز كۆچۈرىدىغان ماشىنىنى بېزەيدىغان ئورۇنغا ئاپىرىپ، ناھايىتى چىرايلىق بېزەپ تەييار قىلىغانىدى. سىيىت يېنىدىن تاماكىنى چىقىرىپ تۇتاشتۇردى،

ئاندىن سومكىنىڭ ئىچىدىن ئالىقانچىلىك بىر پارچە ئوتۇننى ئېلىپ، سومكىنى يەرگە تاشلىدى، ئۇ پۈتى بىلەن سومكىنى ماشىنىنىڭ ئاستىغا ئىتتىرىپ قويدى، ئاندىن ئېڭىشىپ چاقماق بىلەن قولىدىكى ئوتۇنغا ئوت ياقتى، بېنزىنغا چىلىشىپ تەييار بولغان ئوتۇن تېزلا ئوت ئالدى، سىيىت ئوتۇننى ماشىنىنىڭ ئاستىغا ئىتتىرىۋېتىپ، ماشىنىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، يولغا چىقىپ ئادەملەر توپىغا كىرىپ غايىب بولدى. مەرۇپ ئاشۇ ئورۇندا تۇراتتى، بىردەمدىن كېيىن ماشىنىلار ئارىسىدا پەيدا بولغان ئىس ـ تۈتەكنى كۆردى، ئاندىن بىر تاكسىنى توسۇپ يولغا راۋان بولدى.

ئىككىنچى قەۋەتتە توي بەك قىزىپ كەتكەنىدى، ئوسمانلارنىڭ ئۈستىلىدە كۈلكە ئۈزۈلمەيتتى. ئىككى چاقچاقچى بىرلىشىۋېلىپ، ئوسماننى كەلتۈرۈۋاتاتتى، ئاخىر ئۇلار ئوسماننى رەپقەتنىڭ سادىق ياردەمچىسى دەپ ئۇنى ئېغىز ئاچۇرمىدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، بىر بالا يۈگۈرۈپ كىرىپ: «توي ماشىنىسىغا ئوت كېتىپتۇ! توي ماشىنىسىغا ئوت كېتىپتۇ!» دەپ ۋارقىرىدى. ھەممە ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئوسمان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تالاغا يۈگۈردى، ئۇ پەلەمپەيدىن چوڭ ـ چوڭ سەكرەپ بىرىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا چىقتى، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ ماشىنىسىمۇ مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغانىدى، ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، سۇ مىلتىقىنى رەنانىڭ كۆيۈۋاتقان ماشىنىسىغا قارىتىپ، ناھايىتى تېز ۋاقىت ئىچىدە ئوتنى ئۆچۈرۈۋالدى، لېكىن رەنانىڭ ماشىنىسى ئاساسەن كۆيۈپ بولغانىدى، ئىككى ياندا تۇرغان ماشىنىلارنىڭ ئىشىكلىرىمۇ كۆيۈپ كەتكەنىدى، لېكىن زىيان چوڭ ئەمەس ئىدى.

ــ ماشىنىغا قانداق ئوت كېتىپتۇ؟ ــ دېدى ئوسمان

مېھمانخانىدا ئىشلەيدىغان بىر قوغدىغۇچىنىڭ قېشىغا كېلىپ.
— شۇ، بىزمۇ بىلەلمەي قالدۇق، بايام بىرسى ماشىنىغا ئوت كەتتى دەپ ۋارقىرىدى، شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ھەسەنتاي «119»غا تېلېفون بەرگەنىدى، — دېدى يىگىت.
ئوسمان كەينىگە يېنىپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى، ئادەملەر: «نېمە بوپتۇ؟ نېمە بوپتۇ؟» دەپ پەلەمپەيدىن چۇشۇۋاتاتتى. ئۇ رەپقەتنىڭ قېشىغا كەلگەنىدى، رەپقەت جىددىيلىشىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋالنى سورىدى.
— باشقا ئىش يوق، رەنانىڭ ماشىنىسىغا ئوت كېتىپ كۆيۈپ كېتىپتۇ، ئوت ئۆچۈرۈشنىڭ كېلىپ ئۆچۈرۈۋالدى ! — دېدى ئوسمان.
ساۋۇت قولىدا مىكروفون، ئالدىراپ ئوسماننىڭ قېشىغا كەلدى.
— بولغان ئىشلارنى مەن دېرىزىدىن كۆردۇم، ئاداش، مەن مېھمانلارنى تىنچلاندۇراي.
— مەن بىرىنچى قەۋەتكە چۈشەي، — دېدى رەپقەت ئورنىدىن تۇرۇپ.
— ياق، بولمايدۇ ئاداش، سەن چىقىپ كەتسەڭ تويىنىڭ ئاخىرىنى چۇشۇرەلمەيمىز، تېلېفون بەر، ئىشلارنى تېلېفوندا ئورۇنلاشتۇرايلى، — دېدى ئوسمان.
رەپقەت ئوسماننىڭ گېپىنى توغرا تاپتى، ئۇ يېنىدىن يانفونىنى چىقىرىپ، قوغداش گۇرۇپپىسىدىكى ئادەملەرگە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىڭلار، دەپ ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى.
رەنانىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق ئىدى، ئۇ ئىچىدە «بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىش يوق ئەمدى، ماڭا قارشى تۇرىدىغان بىرسىنىڭ ئىشى بۇ!» دېدى.
«يائاللا، ئەجەب تەمكىن سەتەڭ ئىكەن - دە، ماۋۇ، نەلەردە يۈرۈپ قاغدىلىپ كەتكەن بولغىيدى - ھە ؟! بىر ماشىنىسى

كۆيۈپ كەتسە ئورنىدىن تۇرۇپمۇ قويمىدا !» دېدى ئوسمان ئىچىدە.
ساۋۇت سەھنىگە چىقىپ مېھمانلارنى تىنچلاندۇردى:
— ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرايلى، مېھمانلار، تويىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز، ھازىر يەنە داستىخىنىمىزغا چىقىدىغان مەزەلىرىمىز بار تېخى، — دېدى.
لېكىن، ئادەملەرنىڭ پەيزى ئۇچۇپ كەتكەنىدى، بىر قىسىم ئادەملەر داۋاملىق سىرتقا قاراپ مېڭىۋاتاتتى.
— توي ماشىنىسى كۆيۈپ كېتىۋاتسا تاماقنىڭ غېمىنى قىلىۋاتىدا، ماۋۇ گوي، — دېدى بىرسى.
— ھەي، بەك سەت بولدى - دە ! — دېدى يەنە بىرسى.
— ئەتە تاڭ ئاتسا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ...
زالدا ئادەملەر بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتاتتى. رەنا رەپقەتكە قارىدى:
— رەپقەت، ئەمدى مېھمانلارنىڭ يىغىلىمىقى تەس، ساۋۇت تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ تويىنى ئاياغلاشتۇرسۇن، ماقايلى، — دېدى.
— شۇنداق قىلايلى ئەمىسە، كىمنىڭ قىلغان ئىشىدۇ ھەي بۇ ؟ — دېدى رەپقەت.
— بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرمەيلى، رەپقەت، بىزگە ئۆچمەنلىك قىلىدىغان بىرسىنىڭ قىلغان ئىشى بۇ، ئەگەر ئۇ ئادەم ئاشكارىلانسا، جېدەل تۈگىمەيدۇ. بالا - قازا مۇشۇ ماشىنا بىلەنلا تۈگىسۇن، شۇ ۋاقىتتا قارشى تەرەپ بىزنىڭ كەڭ قورساقلىق قىلغىنىمىزنى بىلىدۇ.
— بولىدۇ، — دېدى رەپقەت، ئۇ ساۋۇتنى چاقىرىپ كېلىپ، ئەمدى بولدى قىلايلى، ئاداش، تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ خۇلاسە چىقار، — دېدى.
ساۋۇت سەھنىگە چىقىپ سۆزلىدى، لېكىن ئۇنىڭ روھىي ھالىتى توي باشلانغان چاغدىكىدەك جۇشقۇن ئەمەس ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئون ئۈچىنچى باب

# ياخشى كۆڭۈلگە رەھمەت

ئوسمان، ساۋۇت قاتارلىق ئاغىنىلىرىنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشى بىلەن، رەپقەتنىڭ تويىدىن كېيىنكى ئىشلىرىمۇ ئاساسەن تۈگەپ قالدى. رەپقەت رەنانىڭ مەسلىھەتى بويىچە، كۆيۈپ كەتكەن ماشىنىنىڭ دېلوسىنى سۈرۈشتە قىلىپ ساقچىخانىغىمۇ تېلېفون بەرمىدى، رەنانىڭ ئاشۇ گەپلىرى ئۇنى قايىل قىلغانىدى، ئۇمۇ بالا ـ قازا مۇشۇ ماشىنا بىلەن تۈگىسۇن دەيتتى. رەپقەت رەنا بىلەن بىرلىكتە تويدا ياردەم قىلغان ئاغىنىلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۇلارنى ياخشى مېھمان قىلىپ رازى قىلىۋالدى، ئاندىن بازاردىكى ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ خاتىرجەم بولدى.

— مەن بەك ھېرىپ كەتتىم، رەپقەت، بىز بىر يەرگە بېرىپ دەم ئېلىپ كەلسەك بولاتتى، — دېدى رەنا رەپقەتكە.

— مەنمۇ ھەممە ئىشلىرىمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدۇم، رەنا، بارايلى، بوستان كۆلگە بارايلى، ئۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى بەك ياخشى، ئادەم ئاز، ساياھەتچىلەر ئۇ يەرنى يىراق دەپ بارمايدۇ!

— ئەمىسە ئەتە يولغا چىقمىزما؟

— بولىدۇ، چۈشتە يولۋاسنىڭ شىركىتىدىن تېلېفون كەپتۇ، ئۇلار ئىچكىرىدىن سىزنىڭ ماشىنىڭىزنى ئەكېلىپ بوپتۇ!

— ياخشى، شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، دەم ئېلىشتىن قايتىپ

كەلگەندىن كېيىن ئەكېلەيلى.

— بۇ قېتىم قارا رەڭدىن ئالمىدىغان گەپتى، رەنا...

— مەن قىزىل رەڭگە ئامراق، رەپقەت!

— قىزىل رەڭمۇ بولىدۇ ئەمدى، بۇرۇن بىر مىنگەندىن كېيىن دەيمىنا!

— مەيلى رەپقەت، مەن قىزىل رەڭدىكى خاتىرەمنى ساقلاپ قالاي! توي قىلغاندىن كېيىن مەن نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى ئويلىدىم، ئويلىسام توي قىلغۇچە نۇرغۇنلىغان ياخشى كۈنلەر ماڭا ھەمراھ بوپتۇ، توي قىلغاندىن كېيىنمۇ ھەربىر كۈنىمىز مۇشۇنداق ياخشى ئۆتۈۋاتىدۇ، لېكىن مەن مۇشۇ كۈنلەرگە بىرەر قېتىممۇ رەھمەت ئېيتماپتىمەن. ئەمدى ئىككىمىز ئاشۇ بوستان كۆلى دېگەن يەرگە بېرىپ ياخشى بىر دەم ئېلىپ، ئاشۇ كۈنلەرگە رەھمەت ئېيتايلى، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولۇشىنى تىلەيلى.

— ياخشى، بەك ياخشى گەپ قىلدىڭىز، رەنا! — دېدى رەپقەت، — ئەمىسە ياخشى بىر دەم ئېلىپ كېلەيلى!

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار ماشىنا بىلەن يولغا چىقتى، ماشىنىنى رەپقەت ھەيدىدى، رەنا ئۇنىڭ قېشىدا گۈلدەك ئېچىلىپ ئولتۇراتتى. يولدا ئۇلارنى كۆرگەنلەر كۈلۈشۈپ ئۇلار بىلەن سالاملىشاتتى، يەنە بەزىلىرى ئۇلارغا قاراپ ئالىيىپ قوياتتى، ئىچىدە: «ماۋۇ قېرى ماۋۇ زامانىمىزنىڭ سەتىڭنى يېنىغا ئېلىپ بىر يەرگە مېڭىپتۇ ـ دە!» دەيتتى. ئۇلار شەھەردىن چىقىپ شىمال تەرەپكە قاراپ ماڭدى، يول ناھايىتى ياخشى ئىدى، بىراق يول بويى ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى، بەزى يەرلەر قاقاسلىق بولسا، يەنە بەزى يەرلەر ئوتلاق بولۇپ، بىرەر يېرىم مالنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. ماشىنا تۆت سائەت يول ماڭغاندىن كېيىن، ئۇلار بىر كىچىك بازارغا كېلىپ توختىدى. رەنا رەپقەتنى باشلاپ بىر ئاشخانىغا كىردى، ئاشخانىنىڭ شارائىتى بەك ناچار ئىدى، چاينى مېھمانلار ئۆزلىرى قۇيۇپ ئىچەتتى،

رەپقەت ئىككى سىركايە تېپىپ كېلىپ، رەناغا چاي قۇيۇپ بەردى، ئاندىن تاماق ئېتىۋاتقان ئۆيگە كىرىپ تاماق بۇيرۇتتى.

— بىزگە ئىككى چىنە لەڭمەن ئېتىپ بەرسىڭىز! — دېدى رەپقەت ئۇنى كۆرۈپ بېشىنى چىقىرىپ تۇرغان بىر ئايالغا.

بۇ ئايال ئۇنىڭغا بەك قوپال كۆرۈندى، ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى موزىيىنى يېتتۇرۇپ قويغان كالىنىڭ كۆزلىرىدەك قايغۇ - ھەسرەتكە تولغانىدى!

— بولىدۇ، ئولتۇرۇڭ!

رەپقەت رەنانىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، رەنا:

— ئۇنىڭغا مۇشۇ ئاشخانىدىن باشقا ئاشخانا يوقمىكەن؟ — دېدى. رەپقەت:

— يوق، بۇ يەرنى مەن بەك ياخشى بىلىمەن، مۇشۇ بىرلا ئاشخانا بار بۇ يەردە، — دېدى.

بىردەمدىن كېيىن ھېلىقى قوپال خوتۇن يوغان قوللىرى بىلەن ئىككى چىنە لەڭمەننى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، رەپقەتكە ماۋۇ قولۇمدىكى تاماقنى ئالامسىز غوجام دېگەن مەنىدە كۆزىگە قارىدى. رەپقەت دەرھال ئۇنىڭ قولىدىكى چىنىنى ئالدى، لەڭمەن سېپىي بىلەن چىنىگە پاتماي قالغان ئىدى، تاماقنىڭ ئۈستىدىكى سەيلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ يېيىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. رەنا رەپقەتكە قارىدى، رەپقەت ئايال غوجايىنغا قاراپ:

— بىزنىڭ تامىقىمىزنى چوڭراق بىر تەخسىگە سېلىپ بەرسەڭلار بوپتىكەن، — دېدى.

— بايام ئۆزىڭىز ئىككى چىنىدە لەڭمەن دېدىڭىزغۇ! — دېدى غوجايىن.

— مەن ئەسلى ئىككى كىشىلىك تاماق دېمەكچىدىم، ئاغزىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ، — دېدى رەپقەت.

ئايال غوجايىن ئۇلارغا ئىككى تەخسە ئاچىقىپ بەردى، ئۇلار تامىقىنى تەخسىگە تۆكۈۋالدى.

— شەھەر تەرەپتىن كەلدىڭلارغۇ دەيمەن؟ — دېدى ئايال غوجايىن.

— ھەئە ، — دېدى رەپقەت.

— شۇ ... شەھەرلىكلەرنىڭ جېدىلى تولا، ھېلى ئېشى تىوم بولۇپ قاپتۇ دەۋاتقان، ھېلى مەنتاڭ ئىچىمىز دەۋاتقان... بۇياق دوستىڭىزمۇ ياكى ئايالىڭىزمۇ ! — دېدى غوجايىن ئايال رەناغا بىر قارىۋېتىپ.

رەنا كۈلۈپ كەتتى.

— ئۆزىڭىز دەپ بېقىڭا ! — دېدى رەپقەت كۈلۈپ.

— دوستىڭىز دەك قىلمايدۇ، ئايالىڭىز ئوخشايدۇ.

— تاپتىڭىز، ئايالىم !

— شۇ، شەھەردە خېلى ئىشلار بولاۋاتىدىغۇ ھازىر ! مانا، تەلىيىڭىز بار ئادەم ئىكەنسىز، ئاسماندىن چۈشكەندەك بىر چىرايلىق قىزغۇ بۇ، مەڭزىدىكى قىزىل چېچەك جەننەتتە ئېچىلىدىغان كىچىك گۈلنىڭ ئۆزى شۇ. پېشانىسىگە قاراڭ، پۈتۈن ئامەت ئاشۇ پېشانىگە يىغىلغانىكەن ئەمەسمۇ ! راست تەلىيىڭىز بار ئىكەن، خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا مېنىڭ مېتىر يەرنىڭ تېگىدىكى ئىشنى بىلىدىغان قىز ئىكەن بۇ !

رەنا كۈلۈپ كەتتى.

رەپقەت تامىقىنى يېگەچ ئايال غوجايىنغا يەنە بىر قارىدى، ئۇنىڭ قۇلاقلىرى ئەرلەرنىڭ قۇلاقلىرىدەك يوغان ئىدى، بۇرنىمۇ بەك قوپال ئىدى، بۇرۇن ئۇ بۇ ئاشخانىدا بۇ ئايالنى كۆرمىگەنىدى.

— مەن مۇشۇ يەردىن يىلدا بىر ئۆتىمەن، مەن سىزنى كۆرمەپتىمەنكەنغۇ ! — دېدى رەپقەت.

— مەن بۇ ئاشخانىنى ئاچقىلى تېخى تۆت ئاي بولدى، شۇڭا مېنى تونۇمايسىز، — دېدى ئايال غوجايىن.

— سىز بايام ئايالىمغا باھا بەردىڭىز، مەن ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان بىر گەپلەرنى دېدىڭىز، سىزنىڭ مۇنداق بىر پال

ئىشلىرىدىنمۇ خەۋىرىڭىز بارمۇ، قانداق؟ — دېدى رەپقەت.

— سىزگە نېمىدەپ چۈشەندۈرسەم بولا ئەمدى، مۇنداقلا دەي، قالغان ئىشلارنى ئۆزىڭىز بىلىۋېلىڭ، مېنىڭ مومام داڭلىق پالچى ئىدى، — دېدى ئايال غوجايىن.

— ھە، مۇنداق گەپ ئىكەن ـ دە، چۈشەندىم، ۋاقىت بولغان بولسا سىز بىلەن بىرەر يېرىم كۈن پاراڭلىشىدىغان گەپ ئىكەن، — دېدى رەپقەت.

رەنا تامىقىنى يەپ بولۇپ غوجايىنغا قارىدى:

— يولدىشىمغا بىر پال ئېچىپ باققان بولسىڭىز، — دېدى رەنا كۈلۈپ.

— ياق، مەن يولدىشىڭىزغا پال ئاچماي، دەيدىغان گەپنى بايام سىزگە دەپ بولدۇم. مەندە بىر دەستۇر بار، بىر بېتىدە بىرلا ئېغىز گەپ بار، مەن شۇ دەستۇرنى يولدىشىڭىزغا ئاچقۇزۇپ تەلىيىنى سىناپ باقاي، — دېدى غوجايىن.

— مەيلى ئەمىسە، سىز دېگەندەك بولسۇن، — دېدى رەنا.

غوجايىن تاماق ئېتىدىغان ئۆيگە كىرىپ كەتتى، ئارقىدىن بىر ئەرنىڭ نارازى بولغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— يەنە ساراڭلىقىڭ تۇتتىمۇ سېنىڭ، مەن بۇ ئىشنى قاتلاپ قوي دېدىمغۇ! بۇ نەرسەڭنى يەنە ئاشخانىغا ئەكىرىۋاپسەنغۇ؟

— ئاستىراق ۋارقىراڭ، خۇدايىم بەرگەن ئېرىم، بۇ ئىشنى قانداق قاتلاپ قويغىلى بولىدۇ؟! — دېدى غوجايىن. ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ رەنانىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

— ئېرىم ئۇستا ئاشپەز، مېنىڭ مۇشۇنداق ئىشلىرىم بىلەن تازا خۇشى يوق، مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈم تېگمۋالغان، مېنىڭدىن ئون بەش ياش كىچىك، ئۆزۈم بېقىپ چوڭ قىلغانىدىم ئۇنى، ئۇ ۋاقىتىدا قوچىقىمدا ئۇخلاپ قالاتتى، مانا ئەمدى ماڭا ۋارقىرايدىغان بولدى، — دېدى غوجايىن.

رەنا بىلەن رەپقەت كۈلۈپ كەتتى.

غوجايىن كىتابنى ئىككى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ كۆزلىرىنى

يۇمۇپ، ئىچىدە بىر نېمىلەرنى ئوقۇدى، ئاندىن رەپقەتكە قاراپ:
— مانا بۇ كىتابنىڭ ئۆزىڭىز خالىغان بىر يېرىنى ئېچىڭ، — دېدى.
رەپقەت ئىككى قولى بىلەن كىتابنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىنى ئاچتى، غوجايىن كىتابقا بىر قارىۋېتىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ رەپقەتكە قارىدى:
— سىزنىڭمۇ تەلىيىڭىز بار ئىكەن مېهمان، سىزگە «تويغان يەرگە تۇققۇز تەزىم» دېگەن سۆز چىقىپتۇ! — دېدى ئايال غوجايىن.
رەنا بىلەن رەپقەت خۇشال بولۇپ كەتتى.
— سىزنىڭ تەلىيىڭىز بار ئىكەن، — دېدى غوجايىن رەپقەتكە قاراپ، — مەن مۇشۇ كەمگىچە سانسىز ئادەملەرگە بۇ كىتابنى ئاچقۇزغان، لېكىن بىرسىگىمۇ مۇشۇ سۆز چىقمىغان! بۇ بەك ياخشى سۆز. ئويلاپ بېقىڭ، ئادەمنىڭ قورسىقى تويمىقى تەس، قورسىقى تويسا كۆڭلى تويمايدۇ، بىر ئۆمۈر ئاۋارىچىلىكتە ئۆتىدۇ، مۇشۇنداق قالايمىقانچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بىز ياردەمگە ئىگە بولغان يەرگە ۋە ئادەملەرگە تەزىم قىلىمىز، مانا بۇ ئەڭ مۇھىم ئەقىدە. ئەگەر يول تاپقان، خاتىرجەم بولغان بىر ئادەم رەھمەت ئېيتىشنى بىلمىسە، چىقىش يولى تاپالمايدۇ...
— سىز بۇ كىتابنى نەدىن تاپقانتىڭىز، ھەدە؟ — دېدى رەنا ئۇنىڭ بۇ كىتابىغا قىزىقىپ.
— مومامدىن قالغان، مومامغا مومىسىدىن قالغانىكەن، مومىسىغا مومىسىدىن قالغانىكەن...
— شۇنداقمۇ؟... — دېدى رەنا.
— بولدى قىل، ئەي خوتۇن، ماۋۇ ئاشخانا رەمخانىغا ئايلىنىپ قالىدىغان بولدى! — دەپ ۋارقىرىدى تاماق ئېتىدىغان ئۆيدىكى ئېرى.
رەنا بىلەن رەپقەت تامىقىنى يەپ بولغانىدى، ئۇلار ئورنىدىن تۇردى. رەپقەت ئايال غوجايىنغا يۈز سوم پۇل بەردى:

— بولدى، قايتۇرماڭ، بايامقى ياخشى تىلەكلىرىڭىزنىڭ ھۆرمىتى بولۇپ قالسۇن! — دېدى.

— رەھمەت، — دېدى ئايال غوجايىن.

رەنا يېنىدىن يۈز سوم پۇل چىقىرىپ ئايال غوجايىنغا بەردى.

— بايام مېنى بەك ماختىۋەتتىڭىز، ھەدە، بۇ پۇلنى يېنىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ، — دېدى رەنا.

— رەھمەت، ئەسلىدە پۇل ئالمىسام بولاتتى، ئەمدى شۇ كىچىكىمدىن مۇشۇ ئىشنى ئۆگىنىپتىمەنكەن، — دېدى غوجايىن.

رەپقەت ۋە رەنا غوجايىن بىلەن خوشلىشىپ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئاشخانىنىڭ ئىچىدىكى تام تەرەپتە ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقان بىر ئادەم رەناغا قارىدى:

— مۇشۇ تۆت ئايدىن بېرى بۇ ئاشخانىغا نەچچە مىڭ قېتىم كىرگەندىمىز، ئۇ كىتابىڭىزنى بىر قېتىممۇ ئاچقۇزمىدىڭىزغۇ بىزگە! — دېدى ئۇ.

— بۇ كىتابنىڭ ئىچىدە بىر تەخسە لەغمەننى بىر كۈن ئولتۇرۇپ يەيدىغان ئادەمگە توغرا كېلىدىغان گەپ يوق، ھېلىقىدەك يولى بار، جېنى بار ئادەملەرگە چىقارغان كىتاب بۇ! — دېدى ئايال غوجايىن.

— ئەمىسە پۇل تاپقاندا كەلسەك بولىدىكەن - دە! — دېدى ئۇ ئادەم.

— پۇل تاپقاندا سىلەر بۇ يەرگە كەلمەيسىلەر، بېشىڭلارغا كۈن چۈشكەندە مېنى ئىزدەيسىلەر! — دېدى ئايال غوجايىن. ئۇ رەنا بىلەن رەپقەت ئولتۇرغان ئورۇندىكى تەخسىلەرنى يىغىپ تاماق ئېتىدىغان ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— سەن گەپ ئاڭلىمايۋاتىسەن - ھە؟ مەن ساڭا ئاشخانىدا بۇنداق ئىشنى قىلما دېدىمغۇ! — دېدى ئۇنىڭ ئېرى.

— يامان ئىش قىلمىدىم، پۇل تاپتىم، سىز بىر كۈندە ئاران

ئىككى يۈز سوم تاپسىز، مەن بەش مىنۇتتا ئىككى يۈز سوم تاپتىم، يامانما؟

— ئاشخانىدا ئۇنداق ئىش قىلساڭ بولمايدۇ دېدىمغۇ مەن!

— بولمىسا بولدۇرۇپ قىلىمەن! — دېدى ئايال غوجايىن.

— توۋا، ماۋۇنىڭ دەۋاتقان گېپىنى! — دېدى ئۇنىڭ ئېرى.

رەپقەت بىلەن رەنا يول ئۇستىدىكى ھاجەتخانىغا كىرىپ چىقىپ، ماشىنىنىڭ ئالدىغا كەلدى. رەپقەت رەناغا: «ماشىنىنى ئەمدى سىز ھەيدەڭ!» دېدى. رەنا ماشىنىغا چىقىپ ماشىنىنى قوزغىدى، ئۇلار تاغ تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

— ئاللا دېدىم، نېمىدېگەن يامان قىز بۇ، ماشىنا ھەيدەيدىكىنە! — دېدى يول ئۇستىدە تۇخۇم سېتىۋاتقان موماي.

ماشىنا تاغ يولىغا ياماشتى، ئۇلارنى گۈزەل مەنزىرىلەر قارشى ئېلىشقا باشلىدى.

— ھېلىقى ئايال دەيمەن، رەنا، قىش كۈنى شەھەرنىڭ توپا تاملىق ئۆيىگە ئەكىرىۋېلىپ، قازانغا شورپا سېلىپ قويۇپ تاڭ ئاتقۇچە گەپكە سالىدىغان خوتۇن ئىكەن-دە!

— جىق ئىش بىلىدىغان ئايال ئىكەن ئۇ، ئەگەر شەھەرگە كىرىپ مۇشۇ ئىشنى قىلسىمۇ تېز پۇل تېپىپ كېتىدۇ.

— شۇنداق، ئادەملەر يەنە ھامان پالغا قىزىقىدۇ، شۇڭا بىز پالغا ئىشەنمە، پالسىزمۇ يۈرمە دەيمىز ئەمەسمۇ!

ئۇلار شەھەردىن چىقىپ سەككىز سائەتتىن كېيىن، بوستان كۆلى ساياھەت ئورنىغا يېتىپ كەلدى. كۈتكۈچى قىزلار ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

— قانچە كۈن تۇرىسىلەر، ئاكا؟ — دېدى بىر كۈتكۈچى قىز رەپقەتنىڭ قېشىغا كېلىپ.

— ئۇنى بىلمەيمىز، سىڭلىم، ئالدى بىلەن بىزنى ئەڭ ياخشى ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇڭلار، كۆلنىڭ پۈتۈن مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولىدىغان ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇڭلار!

— بولىدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ، ئاكا! — دېدى كۈتكۈچى قىز.

ئۇ رەپقەت بىلەن رەنانى باشلاپ تىزىملاش ئۆيىگە ئەكەلدى. ئۇلار رەسمىيەتلەرنى تۈگىتىپ، كۈنگەيگە سېلىنغان بىر كىچىك داچىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى، ئۆينىڭ شارائىتى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئازادە زالنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھاجەتخانىدىن باشقا تۆت ئېغىز ئۆي بار ئىدى، ئۆيلەر بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق، يېقىملىق قىلىپ بېزەلگەنىدى. يەردىكى قېلىن گىلەملەرنىڭ گۈللىرى رەنانىڭ قەلبىدىكى گۈللەر بىلەن كۆرۈشۈپ باغاش ئەتتى. ئۇلار باش ـ كۆزلىرىنى يۇيۇشۇپ، ئۇھ دەپ ئارام ئالغاندىن كېيىن، رەپقەت كۆرسىتىلگەن تېلېفون نومۇرى بويىچە باش مۇلازىمەت ئورنىغا تېلېفون بېرىپ تاماق بۇيرۇتتى. ئۇزاققا قالماي بەكمۇ قىسقا يوپكا كىيگەن ئىككى مۇلازىم قىز تائاملارنى كۆتۈرۈپ كىردى، ئۇلار تاماق يەيدىغان ئۆيگە كىرىپ ئېگىشىپ تائاملارنى ئۇستەلگە قويغاندا، ئاپپاق يانپاشلىرىنىڭ خېلى بىر يەرلىرى كۆرۈنۈپ تۇردى، رەپقەت كۆزىنى ئىتتىك قاچۇرۇپ تامدىكى كۆرۈنۈشلەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى، رەنا ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى سېزىپ تۇردى.

«مۇشۇنداق قىزلارغا ئۆگىنىپ قالغان رەپقەت بۇ!» دېدى ئۇ ئىچىدە.

تاماق ناھايىتى ئوخشىغان ئىدى، تاماقتىن كېيىن ئۇلار چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. رەنا توي توغرىسىدا ئاڭلىغان گەپ ـ سۆزلەرنى رەپقەتكە سۆزلەپ بەردى، ئۇ پالانى دوستۇم مۇنداق دېدى، پۇستانى ساۋاقدىشىم مۇنداق دېدى، دەپ رەپقەتنى ئۆزىگە قىزىقتۇرۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆكسى يەنە شۇنداق ئويناپ تۇراتتى، جۇپلىشىپ تۇرغان ئىككى ئالمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن ئىسسىق سىزىقچە ئادەمنىڭ ئېسىنى يوقاتقۇدەك دەرىجىدە سىرلىق ئىدى، يۈزىدىكى قىزىل چېچەك رەپقەتنىڭ ئەرلىك ھېسسىياتىنى غىدىقلاپ تۇراتتى.

رەپقەت رەنانىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئۇنى تالاغا ئاچىقتى، تاغنىڭ سالقىن شامالللىرى ئۇلارنىڭ قەلبىگە راھەت

بىرنۋاتاتتى، رەپقەت رەنانى كۆلنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ، ئۇنى قۇچاقلىدى، ئاندىن مۇشۇ كۇنلەردە پەيدا قىلىنۋالغان ۋە ئۆگىنىۋالغان ئادىتى بويىچە ئۇنىڭ ئاشۇ چىرايلىق چىچىكىگە سۆيدى، ئۇ ئۇزاققىچە مۇشۇنداق سۆيۈپ تۇردى، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ئۇلارنىڭ قىلىقىنى كۆرۈپ، بىر - بىرىگە پىچىرلاشتى:

— ماۋۇ ئىككىسىنى قاراڭلار، چىرايلىق، يورۇق ئۆيلەر تۇرسا قاراڭغۇغا چىقىپ قىلىۋاتقان ئىشىنى، — دېدى بىر يۇلتۇز.

— قاراڭغۇغا تويمىغان نەرسىلەر - دە ! — دېدى يەنە بىر يۇلتۇز.

شامال سۇنىڭ پۇرىقىنى ئۇچۇرتۇپ ئەكەلدى، رەپقەت رەنانى قويۇۋېتىپ، ئاستا ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى. ئۇلار كۆلنى بويلاپ يۇقىرى تەرەپكە قاراپ ماڭدى، يول ئۇستىدىكى يۆلەنچۇكلۈك ئۇزۇن ئورۇندۇقتا بىر جۈپ قىز - ئوغۇل مۇھەببەتلىشىپ ئولتۇراتتى. يىگىت قىزنى قۇچىقىغا ئېلىۋالغانىدى، ئۇلار دۇنيانى ئۇنتۇغان هالدا بىر - بىرىنى سۆيۈشۈپ ئولتۇراتتى. رەنا ئۇلارنى كۆرۈپ توختىدى: «داچىغا كىرىپ كېتەيلى، رەپقەت، باشقىلارغا دەخلى قىلىپ قويىدىغان ئوخشايمىز» دېدى، رەپقەت ئۇنى يېتىلەپ داچا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئېتىنى بىلگىلى بولمايدىغان پەسىل قۇشلىرى جۈپتىنى ئىزدەپ سايراۋاتاتتى، تاغنىڭ سالقىن هاۋاسى ئۆينىڭ هەممە يېرىگە سالام بېرىپ بولغانىدى. رەنا بىلەن رەپقەت ئۆيگە كىرىپ كەڭ يوغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈشكە باشلىدى، يەردىكى گىلەمنىڭ ئىچىدىكى گۈللەر ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇچۇشقا باشلىدى، ئۇلار ئۇچۇپ كېلىپ رەنانىڭ قۇچىقىغا چۈشتى، ئاندىن رەنانىڭ يۈزىدىكى چېچەك بىلەن كۆرۈشۈپ، رەناغا يەنە بىر ماكانىنىڭ سالاملىرىنى يەتكۈزدى.

رەپقەت كارىۋاتقا ئالدىراپ قالدى، بايا ئۇ تاماقنى ئوبدان يەپ

قورسىقىنى تويدۇرۇۋېلىپ ئامبىرىكىدا ئىشلەنگەن قۇۋۋەت دورىسىدىن بىرنى يەۋالغانىدى. مانا ھازىر ئۇ ئولتۇرالماي قالدى، ئۇنىڭ ئەزايى بەدىنى قىزىپ ئوتقا ئايلانغانىدى. ئۇ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ رەنانى چاقىردى، رەنا ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، رەنانىڭ بەدىنىدىكى ئالىي دەرىجىلىك ئەتىرنىڭ پۇرىقى رەپقەتنىڭ يالقۇنجاۋاتقان ھېسسىياتى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى كۆپتۈرۈۋاتاتتى. رەنانىڭ ئاپپاق كۆكسى رەپقەتنى مەست قىلىۋەتتى، ئۇنىڭ ئىككى قولى ئون قولغا ئايلاندى، بىر قولى توكىنى ئۆچۈردى، يەنە بىر قولى بېرىپ ئىشىكنى ياپتى، قالغان قوللىرى رەنانىڭ بېشىنى قورسىقىغا ، قورسىقىنى پۇتلىرىغا، پۇتلىرىنى قوللىرىغا، قورسىقىنى دۈمبىسىگە قىلىپ قويدى، رەپقەت رەنانى باشلاپ ئۆزۈن سەپەرگە ئاتلاندى. پۇتلار جەننەتنىڭ رىۋايەتلىرىدەك داچىنى يۇكسەك بىر مۇڭ ماكانىغا ئايلاندۇردى. ئاندىن ئۆينىڭ ئىچى شۇ قەدەر تىنچلىنىپ كەتتى، پۈتۈن دۇنيادىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلارنىڭ ھەممىسى تۆكۈلگەنىدى، ئاندىن دەھشەت خورەكنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، خورەك داچىنىڭ ئۈستىدە ئۇۋۇا سېلىپ ياشاۋاتقان قۇشلارنى ئويغىتىۋەتتى، ئۇلار زامان ئاخىر بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئۇچۇرما بولغان باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇچۇپ كەتتى.

سەھەر، تاڭ شەپىقى رەنانى دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ چاقىردى، ئۇلارنى ماراپ ئويناۋاتقان پەسىل قۇشلىرى ئويغىتىۋەتتى. رەنا ئەت رەڭ رۇباشكىسى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنىڭ پەردىسىنى ئاچتى، بۇ يەردە تاغنىڭ ھەممە مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولاتتى، سەھەردىكى كۆل ئون سەككىز ياشلىق قىزلارنىڭ كۆزىدەك روشەن، يېقىملىق ھەم پاك ئىدى، ئەتراپتىكى تاغلارنىڭ باغرىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قارىغايلار كۆلگە سالام بېرەتتى، رەنا دېرىزىنى ئاچتى، ساپ ھاۋا ھە دېگەندە رەنانىڭ بەدىنى بىلەن كۆرۈشتى، يېڭى بىر كۈن

باشلىنىپ كەتكەندى.

رەنا ئورنىدىن تۇرۇپ بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، رەپقەت ئاران كۆزىنى ئاچتى، ئاخشام ئۇ بەكمۇ يىراق بىر باغقا بېرىپ كەلگەنىدى، دەسلەپتە ئۇ باغچىنىڭ ھەممە يېرى ئۇنى جەلپ قىلدى، ھاياجانغا سالدى، ئۇنى بىرنەچچە قېتىم يۇقىرى پەللىگىچە سەيلە قىلدۇردى.

رەپقەت كىيىملىرىنى كىيىپ، رەنانىڭ قولىنى تۇتتى. ئۇ: «يۇرۇڭ، رەنا، كۆلنى بىر ئايلىنىپ كېلىپ، ئاندىن ناشتا قىلايلى» دېدى. رەنا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تالاغا چىقتى.

ئاشخانىنىڭ مورىسىدىن ئىس چىقىۋاتاتتى، خۇشياققان ئىس كۆلنىڭ ئۈستىدىن كەتكۈسى كەلمەي ئاشخانا ئەتراپىدا تولغىنىپ يۈرەتتى، كۆل ئاستا ـ ئاستا كۆزىنى ئاچتى، كۆل بويىدىكى ئاقتېرەكلەرنىڭ سايىسى كۆلدە بېلىقلار بىلەن ئويناۋاتتى، رەنا بىلەن رەپقەت كۆل بويىدا پەيدا بولغاندا، كۆلدىكى بىلەكتەك بېلىقلار ئۇلارنىڭ سايىسىنى كۆلگە تارتىپ چۆشۈرۈپ، ئۇلار بىلەن كۆل ئاستى دۇنياسىنى ساياھەت قىلدى.

رەنا قولىنى رەپقەتنىڭ قولىدىن ئاجرىتىۋالدى، ئۇ شۇ ئان كېپىنەككە ئايلاندى، بىردەم رەپقەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئوينىسا، بىردەم ئۇنىڭ كەينىدە قانات قېقىپ كۆلگە قارايتتى، ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرىدىغان پاك سۇ ئۇنىڭ جامالىنى ئۆزىگە چۈشۈرۈۋېلىپ، كۆلنىڭ ئەڭ تېگىدە ياشايدىغان ئالىي دەرىجىلىك بېلىقلارنىڭ غوجىسىغا تارقىتىپ بېرەتتى. رەپقەت رەنانىڭ قېشىدا بىر دەم كۆل بويىدىكى گۈللەرگە، يالپۇزلارغا، يەنە بىردەم تاغ باغرىدىكى كىچىك گۈللەرگە سالام بېرەتتى، ساپ ھاۋا ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ پۇتلىرىدىن چىقىپ كېتەتتى، نەتىجىدە رەنانىڭ كەيپىياتى ئىچىدە رەپقەتمۇ يېنىكلەپ كېتەتتى. ئۇ تېز ـ تېز مېڭىپ رەناغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئاخشامقى ھەربىر قىلىقلىرىنى ئەسلەيتتى ۋە ھۇزۇرلىناتتى، ئاندىن ئىچىدە: «توۋا، ئەر ئايالغا، ئايال ئەرگە تويمايدىغان

جاھانكىنە بۇ؟» دەيتتى.

ئۇلار داچىغا كىرىپ باش ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى، كۇتكۇچى قىزلار ئەتىگەنلىك چاي ئەكىرىپ بولغاندى، دېرىزىدىن چۇشكەن قۇياش نۇرى سىركايىدىكى چايلار بىلەن كۆرۈشتى، ئۇلارغا بولۇتلارنىڭ سالاملىرىنى يەتكۈزۈشتى.

— بۇ بەك ياخشى يەر ئىكەن، رەپقەت، بۇ يەرگە پات ـ پات چىقىپ تۇرساق بولىدىكەن، بۇ تاغ باغرىدىكى بىر كۆل ئىكەن، بولمىسا قانداقمۇ بوستان كۆلى دەپ ئاتىلىپ قالغان بولغىيدى، — دېدى رەنا.

— بۇرۇن بوستانلىق بولسا كېرەك، بۇنداق ئىشلارنى بىلىپ بولغىلى بولمايدىكەن، بىز تۇنۇگۇن چۇشتە لەڭمەن يېگەن يەرنى ئەسلىدە بۇرۇن چوكانلار بازىرى دەيدىكەن، نېمىشقا شۇنداق ئاتىلىپ قالغان، ھېچكىم بىرنەرسە دەپ بېرەلمەيدىكەن، بۇنداق ئىشلارنى بىلىپ بولغىلى بولمايدىكەنغۇ ! — دېدى رەپقەت.

— ئاشۇ ئاشخانىدىكى پالچى خوتۇننى دەيمەن، رەپقەت، ئەسلىدە مۇشۇ يەرگە ئەكىلىپ گېپىنى ئاڭلايدىغان خوتۇن ئىكەن.

— بىر ئەر ئىككى خوتۇننى باشلاپ ئەكەلسە بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆزىگە سىغمايدۇ !

— بىرسىنى خىزمەتچىمىز دېمەمتىڭىز؟

رەپقەت كۇلۇپ كەتتى.

ناشتىدىن كېيىن رەپقەت كارىۋاتقا كېلىپ يېتىۋالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ بىردەمدىلا ئۇخلاپ قالدى، ئاندىن رەنامۇ كەڭ كارىۋاتنىڭ بىر چېتىگە كېلىپ ياتتى، ئاندىن داچىنى يەنە خورەك بېسىۋالدى، داچىنىڭ ئەتراپىدىكى پەسىل قۇشلىرى كۆلنىڭ ئۇ چېتىگە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى، ئورمان ئىچىدە ئېتىنى بىلگىلى بولمايدىغان ھايۋانلار ھاۋشىۋاتاتتى.

رەنانىڭ خورىكى كۆلنى بېشىغا كىيدى، ئاندىن ئۇ خورەكلەر

ئاپپاق بىر گىلەمگە ئايلاندى، گىلەم ئۈستىدە رەپقەت بىلەن ئۆزى بار ئىدى، گىلەم توختىماي ئۇچۇپ ئۇلارنى بۇلبۇللار ماكانىغا ئاپاردى. پۈتۈن ۋادىدا بۇلبۇللار بەس ـ بەستە سايرايتتى، بۇلبۇللار ئۇلارنى قاناتلىرى بىلەن ياسىغان ئۇچار گىلەمگە سېلىپ، ئۇلارنى ھەممە ئورۇنغا ئاپىرىپ مېھمان قىلدى، ئۇلارغا ئەڭ ياخشى مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئېيتىپ بەردى. «بىز سىلەرنى ياخشى مېھمان قىلمىساق بولمايدۇ، چۈنكى سىلەر ئىنسانلار ئىچىدىن بىزنىڭ ماكانىمىزغا كەلگەن تۇنجى مېھمان» دېدى بۇلبۇللارنىڭ پادىشاھى.

ئۇلار چۈشتىن كېيىن ئويغىنىپ كۆزلىرىنى ئاچتى. رەپقەتنىڭ هاردۇقى چىققانىدى، چىرايى قايتىدىن روھلىنىپ كەتكەنىدى. رەنا تېخىمۇ تېتىكلىشىپ كەتكەنىدى، ئۇلار تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ باش ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ، تالاغا چىقتى.

— مۇبارەك بولسۇن، خورىكىڭلار كۆلدىكى ھەممە بېلىقلارنى ئۇۋۇلىرىغا قاچۇرۇۋەتتى، بولمىسا مەن كۈنگە بىرەر ـ ئىككى بېلىق تۇتۇپ يەيتتىم ، — دېدى بىر سېرىق مۇشۇك.

— كۆلدىن قانداق بېلىق تۇتىسەن، ساراڭ مۇشۇك؟ — دېدى رەپقەت مۇشۇكلەرگە قوپال تېگىپ.

— شۇنداق، مەن كۆلدىن بېلىق تۇتالمايمەن، ئاپتاپسىنىمىز دەپ تېنەپ كۆل بويىغا چىقىپ قالغان بېلىقلارنى تۇتۇۋالىمەن ئەمەسمۇ ! — دېدى سېرىق مۇشۇك.

— ئەمىسە بۈگۈن ئاچ قاپسىز ـ دە ! — دېدى رەنا سېرىق مۇشۇككە قاراپ.

— ئاچ قالدىم، سىز ئېرىڭىزنىڭ خورىكىگە قانداق چىدايدىغانسىز، ئازراق دورا قىلىڭ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال ئاچچىق ئۆرۈكنىڭ مېغىزىنى سوقۇپ، ئۇنىڭغا بۇينىڭ يىلتىزىنى چاناپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئوبدان قايناتىپ تەمىنى چىقىرىسىز، ئاندىن توشقانزەدىكىنى چاناپ ئارىلاشتۇرۇپ، راسا قايناتىپ تەمىنى چىقىرىپ، سوۋۇتۇپ ئىچۈرۈپ بەرسىڭىز ئۇن

كۆن ئىچىدىلا ئېرىڭىزنىڭ خورەك تارتىدىغان كېسىلى ساقىيىپ قالىدۇ! — دېدى سېرىق مۈشۈك.
رەپقەت كۈلۈپ كەتتى، ئۇ ئىچىدە قاسىمئاخۇن ئاشنىسى بىلەن جۈپلەشسە ئاسمئاخۇن سۆغا چۈشۈپتۇ دېگەن مۈشۈ - دە! — دېدى.
رەنامۇ كۈلۈپ كەتتى، ئۇ كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ رەپقەتكە قارىدى. رەپقەتمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدى.
«مۈشۈنداق جاھان بۇ، نۇرغۇنلىغان ئادەملەر يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ ياشايدۇ» دېدى رەنا ئىچىدە.
— ئەمىسە بىردەم تۇرۇپ كەل، مەن كەچلىك تاماقتا ساڭا گۆش بېرەي، — دېدى رەپقەت.
— گۆش يېسەم ئاشخانىنىڭ قېشىدا گۆش جىق، بىراق مەن ئادەملەر تۇتۇپ قويغان گۆشلەرنى يېمەيمەن، ئۆز ئالدىمغا تۇتقان نەرسىنى يەيمەن، — دېدى سېرىق مۈشۈك.
— ئەمىسە سەن ئۆي مۈشۈكى ئەمەس ئىكەنسەن - دە!
— شۇنداق، مەن تالا مۈشۈكى، — دېدى سېرىق مۈشۈك.
— ئەمىسە بىزدە ئامال يوق!
— ئەمىسە سەنمۇ ئاخشاملىقتا خورەك تارتما!
— ئۇخلاپ قالسام ئامال يوق.
— ئەمىسە ئۇخلىما، قېشىڭدا مۈشۈنداق پەرى تۇرسىمۇ ئۇخلاپ قالامسەن؟
«ئەگەر بۇگۈن ئۇخلاتمىسام تۆت كۈندىلا ماڭالماس قىلىپ قويىمەن بۇ ئاداشنى» دېدى رەنا ئىچىدە. سېرىق مۈشۈك قۇيرۇقىنى ئويىنىتىپ كۆل تەرەپكە قاراپ كەتتى. شامال ئۇ ئېلىپ كەلگەن پۇراقلارنىمۇ ئېلىپ كەتتى.
— مەن خورەك تارتسام سىزنى دەۋاتىدۇ رەپقەت، — دېدى رەنا كۈلۈپ.
— سىزنىڭ خورىكىڭىز ئىككىمىزگە ئورتاق، رەنا، مەن مۇشۇ خورەك مېنىڭ بولسۇن دەپ ئاز بەدەل تۆلىمىدىم، — دېدى

رەپقەت چاقچاق قىلىپ.

— شۇنداق، شۇڭا مەن سىزنىڭ ئارزۇيىڭىز ئۈچۈن ياشايمەن، رەپقەت.

— مەنمۇ سىزنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىڭىز ئۈچۈن ياشايمەن، رەنا.

ئۇلار كۆلنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. رەپقەت رەنانىڭ قولىنى تۇتتى، رەنانىڭ ئىسسىق قولى ئۇنىڭ ئالتىنچى كۆزىنى ئېچىۋەتتى.

— كەچلىك تاماقنى مۇشۇ يەردە يەيلى، قىزلار جوزىنى مۇشۇ يەرگە ئاچىقسۇن، سۇغا قاراپ تۇرۇپ تاماق يېسەك بەك پەيزى بولىدۇ! — دېدى رەپقەت رەناغا قاراپ.

— ماقۇل، — دېدى رەپقەت.

رەپقەت ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتقان قىزلارغا بۇياققا كېلىڭلار دەپ قول ئىشارىتى بەردى. قىزلار ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغاندا، رەپقەت رەناغا قاراپ:

— نېمە تاماق يەيمىز رەنا؟ — دېدى. رەنا:

— تۈنۈگۈنكى تونۇر كاۋىپى ياخشى ئىكەن، كاۋاپ يەيلى، قالغان نەرسىلەرنى ئۆزىڭىز بۇيرۇتۇڭ، — دېدى. رەپقەت قىزلارغا يەنە بىرنەچچە تۈرلۈك قورۇما بۇيرۇتتى، ئاندىن قىزلارنى يولغا سالدى.

— بەك ياخشى دەم ئېلىۋاتىمىز، رەپقەت، — دېدى رەنا.

— شۇنداق، بۇ يەر بەك تىنچ، قاراڭغۇ دۇنيادىنمۇ بەك تىنچ، — دېدى رەپقەت.

— قاراڭ، بۇ مەنزىرىنى، نېمىدېگەن گۈزەل، مەن بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقاندا چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ نۇرغۇن رومانلىرىنى ئوقۇغان، مۇشۇ مەنزىرىلەر نەق مەن ئاشۇ رومانلاردا ئوقۇغان مەنزىرىلەرگە ئوخشايدىكەن. بىز ياشاۋاتقان بۇ زېمىن ھەقىقەتەن بىر گۆھەر زېمىن، رەپقەت! سۇيى بار، ئوتى بار، مۇڭى بار، ئادەملىرى چىقىشقاق، بىر ـ بىرى بىلەن ئىناق ئۆتىدۇ، بارنى تەڭ كۆرىدۇ، بۇنداق ئادەملەر جاھاندا كەم ئۇچرايدۇ، رەپقەت.

مەسىلەن، ئالدىمىزدىكى مەنزىرىگە قاراڭ، مانا بۇ بىر ئۆمۈر ئادەمنىڭ چۈشىدىن چىقمايدىغان مەنزىرە، ئادەمنىڭ كۆزىنى باقىدىغان، جېنىنى باقىدىغان مەنزىرە. كۆلدىكى سۇغا قاراڭ، ئۇ سىز بىلەن مېنىڭ قورسىقىمدىكى ھەممە ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، قاراڭ چىرايلىق پارقىراۋاتقانلىقىنى، ئۇ مۇشۇ زېمىنىدىكى ھەقىقىي ئەڭگۈشتەر. ئەمدى سىز ئاياغ ئاستىمىزدىكى ئوتلار بىلەن ياۋا گۈللەرگە قاراڭ، ئوتلارنى سەتلىشىپ قالمىسۇن دەپ بەس ـ بەستە ئۈلارغا ئېچىلىپ بەرگەن گۈللەرگە قاراڭ، ئۇلارنىڭ ئوتلارغا پۇرسەت بېرىپ ئۇلاردىن پەس تۇرۇۋالغانلىقىغا قاراڭ، تەبىئەت نېمىدېگەن ئۇلۇغ، رەپقەت! ئۇ بىزگە بەكمۇ جىق نەرسىلەرنى ئۆگىتىدىكەن. ئەمدى ئالدىمىزدىكى ئورمانغا قاراڭ، ئاشۇ تىك تۇرغان ئورمانلاردا مۇشۇ ماكانىنىڭ ئادەملىرىنىڭ مىجەزى بار. شۇنچىلىك ئادىل، شۇنچىلىك مەردانە! نېمىدېگەن گۈزەل، خۇددى بىرسى ئاشۇ تاغلارغا سىزىپ قويغاندەك! مەن ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ ماكاندا ياشاپ قالغانلىقىمغا بەك خۇشال، رەپقەت، چەكسىز پەخىرلىنىمەن، شۇڭا مەكتەپ پۈتكۈزگەن ساۋاقداشلىرىم بېيجىڭدا قېلىپ شىركەتتە ئىشلەيلى دېگەندە مەن ئۇنىماي يۇرتۇمغا قايتىپ كەلگەن...

ــ ياخشى رەنا، بەك ياخشى گەپ قىلدىڭىز!

كاۋاپنىڭ پۇرىقى كەلدى، كۈتكۈچى قىزلار ئۈستەل بىلەن تائاملارنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى، ئۇلار كۆل ئالدىدا ئولتۇرۇپ ھوزۇرلىنىپ تاماق يېيىشكە باشلىدى.

تاماقتىن كېيىن ئۇلار پاراڭلىشىپ ئولتۇردى، ئۇلارنىڭ كەيپىياتى كۆلدىكى سۇدەك ئوچۇق، ئازادە ئىدى، رەنانىڭ كۆزلىرىدىن ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىدىكى خۇشاللىق بالقىپ تۇراتتى، رەپقەت ھېلى تېخى جاھاننىڭ ھەممە يېرىگە بېرىپ ساياھەت قىلىپ كەلگەن ئادەمدەك مەغرۇر ئولتۇراتتى. ئۇ ئىچىدە رەنا بىلەن توي قىلغانلىقىغا خۇشال ئىدى، بۇ ئەمەلىيەت

ئۇ دائىم ئېيتىدىغان پۇل بولسا شەيتاننىمۇ ئۇسسۇلغا سالغىلى بولىدۇ دېگەن قاراشنى ئىسپاتلىغانىدى. تويىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بەزى ئاغىنىلىرى رەپقەت توغرۇلۇق: «هە دەپ قويۇڭلار ئاغىنىلەر، ئۇ رەنا كىمم؟ بۇ كىم؟ ئۇ بىر ئايپەرى، ئالىي مەلۇماتلىق، تۆت ـ بەش خىل تىل بىلىدۇ، شەيتان بىلەنمۇ سۆزلىشەلەيدىكەن، پەرىنىمۇ ئۇسسۇلغا سالالايدىكەن، ئۇ بىزنىڭ قېرىپ ئىسسىقى قالمىغان رەپقەتكە تېگەرما؟» دەپ يۇرۇشكەنىدى. لېكىن، ئەمەلىيەت ئۇلارنى يەرگە قاراتتى، رەپقەت قىلىمەن دېگەن ئىشنى قىلالىغانىدى.

رەنا كۆلگە قاراپ ئولتۇراتتى، ئۇ تويدا بولغان ئىشلارنى ئويلاپ ئۆتتى، ئۇ ماشىنىنىڭ ئىشىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتكەنىدى، قالغان ئىشلار ئۆزى ئويلىغاندەك بولغانىدى. ئۇ قائىدە سۆزلەپ، چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ يۇرۇپ ئاپىسىنى قايىل قىلغانىدى، يىغلاپ گەپ قىلالماي قالغان ئاپىسىنى ئۆزىنىڭ يۇرەك سۆزىنى ئېيتقان بولۇپ قايىل قىلغانىدى. ئاپىسى: «رەپقەتنىڭ يېشى چوڭ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئادەم ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ، قىزىم، بۇ ئىش جامائەت ئىچىدە ياخشى تەسىر بەرمەيدۇ، سىز بىزنى خاتىرجەم قىلىڭ، ئۆزىڭىز بىلەن تەڭ باللارنى تېپىڭ» دېگەنىدى. رەنا: «ئاپا، ئەگەر مېنىڭ مۇشۇ تويۇمغا قوشۇلمىساڭ، مەن بىر ئۆمۈر توي قىلماي مۇشۇنداق يۇرىمەن» دېگەنىدى. ئاپىسى ئامال يوق قىزىنىڭ قارارىغا قوشۇلغانىدى، ئىچىدە: «هەي، بۇ قىز پۇلغا ئامراق بولۇپ قالدى، ئاشۇ ئادەمنىڭ پۇلىغا قىزىقىپ قالدى بولغاي» دەپ ھەسرەت چەككەنىدى.

كۆلدىكى سۇ رەنا بىلەن مۇڭدىشىۋاتاتتى، رەنا ئۆزىنىڭ بىرىنچى قېتىم سۇغا چۈشكەن كۈنىنى ھەم ھالىتىنى ئەسلەپ قالدى. بۇ خاتىرىلەرنىڭ باش پېرسوناژى ئەركىن ئىدى. ئەركىن «ناياقلار دەرياسى» دا ئەمەنلىك ئىچىدە ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچقانىدى، ئەمەنلەر تولغىنىپ قان يىغلىغانىدى، ھەممە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوتلاردىن ئېگىز ئۆسىدىغان ئەمەنلەر ئاسمانغا ئەرز بېرىش ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرگەنىدى. رەنا يىغلىمىغان بولسا، ئەمەنلەر ھەممە دەردىنى ئىچىدە بىلىپ جىم بولۇپ قالاتتى، ئەركىنىنىڭ قايناق ھېسسىياتى بىلەن يانجىلغان ئەمەنلەر ئۇلارنى تىنىقلىرىدىن تونۇيتتى. شۇ كۈنى «نايناقلار دەرياسى» قىزىل دەرياغا ئايلانغانىدى. ئەركىن ئۇنى دەرياغا باشلاپ چۈشۈپ دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىنى بىمالال بۇلغىۋەتكەنىدى. رەنا يىغلاپ تۇرۇپ دەريادىن چىققانىدى، قاراڭغۇدا ئەركىن ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى رەنا ئەركىنىنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن سۇغا كۆنۈپ قالغانىدى، بەزىدە باشقا يەرلەردىكى سۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىمۇ رەسۋا قىلىۋېتەتتى، لېكىن كۆپ ھاللاردا ئۇلار «نايناقلار دەرياسى» غا كېلىپ نايناقشىيتتى. كېيىن رەنا ئەركىندىن قاتتىق رەنجىگەنىدى. ئۇ: «نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىش قىلىسىز؟ بىز تېخى ئوقۇغۇچى تۇرساق. مەن سىزگە ئىشەنمەي قېلىۋاتىمەن، ئەركىن، ئەگەر سىز مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن بولسىڭىز مېنى ئاشۇ ئۇلۇغ سۇلارنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلماس بولغىيدىڭىز» دېگەنىدى. ئەركىن ھە دەپ ئۆزىنى ئاقلايتتى: «خاپا بولماڭ، رەنا، مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قاپتىمەن» دەپ يەرگە قاراپ تۇرۇۋالاتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئەركىنگە ئوڭ كېلىپ كەتكەنىدى، ئۇ رەنا بىلەن كۆرۈشكەندە بۇرۇنقىدەك ئۇنىڭ بوينىنى قايرىپ كۆككۆل ئاچىدىغان ئاددىي ئۇسۇللىرى بىلەن خوشلىشىپ، ھە دېسىلا ئۇنى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قارىتىپ قويىدىغان بولۇۋالغانىدى. كۆلدىكى سۇ شۇ تاپتا ئاشۇ يىللاردىكى سۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان دەقىقىلەرنى يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ ئېسىگە سالدى، بۇ ئىشلار ئۇنىڭ خاتىرىسىدە يۈز يىللار ئالدىدىكى ئىشلاردەك غۇۋا، قەدىمكى، يەنە تۈنۈگۈنكى ئىشلاردەك روشەن، ئۇياتلىق، رەسۋا ئىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا ئۇ نۇرغۇن قېتىم سۇغا چۈشتى،

بەزىدە سۇغا چۈشىدىغان يەرنىڭ شارائىتى بەك ياخشى ئىدى، بەزىدە ئەندىشە ئىچىدە ئالدىراپ ـ تېنەپ يۈيۈنۈپ ھۆل چېچى بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ بولغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ بۇنداق كۈنلەرنى ۋە ئاشۇ ئادەملەرنى ئويلىغۇسى كەلمەيتتى. ئاشۇ ئادەملەر بىلەن يولدا كۆرۈشۈپ قالسىمۇ ئۇلارغا قارىماي ئۆتۈپ كېتەتتى، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلىشى، تەنقىدلىشى ئىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئۆزىنى بىر ئىزغا سېلىۋالدى، ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىدىغان دائىرىسىنى تەدرىجىي سەرخىللاشتۇرۇۋالدى، پارچە ـ پۇرات، قۇرۇق گەپ ساتىدىغان ئادەملەرنى قۇرۇق كۈلكە بىلەن يولغا سالىدىغان بولدى، بۇ ۋاقىتتىكى رەنا ھەقىقىي بىر ئاق قۇغا ئايلانغانىدى.

رەيھانەتنىڭ خىيالى تويدا كۆيۈپ كەتكەن رەنانىڭ ماشىنىسىدا ئىدى، ئۇ ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ ئاستىرتىن بۇ ئىشنى ئېنىقلىدى. راست دېگەندەك بۇ ئىشنى چوڭ قىزى زۇبەيدە قىلغان بولۇپ چىقتى، لېكىن ئۇنىڭدا بىرىنچى قول ئىسپات يوق ئىدى. ئۇ تويىنىڭ ئالدىدا زۇبەيدە بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ ناھايىتى ئوساللىقىنى كۆرگەنىدى، ئۇ قىزىنى قايىل قىلالمىغانىدى. زۇبەيدە ئۇنى قورقۇتۇپ: «ئاشۇ رەنا دېگەن بۇزۇق بىلەن توي قىلساڭ ئۆلۈۋالىمەن» دەپ تەھدىت سالغانىدى. شۇ كۈنى زۇبەيدە: «ئەگەر سەن توي قىلساڭ، مەن شۇ كۈنى بىر ئىش چىقىرىمەن، ئاندىن ساقچىلار مېنى تۇتۇپ تۈرمىگە سولايدۇ، سەن ئاشۇ بۇزۇق بىلەن كۈلىسەن» دېگەنىدى. رەيھەت قىزىنى چۈشىنەتتى، ئۇ ھەممە ئىشنى ئاغزىدىلا قىلاتتى، شۇڭا ئۇنىڭ تەھدىتىدىن قورقمىغانىدى، لېكىن زۇبەيدە مۇشۇ بىر قېتىم دېگىنىنى قىلغانىدى، مەرۇپ ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن، قەتئىي ئىككىلەنمەي ئۇنىڭ دېگىنىنى بەجا كەلتۈرگەنىدى. شۇ كۈنى تويدا بىر ماشىنىغا ئوت كېتىپتۇ دېگەندە، رەيھەتنىڭ كۆڭلى تۇيۇپ بولغانىدى. ئارقىدىن ئۇ رەنانىڭ: «بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلىپ كەتمەيلى، بالا ـ قازا

مۇشۇ ماشىنا بىلەن تۇگىسۇن !» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ قالغانىدى. دېمەك، ئەگەر بۇ ئىشنى ئىنىقلىسا، ئۇنىڭ ئۇچۇن تېخىمۇ سەت ئىدى.

— نېمە دېگەن گۈزەل مەنزىرىلەر بۇ، رەپقەت، مەن تەبىئەتنىڭ باغرىدا ئۇخلاۋاتقاندەك ھېسسىياتتا بولۇۋاتىمەن، — دېدى رەنا.

— مەن مۇشۇ تاپتا سىزنىڭ باغرىڭىزدا چۈش كۆرۈۋاتىمەن، رەنا ...

— ئات مىنىپ چۈش كۆرمىگەنسىز، رەپقەت ؟

— ياق، ئادەم مىنىپ چۈش كۆردۈم !... — دېدى رەپقەت. ئۇ رەنانىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى.

— كۈندە ئاتقا مىنىۋالسىڭىز بولمايدۇ، رەپقەت، دەم ئېلىپ، دەم ئېلىپ مىنىڭ ! — دېدى رەنا كۈلۈپ.

— ئادەم چۈشىدە دەم ئالالمايدىكەن، رەنا.

رەنا كۈلدى، شامال ئۇنىڭ كۈلكىسىنى ئۇچۇرتۇپ ئەكەتتى، بۇ كۈلكىلەرنى ئۇلار تونۇگۈن چۈشتە تاماق يېگەن يەرگە ئاپىرىپ قويدى، ئاندىن بۇ يەردىكى شامال‍لار بۇ كۈلكىنى شەھەرگە ئۇچۇرتۇپ ئاپاردى، شەھەردە رەنانىڭ كۈلكىسىنى بىلىدىغان، ئۇنىڭ كۈلكىسىنى ساقلاۋاتقان، ھەتتا بۇ كۈلكىلەرگە تەقەززا بولۇۋاتقان ئادەملەر بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. رەنانىڭ ئۆزى بوستان كۆلدە ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ مەنىۋىيىتى بىرقانچە يەردە بىرقانچە ئەرنىڭ تىنىقىدا ۋە دىمىقىدا ئىدى، رەپقەت بۇلارنى بىلمەيتتى، ئۇ شۇ تاپتا قولىدىكى رەنا بىلەن بەختلىك ھەم ئىپتىخارلىق ئىدى.

رەپقەت بايا تاماقتىن كېيىن خوتەندە ئىشلەنگەن ئامېرىكىنىڭ دورىسىدىن قېلىشمايدىغان بىر تۈرلۈك دورىدىن ئىككى تالنى ئىچىۋالغانىدى. جەمئىيەتتە بۇ دورا «خوتەننىڭ قۇۋۋەت دورىسى»دەك كۈچلۈك دەپ تەرىپلىنەتتى. «قۇۋۋەت دورىسى» دېگەندە نۆۋەتتە دۇنيا بويىچە ئامېرىكىدىن چىقىۋاتقان

داڭلىق ئەرلەر قوۋۋەت دورىسىنى كۆرسىتەتتى. دورا ئۇنى ئولتۇرغۇزمىدى، ئۇنىڭ بەدىنى چوغقا ئايلىنىپ بولغاندى، ئۇ رەنانى داچىغا باشلىدى، ئۇلار داچىغا كىرىپ يەنە كارىۋات بىلەن كۆرۈشتى.

«بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى، غوجام؟ يەنە تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىمايدىغان بولدى ــ دە! دورىنى ئىچىۋېرىپ ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويمىسا بولاتتىغۇ!» دېدى رەنا ئىچىدە.

ئۆيدە يەنە تۈنۈگۈنكى ھەرىكەت باشلاندى، ئوخشىمايدىغان يېرى بۇ قېتىم رەنانىڭ بىر قولى ئۇن قولغا ئايلاندى، بۇ ئۇنىڭ مەيلى ئەمەس ئىدى، ئۇمۇ ئۆزىنى ئۇنتۇدى...

داچىنىڭ ئۇستىدىكى پەسىل قۇشلىرىمۇ ئۇلارنىڭ تاراقشىتىشلىرىغا كۆنۈپ قالغاندى، ئۇلار بۈگۈن ئۈركۈمىدى، ئۇۋىسىدا جىم يېتىپ قاراڭغۇدا ھەرىكەت قىلىدىغان قۇشلارنىڭ پەيزىنى تىڭشاشقا باشلىدى.

قاراڭغۇ رەپقەتكە ھەممە پۇرسەتنى بېرىۋەتكەنىدى، لېكىن ۋاقىت بىلەن تاڭ نۇرلىرى ئۇلارنى بوستان كۆلىدىن قوغلاپ چىقاردى. رەنا سۇغا چۈشۈپ پاك بولۇپ گىرىم قىلىپ، يەنە بىر قېتىم رەپقەتنى ئويغاتتى، لېكىن رەپقەت بېشىنى كۆتۈرەلمىدى. كۇتكۈچى قىزلار كېلىپ تاماق يەيدىغان ئۆينىڭ ئۇستىلىنى رەتلەپ بولغاندى، رەنا كىرىپ ناشتا قىلدى. ئۇ رەپقەتنىڭ بېشىنى كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەنمىدى، ئاخشام رەپقەت ئۇنى بەكمۇ يىراق يەرلەرگە ئاپىرىپ كەلگەنىدى، رەنا ئۆزىنى بارسا كەلمەس يولغا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلغانىدى.

ناشتىدىن كېيىن رەنا قولىغا بىر ئىنگلىزچە كىتابنى ئېلىپ تالاغا چىقتى، ئۇ كۆل بويىغا كېلىپ ئاخشامقى ئورۇندۇققا ئولتۇردى، كۆل ئىچىدىكى بېلىقلار ئۇنى كۆرۈپ سۇ ئۇستىگە چىقىپ ئۇزۇپ ئويناشقا باشلىدى. سۇدا بېلىقلار شۇنداق چىرايلىق ئىدى، رەنا كۈلدى، ئۇ ئاشۇ بېلىقلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ: «بىز تۈنۈگۈن بۇنداق بېلىقلارنى كۆرمىگەنىغۇ؟»

دېدى. ئاندىن قولىدىكى كىتابنى ئاچتى، قۇياش نۇرى ئاستىدا ئۇ ھېلىلا كۆلدىن چىققان پەرىدەك شۇ قەدەر گۈزەل ئىدى، يۈزىدىكى چىرايلىق چېچەك ئۇنىڭ سىماسىغا گۈل بولۇپ پارقىرايتتى.

چۈشكە يېقىن رەپقەت كۆزىنى ئاچتى، ئۇ ئەتراپقا بىر قاراۋېتىپ، ھە! دەپ ئېسىنى تاپتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ: «رەنا!» دەپ ۋاقىرىدى، لېكىن رەنانىڭ جاۋابى ئاڭلانمىدى. ئۇ تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ يۇيۇنۇپ چىقتى، ئاندىن دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تالاغا قارىدى، رەنا كۆل بويىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتى، قۇياش ئاستىدا كۆل شامىلى ئۇنىڭ چاچلىرىنى نازىغتىپ سۆيۈپ ئويناۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئورۇندۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشى مىڭ يىل ئالدىدىكى مەلىكىلەرنىڭ قىياپىتىدەك ئازادە ئىدى. شامال ئۇنىڭ ئۈستىبېشىدىكى خۇش پۇراق ئەترىنىڭ ئالامەتلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئەكېلىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان رەپقەتنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى، رەپقەت كۈلدى.

«پۇل دېگەن تاشنى يارىدۇ دېسەم ئۇنىمايدۇ بىزنىڭ ئاغىنىلەر، ئەگەر مەندە پۇل بولمىغان بولسا، جاھاننىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلىدىغان مۇشۇ ئاي ماڭا تېگەمتى؟ مۇمكىن ئەمەس ـ دە! بۇ بىر رىۋايەت! مانا ھەممە ئىش ئەمەلگە ئاشتى. خەقلەر نېمە دېسە دەۋەرسۇن، پەرۋايىم پەلەك! مەن ئېلىپنى بىلمەيدىغان بىر قارا قورساق مۇشۇنداق بىر زىيالىي گۈزەلنى خوتۇن قىلالىدىمغۇ، بۇ ئىش مېنىڭ تارىخىمدا ھېچ نەرسىگە تېگىشمەيدىغان بىر ئىش بولىدۇ. ئەمدى بۇ پەرىنى ئالداپ ـ سىلاپ بىرنى تۇغدۇرۇۋالسام، كەلگۈسى ئىشلىرىم تېخىمۇ مۇستەھكەم بولۇپ كېتىدۇ» دېدى رەپقەت ئىچىدە.

رەپقەتنىڭ قورسىقى ئاچقانىدى، ئۇ رەنانىڭ پەيزىسىنى ئۈچۈرماي دەپ داچىدىن چىقىپ، ئاشخانا تەرەپكە ماڭدى، ئاشخانىغا يېقىن قالغاندا، بۇ ئورۇننىڭ غوجايىنى مالىك ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، — دېدى رەپقەت مالىك بىلەن كۆرۈشۈپ.

رەپقەت مالىك بىلەن تونۇش ئىدى، ئۇ مۇشۇ يەرگە چىقىپ ئويناپ يۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى. مالىك ئۇنى ئاشخانىنىڭ ئالدىدىكى ئاق ئۈستەلگە باشلىدى.

— ئورنۇڭدىن ئەمدى تۇردۇڭغۇ دەيمەن، ئاداش؟ — دېدى مالىك.

— ھەئە، ناشتا قىلمۋالاي، ئاداش، — دېدى رەپقەت.

مالىك قىزلارنى چاقىرىپ، ئۇلارنى چايغا بۇيرۇدى، قىزلار نان بىلەن چاي ئېلىپ چىقتى، رەپقەت بىسمىللا دەپ قولىغا نان ئالدى.

— بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ بىر گەپ بولۇپ قالدى، رەپقەت. بىرسى شەھەرلىك بىلەن بىزگە ئوخشاش سەھرالىقنى قانداق پەرقلەندۈرىسەن؟ دېۋىدى، بىرسى داستىخاندا ھە دېگەندە نانغا قول ئۇزارتقىنى شەھەرلىك، چايغا قول ئۇزارتقىنى سەھرالىق دەۋاتاتتى. شۇ گەپ راست ئوخشايدۇ جۇمۇ، ھە دېگەندە قولۇڭغا نان ئېلىۋاتىسەن، — دېدى مالىك كۈلۈپ.

— سەھرالىقلار دېگەن يەر بىلەن ھەپىلىشىدۇ، مىڭنى قىلمىسا ئۇلارنىڭ يەيدىغىنى بار، قورسىقى توق، بىزگە ئوخشاش شەھەرلىكلەر پارقىراپ تۇرغىنىمىز بىلەن قورسىقىمىز ئاچ كېلىدۇ، شۇڭا ناننى كۆرسەك ئولتۇرالمايمىز ، — دېدى رەپقەت.

— بۇ گېپىڭمۇ قاملاشتى، ئاداش، — دېدى مالىك.

— ھە، ئىش ـ ئوقىتىڭ قانداقراق؟ !

— يامان ئەمەس، شەھەردىن سىلەرگە ئوخشاش ئادەملەر ئاز ـ تولا چىقىپ تۇرىدۇ، ئاساسەن ناھىيەمىزنىڭ ئادەملىرى كېلىپ ئويناپ كېتىدۇ، — دېدى مالىك، — ئاشنائ بىلەن چىقىپسەن ـ دە، بۇ يەرگە !

— ئايالىم، يېقىندا توي قىلدىم، — دېدى رەپقەت.

— مۇنداق دە! جاھاندا بىر قىزغۇ ئۇ، مېڭىشلىرىمۇ ئادەتتىكى قىزلارنىڭ مېڭىشلىرىغا ئوخشىمايدۇ، چوڭ شەھەر دېگەندە قىزنىڭ نوچىسى بار - دە! — دېدى مالىك، — ئەتىگەن بىر سۇرلەنگەن غازنىڭ گۆشىنى قورۇپ دۇملەپ قويغانىدىم ئاداش، ئۆزۇممۇ زېرىكىپ قاپتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرنەچچە كۇندىن بېرى خېرىدارلار جىق ئەمەس، ئىككىمىز بىر شىشە ئوينىمايلىمۇ؟

— ئىچسەك ئىچتۇق، ئاداش، ئويناپ چىققاندىن كېيىن ئىچەيلى، — دېدى رەيقەت.

مالىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. رەيقەت رەنا تەرەپكە قارىدى. رەنا يەنە شۇ يەردە ئولتۇرۇپ بېشىنى كۆتۈرمەي كىتاب ئوقۇۋاتاتتى.

مالىك مۇشۇ ساياھەت ئورنىغا ئوتتۇز كىلومېتىر كېلىدىغان يەردىكى بىر ناھىيەدە ئىدى. ئەسلىي ئۇ بىر ئۇن زاۋۇتىدا ماشىنا ھەيدەيتتى، كېيىن ئۇ زاۋۇتنى ھۆكۈمەت شەخسلەرگە سېتىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن مالىك ئىشتىن قالغانىدى. ئاشلىق ئىدارىسىدىن ئۇنىڭ ئىشلىگەن يىلىنى ھېسابلاپ، يىلىغا مىڭ يۇەندىن پۇل بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋەتكەنىدى. ئۇ شەھەردە بىرنەچچە يىل ئاشخانا ئاچتى، ئاندىن مۇشۇ ئورۇننى ئەللىك يىللىق ھۆددىگە ئېلىۋېلىپ، بۇ ئورۇننى ساياھەت ئورنى قىلىۋالغانىدى. ئۇ ھە دېگەندە بۇ يەرگە داچا، يەنە ئادەتتىكىدەك ئۆي، يەنە ئىككى - ئۈچ يۈز ئادەم سىغىدىغان مەرىكە زالى سېلىپ، نۇرغۇنلىغان خېرىدارلارنى مۇشۇ يەرگە جەلپ قىلىپ كەلگەنىدى.

بەزىدە ناھىيەنىڭ، يەنە باشقا ناھىيەلەرنىڭ چوڭ - كىچىك يىغىنلىرى بولسا، ئۇلار مۇشۇ ئورۇنغا چىقىپ ئۆتكۈزەتتى، كۈندۈزى يىغىن، ئاخشاملىرى زىياپەت، ساياھەت دېگەندەك، ئويۇننىمۇ قولدىن بەرمەي ئارام ئېلىپ كېتەتتى. بەزىدە شەھەرنىڭ ئادەملىرىمۇ كېلىپ ئويناپ كېتەتتى. ئۇلار كۆلنىڭ

بېلىقىغا قىزىقاتتى، كۆلدە ئادەم بېلىق دەپ ئاتىلىدىغان ئۇزۇن بېلىقلارمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئوقىتتى مۇشۇنداق ياخشى كېتىۋاتقاندا، ناھىيەدىن چىققان بىر ئەقىل ئىگىسى ئۇنىڭغا مۇنداق بىر ئەقىل كۆرسەتتى: «ئۇكا، بۇ يەرنى تەشۋىق قىلىپ بازىرىنى چىقارمىساڭ بولمايدۇ، مەن ساڭا بىر مۇخبىر تېپىپ بېرەي، سەن ئۇنىڭ گېلىغا ئۇر، يانچۇقىنى تومپايت، ئاندىن مۇشۇ كۆلنى بىر يازسۇن، ‹ئۇنداق ئاجايىپ كۆل، بۇنداق غارايىپ كۆل، كۆلدە نەق چۇشتە ئۇزۇنلۇقى بەش ـ ئالتە مېتىر كېلىدىغان قىزىل ئادەم بېلىق كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىن سەكرەپ چىقىپ ھاۋا يەيدۇ، بەزىدە كۆل ئەتراپىدىكى ھايۋاناتلارنى چىشلەپ يۇتۇۋېتىدۇ› دەپ تەشۋىق قىلسۇن. بۇنى شەھەر ـ شەھەرلەردىكى گېزىت ـ ژۇرناللارغا باستۇرايلى، رادىيولاردا ئاڭلاتسۇن، شۇ چاغدا ھەممە ئادەمنىڭ مۇشۇ يەرگە كېلىپ بىر ئويناپ كەتكۈسى كېلىدۇ، ئاندىن بۇ ساياھەت ئورنۇڭ ئاۋاتلىشىدۇ» دېگەنىدى. مالىك شۇ ئادەمنىڭ دېگىنىنى بويىچە ئىش قىلدى، دېگەندەك ئىككى يىل ئىچىدە بۇ يەرنى ھەممە ئادەم بىلىپ كەتتى، لېكىن ئۇلار ئاشۇنداق قىزىل ئادەم بېلىقنىڭ كۆل ئۈستىدە سەكرەپ ئويىنىغىنىنى كۆرمىدى، مالىك ئۇلارنى جىم قىلىش ئۈچۈن، يېقىندىن بېرى ئۇ ئادەم بېلىقلارنىڭ مىجەزى يوق ئىكەن، ئاغرىپ قاپتۇ، ئۇۋىسىدىن چىقالمايۋاتىدۇ، دەپ ئۇلارنى پەس قىلغانىدى. ئاندىن ھېلىقى ئەقىل كۆرسەتكەن ئادەمنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن، ناھىيەدە سازلىقلارنى كۆلچەك قىلىپ بېلىق بېقىۋاتقان ئادەملەردىن يېرىم كىلوغا يېقىن بېلىقلاردىن سېتىۋېلىپ، كۆلگە قويۇۋەتكەنىدى، يەنە ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ بېلىقلارنىڭ بىرى تۆت ـ بەش كىلو كېلىدىغان بېلىق بولۇپ يوغىنىغانىدى. خېرىدارلار بۇ بېلىقلارنى كۆرۈپ، بىر ـ بىرىگە تەشۋىق قىلىپ، بۇ يەرنىڭ داڭقىنى شەھەرگىچە تاراتقانىدى.

ناھىيەدىن، ئەتراپتىكى يېزىلاردىن كەلگەن ساياھەتچىلەر بۇ

ئورۇنغا كېلىپ يەپ ـ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، بەزىلىرى: «مالىك قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە مۇشۇ ئورۇنغا قانداقلارچە بۇنچىلىك مەبلەغ سېلىپ كەتتى؟ ئۇنىڭ پۇلى نەدىن كەلگەن؟» دەپ غەيۋەتكە چۈشۈپ كەتكەندە، مالىك: «ناھىيەدە ئاشخانا ئاچقاندا تۆت ـ بەش تەڭگە پۇل تاپتىم، ئاندىن بانكىدىن قەرز ئالدىم» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇمۇ پۇل يۇيۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن ھە دەپ ئاشخانا ئېچىۋېلىشىدىكى بىر مەقسەت قولىدىكى ئاشۇ غەيرىي پۇللارنى مۇشۇنداق تىجارەت ئارقىلىق رەسمىيلەشتۈرۈش ئىدى. ئۇ ئۇن زاۋۇتىدا ئىشلىگەندە دەسلەپكى يىللاردا باشقىلارنى دوراپ ئەتىسى ـ ئاخشاملىرى ماشىنىسىغا سېلىپ تۆت ـ بەش خالتا ئۇن، بىرەر مىشكاپ زىغىر دىگەندەك نەرسىلەرنى ئۆيىگە توشۇپ تۇردى. كۆنەلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇنداق ئىشلار ئۇلارغا خېلىلا ئوڭ كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. زاۋۇتنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرى بارغانسېرى بوشاپ كېتىپ، قولىدا ھوقۇقى بار ئادەملەر ئۆزىنىڭ نەپسى بىلەن بولۇپ كەتكەنىدى، مۇشۇ يىللاردا مالىكقا ئىشلار تازا ئوڭ كەلگەنىدى، ئۇ ئەتىسى ـ ئاخشاملىرى ماشىنىلاپ ئۇنلارنى، زىغىرلارنى بىر يەرلەرگە چۈشۈرۈۋېتىدىغان بولغانىدى، ئۇ زاۋۇتتىكى مۇناسىۋەتلىك بوغالتىرلار بىلەن بىرلىشىۋالغانىدى. ئۇ شۇ ۋاقىتتا تاپقان پۇللىرىنى ساياھەت ئورنىغا ئىشلىتىپ، ئاشۇ تارىخىنى ھازىرقى ئىش ئوقىتى بىلەن يېپىپ يوقىتىۋەتكەنىدى، ئەڭ مۇھىمى ئۇن زاۋۇتىنىڭ ۋەيران بولۇشى ئۇلارغا بەك ئوڭ كەلگەنىدى.

مالىك ئاشخانىدىن چىقىپ رەپقەتنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى، ئۇنىڭ قولىدا بىر بوتۇلكا ھاراقمۇ بار ئىدى، ئۇنىڭ كەينىدە يوغان بىر لېگەندە لىق غازنىڭ گۆشىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان يىگىت رەپقەتنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنى ئۈستەلگە قويدى. مالىك بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئىككى رومكىنى ئالدىغا قويدى.

— ئىككى رومكىدا ئىچەمدۇق يا بىر رومكىدا

ئايلاندۇرامدۇق؟ — دېدى ئۇ رەپقەتكە قاراپ.

— مىللىيچە ئىچەيلى، ئاداش، بىر رومكىدا ئايلاندۇر!

مالىك ئالدىدىكى بىر رومكىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنى كەينىدىكى ئۇستەلگە قويۇپ قويدى، ئاندىن ئالدىدىكى رومكىغا هاراق قۇيۇپ، رومكىنى قولىغا ئالدى:

— خوشە ئەمىسە، ئاداش، توي قىلىۋاپسەن، تۇرمۇشۇڭ بەختلىك بولغاي! — دېدى ئۇ، ئاندىن قولىدىكى هاراقنى ئىچىۋەتتى.

— رەهمەت ئاداش، بەهۇزۇر، — دېدى رەپقەت.

مالىك قولىدىكى رومكىغا يەنە لىق هاراق قۇيۇپ، رەپقەتنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى. رەپقەت رومكىنى قولىغا ئالدى:

— ئىشلىرىڭ ئىلگىرى بولسۇن، ئاداش، شەهەرگە كىرسەڭ مېنى ئىزدە! — دېدى، ئاندىن قولىدىكى هاراقنى كۆتۈرۈۋەتتى.

— ئەمىسە ماۋۇ سۈرلىگەن غاز، ئالە ئاداش، — دېدى مالىك.

رەپقەت بىر پارچە غازنىڭ گۆشىنى ئېلىپ، ئاغزىغا سالدى.

— بەك تەملىك پىشىپتۇ ئاداش، ئەسلىدە ياخشى سۈرلەنگەن گەپ ئىكەن - دە!

— پات - پات بىرنەچچە غاز سۈرلەپ قويىمەن، دورا بولىدىكەن، رەپقەت.

— مېهمانلارغىمۇ مۇشۇنداق سۈرلەنگەن غازنىڭ گۆشىنى چىقارساڭ بولىدىكەن.

— ئەمدى تائام دەپتىرىگە يازمىدىم، سورىغانلارغا قىلىپ بېرىۋاتىمەن، — دېدى مالىك، — خوشە ئاداش، شۇنىڭغا قارىغاندا بۇرۇنقى خوتۇنۇڭنى قويۇۋېتىپسەن - دە!

— شۇنداق بولۇپ قالدى، ئاداش، بۇرۇن ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ ئۈچ - تۆتتىن ئاپتىكەن، ئەمدى بىزگە كەلگەندە ئىككىنى ئەپ قويدۇق.

— بۇمۇ كەلگەن يېرى، هازىر شەهەردە ساڭا ئوخشاش پۇلدارلار ئۆيەر - بۆيەرلەردە بىر - ئىككىدىن خوتۇن قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قويىدىكەنغۇ ! ئەمدى قانداق قىلىسەن، ئاداش؟

— جېنى بار، كۆڭۈلدىكىدەك خوتۇننى ئالدىم مانا، ئەمدى مۇشۇ خوتۇن بىلەن ئۆتەرمەن. نېمىلا دېگەنبىلەن مۇشۇ ئەر خەق دېگەننىڭ كۈنى تەس بولىدىكەنغۇ !

— ئەرلەرنىڭلا ئەمەس، رەپقەت، هازىر خېلى ـ خېلى خوتۇن ـ قىزلارنىڭمۇ كۈنى تەس، — دېدى مالىك ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە سۆزلەپ مەسىلەن، بىزنىڭ ناھىيەدىمۇ نۇرغۇنلىغان قىزلار بىكارچى بولۇپ كەتتى. ئۆتكەن يىلى پوپايكا زاۋۇتى بىلەن ياغلىق كارخانىسى ۋەيران بولغان، شۇ ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان قىزلارنىڭ ھەممىسى ئىشسىز قالدى. تۆۋەندە يەنە بىر ساياھەت ئورنى بار، ئۇ يەر تازا بىر قالايمىقان يەر، ئەمما كۆلىمى چوڭ، بىزنىڭ بەزى قىزلىرىمىز شۇ يەرگە بېرىۋاپتۇ. ئۇ يەرگە پات ـ پات بېرىپ تۇرىدىغان بەزى ئادەملەردىن ئەھۋال ئىگىلەپ باقتىم، دەھشەت جۇمۇ، ئاداش ! ھەممە قالايمىقانچىلىق شۇ يەردە ئىكەن، ئويۇن دېگەن بولۇۋاتقان، نېمە دەيمىز ئەمدى؟ مۇشۇ ئىشسىزلىقتىن بولۇۋاتقان ئىشقۇ ئۇ. تۈزۈلۈپ كېتەر ـ ھە؟

— تۈزۈلۈپ كېتىدۇ، ۋاقىت مەسىلىسى ! ئەمما شەھەردىمۇ شۇ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كەلگەن بالىلارغىمۇ ئىش يوق، ھەممىسى دېگۈدەك ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىغا قاراپ يۈرۈۋاتقان، شىركەت ـ كارخانىلارغا ئورۇنلىشىدىغانلىرىمۇ بار ئىكەن. ئۆزى ئىگىلىك تىكلىگەن بالىلارمۇ خېلى بار. نېمىلا دېگەنبىلەن يەنە بىر قىسىملىرى بىكار يۈرۈۋاتىدۇ.

— بىزنىڭغۇ قورسىقىمىز توق، ئاداش، ئاشۇ بالىلارغا ئۇۋال بولدى ـ دە !

— بايا دېدىمغۇ، بۇ ۋاقىتلىق ئىش، بارا ـ بارا تۈزۈلۈپ كېتىدۇ. ئىشەن، ئاداش ! ئەمدى ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز، بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىش ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق شۇ بالىلاردا بىلىم دېگەن بولغاندىكىن، مۇقىم خىزمەت بولمىسا، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىسە بولىۋېرەتتى.

— ئەمدى شۇنداق دەيمىز ـ دە، ئاداش !

رەپقەت مالىك بەرگەن بىر رومكا هاراقنى ئىچىۋېتىپ، رەنا تەرەپكە قارىدى، رەنا ئورنىدىن تۇرۇپ داچا تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى.

رەپقەت مالىكقا قارىدى:

— مەن ماڭاي، ئاداش، خوتۇن داچىغا قاراپ ماڭدى، چۈشلۈك تاماقتا بىللە بولاي، يېڭى خوتۇننى يالغۇز قويۇپ قويسام بولمايدۇ !

— هاراق ئاز قالغانتى، ئاداش...

— سەن ئىچىۋەت، ئاداش، ئۆزۈڭ ئولتۇرۇپ پەيزىڭ بىلەن يەككە مۇڭ قىلمامسەن.

— مەيلى ئەمسە ... بۇ ئايالىڭ بەك ئىلمىي ئايال ئوخشايدۇ جۇمۇ، ئاداش، مەن مۇشۇ ساياھەت ئورنىنى ئاچقىلى ئون يىل بولدى، ئون يىلدىن بېرى بىر ئەرسىنىڭ كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇغىنىنى كۆرمەپتىكەنمەن.

— بەك چوڭ ئوقۇغان قىز بۇ، ئاداش، ئون نەچچە خىل تىل بىلىدۇ، ئۆزى بەك ئېسىل دەيمەن، ئىنگلىز تىلى دېگەننى سۇيۇۋېتىدۇ !

رەپقەت ئورنىدىن تۇرۇپ داچا تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئۇ داچىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، مالىك ئۆز ـ ئۆزىگە :

«ماۋۇ ئاداشنىڭ خوتۇننى ماختاپ كەتكىنىنى، شەھەرلىكلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق چوڭ سۆزلەيدۇ ـ ھە ! خوتۇننى ماختىغان بىرىنچى ئەخمەق دېگەن گەپ بار، بۇ ئاداشمۇ شۇ ئەخمەقلەرنىڭ بىرسىمۇ نېمە !» دېدى.

رەپقەت ئۆيگە كىرىشى بىلەن، رەنا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— مەن تېخى سىزنى ئۇخلاۋاتىدۇ دېسەم ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ بوپتىكەنسىز ـ دە ! — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— تېخى بايىراق ئورنۇمدىن تۇرغانىدىم، ناشتا قىلاي دەپ

ئاشخانا تەرەپكە بېرىۋېدىم، بۇ ئورۇننىڭ غوجايىنى مالىك تۇتۇۋالدى، بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق!

— ھە ... توغرا، سىز مالىك دېگەننى تونۇيمەن دېدىڭىز ـ ھە!

— تونۇيمەن، بەك جېنى بار نەرسە ئۇ! — دېدى رەپقەت. ئۇ دېرىزىدىن داچىغا قاراپ كېلىۋاتقان ئىككى مۇلازىم قىزنى كۆرۈپ، رەناغا قارىدى، — كۈتكۈچى قىزلار كېلىۋاتىدۇ، چۈشلۈك تاماقنى سىز بۇيرۇتۇڭ!

قىزلار ئۇلارنىڭ ئالدىدا دەپتەرلىرىنى كۆتۈرۈپ پەيدا بولدى، رەنا تاماقنى بۇيرۇتتى، قىزلار كەينىگە ياندى. ئاندىن رەپقەت رەنانىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ رەنانى قۇچاقلىۋالدى، ئامراقلىق بىلەن لەۋلىرىنى ئۇنىڭ لەۋلىرىگە ياقتى...

تاماقتىن كېيىن ئۇلار كارىۋاتتا يېتىپ دەم ئالدى، رەنا رەپقەتكە ئۆزىنىڭ بېيجىڭدىكى ئوقۇغۇچىلىق تۇرمۇشىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، رەپقەتنىڭ خۇمار كۆزلىرى رەنانىڭ ئاغزىدىن چىققان ئۇچۇرلارنىڭ ئارىسىدا ئالا قويماي ئايلىنىپ يۈرەتتى. يېقىملىق كۆكسىنى رەپقەت ئۈچۈن پارقىرىتىپ يېنىچە ياتقان رەنا رەپقەتكە قاراپ ئاشۇ گۈزەل خاتىرىسىنى ئەسلەپ بېرىۋاتاتتى، ئۇنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى ئىدى.

— بىزنىڭ بېيجىڭدىكى ئۇ كۈنلىرىمىز شۇ قەدەر مەنىلىك ئۆتكەنىدى، بىز پات ـ پات ۋاڭفۇجىڭ چوڭ كوچىسىدىكى دۇڭلەيشۇن نامىلىق مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىغا بېرىپ تاماق يەيتتۇق. كۆپ ھاللاردا مەن ساۋاقدىشىم سەنەۋەر بىلەنلا باراتتىم، ئاشخانىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە بەنشىر ساتاتتى، ئورۇن كىچىك بولغاچقا، ئۇزاق ساقلاشقا توغرا كېلەتتى، بىز خەقلەرنىڭ تاماق يەۋاتقان ئۈستەلىنىڭ قېشىغا كېلىپ قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتۇق. ئەگەر ئورۇنغا ئىگە بولالمىساق، بىزگە تاماق بېلىتى كېسىپ بەرمەيتتى، ئۇ يەرنىڭ تامىقى بەك ياخشى ئىدى، مۇشۇ كۈنلەردىمۇ مەن ئاشۇ ئاشخانىنى ئەسلەيمەن.

— مەن بېيجىڭغا جىق بارغان، لېكىن ئاشۇ سىز دېگەن ئاشخانىغا بېرىپ باقماپتىكەنمەن.

— بۇ يىل ۋاقىت چىقىرىپ ئىككىمىز بېيجىڭغا بېرىپ كېلەيلى، ساۋاقدىشىم سەنەۋەر بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەيلى.

— مەن بازاردا تاشچىلىق قىلىۋاتقاندا بىر كۈنى بىر بالىنىڭ قولىدىن بىر قاشتېشى سېتىۋالدىم. ئەمدى شۇنداق سۈزۈك تاش ئىدى، ئۇ بىرىنچى دەرىجىلىك بولۇپ چىققانىدى، ئالتۇننىڭ باھاسى بولغىنى بىلەن، قاشتېشىنىڭ باھاسى يوق ئىدى، شۇڭا مەن شىنجاڭدا بۇ تاشنى ساتمىدىم، ماڭا يول كۆرسەتتىدىغان ئادەم بەك جىق چىقىپ كەتتى، بىرسى: شاڭخەيگە ئاپىرىپ سات، مۇشۇ يەردە سورىغان باھادىن ئۈچ ھەسسە باھادا ئالىدۇ، دېدى. مەن بىر ئاغىنەم بىلەن تاشنى شاڭخەيگە ئاپاردىم، راست دېگەندەك بىز ئۇ تاشنى بەك جىق پۇلغا ساتتۇق. مەن مۇنداق ئويلىسام ھەممە نەرسىنىڭ قەدرىنى ئاشۇ شاڭخەيلىكلەر بىلىدىكەن، بىز پۇلنى ئالغاندىن كېيىن، بېيجىڭغا بېرىپ ئوينىدۇق، ئاندىن شۇ يەردىن ئايروپىلان بىلەن قايتىپ كەلگەنىدۇق، قېنى بۇ يىل پۇرسەت چىقىرىپ بىللە بېرىپ كېلەرمىز.

— شۇنداق قىلايلى، رەيھەت، مەن سىزنى ئوينىتىپ كېلەي، مەن بېيجىڭدا جىق يەرنى بىلىمەن.

رەيھەتنىڭ دىققىتى رەنانىڭ ئېچىلىپ تۇرغان كۆكسىدە ئىدى، ئۇ رەنانى قۇچاقلىۋالدى، كېيىنەكلەر دېرىزىدىن كىرىپ ئۇلارنى توسۇۋالدى، رەيھەت ئۆزىنىڭ قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇدى، كېپىنەكلەر توختىماي ئۆينىڭ ئىچىنى ئايلىنىۋاتاتتى، ئاندىن ئۇلارمۇ كېپىنەككە ئايلاندى، ئۆينىڭ ھەممە يېرىدە مۇڭ تاراشقا باشلىدى، داچا ھاۋا بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلدى، ئاندىن سىرلىق كۆل بىر قىزىل گىلەمگە ئايلاندى، گىلەم داچىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆزۈن سەپەرگە ئاتلاندى.

ئەتىسى، ئۇلار چۈشتىن كېيىن ئۆيدىن چىقتى. رەيھەت بىلەن

رەنا ئىككىلىسى ئورنىدىن تۇرالمىغانىدى، چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن تالاغا چىقىپ كۆلنى بويلاپ ساياھەت قىلدى. رەنا: «تاغقا چىقايلى، رەپقەت، مۇشۇ يەرگە كېلىپ تاغقا چىقمىساق بولمايدۇ» دېدى. رەپقەت بىلەن رەنا تاغ تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئۇلار قىيپاش چىغىر يولنى بويلاپ تاغقا ياماشتى. دەسلەپتە رەپقەت ئالدىدا ئىدى، تاغنىڭ بەل ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، رەنا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالدى. رەنا رەپقەتكە: «ئەمىسە ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭ!» دەپ قويۇپ داۋاملىق تاغقا ياماشتى. ئاخىر رەنا بىرىنچى بولۇپ تاغنىڭ ئۇستىگە چىقتى، تاغنىڭ ئۇستى ناھايىتى چوڭ بىر تۈزلەڭلىك ئىدى، ئۇ يېقىمۇ كەڭ كەتكەن ئورمان ئىدى. رەنا بۇ گۈزەل مەنزىرىنى كۆرۈپ يايراپ كەتتى. ئۇ ئىككى قولىنى ئۇزۇن سۇنۇپ تەبىئىي گىلەم ئۇستىدە ئۇسسۇل ئويناپ كەتتى، رەپقەت بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ بەك ھاياجانلاندى. ئۇ رەناغا: «ئاللا دېدىم، رەنا، بۇ خۇددى بىرسى سىزىپ قويغان رەسىمدەك چىرايلىق يەر ئىكەن!» دېدى. ئاندىن ئۇلار قىزىل، سېرىق، كۆك گۈللەر ئۇستىدە ئولتۇرۇپ بوستان كۆلگە نەزەر تاشلىدى، كۆل ۋە ئەتراپىدىكى مەنزىرىلەر ئادەمنى ھاياجانغا سالاتتى، كۆل ئەتراپىدا مېڭىپ يۈرگەن ساياھەتچىلەر رىۋايەتتىكى پاپىلاردەك مىدىرلاپ يۈرەتتى، ئۇلار چۈشكەن داچا دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا رىۋايەتلەردىكى سىرلىق بوۋاي بىلەن موماي‌لارنىڭ ئۆيلىرىدەك قەدىمىي ئىدى.

رەنا يەردىكى گۈللەرگە قارىدى، ئۇ رەپقەتكە:

— قاراڭ، رەپقەت، نېمىدېگەن چىرايلىق گۈللەر بۇ، مۇشۇ يەردە ئېچىلىپ مۇشۇ يەردە توزۇپ تۈگەيدىكەن، بىزدەك بىرەر - يېرىم ئادەملەر چىقىپ قالسا ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ قالمىسا باشقا ھېچقانداق ئادەم بۇ يەردە ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىدىن خەۋەر تاپالمايدىكەن. ئاللا، نېمىدېگەن تەڭشەلمىگەن ئىش بۇ؟ ئەگەر مۇشۇ گۈللەر بىز چۈشكەن ساياھەت ئورنىدا بولغان بولسا، ئۇلار كۈندە نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى

ئۇلارغا نامايان قىلالىغان بولاتتى، لېكىن ئۇلار بۇنداق پۇرسەتكە ئىگە بولالمايتۇ، مەن مۇشۇ گۈللەرگە ئىچ ئاغرىتىمۇاتىمەن، رەپقەت ...

— ئامال يوق، رەنا، بۇ تەقدىر، ئۇلارنىڭ پېشانىسىگىمۇ مۇشۇ يەردە تۇرۇش يېزىلغان. مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ مۇشۇ تەقدىرى بەخت ـ ئامەت. قارىغايلارنىڭ ئارىسىدا ئېچىلىۋاتقان، كۈن چۈشمەيدىغان تام تۈۋىدە، كۆۋرۈك ئاستىدا، چوڭ جىرالارنىڭ ئارىسىدا، يەنە قىش ـ ياز كۈن چۈشمەيدىغان ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە ئېچىلىۋاتقان گۈللەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ گۈللەر بەك بەختلىك، رەنا. ئۇلار تەڭرىنىڭ تاڭ ئاتقان كۈنى قۇياشنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، يامغۇر ياغسا يىلتىزلىرىنى سۇغىرىدۇ، شامال چىقسا خۇش پۇراقلىرىنى ساياھەت ئورنىغا سوۋغا قىلالايدۇ، ئەسلىدە بۇ ئەڭ بەختلىك گۈللەر.

رەنا ئىتتىكلا رەپقەتكە قارىدى، ئۇ رەپقەت بىلەن تونۇشقاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئۇنىڭغا مۇشۇنداق قاراپ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىدا بىر خىل قايىللىق بار ئىدى، رەپقەتنىڭ ھازىرقى گەپلىرى ئۇنى ھەقىقىي قايىل قىلدى، ئۇ بايا مۇشۇ گۈللەرنىڭ خاس مەيدانىدا تۇرۇپ پىكىر قىلغانىدى، رەپقەت بولسا كەڭ دائىرىدە مۇشۇ ماكاندىن ھالقىپ تۇرۇپ ئاشۇ گۈللەرنى باشقا يەردىكى گۈللەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، مۇشۇ گۈللەرنىڭ ئەڭ ياخشى شارائىتتا ياشاۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەنىدى.

— ياخشى گەپ قىلدىڭىز، رەپقەت، گەپلىرىڭىز ماڭا بىر ياخشى دەرس بولدى.

— ئۇنداق دېمەڭ، ئەسلىي سىز مېنىڭ ئۇستازىم، مەن بىر قارا قورساق تۇرسام، مەندە سىزگە دەرس بولغۇدەك گەپ ـ سۆزلەر نېمە قىلسۇن؟!

— ئۇنداق دېمەڭ، رەپقەت، سىزدە تۇرمۇش تەجرىبىسى بار، سىز مەكتەپ كۆرمىگىنىڭىز بىلەن ئەسلىدە جەمئىيەت

ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەن ئادەم سىز، بولمىسا بۇنچىلىك زور نەتىجىگە ئىگە بولالمايتتىڭىز...

رەپقەت رەناغا قاراپ كۈلدى...

— بىز مۇشۇ دائىرىدىكى سېرىقگۈللەر بىلەن قىزىلگۈللەرنى ساناپ باقايلى، رەپقەت، — دېدى رەنا، — سىز ئاۋۇ تەرەپنى ساناڭ، مەن بۇ تەرەپنى ساناي!

ئۇلار گۈزەل تاغ چوققىسىدا گۈل ساناشقا كىرىشىپ كەتتى، رەنا دەسلەپتە قىزىلگۈللەرنى سانىدى، ئۇ تۇرغان يېرىدە ئايلىنىپ تۇرۇپ قىزىلگۈللەرنى ساناپ چىقتى، ئاندىن سېرىقگۈللەرنى ساناپ چىقتى، رەپقەتمۇ رەنانىڭ ئۇسۇلى بويىچە قىزىلگۈللەر بىلەن سېرىقگۈللەرنىڭ سانىنى ئايرىم - ئايرىم جەملىدى. ئاندىن ئۇ رەپقەتكە دېدى:

— مەن بايام مۇشۇ گۈللەرنى ساناشتىن ئاۋۋال بۇلارنىڭ ئىچىدىكى قىزىلگۈل بىزنىڭ بۈرۈنقى كۈنلىرىمىزگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، سېرىقگۈللەر كەلگۈسى ئىشلىرىمىزغا ۋەكىللىك قىلىدۇ دېگەنىدىم، مانا ھازىر نەتىجىسى چىقتى، سېرىقگۈلنىڭ سانى جىق چىقتى، مانا بىزنىڭ كەلگۈسىمىز پارلاق بولىدىغان ئوخشايدۇ، رەپقەت...

— ئەلۋەتتە، شۇنداق بولىدۇ رەنا، بىز تىرىشىۋاتىمىز، كەلگۈسىگە ئىشىنىمىز... بىراق، سىز شۇنىمۇ ئۇنتۇماڭ، كەلگۈسى بىزگىلا مەنسۇپ ئەمەس، ئۇ يەنە بىزدىن ئىزباسار تەلەپ قىلىدۇ، رەنا.

— بىز بۇ توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ بولغان، رەپقەت، مەن توي ئالدىدا سىزگە مۇشۇ ئىش توغرىسىدا قارىشىمنى دېگەن، بۇ ئىشنى بەش يىلدىن كېيىن ئويلىشىمىز، بۇ مېنىڭ بىر ھەقىقىتىم، مەن مۇشۇ مەيدانىمدا چىڭ تۇرمىسام بولمايدۇ...

— ئەگەر بىر يىل ئىچىدە بىز پەرزەنت يۈزى كۆرگەن بولساق، ئۇ چاغدا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە، رەنا، ئۇ بەك چىرايلىق بىر بالا بولاتتى - دە! چوقۇم ئوغۇل بولاتتى!

— مەن سىزنى چۈشىنىمەن، رەيھەت، شۇڭا سىزمۇ مېنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك. پەرزەنت كۆرۈش دېگەن بىر ئۇلۇغ ئىش، لېكىن ھازىر بۇ ئۇلۇغ ئىشقا بىزدە پۇرسەت يوق، چۈنكى مەن مەخسۇس بالا تۇغىدىغان ماشىنا ئادەم ئەمەس. بەزى ئادەملەر، ياق، خېلى كۆپ ساندىكى ئادەملەر نىكاھنىڭ ئۆزىنى بالا تاپىدىغان بىر ۋەزىپە دەپ بىلىدۇ، مەن ئۇنداق قارىمايمەن. مۇھەببەت بىر ئارزۇ، بىر تىلەك، لېكىن ئۇ بوگۇنكى كۈندە ئەمەلگە ئېرىشىدىغان تىلەك ئەمەس، ئۇنىڭغا بەك ئۇزاق جەريان كېرەك، بىر يىگىت ياكى بىر قىز ئۆزىنىڭ ھايات يولىدىكى مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ سۆزنى دەسمايە قىلىپ، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى ئويىنىتىدۇ. ئاتالمىش بوگۇنكى مۇھەببەت بىر ئويۇن، شۇڭا بوگۇنكى كۈندە نەگە قارىسىڭىز ھېسسىيات ئوغرىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىسىز. ياق، بۇ مۇھەببەت ئەمەس، بۇ بىر ئويۇن...

«ئالە شەرىڭنى، مانا ئەمىسە، قانداق بولۇپ كەتتى بۇ ؟» دېدى رەيھەت ئىچىدە، رەنا ئۆزىنىڭ ھەم ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بەزى نەرسىلەرنى يىرتىپ ئېچىۋەتتى.

— ئەمدى، رەنا، مەن بىر قارا قورساق ئادەم، مېنىڭچە، مۇھەببەت سىز دېگەندەك سەت نەرسە ئەمەس، ئەگەر مۇھەببەت بولمىغان بولسا، ئىككىمىزنىڭ پۇتى بىر يەرگە باغلانمىغان بولاتتى.

— ئۇنداق ئەمەس، رەيھەت، بىزنى مەنپەئەت بىر تۇۋرۇككە باغلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، بەدەندە كۈندىن - كۈنگە قۇۋۋەت قالمايدۇ، ئادەمنىڭ مال - دۇنياسى ئۇنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ، كۆزىمىزدىن چىراغ ئۆچكەندە، ھەممە نەرسە تۇپراققا ئايلىنىدۇ.

— بىزنىڭ مال - دۇنيايىمىز قېلىپ قالىدۇ، رەنا...

— ئۇ نەرسىلەر بىزگە تەۋە بولمايدۇ، بىزنىڭ تۇغقانلىرىمىزغىمۇ تەۋە بولمايدۇ، مال - دۇنيا ۋارىسلار ئۈچۈن بىر دۈشمەن، مەن بۇنداق كۆزقاراشنى فىرانسىيە ئەدەبىي

ئەسەرلىرىدە جىق ئوقۇغان، ھەممە ئادەم پۇل دەپ ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە، ئۇلارغا بايلىق قالدۇرۇشنىڭ ئۆزى بىر ئەخمىقانە ئىش، ئاقىللارچە ئىش ئەمەس. مەن بۇنداق مىساللارنى جىق بىلىمەن، سىزمۇ شۇنداق، رەپقەت، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي شەرىپىنى ئۆزى تېپىشى كېرەك، مەيلى ئۇ يىغلاپ تاپسۇن ياكى كۈلۈپ تاپسۇن، ئۆزىنىڭ قېنى بىلەن، ئەقىدىسى بىلەن تاپسۇن، شۇ ۋاقىتتا ئۇ نان بىلەن لاينىڭ تەمىنى بىلەلەيدۇ، تۇزنىڭ تەمىنى تېتىيالايدۇ.

تاغ ئۈستىدىكى ساپ شامال ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا بىرىنچى قېتىم ئۇلاشتى، ئۇلار ئەتراپتىكى كىچىك - كىچىك گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى رەپقەت بىلەن رەنانىڭ قوينىغا چېچىۋاتاتتى، رەنا رەپقەتكە قارىدى، رەپقەتنىڭ چىرايىدىكى ئازادىلىك يوقىغانىدى، رەنانىڭ قاراشلىرى ئۇنى ئويغا سېلىپ قويغانىدى، ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىشكە باشلىدى.

«مەن رەنانى چۈشىنىمەن دەپ يۈرۈپتىمەن، ئەسلىدە ئۇنى پەقەت چۈشەنمەيدىكەنمەن، ھەم ئاسانلىقچە چۈشىنەلمەيدىغان ئوخشايمەن. ئۇ مېنىڭ ئويلىغان يېرىمدىن چىقمىدى، مېنىڭ ئىلكىمدە بولغىنى بىلەن ئۇنى ئۆزۈمنىڭ يولىغا سالالمايدىغان ئوخشايمەن. مەن پۇل توغرۇلۇق كۆپرەك ئويلايمەن، لېكىن ئۇ پۇل توغرۇلۇق مېنىڭدىن بەكرەك ئويلايدىكەن. سىرتىغا قارىسا كۈلۈپلا تۇرغان ، لېكىن ئىچى بەك كۈچلۈك ئىكەن ئەمەسمۇ بۇ قىزنىڭ !» دېدى رەپقەت ئىچىدە.

رەپقەت جىمىپ كەتتى. رەنا ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىدى. ئۇ ئىچىدە: «ماڭا باھا بېرىۋاتىدۇ، بىر خەتەرلىك قىز ئوخشىمامدۇ بۇ دەپ ئويلىنىپ قېلىۋاتىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

شامال ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىن كەتمىدى، قۇياش ئاستىدىكى ئەڭ ئېگىزلىكتە ئۇلاردىن باشقا ئىنسان يوق ئىدى، تىنچ ئورمانلار كۆلنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن پوست تۇراتتى، كۆل جاھان ئەينىكىدەك پارقىرايتتى، كېلىۋاتقان - كېتىۋاتقان

ساياھەتچىلەر ئوينايمىز، كۈلىمىز دېگەننى مەقسەت قىلاتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ مەنئۇسىيتى ئۆزلىرىنىڭ چىرايلىق تەتۈر سىۋتىدە پەيزى قىلاتتى، بىلگەن ئادەم سىرغا چىلىشىپ يىغلايتتى، بىلمىگەن ئادەم بىلسەم بولاتتى دەپ يىغلايتتى، خالىمايدىغان ئادەملەر شۈكۈر قىلاتتى، ئاددىي، تىنچ تۇرمۇش ئەسلىي ئاددىي، تىنچ ئەمەس ئىدى.

رەپقەت ئولتۇرغان يېرىدە ئولتۇرۇپ قالدى، رەنا ئەمدى ئۆچرەت ماڭا كەلدى دەپ ئورنىدىن تۇردى، ئېگىشىپ ئىسسىق قوللىرى بىلەن، تەبەسسۇملۇق يۈزلىرى بىلەن، مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى:

— ئەمدى چۈشۈپ كېتەيلى، رەپقەت، — دېدى.

رەپقەت ئورنىدىن تۇرۇپ رەناغا قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇ قەدەر ئازادە، تىنچ ئىدى. ئۇنىڭ مەنئۇيىتىدىن ئۇ بايا سۆزلىگەن ئاشۇ مەزمۇنلارنى كۆرگىلى بولمايتتى. شۇ تاپتا رەپقەت رەنانى چىڭ قۇچاقلىۋالدى، ئېگىز تاغدا قۇياش بىلەن شامالدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى، بۇ قېتىم رەپقەت ئۇنى سۆيمىدى، كۆزىنى ئۇنىڭ يۈزىگە چىڭ يېقىپ، كۆزىنى ئېچىپ يىراق تاغلارغا قارىدى، بىپايان چەكسىز ئورمانلار سۈكۈت ئىچىدە ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتاتتى.

تۆۋەندە ئاشخانىدىن چىققان مالىك ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۆز - ئۆزىگە:

— ماۋۇ ئىككىسى تاغنىڭ ئۈستىدىمۇ جۈپلىشىپ باقايلى دەپتۇ - دە، شەھەرلىك دېگەننىڭ قىلمايدىغان ئىشى يوق - دە! — دېدى.

كەچتە مالىك رەپقەتنى چاقىردى، ئىككىسى يەنە ئاشخانا ئالدىدىكى ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردى، مالىك ھېلىقى ئېشىپ قالغان يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى ئالدىغا تىكلىدى.

— بۇنى ئىچىۋېتەيلى، ئاداش، مەن يالغۇز ھاراق ئىچمەيمەن.

— مەن يالغۇز ھەممە ئىشنى قىلمەن، ئاداش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— شۇنداق ئاداش، كۆرۈۋاتىمەن، ياشاپ كېتىۋاتىسەن، بايام قارىسام داچىغا پاتماي تاغقا چىقىۋاپسەن !

— بىز شەھەرلىكلەر تاغ كۆرمەي چوڭ بولغان، شۇڭا تاغنى كۆرسەك ھاياجانلىنىپ كېتىمىز.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا ئىككىنچى خوتۇن دېگەن يەنە بىر قېتىم ئۆمۈر بېرىدىغان ئوخشايدۇ جۇمۇ، ئاداش، بايام قارىسام خوتۇنۇڭنى تاغنىڭ ئۈستىدە قۇچاقلاپ خېمىر قىلىۋەتكىلى تاس قالدىڭ. ئۆزۈمنى ئويلاپ باقسام خوتۇنۇمنى ئاشۇنداق قۇچاقلىمىغىلى بەك ئۇزاق زامان بولۇپ كېتىپتۇ جۇمۇ !

— خوتۇن كونىرىغانسېرى ئۇرۇق ـ تۇغقاندەك بولۇپ كېتىپ قۇچاقلىغۇڭ كەلمەيدىكەن، ئاداش...

مالىك كۈلۈپ كەتتى.

— بەك قىزىق گەپ قىلىسىلەر ـ ھە، ئاداش... بىراق سەن خورەك تارتمايتتىڭ، تۈنۈگۈن مۇشۇ كۆلنى كۆتۈرۈۋەتتىڭغۇ؟

رەپقەت كۈلۈپ كەتتى:

— سەمرىپ كەتتىم، ئاداش، ئادەم سەمرىگەندىن كېيىن خورەك تارتىدىغان بولۇپ قالىدىكەن.

— خورەك بالىسى ئۇنداق بولماس ـ ھە ! مەن ئۇزاقتىن بېرى مۇشۇ ساياھەت ئورنىدا نۇرغۇنلىغان خورەكلەرنى ئاڭلىغان، ئەمما بۇنداق دەھشەت خورەكنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، ئاخشام ئىتلار قاۋاپ كەتتى مۇشۇ يەردە !

— يەر تەۋرىدىما؟

— ئادەم تەۋرىدى...

رەپقەت بىلەن مالىك ئاخىر چاقچاققا چۈشۈپ كەتتى، شامال كۆل بويىدىكى سۇلارنىڭ ھېكايىسىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىلىگە ئەكېلىپ تىزىپ قويدى، مۇھىت، كەيپىيات شۇ قەدەر يېقىملىق ئىدى... قىزغىن ئىدى...

# ئون تۆتىنچى باب

## مەرھابانىڭ يىغىسى

رەنانىڭ «رىۋايەت مېھمانخانىسى» نىڭ ئاساسىي گەۋدىسى پۈتۈپ بولغانىدى، رەنا بىلەن رەپقەت قۇرۇلۇشقا مەسئۇل بولغان تېخنىكلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، ئۆيلەرنى بېزەشكە كېتىدىغان ماتېرىياللارنى كۆزدىن كەچۈردى، ھەم قۇرۇلۇشنى توختامدىكى ۋاقىت ئىچىدە پۈتكۈزۈشنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى.

مەرھابا رەنا بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقداش ئىدى. رەنا ئوقۇشقا ماڭغان يىلى ئۇمۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتكەنىدى، مەرھابا مەكتەپ پۈتكۈزۈپ كېلىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن رەنا بىلەن بىرەر سورۇنلاردىمۇ بىللە بولۇپ باقمىغانىدى، ئۇ رەنادىن قاچاتتى، ئۇنىڭ بىلەن چىقىشالمايتتى، بولۇپمۇ ئۇ كېيىن رەنا توغرىسىدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى، مانا بۈگۈن ئۇ ئىلاجسىز ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇنىڭغا ئېگىلدى، ئۇنىڭغا ھالىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى.

مەرھابا يىگىتلەرگە قوپال، كۆرەڭ قىز ئىدى، كۆزىنىڭ قارىسىغا قارىغاندا ئېيىقى جىقراق ، خاپا چىراي ئىدى، بىرەر ساۋاقدىشى ياكى مەھەللىدىكى دوستى يېڭى كۆڭلەك كىيىپ كەلسە، ئۇ ئۆزىچىلا خاپا بولۇپ كېتەتتى، بۇنداق ۋاقىتتا كۆزلىرىنىڭ قارىسى يوقاپ كېتەتتى. ئۇ بەك ئورۇق ئىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزۈن بارماقلىرىنىڭ ئۇستىخانلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، قىزلار باغقا كىرىپ سۇغا چۆمۈلگەندە، ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ قوۋۇرغىلىرىنى ساناپ ئوينايتتى. قىزلار: «ئۇنى مەرھابانىڭ يوق !»، «مەرھابانىڭ يوق !» دەپ تېرىكتۇرۇپ ئوينايتتى. ئاستا - ئاستا مۇشۇ سۆز ئۇنىڭغا لەقەم بولۇپ سىڭىپ قالغانىدى. مەكتەپتە بۇ لەقەم ئۇلارنىڭ سىنىپ تەربىيەچىسىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى بىرنەچچە قىزنى چاقىرىپ، ئۇلاردىن بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى سورىغاندا، قىزلار يەرگە قاراپ تۇرۇپ ئۇستازىغا ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېيتىپ بەرگەنىدى، ئوقۇتقۇچى ئۇلارنى قاتتىق تەنقىدلىگەنىدى: «بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق گەپنى ھەرگىز قىلماڭلار! ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بىلىپ قالسا قانداق قىلىسىلەر؟» دەپ بۇ ئىشنى باستۇرۇپ قويغانىدى. مەرھابا ھېلىھەم شۇنداق ئورۇق ئىدى، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن بىر خىل نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى. رەنا بىر كۈنى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ: «يېگەن نېنىڭىمۇ ئىچى ئاغرىيدۇ بۇ قىزنىڭ» دېگەنىدى. بۇ گەپ مەرھابانىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن ئۇ رەنادىن تېخىمۇ رەنجىپ كەتكەنىدى.

لېكىن، رەنا ئۆزىنىڭ تويىدا بىر چوڭ ئۆزگىرىشنى كۆرگەنىدى: ئۇ ھەرقاچان كەلمەيدۇ، شۇنداق بولسىمۇ ئۆزۈمنىڭ ساۋاقدىشىم، تويۇمدىن خەۋەر تېپىپ قالسۇن، دەپ مەرھابا ۋە ئاشۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزىگە تەتۈر قاراپ يۈرىدىغان بىرنەچچە ساۋاقداشلىرىغىمۇ باغاق يازغانىدى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى تويغا كەلگەنىدى، ناھايىتى قىزغىن ھالدا ئۇنى مۇبارەكلىگەنىدى، رەنا كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇلارغا رەھمەت ئېيتقانىدى. ئىچىدە: «مەيلى راست كۆڭلى بولسۇن ياكى يالغان كۆڭلى بولسۇن، ئىشقىلىپ، تويۇمغا كەپتۇ» دەپ خۇشال بولغانىدى. چۈنكى، مەرھابا باشچىلىقىدىكى ئاشۇ قىزلار مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يىللىرى ئۇنىڭ كەينىدىن بەك جىق گەپ تاپقانىدى: « رەنا دېگەن ساراڭنى ئەركىن بىلەن يۈرۈۋاتىدۇ دەپ

ئاڭلىدۇق، ئەمچەكلىرى پومپىيىپ چىقىپلا قاپتۇ، چوقۇم بىرنېمە قىلىشۇەتتى ئۇ ساراڭنى، مەن چوڭلاردىن ئاڭلىغان، ئەمچەككە ئوغۇل بالىنىڭ قولى تېگىپلا كەتسە ئاشۇنداق يوغىناپ كېتىدىكەن» دەپ ئۇنى سىپىستىقانىدى. بۇ سۆزلەر رەنانىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن، رەنا ئۈچ ئالىدىغان پۇرسەت كۇتكەنىدى، بىر كۈنى كەچتە سىنىپتا ئۇلارنىڭ گۇرۇپپىسى دىجورنى بولۇپ قالدى، رەنا مەرھابا بىلەن بىر گۇرۇپپىدا ئىدى. رەنا مەرھابانى قاتتىق تىللىدى، ھەتتا ئۇنى يىغلىتىۋەتكەنىدى، «چېچىڭنى بىر تالدىن ـ بىر تالدىن يۇلىمەن قوڭتىغا تەپسە ئۇستىخانلىرى شاراقشىيدىغان ئاۋاق، بىرسى مېنىڭ ئەمچىكىمنى ئوينىغاندا سەن كىمنىڭ تېگىدە ئىدىڭ، ئوينىسا مېنىڭكىنى ئويناپتۇ، ساڭا نېمە دەز كەتتى، سېنىڭكىنى مۈشۈك يەۋالغانما ياكى بىلىقىقا بېرىۋەتكەنمىدىڭ؟ !» دەپ ئۇنى ئىغىز ئاچۇرمىغانىدى. شۇ كۈنى مەرھابا يىغلاپ سومكىسىنىمۇ ئالماي ئۆيىگە كەتكەنىدى. مانا بۇ ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىشلار ئىدى. يىللار بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ساندۇققا سېلىۋەتكەن بىلەن، ئۇ رەنا بىلەن مەرھابانىڭ خاتىرىسىدىن ئۆچمىگەنىدى.

شۇ كۈنى رەنانىڭ تويىدا قىزلار رەنانىڭ غەيۋىتىنى قىلىشىپ: «مۇشۇ كۈندە رەناغا ئوخشاش نايناقلارنىڭ تەلىيى كېلىۋاتىدۇ، نېمە دەيمىز ئەمدى، ئار ـ نومۇسنى قايرىپ قويۇپ رەسۋا بولۇپ يۈرسە يەنە شۇلارنىڭ گېپى راست بولۇۋاتىدۇ، ئامىتى كېلىۋاتىدۇ» دەپ ئولتۇرغاندا، مەرھابا ئۇلارنىڭ گېپىگە رەددىيە بەرگەنىدى: «ئۇنداق دېمەڭلار، رەنا يامان قىز ئەمەس، ئۇ بىزگە ھېچقانداق يامانلىق قىلمىغان، بىز ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلساق بولمايدۇ» دېگەنىدى. قىزلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ: «بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى؟ مەرھابا باشقا بىر ئادەم بولۇپ قاپتىغۇ ! بۇرۇن رەنانىڭ گېپى چىقسا بولغۇچە ئاغزىنى بۇزۇپ بولاتتى، مانا ئەمدى ئۇنىڭ گېپىنى قىلغىلى تۇرۇپتىغۇ؟» دەپ ھەيران قالغانىدى.

مەرھابا رەنا بىلەن بىر ئاشخانىدا كۆرۈشتى، مەرھابا بىرمۇنچە تائام بۇيرۇتقانىدى، رەنا قورسىقىم توق دەپ ھېچنېمە يېمەي ئولتۇردى، ئۇ مەرھابانىڭ دېمەكچى بولغان ئىشىنى بىلگۈسى بار ئىدى. مەرھابا تامىقىنى چالا يەپ، ئۇنىڭغا دەردىنى تۆكۈپ بەردى:

— ئېرىمدىن ئاجرىشالمايۋاتىمەن، ئاداش، سېنىڭ قولۇڭدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ، ماڭا بىر ياردەملەشكەن بولساڭ! — دېدى ئۇ، ئارقىدىن يىغلاپ كەتتى.

— بىر ئىش بولغانما؟ — دېدى رەنا ئۇنىڭ تېخىمۇ سەتلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ.

— چوڭ ئاپامنىڭ قىزى ئۆيدە بالامنى بېقىپ بېرىۋاتاتتى، ئۇ ئىپلاس ئاشۇ قىزغا چېقىلىپ قويۇپتۇ...

— ھە ...

— جېدەل چىقىپ كەتتىما؟

— ياق، ئۇ قىزغا بىرنېمىلەرنى ئېلىپ بېرىپ ئاغزىنى ئەتتى...

— ھە ... ئىككى بالاڭ بار ـ ھە؟!

— ھەئە.

— ئۇلارنى يېتىم قىلماقچىما؟

— نېمە بولسا بولسۇن، رەنا، مېنىڭ ۋىجدانىم كۆتۈرمەيۋاتىدۇ...

رەنا گەپ قىلمىدى، ئۇ مەرھابانىڭ كۆكسىگە قارىدى، ئۇنىڭ كۆكسى يەنە شۇنداق بىچارە، نامرات، كۆرۈمسىز ئىدى، ئۇ يەردە قولغا چىققۇدەك بىرنەرسە يوق ئىدى.

«بۇ بىچارىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپتۇ ـ دە!» دېدى رەنا ئىچىدە.

— ماڭا ياردەم قىل ئاداش، بىر يول كۆرسەت، جامال دېگەن بۇزۇق ئاجراشمايمەن دەپ تۇرۇۋېلىپ بارىدۇ، سوتقا ئەرز قىلاي دېسەم سەت، ھەممە ئادەم بىلىپ كېتەرمىكىن دەپ

ئەنسىرەيمەن...

— بۇ بىر تەس ئىش ئىكەن، مەرھابا، جامال ئاجىراشمايمەن دېسە ئۇنى قايىل قىلماق تەس ئوخشايدۇ، ئەمىسە ئالدىرىما، بوگۇنچە گەپ مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، مەن بەش - ئون كۈندىن كېيىن ساڭا بىر تېلېفون بېرەي، شۇ چاغدا بىر ئامال بولۇپ قالار! — دېدى رەنا.

— ماقۇل ئەمىسە، ئاداش، ئەمدى بۇ ئىشتا سەندىن باشقا ئادەم ماڭا ياردەم قىلالمايدۇ، مېنى بىر خاتىرجەم...

— جامال نېمىشقا ئاجراشقىلى ئۇنىمايدۇ؟ — دېدى رەنا ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— بالامنى يېتىم قىلمايمەن دەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن نېمىشقا ئۆيگە قىچقىچى بار بىر قىزنى بالا باقتۇرغىلى ئەكېلىسەن دەپ سارائىلىق قىلىۋاتىدۇ.

— ھە ... ئۇ قىز قانچە ياشلاردا بار ئىدى؟

— يىگىرمە ياشتىن ئاشقان قىز ئىدى.

— ئۆزى ناينىاقراق قىزمىتى؟

— ئەمدى كىچىك بولغاندىن كېيىن ئەركىلەپ قويغان بولغىيدى! — دېدى مەرھابا رەناغا قاراپ.

— سېنىڭ دېگىنىڭ توغرا، ئاداش، بىراق مۇشۇ ئەر خەق دېگەن قىز بالىنىڭ ئەركىلىگىنىنى توغرا چۈشەنمەيدۇ، ئۇ قىز ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

— بىر ئاشخانىدا ئىشلەۋاتىدۇ!

— ئۆزى قىزمىكەن يا؟

— ئۇنى مەن قانداق بىلىمەن، ئاداش!

— ئۆزى جېدەل قىلمىدىما؟

— غېمىدە يوق يۈرىدۇ!

— ھە، بولدى، چۈشەندىم ... مۇشۇنداق قىلايلى، ئاداش، مەن ساڭا بەش كۈندىن كېيىن تېلېفون بېرەي، — دېدى رەنا.

— ماقۇل ئەمىسە، ئاداش، مەن تېلېفونىڭنى كۈتىمەن!

— تائاملارنى بالىلىرىڭغا ئېلىۋال ئاداش، ئىسراپ بولۇپ كەتمىسۇن، — دېدى رەنا. ئۇ كۆتكۆچى قىزنى چاقىرىپ ئېشىپ قالغان تاماقلارنى سولياۋ خالتىغا سالغۇزدى.

ئۇلار ئاشخانىدىن چىقتى، رەنا مەرھابا بىلەن خوشلىشىپ ماشىنىنىڭ قېشىغا كەلدى، رەپقەت ئۇنىڭغا يەنە بۇرۇنقى ماشىنىسىغا ئوخشاش قىلىپ بىر قىزىل ماشىنا ئېلىپ بەرگەنىدى، ئۇ ماشىنىنى ھەيدەپ چوڭ يولغا چىقتى.

«بۇ جالاپقا يىغلاپ يۈرۈپ ئىشىمنى پۈتكۈزۈۋالمىسام بولمايدۇ» دېدى مەرھابا رەنانىڭ كېتىۋاتقان ماشىنىسىغا قاراپ تۇرۇپ.

ئارىدىن بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مەرھابا ئولتۇرالماي رەناغا تېلېفون بەردى. رەنا ئۇنى ئۆزىنىڭ تاللا بازىرىدىكى ئىشخانىسىغا چاقىردى، مەرھابا ئىشخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ، ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ، پالكۆزى بىلەن رەناغا قارىدى.

— يەنە ئاجرىشىمەن دەمسەن، ئاداش؟ — دېدى رەنا.

— ئاجرىشىمەن، ئاداش، يۈز يىلدىن كېيىنمۇ ئاجرىشىمەن...

— مەرھابا، ئاداش، بۇنى بەك چوڭ ئىش قىلىۋاپسەن، ئەسلىدە بۇ ئۇنچىلىك بىر چوڭ ئىشمۇ ئەمەس ئىكەن، بۇ ئىشنى باشقا يول بىلەنمۇ بىر تەرەپ قىلغىلى بولاتتى، مۇشۇنداق بىر كىچىك ئىشنى دەپ ئاجرىشىمەن دېسەڭ، ساڭا ئەر توشۇمايدۇ، بالاڭنى يېتىم قىلمىساڭ بولاتتى، مەيلى ياخشى، مەيلى يامان بولسۇن ئاخشاملىرى ئىسسىق قۇچاقلاپ ياتاتتىڭ ئەمەسمۇ!

— ئاشۇ بۇزۇقنىما؟

— ئۇنداق دېمە، ئاداش، خاتالىقنى تونۇسا بولىدىغۇ، توۋا قىلسا بولىدىغۇ! سەن ھەممە ئىشنى جامالدىن كۆرسەڭ بولمايدۇ، ھازىرقى ئەرلەرنىڭ قايسىبىرى ساراڭ ئەمەس! ئۇنى يولغا سېلىپ بىرسىگە تېگىسەن ھەرقاچان، ئۇنىڭمۇ توت كۈندە بىر ئەيىبى چىقىدۇ، بۇ يول بىلەن ماڭساڭ جېدەل تۈگىمەيدۇ. ئۇ

قىلغاننى سەنمۇ قىلمامسەن؟ ساڭا بىرسىنى تېپىپ بېرەي، ئۆيدە جامالنى قورقۇتۇپ ئالىيىپ ـ ئالىيىپ قويىسەن، تالادىكىسى بىلەن پەيزى قىلىپ ئۆيەر ـ بۆيەردە ئوينىاپ تۇرىسەن، كۆڭلىڭ كۆكلۈك ئۆتىدۇ، بالىلىرىڭمۇ يېتىم بولمايدۇ...

— توۋا دە، ئاداش، مۇشۇنداق ئىشنى مېنىڭ ۋىجدانىم كۆتۈرەرمۇ؟

— بۇ ئىشقا ۋىجدان كەتمەيدۇ، مەرھابا، مېنىڭچە، سەن جامال بىلەن ئاجرىشىمەن دەپ ئالدىرىما، ئۇ ھازىر سېنىڭ قولۇڭدا، سەن ئۆيگە بېرىپ مېنىڭ مۇشۇ گەپلىرىمنى ئويلاپ باق، ئادەم دېگەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ھەرقانداق ئىشقا ئالدىراپ كەتسەك بولمايدۇ. يەنە بىر ئۇسۇل: سەن ئۇنى كەچۈرۈۋەت، بۇنى بىر چۈش، بىر قېتىملىق ئالدىنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن قارا بوران دەپ بىلىپ، ئۆزۈڭنىڭ مۇشۇنداق ئىشلارغا بولغان قارىشىڭنى يېڭىلاپ باق، شۇ ۋاقىتتا سەن بىر يول تېپىپ كېتىسەن، يېنىكلىشىپ قالىسەن، كاللاڭ ئازاد بولىدۇ، يېڭى بىر باغقا كىرىپ قالىسەن...

— ئۇنداق دېمە، ئاداش، مەن بۇ ئىشنى ئويلاشمايمەن، مەن يىلدىمۇ ئاجرىشىمەن، بەك پەس نەرسە ئىكەن ئۇ، تالادا نېمە قىلسا ئۆزىنىڭ ئىشى، مۇشۇ تۇز يەۋاتقان ئۆيدە نېمە ئۈچۈن مېنىڭ چوڭ ئاپامنىڭ قىزىنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ؟!

— چاندۇرۇپ قويۇپتۇ ـ دە، بىچارە، — دېدى رەنا كۈلۈپ.

— ماڭا ھازىر چاقچاق قىلساڭ بولمايدۇ، ئاداش، ھېلى يىغلىۋېتىمەن! — دېدى مەرھابا، ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتتى.

— ئەمىسە مەن يەنە بىر ئويلىشىپ باقاي، ئاداش، — دېدى رەنا.

— جامال بىلەن مىڭ يىلدىن كېيىنمۇ ئاجرىشىمەن! ئۇ مېنى مۇشۇنداق دەپسەندە قىلىسىمۇ مەن يەنە ئۇنىڭ بىلەن بىر

قازاننى قاينىتامدىم؟ ئۇنىڭ بىلەن بىر تەكىيىگە باش قويامدىم؟ ئەر ـ خوتۇنچىلىق ئۇلۇغ ئىش بۇ، رەنا. بۇنداق تۇرمۇشقا قىل ئارىلاشسا بولمايدۇ، بىر ئۆمۈر تۇل يۈرىمەن، جەننەتكە ئەكىرىپ قويسىمۇ ئەر دېگەن مۇناپىقنىڭ قولىنى تۇتمايمەن! سەن ئويلاپ باقمامسەن، جامال دېگەن لاتا ئۆزىنىڭ يۈندىسىنى تۆكۈپ مالايلىقىنى قىلىۋاتقان بىر قىزنى دەپسەندە قىلدى ـ ھە ! ئۇ ئادەمما ؟

مەرھابانىڭ ئاجرىشىش ئىرادىسى بەك كۈچلۈك ئىدى، ئەسلىدە رەنا ئۇنى مۇشۇنداق ئۇسۇللار بىلەن پەسەيتىپ قويماقچى بولغانىدى، بالىسىنى يېتىم قىلمىسۇن، كەلگۈلۈك سەبىيلەرگە كېلىپ قالمىسۇن، دېگەن ئويغا كەلگەنىدى، ئۇ مەرھابانىڭ جاھىللىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنىڭ ئىسىگە بىر ئوي كەلدى:

— ئەمىسە مۇنداق قىلايلى، مەرھابا، مەن ساڭا جامال بىلەن بىر قىزنىڭ كارىۋاتتا ياتقان بىر پارچە سۈرىتىنى قولغا چۈشۈرۈپ بېرەي، سەن شۇ سۈرەتنى دەسمايە قىلىپ ئۇنى قورقات، ئەگەر مەن بىلەن ياخشىلىقچە ئاجرىشىپ كەتمىسەڭ، مۇشۇ سۈرەتنى ئىدارەڭگە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭغا، جەمەتىڭگە، ئەل ـ ئاغىنىلىرىڭگە تارقىتىۋېتىمەن دەپ ئۇنى قورقات، شۇ ۋاقىتىدا جامال بوشاپ قالىدۇ...

مەرھابانىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

— مەن دېدىمغۇ، ئاداش، سەندە ئامال ـ چارە بار دېدىمغۇ ! — دېدى مەرھابا خۇشال بولۇپ، ئۇ بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى.

— ئەمىسە شۇنداق قىلىمىزما؟

— شۇنداق قىلايلى، ئاداش، مۇشۇ ئۇسۇلۇڭ بولىدىكەن...

— ئەمىسە بۇ ئىشنى ئىنسانغا تىنمايسەن، ئاداش، يامان ئىش بۇ، بىرسى بىلىپ قالسا ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ.

— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول، ئاداش، مەن ئۆزۈمنىڭ

قازىنىغا توپا چاچمايمەن.
— ئەمىسە بۇ ئىشنى مۇشۇنداق قىلايلى ئاداش، ھېچقانداق ئادەمگە مېنىڭ ئىسمىمنى چىقارما، ئۆزۈڭگە چىڭ بول، — دېدى رەنا مەرھاباغا قاراپ.
— خاتىرجەم بول، ئاداش ! — دېدى مەرھابا.
ئۇ رەنا بىلەن خوشلىشىپ ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى. رەنا قول ئاستىدىكى قىزلارنىڭ باشلىقىغا تېلېفون بەردى، مۇنىرە بىر سائەت ئىچىدە رەنانىڭ ئىشخانىسىدا پەيدا بولدى، ئۇ كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ: «قانداق يوليورۇق بار، رەنا ھەدە؟» دېدى.
مۇنىرە كېلىشكەن قىز ئىدى، ئۇنىڭ بويى ئادەتتىكى قىزلارنىڭ بويىدىن سەل ئېگىز ئىدى، بۇ ئۇنى تېتىك، روھلۇق قىلىپ كۆرسىتەتتى، شوخ كۆزلىرى توختىماي ئويناپ تۇراتتى، چېچىلىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن چاچلىرى يېرىم ئېچىلىپ تۇرىدىغان كۆكسىنى يېپىپ تۇراتتى، ئېچىلىپ تۇرىدىغان ئاغزى بەك ئوماق ئىدى.
— سىز پۈتكۈزىدىغان بىر ئىش چىقىپ قالدى، مۇنىرە، ئەركىن بازاردا بىر ماي ئىسكىلاتى بار بىلەمسىز؟
— بىلىمەن.
— شۇ ئىسكىلاتتا ئىشلەيدىغان جامال دېگەن بىر ئادەم بار...
— جامال سوسكا دېگەن ئادەمما؟
— جامال سوسكا دەمسىلەر ئۇنى؟
— ئۇ يەردە بىرلا جامال دېگەن ئادەم بار، لەقىمى سوسكا ! — دېدى مۇنىرە باشلىرىنى ئويىنىتىپ تۇرۇپ.
— ئۇنىڭ ئايالىنى بىلەمسىز؟
— بىلىمەن، مەرھابا گۇتۇ دېگەن چوكان !
— مەرھابا گۇتۇ، ئۇنىڭ لەقىمى گۇتۇمىكەن؟
— ئىدارىدىكىلىرى شۇنداق دەيدىكەنغۇ !
— ھە، بولدى، ماڭا شۇ جامالنىڭ سىلەرنىڭ بىر قىز بىلەن

ھەپىلىشىۋاتقان ھالەتتىكى بىر پارچە سۈرەتنى كىرەك بولۇپ قالدى، سىز بۇ ئىشنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇڭ، جامالنى قولغا چۈشۈرۈڭلار، سۈرەت تارتقاندا ئۇ بىلىپ قالمىسۇن...
— خاتىرجەم بولۇڭ، رەنا ھەدە، مەن جامالنىڭ ئىپپىنى بىلىمەن، — دېدى مۇنىرە.
— ئەمىسە ماۋۇ كونۋېرتنى سومكىڭىزغا سېلىڭ، ئىچىدىكى پۇلنى مۇشۇ ئىشقا ئىشلىتىڭلار، — دېدى رەنا قولىنى مۇنىرەگە تەڭلەپ.
— ماقۇل، — مۇنىرە رەنانىڭ قولىدىكى كونۋېرتنى ئالدى.
— ئەمىسە بېرىپ ئىشىڭىزنى قىلىڭ، مۇنىرە، ئېسىڭىزدە بولسۇن، بۇ ئىشنى ھېچقانداق ئادەمگە تىنماڭ! — دېدى رەنا.
— ماقۇل، رەنا ھەدە! — دېدى مۇنىرە، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ رەنا بىلەن خوشلاشتى.
رەنا ئۈستەلدىكى تېلېفوننىڭ قېشىدا تۇرغان كالېندارنى قولىغا ئالدى، ئاندىن ئۇنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ توي قىلغان كۈنىگە ئەكەلدى، ئۇ شۇ ۋاقىتتا ئۇزاقتىن - ئۇزاقىچە قاراپ ئولتۇردى. ئۇ ئەسلىدە مەن بىر ئۆمۈر توي قىلمايمەن دېگەن مەقسەتتە ياشاپ كەلگەنىدى، لېكىن مۇشۇ يىلغا كەلگەندە ئۇ رەپقەتنىڭ توي تەلىپىگە تەسلىم بولۇپ، ئۇنىڭغا خوتۇن بولۇپ بىر ئۆينى تۇتۇپ ئولتۇردى. ئەمەلىيەتتە ئۇ مۇشۇنداق بىر قارارغا كېلىش ئۈچۈن ئۆزى بىلەن جىق كۆرەش قىلغانىدى، توي قىلىپ رەپقەتنىڭ تىنىقىنىڭ كەينىدە يۈرۈشىنىڭ ئۆزى ئەركىنلىكىنى قۇربان قىلىش ئىدى، لېكىن مۇنداق يوقىتىشىنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ بار ئىدى، بۇنىڭدا رەپقەتنىڭ مەبلىغىدىن پايدىلانغىلى بولاتتى. رەنا مۇشۇنداق زىددىيەت ئىچىدە چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ رەپقەت تاشلىغان قارماقنى چىشلىگەنىدى، مانا ئۇ ئەمدى رەپقەتكە قانۇنلۇق خوتۇن بولۇپ ئۇنىڭ كۆلەڭگىسىدە يۈرىدىغان بولغانىدى.
دەل شۇ ۋاقىتتا، ئۇنىڭ يانفونى سايرىدى، ئۇ ئادىتى بويىچە

يانفوندا كۆرۈنۈۋاتقان قارشى تەرەپنىڭ نومۇرىغا قارىدى، تېلېفون ھېلىقى مۇھىم ئەربابتىن كەلگەنىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى قۇلۇپلىۋەتتى، ئاندىن ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، يانفوننىڭ كۇنۇپكىسىنى باستى. قارشى تەرەپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن، رەنا ئويناقشىپ تۇرۇپ ئەرباتىن ئەھۋال سورىدى، ئۇنىڭ بار يېرىنى بىلدى، ئاخىر: ماقۇل ھازىر بارىمەن، دەپ يانفوننى ئېتىۋەتتى، ئاندىن يانفوننى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، سومكىسىنى قولىغا ئالدى. ئۇ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن رەپقەتكە تاقابىل تۇراتتى، يانفونۇمنى ئىشخانامدا ئۇنتۇپ قاپتىمەن، شۇڭا سىز بىلەن ئالاقىلىشەلمىدىم، دەپ ئۇنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سالاتتى.

رەنا ئىشخانىدىن چىقىپ، ماشىنىسىنى ھەيدەپ شەھەردىكى چوڭ تاللا بازىرىغا كەلدى، ئۇنىڭ ماشىنىسىنى شۇ يەرگە توختىتىپ قويۇپ، ئاندىن تاكسىغا چۈشۈپ ئاشۇ ئەرباب كىرىپ ياتقان ئالىي مېھمانخانىغا كەلدى. ئۇ ئونىنچى قەۋەتكە چىقىپ ئون سەككىزىنچى ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ كۇنۇپكىسىنى باستى، ئىشىك ئاستا ئېچىلدى، ئىچىدىكى ئادەم ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قويۇپ ئۆزى كەينىگە ياندى، رەنا ئىشىكنى ئېچىپ كىردى ـ دە، ئىشىكنى يېپىپ قويدى. ئەرباب ئۇنى كۆرۈپ كۈلدى، رەنا ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ئاندىن كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ ئەھۋاللاشتى.

ئەربابنىڭ كۆزلىرى رەنانى كۆرۈپ جانلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ رەناغا بەك تونۇش بولغان ئىككى ئالتۇن چىشى پارقىراپ تۇراتتى، ئەرباب يۇمشاق قولى بىلەن رەنانىڭ ئىسسىق قولىنى تۇتتى:

— توي قىلىۋېلىپلا مېنى تاشلىۋەتتىڭىزغۇ، رەنا؟ — دېدى ئەرباب. ئۇنىڭ ئاۋازى سازلىقتىكى كالىلارنىڭ مۆرەشلىرىدەك قوپال ئىدى، لېكىن رەنا بۇ ئاۋازغا كۆنۈك ئىدى، ھەم بۇ ئاۋازنى

ياخشى كۆرەتتى.

— ئۆزىڭىز بىلىسىز، سىز مېنى سىزگە بىۋاستە تېلېفون بېرىشتىن چەكلىگەن، شۇڭا سىز بىلەن ئالاقىلىشەلمىدىم، — دېدى رەنا كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

— شۇنداق، مەن ئالدىراش بولۇپ كەتتىم، مانا بۈگۈن بىر ۋاقتىم چىقىپتۇ، سىزنى بەك سېغىندىم، قوزام، — دېدى ئەرباب رەنانىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ.

— مەنمۇ سىزنى سېغىندىم، سىزگە دەيدىغان گەپلىرىم يىغىلىپ قالغاندى، بىنايىم پۈتەي دەپ قالدى، قالغان ئىشلىرىم جايىدا، رەپقەت ھەممە ئىشتا مېنىڭ ئاغزىمغا قاراپ تۇرىۋاتىدۇ.

— ياخشى، بىنانىڭ ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇڭ، بىناغا كېتىدىغان ماتېرىياللارنى ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ ئاينىڭ ئىچىدە ئېلىۋېلىڭلار، ئىككى - ئۈچ ئايدىن كېيىن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسى ئۆرلەيدىغان ئوخشايدۇ، خەققە تىنماي ئۆزىڭىز بىلىڭ، رەپقەتكىمۇ گەپ قىلماڭ، ھەم ئۇنىڭغا مېنى تونۇمايمەنمۇ دېمەڭ، ئۆزىڭىزگە چىڭ بولۇڭ! — دېدى ئەرباب.

— ماقۇل، — دېدى رەنا كۈلۈپ، — مەن ئازراق چاي قايناتاي - ھە!

رەنا ئورنىدىن تۇرۇپ تېلېۋىزورنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇ توك چەينەكنى قولىغا ئېلىپ تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ سۇ قاچىلاپ چىقتى، ئاندىن ئۇنى توكقا ئۇلاپ قويدى.

رەنا ئەربابنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئەرباب كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى، رەنا پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا ماسلىشىۋاتاتتى، ئەرباب ئۇنى قويىۋېتىپ كۆزىگە قارىدى، ئاندىن ئۇنىڭ يۈزىدىكى قىزىل چېچەككە قارىدى، ئاشۇ قىزىل چېچەككە چوكىدە بىرنى سۆيۈۋالدى.

— چاي قايندى، مەن بېرىپ چاي دەملەي! — دېدى رەنا. ئۇ سومكىسىنى ئېچىپ بايا ئىشخانىسىدىن چىقىش ئالدىدا ئېلىۋالغان ئەرباب ياخشى كۆرىدىغان چاينى چىقىرىپ،

ئىستاكانغا چاي دەملىدى، ئاندىن يەنە ئىستاكانغا قايناق سۇ قۇيۇپ ئەربابنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويدى.

— ئازراق چاي ئىچىۋېلىڭ، — دېدى رەنا ئەربابقا قاراپ، ئاندىن ئۇ سومكىسىدىن بايا چاي بىلەن بىللە ئېلىۋالغان بىر تال دورىنى ئېلىپ، ئەربابنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— بۇ دورىنى ئىچىۋېلىڭ، ئادەمنى ياشارتىدىغان دورا بۇ، — دېدى رەنا. ئاندىن ئىستاكاندىكى قايناق سۇنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئۇ ھەر دائىم ئەرباب بىلەن كۆرۈشكەندە ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن داڭلىق قۇۋۋەت دورىسىنى ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىدىغان دورا، ئادەمنى ياشارتىدىغان دورا دەپ ئۇنىڭغا ئىچۈرۈۋېتەتتى، ئەرباب ھە دەپ قويۇپ ئىچىۋېرەتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىچىۋاتقان دورىسىنىڭ قانداق دورا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

— ئەمسە كارىۋاتتا بىردەم يېتىپ دەم ئېلىڭ، مەن پۇت - قوللىرىڭىزنى تۇتۇپ ئۇۋۇلاپ قوياي، — دېدى رەنا. ئۇ ئەربابنىڭ كۆڭلىكىنى سېلىپ، ئۇنى كارىۋاتتا ياتقۇزۇپ ئۇنىڭ بېلىنى تۇتۇشقا كىرىشتى. ئەربابنىڭ گۆشلۈك بەدىنى رەنانىڭ قوللىرىدا راھەتلىنىۋاتاتتى، رەنا كۈچەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ گەجگىسىنى ئۇۋۇلاپ قويدى، ئەرباب راھەتلىنىپ ئىنجىقلاشقا باشلىدى، ئاندىن رەنا قوللىرىنى ئۇنىڭ بېلىكىگە يۆتكىدى، توم، گۆشلۈك بىلەكلىرى رەنانىڭ قول ئاستىدا قىزىرىپ جانلىنىشقا باشلىدى. رەنا ئۇنىڭ بارماقلىرىنى بىر - بىرلەپ ئۇۋۇلاپ سوزۇپ - تارتىپ دېگەندەك قولىنى تېخىمۇ يېنىكلەشتۇرۇپ قويدى. رەنا ئۇھ دەپ بىر دەم ئېلىۋېلىپ، ئارقىدىن ئۇنىڭ يوغان پۇتلىرىنى تۇتۇشقا كىرىشتى، رەنا ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئۇنىڭ پۇتلىرىنىڭ بوغۇملىرىنى ئۇۋۇلاپ يۇمشىتىپ، ئەربابنى ئۇخلىتىپ قويدى، ئۇ ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ھېرىپ كارىۋاتتا ياتتى، ئاندىن ئەربابقا قاراپ:

— ئۇخلاپ قالدىڭىزمۇ يا؟ — دېدى.

ئەرباب گەپ قىلماي جىم ياتاتتى، رەنا ـ پۈت قولىنى سۇنۇپ بىردەم ئارام ئېلىۋالدى، ئۇزاق ئۆتمەي ئەرباب كۆزىنى ئاچتى، ئۇ ئۆرۈلۈپ رەناغا قارىدى:

— ئۇخلاپ قاپتىمەن ـ دە، رەنا، سىز بەدەن تۇتۇشقا بەك ئۇستا جۇمۇ، ئەگەر مۇمكىن بولسا، سىزنى يانچۇقۇمغا سېلىپ يېنىمدىن ئايرىمايتتىم!

— مەن سىزنىڭ يانچۇقىڭىزغا پاتمىغان بىلەن يۈرىكىڭىزگە پاتىمەن، مەن ھەر دائىم سىزنىڭ يۈرىكىڭىزدە! — دېدى رەنا قاشلىرىنى ئوينىتىپ.

— شۇنداق، رەنا، سىز مېنىڭ يۈرىكىمدە! — دېدى ئەرباب كۈلۈپ، شۇ تاپتا ئۇ قىزىق قايناق سۇ بىلەن ئىچكەن ھېلىقى دورا ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئوت چىقىرىۋەتكەنىدى، ئۇ يوغان قولىنى رەنانىڭ تونۇش كۆكسىگە ئۇزارتتى...

بىنانىڭ ئىچى ئۇزاققا بارماي تەۋرەشكە باشلىدى، جاڭگال تەرەپتىن كەلگەن شامالمۇ ھە ـ ھۇ دېيىشىپ بىرىنىۋاتاتتى، شامالنىڭ ئوينىتىشلىرى بىلەن، ئېگىز بىنا شۇ زامان ئاددىي بىر ئۆيگە ئايلاندى. بۇ رەنا تۇغۇلغان بىر ئېغىزلىق كونا ئۆي ئىدى، ئاندىن بۇ ئۆي ياخشىلار مەھەللىسىدىكى بىرنەچچە ئېغىز ئۆيلەرگە ئايلاندى، باغدا باھارغا ئۇلگۇرۈپ كېلىدىغان ئازدۇرغۇچى، جان باقار، مەنمەنچى بۇلبۇلمۇ بار ئىدى، ئاندىن رەنا ئۆزىنى ئەربابىنىڭ ياتىقىدا كۆردى، ئۇ بەزىدە قۇياش ئاستىدا، بەزىدە قاراڭغۇدا ئۇنىڭ ھېكايىسىگە ماسلىشاتتى، ۋاقىت، شامال، قۇياش ھەممە نەرسىلەرنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىپ كېلىۋاتاتتى، پەقەت ئەرباب بىلەن رەنانىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئۆزگەرتەلمىدى...

ئەتىسىدىن باشلاپ رەنا بىنانىڭ ئىشلىرى بىلەن بولدى، ئۇ بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدە تولۇق قۇرۇلۇش مەيدانىدا بولدى، ئەربابىنىڭ كۆرسىتىشى بويىچە ئالىدىغان ھەممە ماتېرىياللارنى ئېلىپ ئىسكىلاتقا بېسىۋالدى، ئۇ رەپىقەتكە: «ئېلىۋالايلى،

رەپقەت، مال باھاسى ئۆسىدىغاندەك قىلىدۇ» دېدى. رەپقەت ئىچىدە: «بۇ خوتۇن ھەممە ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ» دېدى.

رەنا ئەتىگەندە تاللا بازىرىدىكى ئىشخانىسىغا كېلىپ تۇرۇشىغا، مۇنىرە بىرمۇنچە غەيرىي پۇراقلار بىلەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا پەيدا بولدى، بۇ پۇراقلارنىڭ ئىچىدە باغدىكى ۋە تاغدىكى ئەرلەرنىڭ ھەم بازاردا سەن ئەمەس، مەن دەپ يۈرىدىغان پوپاڭ ئەرلەرنىڭمۇ تەرلىرى ئارىلاشقان ھىدلىرى بار ئىدى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ رەنا بىلەن ئامانلاشتى، ئاندىن قولىدىكى سۈرەتلەرنى ئۇنىڭغا بەردى، بۇ رەنا بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئورۇنلاشتۇرغان جامالنىڭ ھېلىقىدەك ئىشى ئۈستىدىكى سۈرەتلىرى ئىدى. رەنا سۈرەتلەرنى قولىغا ئېلىپ كۆردى، سۈرەتلەر ئوخشىمىغان ئورۇندىن تارتىلغان بولغاچقا، ھەربىر سۈرەتنىڭ ئالاھىدىلىكى روشەن ئىدى، رەنا مۇنىرەنى يولغا سالدى.

— ئەمىسە بۇ ئىشنى ئىنسانغا تىنمايسىز، مۇنىرە، بولمىسا ئۆزىمىزگە ئىش تېپىۋالىمىز.

— خاتىرجەم بولۇڭ، رەنا ھەدە، مەن ھەرگىز سىزگە ئىش تېپىپ بەرمەيمەن!

رەنا مۇنىرەنى ئۇزىتىپ قويدى.

رەنا ئالدىدىكى سۈرەتلەرنى بىر كونۋېرتقا سېلىپ قويۇپ، مەرھاباغا تېلېفون قىلدى، مەرھابا يېرىم سائەتنىڭ ئىچىدە رەنانىڭ ئىشخانىسىغا ئۇندى. رەنا كونۋېرتنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، مەرھابا كونۋېرتنىڭ ئىچىدىكى سۈرەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، بىر ھازا چالۋاقاپ كۆز يېشى قىلدى. كېيىن رەناغا رەھمەت ئېيتتى.

— ساڭا رەھمەت، ئاداش، ئاخىرقى ھېسابتا ماڭا يەنە سەن ئەسقاتتىڭ، مانا ئەمدى مەن بۇ رەسىملەر بىلەن جامالنىڭ ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقىۋېتىمەن، ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا تونۇتىمەن!

— لېكىن، ئاداش، سەن بۇ ئىشنى ھېچقانداق ئادەمگە

تىنماسلىقنىڭ كېرەك.

— ئۇ شۇنداق ئاداش، مەن ساڭا ئىش تېپىپ بېرەمدىم ؟

— ئېسىڭدە بولسۇن، ئەگەر كېيىن جامال بىلىپ قالغان ھالەتتىمۇ، بۇ ئىشنى مەن قىلمىدىم دەپ تېنىۋالىمەن.

— خاتىرجەم بول، ئاداش، ئۇنچىلىك قالايمىقانچىلىق بولۇپ كەتمەيدۇ، — دېدى مەرھابا، ئۇ قولىدىكى سۇرەتلەرنى سومكىسىغا سېلىپ، سومكىسىنىڭ ئىچىدىن كىچىك بىر قىزىل قۇتىنى ئېلىپ، رەنانىڭ ئالدىغا قويدى، — بايام يولدا كەلگۈچە بىر ئۈزۈك ئالغانىدىم، ئاداش، بۇغۇ ئەمدى سېنىڭ يارىشىقىڭ ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ ئېلىپ قوي، بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، ئاداش !

— سەن بىلەن بىز ساۋاقداش تۇرساق، ئاداش، مۇشۇنداق قىلساڭ بولامدۇ؟ بۇ ئۈزۈكنى ئالغاچ كەت، ئۈزۈك ئىشلىتەرسەن، — دېدى رەنا. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈزۈكنى قولىغا ئېلىپ، مەرھابانىڭ سومكىسىغا سېلىپ قويدى.

— بۇنداق قىلساڭ رەنجىپ قالىمەن، ئاداش، — دېدى مەرھابا، ئۇ سومكىسىدىن ئۈزۈكنى ئېلىپ، رەنانىڭ ئۇستىلىگە قويۇپ قويدى.

— بۇنداق قىلساڭ مېنى خاپا قىلىپ قويىسەن، مەرھابا، مەن سەن ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش قىلمىدىم ، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ئادەم، ماڭىمۇ ھەقىقىي دوستلۇق كېرەك، بۇ ئۈزۈك ھازىرچە سەندە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئاداش، — دېدى رەنا. ئۇ ئۈزۈك قۇتىسىنى قولىغا ئېلىپ، مەرھابانىڭ سومكىسىغا سېلىپ قويدى.

مەرھابا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى، رەنانىڭ «ماڭىمۇ ھەقىقىي دوستلۇق كېرەك» دېگەن گېپى ئۇنىڭغا تەسىر قىلغانىدى.

— ئەمىسە، ئاداش، سېنى ئايرىم يوقلايمەن ! — دېدى مەرھابا، ئۇ رەناغا رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەچتە ئۆيگە كەلگەندە، مەرھابا بالىلىرىغا تامىقىنى ئېتىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇپ بولۇپ، جامال بىلەن جېدەللىنى باشلىدى. ئۇ قولىدىكى سۈرەتلەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. جامال بۇ سۈرەتلەرنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى، ئارقىدىنلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئىچىدە: «قورقۇپ كەتكۈدەك ئىش يوق، ئۇنىڭغا نەق مەيداندا تۇتۇلۇپ قالغان يېرىم يوق» دېدى.

— نېمە بۇ؟ ! — دېدى جامال چىرايىنى ئاچماي.

— نېمىدەك تۇرىدۇ؟

— ئۆزۈڭ نەنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرسەن، ساراڭ بولمىغانسەن ؟

— سېنىڭ بۇزۇقچىلىق قىلىۋاتقان سۈرەتلىرىڭنى كۆتۈرۈپ يۈرىمەن، قانداق؟ ئۆزۈڭنى تونۇمايۋاتامسەن، ئاشۇنداق تونۇمايدىغان بولۇپ قالسەن !

— نەگە ئاپارساڭ ئاپار بۇ نەرسەڭنى، مەن ئەمەس بۇ ، سەن بۇنىڭلىق بىلەن مېنى قورقۇتالمايسەن.

— بۇ سەن ئەمەسما؟

— مەن ئەمەس !

— توغرا، بۇ سەن ئەمەس، سەن ھازىر ئۆزۈڭنىمۇ تونۇمايۋاتىسەن !

— سەن ئىچىڭدە مۇشۇ ھۈنەر بىلەن مەندىن ئاجرىشىپ كېتىمەن دەۋاتامسەن، بۇ مۇمكىن ئەمەس، سەن ئۇخلىماي چۈش كۆرۈۋاتىسەن، مەندە ھېچقانداق گۇناھ يوق، مەن بالامنى يېتىم قىلمايمەن ! — دېدى جامال، ئۇنىڭ چىرايى شۇنداق سەتلىشىپ كەتكەنىدى.

— سەندە گۇناھ يوقما؟ سەن چوڭ ئاپامنىڭ قىزىنى ئاياغ ئاستى قىلدىڭ، يەنە سەندە گۇناھ يوقما؟ !

— گۇناھ چوڭ ئاپاڭنىڭ قىزىدا، ئەسلىي ئەقلىڭ بولسا شۇ قىزنى ئۆيىمىزنى بۇزغىلىۋاتىدۇ، دەپ ساقچىغا تۇتۇپ بەرسەڭ بولىدۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بولىدۇ ئەمسە، مەن سەن دېگەندەك قىلاي، چىدايسەن ـ ھە ؟! سەن بۇ سۈرەتتىكى بۈزۈق مەن ئەمەس دېدىڭغۇ، ئەمسە مەن بۇ سۈرەتلەرنى كۆپەيتىپ ھەممە يەرگە تارقىتىۋېتىمەن، دادالىڭ، ئاپالىڭ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭغا، ئىدارەڭگە، ئاغىنىلىرىڭگە، دوست ـ دۈشمەنلىرىڭگە تارقىتىۋېتىمەن! سەن ئۆزۈڭنى تونۇمىساڭ، قېنى خەقلەر سېنى تونۇمامدىكى؟ شۇ ۋاقىتتا مەن بىلەن ئاجراشمىغىنىڭنى كۆرۈپ باقاي!

جامال بۇ گەپنى ئاڭلاپ جىمىپ كەتتى، ئۇ مەرھابانىڭ مىجەزىنى بىلەتتى، ئادەتتە بىر تاغار بۇغدايغا بىر تال زىغىر ئارىلىشىپ كەتسە خۇيلىنىپ قالىدىغان مىجەزى بىلەن قىلىمەن دېگەن ئىشنى قىلاتتى، ئەگەر ئاشۇ سۈرەتلەر ئۇ دېگەن ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشسە، ئۇ ۋاقىتتا بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى، بۇ شەھەردە باش كۆتۈرۈپ مېڭىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. جامالنىڭ بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ بايىقى بۇقا چىرايى بىردىنلا سولىشىپ سەتلىشىپ كەتتى، ئۇ نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى.

— چىرايلىق ئاجرىشىپ كېتەيلى دېسەڭ ئەتە رايونغىلا بېرىپ قىزىل قەغەزنى سېرىق قەغەزگە ئالماشتۇرۇۋالايلى، سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ كۆڭلىنى ئال، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ قارىنىنى قايىنتاي، باللىرىمنى ئۆزۈم بېقىپ كېتەلەيمەن، سەندىن پۇچۇق نان تەلەپ قىلمايمەن، ئەگەر ياق، ئاجراشمايمەن دېسەڭ، ئىش بايام دېگەندەك بولىدۇ...

— ئەمدى ساڭا نېمە دېسەم بولا، مەرھابا، ھەممىسى شۇ ھاراقنىڭ كاساپىتىدىنغۇ! ماڭا بىر قېتىم پۇرسەت بەر، سىزغان سىزىقىڭدىن چىقمايمەن...

— مېنىڭ مىجەزىمنى بىلىسەنغۇ، جامال، مەن بىرسىگە پۇرسەت بېرىدىغان ئادەممۇ؟!

— ئۇنداق قىلىپ كەتمە، مەرھابا، باللارنى يېتىم قىلمايلى، ماڭا بىر قېتىم پۇرسەت بەر...

— مېنى مايمۇن ئويناتما، جامال ! بالاڭنى يېتىم قىلمايدىغان ئادەم بۇزۇقچىلىق قىلماي يۈرسەڭ بولمامدۇ ؟

— مەن ساڭا دېدىمغۇ، ھەممىسى شۇ ھاراقنىڭ كاساپىتى !

— ئەمدى مەن ساڭا ئوشۇق گەپ قىلمايمەن، جامال، ئەته ئەتىگەندە رايونغا بارايلى، شۇ يەردە چىرايلىق ئاجرىشىپ كېتەيلى !

جامالنىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتتى، مەرھابا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزى يېتىۋاتقان ئۆيگە چىقىپ كەتتى، جامال بىردىنلا ئېسىنى يوقىتىپ قويدى.

ئەتىسى جامال گەپ قىلماي مەرھابانىڭ كەينىدىن ماڭدى، ئۇلار توي قىلغان يىلى مەرھابا جامالغا ئەگىشىپ ماڭغانىدى، مانا ئەمدى جامال مەرھاباغا ئەگەشتى.

«بۇرۇن تاغ ئايلانسا، ھازىر بوسۇغا ئايلىنىدۇ، دېگەن راست ئىكەن» دېدى جامال ئىچىدە.

ئۇلار رايونغا كىرىپ نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيەتلىرىنى ناھايىتى تېز پۈتكۈزدى، سىرتقا چىققاندا، مەرھابا جامالغا قاراپ تۇرۇپ:

— خوش ئەمىسە، جامال، ئامان بولۇڭ، بىز ئون يىل ئۆي تۇتۇپتۇق، ئارىمىزدا نۇرغۇن ئىشلار ئۆتتى، مەن بەزىدە سىزگە قوپاللىق قىلدىم، سىزنى رەنجىتكەن يەرلىرىممۇ ئاز ئەمەس، مېنىمۇ كەچۈرۈۋېتىڭ، كۆڭلىڭىزدە قالمىسۇن. مانا بىز چىرايلىق ئاجرىشىپ كەتتۇق، لېكىن بىز دۈشمەنلەردىن ئەمەس، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بالا بار، بۇنىڭدىن كېيىن سىز ماڭا ناتونۇش بىر ئادەم، مەنمۇ سىز ئۈچۈن شۇنداق، — دېدى مەرھابا، ئۇنىڭ روھىي ھالىتى ناھايىتى ئۇستۇن ئىدى.

جامال بۇلارنى ئاڭلاپ ئىتتىكلا مەرھاباغا قارىدى. مەرھابانىڭ چىرايىدا ئۇنىڭغا تونۇش بولغان ئىللىق نۇرلار پەيدا بولدى.

— مەن سەن بىلەن قايتا تونۇشۇشقا تىرىشىمەن، مەرھابا...

— ئەمدى سىز دەيسىز جامال ئەپەندىم...

— مەن تىرىشىمەن، مەرھابا، مەن سىزنىڭ لەگمىنىڭىزگە كۆنۈپ قالغان، مەن ئاشۇ لەگمەنلەرنى ئۇنتۇمايمەن، يىپرىسىم كېچىدە كېلىپ سىزنى ئويغىتىپ سۈيۈقئاش ئەتكۈزۈپ ئىچكەن كۈنۈمنى ئۇنتۇمايمەن...

— خوش ئەمىسە، — دېدى مەرھابا، ئۇ بىردىنلا ھاياجانلىنىپ كەتتى، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، يولغا راۋان بولدى.

«مەن ئۆزۈمنى بىلىمەن، مېنىڭ تارتقۇلۇقۇم بار، مەن ئادەم قىلمايدىغان ئىشنى قىلدىم، لېكىن مەن مەرھاباغا قايىل، مۇشۇ كۈنگىچە مەن ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەي يۈرۈپتىمەن» دېدى جامال ئىچىدە.

جاھاندا يول جىق ، لېكىن ھەممە يول ھەممە ئادەمگە توغرا كەلمەيتتى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، مەرھابا رەنانى مېھمان قىلدى، ئۇلار ئازادە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى. مەرھابا رەناغا قايتا رەھمەت ئېيتتى، رەنا ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ :

— ئەمدى بىرنى تېپىپ بېرەي، ئاداش، بولمىسا زېرىكىپ قالىسەن، — دېدى.

— مېنىڭ مۇشۇ تۇرقۇمغا بىرەر كىشى قارارمۇ ؟ — دېدى مەرھابا كۈلۈپ.

— ئۇنداق دېمەيسەن، ئاداش، سەن قارىساڭ قارايدۇ ! بۇ ئالەمنىڭ ئىشلىرى ئەزەلدىن شۇنداق ئىكەن ، بىرسى سېنى چالما دەپ تاشلىۋەتسە، يەنە بىرسى ئالما دەپ ئالىدىكەن، بىر مەزگىل كەيپىياتىڭنى ئوڭشىۋال، قالغان ئىشلارنى ئۆزۈم توغرىلايمەن ! — دېدى رەنا.

— توۋا دە ئاداش، مەن ئىككى بالامغا ئاران ئۇلگۈرىمەن ئەمدى، ئەرگە تويدۇمغۇ !

— ئەر بىلەن ئەر ئوخشىمايدۇ، ئەمدى سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىدىغان ئەردىن تاپمايمىزمۇ !

— توۋا دە ئاداش، مەن ئەمدى بىر خاتىرجەم ياشاي، — دېدى

مەرھابا.

ئۇلارنىڭ پارىڭى قىزىۋاتاتتى، ئاخىر ئۇلار ساۋاقداشلىق دەۋرىدىكى ئىشلارغا چۈشۈپ كەتتى، مەرھابانىڭ روھىي كەيپىياتى خېلى ياخشى ئىدى.

شامال كۆنۈپېتىش تەرەپتىن تولغىنىپ ـ تولغىنىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇ يول بويىدىكى مەنزىرىگە تويمايتتى، شامال ئېتىزلارنىڭ ئىچىدە ئۆسسۈل ئويناۋاتقان ئوت ـ چۆپلەرنىڭ خۇشبۇي جامالىغا قانمايتتى، ھەم بۇ سەپەردە ئۇ بىنەمدىكى خاڭدا ئىشلەۋاتقان نوچىلارنىڭ سالىمى بىلەن ئالتۇن كاندا ئىشلەۋاتقان يېتىملەرنىڭ سالىمىنى ئېلىپ كەلگەنىدى، بەزىدە شامال ھەممە ئادەمنى خۇشال قىلاتتى.

مۇشۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر بوۋاي بازاردىكى تونۇرغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتاتتى، قاراڭغۇ ئۇنى قوينىغا ئېلىپ بولغانىدى، بىر نەچچە يېتىم باللار تونۇرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ چاپىنىنى بېشىغا قويۇپ، ئارام ئېلىپ ئۇخلىغانىدى، چۈنكى ئۇلار ئەتىنىڭ نېنىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. شۇڭا، بالدۇر يېتىپ بالدۇر ئورنىدىن تۇرۇپ، مەدىكارچىلىق قىلىپ قورسىقىنى باقمىسا بولمايتتى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا بىر ئاق كەپتەر قاراڭغۇنى يورۇتۇپ تونۇر بېشىغا كېلىپ بوۋاينىڭ تىزىغا قوندى، بوۋاي كەپتەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، ئۇ كەپتەرگە:

ـــ سىز قايسى يەردىن كەلگەن كەپتەر، تاڭ ئاتاي دەپ قالدى، ئۇخلىماي قاراڭغۇدا ئۇچۇپ يۈرۈپسىزغۇ؟ ـــ دېدى. كەپتەر:

ـــ مەن سىزنى يوقلاپ كەلدىم، بايام مەن بىر تويدا كەپتەرلەر بىلەن ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتىم، توساتتىن شامال قېشىمغا كېلىپ، سىزنىڭ تونۇر بېشىدا يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىڭىزنى دېدى، شۇنىڭ بىلەن قېشىڭىزغا كەلگەنىدىم، ـــ دېدى.

ـــ ئايالىم ئۆلۈپ كەتتى، قاراڭ، ئۆزۈم يالغۇز قالدىم، كۈندە

تاڭلارغا يېقىن ئاران ئىككى سائەت ئۇخلايمەن، ئۆيگە كىرسەم تاملارنىڭ ھەممىسى ماڭا قاراپ بەس ـ بەستە سۆزلەپ كېتىدۇ، موماي قېنى، مومايىنى نەگە ئاپىرىپ قويدۇڭ، دەپ مېنى سوراققا تارتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ يەرگە كېلىۋالىمەن.

— مەن سىزنى ئۆيگە ئاپىرىپ قوياي، ئەھۋالنى مەن ئاشۇ تاملارغا ئېيتاي، سىز بۇ يەردە ئولتۇرماڭ ھەم كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، مەن كۇندە قېشىڭىزغا بىر كەپتەر ئەۋەتەي، شۇ كەپتەر سىزگە ئالەمنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، سىز شۇ كەپتەر بىلەن ئاغىنە بولۇپ قېلىڭ، — دېدى كەپتەر.

بوۋاي ئورنىدىن تۇردى. ئاق كەپتەر ئۇنى ئۇچۇرتۇپ ئۆيگە ئەكەتتى، قاراڭغۇلۇق تونۇر بېشىدا تېخىمۇ سەتلىشىپ قالدى.

شۇ كۇنى رەنانىڭ بىناسى پۈتۈپ ئىشقا چۈشتى، بىنا مۇناسىۋەتلىك سوپەت تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەندى. رەنا رەپقەتنىڭ ياردىمى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، مېھمانخانىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىنى ناھايىتى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزدى، بۇ يەنە بىر چوڭ مەرىكە بولغانىدى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەردە خىلمۇخىل گەپ ـ سۆزلەر پەيدا بولدى. بەزىلىرى بۇ خەق نەدىن تاپىدۇ بۇنچىلىك پۇلنى؟ دېيىشسە، يەنە بەزىلىرى پۇل پۇلنى تاپامدۇ؟ رەپقەتنىڭ ئاستىدا يېتىپ تاپقان پۇلى ئازمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە خۇدانىڭ تاڭ ئاتقان كۇنى ئۇنىڭ ئاشۇ مېھمانخانىسىغا ئاز پۇل كىرەمدۇ؟ دەيتتى. قىسقىسى، ئۇلار ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەسەت ئىچىدە ياشايتتى.

# ئون بەشىنچى باب

## چەت ئەلدىن كەلگەن مېھمان

يېڭىدىن تىجارەت باشلىغان «رىۋايەت مېھمانخانىسى» رەنانىڭ باھارىغا باھار قوشقانىدى، باشلىنىشىدىلا مېھمانخانىنىڭ سودىسى ياخشى بولغانىدى. ئەتىسى ـ ئاخشاملىرى رەنا رەپقەتنىڭ قويىنىدا يېتىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كېتەتتى، ھەم رەپقەتكە رەھمەت ئېيتاتتى: «ئەگەر ماڭا ياردەم قىلمىغان بولسىڭىز، مەن مۇشۇ بىناغا ئىگە بولالمايتتىم» دەيتتى.

كۈنلەر ئۆتىۋەردى، رەنا يەنە بۇرۇنقىدەك ئالدىراش ئىدى، ئۇنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت ئالاقىسى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ ئارام ئالمىسا ئالمايتتىكى، ئاشۇنداق مۇھىم سورۇنلارغا بېرىپ تۇراتتى، ئۇ يەردىكى مۇناسىۋەت ھەقىقىي ئالتۇن ئىدى، ئۇ يەردىكى ھەر خىل ئۇچۇرلار قازاندا ئۆزى قايناپ پىشىدىغان گۆش ئىدى، ئەڭ مۇھىمى بۇنداق سورۇنلاردا يېڭى ـ يېڭى ئادەملەر بىلەن تونۇشقىلى بولاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يېڭىدىن مەنسەپكە ئولتۇرغان سەرخىللار بولسا، يەنە بەزىلىرى ئاشۇنداق كاتتا ئەمەلدارلارغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ھەممىدىن خەۋەردار ناتىقلاردىن ئىبارەت ئىدى، ئۇلار رەنا ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا مۇھىم ئىدى. مۇشۇنداق مۇناسىۋەتلەردە رەنا ھەممىگىنىڭ نوچىسى مەن دېمەيتتى، ئۇ ھەممە ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ھۆرمەت قىلاتتى، زەردار كىشىلەرنىڭ قولىدىن كەلمىگەن ئىش ئەرزىمەس، چاكىنا بىر

ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ دەپ بىلەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ مۇناسىۋەت دائىرىسى تەبىئىي كېڭىيىپ بېرىۋاتاتتى.

بىر كۈنى رەنا بىر سورۇندا رابىگۈل قازاقىستاندىن تۇغقان يوقلىغىلى كەپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدى، ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلاردىن ئىدى. ئەتىسى ئۇ مەرھاباغا تېلېفون بەردى، ۋاقىت چىقىرىپ رابىگۈل بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەيلى، دېدى.

رابىگۈل سەككىز يېشىنىڭ ئالدىدا ئاتا - ئانىسى بىلەن ئالمۇتاغا كۆچۈپ كەتكەنىدى، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تۇغقانلىرى ئالمۇتادا ئىدى، دادىسىنىڭ ئىككى ئىنىسى، ئاپىسىنىڭ بىر سىڭلىسى ئاشۇ ياقتا ئىدى. شۇ يىلى رابىگۈل ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن، لېكىن ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنىدى. دادىسى ئۇنىڭغا بىر بولكىخانا ئېچىپ بەرگەنىدى، بىر يىلدىن كېيىن دادىسى كېلىپ ئۇنى ئالمۇتاغا ئاچىقىپ كەتكەنىدى، لېكىن ئۇنىڭ ياشلىق باھارى، ساۋاقداشلىرى ۋە بارلىق ھېسسىياتلىرى مۇشۇ شەھەردە قالغانىدى.

يەكشەنبە كۈنى ئىدى، رەنا مەرھابانىڭ ئۆيىگە بېرىپ مەرھابا ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنى ماشىنىغا سالدى، ئۇلار بالىلارنى مومىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ، تاختاي مەھەللىسىگە كېلىپ رابىگۈل چۈشكەن ئۆينى تاپتى. ئۇلار ئۆي ئىگىسىنىڭ باشلىشىدا قورۇغا كىرىپ تۇرۇشىغا، رابىگۈل ئۆيدىن چىقتى، ئۇ رەنانى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۆزىنى رەناغا ئاتتى، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ يىغلاپ كەتتى، ئاندىن مەرھابا بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ئۇلار تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتىشتى. رابىگۈل ساۋاقداشلىرىنى ئۆيگە باشلىدى، ئۇلار ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئەھۋال سورىشىپ ئولتۇردى.

رابىگۈل بەدەن شەكلى ناھايىتى كېلىشكەن، چىرايلىق قىز ئىدى: بويى ئېگىز، يۈزى دۈگىلەك، قاش - كۆزلىرى جايىدا،

يېقىملىق قىز ئىدى. ئۇ مەكتەپتە رەنا بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتكەندى، رەنا ئۇنىڭ قازاقىستانغا چىقىپ كەتكىنىنى بىيجىڭدا ئوقۇۋاتقاندا ساۋاقداشلاردىن كەلگەن خەتتىن بىلگەندى، شۇنىڭدىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىگەندى.

— ھەئە ئاداش، شۇ كەتكەنچە بۇ يىل كېلىشىم، — دېدى رابىگۈل رەناغا قاراپ، — ھەي ئاداش، ئەمدى سىلەرگە نېمە دېسەم بولار، ئۇ دېگەن خەقنىڭ يۇرتى ئىكەن ئەمەسمۇ، ئاداش، مۇساپىرچىلىقتا ياشايدىغان گەپ ئىكەن، ھەممە نەرسىنىڭ قەدرى ئۆتۈلىدىكەن ، ئادەم نامرات بولسىمۇ ئۆزىنىڭ يۇرتىدا ياشىغانغا يەتمەيدىكەن، قىيىنچىلىق دېگەن ئۆتۈپ كېتىدىكەن، كۆڭۈل نامراتچىلىقى بەك يامان ئىكەن، ئاداش. ئەمدى ئۇياقتىكى تۇرمۇشۇمنى سىلەرگە قانداق چۈشەندۈرسەم بولا، جانجىگەر ساۋاقداشلىرىم؟ بىر قېتىم چۈشۈمگە كىرسەڭلار ئۇن كۈن يىغلايمەن ـ ھە ! ئالمۇتا دېگەن ئاشۇ يەردە دادام بىلەن ئاپامنى دەپلا تۇرۇۋاتىمەن. ئۇياققا بېرىپ ئىككىنچى يىلى تۇرمۇشقا چىقتىم، بىر باللىق بولدۇم، لېكىن ئۇ ئادەم بىلەن چىقىشالمىدىم، قىلىقى سەت بىر ئاداشقا تېگىپ قاپتىمەنكەن، ئادەم بارمۇ، ئادەم يوقمۇ دېمەي، بەزىدە دادام، ئاپام تۇرسىمۇ ئېسىلىپ ئادەمنى يالاپ كېتىدۇ، چىقىشالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كەتتىم، شۇنىڭدىن بېرى ئەرگە تەگمىدىم. كېيىن بىر بولكىخانا ئېچىۋالدىم، مۇشۇ يەردە ئۆگەنگەن ھۈنەر كىشىنىڭ يۇرتىدا ئەسقاتتى، ئۇ بولكىخانىنى ئاستا ـ ئاستا يېڭىلاپ ئاشخانىغا ئايلاندۇرۇۋالدىم، كىچىك داداملارمۇ ياردەم بەردى. ئاشخانىدا يىگىرمە نەچچە ئادەم ئىشلەيدۇ، ھازىر ئەھۋالىم ياخشى، بىنادىن چوڭراق بىر ئۆي سېتىۋالدىم، سىلەر چىقساڭلار ياخشى كۈتۈۋالىمەن...

رەنا كۈلۈپ ئولتۇراتتى، مەرھابا ئۇنىڭغا قاراپ قېتىپلا قالدى.

— جىق جاپا تارتىپسەن ـ دە، ئاداش، — دېدى مەرھابا.

— مەنمۇ بارغان - كەلگەنلەردىن ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمەن، ئۇلارمۇ بۇرۇن بىز ئاڭلىغان ئالمۇتانى ھازىر يوق دېيىشىدۇ. تەقدىر، ئاداش. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، يۈز كۆرۈشتۇق مانا، ياخشى كەپسەن، ئاداش. مەن ئەتە - ئۆگۈن ساۋاقداشلارنى بىر يىغاي، سەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشۇۋال، ئاندىن قالغان ئىشلار بولسا ماڭا دە، ھەممە ئىشلىرىڭنى مەن پۈتكۈزۈپ بېرىمەن، — دېدى رەنا.

— رەھمەت رەنا، رەھمەت، — دېدى رابىگۇل. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى، ئۇزاق ئۆتمەي ئىككى پەتنۇستا بىردىن ئىككى مىس چۆگۈن، بىردىن ئىككى پوكىۋا ياغلىق ئېلىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئاندىن بۇ نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئاز بولسىمۇ ئېلىپ قويۇڭلار، بۇ ئەمدى ئاشۇ ياقنىڭ ئادەملىرى ئەتىۋارلايدىغان نەرسىلەر ئىكەن، — دېدى رابىگۇل كۈلۈپ.

— رەھمەت، رابىگۇل، ئاۋارە بوپسەن، — دېدى رەنا. مەرھابامۇ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى.

ئۆي ئىگىسى چاي قۇيماقچى بولۇپ داستىخان كۆتۈرۈپ ئەكىردى. رەنا رەھمەت ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى.

— پەتە قىلىپ كېلىشىمىز، ھەدە، كېيىن ئايرىم كېلىمىز، بىز بېرىپ ساۋاقداشلارغا بىر خەۋەر قىلىۋېتەيلى، — دېدى رەنا.

— بىر دەم ئولتۇرۇڭلار، رەنا، پاراڭلىشىمىز، — دېدى رابىگۇل.

— يەنە كېلىمىز، ئاداش، — دېدى مەرھابا.

ئۇلار رابىگۇل بىلەن خوشلىشىپ تالاغا چىقتى، رەنا: «ئاداش، سەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭ بىلەن كۆرۈشۇۋال، پەتىچىلەر تۈگىسۇن ، ئاندىن بىز سېنى ئىزدەيمىز» دېدى.

رەنا بىلەن مەرھابا دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، رابىگۇل بىلەن يەنە بىر قېتىم خوشلاشتى ، ئاندىن ماشىنىغا چىقىپ قايتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— رابىگۇل بەك ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، مەرھابا، — دېدى رەنا.

— ھەئە، ئۇنداق گەپ قىلىدىغان رابىگۇل ئەمەستى ئۇ، مۇئەللىم دەرس سورىسا بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالاتتى، مانا ئەمدى ۋىچىرلاپلا كېتىدىغان بوپتۇغۇ! — دېدى مەرھابا.

— مۇھىت ئادەمنى ئۆزگەرتىدۇ، دېگەن مۇشۇ ئىكەن - دە! — دېدى رەنا، — مەن بىر كۈنى ساۋاقداشلارنى بىر يىغاي، ئاداش، ئۇنى ياخشى بىر مېھمان قىلىپ قويايلى!

رەنا ماشىنىسىنى ئۆزىنىڭ مېھمانخانىسىغا ھەيدىدى.

— سەن تېخى مېنىڭ مېھمانخانامغا كىرىپ باقمىغان، ئاداش، مەن سېنى بۈگۈن بىر مېھمان قىلاي، — دېدى رەنا.

رەنا مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ماشىنىنى ئۆزى ئادەتلەنگەن مېھمانخانا ئالدىدىكى گۈلخانىنىڭ قېشىغا توختاتتى، بۇ بەك روشەن يەر ئىدى، ئۇ ماشىنىسىنى مۇشۇنداق يەرگە توختىتىش ئارقىلىق «مەن كەلدىم، مەن مېھمانخانىدا بار» دېگەن ئۇچۇرنى تارقىتاتتى.

ئىشىك ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغان مۇلازىملار رەنانى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، رەنا ئۇلارغا: «بىزنى ئاشخانىغا باشلاڭلار!» دېدى. بىر قىز ئۇلارنى باشلاپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى، ئۇلارنى بىر ئايرىم ئۆيگە باشلاپ كىردى، ئىككىنچى قەۋەتتە ئاشخانىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان تاجىگۇل كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— بۈگۈن كۆڭلۈك نېمىنى تارتسا شۇنى يەيمىز، ئاداش، سەن ئۆزۈڭ گەپ قىلە! — دېدى رەنا مەرھاباغا قاراپ.

— سەن ئۆزۈڭ بۇيرۇتىۋەر، ئاداش، ياخشى نەرسىلەرنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، — دېدى مەرھابا.

— ئەمىسە مەن بۇيرۇي، — دېدى رەنا تاجىگۇلگە قاراپ، — بىزگە ئىككى كېسىمدىن گۆشنان، ئىككى زىختىن كاۋاپ، بىر سىركايىدىن ئۇماچ، گۆش سالماي چامغۇر بىلەن قىزىلمۇچنى

چالا قوروۋپ ئەكىرىلىك، ھەممە تائاملارغا تۇزدىن باشقا دورا ـ دەرمەك ئارىلاشتۇرمىسۇن !

تاجىگۇل ھەممىسىنى يېزىۋالدى، ئاندىن: «ھازىرلا تەييار بولىدۇ، رەنا خانىم» دەپ خانىدىن چىقىپ كەتتى.

— ئېرىڭ يوق زېرىكىپ قالغانسەن، ئاداش؟ — دېدى رەنا مەرھابانىڭ كۆزىگە قاراپ.

— زېرىكمەدىغان، ئاداش، ئىشتىن كېلىپ تاماق ئېتىمەن، ئاندىن ئىككى بالامنىڭ ئىشلىرى، ئۆينىڭ ئىشلىرى بىلەن باش كۆتۈرەلمەيمەن، زېرىكمىدىغانغا ۋاقتىمۇ يوق دېگىنە ! — دېدى مەرھابا كۈلۈپ.

— ئۇغۇ شۇ، ئاداش، بىراق ئورۇننىڭ ئىچىگە كىرگەندە زېرىكىسەن ! — دېدى رەنا چاقچاق قىلىپ.

— قويە، ئاداش، ئەر دېگەن جامالدەكلا بولىدىغان بولسا...

— ئۇنى كۆرۈۋاتامسەن؟

— ياق، كۆرمىدىم...

تاجىگۇل ئىشىكنى چېكىپ چوڭ پەتنۇستا تائاملارنى كۆتۈرۈپ ئەكىردى، ئارقىدىن بىر قىز چاي كۆتۈرۈپ كىردى، ئۇلار ھۇزۇرلىنىپ تاماق يېيىشكە باشلىدى.

تاماقتىن كېيىن رەنا تاجىگۇلگە قەھۋە بۇيرۇتتى:

— قەھۋەنى ئۆتكەندە مەن ئۆگىتىپ قويغان ئۇسۇلدا دەملەڭ، تاجىگۇل، شېكەر سالماڭ، ئۆزىمىز تەڭشەيمىز، — دېدى رەنا.

تاجىگۇل ماقۇل دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

— مەن مۇشۇنداق قەھۋەگە ئۆگىنىۋالدىم، مەرھابا، قەھۋە دېگەن بۇ نەرسە ئادەمنى روھلاندۇرىدىكەن، ھەرقانداق يەردە تېتىك تۇرىدىكەنسەن ! — دېدى رەنا.

— مەن قەھۋە دېگەن نەرسىنى ئىچىپ باقمىغان...

— ئۆگىنىۋال، پايدا قىلىدۇ... تۆتىنچى قەۋەتتە ياخشى ئۆيلەر بار، نوچى يىگىتتىن ئىككىنى چاقىرايمۇ؟ — دېدى رەنا مەرھابانىڭ كۆزىگە قاراپ.

— ئادەمنى قورقاتما، ئاداش...
— بۇ جاھاندا قورقىدىغان نەرسە يوق، ئاداش، بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىمىز، «چىشىڭنىڭ بارىدا ياغ چاينا» دېگەن گەپ بار، ئويناپ تۇرۇش كېرەك!
— رەپقەتتىن قورقامسەن، ئاداش؟
— ھېلىغۇ رەپقەت ئىكەن، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايمەن، ئاداش، مەيلى قورق، مەيلى قورقما، ئۇ ۋاقتى كەلگەندە سېنىڭ جېنىڭنى ئېلىۋېرىدۇ! رەپقەت ھازىر مەندىن ئالدىراش، ئاداش، ئۇ ئالمۇتالىق بىر سودىگەر بىلەن ئۆياقتا مال سېلىۋاتىدۇ، يا تېخى بۇ ۋاققىچە بىرسىنى قوينىغا ئەكىرىپ بولدىمۇ تېخى! — دېدى رەنا كۈلۈپ.
— مەن مۇشۇنداق جىم ئۆتەي، ئاداش!
— ئويناپ تۇرمىساڭ قېنىڭ ئالماشمايدۇ!
مەرھابا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.
توساتتىنلا يېقىملىق مۇزىكا مۇڭلىرى تارقالدى، رەنا سومكىسىدىن يانفوننى ئېلىپ، قارشى تەرەپنىڭ نومۇرىغا قارىدى:
— رەپقەتتىن كەپتۇ، — دېدى ئۇ يانفوننى قۇلىقىغا تۇتۇپ، — ھە، مەن مېھمانخانىدا، كېلەمسىز؟ بولىدۇ، سىزنى ساقلايمەن - ھە!
— رەپقەتكام كېلىمەن دەمدا؟
— ھەئە، مېنى سېغىنىپ قالغان ئوخشايدۇ!
— ئاخشام ئۆيگە بارمىغانتىڭمىا؟
— بارغان، ئۇ يىگىت ھازىر بىر كۈننى ئىككى كۈن قىلىپ ياشاۋاتقان گەپ...
مەرھابا كۈلۈپ كەتتى.
مەرھابا ئورنىدىن تۇرۇپ رەنا بىلەن خوشلاشتى، رەنا ئۇنى مېھمانخانىنىڭ ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.
— ئۆيۈڭگە ئاپىرىۋېتەيمۇ، ئاداش؟

— ياق، بازاردا ئازراق سودىلىقىم بار، ئالدىرىماي كېتىمەن!

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ئاداش، ئەتىسى ـ ئاخشاملىرى تەكسىلىرىڭ بىلەن دېيىشىپ قېلىپ ئۇيقۇڭ كەلمىسە ماڭا تېلېفون بەر، يىگىتتىن ئىككىنى تاپىمەن، ئىككىمىز كامپانىيە بولۇۋالايلى، گىروي، تۆگىدەك يىگىتلىرىم بار، هاي دەپ قويسام ئۇچۇپ كېلىدۇ...

— مېنى قورقۇتما، ئاداش...

— ئالدىرىما، ساڭا ئازراق ۋاقىت كېرەك، موللا بولۇپ كېتىسەن، ئاداش.

مەرھابا كۈلۈپ كەتتى. ئۇ رەنا بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى.

«خۇدايىم بۇيرۇسا خاتىرجەم بالىسىنى باقسۇن بۇ ساۋاقدىشىم» دېدى رەنا ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ.

بىر ھەپتىدىن كېيىن، رەنا رابىگۈل بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇنى ماشىنىسىغا سېلىپ، ئۆزىنىڭ مەسلىھەت بېرىش شىركىتىگە ئەكەلدى. ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى رابىگۈلگە تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى تاللا بازىرىغا ئەكەلدى، رابىگۈل بىلەن بازارنىڭ ئىچىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى، رابىگۈل بازارنىڭ ئىچىدىكى ماللارنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، رەنا ئاخىر ئۇنى ئىشخانىسىغا باشلىدى، قىزلار ئۇلارغا قەھۋە دەملەپ ئەكىردى.

— قەھۋە ئىچ، ساۋاقدىشىم، — دېدى رەنا.

— بەك باي بولۇپ كېتىپسەن، ئاداش، يەنە بىر مېھمانخاناڭ بار ئوخشايدۇ، — دېدى رابىگۈل روھلىنىپ.

— مېھمانخانىغا بىردەم تۇرۇپ بارىمىز، قېنى، دەپ باقە، ئاداش، مەن توغرۇلۇق قانداق گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلىدىڭ! — دېدى رەنا كۈلۈپ، ئۇ ئالدىدىكى قەھۋە ئىستاكىنىنى قولىغا ئالدى.

— مەن ئالمۇتادىلا سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلىغان، ئاداش، بىر شىركىتى بار، ئالمۇتاغا مال چىقىرىدۇ، كاتتا بىر بايغا

تېگىشۋالدى، بىر مەكتەپ سالدى، يېتىم قىزلارنى ئوقۇتۇۋاتىدۇ دەپ سېنىڭ ئىشلىرىڭدىن ئاز - تولا خەۋەر تاپىقان، مانا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى راست چىقتى!

— گەپ دېگەن مۇشۇنداق ئېگىز - پەس تارقىلىدىغان ئوخشايدۇ، ئاداش، مەن مۇشۇ كونگىچە ئالمۇتاغا مال چىقىرىپ باقمىدىم، مەكتەپ سېلىپ يېتىم قىزلارنى ئوقۇتقانمۇ ئىشىم يوق، مانا بۇ ئىشلارنى سەندىن ئاڭلاۋاتىمەن، ئەسلىي قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى مۇشۇدەك قىلىدۇ، ئاداش!

— مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، ئاداش، بەك پول تېپىپ كېتىپسەن، بۇ بازىرىڭدىكى ماللارنى كۆرۈپ ئەقلىم تاڭ قالدى مېنىڭ، ئەگەر ئالمۇتادا مۇشۇنداق بىر تاللا بازىرى ئاچىدىغان بولساڭ، دوللار دېگەننى سۈزۈۋېتىسەن - دە، ئاداش، — دېدى رابىگۇل، ئۇنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا پارقىراپ كەتتى.

— بۇ جاھاننى ئايلىنىپ كەلسەك ئاكىسى يەنە شۇ پۇل ئىكەن، پىچاقنىڭ سېپىنى سەن تۇتماي خەقلەرنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرساڭ گېپىڭ گەپ بولمايدىكەن، شۇڭا مەن ھەممە ئىشنى قايرىپ قويۇپ مۇشۇ بازار بىلەن بولۇپ كەتتىم. ئەسلىدە توي قىلماي مۇشۇنداق ئۆتىمەن دېگەنىدىم، رەپقەت كەينىمگە كىرىۋالدى. بىرىنچىدىن، ئۇ پۇل تاپقان بىر نوچى، ئۆتكەنكى يىللاردا قاشتېشى سېتىپ بەك بېيىۋالغان؛ ئىككىنچىدىن، مىجەزى ماڭا ياقتى. تويدىن كېيىنمۇ نەگە باردىڭ؟ نەدە يۈردۈڭ؟ دەپ كەينىمدىن پايلاپ يۈرمەيدىغاندەك بىلىنگەن، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇ پەرىزىم توغرا چىقتى. بولمىغان بولسا مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمايتتىم ياكى ئەتىسىلا ئاجرىشىپ كېتەتتىم. بىر قىسىم ئەرلەر بار، ئاداش، ئايالىنى ئۆيگە سولاپ قويۇپ يەنە ئىشەنمەي ئىشىكنىڭ ئالدىغا توپا چېچىپ قويۇپ كېتىدۇ، كەچتە كېلىپ ئىشىك ئالدىدا بىر قۇشقاچنىڭ ئىزى كۆرۈلسىمۇ ئايالىنى دۇمبالايدۇ. «ھاي سېكىلەك، ئۆيگە قايسى قۇشقاچ كىردى؟» دەپ ئايالىنىڭ جېنىنى ئالىدۇ...

— راست، ئاداش، ئاشۇنداق ئەرلەر بار!
— ئەمىسە ساڭا دەپ قويىدىغان گەپ، ئاداش، مەن مېھمانخانا سالغاندا رەپقەت ماڭا ياردەم قىلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بىناسىنىڭ خېتىنى بانكىغا گۆرۈگە قويۇپ ماڭا قەرز پۇل ئېلىپ بەردى، قەرزنى ئايدا ئۆزۈم تۆلەۋاتىمەن. خۇدايىم بۇيرۇسا ئىشىم يامان ئەمەس، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدۇم، بەزىلىرى ئاشۇ تاللا بازىرىدا ئىشلەۋاتىدۇ...
— ئاداش، شۇ بىر يېرى — ئوقۇغىنىڭنى تاشلىۋېتىپ قالدىڭ - دە!
— ياق، ئوقۇغىنىمنى تاشلىۋەتمىدىم، ئەگەر مەن ئوقۇمىغان بولسام ماڭا مۇشۇ كۈن يوق ئىدى، ئاداش، ئوقۇغاندىن كېيىن كۆزۈم ئېچىلدى!
رابىگۈل رەناغا ھەۋەس بىلەن قارىدى. رەنانىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ يۈزىدىكى قىزىل چېچەكلا رابىگۈلنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ ئىچىدە «يۈزىنى قانداق قىلىپ شۇنداق قىلىۋالغاندۇ بۇ سەتەڭ؟» دەپ ئويلىدى، ئاندىن سوراپ باقايچۇ دېگەن ئويغا كەلدى، ئارقىدىنلا بۇ ئويىدىن يېنىۋالدى. «سەت تۇرمىسۇن يەنە، باشقا بىرسىدىن سوراپ كۆرەي» دېگەن ئويغا كەلدى.
ئۇلار قەھۋە ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ «رىۋايەت مېھمانخانىسى»غا كەلدى. رابىگۈل بۇ مېھمانخانىنى كۆرۈپ يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدى، ئۇ مېھمانخانىنىڭ كۆندىلىك كىرىمىنى سورىدى، رەنانىڭ ئاغزىدىن چىققان ساننى ئاڭلاپ ھەيران قالدى، ئۇ بىناغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى، ئىچىدە: «رەنا قىلغان ئىشنى مەن قىلالماسمەنمۇ؟ ئاھ، خۇدا، ماڭىمۇ مۇشۇنداق بىر بىنا مەنسۇپ بولارمۇ؟ بىر ئۆمۈر ئالمۇتادىكى ئاشۇ ئاشخانا بىلەن ئۆتەرمەنمۇ؟» دېدى.
— يۈرە ئاداش، مېھمانخانىنىڭ ئىچىگە كىرىمىز، — دېدى رەنا.

رابىگۈل دەرھال ئىشىكنى ئېچىۋالدى، رەناغا ئەگىشىپ مېھمانخانىغا كىردى.

رەنا چۈشلۈك تاماقنى ئۆز مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەتىگەن رەيھانەتكە دەپ قويغانىدى، چۈشتە ئۇلار چىرايلىق بېزەلگەن ئايرىمخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ، خۇشخۇي ھالدا تاماققا ئولتۇردى.

— رەنا ماڭا سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ بەرگەن، رابىگۈل، ئۇ سىزنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن! — دېدى رەيھانەت تاماق ئارىلىقىدا رابىگۈلگە قاراپ.

«ماۋۇ ئوغرى ئويۇن ئويناۋاتىدۇ» دېدى رەنا ئىچىدە.

— رەھمەت، رەيھانەتكا، سىلەر كاتتا باي بولۇپ كېتىپسىلەر، بۇ بىز ئۇچۇنمۇ پايدىلىق ئىش! — دېدى رابىگۈل، ئۇ شوخ كۆزلىرى بىلەن رەيھانەتكە بىر ئۇچۇر بېرىۋەتتى، بۇ ئۇچۇرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ روشەن مەنە: «مەن سىزگە قىزىقىمەن، رەيھانەتكا» دېگەن يوشۇرۇن ئۇقۇم ئىدى. رابىگۈل بۇ بىر جۇپ باي ئەر ـ خوتۇننى كۆرۈپ، ئويلىمىغان ئىشلارنى ئويلاپ كەتتى. ئىچىدە: «مۇشۇ يىللاردىن بېرى ئۇياقتا ئاشخانا ئاچىمەن دەپ قاچا يۇيۇپ، يۇندا تۆكۈپ يۈرگۈچە يۇرتۇمغا كېلىپ مۇشۇلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەن بولسام، مەنمۇ خېلى يول تېپىپ قالاتتىمكەن ئەمەسمۇ!» دېدى.

رەيھانەت ئۇنىڭ كۆزىدىن چىققان ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشىنىپ بولغانىدى، ئۇ رەناغا چاندۇرماي رابىگۈلنىڭ ئىسسىق كۆزلىرىگە قارىدى. ئىچىدە: «ھەرھالدا كېلىشكەن قىز ئىكەن، بىراق رەنانىڭ ئالدىدا ئۇ جاڭگالدا قالغان بىر تال غازاڭغا ئوخشاپ قالىدىكەن، گۆھەرنى تاشقا ئۇرمايمىز ـ دە، ئەمدى» دېدى.

تاماقتىن كېيىن رەنا رابىگۈلنى تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى، ئۇلار ئەتە كۆرۈشىدىغان بولۇپ ۋەدىلەشتى.

كەچتە رەيھانەت بالدۇر ئۆيىگە بېرىۋالغانىدى، ئۇ رەناغا تېلېفون

بەردى، رەنا ئۆيگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار قورساقنى ئوبدان تويدۇرۇپ كەلگەندى، رەنا ئادىتى بويىچە قەھۋە دەملىدى، رەپقەت قولىغا دۇتارنى ئېلىپ رەناغا ناخشا ئېيتىپ بەردى، رەنا رەپقەتنىڭ مۇڭلۇق ئىچىدە ئۇخلاپ قالغانىدى. رەپقەت قولىدىكى دۇتارنى تامدىكى گىلەمنىڭ قېشىغا ئېسىپ قويدى، بۇ ۋاققىچە ئۇنىڭ ئۆيدە ئايلىنىپ يۈرگەن مۇڭلىرى رەنانى كۆتۈرۈپ ھۇجرىغا ئەكىرىپ قويدى، مۇشۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، رەنانىڭ ئۇستىبېشىدا كۆرەڭلەپ يۈرگەن خۇش پۇراق ئەتىرلەر رەپقەتنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن تارقىغان مۇڭلار بىلەن جۈپلىشىپ بولدى. شۇ تاپتا كەڭ، ئازادە كارىۋات جەننەتنىڭ ئۇچار كېمىسىگە ئايلاندى، رەنا كۆزىنى ئاچماي ماموق تەكيىدە ياتاتتى، تەلكە دەرياسى تەرەپتىن كەلگەن شامال ئۇنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ ھە دەپ ئۇنى سۆيۈۋاتاتتى، ئۇنىڭ مەڭزىدىكى ئاشۇ گۈزەل چېچەكنى ئەكېتىشكە ئۇرۇناتتى. شۇ چاغدا رەنا كۆزىنى ئېچىپ قالدى، رەپقەت ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتى، ئۇ رەنانىڭ ئاپپاق كۆكسىنى تۇتتى، شۇ تاپتا رەنانىڭ ئېسى باشقا يەردە ئىدى، ئۇ گېلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گېپىنى چىشلەپ يۇتۇۋالدى، مەنىۋىيىتىنى رەپقەتكە چاندۇرماسلىق ئۈچۈن كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. ئۇ رەپقەتنى ھېلىقى مۇھىم ئەربابقا ئوخشىتىپ: «دورىڭىزنى ئىچىۋالامسىز؟» دېگىلى تاس قالغانىدى، ئۇ رەپقەتنىڭ يەنە بىر قولىنى تۇتتى، رەپقەت «ناينىاقلار دەرياسى» دىكى لاچىنغا ئايلاندى، بەش ـ ئون غۇلاچ يەرگە ئاران ئۇچۇپ چۈشۈپ ئوينىايدىغان كىچىك ئاجىز پەسىل قۇشلىرى توقايلىقتا ۋە توقايلىقنىڭ ئۇچىدىكى ئورمانلار ئىچىگە كىرىۋالدى. رەپقەت مەغرۇر ھالدا ھاۋا بوشلۇقىدا پەرۋاز قىلىۋاتاتتى، رەنا مۇڭ ئىچىدە كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى، ئۇ سەپەر داۋامىدا ئۆزى چۈشۈرۈپ قويغان گۈللىرىنىڭ ياپراقلىرى بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈۋالدى. ئۇ ئەسلەيتتى، خۇلاسە چىقىراتتى، ئۆز سەپىرىنىڭ خەيرلىك بولۇشىنى تىلەيتتى،

مەيلى ئۇ كۆلسۇن، توۋا قىلسۇن ياكى يىغلىسۇن، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇقەددەس نىيىتىدىن يانمايتتى، ھاياتىدا ئەڭ چوڭ بىر باي بولۇپ يېتىلىمەن، دېگەن ئىرادىسىدىن يانمايتتى.

تازىلىق ئۆيىدىكى سۇلار ئۇسسۇلغا چۈشكەندەك، خۇش پۇراق ئەتىر سوپۇنىنىڭ پۇراقلىرى ئىسسىق سۇنىڭ قىن ـ قىنىغا سىڭىپ، دەسلەپتە تازىلىق ئۆيىنى، ئاندىن پۈتۈن ئۆيىنى مەست قىلىپ قويغانىدى. تەلكە دەرياسىنىڭ بويلىرىدا ئىچى پۇشۇپ شەھەرگە لاسمىلىقتا كىرگەن شامالىلار بايا دېرىزىنىڭ بۆلۈكلىرىدا رەپقەت بىلەن رەنانىڭ مەنئۇيىتىنى ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ماراپ ھۇزۇرلانغانىدى. مانا ئۇلار تازىلىق ئۆيىدىن مەست بولۇپ قېيىپ لەيلەپ چىققان سۇ ۋە خۇش پۇراق سوپۇنلارنىڭ پۇرىقىنى ئېلىپ يەنە بىر دەريا بويىغا قاراپ ئۇچقانىدى.

— بەزى كونىلەردە ئادەملەر قاراڭغۇنى ئالدىرىتىپ قويىدىكەن، بەزى كونىلەردە قاراڭغۇ ئادەمنى ئالدىرىتىدىكەن، ھەرقانداق ئادەم قاراڭغۇدىن ئايرىلمايدىكەن، قاراڭغۇمۇ ئادەملەرگە چاپلىشىپ تۇرىدىكەن، ئادەملەر ئادەمنى ئاساس قىلىدىكەن، قاراڭغۇ قاراڭغۇنى ئاساس قىلىدىكەن، لېكىن ھەممىدىن يامىنى كۆڭۈلدىكى قاراڭغۇلۇق ئىكەن، — دېدى رەنا كارىۋاتتا يېتىپ.

رەپقەت تېخى تازىلىق ئۆيىدىن چىقمىغانىدى، رەنا بەكمۇ ھېرىپ كەتكەنىدى. بۇ ۋاقىتتا قاراڭغۇ ئەمدىلا دېرىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ خورىكى يەنە ئۆيدىكى بۇرۇنقى چۆچەكلەر بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. خورەك، ناخشا مۇڭلىرى، تازىلىق ئۆيىدىكى سۇلاردىن ھاسىل بولغان خورلار، يەنە رەپقەتنىڭ سان ـ ساناقسىز قوللىرى ئارىسىدا پەيدا بولغان گۈللەر ۋە غۇنچىلارنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ، تامدىكى گىلەمنىڭ زەيلىرى ئارىسىغا، گۈللىرى ئارىسىغا مۆكۈۋالغانىدى، ئۇلار پۇرسەت تېپىپ يەنە بىر قېتىم ئۆي تەۋرىگەندە يەرگە چۈشۈپ يېڭى مۇڭ، يېڭى ھېسسىياتلار بىلەن

كۆرۈشەتتى.

ئەتىسى رەنا رابىگۈلنى ئۆيىگە كەچلىك تاماققا چاقىردى. ئۇ مېھمانخانىدىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ رابىگۈلنى تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدىن ئەكەلگۈچە، مەرھابا رەنانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىدە تاماقنى ئېتىپ تەييار قىلغانىدى. ئۇلار ناھايىتى قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە تاماققا ئولتۇردى، رەنا مېھمانلارنى تولىمۇ ياخشى كۈتۈۋالدى.

رەنا رەپىقەتكە رۇخسەت بەرگەنىدى. «مەن بۈگۈن ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئۆيدە قونۇپ قالىمەن، سىز مېھمانخانىدا يېتىڭ» دەپ ئۇنى ئەركىن قىلىۋەتكەنىدى. شۇڭا، بۈگۈن ئۆي ئۇلارغا ئۈچچە قالغانىدى.

تاماقتىن كېيىن ئۇلار قەھۋە ئىچىپ ئولتۇردى، رابىگۈل پۇرسەتتىن قولدىن بەرمەي رەنانىڭ ئۆيىدىكى ھەممە نەرسىنى ماختىغىلى تۇردى، ئۇنىڭ گىلەملىرىنى، كارىۋىتىنى، تېلېۋىزورلىرىنى، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆيىدىكى تېلېفونىنىمۇ ماختاپ ئۇچۇرۇۋەتتى. «ئالمۇتادا بۇنداق نەرسىلەرگە ئاسانلىقچە ئىگە بولغىلى بولمايدۇ، بۇنداق ئېسىل ماللار دوللار خەجلەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرىدە بولىدۇ» دەپ رەنانىڭ ئابرۇيى ئۈچۈن سايراپ كەتكەنىدى. چۈنكى، ئۇ بىلەتتى، رەنا ئەزەلدىن مۇشۇنداق گەپ ـ سۆزلەرگە ئامراق ئىدى، رابىگۈل ماختاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەلۇم مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى بولدى. جىم ئولتۇرغان مەرھابا رابىگۈلنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ، ئۇمۇ رەنانى ماختاپ چۈشۈپ كەتتى. ئەڭ خۇشال ئادەم رەنا ئىدى.

مەرھابا رەنانىڭ تەلىپى بويىچە يەنە بىر چوڭ ئۆيگە ئورۇن كۆرپە سېلىپ تەييار قىلدى، ئۇلار ئۆيگە كىرىپ كىيىملىرىنى سېلىپ، ئورۇنغا كىرىپ ياتتى، لېكىن ھېچكىمنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى، ئۇلار يەنە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

ـــ ھېلىقى سائادەت دېگەن ساۋاقدىشىمىز نېمە قىلىۋاتىدۇ، رەنا؟ ـــ دېدى رابىگۈل يەنە بىر ساۋاقدىشىنى سوراپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۇ بىچارىنىڭ گېپىنى قىلما ئاداش، شۇ يىلى ئۇ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمىدى، دادىسى ئۇنى ئوتتۇرا مەكتەپتە يەنە بىر يىل ئوقۇش دېسە ئۇنىمىدى. «ئەگەر يەنە بىر يىل ئوقۇپ ئۆتەلمىسەم ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ سەت ئەمەسمۇ» دەپ ئۇنىمىدى. بىر يىلدىن كېيىن ئۇ توي قىلدى، ئۆزى بىر مەھەللە ئىش باشقۇرۇش باشقارمىسىغا ئورۇنلاشقاندى، بىراق ئۇنىڭ ئېرى ھاراقتا بەك ئامراق بالا ئىكەن، بىر كۈنى مەست ھالەتتە ئۆيگە كېلىۋاتقاندا ماشىنا ھادىسىسىدە ئۆلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ئوغلى بىلەن يالغۇز قالدى. پات - پات كېلىپ مېنى ئىزدەيدۇ، بىرەر ئىشلىرى بولسا ماڭا دەيدۇ، ئىشقىلىپ، كۈنى يامان ئەمەس، بىراق شۇ ھازىرغا قەدەر قايتا تۇرمۇشقا چىقمىدى.

— توۋا، ئەسلى ئۇ دەرسكە بەك ئۇستا ئىدى، — دېدى رابىگۈل.

— ئىمتىھاندا تۆت نومۇرى كەملەپ قاپتىكەن، — دېدى رەنا.

— پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى شۇ - دە، ئەمدى ! — دېدى چەتتە ياتقان مەرھابا گەپكە ئارىلىشىپ.

— ئەمدى مۇشۇنداق دېمەي ئامال يوق - دە ! — دېدى رەنا، — ھە، رابىگۈل، ئەخەتنىڭ ئەھۋالىنى سورىمايسەنغۇ !؟

— سوراي، سوراي دەيمەن، ئاداش، خىجىل بولۇۋاتىمەن...

— ئۆزۈڭنىڭ سۆيگەن يىگىتىڭ تۇرسا، نېمىدىن خىجىل بولىسەن !

— ئۇ مەندىن يۈز ئۆرۈپ بالدۇرلا توي قىلىۋالغان.

— ئۇنداق ئەمەس، مەن بىلىمەن، ئۇ ھازىرقى ئايالىغا كۆڭۈلسىز، دادىسى ئۇنى ئۆيلەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىمەن دەپ تۇغقىنىنىڭ قىزىنى تېڭىپتىكەن، شۇڭا ئۇ مۇشۇ خوتۇنغا مەجبۇر بولۇپ قالغان ! — دېدى مەرھابا.

— شۇنداق ! — دېدى رابىگۈل. ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتتى، كاللىسىدا ئەخەت بىلەن باغمۇباغ، تاغمۇتاغ يۈرگەن

كۆڭلىرى پەيدا بولدى.

— بىراق ئەختەننىڭ ئەھۋالى ياخشى ئەمەس، ئاداش، ئۆز ۋاقتىدا دادىسى ئىشلىگەن چوڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا ئورۇنلىشىپتىكەن، كېيىن ئۇ فابرىكا ۋەيران بولۇپ ئىشسىز قاپتۇ، بۇرۇنقى ئىشلىگەن ھەققىگە يىلىغا مىڭ سومدىن پۇل بەرگەن ئوخشايدۇ، ھازىر ئەركىن بازىرىدا ئايالى بىلەن كىچىك بىر ئاشخانا ئېچىۋاپتۇ، شۇ كۈنلۈكىنى كۈندە ئاران تاپىدىغان ئوخشايدۇ...

رەنانىڭ گېپىنىڭ ئاياغلىشىشى بىلەن، ئۆينىڭ ئىچى جىمىپ كەتتى، رابىگۈل رەنانىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، چوڭقۇر ئويغا چۆشۈپ كەتتى. ئۇ ئەختەننى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، خۇش چاقچاق، كۈلۈپلا تۇرىدىغان ئەختەننىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشى ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويغانىدى.

— بۇنىمۇ تەقدىر دەيمىزما، رەنا؟ — دېدى رابىگۈل.

— تەقدىر دەيمىز ئاداش، ھەممە ئىش بىزنىڭ پېشانىمىزگە يېزىلغان. قارىمامسەن، مەرھابا ئېرىدىن ئاجرىشىپ تۇل بولۇپ ئولتۇردى. مەن جىق قىز - چوكانلارنى كۆرگەن، ئۇنىڭدەك ئېرىگە سادىق ئاياللار بەك ئاز، بەك ئاز، لېكىن ئۇنىڭ ئېرى ئۇنىڭغا ئەسكىلىك قىلدى، ئامال يوق بۇ ئىشقا، تەقدىر پېشانە مۇشۇنداق، مەسىلەن، ئۆزۈڭنى ئالساق يۇرتۇڭنى تاشلاپ دادىڭ بىلەن ئاپاڭنىڭ كەينىدىن ئالمۇتاغا چىقىپ كەتتىڭ، مانا ئۇ يەردىمۇ تۇرمۇشقا چىقىپ ئۆيلۈك ئۆي بولماپتۇ، مېنى ئالساق پۇل تاپىمەن، داڭقىمنى چىقىرىمەن دەپ دادامدەك بىر ئادەمگە تېگىپ ئولتۇردۇم، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى تەقدىر، ئاداش.

— «كەچ قويغان خۇدايىم ئاچ قويماپتۇ» دېگەن گەپ بار، بىزمۇ خاتىرجەم بولارمىز بىر كۈنى.

— خۇدايىم بۇيرۇسا دە، ئاداش.

— خۇدايىم بۇيرۇسا.

— گەپ قىلە رابىگۈل.

— مەن كەتكۈچە ئەخەت بىلەن بىر كۆرۈشسەم بولاتتى، — دېدى رابىگۈل مۆڭلىنىپ.

— كۆرۈشسەن ئاداش تېخى، بىزنىڭ مېھمانخانىدىن سىلەرگە بىر ئۆي ئېچىپ بېرىمەن! — دېدى رەنا كۈلۈپ.

— مەيلى ئاداش، ئۆلۈپ تۈگەيدىغان جاھان، ئالمۇتادىمۇ پات - پات ئەخەت چۈشۈمگە كىرىپ قالاتتى، ئۆزۈمنىڭ ۋەتىنىمدە تۆت كۈن بولسىمۇ ئۇنىڭغا بىر قېتىم ئۆگەي خوتۇن بولۇپ قالاي! — دېدى رابىگۈل.

— هاي! هاي! رابىگۈل، كەتكەن ئىش كەتتى ئەمدى، سۇنىڭ ئۈستىدىن سۇ ئاقمايدۇ! — دېدى مەرھابا.

— مەن ئەخەت بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ، ئاداش! — دېدى رابىگۈل.

— ئالدى بىلەن كۆرۈش، ئاداش، ئەھۋالغا قارايمىز، ئەگەر ئەخەتنىڭ كونا خامانىنى سورىغۇدەك كەيپىياتى بولسا، قالغان ئىشلارنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دېدى رەنا.

— توۋا، غەم - قايغۇ ئىچىدە ئۆتىدىغان جاھان ئىكەن بۇ! — دېدى رابىگۈل.

— ياخشى كۈنلەر ئالدىمىزدا، ئاداش، ئۈمىد بىلەن ياشايمىز، بىز ھەرقانداق بىر ئەرنىڭ قۇلى ئەمەس، — دېدى مەرھابا.

— ياخشى گەپ قىلدىڭ، مەرھابا، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزگە چىڭ بولۇشىمىز كېرەك، ئۆزىمىزگە ئىشىنىشىمىز كېرەك، شۇ ۋاقىتتا بىزنى ھېچ كىم بىرنەرسە قىلالمايدۇ، — دېدى رەنا.

ئۆينىڭ ئىچى يەنە جىمىپ كەتتى. رابىگۈل ھېسسىياتىنى باسالماي يىغلىۋەتتى، رەنانىڭ مەخسۇس مېھمانلارغا ئىشلىتىدىغان ئاپپاق يوتقان - كۆرپىلىرى قانغا بويالدى، شۇئان ئەخەت ئۇنىڭ قوينىدا پەيدا بولدى، ئون يىلنىڭ ئالدىدىكى «نايناقلار دەرياسى» بويلىرىدىكى كۆرۈنۈشلەر ئۇنىڭ قوينىدا قايتا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلار مەيلى قانداق يەرگە بېرىپ مۆكۈپ ئولتۇرسۇن شۇ يەردىن بەكمۇ چىرايلىق بىر جۈپ قىرغاۋۇل ئۇچۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېتەتتى، ئۇلار ئىككى يۈز مېتىر يىراقلىقتىكى توقايلىققا چۈشۈپ مۆكۈۋالاتتى، ئۇلار ئىككىسى قىرغاۋۇل ئۇچۇپ چىققان يەرگە چاپلىشىپ، قاراڭغۇ ۋە توقايلىق ئىچىدە بىر - بىرىنىڭ قىپقىزىل يۈرەكلىرىنى جۈپلەشتۈرەتتى، قاراڭغۇلۇق ئاشۇ يىللاردا ئۇلارنىڭ بەختى ۋە جەننىتى ئىدى...

رابىگۈل ياشلىق دەۋرلىرىدىكى سۈرەتتەك كۆرۈنۈشلەر ئىچىدە ئۇخلاپ قالدى، رەنا بىلەن مەرھابا تېخى ئۇخلىمىغانىدى، رەنانىڭ خورىكى تېخى كۆزلىرىنى ئاچمىغانىدى، رابىگۈل بىردىنلا جۆيلۈپ كەتتى:

— ئەخەت... ئەخەت... بىز يىللار بىلەن باغاش ئەتكەن، سۇلار بىلەن تەڭ ئاققان... ئەخەت...

ئۆينىڭ ئىچى يەنە جىمىپ كەتتى، ئارقىدىن مەشھۇر خورەك مارشى باشلاندى، رابىگۈل كۆزىنى ئاچتى، خورەك ئۇنىڭ قوينىغا كىرىپ، ئەخەتنىڭ ئورنىنى ئالدى.

يەكشەنبە كۈنى رەنا ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىنى ئۆزىنىڭ مېھمانخانىسىنىڭ ئاشخانىسىغا يىغدى. ئوتتۇزغا يېقىن ئادەم تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ رەنانىڭ مېھمانخانىسىغا يىغىلدى. رەپقەت ئارقا سەپتە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا بىر قوللۇق مەسئۇل بولدى، بۇ ساۋاقداشلارنىڭ مۇشۇنداق بىرىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىشى ئىدى. رەپقەتنىڭ تەييارلىقى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئۇ شەھەردىكى ئەڭ ياخشى ناخشىچىلار بىلەن سازەندىلەرنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەنىدى، سورۇننىڭ ئومۇمىي كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى ئىدى.

بۇ كاتتا يىغىلىشقا ئەخەتمۇ كەلگەنىدى، ئۇنىڭ چېچى ئاقىرىپ كەتكەن، روھىي كەيپىياتى بەك بوش ئىدى، ئۇ چاندۇرماي رابىگۈل بىلەن كۆرۈشتى، رابىگۈل تەشەببۇسكارلىق بىلەن قولىنى ئۇزىتىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى، ئەخەت ئىتتىك قولىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ ئىسسىق قولىنى تۇتتى، ئەخەتنىڭ ئەسلىي تۇتىدىغان قولى مۇشۇ ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ قولىنى

باشقا بىرسىنىڭ قولىغا باغلاپ قويغانىدى. ئۇ رابىگۈلنىڭ كۆزىگە قارىدى، رابىگۈل ئون يىلنىڭ ئالدىدىكى كېيىنەككە ئايلاندى، ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت تېخى ئۆچمىگەنىدى، لېكىن ئەخەت ئون يىلنىڭ ئالدىدىكى ئەخەت ئەمەس ئىدى، تۇختىماي ئاقىدىغان «نايىناقلار دەرياسى» ئۇنىڭ بارلىق رىۋايەت ۋە ئەمەلىيەتلىرىگە خىيانەت قىلىپ بولغانىدى، رابىگۈل يىللارنىڭ رەھىمسىزلىكى ئۇچۇن قايغۇردى. ئۇلار ئۆزئارا ئەھۋال سورىشىپ بولغاندىن كېيىنمۇ بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ئارغامچىسىغا باغلىنىپ تۇرغانىدى. ئەخەت ئاستا ـ ئاستا ئېسىگە كەلدى، ئۇ مۇشۇ يىللاردىكى ئەمەلىيەتتىن قۇتۇلۇپ چىقىپ رابىگۈلنىڭ قولى ئارقىلىق ئۇنىڭ بېغىغا كىرىپ كەتتى، ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ يالقۇنلۇق كۆرۈنۈشلىرى ئۇنى ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئاشۇ يىللارغا ئاپىرىپ قويدى. ئۇ ئۇلار نېمە دېسە ياق دېمەيدىغان يىللار ئىدى، مەيلى «نايىناقلار دەرياسى» بولسۇن ياكى باغلاردا، تاغلاردا، سەھرالاردا، شەھەردىكى ئۆيلەردە بولسۇن، ھەممە يەر، ھەممە ئورۇن، ھەممە بۇلۇڭ ئۇلارنىڭ خۇشۇسىي جەننىتى ئىدى، تاتلىق ئارزۇ ـ ئارمانلار ئۇلارنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەنىدى، لېكىن قاندىكى ئاشۇ نەرسىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشى بەك تەس، بەك تەس ئىدى.

مەرھابا ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ چاقچاق قىلدى:

— ئەمدى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈڭلار، قولۇڭلار بىر ـ بىرىگە قاندى، ئەمدى ئۆزۈڭلار قېنىشىۋېلىڭلار!

ئەخەت ئوڭايسىزلىنىپ قولىنى قويۇۋەتتى، رابىگۈل قاقاھلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ مەرھاباغا قارىدى:

— ئەخەتنى ئون كۈن قۇچاقلىساممۇ قانمايمەن، ئاداش، — دېدى ئۇ.

«مۇساپىرچىلىقتا بېشىدىن خېلى ئىش ئۆتكەن ئوخشايدۇ بۇنىڭ، ئوبدانلا گەپ قىلىشنى ئۆگىنىپتۇ» دېدى ئەخەت ئىچىدە.

— رەھمەت رابىگۈل، — دېدى ئەخەت ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ.

مېھمانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولغانىدى، رەنا ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇلارنى ئۆزى ئولتۇرغان ئۇستەلگە باشلىدى.

ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا مەرھابا ئەخەتكە تېلېفون بەرگەندە، ئۇ: «مەن قاتنىشالمايمەن، ئاشخانامنى ئاچمىسام بولمايدۇ» دەپ گېپىنى ئۈزۈۋەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ رابىگۈل بىلەن ئۇچرىشىشتىن خىجالەت بولاتتى، ھەم ئۇنىڭ ئۇنى سىرتلاردا ئايلاندۇرۇپ ئوينىتقۇدەكمۇ ھالى يوق ئىدى، ئاپپاق چاچلىرى ئۇنى بەك سەتلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ روھىي ھالىتى بىلەن يۇرۇش - تۇرۇشلىرىمۇ بۇرۇنقى ئەخەتنىڭ روھىي ھالىتى ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ رابىگۈلنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ يىغىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغانىدى. ئاخىر بىر كۈن قالغاندا رەنا مەرھاباغا كەينىگە سېلىپ، ئەركىن بازىرىغا بېرىپ ئۇنىڭ ئاشخانىسىدا ئەخەت بىلەن كۆرۈشتى. ئەخەت: «ئاشخانىنى تاقاپ قويسام بولمايدۇ، ئۆگەنگەن خېرىدارلار قېچىپ قالىدۇ» دەپ سەۋەب كۆرسەتكەندە، رەنا: «تاقىماڭ، ئايالىڭىز ئېچىپ تۇرسۇن، سىز بارمىسىڭىز بولمايدۇ» دەپ ئۇنى مەجبۇرلىغانىدى. شۇ ئاخشىمى ئايالى ئىبادەتمۇ ئۇنىڭ سورۇنغا بېرىشىغا ئانچە قوشۇلمىغانىدى:

— بارمىسىڭىز بولاتتى، ئەخەت، ئۇلار كىم، بىز كىم، ئۇلار دوللار خەجلەيدىغان ئادەملەر، توققۇزى تەل بولۇپ بولغان ئادەملەر، بىز بىر تالدىن مانتا تۈگۈپ سېتىپ جان باقىدىغان ئادەملەر. سىز ئۇلارغا ماس كەلمەيسىز، ئۆزىڭىز ئوتتۇز نەچچە ياش، چېچىڭىز ئاتمىش نەچچە ياش، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەتلىشىپ قالارسىزمىكىن!

— ئۇنداق دەپ كەتسەڭ بولمايدۇ، خوتۇن، — دېگەنىدى ئەخەت، — ئەگەر رەنا كەلمىگەن بولسا، مەن بارمايتتىم، ئەمدى بارمىسام ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ، ئاشخانامنى ئاچمىسام خېرىدارلار قېچىپ كېتىدۇ، دېگەن بىر باھانە، قورسىقىمدىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى رەنا ئوبدان بىلىدۇ، سەت بولمىسۇن،

ساۋاقداشلىرىم ئىكەن، كۆرۈشۈپ قوياي.
— رەنا دېگەن سەتەڭنى بەك يامان نەرسە دەيدىغۇ؟
— مەن ئۇنىڭ يامانلىقىنى كۆرمىدىم، خوتۇن، ئاشۇ ھالى بىلەن ئالدىمغا ئېگىلىپ كەپتۇ، بارمىسام سەت تۇرار.
— ئەمىسە ھاراقنى ئاز ئىچىڭ، جىق ئىچىۋالسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ خوتۇنى بىلەن خەقنىڭ خوتۇنىنى ئالماشتۇرۇپ قويىسىز...
— بېشىمنى ئاغرىتما، ماڭا ئۆزۈمنىڭ دەردى يېتىپ ئاشىدۇ...
— ھازىرقى ساۋاقداشلار يىغىلىشى ئاشۇنداق ئويۇنلارغا پۇرسەت بولۇپ بەردىغۇ!
— ئارتۇق گەپنى قويۇڭلار، خوتۇن، ئاۋۇ مايماق تىكىلگەن ئىشتىنىمغا دەزمال سېلىپ ئوڭشىۋەتكىنە، مۇشۇ كۈنلەردە مېنى ئىتقا تاشلاپ بەرسەڭمۇ قارىمايدۇ...

ئاشخانىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىم رەيقەتنىڭ قېشىغا كېلىپ تاماق تەييار بولۇپ قاپتۇ، دەپ پىچىرلىدى، رەيقەت بۇ ئۇچۇرنى رەناغا يەتكۈزدى. رەنا: «ئەمىسە تاماق چىقسۇن !» دېدى. رەيقەت مۇلازىم قىزلارنى ئىشقا سېلىپ، ھەممە ئۈستەلگە تاماق ئاچىققۇزدى. تاماقتىن كېيىن قورۇمىلار كەينى ـ كەينىدىن چىقتى، مۇلازىم قىزلار مېھمانلارنىڭ ئالدىدىكى رومكىلارغا ئاق ھاراقلار بىلەن قىزىل ھاراقلارنى قۇيۇپ بولغانىدى. رەنا قولىغا قىزىل ھاراق قۇيۇلغان ئېگىز رومكىنى ئېلىپ، ئورنىدىن تۇردى:
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئەزىز ساۋاقداشلار، مەن بۈگۈنكى سورۇننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قوياي، بۈگۈن بۇ بىز ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك، قىممەتلىك بىر يىغىلىش بولدى. بىز ھۆرمەتلىك ساۋاقدىشىمىز رابىگۈلنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن مۇشۇ يەرگە جەم بولدۇق. مەن ساۋاقداشلارغا

ۋاكالىتەن رابىگۈلدىن سەممىي ھال سورايمەن، تەقدىرنىڭ پېلىكى رابىگۈلنى يەنە بىر دۆلەتكە ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۇھەببىتى يەنە مۇشۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتىدا... بىزنى مۇشۇ يەرگە يىغقىنى ئىتتىپاقلىقىمىز... بىز مۇشۇ قەدەھنى رابىگۈلنىڭ بەختى، سالامەتلىكى ئۈچۈن، ساۋاقداشلارنىڭ ئامانلىقى ۋە خاتىرجەملىكى ئۈچۈن، ھەممىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن كۆتۈرۈۋېتەيلى!

ھەممە ئادەم رومكىسىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى، ئەرلەر قولىدىكى ھاراقنى ئىچىۋەتتى، ئاياللار چىرايلىق قىزىل ھاراقنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ قويۇپ رومكىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى.

— رەنا بەك ياخشى گەپ قىلدى، رابىگۈل، — دېدى ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان مەرھابا.

— شۇنداق ئاداش، رەنا بەك يېتىلىشىپ كېتىپتۇ، — دېدى رابىگۈل.

«ئەسلىي بىرەر يەرگە باشلىق بولىدىغان خوتۇن ئىكەن بۇ» دېدى رەپقەت ئىچىدە.

— توۋا، ھەممە ئىشنى بىلىدىغان سەتەڭكىنە بۇ! — دېدى بىرسى.

— رەنانى مەن ئوبدان بىلىمەن، مايمۇننى ئۇسسۇلغا سالىدىغان نايناق بۇ! — دېدى يەنە بىرسى.

— مۇشۇ كۆنلەرگىمۇ شۈكۈر خۇدايىم، خەقنىڭ قولىغا قالماي باللىرىمنى بېقىپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى ئەخەت رەنالارنىڭ ئۈستىلىگە قاراپ ئولتۇرۇپ ئۆزىچىلا.

ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە رومكا ھاراق ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، رەپقەت سازەندىلەرنى ساز چېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى، مۆلىڭ كەڭ زالدا مېھمانلارنىڭ ئالتۇن خاتىرىسىنى ئۇستەلگە قايتا يېيىشقا باشلىدى...

رەپقەت رەنانىڭ تەلىپى بىلەن ئۇلارغا تانسا ئوينايدىغان

مۇزىكا قويدۇرۇپ بەردى، مېھمانلار مەيدانغا چۈشۈپ تانسا ئويناۋاتقاندا، ئىشىك تەرەپتىن ئەركىن كىرىپ كەلدى، ئۇ كېچىكىپ كەلگەنىدى. بايا تاماق چىققاندا پەقەت مەرھابالا ئەركىن كەلمەپتىغۇ، دېگەنىدى، قالغان بىرمۇ ساۋاقداش ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىمىغانىدى. ئۇلار ئۇنىڭ تا مۇشۇ كۈنگىچە رەنانىڭ مۇھەببىتىدىن نەپەس ئېلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلگەنلىكتىن، ئەپسىز بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئۇنىڭ گېپىنى چىقارمىغانىدى، لېكىن رەنا ئىچىدە ئەركىن كەلمەپتىغۇ، دېگەنىدى.

ئەركىن ئەخەتنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇ ئەخەت بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆزىنىڭ كېچىكىپ كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بەردى. كۈتكۈچى قىز ئۇنىڭغا چاي قۇيۇپ بەردى. ئاندىن ئۇنىڭ ئالدىغا تەخسە بىلەن چوكا ئەكېلىپ قويۇپ قويدى. ئەخەت ئۇنىڭ تەخسىسىگە چىرايلىق بىر پارچە گۆش سېلىپ قويدى، ئاندىن: «بۇ ئۇستەلنىڭ ھارىقىنى مەن قۇيۇپ بېرەي، سىڭلىم» دەپ كۈتكۈچى قىزنىڭ قولىدىن ئېلىۋالغان ھاراق بوتۇلكىسىنى قولىغا ئېلىپ، بىر رومكىغا بېلىق كۆزى قىلىپ ھاراق قۇيۇپ، ئەركىننىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

— كەينى ـ كەيندىن ئۈچ ـ تۆت رومكا ئىچىپ بىزگە يېتىشىۋال، ئاندىن پاراڭلىشىمىز، — دېدى ئۇ ئەركىنگە.

ئەركىن ئۈچىنچى رومكا ھاراقنى ئىچىپ بولغاندا، رەنا ئەركىن بىلەن ئەخەتنىڭ قېشىغا كەلدى.

— بىرەر ئىشىڭىز چىقىپ قالغان ئوخشىمامدۇ، ئەركىن؟ كېچىكىپ قالدىڭىز، — دېدى رەنا. ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ھېسسىيات يوق ئىدى، ئۇ ئەركىننىڭ تۆت رومكا ھاراق ئىچىۋېلىپ ئۇنىڭغا ئۆتكەن كۈنلەردىكى ئەسلىمىلەرنى يادلاپ بېرىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

— ئازراق ئىشىم چىقىپ قالدى، رەنا، كەچۈرىسىز، — دېدى ئەركىن. ئۇ كۆزلىرىنى رەنانىڭ كۆزلىرىدىن ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— قارىساق مېھمانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولدى، شۇنىڭ بىلەن سىزنى ساقلىيالمىدۇق، — دېدى رەنا.

— لېكىن مەن ئۇنى ھاراق بىلەن تولدۇرۇپ قويدۇم، — دېدى ئەخەت.

— ھاراق دېگەن بەك ياخشى نەرسە ئىكەن، رەنا، ئەخەتنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ئۈچ رومكا ھاراق ئىچىۋالدىم، مانا ئۆزۈمنى «نايناقلار دەرياسى» نىڭ بويلىرىدىكى ئەمەنلىك ئىچىدە كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن، — دېدى ئەركىن.

— سىزنىڭ خاتىرىڭىز بەك ياخشى، ئەركىن، — دېدى رەنا.

— لېكىن پېشانەم تەتۈر، — دېدى ئەركىن.

— بۇ جاھاندا مەڭگۈلۈك ئىش يوق، ئەركىن، — دېدى رەنا. ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچىدى، ئۆزىگە قاراپ كۈلۈپ تۇرغان ئەخەتنى كۆرۈپ گېپىنى توختىتىۋالدى.

— ياخشى گەپ قىلدىڭىز، رەنا، دادام مېنى ئۆز ۋاقتىدا فابرىكىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندا، مەن مانا ئەمدى بىر ئۆمۈر خاتىرجەم ئىشلەيدىغان بولدۇم دەپ خۇشال بولۇپ كەتكەن، ئون نەچچە يىلدىن كېيىن ئىش ئورنۇمدىن قالدىم، فابرىكىمۇ تۈگىدى، مۇشۇ ئىشلارنى كىم ئويلىغان دەيسىز، رەنا! — دېدى ئەخەت.

— شۇنداق، ئاشخانىڭىزنى ياخشى باشقۇرۇڭ، سودىڭىز ياخشى ئىكەن، ئاستا ـ ئاستا چوڭايتىڭ، كېيىن شەھەرنىڭ مەركىزىي ئورۇنلىرىدىن چوڭراق ئاشخانا ئېچىۋالالايسىز.

— رەھمەت، رەنا، خۇدايىم بۇيرۇسا، ئىشلار سىز ئېيتقاندەك بولار.

— ماقۇل ئەمىسە، سىلەرگە سالامەتلىك تىلەيمەن، مەن رابىگۈلنىڭ قېشىغا باراي، — دېدى رەنا. ئۇ كەينىگە يېنىپ ئۆزىنىڭ ئۈستىلىگە كەتتى.

— رەنا پېشانىسى بەك ئوڭ قىز ئىكەن، يولى ئېچىلىپ كەتتى، قولىنى نەگە سوزسا شۇ يەرگە يېتىدۇ، — دېدى ئەخەت

قولىدىكى بىر رومكا هاراقنى ئىچمۇېتىپ.

— سەن مېنى چۈشەنمەيسەن، ئاداش، مەن مېنىڭ پەرىنى رەنانىڭ بىر تال چېچىغا تېگىشمەيمەن، مەن بىر ئۆمۈر چىدايمەن ئاداش، چىرايىمدا قان قالمىغۇچە چىدايمەن! — دېدى ئەركىن.

— هە، بوپتۇ ئەمىسە، ئاداش، ئىككىمىز بىر رومكا هاراق سوقۇشتۇرۇپ ئىچىۋېتەيلى، — دېدى ئەخەت يەنە.

رەنالارنىڭ ئۈستىلىدە رابىگۈل بەك هاياجانلىنىپ كەتكەنىدى، ئۇ هە دېگەندە: «ماڭا ئاق هاراق قۇيۇڭلار!» دەپ ئاق هاراق ئىچتى. قىزلار ئۇنىڭ قىلىقىغا قاراپ هەيران قالدى، ئۇلارنىڭ هەممىسى رەناغا قارىدى، رەنا گەپ قىلماي كۆزىنى قىسىپ قويدى، رابىگۈل بىردەمدىلا قىزىپ قالغانىدى.

رەپقەت ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ بىرنەچچە دېرىزىنى ئېچىۋەتتى، تەلكە دەرياسى تەرەپتىن كەلگەن شاماللار ئالدىراپ ئاشخانىغا كىردى، ئۇلار كۆي مۇڭلىرى ۋە هاراقنىڭ جۇشقۇن كەيپىياتى بىلەن بىرلىشىپ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاشخانىنىڭ هاۋاسىنى تەڭشەشتى. شامال يولدا يېتىپ قالغان مەستلەرنىڭ چۈشلىرىنىمۇ ئېلىپ كەلگەنىدى، ئۇ خېلىلا قىزىپ قالغان ئەخەت بىلەن ئەركىننىڭ قېشىغا كېلىپ، يولدىكى مەستلەرنىڭ هېكايىسىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى.

ساۋاقداشلارنىڭ هەممىسى بىر - بىرى بىلەن جۈپلىشىپ ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىۋاتاتتى، رابىگۈل ئەخەتنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ئەركىننىڭ كۆڭلى رەنادا ئىدى، ئۇ رومكىسىنى كۆتۈرۈپ رەنانىڭ قېشىغا باردى، رەپقەت ئورنىدىن تۇرۇپ سازەندىلەر ئولتۇرۇۋاتقان ئۈستەلگە كەتتى.

— خاپا بولىسىڭىزمۇ مەن سىزگە بىر رومكا هاراق تۇتاي، رەنا، بۈگۈن ساۋاقداشلارنى بىر يەرگە جەم قىلدىڭىز، مەن بەك خۇشال...

«ماڭا ئىش تېپىپ بەرمىسە بولاتتىغۇ!» دېدى رەنا. ئۇ

سازەندىلەرنىڭ ئۈستىلىگە قاراپ قويدى، رەپقەت راخمان تەمبۇرچى بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— ئەمدى خۇلاسە چىقارمىساڭ بولمايدىغان ئوخشايدۇ، ئاداش، رابىگۇل ئەخەت بىلەن بەك ئىچىشىپ كېتىۋاتىدۇ، ئاللا دېدىم، ئۇ ئاق هاراق ئىچمىدىكەنغۇ! — دېدى مەرھابا.

— مۇساپىرچىلىق ـ دە، مۇساپىرچىلىقتا ئىچىۋاتقان گەپ! — دېدى رەنا.

بايا دېرىزىدىن كىرگەن شامال ھەممە ئادەمنى ئويىنىتىۋاتاتتى، ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ لەگلەكلىرىنى ئۇچۇرتۇۋاتاتتى، كەيپىيات تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ بولۇپ تۆۋەنگە قاراپ پەسلاۋاتاتتى. رەنا سورۇندىن خۇلاسە چىقىرىپ، ساۋاقداشلارغا رەھمەت ئېيتتى، مېھمانلار بىردىن ـ ئىككىدىن تارقالدى. رەنا رابىگۇلنى مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئاندىن ئۇ رەپقەت بىلەن ئۆيىگە كەتتى.

«رابىگۇل دېگەننى رەنانى بىر يەرگە يولغا سېلىپ قويۇپ بىر كۈن ئولتۇرۇپ ئىچىشىدىغان قىز ئىكەن ـ دە، بۇ!» دېدى رەپقەت يولدا كېتىۋېتىپ ئىچىدە.

— رابىگۇلنىڭ مېھمانخانىدا يېتىپ قالغىنى ياخشى بولدى، رەپقەت، بولمىسا ئۇنىڭ تۇغقىنى خاپا بولۇپ قالىدۇ، ئۇ بەك جىق ئىچىپ قويدى، — دېدى رەنا.

مۇشۇ كۈنى سەھەردە، ئەركىن بازارنىڭ تۆۋىنىدىكى بىر مەھەللىدە، بىر ئايال ئۆيىدە توختىماي سۆزلەۋاتاتتى، لېكىن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان ئادەم يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئېرى بىلەن ئوغۇللىرى بېشىنى كۆتۈرەلمەي ئۇخلاۋاتاتتى.

— توۋا خۇدايىم، مۇشۇنداقمۇ ساراڭ ئەر بولىدىكەن، كەچتە تاماق ئېتىمەن، گۆش ئەكېلىڭ دەپ بازارغا چىقارتسام كەچتە گۆشمۇ يوق ئۆزى مەستلا كىرىپتۇ ئۆيگە. توۋا، ئۇنى ئاز دەپ ئىككى ئوغلىمۇ مەست كىرىپتۇ، مانا ئۈچ مەست كىيىملىرىنىمۇ سالماي قاتار ياتىدۇ، پەردىشەپ بارمۇ بۇ خەقتە؟

دادا بولغان ئادەم : توختا، بالىلىرىممۇ مەن گۇيىنى دورىدى، ئەمدى مەن بولسامۇ تاشلاي، يېشىم ئاتمىشتىن ئاشتى دېمەي بالىلىرى بىلەن بەس ـ بەستە ئىچىپ كېتىۋاتىدا ؟ دادىسىمۇ هاراقكەش، ئۆزىمۇ هاراقكەش، بالىسىمۇ هاراقكەش، بىر هاراقكەشلەرنىڭ ئائىلىسىگە چۈشۈپتىمەن مەن، بىر ئۆمۈر هېچ نەرسىدىن تەلىيىم كەلمىدى ! مەھەللىدىمۇ يۈزۈم قالمىدى، ئەڭ بولمىغاندا بىرسى ئىچسە بىرسى دەم ئالسا بولمامدۇ بۇ گۇيلارنىڭ؟ !

ئايال سۆزلەپ هاردى، ئۇنىڭ ئېرى بىلەن بالىلىرى داۋاملىق ئۇخلاۋاتاتتى.

— مۇشۇ هۆكۈمەت ئۇنى چەكلەيدىكەن، بۇنى چەكلەيدىكەن، نېمىشقا مۇشۇ هاراقنى چەكلىمەيدىكىنە ! — دېدى ئايال ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئون ئالتىنچى باب

## مۇھەببەتنى ئۇنتۇغىلى بولمايدۇ

ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئاشۇ شېرىن يىللاردا، ئەخمەت رابىگۇل بىلەن بەكمۇ بالدۇر مۇھەببەتلەشكەنىدى. ئاشۇ يىللاردا، ئەخمەت ــ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يىلى رابىگۇلنى ئايلاندۇرۇپ ئۇنى ئۆزىگە باغلىۋالغانىدى، شۇ يىلى ئۇ بىرىنچى قېتىم ئۇنىڭ ناۋاتتەك تاتلىق لەۋلىرىگە سۆيگەنىدى. بىر كۈنى ئۇ رابىگۇلنى كىنوخانىنىڭ قېشىدىكى باغچىغا ئەكىرىپ، بىرنەچچە ئادەمنىڭ قوچىقى يەتمەيدىغان نەچچە يۈز يىللىق قارىغاينىڭ كەينىدە بىرىنچى قېتىم قوچاقلاپ سۆيگەن، رابىگۇل ئەخمەتنىڭ بۇ قىلىقىدىن بەك قورقۇپ كەتكەنىدى. ئۆيگە بارغاندىن كېيىنمۇ قورقۇپ يۈرىكى سىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاپىسىغا چاندۇرماسلىق ئۈچۈن: «بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ، ئاپا» دەپ بالدۇرلا ئورۇن سېلىپ يېتىۋالغانىدى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا، ئەخمەت دەرس تەكرارلايمىز دەپ ئۇنى باغچىغا ئەكىرىپ، ئاشۇ يوغان قارىغاينىڭ كەينىدە ئۇنى نۇرغۇن قېتىم ئاشۇ ئىشقا زورلىغانىدى. رابىگۇل بىرنەچچە قېتىم يىغلاپ كىرىپ، يىغلاپ چىقىپ كەتكەن: « ئەخمەت، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئاشۇنداق گەپ قىلىسىڭىز، مەن سىز بىلەن ئارىلاشمايمەن، ئىككىنچى يۈزىڭىزگە قارىمايمەن» دېگەنىدى، ئەخمەت ماقۇل دەپ قويۇپ ئۇنى داۋاملىق كەينىگە سېلىپ يۈرگەنىدى. ۋاقىت ئۆتتى، بىر كۈنى ئەخمەت ئۇنى يەنە باغچىغا ئەكىرىپ ئاشۇ زوۋانىسىز قارىغاينىڭ

كەينىگە ئاپىرىپ بىللە ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن مۇڭداشتى، بۇ ۋاقىتتىكى ئەخەت خېلى تەجرىبىلىك بولۇپ قالغانىدى، ئۇ ئىلگىرىكىدەك: «بىرنى سۆيۈۋالايمۇ رابىگۇل؟ تۇتۇپ باقايمۇ رابىگۇل؟» دېمىدى، ئۇنى گەپ بىلەن قىزىتىپ، قوللىرى بىلەن سىلاشتۇرۇپ كۆندۈرۈپ، ئېرىتىپ، ئاسانلا مەقسىتىگە يېتىۋالغانىدى. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، ئەخەت ئۇتتۇرۇۋۇەتكەن قىمارۋازدەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ قارىغايغا يۆلىنىپ ئولتۇرغاندا، رابىگۇل يىغلاپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىدىكى ئالامەتلەرنى كۆرۈپ ھوشىنى يوقىتىپ قويغانىدى، توختىماي: «ئەخەت، ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟ ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟» دەپ يىغلايتتى. قاراڭغۇنى جەننەت دەپ بىلىدىغان مۇشۇكياپىلاقلار ئېگىز قارىغاينىڭ ساناقسىز شاخلىرىدا ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىنى ماراپ تۇراتتى. ئەخەت ئۇنى توختىماي ئالداپ پەس قىلاتتى. ئاندىن قاراڭغۇدا رابىگۇلنى يولنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئۆستەڭگە ئاپىرىپ ئۇننىڭغا سۇنى كۆرسىتىپ قويغانىدى، جاھاننى ھەم رەسۋا قىلىدىغان ھەم ئوڭشايدىغان سۇدا رابىگۇلنى خاتىرجەم قىلغانىدى. ئارقىدىن ئەخەتمۇ سۇنى بۇلغىدى، قارىغاينىڭ ئۇستىدىكى قويۇق شاخلىرى ئارىسىدا ئۇلارنىڭ مۇشۇ قىلىقلىرىنىمۇ كۆرۈپ تۇرغان مۇشۇكياپىلاقلار ئۇلارغا: «ئادەملەر، سۇنى ئۆزۈڭلار بۇلغايسىلەر، ئىشىڭلار ئاقمىسا خەقلەردىن خاپا بولىسىلەر، سىلەر ئالدى بىلەن ئۆزۈڭلارنىڭ قىلىقلىرىنى تەكشۈرسەڭلار بولىدۇ، ئۆيدە قىلىدىغان ئىشنى تالادا قىلىسىلەر، ئاندىن كۆز يېشى قىلىپ پۇشايمان تەتۈر مېنىڭ دەپ تۇرمۇشتىن ئاغرىنىسىلەر، سىلەرنىڭ بۇ ئىشىڭلار سىلەرنى باغقا ئەمەس، جاڭگالغا باشلايدۇ» دەيتتى. لېكىن، ئۇلار مۇشۇكياپىلاقنىڭ گېپىنى چۈشەنمەيتتى، ئاشۇ يىللاردا ئۇلار مۇشۇ سۇنى، يەنى ئەركىن بازاردىكى تۈگمەننى ماڭدۇرۇۋاتقان ئاشۇ ئۆستەڭنىمۇ ئوبدانلا بۇلغاپ بولغانىدى، شەھەردىكى مۇشۇكياپىلاقلار بىر بولۇپ ئۇلارنىڭ مۇشۇ

رەسۋاچىلىقنى توسۇماقچى بولدى، لېكىن ئۇلار ئادىمىزاتقا تىلنى چۈشەندۈرەلمىدى، ئۇلار ھەسرەت ئىچىدە بۇ ئىشتىن ۋاز كەچكەندى. ئۇلارنىڭ بىر سەركەردىسى مۇنداق دەپ خۇلاسە چىقارغانىدى: «ئەمدى بولدى قىلايلى، بۇ ئادەملەرنىڭ مۇشۇنداق ئىشلىرىغا ئارىلاشمايلى، سۇنى بۇلغىسا دەردىنى ئۆزلىرى تارتىدۇ، ئادەملەرنىڭ ئەسكىسى قاراڭغۇدا ھەرىكەت قىلىدىغان ئوخشايدۇ، بىز كۈندۈزى كۆزىمىز كۆرمىگەچكە، ئۇلارنىڭ سەرخىللىرى بىلەن ئۇچرىشالمايمىز، بۇ ئەسلىدە بىزنىڭ پېشانىمىزغا يېزىلىپ بولغان ئىش ئىكەن، ئەمدى بولدى قىلايلى، ئادەملەر ھوشىنى تاپقۇچە خېلى بەدەل تۆلەيدىغان ئوخشايدۇ.»

ئەخەت بىلەن رابىگۈل مۇشۇنداق ئايىغى چىقمايدىغان ئويۇنغا پېتىپ قالغاندا، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان ۋاقىت يېقىنلىشىپ قالغانىدى. رابىگۈل ئەخەتكە: «ئەمدى مېنى بىر مەزگىل ئىزدىمەڭ، مەن دەرسىمگە ياخشىراق قاراي، بولمىسا ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەيمەن» دېگەنىدى. ئەخەت ئۇنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزىمۇ ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىپ تىرىشقان، لېكىن كېچىككەنىدى. ھەممە ئىشلار ئوڭۇشسىز ئاياغلاشتى. ئۇلارنىڭ ئاشۇ بالدۇر كۆزلىرىنى ئېچىۋالغان ھېسسىياتلىرى ئەسقاتمىدى. ئەخەت: «نېمە بولسا بولمامدۇ» دەپ داۋاملىق رابىگۈلنى ئەگەشتۈرۈپ «نايناقلار دەرياسى» غا بارىدىغان بولۇۋالدى، ئۇ يەردىكى ئوت ـ چۆپ، دەل ـ دەرەخلەر بىلەن تونۇشتى، دالا ئۇلارنى قوينىغا ئالدى، دەريانى بۇلغايدىغان يەنە ئىككى ئادەم كۆپەيگەنىدى، لېكىن بۇنداق كۈنلەرمۇ ئۇزاققا بارمىدى، بىر يىلدىن كېيىن ئەخەتنىڭ دادىسى ئۇنى مەجبۇرىي ئۆيلەپ قويدى. ئۇ توي قىلىشنىڭ ئالدىدا ئاپىسىغا خېلى يىغلاپ باقتى: «يۈرگىنىم بار ئىدى، جېنىم ئاپا، دادامغا دە، ئۇنداق قىلمىسۇن!» دەپ ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ كەتكەنىدى، لېكىن ئاپىسى گېپىنى يېگۈزەلمىدى، دادىسى

ئاپىسىغا ۋارقىرىدى: «سۆيگەننى ئەپ بەرمەيمىزمۇ دەيسەنغۇ؟ ئۇنىڭ نەرىگە سۆيۈپتىكەن؟ كىم ئىكەن ئۇ؟ تاممىكەن، ئادەممىكەن؟ مابەنزىخانىدىكى ئۇرچۇق ئەمەس بۇ، سۆيگىنىنى ئالىدىغان، ئوغۇل بالا دېگەنگە يىلتىزىنى بىلىدىغان ئادەملەرنىڭ بالا ـ ۋاقىسىدىن قىز ئېلىپ بېرىمىز! شۇ ۋاقىتىدا ئۆلگۈچە سۆيۈۋالامدۇ! تېخى ئۆزىچە سۆيگىنى بار ئىكەن ـ دە، ئۇنىڭ! سۆيگىنى دېمەيمىز ئۇنى، ئىچ پۇشۇقى دەيمىز...» دېگەنىدى. رابىگۈل يىغلاپ بىر چەتتە قالغانىدى، ئۇ كۆڭلىنىڭ كەينىگە كىرىپ جاڭگالدا قالدى، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن قازاقىستانغا چىقىپ كەتتى.

رابىگۈل ئالمۇتاغا بارغاندىن كېيىنمۇ ئەخەت بىلەن بىللە بولغان ئاشۇ كۈنلىرىنى ئۇنتۇمىدى، ئۇ ھەم ئۇنتۇيالمايتتى. بىر يىلى يازلىق تەتىلدە ئەخەت رابىگۈلنى يىراق سەھرادىكى كىچىك ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپارغانىدى، ئۇلار شەھەردىن شۇ يېزىغا يېرىم كۈن ماڭغانىدى، يېرىم كۈنلۈك يول ئۇلارنىڭ تارىخىدىكى جەننەت يولىغا ئايلانغانىدى. يول بويى ئۇلار بىر ـ بىرىگە قانماي مۇڭدىشىپ، ئوينىشىپ ماڭاتتى، ھېرىپ قالغاندا يولنىڭ چېتىدىكى ئېرىقنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇراتتى، ئېگىز سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ سايىسى ئۇلارنى قارشى ئالاتتى، سۈزۈك سۇ ئۇنچە مەرۋايىتتەك پارقىراپ شارقىرىغىنىچە شەھەر تەرەپكە ئاقاتتى، شامال ئېتىزدىكى زىرائەتلەرنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرىنى ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىگە چاچاتتى ، قۇشقاچلار ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا پەيدا بولۇپ ئەركىلەپ ئۇسسۇلغا چۈشەتتى. قۇياش ئاستىدا ئالەمدىكى ھەممە ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ تۇرىدىغان ساناقسىز سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ ساناقسىز يوپۇرماقلىرى ئۇلارغا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى، ئۇلار توختىماي سۆزلەيتتى. ئېگىز بىدە باسقان ئات ھارۋىلار مەغرۇر ھالدا شەھەرگە قاراپ ئىلگىرىلەيتتى، باشلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىلگىرىلەۋاتقان ئاتلار ئىگىسىنىڭ مەنۋىيىتى ئۈچۈن غەيرەت قىلاتتى. قارشى

تەرەپتە ئورمىدىن كېيىن ئارام ئېلىۋاتقان كەڭ ئېتىزلاردا پادىچى بالىلار مال بېقىۋاتاتتى، ئۇلار ياۋاش كالىلارغا مىنىۋېلىپ، بېشىنى كۆتۈرمەي ئوتلاپ يول تەرەپكە كېلىپ قالغان ماللارنىڭ بېشىنى ئېتىز تەرەپكە قايرىۋېتەتتى ، ئۇلار دەم ئېلىۋېلىپ يەنە يولغا چىققاندى، يولدىكى مەنزىرىلەر رابىگۇلنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەنىدى، يۇرت ئۇنىڭ قەلبىدە مۇشۇنداق كونكرېت مەنزىرىلەر بىلەن گۈزەل ھەم ئۇلۇغ ئىدى.

ئەختىنىڭ كىچىك ئاپىسى ئۇلارنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتكەن، ئۇلارغا چاي بېرىش جەريانىدا رابىگۇلنى كۆزەتكەن، كېيىن رابىگۇل ئۇنىڭغا يېقىپ قالغانىدى: «گەپ ـ سۆزلىرى جايىدا قىز ئىكەن، بىراق شۇ پېشانىسى چوڭ، بارماقلىرى بەك ئۇزۇن قىز ئىكەن» دېگەنىدى ئىچىدە. كەچتە ئۆينىڭ ئالدىدىكى باراڭ ئاستىدا ئەختىنىڭ چوڭ ئاپىسىنىڭ بالىلىرى ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، ئۇلار بىلەن بىللە قارتا ئويناپ ئولتۇردى، سەھرانىڭ ساپ ھاۋاسى جەننەتنىڭ ئەتىرلىرىدەك دەرۋازا تەرەپتىن كىرىپ تۇراتتى، ئوچاقتا پىشىۋاتقان كۆككىباش قوناقنىڭ شېرىن پۇراقلىرى ئۇلاردىن ھال سوراپ تۇراتتى، كۆز باغلىناي دېگەندە قارتىلارنىڭ سان ـ سىپىرلىرىنى كۆرگىلى بولماي قالاتتى، «نايناقلار دەرياسى» نىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن پەيدا بولغان تۇمان ساياھەت قىلىپ مەھەللىگە كېلىپ ئۇلاردىن: «ھارماي كەپسىلەر، مېھمانلار!» دەپ ھال سورايتتى. تۇمانلار دەسلەپتە كېلىپ باراڭغا يامىشاتتى، ئاندىن باراڭ ئاستىغا لەيلەپ چۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا پەيدا بولاتتى، مۇشۇنداق ۋاقىتتا «ھەيدە ــ ھەيدە ــ ھەيدە ــ» دەپ شۇ قەدەر يېقىملىق، مەغرۇرانە توۋلىغان بىر ئاۋاز ئاڭلىناتتى. بۇ مەھەللىدىكى پادىچىنىڭ: «مەن يېنىپ كەلدىم، ئەمدى ماللىرىڭلارنى ئەكىرىۋېلىڭلار، ھويلاڭلارنىڭ تاقاقلىرىنى ئېچىۋېتىڭلار، موزايلىرىڭلارنى ياخشى باغلىۋېلىڭلار!»دېگەن مەنىدىكى ۋارقىراشلىرى ئىدى. بۇ ئاۋاز بۇيرۇق ئىدى، ئەختىنىڭ

ئىنىلىرى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ھويلىنىڭ تاقىقىنى سۇغۇرۇپ چىقىرىپ، يول ئۈستىدە كالىسىنى كۈتەتتى. يوغان كالا مۆرەپ مەن كەلدىم ئىگەم دەپ ھويلىغا كىرەتتى، ئەخەتنىڭ كىچىك ئاپىسى مالنىڭ يوغان قورسىقىغا قاراپ: «بۈگۈن تازا تويۇپتۇ ـ دە، بۇ جانىۋار» دەپ قوياتتى، ئاندىن چېلەكنى كۆتۈرۈپ كالىسىنى ساغاتتى، باغلاقلىق موزاي ئاپىسىغا قاراپ قايغۇراتتى، موزاي ئىچىدە: «ئەسلى ئاشۇ ئاپپاق سۈت مېنىڭ ھەققىم ئىدى، ئىگەم بىزنى بەك بوزەك قىلىپ كېتىۋاتىدۇ» دەپ قايغۇراتتى. كالا بالىسىغا قاراپ: «ئامال يوق، بالام، ئادەملەر بىزنى مۇشۇنداق بوزەك قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان، بىردەم چىدا، مەن ئەمچىكىمنى قىسىپ سۈت بەرمەي تۇرۇۋالىمەن، شۇ ۋاقىتتا ئۇلار سېنى قويۇۋېتىدۇ» دەيتتى. راست دېگەندەك بىر دەمدىلا ئەخەتنىڭ كىچىك ئاپىسى ئوغلىغا: «موزاينى ئەكەل، بالام» دەيتتى. ئاندىن موزاي ئىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئېمەتتى، ئەخەتنىڭ ئىنىسى ئۇنىڭ بوينىدىكى قىل ئارقاننى تارتىپ تۇراتتى. ئۇ ھەر دائىم ئاپىسىنىڭ: «بولدى، ئەمدى!» دېگەن بۇيرۇقىغا تەييار ئىدى، ئاپىسى بىرلا بۇيرۇق بەرسە توم، چىپار قىل ئارقاننى تارتىپ ئۇنىڭ تاتلىق ئاغزىنى ئەمچەكتىن ئايرىۋېتەتتى ، كالا ئىچى ئاغرىپ ئالدىغا قارايتتى، موزاينىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى ئاشۇ چىرايلىق ساڭگىلاپ تۇرغان ئەمچەكتە ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ تەقدىرى بىر بالىنىڭ قولىدا، موزاي ئۆز ئانىسىنىڭ سۈتىگە ئىگە بولالمايتتى. ئەمچەكتىكى سۈت يەنە داۋاملىق چېلەككە جىرغىلايتتى، ئاخىر چېلەكنىڭ قارنى تويغاندىن كېيىن موزاي ئارغامچىدىن قۇتۇلۇپ، ئانىسىنىڭ ئەمچىكىگە كېلىپ تىزلىناتتى، ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئەمچەكنى شورايتتى، تۇمشۇقلىرى بىلەن ئەمچەكنى سىلكىپ ـ سىلكىپ شورايتتى، بۇ ۋاقىتتا قاراڭغۇ ئۇنىڭ كۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ بولاتتى، لېكىن موزاي ئەمچەكنى قويۇۋەتمەيتتى، بۇ ئۇنىڭ ئەتىگەندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئەمچىكى ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئاغزى ئانىسىنىڭ سۈتىگە قېنىپ، ئانىسىنىڭ بېشىغا كېلىپ رەھمەت ئېيتاتتى، كالا بىر كۈن يېگىنىنى چىقىرىپ بەرگەندىن كېيىن، ئېغىلغا كىرىپ ئۇھ دەپ ياتاتتى، ئۇ سۈتىدىن ئايرىلمىغۇچە ئەركىنلىكتە ئىگە بولالمايتتى.

زېمىننى قاراڭغۇلۇق باسقان، ئوچاقنىڭ ۋەزىپىسى تۈگىگەن، ئەخەتنىڭ كىچىك ئاپىسى بالىلىرىنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ كەتكەندى. بايا تاماق ئۈستىدە ئۇلار بەكمۇ خۇشال، بەھۇزۇر ئولتۇرغانىدى، ئەخەتنىڭ كىچىك دادىسى رابىگۈلنى توختىماي تاماقتا زورلايتتى، ئۇ ئەخەت ئۈچۈن خۇشال ئىدى: «مانا بۇ نان قېپى شەھەرلىك چوڭ بوپتۇ، خەقنىڭ قىزىنى ئايلاندۇرغىدەك بوپتۇ - دە» دەيتتى ئىچىدە. مۇشۇ ۋاقىتتا هويلىدا يالغۇز قالغان ئوچاق ئۆيدىكى ئادەملەرنىڭ ئاراملىقىنى قوغداپ تۇراتتى، ئوتۇننىڭ قاندەك چىرايلىق چوغلىرى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ بېشىدا بىزىرىپ قاراپ تۇرغان قاراڭغۇنىڭ چىشىغا تېگەتتى، چوغلار ئوچاقنىڭ ئاغزىدىن بېشىنى چىقىرىپ چاقناپ تۇرغان ئاسمانغا قارايتتى، ئۇلار ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بىلەن دوست ئىدى. زېمىندا ئۇلار تۇمەن مىڭ يىللاردىن بېرى بىرمۇ سىرداشقا ئىگە بولالمىغانىدى. ئادەملەر ئۇلارنى ئىشلىتىپ بولۇپ تاشلىۋېتەتتى، ئۇلارنى تالادا بوران - يامغۇرغا تاشلاپ بېرەتتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلىپ ئۈستىگە سۇ چېچىۋېتەتتى.

ئۇلار ئۆيدە تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ئەخەتنىڭ كىچىك دادىسى ئۇلارغا دۇئا قىلىپ بېرەتتى، مۇشۇنداق چاغدا بىر كۈن باش كۆتۈرمەي تۆشەك ئىشلىرى بىلەن ھېرىپ - چارچىغان ئەخەتنىڭ كىچىك ئاپىسىنىڭ ھاردۇقى چىقاتتى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى ئۇنچە تەرلەر بالىلىرىنىڭ بەختىنىڭ ئاساسى ئىدى...

سادىق ئىت هويلىدا كۆزەت قىلاتتى، ئۇ كۆرۈمسىز، بىزەڭ، قاراڭغۇدىن زېرىكىپ دېرىزىنىڭ قېشىدا ئۇياق - بۇياقتا

يوگورۇپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى، ھەم ئىگىسىگە مەن قورۇدا بار، ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىدى، دېگەن ئۇچۇرنى يەتكۈزەتتى.

پەسىل قۇشلىرى ھويلىدىكى ئېگىز دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە پەيدا بولاتتى، ئۇلارمۇ ھېرىپ ـ چارچاپ ئۇھ دەپ ئازادە بىر قونداققا ئىگە بولالايتتى، ئالەمنى سەيلە قىلىپ ھارغان قۇشلار ناگان ـ ناگاندا سايرىشىپ قوياتتى، ئاندىن سەھرا دۇنياسى بۇ ئالەمدە غايىب بولغاندەك تىنچلىنىپ كېتەتتى.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن، ئەخەت رابىگۈل بىلەن باغقا كىرىپ سەيلە قىلغانىدى، كىچىك ئاپىسىنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى بەش مو كېلىدىغان بېغىدا ھەممە مېۋە بار ئىدى، ئەرچۆزى، ئىستولوۋاي، ئاپۇرت، لىمون، تاغىل ئالمىلار ۋە ئامۇت، دۆشەش قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. يازلىق ئالمىلار تۆگىسە كۈزلۈك ئالمىلار پىشاتتى. ئۇنىڭ كىچىك دادىسى كۈزلۈك ئالمىلارنىڭ ھەممىسىنى گەمىگە ئەكىرىپ ساقلاپ، قىشتا بالىلىرىغا ئاچىقىپ بېرەتتى، بالىلىرىنىڭ مىجەزىنى ئالما بىلەن تەڭشەپ تۇراتتى. يەنە شەھەرگە كىرگەندە ئەخەتلەرگىمۇ ئەكىرىپ بېرەتتى، ئەخەت باغنىڭ ھەممە يېرىنى بىلەتتى، قەيەردە قانداق ئالما بار، قانداق ئالما ئەڭ تاتلىق؟ دېگەندەك ھەممە ئىشلاردىن خەۋىرى بار ئىدى. ئۇلار بىر تۈپ تاغىل ئالمىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئاندىن ئەخەت رابىگۈلگە بىر تال ئالما ئۈزۈپ بەردى، چىرايلىق پىشقان تاغىل ئالما سۈرەتتىكى ئالمىلاردەك گۈزەل ئىدى، ئۇلار ئالما ئاستىدا ئولتۇرۇپ تۈگىمەيدىغان پاراڭنى باشلىۋالاتتى، ئەخەت رابىگۈلگە: «كىچىك ئاپام سىزنى بەك ماختاپ كەتتى» دەپ ئۇنى خۇشال قىلاتتى.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئۇلار دەريا بويىغا بارغانىدى. بۇ شەھەردىكى «ناينىاقلار دەرياسى» نىڭ يۇقىرى ئېقىنى ئىدى. دەريا بويىدا بالىلار پادا باقاتتى، بىرلىرى ئېشەككە مىنىۋالسا، يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرلىرى كاللىلارغا مىنىپ ئويناپتىتى، ئۇلارغا ئاغىنە بولۇپ كەتكەن ئىتلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن چىقماي يۈرەتتى، گۈزەل دەريا قىرغاقتىكى ئوت ـ چۆپلەرگە سالام بېرىپ ئالدىراپ ئېقىپ ئۆتۈپ كېتەتتى، «نايناقلار دەرياسى» بىلەن سىپىلىشتۇرغاندا، بۇ يەر بەك كەڭ، بەك ئازادە ئىدى، ئۇلار دەريا بويىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، بېشىنى سۇدىن چىقىرىپ تۇرغان بېلىقلار بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كېتەتتى...

رەنا بازاردىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولۇپ رابىگۈل بىلەن كۆرۈشتى، رابىگۈل ئۇنى كۆرۈپ جانلىنىپ كەتتى، ھەم ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى: «شۇ كۈنى بەك ياخشى ئولتۇرۇش بولدى، ئاداش، مەن ھەممە ساۋاقداشلار بىلەن كۆرۈشۈۋالدىم، ئەڭ مۇھىمى ئەخەت بىلەن كۆرۈشۈۋالدىم، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشتىم» دېدى. ئاندىن ئۇ رەناغا: «مېنى ئەخەتنىڭ ئاشخانىسىغا ئاپارساڭ، ئاداش، بىز شۇ يەردە تاماق يەپ كەلسەك» دېدى. رەنا ماقۇل بولۇپ ئۇنى ماشىنىسىغا سېلىپ، ئەركىن بازارغا كەلدى، ماشىنىسىنى ئەپلىك بىر يەرگە توختىتىپ قويۇپ، ئەخەتنىڭ ئاشخانىسىغا قاراپ ماڭدى.

ــــ بۇ بازار يەنە مۇشۇنداق قالايمىقان تۇرۇپتۇ، ئاداش، ئەخەت سىلەرنىڭ مېھمانخانا تەرەپتىن بىرەر ئاشخانا ئېچىۋالسىچۇ! ــــ دېدى رابىگۈل.

ــــ ئۇياقتا دۇكانلارنىڭ ئىجارىسى بەك قىممەت، ئاداش، ــــ دېدى رەنا.

ــــ ھە، مۇنداق دە، ئاداش، ئەھۋالى تازا ياخشى ئەمەس ئىكەن ـ دە، بۇ ساۋاقدىشىمنىڭ. ــــ دېدى رابىگۈل.

ــــ ساۋاقدىشىمنىڭ دېمەيسەن، ئاداش، بۇرۇنقى ئېرىمنىڭ دەيسەن! ــــ دېدى رەنا چاقچاق قىلىپ.

ــــ بىز يا توي قىلمىساق، ئاداش؟

ــــ جامائەتكە توي قىلىپ بەرمىگەن بىلەن ئۆزۈڭلار توي قىلغانغۇ!؟

— ھەمـمـمـىزنـىڭ تەقدىرى شۇ، ئاداش.

رەنا كۈلۈپ كەتتى:

— بىر كەلتۈرۈۋالدىڭ ـ ھە، ئاداش؟

ئۇلار گەپ بىلەن ئەخەتنىڭ ئاشخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى. قاتار كەتكەن ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ئاشخانا ئىدى، بىرى لەڭمەنخانا، بىرى كاۋاپخانا، بىرى سامسىخانا، يەنە بىرى چۆچۈرىخانا دېگەندەك ھەممىسىلا ئەرزان باھالىق ئاشخانىلار ئىدى.

رەنا ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئەخەتنىڭ ئاشخانىسىغا كىردى، ئارقىدىن رابىگۈلمۇ ئاشخانىنىڭ ئىچىگە كىردى، ئاشخانىدا تۆتلا شىرە بار ئىدى، ھەربىر شىرەگە قىستىلىپ ئولتۇرسا ئاران بەش ئادەم سىغاتتى، دېرىزىنىڭ قېشىدىكى شىرەدە بىر بوۋاي بىلەن بىر موماي مانتا يەۋاتاتتى. ئۇلار تام تەرەپكە كېلىپ ئولتۇردى، ئوچاقنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ مانتىغا ئىشلەۋاتقان ئەخەت بىلەن ئايالى ئاشخانىغا خېرىدار كىرگىنىنى تويۇپ، كەينىگە بۇرالدى، ئەخەت ئۇلارنى كۆرۈپ: «سىلەرمىتىڭلار؟ ئەھۋالىڭلار ياخشىمۇ؟» دەپ قولىنى ئېرتىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— تۇيۇقسىزلا كەپسىلەرغۇ، رەنا؟ خەۋەر قىلىپ قويۇپ كەلسەڭلارچۇ !

«ئالمۇتادىن كەلگەن رابىگۈل دېگەن نايناق مۇشۇ ئىكەن ـ دە !» دېدى ئەخەتنىڭ ئايالى ئېرىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ: «خەۋەر قىلىپ قويماپسىلەر دەپ كەتكىنىنى ماۋۇ ساراڭنىڭ، جالاپ دېگەن بىر يەرگە بارسا خەۋەر قىلامتىكى؟ !»

ئەخەت مېھمانلار بىلەن بىللە ئولتۇردى، ئايالى چاقچاقلىق بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى شىرەنى سۈرتۈپ، قازان بېشىدىكى كىچىك ئىشكاپنىڭ ئىچىدىن بىر ئاق داستىخاننى ئېلىپ شىرەگە سالدى، ئاندىن مېھمانلارغا چاي قۇيۇپ، ئۇلارنى چايغا تەكلىپ قىلدى.

— چاي ئىچىڭلار، — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— خەۋەر بېرىۋەتكەن بولسىڭىز ياخشىراق بىر يەرگە بېرىپ ئولتۇراتتۇق، رەنا، — دېدى ئەخەت، ئاندىن ئايالىغا قاراپ قويدى.

— بۈگۈن ئاتايىن سىلەرنىڭ مانتىغا ئېغىز تېگەيلى دەپ كەلدۇق، — دېدى رەنا.

ئەخەتنىڭ ئايالى بىر لېگەندە لىق مانتا ئېلىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويدى، ئاندىن مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى.

«چىرايلىق ئوچۇق قىز ئىكەن» دېدى رابىگۈل ئىچىدە ئەخەتنىڭ ئايالىغا باھا بېرىپ.

— ئەمىسە مانتىغا ئېغىز تېگىڭلار، — دېدى ئەخەت ئۇلارنى تەكلىپ قىلىپ.

رەنا بىلەن رابىگۈل قولىغا بىردىن مانتا ئالدى، ئەخەتمۇ قولىغا بىر مانتا ئالدى. ئۇنىڭ ئايالى قازان بېشىدا كىرگەن خېرىدار بىلەن بولۇپ كەتتى.

— مانتىغا بەك ئۇستا بولۇپ كېتىپسىز، ئەخەت، — دېدى رەنا

— ئوخشاپتۇ، — دېدى رابىگۈل

— ئوغۇل بالا! ئەخەت ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ بازاردا تىرىكچىلىك قىلىۋاتىدۇ، مەن ئىشىنىمەن، ئەمگەكنى خالايدىغان ئادەمنىڭ بىر نېنى ئىككى بولىدۇ، — دېدى رەنا.

— ئەخەتنى ئالمۇتاغا ئاچىقىپ كېتەيمىكىن، ئاداش، — دېدى رابىگۈل چاقچاق قىلىپ.

— ئۇياقتا بىر ئەر ئىككى خوتۇنغا رۇخسەتمىكەن؟

— مەن نېرىراق تۇرۇپ تىرىكچىلىك قىلىمەن - دە! — دېدى رابىگۈل.

ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتتى.

«توۋا، قىلىۋاتقان گېپىنى ما خەقنىڭ!» دېدى ئەخەتنىڭ ئايالى ئىچىدە. ئۇنىڭ قولى ئىشتا، قۇلىقى ئۇلارنىڭ شىرەسىدە ئىدى.

ئەخەت ئاشخانىسىنى خېلى لايىقىدا بېزىۋالغانىدى، رەنا تامىدىكى كۆرۈنۈشلەرگە قاراپ سۈرەتلەرگە باھا بېرىۋاتاتتى، رابىگۈلنىڭ خىيالى باشقا يەردە ئىدى. ئۇ قازان بېشىدا ئۆرە تۇرۇپ مانتا تۈگۈۋاتقان ئەخەتنىڭ ئايالىنىڭ دۈمبىسىگە قارىدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئايىغىغا قارىدى، ئىچىدە: «ئەگەر ئەخەتنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا مۇشۇ ئايالنى مەجبۇر قىلمىغان بولسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان بولسام، دادامىلارمۇ ماڭا تارتىشىپ ئىنىسىنىڭ گېپىگە كىرىپ ئالمۇتاغا كەتمىگەن بولاتتى، ئۇ ۋاقىتتا ئاشۇ قازان بېشىدا تۇرۇپ مانتا تۈگۈۋاتقان ئادەم مەن بولۇپ قالاتتىم، مېنىڭ تەقدىرىم باشقىچە بولاتتى. توۋا، نېمىدېگەن تەڭشەلمىگەن جاھان بۇ ـ ھە !»دېدى.

بىر دەملا ئاشخانىنى ئادەم بېسىپ كەتتى، ئورۇن يوقلۇقىدىن بىرنەچچە ئادەم ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قالغانىدى، رەنا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى خېرىدارلارنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا تەكلىپ قىلدى، رابىگۈلمۇ ئورنىدىن تۇردى.

— رەھمەت، سىلەرنى قوزغاپ قويدۇق، — دېدى بىر بۇرۇتلۇق ئادەم، ئۇ رەنانى كۆرۈپ كۆزلىرى چاقناپ سىرلىق قەغەزدەك پارقىراپ كەتتى.

رەنا بىلەن رابىگۈل ئاشخانىدىن چىقتى، ئەخەتمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن چىقتى.

— ئوغۇل بالىنىڭ پاك بولمىقى بەك تەس ئىكەن، رەنا، كىشى ۋىجدان ئازابى ئىچىدە ياشايدىكەن ! — دېدى ئەخەت.

— ئەمدى ئەخەت بۇنىڭدىن كېيىن چىرايلىق گەپ قىلىشمىز، ۋىجدان، ئازاب دېگەن سۆزلەر بىردەم تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەگەر ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ۋاراقلىرىنى ئاچىدىغان بولساق ھەممىمىز ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئازابلىنىمىز. سىز پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ رابىگۈلگە دەيدىغان گېپىڭىز بولسا دەۋېلىڭ، — دېدى رەنا.

— ئەمىسە ئەتە بىزنىڭ ئۆيگە كەلسەڭلار ! — دېدى ئەخەت.

— مېنىڭ گېپىمنى چۈشەنمىدىڭىز، ئەخەت، خوتۇنىڭىز بار ئۆيدە نېمە بار بىزگە، ئەتە بىزنىڭ مېھمانخانىدا كۆرۈشەيلى، — دېدى رەنا .

ئەخەتنىڭ ئايالى دېرىزىدىن ئۇلارغا قاراپ قويدى.

«ناۋاتتەك گەپ بولدى، بۇ رەنا» دېدى رابىگۈل ئىچىدە .

— گەپ قىلمايسىزغۇ ئەخەت؟ — دېدى رەنا.

ئەخەت بىردەملىك خىيالغا كەتكەن بولسا كېرەك، ئەندىكىپ كەتتى.

ئۇلار تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى.

رەنا ۋە رابىگۈل ئەخەت بىلەن خوشلىشىپ كەلگەن يولى بىلەن كەتتى.

رابىگۈل ماشىنىغا چىققاندا رەناغا قارىدى:

— بىر ئىشنى ئويلاۋاتىمەن، ئاداش !

— خوش !

— ئەخەتكە بىر ياردەم قىلاي دەۋاتىمەن.

— ياخشى، سەن ياردەم قىلساڭ مەنمۇ قاراپ تۇرمايمەن، ئۆتكەندە مەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقان، مېنىڭ تاللا بازىرىمنى باشقۇرۇپ بېرىڭ دېسەم ئۇنىڭغا تازا خۇشياقمىدى، بازاردا ئەركىنرەك بىر ئىش قىلسام، دېدى. مەن بولمىدۇ ئەمىسە، كېيىنچە بىر گەپ بولار دەپ قويغانتىم. مانا بۈگۈن بۇ ئىشلارنىڭ ۋاقتى - سائىتى كېلىپ قاپتۇ.

— ئەمدى مەن بىر چوڭ ئىش قىلىپ كېتەلمەيمەن، ئاداش، مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلىسەن، سىلەرنىڭ مېھمانخانىنىڭ ئەتراپىدىن ياخشىراق بىر دۇكان تاپساق، مەن شۇ دۇكاننىڭ بەش يىللىق ئىجارىسىگە ئىگە بولسام، ئەخەت ياخشىراق بىر ئورۇندا ئاشخانىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالسا....

— بولىدۇ، ئاداش، ئىچىدىكى ئۈستەل، ئورۇندۇق، قازان - قومۇچلىرىنى مەن قىلىپ بېرەي، تۆت - بەش ئادەم سېلىپ ئىشلەتسۇن، ئىشلەتكەن ئادەملىرىنىڭ بىر يىللىق ئىش

ھەققىنى مەن بېرەي، — دېدى رەنا.
— ئېسىل جۇمۇ سەن، ئاداش، ئەمىسە مۇشۇنداق قىلايلى، — دېدى رابىگۈل، ئۇ خۇشال كۈلۈپ رەناغا قارىدى.
— بۈگۈندىن باشلاپ مېنىڭ مېھمانخانامدىن بىر ئۆي ئاچقۇزۇپ بېرەي، ئاداش، ئەتىسى ـ ئاخشاملىرى ئەخەت بىلەن كۆرۈشۈپ قالساڭ ئاسانراق بىر ئىش بولار، — دېدى رەنا كۈلۈپ.
ئۇ رەناغا قاراپ:
— رەھمەت، ئاداش، — دېدى.
رەنا مېھمانخانىسىغا كەتتى. رابىگۈلگە ئىش ئوڭ كېلىپ مېھمانخانىدا پەيدا بولغان كۈنى، تازىلىق ئۆيىنىڭ ئىسسىق سۈيى شارقىراپ ئويناپ كېتەتتى، شۇ كۈنى سوپۇن بىلەن سۇ ماگىدىغان تۇرۇبىلارغا بايرام بولاتتى.
ئەخەت رەنا بىلەن رابىگۈلنى ئۇزىتىپ قويۇپ مانتىخانىغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، قولى ئىشقا بارماي قالدى، ئۆزى قازان بېشىدا بولغىنى بىلەن كونا خامان ئۇنىڭ مەنئۇيىتىدە يەنە شۇنداق يېقىملىق ئىدى. مانتىخانىنىڭ ئىچىدە چاقچاق قىزىپ كەتكەنىدى، روزىئاخۇن بۇرۇتىنىڭ ئاغىنىلىرى بىر بولۇۋېلىپ توختىماي ئۇنى چۇشۇرۇپ قىزىقچىلىق قىلىۋاتاتتى.
ئەخەتنىڭ ئايالى ئېرىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى سەزدى، ئۇ چاندۇرماي ئىشلەۋەردى، ئەخەت بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، تالاغا چىقىپ كەتتى.
«خۇماردىن چىقىۋالسۇن بۇ ساراڭ، قاچقۇن ئوبيېكتىسىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتتى!» دېدى ئايالى دېرىزىدىن ئەخەتكە قاراپ.
ئەخەت تامغا يۆلىنىپ تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىۋاتاتتى، تاماكىنىڭ ئىسلىرى ئۇنى يىراق يىللارنىڭ كۆلەڭگىلىرىگە ئېلىپ كەتتى، رابىگۈل «نايناقلار دەرياسى» نىڭ بويىدا ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى، پەسىل

قۇشلىرى ئۇنىڭ مۇڭىغا مۇڭ بولۇپ ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولىشاتتى، ئەخەت ناخشىنىڭ ئۇدارىغا ماسلىشىپ قۇچىقىدىكى رابىگولنى تەۋرىتەتتى، شامال ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنى ئوت ـ چۆپلەرنىڭ يىلتىزلىرىغىچە سىڭدۈرۈۋېتەتتى...

چۈشتىن كېيىن ئاشخانىدا ئادەم خېلى سىيلىكىپ قالغانىدى، ئۇلار ھەر كۈنى مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئولتۇرۇپ تاماق يەيتتى، ئەخەتنىڭ ئايالى قىزىق چاي دەملەپ دېرىزىنىڭ قېشىدىكى شىرەگە قويىدى، بۇ تاماق يېيىشنىڭ بېشارىتى ئىدى. كېيىن ئايالى بىر لېگەن مانتا ئەكېلىپ قويىدى، لېكىن ئەخەت قولىنى مانتىغا ئۇزارتمىدى، ئۇ چاي بىلەن ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتكەنىدى، ئۆتكەن يىللارنىڭ تاتلىق كۆرۈنۈشلىرى ئۇنىڭ كۆزىنى، يۈرىكىنى قىچىشتۇرۇۋاتاتتى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئايالىغا قارىدى:

— سەن ئالىۋەر !

— بايامقى سەتەڭلەردىن ئاشقان مانتىنى ئاچقىپ بېرەيمۇ يا !؟

— يېغىرىمغا تۇز چاچمىساڭ كۆڭلۈڭ ئۇنىمامدۇ؟

— ھە، مۇنداق دەڭ، بىر يېرىڭىز بىر نېمە بولغانما؟

— كۆرگىلى بولمايدىغان بىر يېرىمدە زېدە بار...

— ھە، مۇنداق دەڭ، ئەمىسە ئۇنى دوختۇر ساقايتالمايدۇ دەڭا !

— شۇنداق، بۇ بىر مەڭگۈلۈك يارا !

— ئەمىسە پالچىغا بېرىپ باقسىڭىز بولىدىكەن !

— بۇ گېپىڭ ئوبدان بولدى، خوتۇن، ئەمىسە مانتىخانا ساڭا قالدى، مەن كەچتە بىراقلا ئۆيگە بارىمەن، سەن دۇكاننى بالدۇرراق تاقىۋەت !

ئەخەت چاپىنىنى ئالماشتۇرۇپ، ئىشتانلىرىنى قېقىشتۇرۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

«ئاۋۇ ئىككى سەتەڭ جالاپ ياخشى ئىش قىلمىدى، بۇ بىچارىنىڭ يۈرىكىگە ئوت سېلىپ قويىدى ـ دە !» دېدى ئايال.

ئۇ دېرىزىدىن ئەخەتكە قاراپ تۇردى، ئۇ ئەخەتنىڭ ئۇلارنىڭ

دۇكىنىنىڭ قىيپاش ئۇدۇلىدىكى قاۋاققا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىچىدە: «ھە، بۇ ساراڭ ئىچىدىكەن ـ دە، بۇگۈن» دېدى.

ئەخەت قاۋاققا كىرىپ ئەتراپقا قارىدى، قاۋاقتا ئىككى ئادەم ھاراق ئىچىپ ئولتۇراتتى، ئۇ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— مانتىخاناڭنى تاقىدىڭمۇ؟ — دېدى بىرسى.

— ياق، ئىچىم پۇشۇپ قالدى.

— توغرا ئاداش، سېنىڭ بىلەن بىزگە ھاراقتىن باشقا نەرسە پايدا قىلمايدۇ، — دېدى بىرەيلەن

— مانتىخانا دەپ كەتتىڭا، ئاداش، دۇكىنىڭنى يىغىشتۇردۇڭمۇ دېسەك بولامدۇ ؟ — دېدى ۋەلىنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان يۇسۇپچان شەيتانلىق قىلىپ.

— بىلمەيسەنكەن، تۆمۈر ـ تەرسەك ساتىدىغان يەرنى دۇكان دەيمىز، — دېدى ۋەلى.

— مەيلى ئاداش، ۋەلى نېمە دېسە دەۋەرسۇن، مەن ئۇنىڭدىن خاپا بولمايمەن، مەنمۇ خەقنىڭ بالىلىرىغا ئوخشاش چوڭ رېستورانلارنى ئاچالمىغاندىن كېيىن، گۇناھ ئۆزۈمدە ! — دېدى ئەخەت.

— ھە ئەخەت مانتا، گەپ قىلە ! — دېدى قاۋاقنىڭ ئىگىسى ئۆمەر.

— مەن يەنە ئۆزۈمنىڭ مىجەزى بويىچە ئويناي، ھېلىقى «شەيتان» ماركىلىق ھاراقتىن ئىككى يۈز ئەللىك گىرام بەر، بوتۇلكا بىلەنلا ھەيدەيمەن، بىر سوملۇق پۇرچاق بەرسەڭ بولىدى، — دېدى.

بىرسى ئۇنىڭ ئالدىغا كىچىك بوتۇلكىلىق ھاراقتىن بىرنى ئەكېلىپ قويدى، ئاندىن بىر پارچە كوروپكىنىڭ ئۈستىگە بىر سىقىم كېلىدىغان پۇرچاقنى تۆكتى. ئەخەت ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، بوتۇلكا بىلەن كۆتۈرۈپ ئىككى ئوتلىدى، ئاندىن ئۇلۇغ بىر تىنىۋېتىپ، ئالدىدىكى پۇرچاقتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېلىپ بىرنى ئاغزىغا سالدى.

— رەنجىمەيسىلەر، مەن مۇشۇنداق ئىچىپ ئۆگىنىپ قاپتىمەن، — دېدى ئەخەت.

— سېنىڭ مۇشۇ ئىچىشىڭ تىنچ، ئەخەت، ئىككى يۈز ئەللىك گىرام تۈگىدىما، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتىسەن، بىز بىر رومكىدىن ئوينىغاندىن كېيىن خۇدىمىزنى بىلمەي جىق ئىچىۋالىمىزكەن ئەمەسمۇ! — دېدى.

— دۆكىنىڭ كېچە - كۈندۈز مېڭىۋاتىدۇ، ئاداش، يېنىڭدا تۆت - بەش تەڭگەڭ بار، كاۋاپ بىلەن ئولتۇرۇپ ئىچسەڭ بولمامدۇ، ئاداش؟ — دېدى بىرسى ئۇنىڭ ئاغزىنى غىبىرچىلاپ.

— كاۋاپ بىلەن ئولتۇرۇپ ئىچسەڭ ھاراقنىڭ لەززىتىنى قانداق ئالىسەن؟ — دېدى ئەخەت.

— يۈسۈپ، ماۋۇ گەپنى شەپكەڭنىڭ بىر يېرىگە يېزىۋال، — دېدى بىرى.

— كاۋاپ بىلەن ئىچسە پۇرچىقىم پۇل بولمايدۇ دەيسەنغۇ سەن! — دېدى يۈسۈپچان كۈلۈپ.

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— بۈگۈن ئۆزۈڭ سەل خاپىغۇ ئەخەت؟ — دېدى بىرسى.

— خوتۇن بىلەن دېيىشىپ قالدىم... ئاخشام ياش ۋاقتىمدىكى سۆيگىنىم چۈشۈمگە كىرىپ قاپتىكەن، بايام تاماق يەپ ئولتۇرۇپ شۇنى دەپ بەرسەم تېرىكىۋاتىدۇ...

— چۈشكىمۇ تېرىكەمدۇ ئەمدى؟ — دېدى ئۇ ئەخەتنى گەپكە سېلىش مەقسىتىدە.

— شۇ ئەمەسمۇ ئاداش! ھەي، نېمە بولاۋاتىسەن، بۇ چۈش تۇرسا دېسەم، سىز كۈندۈزى ئاشۇنداق سەت ئىشلارنى ئويلىمىسىڭىز چۈشىڭىزگە كىرەمدۇ، دەيدۇ قارا...

— ئۆزۈڭدىن كېتىپتۇ ئاداش، ئاشۇنداق چۈشنىمۇ خوتۇنغا دەمدا! — دېدى بىرسى.

— بىر يەرلىرىڭ بەك ساددا جۇمۇ سېنىڭ! — دېدى يەنە

بىرسى.

— خوتۇنغا سىر بەرگەن بىرىنچى ئەخمەق جۇمۇ، — دېدى ئۆمەر.

ئەخەت گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى، ئەكسىچە ئۇ ئۇلارنى گەپكە سېلىپ قويۇپ، قولىغا بوتۇلكىنى ئالدى. بىردەمدىلا ھېلىقى ئىككىيلەن گەپ تالىشىپ قالدى، ئەخەت ھارىقنى ئىچىپ بولۇپ، پۇلنى تۆلىۋېتىپ قاۋاقتىن چىقىپ كەتتى.

— مۇشۇ ئەخەت بەك يامان گوي ـ ھە؟ يوق بىر گەپلەرنى قىلىپ بىزنى گەپكە سېلىپ قويۇپ ئۆزى قاچتى ـ ھە !— دېدى يۈسۈپچان.

— راست ـ ھە، — دېدى ئۆمەر ئېسىنى تاپقاندەك قىلىپ، — خوتۇنغا ئاشۇنداق گەپ قىلغان بارمۇ ؟

قاۋاقتا ئىككى ئادەم كىردى، ئۇلار گېپىنى باشقا تېمىغا يۆتكىدى.

كەچلىك بازاردا ئادەم شالاڭلاپ قالغاندى، ئەخەت بىر دەسسەپ ـ ئىككى دەسسەپ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى.

شۇ كۈنى كەچتە، شەھەرنىڭ «نايناقلار دەرياسى» غا كېتىدىغان يولىنىڭ ئۈستىدە بىر ئادەم جىددىيلىشىپ ئىتنى ئىزدەۋاتاتتى، ئۇ كۆرۈنگەنلا ئادەمدىن:

— بىر ئاق ئىت كۆردۈڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتتى. بەزى ئادەملەر ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ:

— قارا ئىت كۆردۇق، — دەپ قوياتتى. دوقمۇشتا ئۇ بىر موخوركا ساتىدىغان ئادەم بىلەن پاراڭلىشىپ قالدى، ئۇ ئادەم ئۇنىڭدىن:

— ئىتىڭىز ئەركەك ئىتمىتى يا قانجۇق ئىتمىتى؟ — دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:

— قانجۇقتى، — دېدى. تاماكىچى ئادەم:

– ئەمسە ئىتىڭىز تېپىلمايدۇ، مۇشۇ ئەتراپتا يامان ئەركەك ئىتلار بار، ئۇنى مۇشۇ «نايناقلار دەرياسى» تەرەپكە ئېلىپ چۇشۇپ

كەتتى ھەرقاچان. بولدى قىلىڭ، ئەمدى ئىزدىمەڭ، بىر كۈچۈك بېقىۋالسىڭىز تۆت كۈندە ئىت بولۇپ قالامدۇ؟ — دېدى.

— ئۆزى قانجۇق بولسىمۇ ئادەمدىن ياخشى ئىت ئىدى ئۇ! — دېدى ئىتنىڭ ئىگىسى.

«كالىلىسىنىڭ سەل دەردى بار ئادەم ئىكەن!» دېدى تاماكىچى ئادەم ئىچىدە.

ئىتنىڭ ئىگىسى «ناينىاقلار دەرياسى» تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

مۇشۇ ۋاقىتتا، ئەخەت ئۆيىگە بېرىپ بولغاندى، ئۇ كارىۋاتتا تەتۈر يېتىپ ئوخلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئايالى مانتىخانىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، ئۆيىگە قاراپ يولغا چىققاندى. رەنا بىر ئىدارىنىڭ مەسئۇلى بىلەن بىر قەھۋەخانىدا قەھۋە ئىچىۋاتاتتى، قەھۋەخانىنىڭ ئىچىدىكى يورۇقلۇق مىجەزى يوق ئادەمنىڭ كۆزلىرىدەك جانسىز ئىدى. رابىگۈل ياتاقتا ئازادە يېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى. رەپقەت مېھمانخانىسىدا بىر سودىگەر بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى، ئۇنىڭ قولىغا توساتتىن بىر چوڭ قاشتېشى چۈشۈپ قالغاندى، رەپقەت: «ئەمدى ھۆكۈمەت شەخسلەرنىڭ خوتەندە تاش قېزىشىنى توختاتتى، بۇ ئامەتنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ ساتمىسام بولمايدۇ» دەپ قولىدىكى مالنىڭ باھاسىنى قىلىقسىز ئۆرلىتىۋالغاندى، كۆرۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە بىرەرسىمۇ: «مانچە پۇل بېرەي؟» دەپ باھا قويۇپ باقمىدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، تەلكە دەرياسى تەرەپتىن كەلگەن شامال «نايناقلار دەرياسى» تەرەپتىن كەلگەن شامال بىلەن دوقمۇشتا ئۇچراشتى. شامال شامالنىڭ قاياشى دەپ، ئۇلار كۈنپېتىش تەرەپتىكى باغقا كىرىپ كەتتى، باغدىكى ئۆيلەر ۋە ئوتلار، دەرەخلەر ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

## ئون يەتتىنچى باب

# ئادەم ئادەم بىلەن ئادەم

رەنا بىلەن رەپقەت كونىدە ئالدىراش ئۆتەتتى. ئۇلار سەھەردە ئىككى ماشىنا بىلەن بازارغا ماڭاتتى. بازارغا كىرگەندىن كېيىن ئىككىلىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتەتتى، كەچتە ئاران ئۆھ دەپ ئۆيگە قايتىپ كېلەتتى، تاماقنى مۆتلەق مېھمانخانىدىكى ئاشخانىدا يەيتتى. ئۆي پەقەت ياتىدىغان، تېلېۋىزور كۆرىدىغان ھەم قەھۋە ئىچىدىغان ئورۇن ئىدى. ئۇلار مۇشۇنداق تۇرمۇشقا كۆنۈك ئىدى. پەۋقۇلئاددە ھالدا ئۆيدە تاماق ئېتىشكە توغرا كېلىپ قالسا، رەنا قولىنى سۇغا چىلىمايتتى، توي قىلىشنىڭ ئالدىدا رەپقەت مۇشۇ شەرتلەرگە كۆنگەنىدى.

رابىگۈل رەنانىڭ سايىسىدا مېھمانخانىنى ئۆزىگە ئۆي قىلىۋالدى. ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈۋاتاتتى. ساۋاقداشلار ئۇنى ئۆچرەت بىلەن مېھمان قىلىشقا باشلىدى. ئەخەت مۇشۇنداق بىكارغا كەلگەن پۇرسەت ئىچىدە نۇرغۇن يىللار ئالدىدىكى كەپتەرلىرىنى تېپىۋالغانىدى، قۇياش ئاستىدىكى مۇھەببەت بىلەن كېچىدىكى ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئوخلاپ كەتكەن تاتلىق ھېسسىياتلىرىنى پۈۋلەپ، غىدىقلاپ، چىمداپ ئويغاتقانىدى. ئۇنىڭدىكى بىر چوڭ ئۆزگىرىش — كونىدە ساقلىنى ئالىدىغان بولدى. بۇرۇن چىشىنى يۇمايتتى، ئۇ تۇساتتىنلا ئەتىگىنى ۋە ئاخشاملىرى چىشىنى يۇيىدىغان بولۇۋالدى، ئايالى ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ: «بالا

ئويۇننى باشلىۋالدى، ئەمدى كەلگۈلۈك ماڭا كەلمىسە بولاتتىغۇ؟» دېدى.

رەنا ئەخەتنىڭ ئاشخانا ئاچىدىغان ئىشنى قول ئاستىدىكى ئادەملەرگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار ئۇقۇشۇپ يۈرۈپ شەھەرلىك ئۆزۈن يوللۇق ماشىنا بېكىتىنىڭ قېشىدىن كەڭرى بىر ئاشخانا تاپتى، رابىگۈل ۋەدىسى بويىچە ئاشخانىنىڭ بەش يىللىق ئىجارىسىنى تۆلىۋەتتى. رەنا ئاشخانىنىڭ ئىچىنى ئاددىي بېزىتىپ بېرىپ، ئىشلارنى يۈرۈشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىچىگە كىتىدىغان ئۇستەل ـ ئورۇندۇقلار بىلەن قاچا ـ قومۇچلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ تەخ قىلىپ بەردى. ئەخەت بىر ھەپتە تەييارلىق قىلىپ ئاشخانىسىنى ئېچىۋالدى. شۇ كۈنى چۈشتە ئۇ ئۇنىڭ ئاشخانىسىنى مۇبارەكلەپ كەلگەن رەنا، مەرھابا، رابىگۈللەر بىلەن ئولتۇرۇپ تاماق يېدى:

ــــ ھەممىڭلارغا رەھمەت، مەن سىلەرنىڭ ماڭا قىلغان ياردىمىڭلارنى ئۇنتۇمايمەن، سىلەر بىلىسىلەر، مەن دۆت ئەمەس، بىراق شۇ قولۇمدا پۇل يوق، نەچچە يىلدىن بېرى ئەركىن بازاردا مانتا ساناپ قالدىم، ــــ دېدى ئەخەت.

ــــ ئۆتكەندە مەريەمنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغاندا ساۋاقداشلار بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەتتى، ــــ دېدى مەرھابا.

ــــ ئەمدى خۇدايىم بۇيرۇسا تاماقنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاپ، تۇرىنى كۆپەيتىپ، باش كۆتۈرمەي ئىشلەيمەن، ــــ دېدى ئەخەت.

ــــ رابىگۈل كەتمىگۈچە تاماقنىڭ تۈز ـ تەمىنى تەڭشىيەلمەي قالارسىزمىكىن ! ــــ دېدى مەرھابا چاقچاق قىلىپ.

ــــ رابىگۈل مەيلى كەتسۇن ـ كەتمىسۇن، ئۇ مېنىڭ يۈرىكىمدە ! ــــ دېدى ئەخەت.

ــــ ئادەم ئادەم بىلەن ئادەم دېگەن گەپ بار ئاداش، ھەرھالدا ئەخەتنى يوقلاپ تۇرۇڭلار ، ــــ دېدى رابىگۈل كۈلۈپ.

ــــ ياخشى گەپ بولدى بۇ، مانا ئامەت ئەخەتكە كەلدى، ساۋاقداشلار تەرەپ ـ تەرەپتىن يوقلاپ تۇرىدىغان بولدى، ئەمدى

ئەتراپىڭىزغا ئوت يېغىلدى، ئەخەت، ــ دېدى رەنا.

ــ شۇنىڭغا قارىغاندا رابىگۇلنىڭ دۇئاسى يەتكەن ئوخشايدۇ ماڭا ! ــ دېدى ئەخەت چاقچاق قىلىپ.

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئەخەتنىڭ يېڭى ئاشخانىسى تېز يۈرۈشۈپ كەتتى، ئۇ پۈتۈن زېھنىنى ئاشخانا ئىچىشقا قارىتىپ، پۇل تېپىپ باي بولۇشقا قاراپ ماڭدى.

ساۋاقداشلار رابىگۈلنى زېرىكتۈرمىدى، كۈتۈۋېلىشلار بەزىدە ئۆيدە، بەزىدە رېستوراندا، بەزىدە ساياھەت ئورۇنلىرىدا بولۇپ تۇردى.

رەپقەت رەنا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، رابىگۇلنىڭ شەرىپىگە يەنە بىر قېتىم مەشرەپ قىلىپ بېرىدىغان بولدى. ئۇ بۇ سورۇنغا ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىنىمۇ چاقىردى، ئومۇمىي ئادەم سانى يەتمىشتىن ئاشاتتى.

چۈشتە چاقىرىلغان مېھمانلار سورۇنغا كېلىپ بولدى، كەيپىيات ناھايىتى ياخشى ئىدى. نامدا رابىگۇلنىڭ شەرىپى ئۈچۈن بېرىلىۋاتقان بۇ مەشرەپتە، ھەممەيلەننىڭ كۆزى رەنادا ئىدى، رەنا ناھايىتى چىرايلىق ياسىنىۋالغان، قىپقىزىل كۆڭلىكى ئۆزىگە بەك ياراشقانىدى، ئۇزايىدىن ھېلىھەم شۇنداق نۇر يېغىپ تۇراتتى، يۈزىدىكى قىزىل چېچەك ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيتتى، كۆكسى يەنە شۇنداق ئۇچۇق تۇرۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى، بويىندىكى ئالتۇن زەنجىر ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى.

مەشرەپنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا يەنە ئوسمان مەسئۇل بولدى. رەپقەت ئۇلارغا تولۇق ھوقۇق بەردى: « مەن رەنانىڭ قېشىدا ئولتۇرىمەن، سىلەر ھەرقانداق ئىشنى مەندىن سورىماي ئورۇنلاشتۇرۇۋېرىڭلار، مۇشۇ قېتىمقى مەشرىپىمىز ھەممە ئادەمنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك ئولتۇرۇش بولسۇن» دەپ ئورۇنلاشتۇرۇش قىلغانىدى.

ئوسمان بىلەن ساۋۇت تاماق تەييار بولۇپ قالدى دېگەن ئۇچۇرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇلازىم قىزلارغا: «تاماقنى ئاچىقىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. قىزلار كەينى ـ كەينىدىن تاماق توشۇشقا كىرىشتى. تاماقنىڭ تۈرى ناھايىتى مول ئىدى: مانتا، گۆشنان، كاۋاپ، ئۆپكە ـ ھېسىپ دېگەندەك تائاملار بەكمۇ ئوخشىغانىدى، بۇ تائاملارنى ئوسمان ئۆزى ئاشپەزلەر بىلەن ئۇقۇشۇپ، بىر قولل‍ۇق زاكاز قىلغانىدى. ئاشپەزلەرگە: «ئۆپكە ـ ھېسىپقا ماينى جىق ئىشلىتىڭلار، مانتىنى قوينىڭ گۆشىدە ئېتىڭلار، گۆشناننىڭ قىيمىسىغا ئازراق قىزىل لازا بىلەن پەمىدۇر ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىڭلار» دەپ ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىر ئاشپەز: «بۇ ئاكىمىز ئۆيىدە ئەتىسى ـ ئاخشاملىرى تۆشۈكنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان ئوخشايدۇ جۇمۇ» دېگەنىدى. قىسقىسى، بۈگۈنكى ئولتۇرۇشنىڭ تائاملىرى بەك ئېسىل ئىدى، سازەندىلەر ئەڭ ياخشى چالىدىغانلاردىن ئىدى.

بۈگۈنكى ئولتۇرۇشقا ئەركىن بىلەن ئەخەت دېيىشىپ قويغاندەكلا كەلمىگەنىدى. رەنا مەرھابانى ئەۋەتكەندە، ئەركىن: «بىر مۇھىم ئىشىم بار، بارالمايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. رەنا ئۇنىڭ ئۆزىنى قاچۇرغىنىنى بىلدى، ھەم توغرا چۈشەندى. ئەخەتنىڭ ھەقىقەتەن ئىشى چىقىپ قالغانىدى. ئۇ شۇ كۈنى بىر تويىنىڭ تامىقىنى ئېلىپ قويغانىدى، ئۆزى بولمىسا ئاشخانىنى باشقۇرىدىغان ئادەم يوق ئىدى. رەنا: «بوپتۇ ئەمىسە، ئىشىنى قىلىۋالسۇن» دەپ ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلغانىدى.

تاماقتىن كېيىن قورۇملار كەينى ـ كەينىدىن چىقىشقا باشلىدى، مېھمانلارنىڭ ئالدىدىكى رومكىلارغا ھاراق قۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، رەپقەت ئورنىدىن تۇرۇپ قەدەھ سۆزى قىلدى:

ـــ ھۆرمەتلىك مېھمانلار، ھۆرمەتلىك رابىگۇل خانىم ...

ـــ ماۋۇ گۈينىڭ ھۆرمەتلىك رابىگۇل خانىم دەپ كەتكىنىنى... ـــ دېدى ئوسمان ساۋۇتقا پىچىرلاپ.

— ئالدى بىلەن سىلەرنىڭ مۇشۇ مېھمانخانىغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمەن! رابىگۇل خانىم ۋەتەنگە كېلىپ تۇغقان يوقلاۋاتقىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. بۈگۈن مەن ئاددىي بولسىمۇ رابىگۇل خانىمنىڭ شەرىپىگە مۇشۇنداق بىر سورۇن ئورۇنلاشتۇردۇم، مېھمانلارنىڭ ئازادە، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ئولتۇرۇشىنى سورايمەن. ئەمىسە رابىگۇل خانىمنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن، يەنە ھەممىمىزنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئالدىمىزدىكى ئىستاكان ـ قەدەھلەرنى كۆتۈرەيلى! — دېدى رەپقەت كۈلۈپ تۇرۇپ. ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى، قوللىرىدىكى شەربەت ۋە هاراقلىرىنى كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى.

— رەنانى ئېلىپ خېلى گەپ قىلىشنى ئۆگىنىپتۇ ـ ھە، بىزنىڭ رەپقەت؟ — دېدى ئوسمان ساۋۇتقا قاراپ.

— سۇنۇقتىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى يۇقىدۇ، دېگەن شۇ ـ دە! — دېدى ساۋۇت.

مېھمانلار ئورنىدا ئولتۇرۇشۇپ قورۇمىلارغا بېقىشىۋاتاتتى، كەيپىيات ناھايىتى چاغ ئىدى.

— پۇلى بار ئادەمنىڭ ھەممە ئىشى ئوڭ بولىدىكەن، ساۋۇت، قارا، مېھمانلارنىڭ يايراپ كەتكىنىنى، ئەمما بۈگۈنكى ئويۇن قىزىيدىغاندەك قىلىدۇ جۇمۇ! — دېدى ئوسمان.

— قىزىسۇن، ئاداش، قىزىمىسا قىزىتىمىزغۇ! — دېدى ساۋۇت.

— ئەمدى سىز بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇڭ، رەنا، — دېدى رەپقەت رەناغا قاراپ.

— ماقۇل، — دېدى رەنا. ئۇ قولىغا ئانار شەربىتى قۇيۇلغان ئېگىز رومكىنى ئېلىپ، ئورنىدىن تۇردى:

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، مەن ۋە رەپقەت ئىككىمىز ساۋاقداشىمىز ھەم دوستىمىز رابىگۇلنىڭ شەرىپىگە مۇشۇ سورۇننى ئۇيۇشتۇردۇق. سىلەرگە بىر قەدەھ شەربەت

تۇتماقچىمەن، كەلگەن قەدىمىڭلارغا رەھمەت، ئىتتىپاقلىقىمىز، دوستلۇقىمىز مەڭگۈ داۋاملاشسۇن، ــ دېدى رەنا. ئۇ ناھايىتى روھلۇق ئىدى.

ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ قولىدىكى ھاراقنى ئىچىۋەتتى.

ــ توۋا، رەنا ئاشۇ چىرايى بىلەن مۇشۇنداق قېرىغا تەگدى ـ ھە! ــ دېدى بىرسى.

ــ پۇل، پۇل، سىڭىڭمۇ پۇلۇڭ بولسا ئون سەككىز ياشلىق قىزنى ئالسەن، چىدىساڭ بولىدۇ! ــ دېدى ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان يەنە بىرسى.

سازەندىلەر چەتتىكى ئۇستەلدە ئولتۇراتتى، ئوسمان ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلار بىلەن ئىككى رومكا تۇتۇشۇپ ئىچىشتى: «ياخشىراق خىزمەت قىلارسىلەر ئەزىزلەر، رەپقەت بۇ قېتىم ئۆرۈم ئۆرۈيمەن دەيدۇ» دېدى.

ــ شۇ، رەپقەت چاقىرغان يەردە بىزمۇ چالىدىغاننى چالىمىز ـ دە. شۇغىنىسى، يانچۇقتا يۈز سوملۇقتىن ئىككى ۋاراق ئۆرىسە ئاران ئىككى يۈز سوم بولىدىكەن، مۇنۇ جىنىم ھۆكۈمەت چاقىقانراق مىڭ سوملۇق پۇل چىقارسا بولاتتى، ــ دېدى تەمبۇرچى.

ــ ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە، ئاداش، مىڭ سوملۇق پۇل چىقسا گۆشنىڭ كىلوسى يەتمىش سومغا چىقسا قانداق قىلىسەن؟ ــ دېدى دۇتارچى.

ــ بىر بوتۇلكا ھاراقنى بەش يۈز سومدىن سېتىۋاتىدۇ، ئاداش، بىر كىلو گۆش يەتمىش سومغا چىقسا نېمە بوپتۇ؟ ــ دېدى تەمبۇرچى.

ــ بىزغۇ جېنىمىزنى بېقىپ كېتىمىز، ئاۋۇ ئەركىن بازاردىكى ئاجىزلار قانداق قىلىدۇ؟ يېزىنىڭ ئادەملىرى قانداق قىلىدۇ؟ ــ دېدى دۇتارچى.

ــ خاپا بولما، ئاداش، مەن سەھرالىقلارنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ــ دېدى تەمبۇرچى كۈلۈپ.

— سەن مۇشۇنداق ئۇنتۇپ قالسەن، يانچۇقىڭغا پۇل چۇشسە ھەممىنى ئۇنتۇپ قالىسەن، — دېدى دۇتارچى.

— ئەمىسە سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن بىرىپ رەپقەتنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ قوياي، — دېدى ئوسمان. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئۇستىلىگە كەتتى.

— سىز بىر ئېغىز گەپ قىلىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىدىكى ھاراقنى ئالدۇرۇپ قويۇڭ، رەپقەت، ئاندىن سازەندىلەر ساز چېلىپ بەرسۇن ! — دېدى رەنا ئېرىگە قاراپ.

— باش ئۇستىگە، خانىم، — دېدى رەپقەت. ئۇ قولىغا رومكىسىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى:

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، ئەمىسە مەن قېرىنداشلارغا يەنە بىر رومكا ھاراق تۇتاي، سورۇنىمىز ناھايىتى ياخشى بولۇۋاتىدۇ، داۋاملىق ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرايلى، ئاللا تىلىگىنىڭلارنى بەرگەي، ئەمىسە ئالدىمىزدىكى رومكىنى كۆتۈرۇۋېتەيلى ! — دېدى رەپقەت.

ھەممەيلەن قەدەھلىرىنى بىكارلىدى، رابىگۈلمۇ رومكىسىدىكى ئاق ھاراقنى كوممىدە قويدى.

— بۇگۇن ئەخەت كەلگەن بولسا بەك ياخشى بولاتتى - دە، ھە رابىگۇل ! — دېدى ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان مەرھابا.

— ئاشخانىنى يېڭى ئاچقاچقا، ئالدىراش بولۇپ قالدى - دە، ئۇ ! — دېدى رەنا.

— ئەخەتنى ئەتە ئۆزۈم مېھمان قىلىمەن ... ھەي تەقدىر - دە، ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلالىغان بولسام، سىلەردىن ئايرىلماي بىللە ياشاۋېرەتتىم - دە ! — دېدى رابىگۇل.

— شۇنداق، تەقدىر، ئاداش، — دېدى مەرھابا.

ئوسماننىڭ ئۇستىلى بەك قىزىپ كەتكەندى، ساۋۇت ئىككىسى ھېچكىمگە گەپ بەرمەي ئۇستەلنى بېشىغا كىيدى.

— ساۋۇت، بايام رەپقەت ئاللا تىلىگىنىڭلارنى بەرگەي

دەيدىغۇ ! تىلىگىنىمگە يېتەرمەن ـ ھە؟ — دېدى ئوسمان قىزىقچىلىق قىلىپ.

— ئەمما مەن بەك تىللىشىۋېتىمەن جۇمۇ، ئاداش ! — دېدى ساۋۇت.

— سەن ماۋۇ سورۇننى باشقۇرۇۋاتقان ئاساسىي ئادەم، جىم ئولتۇرمىساڭ بولمايدۇ، بۈگۈن ئويۇننى ماڭا قويۇۋەت ! — دېدى ئوسمان.

— ئەمىسە مەن سېنىڭ ئاغزىڭغا قاراپ ئولتۇرىمەنكەن ـ دە ! — دېدى ساۋۇت.

— ئاز ـ تولا ئادەمگەرچىلىك قىلىسەن ـ دە، ئەمدى، — دېدى ئوسمان، — ئاشۇ رابىگۈل دېگەن مېھمان زېرىكىپ قالدىغۇ دەيمەن، ئاداش.

— ئاشۇ ياقتىمۇ بويتاق نەرسە ئىكەنغۇ ئۇ ! — دېدى ساۋۇت.

— ئاستا قېشىغا بېرىپ ھاراق تۇتقان بولۇپ بىر نەرسە دەپ باقايما ؟ — دېدى ئوسمان.

— سەت بولارمىكىن...

— چىرايلىق گەپ قىلىمەن ـ دە...

— ئەمدى بىر ـ ئىككى پەدە ساز چېلىپ بەرسۇن، ئوسمان، سەن سازەندىلەرنىڭ قېشىغا بار، — دېدى ساۋۇت.

ئوسمان ئورنىدىن تۇرۇپ سازەندىلەرنىڭ قېشىغا كەلدى، سازەندىلەر تەڭكەش قىلىپ تەييارلاپ قويغان دۇتار، تەمبۇرلىرىنى قولىغا ئېلىپ، مۇڭنى باشلىۋەتتى.

ھەممە ئادەم مۇڭغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى، دېرىزىدىن كىرگەن شامال زالدىكى جۇشقۇن روھىي كەيپىياتلارنى تالاغا ئۇچۇرۇپ چىقىپ كەتتى، تاماكىنىڭ ئىسلىرى بىلەن ھاراقنىڭ پۇراقلىرى زالنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا مۆكۈۋالدى. مەردانە ناخشا سادالىرى مېھمانلارنىڭ يۈرەكلىرى بىلەن مۇڭدىشىۋاتاتتى.

سازەندىلەر تۆت پەدە ساز ئورۇنلىغاندىن كېيىن، رابىگۈل رەنانىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ رەپقەتكە ۋە بارلىق مېھمانلارغا رەھمەت ئېيتماقچى بولدى، ئۇ رومكىنى قولىغا ئالدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇردى:

— ھۆرمەتلىك رەپقەتكا، ھۆرمەتلىك ساۋاقداشلار، ھۆرمەتلىك مېھمانلار، مەن ئالدى بىلەن رەپقەتكامغا رەھمەت ئېيتىمەن، يەنە دوستۇم رەنامۇ بار. رەپقەتكام بۈگۈن مەن ئۈچۈن، يەنە ھەممىمىز ئۈچۈن ئاۋارە بوپتۇ، بۈگۈنكى سورۇن بەك ياخشى بولۇۋاتىدۇ، مەن يۇرتۇمغا كېلىپ يايراپ كەتتىم، كۈندە مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك مېھمان بولۇۋاتىمەن، مەن ئاللادىن سىلەرنىڭ سالامەتلىكىڭلارنى تىلەيمەن، بۈگۈنكى كەيپىياتىڭلارنىڭ ياخشى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن! ئەمىسە ھەممىمىز قولىمىزدىكى رومكىلىرىمىزنى كۆتۈرۈۋېتەيلى! — دېدى ـ دە، قولىدىكى ھارىقنى كۆتۈرۈۋەتتى.

«ھاراق ئىچىشنى رەسمىي ئۆگىنىپتۇ ـ دە، بۇ سەتەڭ» دېدى رەپقەت ئىچىدە. ئەرلەر قولىدىكى ھارىقنى ئىچىۋەتتى.

— مەن رابىگۈلگە بىر رومكا ھاراق تۇتۇپ باقاي جۈمۇ، ئاداش، — دېدى ئوسمان ساۋۇتقا قاراپ.

— بىر نېمە دەپ باقىمەن دەمسەن؟

— ئەلۋەتتە، شۇنداق بولىدۇ ـ دە، ئەمدى! — دېدى ئوسمان.

ئۇ رومكىسىنى كۆتۈرۈپ رابىگۈل ئولتۇرغان ئۈستەلگە قاراپ ماڭدى.

رابىگۈل قىزغىن ھالدا مەرھابا بىلەن پىچىرلىشىۋاتاتتى، ئۇ ئوسماننى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— سىزگە بىر رومكا تۇتاي، رابىگۈل، ئىككىمىز بىرنەچچە سورۇندا بىللە بولدۇق، تونۇشۇپ قالدۇق، مەن رەپقەتنىڭ يېقىن ئاغىنىسى بولىمەن. سالامەت بولۇڭ، بەك چىرايلىق قىز ئىكەنسىز، مەن سىزنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەندە: «تووۋا،

مۇشۇنداق چىرايلىق ئاي قىزلارمۇ يۈرت ـ ماكاننى تاشلاپ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىدىكىنە» دەپ ھەيران قالغان. ئەمدى سىزگە بىر ئېغىز راست گەپ قىلىۋېتەي، مەن سىزگە ئوخشاش چىرايلىق قىزلارغا ئامراق! — دېدى ئوسمان ھىجىيىپ.

— رەھمەت، ئوسمانكا، ئالدىڭىزدا ئەدەپسىزلىك قىلىپ ھاراق ئىچىپ قويىدىغان بولدۇم، مۇساپىرچىلىقتا مۇشۇ ئىشقا ئۆگىنىپ قاپتىمەن، قارالڭ، كەچۈرسىز... رەنا ماڭا: «ئوسمان بىلەن ساۋۇت ئاكاملار رەپقەتنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنىسى» دەپ بەرگەن. ئۇياقتا چىقىسىڭىز مېنى ئىزدەڭ، مەن سىزنى قولۇمدىن كېلىشىچە قارشى ئالىمەن، — دېدى رابىگۈل قاش ـ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ. ئۇ بايا ئوسماننىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ بولغانىدى، شۇڭا ئۇ تولغىنىپ كەتكەنىدى.

— ھېرىپمۇ قالغانسىز، رابىگۈل، ئۈچىنچى قەۋەتتە بىر ئوچۇق ئۆي بار، بەشىنچى ئۆي، ئادەتتە بىز بۇ يەردە مۇشۇنداق ئولتۇرۇش قىلغاندا ھېرىپ ـ چارچاپ قالغان مېھمانلارنى ئاشۇ ئۆيگە چىقىرىپ دەم ئالدۇرىمىز. خالىسىڭىز دەم ئېلىپ چۈشەرسىز، — دېدى ئوسمان.

رابىگۈل ئۇنىڭ قورسىقىدىكىنى چۈشىنىپ بولدى.

— رەھمەت، ئوسمانكا، ئەھۋالغا قاراپ باقاي، — دېدى رابىگۈل.

— ئەمدى سىزگە بۇ گەپنى قىلمىسامۇ بولاتتى، سىزدىن سورايدىغان بىر ئىش بار ئىدى، ئۈچىنچى قەۋەت خالىيراق، ئولتۇرۇپ جىقراق پاراڭلىشىپ قالساق بەزى ئادەملەرنىڭ ئىچىگە ئوت كېتىدۇ، مەن بەزىدە سىلەرنىڭ قىز ساۋاقداشلىرىڭلار بىلەن پاراڭلىشىپ قالسام بىر قىسىم ئوغۇل ساۋاقداشلىرىڭلار ماڭا بۇقىغا قارىغاندەك قاراپ كېتىدۇ، قارالڭ، — دېدى ئوسمان.

ئۇ ئاغزىغا كەلگەن گەپنى دەۋەردى، مەقسىتى رابىگۈلنى ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقىرىش ئىدى.

— ئەمىسە مەن بىردەم تۇرۇپ چىقاي، ئوسمانكا، — دېدى رابىگۈل كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — كېلىڭ، ئەمىسە سىز بىلەن بىر رومكا ئىچىۋالاي!

ئوسمان رابىگۈلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەتكەندى، ئۇ رومكىسىنى رابىگۈلنىڭ قولىدىكى رومكىغا سوقۇشتۇرۇپ هارىقىنى ئىچىۋەتتى. رابىگۈلمۇ قولىدىكى هاراقنى ئىچىۋەتتى.

ئوسمان ئۆزىنىڭ ئۇستىلىگە كەتتى، رابىگۈل ئورنىدا ئولتۇرۇشىغا، مەرهابا ئۇنىڭغا قارىدى:

— ئوسمان پاھىشىۋاز نېمە دەيدۇ، ئاداش؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— ئۇنى ئوسمان پاھىشىۋاز دەيسىلەركەن ـ دە؟ — دېدى رابىگۈل كۈلۈپ.

— بەك يامان نېمە ئۇ، سەن بىلەن بىز بىر قاچا ئاشنى يەپ بولغۇچە ئۇ بىر مەھەللىنىڭ قىزلىرىنى ئايلاندۇرۇپ بولىدۇ! — دېدى مەرهابا كۈلۈپ.

— پاھىشىۋاز بولسا ياخشى، ئاداش، قولىدىن ئىش كېلىدۇ، — دېدى رابىگۈل.

— توۋا، ئاداش، ئاجايىپ گەپ قىلىدىكەن؟ — دېدى مەرهابا.

— ئاداش، بۈگۈنكى كۈندە بىر ئەرنىڭ پاھىشىۋازلىقى مىجەزى ئۇنىڭ ئادەمگەرچىلىكىنىڭ بىر قىسمى. خۇدا ساقلىسۇن سۈرەتتىكىدەك بۇت ئەرلەردىن، ئۇ چىرايلىق قىز باللارنى كۆرگەندە بىر يېرىم قېتىم ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ بېقىش ئويىدا بولمىسا، ئۇ ئۆزىنىڭ قازىنىنىمۇ قاينىتالمايدۇ، خەقنىڭ ئوچىقىغىمۇ ئوت تاشلىمايدۇ، خوتۇنى ئۆيدە گۆش تۇگەپتۇ غوجام دېمىگۈچە پىيىنى تارتىۋەتكەن مۈشۈكتەك دېرىزىدىكى مايماق گۈلگە قاراپ ئولتۇرىدۇ...

— ئاللا دېدىم، ئاداش، دەۋاتقان گېپىڭنى قارا، بۇ ئەرلىرىمىزنىڭ ھەممىسى پاھىشىۋاز بولۇپ كەتسە بىز خاتىرجەم

بولالامدۇق؟ ! ـــ دېدى مەرھابا.
ـــ بۇ بىر مەڭگۈلۈك مىجەز ئەمەس، ئاداش، «ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپىدۇ» دېگەن گەپ بار، يەنە ئايلىنىپ ئۆزىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ، بىر ئەسكىلىك قىلىپ باقمىغۇچە ياخشىلىقنى بىلمەيدۇ !
ـــ توۋا، ئاجايىپ گەپ قىلىدىغان بولۇپ كېتىپسىنا، ئاداش؟ بىر ئەسكىلىك قىلىپ باقمىغۇچە ياخشىلىقنى بىلمەيدۇ دەيسىنا؟ !
ـــ شۇ، ئاداش، ئەسكىلىكنى بىلمىگەن ئادەم ياخشىلىقنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ !
ـــ توۋا، ئاجايىپ گەپ قىلدىڭا !
ئوسمان بېشىنى ساۋۇتنىڭ بېشىغا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن قىزىق پىچىرلىشىۋاتاتتى، ئۇنىڭ جىنسىي مەنىۋىيىتى ھىيلىگەر كۆزلىرىدە نامايان بولۇشقا باشلىدى.
ـــ توغرىلاپ قويدۇم، ئاداش، ئۇچىنچى قەۋەتتىكى ئەتىگەن بىز دەم ئالغان ئۆيگە كىرىدىغان بولدى.
ـــ بەك ئالدىراپ كەتتىڭغۇ دەيمەن، ئاداش، سورۇن ئاياغلاشقاندا كۆرۈشمەمسەن؟
ـــ ئۇ ۋاقىتتا كۆز كۆپىيىپ كېتىپ قالىدۇ، سازايى بولۇپ قالىمەن.
ـــ ئەقىللىك پاھىشىۋاز ـ دە، سەن ـ ھە !
ـــ بىزنىڭ نىزامنامىمىزنىڭ بىرىنچى بابى چاندۇرماسلىق ئەمەسمۇ !
ساۋۇت كۈلۈپ كەتتى:
ـــ ھازىر رەپقەت سوراپ قالسا نېمە دەيمەن؟
ـــ ئوينىغىلى كەتتى دېمەمسەن !
ئوسماننىڭ ئاغزى گەپتە بولغان بىلەن، كۆزى رابىگۈلدە ئىدى، ئۇ رابىگۈل قاچان ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭاركىن دەپ تۇراتتى. رابىگۈل رەنانىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ قويۇپ، ئورنىدىن

تۇردى، ئۇ ئوسمانغا بىر قاراپ قويۇپ زالنىڭ چىقىش ئىشىكى تەرەپكە ماڭدى.
— ئەمىسە مەن بىر ئايلىنىپ كېلەي، ئاداش، — دېدى ئوسمان ساۋۇتقا.
— سەنزە سولتەك، زىغىردەك پۇرسەتنىمۇ قولدىن بەرمەيسەن ـ دە ! — دېدى ساۋۇت.
— سەن مېنى توغرا چۈشەن، ئاداش، مېھماننى خۇش قىلمىساق بولمايدۇ.
ئوسمان ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا قاراپ ماڭدى، ئۇ ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقىپ بەشىنچى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، رابىگۇل كارىۋاتتا يانپاشلاپ يېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى، ئوسمان ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.
— مۇشۇ ئۆيدە بىردەم ئارام ئالايلى، رابىگۇل، زالنىڭ ئىچى ئىس ـ تۈتەككە توشۇپ كەتتى، — دېدى ئوسمان ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ.
رابىگۇل ئاغزىنى ئېچىپ چىرايلىق كۈلدى.
— بېشىڭىزنى تەكىيىگە قويۇپ بىردەم ئارام ئېلىۋېلىڭ، رابىگۇل، مەن بېلىڭىزنى تۇتۇپ قوياي، ھاردۇقىڭىز چىقىپ قالىدۇ ! — دېدى ئوسمان ئۇنىڭ ئىسسىق قولىنى تۇتۇپ.
— ئۇنداق قىلسىڭىز سەت بولىدۇ، ئوسمانكا، مەن سىزنىڭ بېلىڭىزنى تۇتۇپ قويسام بولىدۇ ! — دېدى رابىگۇل ئۇنىنى قىسىپ. كارىۋاتتىكى رابىگۇلنىڭ ھالىتى پۈتۈنلەي باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى.
— سىز مېھمان بولغاندىن كېيىن باشتا مەن سىزنىڭ بېلىڭىزنى تۇتۇپ قوياي، ئارقىدىن سىز مېنىڭ بېلىمنى تۇتۇپ قويىمامسىز ! — دېدى ئوسمان كۈلۈپ.
— سەت بولدى، ئوسمانكا، — دېدى رابىگۇل بېشىنى تەكىيىگە قويۇپ.

ئوسمان كارۋاتقا چىقىپ رابىگۇلگە مىندى، رابىگۇل كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. ئۇنىڭ روھلىنىپ كېتىۋاتقان لەۋلىرى مىدىرلاپ ــ مىدىرلاپ تۇراتتى، ئوسماننىڭ كۆزلىرىمۇ قاراڭغۇلاشتى، ئۇ ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى، قىميا ئېچىلغان دېرىزىدىن كىرگەن ماراقچى شامال ئۇنى يىراق سەھرادىكى تۇگمەن بېشىغا ئېلىپ كەتتى، ئۇلۇغ سۇ شارقىراپ تۇگمەننىڭ چاقىغا ئۇرۇلاتتى، سۇ ئېگىز يەردىن ئۈزۈنى تۇگمەننىڭ چاقىغا ئاتاتتى، تاشلارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن راھەتلىنىۋاتقان تۇگمەن بېشىدا قاراپ تۇرغان ئوسمانغا ئۇنىڭ تارىخىنى ھېكايە قىلىپ بېرەتتى، ئۇگۇت ئۇچۇن ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ قايغۇ ۋە مۇھەببەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. ئوسمان تۇگمەننىڭ ئالدىغا چىقىپ يوغان بىر پور كۆتەكنىڭ ئۇستىدە ئولتۇردى، تۇگمەننىڭ ئۆگزىسىدىكى ياۋا كەپتەرلەر ئۇنى كۆرۈپ ئۇچۇپ كەتتى، كۆك كەپتەرلەر قاناتلىرىنى پالاقشىتىپ ئاتخانىغا ئۇچۇپ كەتتى. تۇگمەننىڭ ئۇستىدە بىرمۇ كەپتەر قالمىغاندا، ئوسمان ئېسىگە كېلىپ كۆزلىرىنى ئاچتى، ياتاقنىڭ ئىچىدە بوران چىقىپ كەتكەندى، رابىگۇلنىڭ مەنۇيىتى كارىۋاتتا شۇنداق سەت ياتاتتى، ئۇنىڭ كۆلەڭگىسى ئۆزىنىڭ بويىدىن كىچىكلەپ كەتكەندى، كەپتەرلىرى تازىلىق ئۆيىدە سۇلارنى شارقىرىتىپ ئويناۋاتاتتى. ئۇلار كىچىك بىر تۇگمەنگە ئايلانغانىدى، تۇگمەننىڭ تېشى ئايلىنىشتىن توختىغانىدى. ئوسمان تۇگمەننىڭ ئاستىدىكى چاقنى كەڭ تاسمىدىن چىقىرىۋەتكەندى. رولى قالمىغان سۇ ئىسراپ بولۇۋاتاتتى، سۇ ھالىنى ئېيتىپ يىغلاۋاتاتتى، لېكىن ئۇنىڭ دەردىنى سۇ دۇنياسىدىكى ئۇنچە ــ مەرۋايىتلار بىلەتتى، ئادەملەر ئۇلارنىڭ دەردىنى چۈشىنىپ كەتمەيتتى، سۇنىڭمۇ دەردى بولسۇنمۇ؟ دەيتتى، لېكىن ئادەملەر بىر ــ بىرىنى ئاسانلىقچە چۈشەنمەيتتى.

ئاخىرقى سۇ ئوسماننى يۇيۇپ پاكىزلىدى، لېكىن ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى قىلىقلىرى تېخى سۇ كۆرمىگەنىدى، ئۇ سۇ

كۆرمىگەن يۇرىكى بىلەن سورۇندا پەيدا بولدى. ساۋۇت ئالدى بىلەن ئۇنىڭ چىچىغا قارىدى:
— ھە، مۇڭگۇزۇڭ چىقماپتىغۇ؟ — دېدى ساۋۇت ئۇنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ قويۇپ.
— مۇڭگۇز دېگەنمۇ بىردەمدىلا چىقمايدىكەن ئادەمگە، مۇنداق بىرەر كېچە قونساڭ چىقىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئوسمان.
— بېرىپ رەپقەت بىلەن كۆرۈشە، سېنى بەك سوراپ كەتتى.
— چېلىۋاتىسەن - ھە ؟
— راست.
— ئۇنداق ئەمەس، ئىشى بولسا ماڭا تېلېفون ئۇراتتى ئۇ ! — دېدى ئوسمان.
«ئۆتۈپ كەتكەن قاقباش - دە، بۇ!» دېدى ساۋۇت ئىچىدە.
رابىگۈل ئورنىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى، ئۇ مەرھابا بىلەن پاراڭلىشىپ كۈلۈپ ئولتۇراتتى.
— دۇنيادا سۇدەك ياخشى نەرسە يوق، ئاداش، مەن سۇنى ئەردىن ياخشى كۆرىمەن، ئەر نەپسىڭنى رازى قىلىدۇ، سۇ جېنىڭغا راھەت بېرىدۇ !
مەرھابا كۈلۈپ كەتتى:
— سەن ئادەمگە قارىغاندا سۇنى بەك چۈشىنىدىغان ئوخشايسەن، ئاداش.
— سۇ بىر ئۆمۈر بىزگە ئوخشاش ئادەملەرنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلايدۇ، شۇڭا سۇ ئادەمدىن ياخشى.
رەنا رابىگۈلنىڭ چىچىغا قارىدى، سۇ بىلەن ئەتىر سوپۇننىڭ خۇش پۇراقلىرى ئۇنىڭغا ئۇچىنچى قەۋەتتە يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى سۈرەتلەپ بەردى. رەنا مېيىقىدا كۈلدى: «ئوسمان مېھماننى خۇشال قىلىپ قويۇپتۇ - دە» دېدى ئىچىدە.
ساۋۇت مېھمانلارنىڭ تەلىپى بىلەن تانسا مۇزىكىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قويدۇرۇپ بەردى، ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن قىزىپ لەيلەشكە باشلىغان ئەرلەر قىزلارنى تانسىغا تارتتى، رەنا رەپقەت بىلەن مەيدانغا چۈشتى، ساۋۇت ئوسماننىڭ قېشىغا كەلدى:

— بىرىپ ئوبىيكتىڭنى تانسىغا تارتىپ قويمامسەن، يالغۇز قالدىغۇ ؟

— بىردەم ئارام ئالسۇن، ئاداش !

— ئەمىسە مەن بارايما؟

— چاپىنىمنى بىرىپ تۇرايما؟ ! — دېدى ئوسمان چاقچاق قىلىپ.

ساۋۇت قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

رابىگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ ئوسماننىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇ ئوسماننى تانسىغا تارتتى، ئوسمان مەيدانغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، تانسىغا چۈشۈپ كەتتى، رابىگۈل ۋالىسنى بەك ياخشى ئوينايتتى.

— مەن ھازىر تېخى سىزنى تانسىغا تارتماقچى بولغان، بىردەم ئارام ئېلىۋالسۇن دەپ ئورنۇمدىن تۇرمىغانىدىم، — دېدى ئوسمان.

— بايام ئۈيدىن چىقىپلا بىر رومكا هاراق ئىچكەنىدىم، شۇنداق يېنىكلەپ كەتتىم، قاراڭ، ئوسمانكا ! — دېدى رابىگۈل كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

— مىڭنى قىلمىسا ياش ـ دە، سىز، — دېدى ئوسمان، ئۇ بۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ پۇشايمان قىلىپ قالدى، ئىچىدە: «گەپ تاپالمىغاندەك ئەمەس بىر گەپنى قىلىپ قويدۇم ـ دە» دېدى.

— سىز مەندىن ياش ئىكەنسىز، ئوسمانكا، بايام تاس قالدىڭىز كارىۋاتنى ئىككى پارچە قىلىۋەتكىلى، قىز بالىنىڭ بېلىنى تۇتۇشنى نەدىن ئۆگەنگەن بولغىيدىڭىز، بەك ئېپىڭىز بار ئىكەن، ھەممە يەرلىرىم راھەتلىنىپ كەتتى.

— مۇشۇ رەپقەت ئاكىڭىزنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆگەنگەن ھۇنەر بولمامدۇ ! — دېدى ئوسمان، — ئەمىسە مەن ئەتە سىزگە تېلېفون بېرىمەن !

— ياق، سىز ماڭا تېلېفون بەرمەڭ، مەن بېرەي، مەن ۋاقتىم چىققاندا سىزگە تېلېفون بېرەي.

مۇزىكا ئاياغلاشتى، مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى. رابىگۈل ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، ئۇھ دەپ بىر تىنىۋالدى، ئاندىن قولىغا چاي ئالدى، ئۇ چېيىنى ئىچىپ بولۇپ رەناغا قارىدى:

— مەن بەك ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىمەن، ئاداش، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سەن مېنى بەك ياخشى مېھمان قىلىۋاتىسەن، مەن ساڭا، رەپىقەتكامغا رەھمەت ئېيتىپ سىلەرگە، يەنە ساۋاقداشلىرىمغا، مېھمانلارغا بىر ناخشا ئېيتىپ بەرسەم ...

— ياخشى، ئاداش، سازەندىلەرنىڭ قېشىغا بارامسەن يا؟

— مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ئېيتىۋېرەي.

— ئەمىسە مەن بىر ئېلان قىلىپ قوياي.

رەنا ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانلارغا قاراپ:

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، ئويۇنىمىز ناھايىتى ياخشى داۋاملىشىۋاتىدۇ، بىز ئەزىز مېھمىنىمىز رابىگۈلنىڭ بىزگە بىر ناخشا ئېيتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىمىز، قېنى، قارشى ئالايلى ! — دېدى.

ھەممەيلەن چاۋاك چالدى.

— ئاداش، بۇ سەنەڭ بايام ساڭا ئۈچىنچى قەۋەتتىن ناخشا ئېيتىپ بېرىپ چۈشكەندى، مانا ئەمدى ھەممىمىزگە ئېيتىپ بېرىدىغان بولدى، — دېدى ساۋۇت ئوسمانغا قاراپ.

— ئۇنداق ئىش يوق، ئاداش، بايام زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ ئۇنى ئۇستىگە ئاچىقىپ بىرنەچچە يۇمۇر سۆزلەپ بەرگەنىدىم، — دېدى ئوسمان كۈلۈپ.

رابىگۈل ناخشىنى باشلىدى، سازەندىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ساز چېلىپ بەردى.

ئاق بىلىق، ئاپپاق بىلىق،
ئاپتاپتا ياتقانىڭ قېنى؟

مېنى يامان دەپ بىرىپ،
ياخشىنى تاپقانىڭ قېنى؟...

رابىگۈل ناخشىنى ناھايىتى ياخشى ئېيتاتتى، ھەممە ئادەم ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ جىمىپ كەتتى، سازەندىلەرمۇ ئۇنىڭغا بەك ياخشى ماسلاشتى.

— ئاشناڭ ناخشىنى سويىدىكەن جۇمۇ، ئاداش، دەرھال بىرىپ گۈل تۇتمىساڭ بولمىدى، — دېدى ساۋۇت ئوسمانغا قاراپ.

— چېنىپ قالىدۇ، ئاداش، رەپقەت بىلىپ قالىدۇ! — دېدى ئوسمان.

— سەن ئاشۇ تۈلكىنى سېنىڭ بايامقى قىلىقىڭنى بىلمەيدۇ دەۋاتامسەن؟ يۈز كۆنلۈك يەردە بىر ـ بىرى بىلەن جۈپلىشىۋاتقان يىلاننىڭ خىيالىنى بىلىدىغان نەرسە ئۇ! سايىدا جىم ياتقان تاشنى ئەكېلىپ سىتىپ تىقىلىپ كەتكەن نەرسە تۇرسا ئۇ! — دېدى ساۋۇت.

— گۈلنى ئەتە ئايرىم تۇتىمەن، ئاداش! — دېدى ئوسمان كۈلۈپ.

رابىگۈل ناخشىنى ئېيتىپ بولۇپ ئورنىدا ئولتۇردى، ھەممەيلەن چاۋاك چالدى، ئۇ ئالدىدىكى بىر رومكا ھاراقنى ئېلىپ، مەرھاباغا تەڭلىدى: سەن بىرنى ئىچىۋەتمەمسەن، ئاداش؟» دېدى.

مەرھابا: «چاقچاق قىلما، ئاداش!» دەپ كۈلدى. ئۇ قولىدىكى ھاراقنى ئۆزى ئىچىۋەتتى، ئاندىن ئالدىدىكى تەخسىدىن بىر تال خاسىڭ مېغىزى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى. مۇشۇ ئارىلىقتا ئۇ خىيالغا چۆشۈپ كەتتى، بىر ئايدىن بېرى ئۇنىڭ قورسىقىدا پەيدا بولغان بىر پىلان تېخىمۇ روشەنلەشتى، ئۇ چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ كۈلدى، ئۇ يۇرتىغا قىلغان سەپىرىدىن بەك رازى ئىدى.

شامال «نايناقلار دەرياسى» تەرەپتىن نايناقشىپ كېلىپ

دېرىزىدىن ئۈيناقشىپ كىرىپ كەلدى ـ دە، سورۇننىڭ ھەربىر بۇلۇڭلىرىدا پەيدا بولدى، ئۇ سۇنىڭ، بېلىقلارنىڭ، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ، ھاشاراتلارنىڭ، قۇشلارنىڭ ۋە تۇپراقنىڭ سالىمىنى ئەكېلىپ سورۇنغا چېچىۋەتتى، تاماكا بىلەن ھاراقنىڭ ئاچچىق پۇراقلىرى ئۇلارغا رەھمەت ئېيتتى، سورۇندىكى ھەممە ئادەملەر «نايناقلار دەرياسى» غا تونۇش بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ سالاملىرىغا قىزغىن مۇئامىلە قىلدى. مېھمانلارنىڭ مەنىۋىيىتى ئۇلارنىڭ سالاملىرى بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشتى، كۆرگىلى بولمايدىغان چوڭقۇرلۇقتىكى مۇھەببەت كۆرگىلى بولىدىغان سورۇندا چاقناشقا باشلىدى، ئادەم، ۋاقىت، مۇڭ، تەبىئەت، ھاۋا، سۇ، ھاراق، گۆش، ياغ شۇ قەدەر يېقىملىق ئىدى. سازەندىلەر قولىغا يەنە خىسلەتلىك دۇتار بىلەن تەمبۇرنى ئالغانىدى، بىباھا مۇڭ بىباھا ئادەملەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى تاۋلايتتى، ئۇلارنى ئىشەندۇرەتتى.

سورۇن ئاياغلاشتى، رەپقەت بىلەن رەنا مېھمانلارغا رەھمەت ئېيتتى، شامال ئۇستەلدە قالغان ھاراق بىلەن تائاملارنى «نايناقلار دەرياسى» غا ئۇچۇرتۇپ ئېلىپ كەتتى، بۇلار ئەسلىدە ئۇ يەردىكى ھاشاراتلارنىڭ چۈشىدىكى بايرام ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئون سەككىزىنچى باب

# قول ئىچىگە ئېگىلىدۇ

رەنا بىلەن رەپقەتنىڭ ئىش ـ ئوقەتلىرى ناھايىتى ياخشى يۈرۈشۈۋاتاتتى. بىر كۈنى رەنا باجخانىنىڭ بىرنەچچە ئادەملىرىنى مېھمان قىلدى، ئۇلار كونكرېت خىزمەت ئىشلەيدىغان خادىملار ئىدى، رەنا بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىنى مېھمان قىلىپ بولغانىدى، تاماقتىن كېيىن ئۇ قول ئاستىدىكى ئادەملەرگە ئۇلارنى پار مۇنچىسىغا ئاپىرىپ يۇيۇندۇرۇپ دەم ئالغۇزۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملەر ئۇلارنى بىر پار مۇنچىسىغا ئەكىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئۇلار تونۇردەك ئىسسىق پار مۇنچىنىڭ ئىچىدە راھەتلىنىشتى.

ئۇلار يۇيۇنۇپ بولۇپ دەم ئېلىش ئۆيىگە چىقىپ كارىۋاتتا يېتىپ دەم ئالدى ! قىزىق چاي ئۇلارغا شۇنداق خۇشياقاتتى. ئەلى بىلەن تاھىر بىر يەردە ياتقانىدى، ئۇلار پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

— بۇ جاھان مۇشۇنداق كېتىۋېرەمدا، ئاداش؟ مۇشۇ رەنا نەنىڭ پۇلى بىلەن مۇشۇنداق بىنا سېلىپ كەتتى دېسەم، ئىچىم قاينايدۇ جۇمۇ ! — دېدى ئەلى.

— دەۋاتامدۇ، ئېرى بانكىدىن قەرز ئاپتۇغۇ ! — دېدى تاھىر.

— ئەمىسە بىز پەقەت قەرز ئالالمايمىزغۇ؟

— سېنىڭ گۆرۈڭگە قويىدىغان بىر نەرسەڭ يوق ـ دە !

— بولسىمۇ ئالالمايمىز جۇمۇ، مۇناسىۋىتىنىڭ بولمىسا بىكار، مۇناسىۋىتىنىڭ بولمىسا مۇنداق چوڭ ئىشنى ھەرگىزمۇ باشقا چىقىرالمايسەن.
— چاقچاق قىلما، ئاداش، ھەر ئىش ئۆز يولى بىلەن بولىدۇ.
— مېنىڭچە مۇشۇ رەنا دېگەن خوتۇن خەتەرلىك ئادەم جۇمۇ، مەن بۇ نايىناقنىڭ كۆلۈشىدىن ئەنسىرەيمەن، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ھەممە ئادەمنى پايپاق قىلىپ بولدى - ھە! بىز بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ ھېساباتىنى بىر تەكشۈرۈپ باققان بولساق بولاتتى، ئاداش؟
— ھەي... ئۇنى تەكشۈرمىگەن دەمسەن، رەنانىمۇ تەكشۈرگەن، رەپقەتنىمۇ ئايرىم تەكشۈرگەن، رەپقەتنى قورقۇتۇپ پار مۇنچىغا كىرگەندەك تەرلىتىۋەتكەن. رەنانىڭ باجدىن قاچقان، يەڭ سودىسى قىلغان قىلمىشلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئىدارىدە، مېھمانخانىسىدا، ھەتتا ئاشكارا سورۇنلاردا تىللاپ ئالاقزەدە قىلىۋەتكەن. بىر تويدا ھەسەن ماشكا دېگەن تەپتىش بۇ خېنىمنىڭ قىلمىشلىرىنى، ئايرىم ھوقۇقلۇق ئەربابلار بىلەن قىلغان بۇزۇقچىلىق سودىسىنى يۈزىگە سېلىپ ھەتتا يىغلىتىۋەتكەن، لېكىن شۇ بىچارىمۇ ئەرزىنى ئاقتۇرالماي بالدۇرلا پېنسىيەگە چىقىۋالدىغۇ؟ رەنانىڭ يۇقىرى - تۆۋەن مۇناسىۋەت تورى قويۇق، ئۇلى چىڭ. ئەگەر ئۇنىڭ ھوقۇقلۇق ئەربابلار بىلەن قىلغان يەڭ سودىسىنى راستلا چۇۋۇيدىغان بولسا پۈتۈن ۋىلايەتتىكى خېلى - يوق قورساقلار چۇۋۇلۇپ چىقىدۇ. لېكىن، بۇ ۋاقىت مەسىلىسى، ھازىرچە تەگكىلى بولمىغان بىلەن ئېتەكتە چوغنى ساقلىغىلى بولمايدۇ. ھامان رەسۋا بولىدۇ، جازاسىنى تارتىدۇ، ھېلىمۇ خەلق ئىچىدە رەسۋا بولۇپ بولدى. قارا بۇ رەنا دېگەننىڭ پەسكەشلىكىدىن قېرىنداشلىرىمۇ تېزىپ كەتتى. ئاتا - ئانىسى، بىر قورساق ئاكا - ھەدىلىرىمۇ ئۇنىڭ ئېتى چىقسا «بىز قانداقتۇر رەنا دېگەن بۇزۇقنى تونۇمايمىز، بىزنىڭ ئۇنداق قېرىندىشىمىز يوق» دەپ

تىنىپ كەتتى، تىللاپ ـ ئۇرۇپ ئادەم قىلالمىغان، ھەتتا ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپ قۇلىقى تىنچىمىغان بولغاچقا، بوسۇغىسىغا دەسسەتمەي، شۇنچە داغدۇغا بىلەن قىلغان توي مەرىكىسىگىمۇ تۇزۇك قاتناشماي، سەتلەشتۇردىغۇ! ئۇنىڭ ئىسمى چىقسا ھەتتا مەھەللە ـ كويلىرى، شىرەم تۇغقانلىرىمۇ بەش كۇنلۇك يەرگە داجىپ: «بىزنىڭ ئۇنداق قېرىندىشىمىز يوق» دەيدىكەن. ئاۋۇ رەپقەت دىگەن لامزەللە، زەيپانە گۇيمۇ رەنا دىگەن پاسكىنىدىن پىچاق بىسى پەرق قىلمايدىغان ئاگىسىز رەسۋا... لېكىن، ئۇلارنى ئۇچىسىدىكى كىيىمى، يانچۇقىدىكى مۆرتىۋاتقان ئاز ـ تولا ئاقچىسىلا ئادەم قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىزمۇ مۇشۇنداق مېھمان قىلىپ، ئوينىتىۋاتقاچقا ئۇلارنىڭ دىپىغا ئۇسسۇل ئويناپ يۇرۇۋاتىمىزغۇ، ئاداش...

— ياق، ئاداش، ئۇنىڭ بىر قاچا ئىشى بىلەن ھارىقىغا سىتىلىپ كىتىدىغان ئىش يوق، ئوڭ كەلتۇرۇپ تۇرۇپ جايلاش كېرەك ئۇنداق ساختىپەزلەرنى، مۇشۇ شەھەردە ئىككى ساختىپەز بولسا بىرسى شۇ !

— ئۆزىمىز جايلىنىپ كېتەمىزمىكىن، ئاداش، «ئويناشماڭ ئەرباب بىلەن، ئەرباب سالۇر ھەر باب بىلەن» دىگەن گەپ بار، ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى چىڭ، سىڭگەن نېنىمىزنى يەپ جىم يۇرەيلى، ئاداش. سەن رەنانى ياخشى چۇشەنمەيسەنكەن، ئەركىن بازىرىدا ئۆپكە ـ ھېسىپ ساتىدىغان خوتۇن ئەمەس ئۇ، مۇشۇ كۇندە يولدىكى شامالمۇ داجىيدۇ ئۇنىڭدىن !

— ئىشقىلىپ، ئۇ ھامان رەسۋا بولىدۇ !

— ئۇنى تۇتۇش ساقچىلارنىڭ ئىشى، ئاداش، بىز ئۆزىمىزنىڭ كەسپىنى قىلساق بولدى.

ئۇلار ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تېلىۋىزور كۆرۇپ ئولتۇردى، ئېكراندىكى ئالامەتلەر يەرگە چۇشتى، يەردىن كارىۋاتقا چىقتى، ئاندىن غۇۋا ئۆيدە ئۇسسۇلغا چۇشتى، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئىدى، ۋاقىت مىڭ يىلنىڭ ئالدىدىكى چوڭ

بوۋىسىنىڭ ئالتۇن سارىيىغا ئەرز قىلغىلى كەتكەنىدى، دەم ئېلىش ئۆيى بىردىنلا جىمىپ كەتتى...

ئۇلار يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا مۇنچىدىن چىقتى، رەنانىڭ ئادەملىرى تاكسى كىرا قىلىپ، پۇلىنى تۆلەپ، ئۇلارنى ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قويدى. ھەربىرەيلەننىڭ قولىغا سالمىقى بار سوۋغاتمۇ تۇتقۇزۇپ قويۇشتى.

رەنانىڭ مېھمانخانىسىنىڭ سودىسى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى بولۇۋاتاتتى، ئۇنىڭدىكى سەۋەب: رەنا ئەتىسى ـ ئاخشاملىرى ۋاقىت چىقىرىپ مېھمانخانا باشقۇرۇش توغرىسىدىكى كىتاب، ژۇرناللارنى ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى كەمچىلىكىنى تولۇقلاپ مېڭىۋاتاتتى، رەپقەتتىنمۇ تەجرىبە ئۆگىنەيتتى. ئەڭ مۇھىمى ئۇ جەمئىيەتتە ئىش كۆتۈپ تۇرغان مۇشۇ كەسىپتە ئوقۇغان ياش زىيالىي باللارنى ئىشقا تەكلىپ قىلىپ، مېھمانخانىسىنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرىنى خېلىلا ئىلمىيلاشتۇرغانىدى.

ئادەتتىكى بوش ۋاقىتلاردا رەنا يەنە ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەت تورلىرى ئىچىدە پائالىيەت قىلاتتى، ئۇ مۇشۇنداق سورۇنلاردا ياپراپ كېتەتتى، توختىماي سۆزلەيتتى، ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە قارىتىۋالاتتى، مۇشۇنداق كەيپىيات ئىچىدە مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەپ ماڭاتتى.

رەنانىڭ ئىشلىرى مۇشۇنداق يۈرۈشۈپ كېتىۋاتقاندا، رەپقەتنىڭ چوڭ قىزى زۇبەيدە ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتقىلى تۇردى. ئۇ دادىسىنىڭ تويىدا رەنانىڭ ماشىنىسىنى كۆيدۈرۈشكە قوماندانلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىدىن ئۆزى ئۈركۈپ دادىسى بىلەن كۆرۈشەلمەي يۈرگەنىدى. كۈنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى، ئۇنى ھېچكىم ئىزدەپ كەلمىگەنىدى. نەتىجىدە، ئۇ خاتىرجەم بولۇپ، دادىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى قايتا پايپاق قىلىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. ئۇ دادىسى بىلەن دادىسىنىڭ مېھمانخانىسىدا كۆرۈشتى.

— ... سەن ئۆزۈڭنىڭ گېپىنى راست قىلىسەن، ئاپامنى ئەيىبلەيسەن، ئىشقىلىپ، سېنىڭ مۇشۇ تويۇڭ بىز ئۈچۈن ئاخىر زامان بولۇپ كەتتىغۇ، دادا، بىز خەلقىئالەم ئالدىدا بېشىمىزنى كۆتۈرەلمەي قالدۇققۇ؟ — دېدى زۆبەيدە زارلىنىپ.

— سىز بەك جىق گەپ قىلىدىغان بولۇپ قاپسىز، قىزىم، قىز بالا دېگەن ئاز گەپ قىلىدىغان، ئاپىڭىزمۇ ئۇنداق جىق گەپ قىلمايتتى، — دېدى رەپقەت.

— ئاپام جىق گەپ قىلماي مۇشۇ كۈنگە قالدى، دادا.

— ھە، خىزمەتلىرىڭىز ياخشىمۇ قىزىم؟

— ياخشى دېسەممۇ ، يامان دېسەممۇ بولىدۇ، دادا، ماڭا ھازىر ھېچ ئىش خۇشياقمايدۇ !

— ئۇنداق قىلماڭ، قىزىم، ياخشىلىقنى ئويلىساق خۇدايىم بىزنى ياخشى قىلىدۇ !

— ئاپامنى بوزەك قىلىپ قېرىدىڭ دەپ قويۇۋەتتىڭ، بىزنى تاشلىۋەتتىڭ، مۇشۇنداق تۇرۇپ بىز قانداق ياخشىلىقنى ئويلايمىز ، دادا؟ — دېدى زۆبەيدە كۆزلىرىنى ئالايتىپ.

— ئۇنداق دېمەڭ، قىزىم، يامان بولىدۇ ! — دېدى رەپقەت، — بىرسى سىزگە گەپ ئۆگەتمىگەندۇ؟

— مېنى بىلىسەنغۇ، دادا، ماڭا ھېچكىم گەپ ئۆگىتەلمەيدۇ. بۈگۈن ئۆزۈمگە ئۆزۈم گەپ ئۆگىتىپ كەلدىم. بىرىنچى ئىش، دادا، قورۇ - جايىڭ يەر خېتىنى ئاپامغا بېرىۋەت ! نامىنى بىز ئاپامنىڭ نامىغا ئۆزگەرتىۋالىمىز ، دۇكانلارنىمۇ ئاپامنىڭ نامىغا ئۆزگەرتىۋالىمىز ، ئەتە - ئۆگۈن ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى كەلگەندە ئۆگەي خوتۇنۇڭ بىزنى ئاشۇ قورۇدىن قوغلاپ چىقىرىشتىن يانمايدۇ، شۇڭا بۇ ئىشلارنى ئىككى كۈنگىچە پۈتكۈزۈپ بەر. يەنە بىر ئىش، دادا، مەن بازارغا كىرىپ تىجارەت قىلىمەن، ئەمدى خىزمەت قىلمايمەن، خىزمەت قىلىپ نەگە باراي ئەمدى، مۇشۇ كۈندە پۇل بولسا بولىدىكەنغۇ ! ماڭا بەش يۈز مىڭ سوم پۇل بېرىپ تۇرسەن ، ھۆججەت يېزىپ بېرىمەن، پۇل

تاپقاندا بىر ىمەن، بەرمىسەم سوتقا ئەرز قىلساڭ بولىدۇ...
— سىز دادىڭىزغا گەپ قىلالمىۋاتامسىز ياكى بازاردىكى بىر ئوتۇنچىغا گەپ قىلالمىۋاتامسىز ؟ — دېدى رەپقەت خاپا بولۇپ، بىردىنلا ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى.
زۇبەيدە گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى.
— قورۇ ـ جاينىڭ خېتىنى ئەتە كېلىپ ئەكېتىڭ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق بىر ئىش يوق، ھەممىڭلار ئاشۇ قورۇغا پاتىسىلەر... ئەمدى بۇ بىر ئويدان خىزمىتىڭىز تۇرسا، بازارغا چىقىپ ئوقەت قىلىمەن دېگىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى رەپقەت خاپا بولۇپ، — مەن سىزنى خىزمەتكە ئاسان ئورۇنلاشتۇردۇمما؟ !
— ئەمدى مەن ئىشلىمەيمەن، دادا، پۇل تاپىمەن، بولمىسا كېيىن خەقلەرنىڭ بوزەك قىلىشىغا قالىمەنكەن...
— ئىدارىدىكىلەر بىلەن بىرنېمە دېيىشىپ قالدىڭىزما؟
— ياق، دادا، ئۆزۈم بىلەن بىرنېمە دېيىشىپ قالدىم.
— تولا گەپ قىلماڭ، قىزىم !
— مەن ئەمدى خىزمەت ئىشلىمەيمەن، دادا، ئەگەر تىجارەتكە دەسمايە بەرمىسەڭ كوچىدا بېشىم قايغان يەردە يۈرىمەن !
— ئەمىسە مەھەللىدىكى دۇكانلارنى ئېچىڭ !
— ئەمدى مەن ئاشۇ يەردە گازىر، پۇرچاق سېتىپ ئولتۇرامدىم ؟
— سىز بازاردا ئۇنچىلىك پۇلنى باشقۇرالمايسىز، مەن سىزگە ئىككى يۈز مىڭ سوم بېرەي، پۇلىڭىزنى بىر شىركەتكە قوشۇپ قوياي، خىزمىتىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، يىلدا پايدىسىنى ئېلىپ خەجلىمەمسىز ! مەسىلەن، مەن سىزنى رەنا ھەدىڭىزنىڭ شىركىتىگە قوشۇپ قوياي...
زۇبەيدە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىتتىك دادىسىغا قارىدى:
— دادا، مەن ئەمدى جېنىمنى باقىمەن دەپ ئاشۇ ئۆگەي خوتۇنۇڭنىڭ كەينىدە سوكۇلداپ يۈرەمدىم ؟ بۇ ماڭا ئۆلۈم ئەمەسمۇ ! دىۋانە بولۇپ كەتسەممۇ ئۇ خوتۇننىڭ قولىغا

قارىمايمەن !

— سىزنى ئاپىڭىز تەربىيەلەپ مۇشۇ يەرگە ئەۋەتىپتۇ ـ ھە ؟

— مەن ئۆزۈم كەلدىم، دادا.

— ئاپىڭىز مېنى يامان دېسە ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشى، لېكىن سىز ئاپىڭىزنىڭ سەنىمىگە دەسسەپ قالسىڭىز بولمايدۇ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ گېپىنى قىلىڭ !

— مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايدىغان ئادەم يوق، دادا...

— مەن ئاڭلايمەن...

— ئەمىسە ماڭا بەش يۈز مىڭ سوم پۇل بېرىپ تۇر، ئىككىنچى سېنى ئاۋارە قىلمايمەن، ئۆزۈمنىڭ كۈنىنى ئۆزۈم ئالىمەن.

— بايا دېدىم، سىز ئۈنچىلىك پۇلنى باشقۇرالمايسىز، قىزىم، مەن سىزگە ئىككى يۈز مىڭ سوم بېرەي، رەنا ھەدىڭىزنىڭ شىركىتىگە ئۈنىمىسىڭىز باشقا بىر شىركەتكە تونۇشتۇرۇپ قوياي.

— ياق، دادا ، مەن ئۆز ئالدىمغا ئىش قىلىمەن !

— بەش يۈز مىڭ سوم بېرەلمەيمەن، قىزىم، — دېدى رەپقەت كۈلۈپ.

— كۈلمە، دادا، ئۆگەي خوتۇنۇڭغا بىر بىنا سېلىپ بەردىڭ، ماڭا بەش يۈز مىڭ سوم بېرەلمەمسەن؟! مەن سېنىڭ قىزىڭ ئەمەسما؟ ئەمىسە سەن مېنىڭ دادامنى تېپىپ بەر، مەن ئاشۇ ئادەمنىڭ قېشىغا باراي !

زۇبەيدەنىڭ بۇ گېپى رەپقەتنىڭ جېنىغا تەگدى، ئۇ قىزىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى، دەسلەپتە ئۇ بۇ ئىشنى ئۇنىڭ ئانىسى ئۆگەتتى دېگەن ئويغا كەلگەنىدى، ئەمدى ئۇ بۇ پىكرىدىن ياندى، بۇ قىزغا سىرتتا چوقۇم بىرسى گەپ ئۆگىتىۋاتىدۇ، دېدى. ئەسلىدە ئۇ قورسىقىدىكى گەپنى قىزىغا دېمەي ئىچىدە سېستىۋەتمەكچى بولغانىدى، قىزىنىڭ تەتۈرلۈكى ئۇنى ئاشۇ پەردىنى يىرتىپ تاشلاشقا مەجبۇر قىلدى.

— بەك سەت گەپ قىلىۋەتتىڭىزغۇ قىزىم، ئەگەر سىزنىڭ يەنە بىر دادىڭىز بولغان بولسا ئۇنى ئاپىڭىز بىلىدىغۇ! — دېدى رەنا قىزنىغا ئالىيىپ.

زۇبەيدە گەپ قىلالماي قالدى.

— سىز بۈگۈن ئۆيگە قايتىپ تۇرۇڭ، مەن سىزگە بەش ـ ئون كۈندىن كېيىن تېلېفون بېرەي!

— مەن ئەمدى بۇ يەرگە كەلمەيمەن، دادا، پۇلنى بۈگۈنلا بېرىسەن!

— ئەمىسە سىز مۇشۇ پۇل بىلەن نېمە ئىش قىلاي دەيسىز؟

— بىلمەيمەن.

— ئەمىسە سىز بۇ پۇلنى تۆت كۈندىلا بۇزۇپ تۈگىتىسىز، نىشانسىز پۇل كۆزنىڭ غارىڭىدەك ئۇچۇپ كېتىدۇ، سىز تېخى بالا، بۇنداق ئىشلارنى بىلمەيسىز.

— سەن مەن دېگەن پۇلنى بەر، دادا، مەن ئىككىنچى كېلىپ سېنى ئاۋارە قىلمايمەن.

— مەيلى ئەمىسە، سىزنىڭ كاللىڭىزدا باشقا بىر نەرسە بار ئوخشايدۇ، دادام گەپ قىلىۋاتىدۇ دېمىدىڭىز، كېيىن پۇشايمان قىلىسىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، گۇناھىڭىز ئۆزىڭىزگە. مەن مۇشۇ گەپنى سىزنىڭ ئالدىڭىزدا دەپ قوياي، ماقۇل ئەمىسە، ئەگەر مۇشۇ ئىشلارنى پۇل بىلەن ھەل قىلالىسىڭىز، مەن سىزگە ھازىر ئىككى يۈز مىڭ سوم پۇل بېرەي، قالغان ئىشنى ئۆزىڭىز بىلىڭ!

— مەن بەش يۈز مىڭ سوم پۇل ئالىمەن، دادا! — دېدى زۇبەيدە چىرايىنى ئاچماي. ئۇ دادىسىنىڭ ئىككى يۈز مىڭ سوم پۇل بېرەي دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ، بەش يۈز مىڭ سوم ئالىمەن دەپ چىڭ تۇرسام دادام بوشايدىغان ئوخشايدۇ دەپ، چىرايىنى ئاچماي بەش يۈز مىڭ سوم ئالىمەن دەپ تۇرۇۋالدى، چىرايى قۇيۇن شامالدەك سەتلىشىپ كەتكەندى.

— قالغان ئۈچ يۈز مىڭ سوم پۇلىڭىزنى ساقچىلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېرىۋەتتىم، قىزىم...

— نېمە؟ ساقچىلارغا؟ بۇ نېمە دېگىنىڭ دادا؟

— ئۇنتۇپ قاپسىز ـ دە، مەن رەنا ھەدىڭىز بىلەن تويى قىلغان كۈنى ئۇنىڭ پىكاپى كۆيۈپ كەتمىدىمۇ، ساقچىلار ئۇ ئىشنى تەكشۈرۈپتىكەن، بىر كىچىك بالىنىڭ ماشىنىغا ئوت قويۇپ قېچىپ كەتكىنىنى كۆرگەن ئادەم بار ئىكەن، گۇۋاھچى ئۇ بالىنى تونۇۋاپتۇ. بۇ ئىش مەرۇپ دېگەن بىر بالىغا چېتىلىپتۇ، مەرۇپ تۈرمىدە يېتىشتىن قورقۇپ ھەممە ئىشنى ئىقرار قىپتۇ. تونۇش ساقچىلار ئىدى، ئادەمگەرچىلىك قىلىپ ئىشنى ئاسانلاشتۇردۇق. «ئەمىسە مەن ساقچىخانىغا جەرىمانە تۆلەي، سىلەر ئۇنىڭغا تەگمەڭلار، ئۇلار تېخى بالا، ھېچ ئىشنى بىلمەيدۇ» دەپ، ئاشۇ بەش يۈز مىڭ سوم پۇلىڭىزنىڭ ئۈچ يۈز مىڭ سومىنى ساقچىلارغا بېرىۋەتكەنىدىم...

زۇبەيدە بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاڭۋېقىپلا قالدى، كۆزلىرىمۇ تاشتەك قېتىپ كەتتى، چىرايى ئەسكى تامىنىڭ تۇپىسىدەك سارغىيىپ كەتتى، ئۇ تىترەشكە باشلىدى. ئىچىدە: «ئەمىسە مەرۇپ ماڭا بۇلارنى دېمىدىغۇ؟» دېدى. ئۇ تېخىمۇ قاتتىق تىترەپ كەتتى، ئۇنى سۇر باستى، ئۇ قىلغان ئىشىدىن پۇشايمان قىلىپ يەرگە قارىدى.

رەپقەت ئورنىدىن تۇرۇپ قىزىغا بىر ئىستاكان چاي دەملەپ، ئۇنى ئالدىدىكى ئۈستەلگە قويۇپ قويدى.

— چاي ئىچىڭ، قىزىم، كەتكەن ئىش كەتتى.

زۇبەيدە كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دادىسىنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى.

— بالا دېگەن بالا ـ دە، تېخى، — دېدى رەپقەت ئۆز ـ ئۆزىگە.

كۈنلەر بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ ئۆتۈۋەردى، ئادەملەرگە زوۋانىنى چۈشەندۈرەلمىگەن كۈنلەر ئورمانلارنىڭ ئىچىدىكى ھايۋانلارغا سىرىنى بېرەتتى، شۇڭا ھايۋاناتلار ئادەملەرگە

يېقىنلاشمايتتى، ئادەملەرنىڭ قىسمىتىدىن ئەنسىرەيتتى، قورقاتتى.

رەپقەت بەزىدە بىكار بولۇپ قالاتتى، ئۇ بەكمۇ زېرىكىپ كېتەتتى، مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئۇ ئاغىنىلىرىنى مېھمانخانىسىغا يىغىپ، چاقچاقلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى ئۈستىدە سۆزلەيتتى، ئاندىن ئۆزلىرى يېقىندا تونۇشۇپ بىللە بولغان قىزلار ئۈستىدە پاراڭلىشاتتى، ئۇلار نەق چۈشتە تاماققا كىرمەيتتى، سائەتنى ئىككى قىلىپ ئورنىدىن تۇراتتى، قورساقلىرى ئاچمىغانلىقتىن، ئالدىرىماي ئاشخانىغا چىقاتتى. بەزىدە ئولتۇرۇپ نېمە يېسەك بولار دەپ مەسلىھەتلىشىپ كېتەتتى. ئوسمان: «ئوخشىتىپ شورپا قىلدۇرۇپ نان چىلاپ يەيمەن» دېسە، ساۋۇت: «مەن ئەركىن بازارغا بېرىپ ياۋا كەپتەردىن بەش ـ ئوننى سويدۇرۇپ تازىلىتىپ كېلەيمۇ؟» دەيتتى. رەپقەت ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلمايتتى: «توختاڭلار، مەن سىلەرنى بىر يەرگە ئاپىراي، يېقىندا بىرسى بىرىنچى دوختۇرخانىنىڭ قېشىغا بىر كىچىك ئاشخانا ئېچىپتۇ، ئاساسەن قىرغاۋۇل، ياۋا كەپتەر، ئۇلار، ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ گۆشىنى ساتىدىكەن، بوگۈن ئۇلارنىڭ گۆشى بىلەن بىر ئولتۇرۇپ ئىچىشىپ باقايلى، شۇنىڭدا بىر ئېسىمىزگە كېلىپ قالارمىزا!» دەپ ئۇلارنى باشلاپ ئاشۇ ئاشخانىغا كېتەتتى.

بىر كۈنى رەپقەت بىر چوڭ سورۇنغا داخىل بولۇپ قالدى، مېھمانلارنىڭ ھەممىسى يۈزلۈك ئادەملەردىن ئىدى، بىرلىرىنىڭ ھوقۇقى بار، بىرلىرىنىڭ يۈزى بار، بىرلىرىنىڭ ئورنى بار، بىرلىرىنىڭ پۇلى بار دېگەندەك ئادەملەر ئىدى. ئۇ ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئاغزىدىن بىر ئۇچۇرنى ئاڭلاپ قالدى: يېقىندا بىر كونا مەكتەپنىڭ ئورنىنى سېتىۋېتىدىغان بولدۇق، دېگەن گەپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى. مەكتەپنىڭ كۆلىمى ئەللىك مودىن ئاشاتتى، بۇ ئۇچۇر رەپقەتنى جانلاندۇرۇۋەتتى، كونا سىنىپلارنىڭ ھېچقانچە قىممىتى

www.uyghurkitap.com

يوق ئىدى، ئاشۇ ئەللىك مو يەر ھەقىقىي ئالتۇن قوزۇق ئىدى، بۇ يەرنى بىر كىچىك ئولتۇراق رايونى قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ئولتۇراق ئۆي بىناسى سېلىپ، بازارغا سالسا ئوبدانلا پۇل تېپىۋالغىلى بولاتتى. ئۇ ئۆيىگە كېلىپ، بۇ ئوچۇرنى رەناغا دېدى. «سىزنىڭ تونۇشلىرىڭىز جىقراق، مۇشۇ يەرنى ماڭا ئېلىپ بەرسىڭىز» دېدى. چۈنكى، رەپقەت رەنانىڭ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سەمەت بىلەن بەك يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

رەنا ماقۇل دەپ يول ماڭدى، ئۇ ئۆزىنىڭ رەپقەتنىڭ قانداق خوتۇنى ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى، ئۇ رەپقەت بەرگەن پۇلنى سومكىسىغا سېلىپ، سەمەتنى خالىي بىر ئورۇنغا چاقىرىپ مېھمان قىلدى. ئۇ سەمەتكە بىللە تاماق يەيلى، دەپ تېلېفون بەرگەندى، سەمەت ئۇنىڭ تېلېفونىنى ئېلىپ ئوچۇپ دېگۈدەك كەلگەندى. چۈنكى، ئۇ رەنا بىلەن كۆرۈشەلمەي يۈرەتتى، ئۇنىڭمۇ رەنا بىلەن پۈتكۈزىدىغان بىر مۇھىم ئىشى بار ئىدى. رەنا ئۆزىنىڭ يۈلەنچۈكى بولغان ئەربابقا ھىجىيىپ تۇرۇپ بىر تېلېفون بېرىۋەتسە، ھەممە ئىش خەلپەمنىڭ تەلپىكىدەك ياپسا كېلىپ كېتەتتى. ئۇلار شەھەرنىڭ چېتىدىكى بىر مېھمانخانىدا كۆرۈشتى، بىر ۋاق تاماقتا ئون نەچچە سائەت كەتتى، تەلكە دەرياسىدىن كەلگەن شاماللار دېرىزىدىن ماراپ قانمايتتى، ئۇلار تەبىئەتنىڭ ئاجىزلىقىنى ئادەملەرنىڭ ئاجىزلىقى بىلەن سېلىشتۇراتتى.

شاماللار دېرىزىدىن يەنە بىر يۈرۈش شاماللارغا پۇرسەت بېرىپ چېكىنگەندە، رەنا بېشىنى كۆتۈرۈپ يالقۇندەك پارقىراپ ئولتۇرۇپ بىر تېلېفوندىلا سەمەتنىڭ ئىشىنى پۈتكۈزۈپ بەرگەندى، ئاندىن ئۇ سەمەتكە ئاشۇ سېتىلىدىغان كونا مەكتەپنىڭ گېپىنى قىلدى: «رەپقەت ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ، سەمەت، سىز بۇ يەرنى ئامال قىلىپ رەپقەتكە ئېلىپ بېرىڭ!» دېدى. سەمەت: «خاتىرجەم بولۇڭ، رەنا، مەن بۇ ئىشنى تېز پۈتكۈزىمەن. يۇقىرىدىن بىر باشلىقتىن تېلېفون كەپتۇ، بۇ

مەكتەپنى ئاشۇ رەپقەت دېگەن ئادەمگە ساتمىساق بولمايدىكەن، دەپ باشقىلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلايمەن» دېدى. رەنا مۇشۇ گەپنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، سومكىسىدىن سەمەتكە ئاتاپ ئالغان نۆۋەتتىكى ئەڭ يېڭى، ئەڭ ئېسىل يانفوننى چىقىرىپ، ئۇنى سەمەتكە بەردى: «رەنا بەرگەن، دەپ ئاززۇلاپ تۇتارسىز، يەنە باشقا بىر ئاشنىڭىزغا بېرىۋەتمەڭ» دېدى. سەمەت خۇشال بولۇپ تېلېفوننى ئېچىپ كۆرۈپ، قورسىقىدا ئۇنىڭ باھاسىنى پەرەز قىلىپ باقتى، ئۇ خۇشال بولۇپ رەناغا رەھمەت ئېيتتى.

مۇشۇنداق كۈنلەردە رەپقەت رەنانىڭ ئۆيىگە بەك كەچ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا مېھمانخانىسىدىن بىر ئۆي ئېچىپ شۇ يەردە گۈلنىڭ ئۈستىگە گۈل تىزاتتى. دېرىزىدىن ئېگىز تاغدىن كەلگەن شامال كىرەتتى، تاپتازا شامال شۇ گۈللەرنىڭ خۇشبۇي پۇراقلىرىنى رەپقەتنىڭ قېنىغا سىڭدۈرۈۋېتەتتى، ئۆيدىكى كېپىنەك ھەممە تاملارغا ئۆزىنى ئۇرۇپ باقاتتى. بەدرەڭ قاراڭغۇ مىڭ يىلنىڭ ئالدىدىكى ھابدالغا ئوخشاش دېرىزىنىڭ ئالدىدا سەتلىشىپ تۇراتتى، ئۇ رەپقەتنىڭ ئامەتلىك ھەرىكەتلىرىنى قارغايتتى، يورۇق ئۆينىڭ ئىچىدىكى ئاپپاق كېپىنەكنىڭ قاناتلىرىنى قارغايتتى، لېكىن «ئىتنىڭ قارغىشىغا پىت ئۆلمەپتۇ» دېگەندەك، رەپقەتنىڭ ئاۋات مۇھىتىنى ھېچكىم توسۇيالمايتتى.

ئون كۈندىن كېيىن سەمەت رەناغا تېلېفون بېرىپ: «ئىش پۈتتى، رەپقەت كېلىپ رەسمىيەتلەرنى بېجىرسۇن» دېدى. لېكىن، بىر كۈننىڭ ئىچىدىلا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىچىدە گەپ تارقىلىپ كەتتى: «سەمەت مەكتەپنى ئاشنىسىغا سېتىپ بېرىدىغان بوپتۇ، بەك ئەرزان باھادا سېتىپ بېرىدىكەن، نېمە ئۈچۈن بازار باھاسى بويىچە ساتمايدىكەن؟ قانداق باشلىق ئىكەن ئۇ يۇقىرىدىن تېلېفون بەرگەن؟ سەمەتنىڭ ئويۇننى بىز بىلمىزا!» دېگەن گەپلەر خېلى بىر يەرلەرگە بېرىپ بولغانىدى. نەتىجىدە، بۇ ئىشقا سەمەتنىڭ ئۈستىدىكى باشلىق ئارىلىشىپ

www.uyghurkitap.com

قالدى، سەمەت ھىيلە ئىشلىتىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى باستى، ئاندىن ئۇ مائارىپ ئىدارىسىدىكى ئادەملەرنىڭ ئاغزىنى بېسىش ئۈچۈن، ئىدارىنىڭ بوغالتىرىنى ئايلاندۇرۇپ قولىغا چۈشۈردى، ئۇنىڭغا ئىككى توختام تەييارلاتقۇزۇپ، ھېسابات دەپتىرىنىمۇ ئىككى خىل قىلىپ ئىشلەتكۈزدى، بىرىنچى توختامدىكى باھا بازار نەرخى بولغانىدى، ئىككىنچى توختامدىكى باھا ئېچكى باھا ئىدى. نەتىجىدە رەپقەت مەكتەپنى ئېچكى باھادا سېتىۋالدى، سەمەت بىرىنچى توختامنى مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرگە كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ كۆزىنى بويىغانىدى. رەپقەت يەرنى قولىغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، شۇ ئان تۈتۈش قىلىپ تەييار قۇرۇلۇش لايىھەسىنى سېتىۋېلىپ، قۇرۇلۇشنى باشلىدى، سىنىپلارنى قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىغا ياتاق قىلىپ بەردى، ئۇ مەكتەپنىڭ يول ئۈستىدىكى يېرىدىن باشلاپ بىنا سېلىشقا باشلىغانىدى.

مۇشۇ ئىشتىن كېيىن بەزى گەپ ـ سۆزلەر تارقىلىشقا باشلىدى، بەزىلەر رەپقەت رەنانى ئەسلىدە بىر چاغلىمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش مەقسىتىدە خوتۇن قىلغانىكەن، بىر چەتتىن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ بىر پۇلنى ئىككى قىلىۋاتىدۇ، يەنە بىر چەتتىن رەنانى خوتۇن قىلىپ ئۆزىنى خۇش قىلىپ يۈرىدۇ، دېيىشەتتى، لېكىن بۇ گەپلەرنى رەپقەت ئاڭلىمايتتى، ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسقا سالاتتى.

# ئون توققۇزىنچى باب

## رەنا سەپەرگە ئاتلاندى

رابىگۇلنىڭ ۋەتەندىكى تۇغقان يوقلاش ۋاقتى توشقانىدى، ئۇ ئۈچ كۈندىن بېرى رەناغا: «ئاداش، سېنى ئالمۇتاغا ئاچىقىپ ئوينىتىپ كېلىمەن» دەپ قىزىقتۇرۇپ بولغانىدى، رەنا بېلىنى باغلاپ ئاتلىنىشقا تەييارلىق قىلدى، ساۋاقداشلار ۋە تونۇش ـ بىلىشلەر، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئۇلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆيلىرىگە، ئاشخانىلارغا ۋە رېستورانلارغا چاقىرىپ مېھمان قىلىپ ئاقيول تىلىدى.

— بەك يول تېپىپ كېتىپسەن، ئاداش، چوڭ يەردە ئوقۇپ ھەممە ئىشنى بىلىدىغان بولۇپ كېتىپسەن! خۇدايىم بېرىپتۇ ساڭا، بۇنداق پۇل تاپماق ئاسان ئەمەس، ئەمدى چەت ئەللەرگە چىقىپ ساياھەت قىلىپ كەل، شەھەرلەرنى كۆر، بولۇپمۇ ئالمۇتاغا چىقىپ بىر كۆرۈپ كەلمىسەڭ بولمايدۇ، ئۇ يەردىكى بازارنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشمىساڭ بولمايدۇ. سەن مۇشۇ يېشىڭدا مۇشۇنداق ياخشى يول تېپىپ كېتىپسەن، ئەمدى ئالمۇتادىمۇ مۇشۇنداق بىر ئىش قىلمىساڭ بولمايدۇ، ئۇ يەردىمۇ ئۆزۈڭنىڭ سودا ئىشلىرىنى باشلىۋالمىساڭ بولمايدۇ، تىلدىن قىينالمايسەن، مەبلەغدىن قىسىلمايسەن، شۇڭا ئەمدى ئىش ـ ئوقىتىڭنى چەت ئەلگە كېڭەيتىشىڭ كېرەك. ئۇياقتا شىنجاڭدىن چىققان ئېلىپىنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان بالىلار پۇل تېپىپ كەتتى، دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىگە بېرىپ يۈرىدۇ، ياۋروپاغا

بېرىپ كېلىش ئۇلار ئۈچۈن سەھراغا چىققاندەكلا بىر ئىش...

مانا بۇ گەپلەر ھەممىشە رەنانىڭ قۇلىقىدا جاراڭلاپ تەڭ كېچىلەردىمۇ ئۇيقۇدىن مەھرۇم قىلىۋاتقانلىقىغا ئۇزاق بولغانىدى. ئەدناسى، ئۇنىڭ ئالمۇتاغا بىر بېرىپ كەلگۈسى بار ئىدى، لېكىن ئۇ ياخشى بىر پۇرسەتكە ئىگە بولالمىغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ ئىش ـ ئوقەتلىرى بىلەن بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ رابىگۈلنىڭ مۇشۇ قېتىم مەن بىلەن بىللە ئالمۇتاغا چىقىپ كۆرۈپ كەل، ئاداش، دېگەن پىكرىنى رەپقەتكە دېگەنىدى، رەپقەت: «بولىدۇ، چىقىپ كىر، شىركەتلىرىڭ بىلەن بازارلىرىڭنىڭ ئىشىغا مەن قاراپ تۇراي» دېگەنىدى. رەپقەت بىلەتتى، رەناغا ياق دېگىلى بولمايتتى، ئۇ قىلىمەن دېگەن ئىشىنى قىلاتتى. شۇنداق بولسىمۇ رەپقەت رەناغا چاقچاق قىلىپ: «ئۇ يەرگە بېرىۋېلىپ باشقا بىر دۆلەتكە قېچىپ كەتمە يەنە» دەپ قىزىقچىلىق قىلغانىدى. رەنا دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ: «سىزدەك ياخشى ئېرىمنى تاشلاپ نەگە بارارمەن، رەپقەت !» دېگەنىدى.

رەپقەت پۇل خەجلەپ يۈرۈپ رەنانىڭ پاسپورتىنى ناھايىتى تېز پۈتكۈزۈپ بەرگەنىدى. سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدىكى ھەممە تەييارلىق پۈتكەنىدى، ئەخەت بىر كېچە ـ كۈندۈز رابىگۈل بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇنىڭغا قېنىۋالدى ۋە خوشلاشتى. ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ھەسەل تامچىلىرى ئۇلارنىڭ دىمىقىدا قالغانىدى، ۋاقىت ياخشى كۈنلەر بىلەن ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ساندۇققا تاشلىغانىدى، رەپقەت ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى، يەنە رەنانىڭ شىركىتىدە ئىشلەيدىغان قىزلار بىلەن ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى سورۇن قىزلىرىمۇ كېلىپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى. چىرايلىق قىزلار ئاپپاق شىراقلىرىنى ئېچىپ كالتە كۆڭلەكلىرى بىلەن چېگرا ئېغىزىدا پەيدا بولغاندا، ھەممە ئادەم ئۇلارنىڭ چىلگىدەك ئويناپ تۇرىدىغان كۆكسىنى كۆرۈپ كۆزلىرى جىنايەت ھېسسىياتلىرىغا تەسلىم بولۇپ بولغانىدى، ئۇلارنىڭ ئويناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ئۇلارغا بىر قاراپ قويغان

ئەركەكنىڭ مەنئۆيىتىنى بۇلغاپ قوياتتى، رەنا ئۇلارغا مۇشۇنداق شوخ ـ ئازادە، قىسقا كىيىنىپ كېلىشنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. قاش ـ كۆزلىرىنى رەڭلىك ئولتۇرۇشنىڭ تەلىپى بويىچە گىرىم قىلىپ كېلىشنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى، ئۇ مۇشۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق چېگرا ئېغىزىدا ئىشلەۋاتقان ئادەملەرگە ئۆزىنى تونۇتماقچى ئىدى، ئۇ مۇشۇ سورۇن قىزلىرىنى بەك ئەتىۋارلايتتى. «ئۇلار مېنىڭ ھەقىقىي مەنپەئەتىمنىڭ مەنبەسى، مەن ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالسام بولمايدۇ، ئۇلار بولمىسا مېنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىشلىرىم سۇغا چىلىشىدۇ» دەيتتى.

رەنا ئاخىر رەپقەت بىلەن خوشلاشتى، ئاندىن رابىگۇل بىلەن چېگرادىن ئۆتۈپ كەتتى. ئالمۇتا چېگراسىدا رابىگۇلنىڭ يېڭى يىگىتى ھاكى ئۇلارنى كۈتۈپ تۇراتتى. ھاكى بەستلىك يىگىت بولۇپ، رابىگۇلدىن ئۈچ ياش چوڭ ئىدى، ئۇنىڭ دادىسى ئۇيغۇر، ئانىسى رۇس ئىدى، چىرايى دادىسىغا، كۆزلىرى ئاپىسىغا تارتقانىدى. ئۇ رابىگۇل بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، لېكىن كۈلمىدى، چىرايى قاسساپنىڭ چىرايىدەك ئېغىر ئىدى، ئاندىن ئۇ رەنا بىلەن كۆرۈشتى، ئۇ رەناغا قولىنى بەردى، ئۇ يوغان قوللىرى بىلەن رەنانىڭ ئىسسىق قولىنى تۇتتى، رەنانىڭ قولى ئۇنىڭ قولىنىڭ ئالىقىنىدا چۆكۈپلا قالدى، ئاندىن ئۇ رەنانىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى مۇشۇنداق سىرلىق ئۇچراشقانىدا، رەنا ھاكىمنىڭ كۆزلىرىدىكى ھېسسىيات ئېقىملىرىنى ھېس قىلالىدى. رەنا ئىتتىك رابىگۇلگە قارىدى، رابىگۇل يوغان چامادانىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىچىك بىر سومكىنى ئېلىۋاتاتتى، ھاكى ئۇلارنىڭ چامادان، سومكىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ماشىنىنىڭ قېشىغا كېلىپ، يۈك ـ تاقلارنى ماشىنىغا ئورۇنلاشتۇردى، ئاندىن ئۇلارنى ماشىنىغا چىقىرىپ، يولغا چىقتى.

— مانا ئاداش، بۇ قازاقىستان زېمىنى، بىز مۇشۇ يول بىلەن تۆت سائەت ماڭساق ئالمۇتاغا بارىمىز، — دېدى رابىگۇل قېشىدا

ئولتۇرغان رەناغا قاراپ.

— بۇياقتا ئادەملەر ئاز ئوخشىمامدۇ، ئاداش؟ مەھەللىلەر كۆرۈنمەيدىغۇ! — دېدى رەنا.

— راست دېدىڭىز، خانىم، بىزنىڭ بۇياقتا ئادەم ئاز! — دېدى ھاكى.

ماشىنا چوڭ يولغا چىقتى، رەنا ماشىنىنىڭ يان ئەينىكىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، تالادىكى مەنزىرىلەرگە قارىدى، ئۇ ئەمەلىيەتتىكى قازاقىستان زېمىنىنى خىيالىدىكى مەنزىرىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇۋاتاتتى، كۆن ناھايىتى ئوچۇق ئىدى، شامال ئۇنىڭ كۆكسىگە راھەت بېرىۋاتاتتى.

يولنىڭ سول تەرىپى كەڭ كەتكەن ئورمان ئىدى، قۇياش ئاستىدا بىر - بىرىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان دەرەخلەر ئۇلارغا ئاقيول تىلەيتتى. ئوڭ تەرەپ ئۇزۇن كەتكەن ئېتىز ئىدى، زىرائەتتىن ئايرىلغان ئېتىزلار تۇغماس خوتۇننىڭ بەز چىرايىدەك كۆرۈمسىز ئىدى. ئۇ يەر- بۇ يەرلەردە تۆت - بەش تالدىن دەرەخ بار ئىدى، يولدا ماشىنا بەك ئاز ئىدى، بىرەر سائەت يول مېڭىپمۇ بىر - ئىككى ماشىنا ئۇچراتقىلى بولمايتتى، ئاساسىي مەنزىرىلەر يەنە سول تەرەپتە ئىدى، بەزىدە يول ئورماننىڭ قېشىغا كېلىپ قالاتتى. رەنا پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئورماننىڭ ئىچىگە قارايتتى، ئۇ گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ پۈتۈن دىققىتىنى يولدىكى مەنزىرىگە بېرىۋەتتى. ماشىنا ئادەمزات كۆرۈنمەيدىغان يولدا ئىلگىرىلەۋاتاتتى، يېگى، سىرلىق مۇھىت رەنانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇراتتى. رەنا رابىگۇلگە قارىدى، رابىگۇل ئۇيقۇ دۇنياسىغا كەتكەنىدى، ئەتراپ شۇقەدەر جىمجىت ئىدى، رەسىمدىكى كۆرۈنۈشلەردەك تىنچ ئىدى. رەنانىڭ ئېسىگە ئۆزى بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقاندا ئوقۇغان رۇس سوۋېت ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىدىكى ئەسەرلەر كېلىپ قالدى، ئۇ ئەسەرلەردىكى مۇھىتلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولغان مەنزىرىلەر بىلەن پەرقلەنمەيتتى، رەنانىڭ خىيالى ئاشۇ

كىتابلاردا يارىتىلغان ۋە تەسۋىرلەنگەن رەڭگارەڭ دۇنياغا پېتىپ قالدى، بۇ كىتابلارنىڭ تەڭدىسى تولىسى ئىنگلىز تىلىدىكى كىتابلار ئىدى. ئۇ ھە دېگەندە تولىستوينىڭ «ئاننا كارىنىنا» ناملىق رومانىنى قولدىن چۈشۈرمەي ئوقۇپ تۈگەتكەندى، ئاندىن رومانىنىڭ بىرىنچى بېتىدىكى بىرىنچى سۆزىنى يادلاپ قېنىغا سىڭدۈرۈۋالغانىدى. ئۇ بەزىدە ياتاقتا يالغۇز قالغاندا «بەختلىك ئائىلىلەر بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلمايدۇ، بەختسىز ئائىلىلەرنىڭ دەردى ئۆزگىچە» دېگەن بۇ سۆزنى يادلاپ ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىسى ئۈستىدە باش قاتۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىدا دۇنيانىڭ ۋىجدانى دەپ ئاتالغان بۇ بۈيۈك يازغۇچىنىڭ «جەننەت سىلەرنىڭ قەلبىڭلاردا»ناملىق ئەسىرىدىكى مۇنۇ قاراشلار پەيدا بولدى: «ھەممە ئادەم مەقسىتىگە يېتەلىسەم دەپ ياشايدۇ، بەخت ئىزدەش يولىدا سىزمۇ شۇ نۇقتىنى چۈشەنمىسىڭىز، ئۇ ۋاقىتتا سىز ئۆزىڭىزنىڭ تىرىكلىكىنىمۇ ھېس قىلالمايسىز.» مۇشۇ قۇرلار ئۇنىڭ دۇنياقارىشىغا چوڭقۇر تەسىر قىلغانىدى، شۇڭا ئۇ بۇ سۆزلەرنى مۇشۇ كۈنگىچە يادلاپ تۇراتتى، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى مۇستەھكەملەيتتى ... ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇپ پۇشكىننىڭ شېئىرىنى يادلىدى:

مۇھەببەت، ئۈمىد ۋە تىنچ شان ـ شەرەپ،
بىزنى گوللىماس ئەبەدتىن ـ ئەبەد.
ياشلىق باھارىمنىڭ مۇڭلىرى،
چۈشۈمدە تۇمان بولۇپ يوقالدى سەھەر.
لېكىن قەلبىمدە كۆيەر يەنە بىر ئوت،
ئۇ بولسىمۇ بىردىنبىر ئارزۇ ــ مۇھەببەت.

ماشىنا چىرايلىق يول ئۈستىدە ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ئۇلار ئۈچ سائەت يول باسقاندىن كېيىن، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۆي ـ ۋارانلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى، ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى يەنە دەل ـ

دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا ئىدى، ھەممىسى قىممەتلىك، نەچچە يۈز يىل بولغان ئاكاتسىيەلەردىن ئىدى، يوغان، ئېگىز، تۈپتۈز دەرەخلەردىن بىر خىل ھەيۋەتلىك تۈس چىقىپ تۇراتتى. ھاكى ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى، يوللاردا چوڭ ـ كىچىك ماشىنىلار كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى، ھاكى رۇسچە گەپ قىلىپ رابىگۈلنى ئويغاتتى. رابىگۈل ئۇيقۇسىنى ئېچىپ ئەتراپقا قارىدى، ئاندىن ئۇ رۇسچە:

— كېلىپ قاپتۇققۇ! — دېدى.

— ھەقىقەتەن بىر گۈزەل شەھەر ئىكەن، ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە جايلاشقان شەھەر ئىكەن، — دېدى رەنا رۇسچە سۆزلەپ.

— سىزمۇ رۇسچە بىلىدىكەنسىز ـ دە، — دېدى ھاكى يېنىغا قاراپ قويۇپ. ئەسلىدە ئۇ رەنانىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلەتتى، رابىگۈل شىنجاڭدا ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ، رەنانىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا تولۇق تونۇشتۇرغانىدى، ھاكى كېيىنكى ئىشلارنى ئويلاپ، تەبىئىي بولسۇن دەپ، رەنانىڭ ھېچقانداق ئىشلىرىنى بىلمەيدىغان قىياپەتكە كىرىۋالغانىدى.

— بىلىمەن، — دېدى رەنا كۈلۈپ.

— رەنا ئۈچ ـ تۆت خىل تىل بىلىدۇ، ھاكى، — دېدى رابىگۈل ھاكىنىڭ كەيپىياتىغا ماسلىشىپ.

— ئەمىسە رەنا بازاردا پۇل تېپىپ كېتىدىكەن، تىل ئەڭ مۇھىم قورال، بىز بىر ـ ئىككى خىل تىل بىلىدىغان ئادەم مۇشۇنداق ماشىنىدا ماڭساق، رەنادەك ئۈچ ـ تۆت خىل تىل بىلىدىغان ئادەم ئايروپىلاندا ئۇچىدۇ! — دېدى ھاكى.

رەنا كۈلدى، ھاكىنىڭ گېپى ئۇنىڭغا ئوبدانلا خۇشياقتى.

ئۇلار توپتوغرا تۆت سائەت يول ماڭغاندىن كېيىن، ئالمۇتا شەھىرىنىڭ مەركىزىگە كىردى. ھاكى ماشىنىسىنى ئوڭ قول تەرەپتىكى يولغا ئەكىرىپ، ئون مىنۇت ماڭغاندىن كېيىن بىر كىچىك ئولتۇراق رايونى كۆرۈندى، ھاكى ماشىنىسىنى بىر ئېگىز بىنانىڭ ئالدىدا توختاتتى.

— كەلدۇق، ئاداش، خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا مانا بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، — دېدى رابىگۈل كۈلۈپ. ئۇ بىردىنلا خۇشال بولۇپ كەتتى. بىنانىڭ ئالدى كىچىك بىر مەيدان ئىدى، مەيداننىڭ ئۇ يېقى بىر ماگىزىن ئىدى، بىردىن - ئىككىدىن ئادەم كىرىپ چىقىۋاتاتتى، ماگىزىننىڭ ئالدىدا ياشانغان ئىككى ئادەم بىرنەچچە ماي بوياق رەسىمنى يېيىپ ئولتۇرغانىدى، ئەتراپ شۇ قەدەر تىنچ ئىدى، يوغان ئاكاتسىيەلەرنىڭ سايىسى ئادەمگە ئارام بېرەتتى.

ھاكى ماشىنىدىكى يۈك - تاقلىرىنى بىر - بىرلەپ يەرگە ئالدى، ئۇ رەناغا قاراپ مەنىلىك قىلىپ كۈلۈپ قويدى.

— ئۆيۈم ئونىنچى قەۋەتتە ئاداش، لىفىت بىلەن چىقىمىز، — دېدى رابىگۈل.

ئۇلار يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ لىفىتنىڭ ئالدىغا كەلدى. لىفىت ئونىنچى قەۋەتكە چىقىپ توختىدى، ئۇلار يۈك - تاقلارنى چۈشۈرۈپ، ئوڭ قول تەرەپكە قاراپ ماڭدى، رابىگۈل ئون سەككىزىنچى ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ، سومكىسىدىن ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.

— مانا ئاداش، مېنىڭ ئۆيۈم، — دېدى رابىگۈل.

ھاكى سومكا، چامادانلارنى ئۆيگە ئەكىردى، رابىگۈل رەنانى كەڭ، چىرايلىق دېۋانغا باشلىدى. رەنا ئۇھ دەپ ئولتۇرۇپ، ئۆينى كۆزەتتى، مېھمانخانا بەك چوڭ ئىدى، يەنە ئايرىم تۆت ئېغىز ئۆي بار ئىدى، ئۆي ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەنىدى.

— ئۆيۈڭ بەك ئازادە ئىكەن، ئاداش، — دېدى رەنا.

— سېنىڭ ئۆيۈڭگە يېتەمدۇ، ئاداش، مۇشۇ ئۆيىنمۇ بەك تەستە ئالدىم، — دېدى رابىگۈل.

— ئالمۇتادىكى مەركىزىي ئورۇندىن مۇشۇنداق چوڭ ئۆيگە ئېرىشمەك ئاسان ئىش ئەمەس، ئاداش، — دېدى رەنا.

— ئەمىسە مۇنچىغا چۈشۈپ كىيىم ئالماشتۇرۇۋال، ئاداش، بىزنى بىر رېستوراندا ھاكىنىڭ ئاغىنىلىرى بىلەن مېنىڭ

دوستلىرىم ساقلاۋاتىدۇ، شۇ يەردە تاماق يەيمىز، — دېدى رابىگۈل.

— ھە دېگەندە ئالمۇتادا ئويناپ قويمىزكەن - دە، ئاداش، — دېدى رەنا كۈلۈپ.

— بەك چىرايلىق ياسىنىپ كەتمە، ئاداش، ئالمۇتانىڭ يىگىتلىرى بەك شوخ.

— ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ رابىگۈل، مەن شوخ يىگىتلەرگە ئامراق، ھېلىقىدەك ئىچىمدىكىنى تاپ دەپ ئولتۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ قېشىغا كەلمەيمەن، ھەتتا ئادەمگە ئۇلارنىڭ مىجەزىمۇ يۇقۇپ قالىدۇ! — دېدى رەنا.

رابىگۈل كۈلدى.

— سەن بەك ياخشى، ئاداش، نەگە بارساڭ مۇشۇنداق قىزىق گەپ قىلىسەن.

رەنا رابىگۈلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن كونگەي تەرەپتىكى بىر چوڭ ئۆيگە ئورۇنلاشتى. ھاكى: «مەن سىلەرنى تۆۋەندە ساقلايمەن» دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، ئۇلار ئۆيدە ئازادە مېڭىپ يۈرۈپ مۇنچىغا كىرىپ يۇيۇنۇپ يېنىكلەپ، چىرايلىق كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋالدى، ئاندىن ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ چىرايىغا ئوبدانلا ئىشلەپ قويدى. رەنا بىردەمدىلا بىر پەرىنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ بۇدۇر چاچلىرى بويىنىدا ئويناپ تۇراتتى، يۈزىدىكى قىزىل چېچەك تېخىمۇ پارقىراپ كەتكەنىدى، چىرايلىق كۆكسى يەنىلا ئاشۇنداق ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيتتى.

ئۇلار تەخ بولۇپ تۆۋەنگە چۈشتى. ھاكى ئۇلارنى ماشىنىغا سېلىپ بىر رېستورانغا ئەكەلدى، ئۇلار ماشىنىدىن چۈشۈشىگە، ھاكىنىڭ بىرنەچچە ئاغىنىلىرى بىلەن رابىگۈلنىڭ دوستلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ گۈل تۇتۇپ ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى، ئاندىن ئۇلارنى رېستوراننىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە باشلىدى.

هاكى بىلەن رابىگۇلنىڭ دوستلىرى ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى، ئۇلار ياۋروپاچە راسلانغان ئۆزۈن ئۈستەلدىن ئورۇن ئالدى، ئۈستەلنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆزۈن قىلىپ رەڭگارەڭ گۈللەر تىزىلغانىدى، ئۈستەلنىڭ ئۈستىدىكى چىنە - تەخسىلەر، رومكا - ئىستاكانلارمۇ ياۋروپاچە راسلانغانىدى، چىرايلىق ۋىلكىلار ئاپپاق تەخسىنىڭ ئۈستىدە كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇراتتى، ھەممە ئادەمنىڭ چىرايىدىن كۈلكە تەبەسسۇم ياغاتتى. تائاملار كەينى - كەينىدىن كەلتۈرۈلدى، ھاكىنىڭ ئاغىنىسى قەھرىمان ئورنىدىن تۇرۇپ قەدەھ سۆزى قىلدى:

— ئەزىز قېرىنداشلار، ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن مۇشۇ زېمىندا تىرىشىپ ياشاپ كېلىۋاتقان دوستلار، بۈگۈن بىز ۋەتەندىن قايتىپ كەلگەن قېرىندىشىمىز رابىگۈل ۋە ھۆرمەتلىك مېھمىنىمىز رەنا بىلەن مۇشۇ ئورۇندا تاماق ئۈستىدە جەم بولدۇق، بۈگۈنكى مۇشۇنداق بىر يىغىلىش ھەممىمىز ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن بولۇپ قالغۇسى، ھەممىمىز مۇشۇ بىر رومكا شارابنى قېرىندىشىمىز رابىگۈل بىلەن رەنانىڭ ساق - سالامەت ئالمۇتاغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى قارشى ئېلىپ كۆتۈرۈۋېتەيلى، ھەممىمىز سالامەت بولايلى!

ھەممە ئادەم رابىگۈل بىلەن رەناغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ قولىدىكى هاراقنى ئىچىۋەتتى، ئاندىن ئورنىدا ئولتۇرۇپ غىزالىنىشقا باشلىدى.

— مەن ساڭا ۋەتەندىكى ۋاقىتتا دەپ بەرگەن، رەنا، مەن ئالمۇتاغا كەلگەندىن كېيىن مۇشۇنداق مۇھىت ئىچىدە هاراق ئىچىشنى ئۆگىنىپ قالغان، ئامال يوق، ھەممە ئادەم ئىچكەندىن كېيىن سەن ئىچمەي تۇرالمايسەنكەن!

— شۇنداق، ئاداش، مەن بۇنداق ئىشلارنى بەك توغرا چۈشىنىمەن.

— بۇياققا كەلگەندىن كېيىن سەنمۇ ئىچىپ قوي، ئاداش! ئەمدى.

— ياق، ئاداش، مەن مۇشۇ ئىشنى قىلماي، ماڭا توغرا كەلمەيدۇ، مەن ئاززاق قىزىل ھاراق ئىچىپ ئولتۇراي!

— مەيلى ئەمىسە، ئاداش، ئازادە ئولتۇر، دوستلىرىم بىلەن بىردەمدىلا تونۇشۇپ كېتىسەن، بۇ يەرنىڭ ئۇيغۇرلىرى بەك چىقىشقاق، مېھمانلار بىلەن ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ تۇغقانلىرىدەك بىردەمدىلا چىقىشىپ كېتىدۇ، سىز كىم بولىسىز؟ ئېرىڭىز كىم بولىدۇ؟ نەدىن كەلدىڭىز؟ ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ ئېتى نېمە؟ تۇغۇلغان يېرىڭىز قەيەر؟ دەپ ئولتۇرمايدۇ، سەنمۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرۈپ قالىسەن، ئاداش.

— ھېس قىلىۋاتىمەن، ئاداش، ھەممىسى ئوچۇق قىزلار ئىكەن.

بىر مەيدان قەدەھ سۆزى سۆزلەپ ھاراق ئىچىش باشلىنىپ كەتتى، ھەربىر ئادەم قولىغا رومكا ئېلىپ شۇقەدەر سەممىي ھالەتتە قەدەھ سۆزى قىلاتتى، رەنا بىلەن رابىگۈلگە سەممىي تىلەكلەرنى سوۋغا قىلاتتى، ئاندىن قولىدىكى ھاراقنى ئىچەتتى، يېڭى مۇھىت، يېڭى ئادەت رەنانى خۇش قىلاتتى.

خېلى ئۇزاقتىن كېيىن تانسا باشلاندى، ھاكى رابىگۈلنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى، قەھرىمان رەنانىڭ ئالدىغا كېلىپ ھۆرمەت بىلەن ئۇنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى، رەنا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگەندە، قەھرىمان يوغان قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى، ئاندىن تانسىغا چۈشۈپ كەتتى، ئۇ ھەربىر ئايلىنىشقا كەلگەندە رەناغا قاراپ كۈلۈپ قوياتتى.

— سىز بۇرۇن ئالمۇتا شەھىرىگە كېلىپ باققانمۇ رەنا خانىم؟ — دېدى قەھرىمان. ئۇ كۈلسە بۇرۇتلىرى يېيىلىپ بىللە ئويناپ كېتەتتى.

— ياق، بىرىنچى قېتىم كېلىشىم، — دېدى رەنا.

— ھە... — دېدى قەھرىمان، ئۇ رەنانىڭ كۆكسىدىكى ئۇزۇۋالغۇدەك چىرايلىق چىلگىسىگە بىر قارىۋالدى.

— بەك چىرايلىق شەھەر ئىكەن بۇ، ئورمانىنىڭ ئىچىگە

جايلاشقان شەھەر ئىكەن.
— بىراق بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىز چىرايلىق بولغىنى بىلەن قىزلىرىمىز سىزدەك چىرايلىق ئەمەس، مەن جىق قىزلارنى كۆرگەن، لېكىن سىزدەك چىرايلىق قىزنى كۆرمەپتىكەنمەن، سىزدەك گۈزەل قىزلار نەچچە يىلدا بىرسى چىقىدۇ !
— ئۇنداق دېمەڭ، مەنمۇ باشقا قىزلارغا ئوخشاش ئاددىي بىر قىز.
قەھرىمان رەنانىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇۋالدى، رەنا كۆزىنى ئۇنىڭ كۆزىدىن قاچۇرۇۋالدى.
تانسا مۇزىكىسى ئاياغلاشتى. مەيداندا تانسا ئويناۋاتقان قىز - ئوغۇللار ئۆز ئورنىغا قايتتى.
ئارقىدىنلا يەنە تانسا مۇزىكىسى ئورۇنلاندى، ھاكى رەنانى تانسىغا تارتتى، ئۇلار مۇڭداشقاچ تانسا ئوينىدى، ھاكى قىزىق - قىزىق گەپلەر بىلەن رەنانى كۈلدۈرەتتى، ئۇنىڭ قىلىقلىرى رابىگۈلنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى، لېكىن ئۇ كۆرمىگەن ئادەم بولۇۋېلىپ دوستلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، رەنانىڭ ئىسسىق قولى ھاكىمنىڭ تومۇرلىرىنىڭ كۆزلىرىنى ئېچىپ بولغانىدى، ھاكى رەنانىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قارىدى:
— سىز دۇنيا گۈزىلى ئىكەنسىز، رەنا، ئەتىگەن سىزنى ئېغىزدا كۆرۈپ كۆزۈمگە ئىشىنەلمەي قالغانىدىم. ئۇزاققىچە نەپەس ئالالماي تۇرۇپ كەتتىم، — دېدى ھاكى.
— سىلەر مۇشۇنداق كۆرگەنلا قىزلارنىڭ ھەممىسىنى ماختاۋېرەمسىلەر؟ ! — دېدى رەنا كۈلۈپ.
— ئۇنداق ئەمەس، مەن سىزنىڭ ئەمەلىي قىياپىتىڭىزنى سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن !
— ئەمدى بۇنداق دېگىنىم ، بايام قەھرىمانمۇ سىزگە ئوخشاش مېنىڭ چىرايلىقلىقىمنى تىلغا ئېلىپ: «مەن مۇنىڭ يىلدىن بېرى سىزدەك گۈزەل قىز بالىنى كۆرمەپتىكەنمەن»

دېگەندى...

— ئۇنىڭ گېپىگە ھە دەپ قويۇڭ، ئۇ مۇشۇنداق سورۇنلاردا كىنودا ئۆگەنگەن گەپلىرىنى سۆزلەيدۇ...

— ئارتىس مىجەز ئىكەن ـ دە!

ھاكى كۈلۈپ كەتتى.

مۇزىكا ئاياغلاشتى، مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئورنىغا قايتتى.

يەنە بىر مەيدان ئىچىش باشلىنىپ كەتتى، مۇشۇ قېتىمقىسى بىلەن ھېسابلىغاندا، ئۈچ خىل ھاراق ئىچىلىپ بولدى، يېڭى بىر ماركىلىق ھاراق كەلتۈرۈلگەندە بىر مەيدان كۆڭۈل ئېيتىشىش بولاتتى، ھەممە ئادەم بىر قېتىمدىن ياخشى ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى دەۋالاتتى، ئويۇننىڭ كەيپىياتى يەنە بىر پەللىگە چىقاتتى.

رابىگۈل خۇشاللىقىدا خېلى جىق ئىچىپ قويغانىدى، ئۇ نەچچە قېتىم قەدەھ سۆزى قىلىپ رەنانى: «جان دوستۇم، بىر بۆشۈكتە بىللە يېتىپ چوڭ بولغان دوستۇم» دەپ ئۇچۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ ئۆزى مەست بولغىنى بىلەن كاللىسى ساق ئىدى.

سورۇن بەك كەچ ئاياغلاشتى. ھاكى ئېغىر مەست ھالەتتە رەنا بىلەن رابىگۈلنى تاكسىغا سېلىپ قويدى. ئۇلار ئۆيگە كىرىپلا ئۇھ دەپ كارىۋاتقا ئۆزلىرىنى تاشلاشتى. رەنا ئالمۇتاغا كەلگەندىكى تۇنجى سوۋغىسى — مەشھۇر خورىكىنى شامالللارغا ھاۋالە قىلدى. كۈچلۈك خورەك بۇ شەھەردىكى بارچە قۇشلارنى چاڭگىسىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئەتىسىدىن باشلاپ شەھەردە قۇش كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

ئەتىسى ئۇلار چۈش بىلەن ئويغاندى. رابىگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ دەلدەڭشىپ تازىلىق ئۆيگە كىرىپ يۇيۇنۇپ چىققاندىن كېيىن سەل ئەسلىگە كەلگەندەك بولدى. ئۇ چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ چاي قايناتتى. چايدىن كېيىن دىۋانغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ

تېلېۋىزور كۆرۈشكە باشلىدى. رابىگۈلنىڭ قاپاقلىرى خىلىلا ئېغىشىپ كەتكەنىدى. رەنا بولسا تازىلىق ئۆيىدە چىرايىغا ئىشلەۋاتاتتى.

— چۈشتىن كېيىن نېمە ئىش قىلىمىز، ئاداش؟ — دېدى رەنا ئىشنى تۈگىتىپ چىقىپ.

— كەچتە ئاپامنىڭكىگە بېرىپ تاماق يەيمىز، ئاداش.

— ئەمىسە، بالدۇرراق چىقىپ، ئانچە - مۇنچە بازار ئايلىنايلى، ئاداش.

— ماقۇل ئەمىسە، مەن كىيىمىمنى كىيەي، ئاداش...

رابىگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. رەنا يۇرتتىن رابىگۈلنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئاتاپ ئەكەلگەن يەل - يېمىشلەر ۋە باشقا سوۋغاتلىرىنى ئايرىپ ئېلىپ سومكىغا سالدى.

ئۇ بىردەم تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغىچە رابىگۈل ياسىنىپ، تەييارلىنىپ چىقتى.

— سومكا كۆتۈرۈۋاپسەنغۇ، ئاداش؟ — دېدى رابىگۈل رەنانىڭ سومكىسىنى كۆرۈپ.

— ھاۋاخىنىدەم بىلەن خىزىركامغا ئازراق بىرنەرسە ئېلىۋالدىم، — دېدى رەنا.

— مەنمۇ ئېلىۋالغانىدىم، ئاۋارە بوپسەن، ئاداش.

ئۇلار بىرىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ، يولغا چىققاندا، رەنانىڭ كۆزى يەنە شۇ ئىككى بوۋايغا چۈشتى. ئۇلار يەنىلا ماگىزىننىڭ ئالدىدا ماي بوياق رەسىملىرىنى يېيىپ ئولتۇراتتى.

رەنا رابىگۈلگە قارىدى.

— دەم ئېلىشقا چىققان بوۋايلار، تۇرمۇش پۇلى ئاز، مال باھاسى ئۆرە، يېتىشتۇرەلمەيدۇ، ئەتىسى - ئاخشاملىرى رەسىم سىزىپ ساتىدۇ. رەسىملىرى شۇنچە چىرايلىق بولسىمۇ، تۇزۇك خېرىدار كەلمەيدىغۇتاڭ، قېرىغاندا جان باقماق تەس ئوخشايدۇ بۇ يەردە؟

— ئۇلارنىڭ بالىلىرى يوقمىكەن؟
— بىلمىدۇق، بۇ يەردە خەقنىڭ ئىشلىرىنى ئاساسەن سوراپ كەتمەيمىز، قوشناڭ بارمۇ ـ يوقمۇ، ئاغرىقمۇ ـ ساقمۇ؟ ئىشقىلىپ، بىر ـ بىرىگە بەك دىققەت قىلغاننى ياقتۇرمايدۇ؟
— مۇنداق ـ دە، قېرىغاندا ئىش چاتاق ئىكەن ـ دە، ئاداش؟
— قېرىغاندا كىم بار، كىم يوق دەيسەن، ئاداش!
ئۇلار تاكسىغا چۈشۈپ «سوم» دېگەن بازارغا باردى. چوڭ بىر سودا سارىيىنى بىرەر قۇر ئايلاندى. رەنا بۇ بازارنى يۇرتىغا يۇزەكىلا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئالمۇتادا مال باھاسى ئۆرە ئىكەن دەپ خۇلاسە چىقاردى.
ئۇلار بازارنى تولۇق ئايلانمايلا كەچ كىرگىلى تۇردى. شۇڭا، ئۇلار ئالدىراپ رابىگۇلنىڭ چوڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقتى.
ھاۋاخان ھەدە ئۇلارنى كۈلۈپ قارشى ئالغان بولسىمۇ، رەنا بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى.
— بولدى، بولدى، ۋەتەندىن قىزلىرىڭ كەلسىمۇ يىغلامسەنوي؟ — دېدى خىزىر ئاكا.
— ساق ـ سالامەت كەپسىلەر، قىزلىرىم، ۋەتەندىكى قېرىنداشلار سالامەتمۇ؟ — دېدى موماي ئۆزىنى بىرئاز بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ.
تاماق ۋاقتىدا ھاۋاخان ئائىلىنىڭ ھەممە بالىلىرى جەم بولدى. تاماقتىن كېيىن ھەممەيلەن چاي ئىچكەچ قىزغىن پاراڭغا چۈشتى.
— سىزنى چوڭ سودىگەر بولۇپ كەتتى دەيدۇ ـ ھە، قىزىم؟ — دېدى خىزىر ئاكا.
— خۇدايىم بەرسۇن، قىزىم، — دېدى ھاۋاخان ھەدە.
— ئۆزۈمگە تۇشلۇق ئاز ـ تولا تىجارەت قىلىۋاتىمەن. ھەرھالدا تىجارىتىم يامان ئەمەس، — دېدى رەنا كەمتەرلىك بىلەن.

— خۇدايىم بەرسۇن، قىزىم.
— رەنا چوڭ باي بولۇپ كېتىپتۇ، دادا، — دېدى رابىگۈل هاياجان بىلەن.
— ھەمىشە تىرىشىپ تۇرۇش كېرەك، سىزمۇ تىرىشىپ يۈرۈپ مانا چوڭلا بىر ئاشخانا ئاچتىڭىزغۇ، قىزىم، — دېدى خىزىر ئاكا رابىگۈلگە جاۋابەن، — ھەي... ي، نېمىسىنى دەيمىز، ئالمۇتا دېسە بىر ئېرىقىدا ئالتۇن ئاقىدۇ، بىر ئېرىقىدا كۈمۈش دەپ پالاقشىپ چىقىپتۇقكەن. ئەمەلىيەتتە، ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت ئىكەن. تېخى يۇرتىمىزدا رەنادەك قىزلىرىم تىرىشىپ يۈرۈپ بۇ يەردىكىدىنمۇ كاتتىراق ئىگىلىكلەرنى تىكلەۋېتىپتۇ. كۆز تەگمىسۇن، قىزىم. بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ گۈللەپ كېتەرسىز، ئىلاھىم. ھەممىدىن ۋەتەن ئىشقى بەك يامان ئىكەن. مانا قېرىغاندا ۋەتەندىكى دوست، يار - بۇرادەرلەرنى سېغىنىشتىن، شۇلارنىڭ ھىدىنى يادلاپ تۇرۇشتىن باشقا نېمە ئىش بار بىزدە؟...
رەنا جىمىپ كەتتى، باللىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا گەپ قىلماي ئولتۇراتتى. موماي بېشىنى كۆتۈرۈپ رەناغا قارىدى:
— شۇنداق، قىزىم، بىز شۇ چاغدا بىرسى قوغلاۋاتقاندەك بىر ئىش قىپتۇق. مۇشۇ كۈندە مەن يۇرتنىڭ ئاشۇ پاتقاق كوچىلىرىنى، بىرسىنىڭ ئۆيىدە ئىش بولسا مىڭگى ھېيىت ئوينايدىغان ئۆملۈكنى سېغىندىم. بۇ يەردە نەدە ئۇنداق ئىشلار، مىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدىن بىر دۇتار چالىدىغان ئادەم، مىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدىن بىر ناخشىچى تاپقىلى بولمايدىكەن.
— ئۇغۇ شۇنداق، ھاۋاخان ھەدە، ئەمدى شۇ تەقدىر، تەقدىرگە تەن بەرمىسەك بولمايدىكەن، خۇدايىم ئۆمرۈڭلارنىڭ ئاخىرىدا يەيدىغان رىزقىڭلارنى مۇشۇ يەرگە چاچقانىكەن، ھەرھالدا بۇ يەرگىمۇ كۆنۈپ قاپسىلەر، ئەھۋالىڭلار ياخشى ئىكەن.
رەنا ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنىڭ ئۈستىدىكى سومكىسىدىن

سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ ھاۋاخاننىڭ ئالدىغا قويدى.
— ئاز بولسىمۇ ۋەتەندىن ئالغاچ كەلگەن نەرسىلەر ئىدى، ھاۋاخان ھەدە...
— رەھمەت قىزىم، ئاۋارە بوپسىز، سىزنى كۆرۈپ چوڭ سوۋغىغا ئېرىشكەندەك خوش بولۇپ كەتكەنىدىم، بەك جوۋاپسىز، رەھمەت سىزگە... خۇدايىم بۇيرۇسا بىزمۇ كېلەر يىلى ۋەتەنگە بىر بېرىپ كېلەيلى دەۋاتىمىز...
ھاۋاخان ھەدە ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى.
— يىغلىما خوتۇن، يامان بولىدۇ، سەن بىلەن بىز ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئالمۇتا دېگەن مانا مۇشۇ، — دېدى خىزىر ئاكا.
— ئەمدى ۋەتەندىن قىزلىرىم كەپتۇ دەپ خوشال بولۇۋاتىمەنغۇ، دادىسى.
— خوشال بول، ئەمدى خوشال بولماي نېمە قىلىمىز، يالغاندىن بولسىمۇ كۈلۈپ ياشايمىز ئەمدى...
ئۇلار مېھمانخانىنى قىزلارغا بېرىپ، ئۆزلىرى باشقا بىر ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
رەنا بىلەن رابىگۈل ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. رەنا رابىگۈلنىڭ ئاغزىدىن نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى بىلدى، ھەمدە ئۇنىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيانقى ئوخشىمىغان تارىخىي شارائىت ئاستىدا يۈز بەرگەن كۆچ ـ كۆچ ھادىسىسىگە بولغان قارىشىنى ئاڭلىدى، ئالمۇتانىڭ مۇشۇ ئون يىللىق ئەھۋالى ۋە تەرەققىياتى، بولۇپمۇ ئوخشىمىغان مىللەتلەرگە بولغان باھاسى ۋە مۇئامىلىسى ئۈستىدە ئۇچۇرلارغا ئېرىشتى. ئالمۇتا ئۇنىڭ كاللىسىدىكىدەك مۇرەككەپ ئەمەس ئىدى، شۇنداقلا يەنە ھازىرقى چۈشەنچىسىدىكى ئاددىي ئالمۇتا ئەمەس ئىدى، يىللار مەيدىسىنى تۇتۇپ قاقاھلاپ كۈلگەندە، نۇرغۇنلىغان ئادەملەر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا يىغلاۋاتاتتى، جان باقار يىللار ئۇلارنى كۆرمەسكە سالاتتى، لېكىن قۇياش ئۇلارنىڭ يىغىسىنى خاتىرىلەپ ماڭاتتى.

كەچتە هاكى ئۆلارنى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويدى، رەنا هۇجرىسىغا كىرىپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى، خورەك گۈزەل شەھەرنىڭ قۇچاق يەتمەيدىغان ھەيۋەتلىك دەرەخلىرىنىڭ ئويناق يوپۇرماقلىرى بىلەن سۆيۈشۈپ ئويناپتى، شامال ئۇلارنىڭ جۇپلەشكەن ھالىتىدىن ھاسىل بولغان مۇڭلارنى يول بويىدا ئېچىلىۋاتقان گۈللەرنىڭ ئۈستىگە چاچاتتى. هاكى توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى، ئۇ رابىگۈلنىڭ ئۆيىنى ئىچىدىن ئېتىۋالدى، ئۇنىڭ بىر كۆزى ئون بولۇپ يېقىملىق ئۆيدە ئۇچۇشقا باشلىدى، يىگىرمە كۆزى كىچىك بىر ئۆيدە ئۇچۇشقا باشلىدى، لېكىن يىگىرمە كۆز كىچىك بىر ئۆينىڭ ئىچىدە ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەي قالدى...

— خورەك غەنىيمەت، — دېدى رەنا جۆيلۈپ.

تاڭ رەنانىڭ يۇرتى تەرەپتىن سوزۇلۇپ كېلىپ ئالمۇتانىڭ ئاسمىنىنى يورۇتىۋاتاتتى، نەچچە يۈز يىلدىن بېرى شەھەرگە سايە بېرىۋاتقان دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى كۆزلىرىنى ئېچىپ زېمىندىكى ئادەملەرگە قارىدى، پىيادە مېڭىۋاتقان ئادەملەر بەك ئاز ئىدى، كىشىلەر يوغان چامداپ ماڭاتتى، هاكى ماشىنىنى رابىگۈلنىڭ بىنا ئۆيىنىڭ ئاستىغا توختاتتى.

رەنانىڭ خورىكىنىڭ ئاۋازى خېلىلا پەسلەپ قالغانىدى. هاكى رەنا ئۇخلاۋاتقان ئۆيگە كىردى ـ دە، ئىشىكنى ئىچىدىن قۇلۇپلىۋەتتى. ئۇ رەنانىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇشىغا، رەنا ئويغىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ چىلگىدەك چىرايلىق كۆكسى ئاپپاق رۇباشكىسى ئىچىدە تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى، رەنا جىددىيلىشىپ بېشىنى تەكىيىدىن كۆتۈردى:

— بۇ يەرگە كىرىپسىز هاكى؟....

— سىزنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىڭىزدىن ھال سوراپ كىردىم... — دېدى هاكى كۈلۈپ.

— رابىگۈل قېنى؟

— بايام گۆش ئەكېلەي دەپ بازارغا چىقىپ كەتتى.

— سەت بولىدۇ ھاكى، چىقىپ كېتىڭ! — دېدى رەنا قاش ـ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

— سەت بولغۇدەك ئىش يوق، رەنا، كۆزىڭىز بىلەن بىردەم پاراڭلىشىۋالسام بولىدى، سىزنىڭ ئاشۇ گۆھەر كۆزلىرىڭىز نۇرغۇن يىللاردىن بېرى مېنىڭ چۈشۈمگە كىرىپ يۈرگەن، مانا بۇ كۆزلەرنى بۈگۈن مۇشۇ رەنانىڭ ئۆيىدە كۆرۈۋاتىمەن! — دېدى ھاكى. ئۇ رەنانىڭ يۇمشاق قولىنى ئاستا تۇتتى.

— سىزگە رابىگۈلنىڭ كۆزلىرى يەتمەمدا ھاكى؟

— رابىگۈلنىڭ كۆزلىرى مېنىڭ ئەمەلىيىتىمدىكى كۆز، سىزنىڭ كۆزلىرىڭىز مېنىڭ چۈشۈمدىكى كۆز، مەن بۈگۈن چۈشۈمدىكى كۆزلەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم ئۈچۈن خۇشالمەن! — دېدى ھاكى. ئۇ يەنە بىر قولنى رەنانىڭ بېلىگە ئاپاردى.

— ھەيدەپ چىقارسام مەيلىمۇ؟ بىكار سەتلىشىپ قالىمىز... ھەي، رابىگۈل كېلىپ قالسا قانداق قىلىسىز؟

— رابىگۈل گۆش بازىرىغا كەتتى، ئۇردا بازىرىدىن بىر سائەتكىچە كەلمەيدۇ.

— مېنى مېھمان، گەپ قىلالمايدۇ دەپ بوزەك قىلىۋاتىسىز ـ ھە؟

— بىز ياخشى كۆرگەن مېھماننىڭ كۆزلىرى بىلەن مۇشۇنداق كۆرۈشىمىز، — ھاكى كۈلۈپ ئايغىنىنى سېلىپ كارىۋاتقا چىقتى.

تاتلىق چۈش كۆرۈۋاتقان كارىۋات چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەندەك، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئېسىنى تېپىپ بولغۇچە شامال چىقىپ كەتتى، شامال قارا بورانغا ئايلاندى، قويۇن ئۇنى دېرىزىدىن ئۇچۇرتۇپ چىقىرىپ بىنانىڭ ئالدىدىكى دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە ئوينىتىۋاتاتتى. بىر ئۆمۈر يەرگە قاراپ نايناقشىيدىغان دەرەخ يوپۇرماقلىرى بىرىنچى قېتىم يۈزىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى. بىرىنچى قېتىم قۇياشنىڭ نۇرى بىلەن يۇيۇندى، بىرىنچى قېتىم كۆك ئاسمانغا خۇشامەت قىلىپ تۇغما ھالەتتە

يېيىلىپ يورىدىغان لەرزان بۇلۇتلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى، كارىۋات شاختىن ـ شاخقا سەكرەپ يۈرۈپ ھەممە يوپۇرماقنىڭ كۆزلىرىنى ئېچىپ بولغانىدى. ھەممە شاخلارنىڭ ھېسسىياتىنى ئۆزىگە باغلاپ بولغانىدى، ئاخىردا كارىۋات پوتونلەي ئۆزىنىڭ ئېسىنى يوقىتىپ قويدى...

«بۇ ئاداشمۇ دورىغا تايىنىپ ئىش قىلىدىكەن ـ دە !» دېدى رەنا ئىچىدە. كارىۋات ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى، ئۇ كۆزلىرىنى ئاچالماي قالغانىدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شىنجاڭدا، بىر ئۆيدە رەپقەت رەنادىن كىچىك بىر قىز بىلەن تاماق يەۋاتاتتى، قىزنىڭ چىرايى رەنانىڭ چىرايىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيتتى. لېكىن، رەپقەت قىزنىڭ خۇلقىغا خۇمار ئىدى، ئۇ رەنا بىلەن توي قىلغاندىن كېيىنمۇ پۇرسەت چىقىرىپ بۇ قىز بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرغانىدى. بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا رەپقەت بۇ قىز بىلەن ئۆزىنىڭ مېھمانخانىسىدا تونۇشۇپ قالغانىدى، قىز بىر ئىدارىنىڭ كاتىپى ئىدى، بىر كۈنى رەپقەتنىڭ مېھمانخانىسىغا كىرىپ، يىگىرمە ئۇستەل تاماق بۇيرۇتقانىدى: «يىغىن زالىنى چۈشكىچە ئىشلىتىمىز، پائالىيىتىمىز تۈگىگەندە ماڭا تاماق پۇلى دەپ بىرلا ئىسچوت يېزىپ بەرسىڭىز بولىدۇ» دېگەنىدى. لېكىن، ئۇ: «ئىسچوتقا ئىككى مىڭ سوم قوشۇپ ئارتۇق قىلىپ يېزىپ بېرىڭ» دېگەندە، كاسسىر قىز: «مەن بۇنداق قىلالمايمەن، سىز بىزنىڭ غوجايىن بىلەن كۆرۈشۈڭ» دېگەنىدى. شۇ چاغدا رەپقەت بىر ئىش بىلەن ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ قالغان، ئۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ قىزنىڭ دېگىنىنى بويىچە قىلىپ بەرگەنىدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن رەپقەت بۇ قىز بىلەن تونۇشۇپ، يېقىنلىشىپ، بىر ـ بىرىنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەسلىدە رەپقەت شۇ كۈنى: «قىزنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاپ بېرىڭ» دەپ بۇيرۇق قىلىپ ماڭماقچى بولغاندا، قىز بېشىنى قوزىنىڭ بېشىدەك ئويىنىتىپ، كۆزىنى قېشىغا، قېشىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆزىگە ئالماشتۇرۇپ يۈرۈپ، تىللىرىنى چىشلىرى ئارىلىقىدا يۇگۇرتۇپ يۈرۈپ رەپقەتكە رەھمەت ئېيتقاندا، خۇلقى ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلمىگەنىدى، رەپقەت قىزغا بىر كۈن ئاۋۋال تېلېفون بېرەتتى، ئاندىن مۇشۇنداق خالىي ئورۇندا كۆرۈشۈپ، بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ تاماق يەيتتى. ئاندىن ئۇلار كېپىنەك بولۇپ ئۇچاتتى. گۈللەر ئارىسىدا، چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا، يوپۇرماقلار ئارىسىدا يېتىپ يايرىشىۋالاتتى، ھەممە يەردە يېقىملىق رىۋايەتلەر بىلەن باغاش ئېتىشەتتى، بىر كۈنگە مىڭ كۆڭلۈك مەنە بېرىۋېتەتتى...

ئالمۇتادىكى كۈنلەر ئىنتايىن قىزغىن ئۆتۈۋاتاتتى، مۇشۇ ئازادە كۈنلەر رەنا ئۈچۈن بەك ياخشى دەم ئېلىش بولدى. رابىگۈل ئاشخانىسىنى ماڭدۇرۇپ قويۇپ كۈندە دېگۈدەك ئويۇن بىلەن يۈرەتتى. ئۇ رەنانى ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەرگە ئاپىرىپ ئوينىتاتتى. ئاخشاملىرى دوستلىرى چاقىرغان سورۇندا قانغۇچە ئويناپ ـ ئىچىپ، ئەتىسى چۈشكىچە ياتاتتى. مۇشۇنداق ۋاقىتتا ھاكى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، رەنا بىلەن كۆرۈشۈپ سىردىشىپ يۈردى. ئۇ رەناغا ئوبدانلا كۆنۈپ قالغانىدى. ئۇ رەناغا ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىش ـ ئوقىتىنى تونۇشتۇردى، ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ۋاقىتىدا رابىگۈل ھاكىنىڭ ئوقىتىنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرغانىدى. ھاكى ئۆزىنىڭ شىركىتىدە ئاساسەن كونا ماشىنا ساتاتتى، كونا ماشىنا بولغاندا زاۋۇتتىن چىققىنىغا ئىككى ـ ئۈچ يىل بولغان ماشىنىلار ئىدى، بۇ ماشىنىلار ھاكىغا مۇنداق ئىككى يول بىلەن كىرەتتى، رۇسىيەلىكلەر ئاساسەن ياپونىيە بىلەن كورىيەنىڭ ماشىنىلىرىنى سېتىۋالاتتى، تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار بۇ ماشىنىلارنى كونا ماشىنا بازىرىدا سېتىۋېتىپ، يېڭى ماشىنا ئېلىپ ئىشلىتەتتى. ھاكى مۇشۇنداق ماشىنىلارنى ئېلىپ ساتاتتى. ئالمۇتادا بۇنداق ماشىنىلارنىڭ بازىرى ياخشى ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا ئالمۇتا ئۆزىدىمۇ مۇشۇنداق

كونا ماشىنىلارنى سېتىۋېلىپ ساتاتتى، بەزىدە ئۇنىڭ قولىغا يېڭى ماشىنىلارمۇ كىرىپ قالاتتى. ھاكى مۇشۇ ئوقىتى بىلەن خېلى جىق پۇل تاپاتتى.

ھاكى ئەسلىدە بىر شىركەتتە ماشىنا ھەيدەيتتى، ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ بوۋىسى ئۆز ۋاقتىدا شىنجاڭدىن ئالمۇتاغا چىقىپ تۇرۇپ قالغان ئادەملەر ئىدى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئەسكەرلىككە قاتناشتى، كېيىن ئەسكەرلىكتىن قايتىپ كېلىپ، بىر شىركەتتە ماشىنا ھەيدىدى، مۇشۇ جەرياندا بازاردا ماشىنا سودىسى قىلىدىغان باللار بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلار كەلگەن يەردە ماشىنا ئېلىپ سېتىپ، تۆت ـ بەش تەڭگىلىك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ مۇشۇ ئوقەتنىڭ پايدىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، شىركەتتىكى ئىشىنى تاشلاپ ماشىنا سودىسى قىلىدىغان بولۇۋالدى. بۇ جەرياندا رابىگۈل بىلەن تونۇشۇپ قالدى، رابىگۈل ئېرىدىن ئاجرىشىپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئۇ رېستورانلارغا جىقراق باراتتى، شۇ جەرياندا ھاكى بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى. ھاكىمۇ ئايالىدىن ئاجرىشىپ، بالىسىنى ئاپىسىنىڭ بېقىشىغا بېرىۋېتىپ، پۈتۈن كۈچىنى ئوقىتىغا قاراتقانىدى، ئۇنىڭ نىشانى يېڭى ـ يېڭى ماشىنىلارنى كىرگۈزۈپ سېتىپ، باي بولۇپ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىدى.

شۇنداق ئايدەك چىرايلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، رابىگۈل ئۆيىدە رەنا بىلەن پاراڭلىشىپ قالدى، رابىگۈل ھە دېگەندە رەناغا:

— ئاداش، سەن تىجارىتىڭنى ئالمۇتاغا يۆتكە. مەيلى سەن بۇ يەردە قانداق ئىش قىل، بىرنەچچە يىل ئىچىدە جىق پۇل تېپىپ كېتىسەن، ھەممە پۇلۇڭ خەلق پۇلىدىن ئامېرىكا دوللىرىغا ئايلىنىپ بولىدۇ، سەن ئۈچۈن بۇ بەك ياخشى پۇرسەت، ئاداش. مەيلى تاللا بازىرى ئاچ، مەيلى سودا سارىيى ئاچ، مەيلى شىنجاڭدىن مال كىرگۈز، سەن مۇشۇ ئىشلاردا بەش ـ ئون يىل ئىچىدە مەن ـ مەن دېگەن ئادەملەرنىڭ ئالدىغا ئۆتەلەيسەن، چۈنكى ئاداش، سەندە يېتەرلىك مەبلەغ بار، مەسىلەن، ھاكى

يېقىندا ياپونىيەنىڭ ماشىنىلىرىنى كىرگۈزۈپ ساتماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئەگەر توغرا كۆرسەڭ ھاكى بىلەن شېرىك ئوقەت قىلساڭ بولىدۇ، بۇ دۇنيانىڭ يىلتىزى پۇل، ئاداش، پۇللا تاپتىڭما، ھەممە ئىشىڭ ئوڭغا تارتىدۇ، ئۇ چاغدا شەھەرنىڭ كاتتىلىرىمۇ، خېلى يۇقىرى ئورۇنلاردىكى ئەربابلارمۇ سېنىڭ مەسىلەڭنى ئويلىشىدۇ، مۇشۇ كۈندە ناھايىتى ياخشى پۇرسەتكە توغرا كېلىۋاتىسەن، ئاداش، — دەپ ئۇنىڭ تومۇرىنى كۆپتۈرۈشكە باشلىدى.

رەنا رابىگۈلنىڭ گەپلىرىنى ئويلاپ قالدى، ئۇ ئالمۇتادىكى سودا پۇرسىتىنى ئوبدان بىلەتتى، ئەگەر ئۇ رەپقەتكە مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئىش ـ ئوقەت قىلايلى دېسە، ئۇ ھەرگىز ئۇنىمايتتى، چۈنكى ئۇ شىنجاڭدىكى ۋاقتىدا رەپقەتنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باققانىدى. رەپقەت : «ياق، بىز ئۇنداق ئىشنى ئويلىمايلى، رەنا، بىزنىڭ قولىمىزدىكى دۇنيا بىزگە بىر ئۆمۈر يېتىدۇ، دۇنيا بويىچە دېسەم لاپ بولۇپ كېتىدۇ، ئاسىيا بويىچە شىنجاڭدەك ياخشى يەر يوق، مەن ئەمدى ئۆزۈمنىڭ بۇ يۇرتىدىن نېرى بېرىپ ئىش ـ ئوقەت قىلىمەن دەپ تەرلەپ ـ پىشىپ يۈرمەيمەن» دېگەنىدى.

رەنا رەپقەتنى ياخشى چۈشىنەتتى، ھەم ئۇلار بىر ـ بىرىدىن پايدىلىنىپ ياشاۋاتقان ئەمەلىيەتنىمۇ ياخشى بىلەتتى، بەزىدە رەنا يالغۇز ئولتۇرۇپ ئويلىنىپ قالاتتى: «مەن بىر ئۆمۈر مۇشۇ رەپقەت بىلەن ئۆتەرمەنمۇ؟ بۇ يىل ئۇ ئەللىك ياشتىن ئاشتى، ئەتە ـ ئۆگۈن قېرىپ ھاسىراپ قالغاندا دادامدەك ئادەمنى ئېرىم دەپ يۈرەرمەنمۇ؟ ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا ئاجرىشىپ كەتسەم خەقلەر مېنى نېمە دەر؟» مۇشۇنداق تىنىچ ، ئازادە كۈنلەردە، رەنا مۇشۇنداق مەسىلىلەرگە دۇچ كېلەتتى.

بۈگۈن ئۇلار يەنە بىر سورۇندىن كەچ قايتتى، رابىگۈل يەنە جىقراق ئىچىۋالغانىدى، ھاكىمۇ دەلدەڭشىپ بىناغا ئاران چىقتى، ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئۇلارمۇ بىر ـ بىرىنى

سۆرىشىپ رابىگۇلنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. رەنا ئىشىكنى ئىتتىرىپ كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى، بىراق ئۇيقۇسى كەلمىدى، دېرىزە ئىچقىلىق ئىدى، ئالمۇتانىڭ شاماللىرى ئۇنى تونۇمايتتى، شۇڭا ئۇ ئالەمدە بولۇۋاتقان ئىشلارنى بىلەلمەي قالدى، ئۇ شىنجاڭدىكى رەپقەتنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن خەۋەرسىز قالغانىدى، رەپقەت ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ تۇردى، ئۇمۇ رەپقەتنىڭ ۋە مېھمانخانىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇردى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ رەپقەتنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلمەيتتى، شۇڭا مېھمانخانىنىڭ ھېسابات ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىمغا ۋە تاللا بازىرىنى باشقۇرۇۋاتقان خادىمغا بىۋاستە تېلېفون بېرىپ كۆرسەتمە بېرىپ تۇردى، ئۇ قولىدىكى مەبلەغنىڭ باشقا يەرلەرگە ئۇچۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى.

«مەن رەپقەتنىمۇ ياخشى چۈشىنىمەن، ئۆزۈمنىمۇ ياخشى چۈشىنىمەن، رەپقەت ماڭا ئامراق، ھەم مېنىڭ مۇناسىۋەتلىرىمگىمۇ ئامراق، شۇڭا ئۇ بەدەل تۆلەپ مەن بىلەن توي قىلدى، مەن ئۇنىڭغا بانكىدىن قەرز ئالدۇرۇپ ئاشۇ مېھمانخانامنى سالدۇرۇۋالدىم، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق سىر يوق، ھەممە ئىش شۇ قەدەر روشەن، بۇ بىر سودا. لېكىن، رەپقەت ھەرگىزمۇ مېنىڭ مەڭگۈلۈك ئېرىم بولالمايدۇ، ئۇمۇ مەقسىتىگە يەتتى، مەنمۇ مەقسىتىمگە يەتتىم. بۇ ئالەمدە يەنە چوقۇم مېنىڭ پېشانەمگە يېزىلغان بىر ئادەم بار، ئۇ كىم؟ قەيەردە؟ مەن بۇنى بىلمەيمەن، شۇڭا مەن پۇرسەت تېپىپ رەپقەت بىلەن ئاجرىشىشىم كېرەك، ئەگەر مەن داۋاملىق مۇشۇنداق بىر ئۇسۇللار بىلەن ئۆزۈمنى تەڭشەپ ماڭمىسام، ئۆزۈمنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى قولدىن بېرىپ قويىمەن، لېكىن بىر نەرسە كاللامدا روشەن، ئۇ بولسىمۇ مەيلى بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئادەمگە تېگەي، مەيلى قانچە قېتىم توي قىلاي، ئۇ چوقۇم مەندىن باي ئادەم بولۇشى شەرت. ئەگەر مۇشۇنداق بولمىسا، مەن ھاياتىمدا ئەڭ باي ئاياللار قاتارىدىن ئورۇن ئالالمايمەن، مەقسىتىمگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېتەلمەي قالىمەن !» دېدى رەنا ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ.

ئۇ توكىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ كۆزىنى يۇمۇپ ياتتى، يىراق رۇسىيەنىڭ ۋولگا دەرياسى تەرەپتىن كەلگەن شامال دېرىزىدىن لۇكچەكتەك ئېزىپ كىرىپ ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇپ چىقىپ كەتتى، ئۆيدىكى تاملار شاماللارنى تىللاۋاتاتتى: قىلىن شامال، بىزەڭ شامال، ئاخىر زامانىنى تىلەيدىغان شۇم شامال ! دەپ ئاغزىنى بۇزاتتى. رەنانىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى، رابىگۈلنىڭ: «ئاداش، سەن مۇشۇنداق تىرىشساڭ ياۋروپاغا يۇزلىنىپ كېتىسەن» دېگەن گېپى ئۇنىڭغا بەك تەسىر قىلغانىدى، چۈنكى ئۇ ئىزچىل ھالدا مەن چوقۇم ئەللىك ياشقا كىرگۈچە مۇشۇ ئالەمدە تۆتنىڭ ئالدى بولۇپ يېتىلىشىم كېرەك دەپ ئۈمىد قىلاتتى.

ئەتىسى ئۇلار يەنە كېچىكىپ ناشتا قىلدى، قۇياش ئۇلۇغ ئاسماندا ھەممە جانلىقلارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ بولغانىدى، رەنا داستىخاندا ئولتۇرۇپ كېچىچە كاللىسىغا كىرىۋالغان ئىشلارنى رابىگۈلگە سۆزلەپ بەردى.

ــــ بىرنەچچە كۈندىن بېرى سېنىڭ دېگەن ئاشۇ گەپلىرىڭنى ئويلىشىۋاتىمەن، ئاداش، مەن ئالمۇتاغا قىزىقىپ قالدىم، بۇ يەردە ھەقىقەتەن پۇرسەت جىق ئىكەن، بىر ئىش قىلىپ كېتىشىمگە كۆزۈم يېتىۋاتىدۇ، بىراق رەپقەتىنىڭ نېمە دەيدىغىنىنى بىلمەيمەن.

ــــ ئەگەر رەپقەتكامنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالساڭ ئۇ قوشۇلمايدۇ، ئۇ ئەللىك ياشتىن ئېشىپتۇ، ئەمدى خاتىرجەملىكنى ئىزدەيدۇ، ئەگەر مەن بولساممۇ مۇشۇنداق قىلىمەن، ئاداش. لېكىن، سەن تېخى ياش، كۆڭلۈڭگە پۈككەن ئىستىقبالىڭنى قولۇڭغا ئالمىساڭ بولمايدۇ. ھازىر ئالمۇتانىڭ ۋەزىيىتى بەك ياخشى، ھۆكۈمەت ھە دەپ قەرز بېرىۋاتىدۇ، ھەممە ئادەمنى يېڭى ئۆي سېلىشقا، ئۆي سېتىۋېلىشقا چاقىرىۋاتىدۇ، سەن مۇشۇنداق بىر پۇرسەت ئىچىدە شىنجاڭدىن قۇرۇلۇش

ماتېرىياللىرىنى كىرگۈزسەڭمۇ بولىدۇ، هازىر ئالمۇتا بازىرىدا شىنجاڭدا ئون تىيىنغا ساتىدىغان بىر پىششىق خىشنىڭ باھاسى خەلق پۇلى بىلەن ھېسابلىغاندا ئوتتۇز تىيىنغا چىقىپتۇ، هاكى: «تارىختا بولۇپ باققان ئىش ئەمەس بۇ» دەيدۇ. مۇشۇ پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويساڭ بولمايدۇ، ئاداش. مەن سېنىڭ بۇرۇنقى قارىشىڭغا قوشۇلمايمەن، سەن ئەللىك ياشقا كىرگەندە توي قىلساڭمۇ ئۇلگۇرىسەن، ئاداش، شۇڭا مەن هاكى بىلەن توي قىلماي يۈرۈۋاتىمەن، هاكى بەك ئالدىراۋاتىدۇ، مەن: «مۇشۇنداق ئۆتەيلى، هاكى، ئەگەر سىز زېرىكسىڭىز، ئۆزىڭىز خۇشال بولىدىغان ئىشنى قىلىڭ، بىز بىر ـ بىرىمىزگە باغلىنىپ قالمايلى» دېدىم. مانا بىز مۇشۇنداق ئۆتۈۋاتىمىز، بىر ـ بىرىمىز ئۇچۇن قۇلۇپمۇ ئەمەس، ئاچقۇچمۇ ئەمەس. ئەمدى سەن رەپقەتكام بىلەن ئاجرىشىپ كەتسەڭ بولىدۇ، ئاداش، ئەگەر ئۇ ئالمۇتادا ئىش ـ ئوقەت قىلىشقا ئۇنىمىسا، سەن بۇ ئىشنى تېز بىر تەرەپ قىلمىساڭ بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، سەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ مەقسىتىڭگە يېتىپ بوپسەن، ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىپسەن، مانا ئەمدى ئىش تۈگىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا تالاشقۇدەك هېچ ئىش يوق ئىكەن، ئىقتىسادىڭلار ئايرىم ـ ئايرىم ئىكەن، رەپقەتكام شۇ ئابرۇيى ئۇچۇنلا سۆرەپ يۈرىدىكەن سېنى. ئەسلىي سەن توينى بىر سودىغا ئايلاندۇرۇۋاپسەنكەن ـ دە، ئاداش، ئەمدى بۇ سوداڭنى يىغىشتۇرۇپ قويساڭ بولىدىكەن.

— مەن بىرنەچچە كۈندىن بېرى مۇشۇ ئىشنى ئويلىشىۋاتىمەن، ئاداش، ئالمۇتادا بىرەر ئىش قىلىپ كېتىدىغاندەك قىلىمەن، بىراق بۇ يەردە يۇقىرى ـ تۆۋەن تونۇشۇپ بولغۇچىمۇ خېلى ۋاقىت كېتىدۇ ـ دە.

— «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ، ئاداش؟ هاكىنىڭ ھېلىقى ئاغىنىلىرىنى كۆرمىدىڭمۇ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان باللار، ساڭا ھەرقايسى جەھەتلەردىن ياردەم

بېرىدۇ. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىل، ئاداش!

— شىنجاڭغا بارغاندا رەپقەت بىلەن بىر مەسلىھەتلىشىپ باقاي...

— بۇمۇ بولىدۇ، «ماقۇل» دېسە تېخى ياخشى، ئۇنى يەنە تۆت ـ بەش يىل سۆرەشتۈرۈۋالساڭ بىر رەنا ئون رەنا بولۇپ كېتىسەن، «ياق» دېسە: «خوش ئەمىسە، رەپقەت، ئاجرىشايلى، مەن ئالمۇتاغا بېرىپ سودا قىلىمەن» دەيسەن، مەيلى ئۇ نېمە دېسۇن سېنىڭ ئىشىڭ ئۇڭغا تارتىدۇ، ئاداش، پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويما! بۇ پۇرسەت ئىككىلى دۆلەتكە ئاسان توختايدىغان پۇرسەت ئەمەس، چوڭلار دەۋاتامدۇ، نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ئىككى دۆلەت ئارىسىدا بۇنداق چوڭ چېگرا سودىسى بولۇپ باقمىغانىكەن...

— شۇنداق، ئاداش، ھازىر پۈتۈن شىنجاڭدا چېگرا سودىسى بەك قىزىپ كەتتى، مەن بۇ سودىغا ئارىلاشماي يۈرسەم بولمايدىغان ئوخشايدۇ، سەن دېگەندەك مەن شىنجاڭغا بېرىپ رىپقەت بىلەن بىر سۆزلىشەي...

كۈنلەر يەنە شۇنداق كۆڭۈللۈك ئۆتمەكتە، رابىگۈل بىلەن ھاكىمنىڭ دوستلىرى ۋە ئاغىنىلىرى ئۆلارنى كۈندە مېھمانخانىغا چاقىرىپ تۇراتتى، رابىگۈل بەزى كۈنلىرى ھاراق ئىچمەي تۇرۇۋالاتتى، بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىمەن، بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىۋالاي دەپ جىم بولۇۋالاتتى. ئىچىپ سەل قىزىپ قالغان كۈنلىرى ئۆيگە قايتىپ خۇدىنى بىلمەي ياتاتتى. رەنا ئىچىدە: «بۇلار تاپقان ـ تەرگىنىنى يەپ ـ ئىچىپ تۈگىتىدىغان خەقمۇ نېمە؟» دەپ قالاتتى.

مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا ھاكىمغا پۇرسەت چىقاتتى، ئۇ يەنە شۇنداق يېقىملىق كۈلۈپ رەنانىڭ ئاپپاق رۇباشكىسى بىلەن كۆرۈشەتتى، ئۇنىڭ كۆكسىدىكى سانسىز چىلگىلەر سانسىز قۇياشقا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى كۆيدۈرەتتى، ئاندىن ئۇنىڭ چىرايلىق يۈرىكىنى ئۇسسۇلغا سالاتتى، مۇشۇنداق

دەھشەت ھارارەت ئىچىدە پىشىپ كاۋاپ بولۇپ كېتەتتى. كارىۋات ئۇنىڭ دەسلەپكى قىزغىنلىقىغا خىيانەت قىلىپ بولۇپ، ئۇلارنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىراتتى، ئاندىن كەلگۈلۈك سۇغا كىلەتتى، پاكىز سۇ شۇ دەقىقىدە بۇلغىنىپ پاسكىنىچىلىقا ئارىلىشىپ كېتەتتى، مانا بۇ شۇ كۈنكى سۇنىڭ تەقدىرى ئىدى. مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا سۇنى ئاياغ ئاستى قىلىۋاتقان ھاكى تەبىئىيلا مۇنداق بىر ئىشنى ئويلاپ قالاتتى: «بىر ئەر نېمە ئۈچۈن ھامان جىنسىي ئارزۇ ـ تەلەپلەرگە باغلىنىپ ياشايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن قولىدا بىر چىلگە تۇرۇپ يەنە بىر چىلگىگە قول ئۇزاتقۇسى كېلىدۇ؟ بۇ ئادەمدىكى تەبىئىي ئاجىزلىقمۇ يا شۇ ئادەمدىكى چېكىدىن ئاشقان بىر روھىي ھالەتمۇ؟» ھاكى مۇشۇنداق ئوي ـ پىكىر ئىچىدە تازىلىق ئۆيى بىلەن خوشلىشاتتى، ئاندىن ھېچكىمگە چاندۇرماي ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتى. ئۇ بىرىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ تالاغا چىققاندا، يۈزى قىلىن شامال ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشەتتى...

ئالمۇتانىڭ كېچىسى سىرلىق ھەم مۇڭلۇق ئىدى، دەل ـ دەرەخلەرگە چاپلىشىۋالغان قاراڭغۇلۇق كۆزلىرىنى يوللاردىكى ماشىنىلارنىڭ چىراغلىرى ۋە ئۆيلەردىكى يورۇقلۇقلاردىن يۆتكىمەي قاراپ ئولتۇراتتى، دالا ياكى تاغلاردىكى ئورمانلار ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ نۇرلىرىدىن ھۇزۇرلىناتتى، كوچىلار، مەھەللىلەر شۇ قەدەر تىنىچ ئىدى، مەستلەرنىڭ ھەممىسى ماشىنىدا ياكى خوتۇنلارنىڭ قوينىدا ياكى ئاشنىلارنىڭ باغرىدا ئىدى.

ھاكىنى شامال ئۈزىتىپ قويدى.

«ھەربىر ماكاندا شۇ ماكانىنىڭ يارىشىقى بولغان بىر ياخشى نەرسىسى ياكى ئادىتى بولىدىكەن، ئادەملەر سەپەر ـ ساياھەت ئىچىدە مۇشۇنداق ياخشىلىق بىلەن ئۇچرىشالايدىكەن. ئەھۋالنى چۈشىنىپ باقسام مەن ئۈچۈن ئالمۇتانى ئۆزۈمنىڭ ئىككىنچى تەرەققىيات ماكانى قىلىش زۆرۈردەك قىلىدۇ، قېنى ئەمىسە يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر قاراملىق قىلىپ باقاي. ئەگەر ئوشۇقۇم ئالچۇ چۈشمەي قالسا مەيلى، بېشىمنى سىلايدىغان يۇرتۇم بار، بىر ئۆرۈنۈپ باقاي، رابىگۇل بىلەن ھاكى بار، يەنە بۇ يەردە تىجارەت قىلىۋاتقان تونۇشلار بار، مەنمۇ بىر يول تېپىپ كېتەرمەن! » دېدى رەنا ئىسسىق يوتقانىنىڭ ئىچىدە يېتىپ.

## يىگىرمىنچى باب

# بۇلبۇللار كۈندە سايراۋەرمەيدۇ

رەنانىڭ ئالمۇتادىكى ۋاقتى توشۇپ قالغانىدى، ھاكى بىلەن رابىگۈل ئاخىرقى قېتىم دوست ـ بۇرادەرلىرىنى چاقىرىپ زىياپەت بېرىپ، رەنانى داغدۇغىلىق ئۇزاتتى. رەنا ئۆزىنىڭ چىقىشقاق مىجەزى ئارقىلىق يېڭى تونۇشقان دوستلىرى بىلەن بەك چىقىشىپ كەتكەنىدى، ئۇ قەدەھ سۆزىدە ئۇلارغا رەھمەت ئېيتتى:

— شىنجاڭغا بېرىڭلار، مەن سىلەرنى بىر قوللۇق كۈتۈۋالىمەن، چېگرا ئېغىزىغا چىقىپ قارشى ئالىمەن، خۇدايىم بۇيرۇسا ئەمدى شىنجاڭدا كۆرۈشىمىز.

ھاكى بىلەن رابىگۈل يەنە تۆت سائەت يول مېڭىپ، ئۇنى چېگرا ئېغىزىغا ئۇزىتىپ كەلدى، يول ئۈستىدىكى مەنزىرىلەر ئادەمنى ھاياجانغا سالاتتى، ھاۋا ياخشى، كەيپىيات كۆتۈرەڭگۈ ئىدى.

چېگرا ئېغىزىدىكى چوڭ زالغا كىرگەندە، رابىگۈل يەنە بىر قېتىم رەنانى قۇچاقلىدى:

— ...كۆرۈشۈپ تۇرايلى، ئاداش، ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئىش ـ ئوقەت قىل، مەن بىر ئۆمۈر سېنى ئۇنتۇيالمايمەن، ئاداش. ئۆتكەندە شىنجاڭدا بەك ياخشى ئوينىدىم، مانا بۇ قېتىم ئالمۇتادا ئىككىمىز بىر كۈنمۇ ئايرىلمىدۇق، مانا بۇ بىزنىڭ ھەقىقىي دوستلۇقىمىزنى چۈشەندۈرىدۇ. ئېسىڭدە

بولسۇن، رەنا، ئەگەر مۇشۇ ئالەمدە ھاياتىڭ ئۈچۈن ئوتقا چۈشىدىغان ئىككى ئادەم بولسا، شۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرسى مەن، سەن ئۈچۈن جېنىم پىدا! تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن چەت ئەلدە بولۇپ قالدىم، لېكىن قەلبىم يەنە شۇ ۋەتەندە. ئۆزۈڭگە چىڭ بول، ئاداش، ئەرگە ئىشىنىپ كەتمە، مانا مەن توي قىلىپ قاتتىق پۇشايمان قىلغان ئادەم، ياخشى ئەرلەرمۇ بار، لېكىن بەك ئاز، شۇڭا ئېرىڭگە سىر بەرمە، سەن بىلەن بىزنى سىر تۇتۇپ تۇرىدۇ، ئاداش، ئۆزىمىزگە چىڭ بولۇشتىن باشقا يول يوق...

— رەھمەت، ئاداش، — ئۇ رابىگۈلنىڭ بەزى گەپلىرىگە قايىل بولۇپ قالدى.

ھاكى بايا تاماكا چېكىدىغان ئۆيگە كىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ روھلۇق ھالدا ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى، رابىگۈل مەن تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ چىقاي دەپ ئۇلاردىن ئايرىلدى.

«رابىگۈل مېنىڭ ھاكى بىلەن قوغلاشماق ئويناپ يۈرگەن ئىشلىرىمنى بىلەمدۇ، قانداق؟» دېدى رەنا ئىچىدە.

— سىزگە ئاقىۋول تىلەيمەن، گۈزەلىم، مەن مۇشۇ كۈنلەردە يۈز يىل ياشاپ بولغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتىم، سىز بىلەن تونۇشقانلىقىم ئۈچۈن بەك خۇشالمەن، ھەم ئۆزۈمنى تەلەيلىك ھېسابلايمەن، شۇنداقلا يۈرىكىمدە ئاشۇ مىنۇت ــ دەقىقىلەرنى مەڭگۈ ساقلايمەن، سىزنىڭ خورەكلىرىڭىزنى قەلبىمنىڭ ھەربىر تىنىقىدا ساقلايمەن، سىزدەك ئەرنىڭ يۈرىكىنى ياشارتىدىغان ئېسىل مىجەزلىك قىزنى كۆرمەپتىكەنمەن. سىز زادى ئەر ئۈچۈنلا دۇنياغا كەلگەنىكەنسىز، ئەرلەرنى چۈشىنىسىزكەن، دوستلۇققا چەكسىز مۇھەببەت بېرىسىزكەن، ياشاشنى بىلىسىزكەن، ھاياتىمنىڭ ئەڭ ئاخىرغىچىمۇ سىزنى ئۇنتۇمايمەن... — دېدى ھاكى ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ، ئۇ قويىنىدىن كىچىك بىر قۇتىنى ئېلىپ رەناغا بەردى، — خاتىرە ئۈچۈن ئېلىپ قويۇڭ!

— بۇ نېمە هاكى؟
— يېنىڭىزغا سىلىقۋىلىك، ئېغىزدىن ئۆتكەندە كۆرەرسىز ! — دېدى هاكى.
رەنا قۇتىنى قولىدىكى سومكىغا سالدى. شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ سومكىسىدىكى يانفون جىرىڭلىدى، ئۇ يانفوننى ئېلىپ نومۇرغا قارىدى، تېلېفون رەيھانتىن كەلگەنىدى:
— شۇنداق، ياخشى، چېگرا ئېغىزىغا كېلىپ بولدۇم، هازىر ئۆتىمەن ! — دېدى رەنا. ئۇ تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقاندا، رابىگۈل ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ بولغانىدى.
— رەيھانتلەرمۇ ئېغىزغا كېلىپ بوپتۇ، ئاداش، ئەمىسە مەنمۇ چېگرادىن ئۆتەي ...
رابىگۈل ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى، رەنا بىر قولىدا سومكا، بىر قولىدا چاقلىق چامادانىنىڭ تۇتقۇچىنى سۆرەپ تەكشۈرۈش ئورنىغا ماڭدى، ئۇ كەينىگە قاراپ ئۇلار بىلەن يەنە بىر قېتىم خوشلاشتى:
— خوش ئەمىسە، ئامان بولۇڭلار!
— ئاقىۋەل بولسۇن، رەنا !
رەنا چېگرا ئېغىزىدىن ئۆتتى، رەيھان بىر دەستە گۈل تۇتقان هالەتتە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىدىكى گۈلنى ئۇنىڭغا بەردى:
— ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ، سالامەت تۇردىڭىزمۇ ؟ — دېدى رەيھان ئۇنى قۇچاقلاپ.
— ماۋۇ قېرى نېمانداق سەتلىشىدىغاندۇ ! — دېدى كەينىدە تۇرغان ئوسمان.
ساۋۇت گەپنى ئاڭلاپ ئۇنى نوقۇپ قويدى:
— سەن مۇھەببەتنى چۈشىنەمسەن ؟
— مۇھەببەت دېگەن شۇ بىر قېرىغا بىر ياش دېگەن گەپ ئىكەنغۇ !
— ساراڭلىق قىلما، ئاڭلاپ قالىدۇ ! — دېدى ساۋۇت.
رەنانىڭ باشقۇرۇشىدىكى سورۇن قىزلىرىدىنمۇ ئۈچ قىز

كەلگەنىدى، ئۇلار ئاجايىپ ئايناق قىلىقلارنى قىلىپ قولىدىكى گۈللىرىنى رەناغا تۇتتى.

رەنا ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئارقىدىن ئوسمان بىلەن ساۋۇت رەنانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللاشتى.

— ... مانا ئەمدى بىزمۇ خاتىرجەم بولىدىغان بولدۇق، رەنا، ئىككى كۈن تېلېفون بەرمىسىڭىز رەپقەت ئەنسىرەپ سىزنى ئامېرىكىغا قېچىپ كەتتىمىكىن دەپ بولالماي قالغانىدى، — دېدى ئوسمان چاقچاق قىلىپ.

— بالا خاتىرجەم ئويناۋالسۇن دەپ تېلېفون بەرمىدىمغۇ! — دېدى رەنا كۈلۈپ.

— سىز بولمىسىڭىز مېنىڭ كۈنۈم تەس ئىكەن، رەنا، كېچىلىرى ئۆيدە سۈرىتىڭىزگە قاراپ تاڭ ئاتقۇزۇۋېتىمەن، — دېدى رەپقەت چاقچاق قىلىپ.

— يەنە ئىككى كۈن كەلمىگەن بولسام سۆزلەپ قالامتىڭىز؟

— جاھاندا بىر خوتۇن تۇرسا بۇ، ھېلىمۇ سۆزلەپ قالمىدىم.

ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. ۋاقىت چۈشتىن ئاشقانىدى، ئۇلار چېگرا ئېغىزىدىكى «سەن ئەمەس، مەن» دېگەن ئاشخانىغا كىردى، رەپقەت تۈرلۈك تاماقلار بىلەن ئۈستەلنى توشقۇزۇۋەتتى، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى ساھىبجامال قىزلار بەللىرىنى تولغاپ لەۋلىرىنى ئويىنىتىپ ئولتۇرۇپ رەناغا ھەمراھ بولدى، رەنا تاماق ئارىسىدا بوش ئاۋازدا سۆزلەپ ئۇلارنىڭ ۋە كەلمىگەن قىزلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، ئاندىن رەپقەتكە قارىدى:

— مېھمانخانىنىڭ ئىشلىرى ياخشىمۇ، رەپقەت؟...

— سىز كۆرگەندەك ... — دېدى رەپقەت، — مەن سىزنى ھەرقاچان پاسپورتىنى ئۇزارتىپ يەنە بەش ـ ئون كۈن ئويناپ كېلىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم!

— سىزنى كۆرگۈم كېلىپ كەتتى، رەپقەت، — دېدى رەنا.

ھەممەيلەن كۈلۈشتى.

«ئاشۇ ياقتا رۇس يىگىتلىرى بىلەن ئويناپ قويىمىغاندۇ بۇ سەتەڭ!» دېدى ئوسمان ئىچىدە.

تاماقتىن كېيىن ئۇلار ئىككى ماشىنا بىلەن يولغا چىقتى، ۋەتىنىنىڭ ئىللىق شامالىلىرى ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈشكە باشلىدى.

رەنا ئەتىسىلا مېھمانخانىسىغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىدى، مېھمانخانىدا چوڭ ئىش يۈز بەرمىگەنىدى، پەقەت بىر مېھمان ياتاقتا فوتو ئاپپاراتىنى يوقىتىپ قويغان بىر ئىش يۈز بەرگەنىدى. مېھمان: «مەن چۈشتە تاماققا چىققاندا ئاپپارات ياتاقتا بار ئىدى، تاماق يەپ كىرسەم يوق تۇرىدۇ» دەپ تۇرۇۋالغاندا، رەپقەت كېلىپ بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ: «ئاخشام ياتىقىڭىزغا بىرسىنى ئەكىرگەنمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، مېھمان: «مەن ھېچكىمنى ئەكىرمىگەن» دەپ تۇرۇۋالغانىدى، رەپقەت خىزمەتچىلەرگە ھەربىر قەۋەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۆزىتىش ئاپپاراتلىرىنىڭ سىنئالغۇ لېنتىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، شۇ مېھماننىڭ كېچىدە بىر قىزنى ياتاققا ئەكىرىپ بىللە قونغانلىقىنى بايقىغانىدى، نەتىجىدە مېھمان ئۆزى ئوسال بولۇپ مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتكەنىدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، رەنا رەپقەت بىلەن ئۆزى ئالمۇتادا تۇرغاندا ھاسىل قىلغان ئوي ـ پىكىرلىرى ئۈستىدە پاراڭلاشتى. رەپقەت رەنانىڭ ئويلىغانلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇزاققىچە گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ: «ئەسلىدە بۇ خېنىمنى چەت ئەلگە كېيىنرەك ماڭدۇرىدىغان گەپ ئىكەن، مانا ئەمدى قورسىقىغا بىر پارچە ئوت سېلىپ قايتىپ كەپتۇ!» دېدى ئىچىدە.

ــــ گەپ قىلمايسىزغۇ، رەپقەت!؟ ــــ دېدى رەنا.

ــــ بەك گەپ قىلغۇم بار، رەنا، بىراق نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، ــــ دېدى رەپقەت، ــــ راست گەپ قىلايمۇ يالغان گەپ قىلايمۇ؟

—— ئەلۋەتتە، راست گەپ قىلسىز ـ دە...

—— مەن ئۇياقتا شىركەت ئېچىشقا قوشۇلمايمەن، رەنا..

—— نېمە ئۈچۈن؟

—— ئەمدى مېنىڭ بىر كۆڭۈلسىز بولسىمۇ مۇشۇ ئۆزۈمنىڭ شەھىرىدە خاتىرجەم ياشىغۇم بار، بۇنىڭ سەۋەبى بەك ئاددىي، رەنا، مەسىلەن، مېنىڭ تاپقىنىم ئۆزۈمگە ۋە باللىرىمغا يېتىپ ئاشىدۇ، سىزگە بىر ئۆمۈر يېتىپ ئاشىدۇ!

—— «ئارتۇق دۇنيا باشنى يارمايدۇ» دېگەن گەپ بار، رەپقەت، بىز قولىمىزدىكى تۆت تەڭگە پۇل بىلەن قانائەتلىنىپ قالساق بولمايدۇ!

—— مەن ئالمۇتاغا جىق چىققان، رەنا. خاتىرجەم ئوقەت قىلغىلى بولىدىغان يەر ئەمەس ئۇ، توغرا، ئۇ يەردە پۇل تاپقىلى بولىدۇ، لېكىن تاپقان پۇلغا ئىگە بولغىلى بولىدىغان يەر ئەمەس ئۇ!

—— سىز ئويلىنىشىپ بېقىڭ، رەپقەت!

—— ياق، مەن ئويلاشمايمەن، مەن سىزگە يالغان گەپ قىلسام بولمايدۇ، مەن مۇشۇ شەھەردىن ھېچقانداق يەرگە بارمايمەن...

—— ئەمىسە مەن بېرىپ ئاشۇ يەردە بىر شىركەت قۇرۇپ باقاي، ھازىر ئۇلارنىڭ بازار ئەھۋالى بەك ياخشى ئىكەن.

—— پۇشايمان قىلىپ قالىسىز، رەنا، مەن ئۇ يەرنى بەش قولدەك بىلىمەن!

—— ئىنشىقىلىپ، مەن ئاشۇ ياققا چىقىپ ئۇرۇنۇپ باقاي دەيمەن...

رەپقەت رەنانىڭ چىرايىغا قارىدى، ئۇنىڭ بۇ گېپى ئۇنىڭغا بەك سوغۇق ئاڭلانغانىدى، رەپقەت ئويلىنىپ قالدى.

«كىم ئازدۇرغاندۇ بۇنى»؟ دېدى ئۇ ئىچىدە.

—— ئالدىراپ كەتمەڭ، بىر مەزگىل ئۆتسۇن، ياخشىراق ئويلىنىڭ!

—— ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ، رەپقەت، مەن ئالدىرىمىسام

بولمايدۇ، ئەگەر بۇنىڭغا قوشۇلمىسىڭىز، ئىككىمىز ئىككى يەردە تۇرۇپ تىجارەت قىلايلى، ئەگەر بۇنىڭغىمۇ قوشۇلمىسىڭىز، ئىككىمىز ۋاقتىنچە ئايرىلىپ تۇرساقمۇ بولىدۇ، — دېدى.

رەپقەت گەپ قىلمىدى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ رەناغا قارىدى: «توۋا، ئالمۇتاغا بىرلا بېرىپ - كېلىپ ئۆزگىرىپتۇ بۇ خوتۇن، ئاشۇ رابىگۇل گەپ ئۆگىتىپتۇ - دە، بۇنىڭغا، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئەقلى بىلەن ئاشۇ ئازغۇننىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغانمىدۇ ؟!» دېدى رەپقەت ئىچىدە.

— مەندىن زېرىكىپسىز - دە، رەنا !

— ئۇنداق ئەمەس، رەپقەت، مەن ئۆزۈمنىڭ تىجارەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋالاي دەۋاتىمەن، بۇ ماڭا بىر پۇرسەت، ئەمدى سىزنى مۇشۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ ئۇياقتا يۈرسۈۋەرسەم، ئىش - ئوقەت بىلەن بولۇپ، يىللاپ بۇياققا كېلەلمىسەم، ئۇ ۋاقىتتا سىزگە قانداق خوتۇن بولىمەن؟ سىز بىلىسىز، ئۇستۇمدىن گەپ تاپىدىغان ئادەم ئاز ئەمەس، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنداق يا بۇنداق گەپلەر قۇلىقىڭىزغا كىرىپ قالىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا ئىككىلىمىز ئۇچۇن ياخشى بولمايدۇ، شۇڭا بىز ۋاقىتىنچە ئاجرىشىپ تۇرغىنىمىز ياخشى، مەن سىزگە قورسىقىمدىكى گەپنى دەۋاتىمەن.

«ئەھۋالغا قارىغاندا رەنا ئالمۇتاغا چىقىپ ئوقەت قىلىشنى باھانە قىلىپ مەندىن ئاجرىشىپ كېتىدىكەن - دە ! قورسىقىدا بىر ئويۇن بارغۇ بۇنىڭ» دېدى رەپقەت ئىچىدە.

— مەن ھەرقانداق ۋاقىتتا سىزنىڭ پىكرىڭىزگە ھۆرمەت قىلىمەن ، كۆپ ئويلىشىڭ، «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس» دېگەن گەپ بار، رەنا، كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالسىڭىز ئورنىغا كەلمەيدۇ، بۇ يەر دېگەن ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيى، ئۇ دېگەن يات يۇرت، ئىش قىلماق قىيىن، ھەتتا سىزگە توغرا مەسلىھەت بېرىدىغان ئادەممۇ ئاز چىقىدۇ...

— بۇ ئىش ئۇنچىلىك مۇرەككەپ ئەمەس، رەپقەت، مەن

ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىسام بولمايدۇ، سىز مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە مېنى توغرا چۈشىنىڭ.

— مۇنداق دەڭ، رەنا، ئاخىر مېنى تاشلىۋېتىدىغان بولدىڭىز، مەن سىز ئۈچۈن بەك جىق بەدەل تۆلىگەن، بۇ ئىشلار بىر ئويۇن بولدى، ئەڭ بولمىغاندا بىز بىر پەرزەنت يۈزى كۆرگەن بولساقمۇ ئارمىنىم يوق ئىدى.

رەنا كۈلدى.

— مېنىڭ ئەردىن تەلىيىم يوق ئوخشايدۇ، رەپقەت، مەن ھېچكىم بىلەن توي قىلمايمەن دەپ يۈرۈپ سىز بىلەن توي قىلغان، مانا ئەمدى ئىككىمىزنىڭ ئىشى سۇغا چىلىشىۋاتىدۇ!

— مەن ھەرقانداق تەلىپىڭىزگە تەييار، رەنا، لېكىن سىز ياخشى ئويلىشىڭ، ئالمۇتا شىنجاڭغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ يەردە بىزنىڭ گېپىمىزنى قىلىدىغان ئادەم يوق، «تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز» دېگەن گەپ بار، ئەڭ بولمىغاندا سىز بۇ ئىشنى ئىككى ـ ئۈچ ئايدىن كېيىن ئويلىشىڭ.

رەنا گەپ قىلمىدى، رەپقەتنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا خۇشياقمىدى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى، يەنە بىر يەكشەنبە كۈنى رەنا شۇ گەپنى تەشتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن يەنە نەتىجە چىقمىدى، رەپقەت:

— مەن تەييار، سىز نېمە دېسىڭىز مەن شۇ، ھازىر ئاجرىشىمىز دېسىڭىزمۇ ياق دېمەيمەن، چۈنكى مەن سىزگە ھۆرمەت قىلمىسام بولمايدۇ. مەن سىزنىڭ ئوڭ ئىشىڭىزغىمۇ، ھەم تېخى پىشىپ تەييار بولمىغان خىيالىڭىزغىمۇ ھۆرمەت قىلىمەن. بىراق، يەنە ئويلىشىڭ، سىز ئوقۇغان، جىق ئىش بىلىسىز، كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە ماھىر، لېكىن ئالمۇتا جەمئىيىتىنى چۈشىنىپ كەتمەيسىز، ھەرقانداق بىر سودا شۇ يەرنىڭ مۇھىتى بىلەن ئادەملىرى ئوتتۇرىسىدا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، بۇ مېنىڭ ئەمەلىيىتىمدىن كەلگەن تەجرىبە، شۇڭا مەن

بۇ تەجرىبىگە ھۆرمەت قىلمىسام بولمايدۇ. بىزدە «ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمەپتۇ» دېگەن گەپ بار، شۇڭا بۇ ئىشقا ئالدىرىماڭ. ئالمۇتادا ئىش ـ ئوقەت قىلىۋاتقان بالىلاردىن ئەھۋال ئۇقۇشۇپ بېقىڭ، — دېدى. رەنا يەنە جىمىپ كەتتى.

بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، رەنا رەپقەت بىلەن يەنە بىر قېتىم پاراڭلاشتى، بۇ قېتىم رەنا ئۇزۇل ـ كېسىل بىر پىكىرگە كەلگەندى، ئۇلار ئازادە پاراڭلاشتى.

— مەن سىزگە دېسەم يەنە شۇ گەپ، رەنا، مەن سىزنىڭ ھەرقانداق بىر پىكرىڭىزگە قوشۇلىمەن، لېكىن سىزنىڭ ئالمۇتادا قىلماقچى بولغان ئىشىڭىزغا ئارىلىشالمايمەن، — دېدى رەپقەت.

— ئەمىسە سىزمۇ ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، مەنمۇ يولۇمغا ماڭاي...

— مەيلى رەنا، سىز مەن بىلەن قايسى شەكىلدە ئاجرىشىڭ، مەن سىز بىلەن قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ ئايرىلىمەن، بىر ئۆمۈر دوست بولۇپ ئۆتىمەن. ھەرقانداق تەلىپىڭىز ئۈچۈن قۇربان بېرەلەيمەن، سىز جىق ئادەملەرنى تونۇيسىز، رەنا، لېكىن ئاشۇ سەرخىل ئادەملىرىڭىز پۇلنى تونۇيدۇ، لېكىن مەن سىزنىڭ يۈرىكىڭىزنى تونۇيمەن...

— رەھمەت رەپقەت، مېنى چۈشەنگىنىڭىزگە رەھمەت، مەن كېيىنكى ئىشلىرىم توغرۇلۇق نۇرغۇن قېتىم ئويلاندىم، شۇڭا مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە بەك ئالدىراپ قېلىۋاتىمەن، توغرا، ھەرقانداق ئىشنىڭ ياخشى ـ يامان تەرەپلىرى بولىدۇ، لېكىن مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە مەن بىر ئۇرۇنۇپ باقمىسام بولمايدۇ ...

— مەن سىزگە جىق گەپ قىلىپ كەتتىم، رەنا، سىز رابىگۇل بىلەن ھاكى دېگەن ئادەمنىڭ گېپىنى قىلدىڭىز، ئۇلارنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئاغىنىلىرىنىڭ ئېتىنى چىقاردىڭىز، مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزۈمنىڭ تەجرىبىسى بويىچە ئىشىنىمەن. بازاردا، پۇل مۇناسىۋىتىدە ئەل ـ ئاغىنە،

ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى مەۋجۇت ئەمەس، ئەگەر ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ چۈنتىكىنىڭ غېمىنى قىلمىسا، ئۇ ئادەم شاللىنىپ چاي ساتىدىغان ئادەملەر ئارىسىغا ھەيدىلىدۇ. سىز ئوقۇغان ئادەم، بۇنداق قائىدىنى مەندىن ياخشى بىلىسىز. خەقنىڭ ۋەتىنىدە بىرلا پۇتلاشسىڭىز ئەسلىڭىزگە كەلمىكىڭىز تەس بولىدۇ، سىزنىڭ ئورنىڭىز مۇشۇ يەردە، ئەمدى مەن سىزگە رابىگۇلنىڭمۇ گېپىنى قىلىپ بېرەي، مۇشۇ ئىشتا رابىگۇلمۇ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلاۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇ سىزنى ئالمۇتاغا قىزىقتۇرۇۋاتىدۇ، سىز ئۇلارغا بەك ئىشىنىپ كەتمەڭ، ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ، رابىگۇل ئۆتكەندە مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بەزى ئىشلاردا ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى ساقلىيالمىدى، ئۇ ھە دېگەندىلا ئوسمانىنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى...

رەنا بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىتتىكلا رەپقەتكە قارىدى، ئۇنىڭ چىرايىدا ئازراق ئۆزگىرىش پەيدا بولدى، لېكىن رەپقەت بۇ ئۆزگىرىشنى بايقىيالمىدى، ئاندىن رەنا يەنە سېكۇنت ئىچىدە ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ رەپقەتكە قارىدى:

— ئۇ ئۆزىنىڭ مىجەزىدىكى ئىش، رەپقەت ...

— توغرا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشى، لېكىن نېمە ئۈچۈن ئىشى سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ؟ دېمەكچى بولغىنىم، ئۇنىڭ ئاشۇ مىجەزىدىن بەك يېنىك ئاياللىقىنى بىلگىلى بولىدۇ، مۇشۇنداق بىر ئادەم سىزگە قانچىلىك ياردەم بېرەلەيدۇ، رەنا؟

— ئۇ باشقا گەپ، رەپقەت، بۇ باشقا گەپ...

— لېكىن، مەن بۇ ئىشلارنى بىر تارازىغا سېلىپ قارايمەن، رەنا...

— ئۇمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى...

— ۋەتىنىنى تاشلاپ يەنە بىر ئەلگە راھەت ئىزدەپ كەتكەن ئادەمدىن سىزگە ياخشىلىق كەلمەسمىكىن دەيمەنغۇ! مەن بوۋامغا، دادامغا ئەگىشىپ مۇشۇ بازاردا چوڭ بولغان، نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان، ئۆز يۇرتىدىكى

ئوڭۇشسىزلىقلاردىن قېچىپ جان ساقلىغان ئادەم ئۆزىنىلا ئاساس قىلىپ ياشايدۇ، بۇ ئۆزۈم تېپىۋالغان گەپ ئەمەس، بوۋامنىڭ دادامغا دەپ بەرگەن گېپى. مۇشۇ ئون يىل ئىچىدە ھەممە ئادەم ئۆزلىرىنى ئاشكارىلاپ كەتتىغۇ، رەنا، ئاڭلىسام سىز سىرتتا مېھمانخانىنى سېتىۋېتىمەن دەپ يۈرۈپسىز، ئەگەر ساتسىڭىز بىنايىڭىزنى مەن ئالاي، ئۇ بىنا بەك ياخشى يەرگە چۈشكەن، خەقلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتمىسۇن، ھەرھالدا نېمە دېسىڭىز مەن شۇ، ماڭا ئىشىنىڭ، بىز بىر تەرەپ بولۇپ كەتكەن ھالەتتىمۇ ماڭا بۇرۇنقىدەك ئىشىنىڭ...

رەنا جىمىپ كەتتى، بولۇپمۇ رەپقەت ئۇنىڭغا: «بىنانى ساتىمەن» دەپ يۈرۈپسىز دېگەن گەپنى ئېيتقاندا، ئۇ ئۇبدانلا ئوسال بولۇپ قالدى. ئەسلىدە ئۇ بۇ ئىشنى ئالدى بىلەن رەپقەتكە ئېيتمىشى، رەپقەتتىن مەسلىھەت سورىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، بۇ مېھمانخانىغا ئاساس سالغان ئادەم رەپقەت ئىدى، رەپقەت بىنانى رەنىگە قويۇپ ئۇنىڭغا بانكىدىن قەرز ئېلىپ بەرمىگەن بولسا، رەنا ئۆزىنىڭ كۈچى بىلەن مۇشۇنداق بىر بىناغا ئىگە بولالمايتتى. رەنا ئۆزىنىڭ توغرا قىلمىغىنىنى ھېس قىلدى، ئۇ مۇشۇ كوچىچە رەپقەتنىڭ ئالدىدا بۇنداق ئوڭايسىزلىنىپ باقمىغانىدى...

— ئەلۋەتتە، مەن ھەممە ئىشىمنى سىزگە مەسلىھەت سالىمەن، رەپقەت، مەن مۇشۇ كوچىچە قىلىمەن دېگەن ئىشىمنى قىلىپ كەلدىم، بۇ قېتىممۇ ئالمۇتاغا چىقىپ بىر ئىش قىلىپ باقاي، بىنانى ساتىمەن دېگىنىممۇ راست، ئەلۋەتتە، ماڭا پۇل بولمىسا بولمايدۇ.

— بولىدۇ، رەنا، مەن سىزنى خىجالەت قىلىدىغان ئىشنى قىلمايمەن، ئاجرىشىمەن دېسىڭىز ئاجرىشايلى، بىنا ماڭا قالسۇن. توختاملىشايلى، مەن سىزگە تېگىشلىك پۇلىڭىزنى بېرىۋېتەي، بانكىنىڭ قەرزىنى ئۆزۈم داۋاملىق تۆلەي، بىنا ماڭا قالسۇن، سىز بىنانى بازار نەرخى باھالىتىڭ، مەن ھەرقايسى

جەھەتلەردىن ئىمكانقەدەر سىزنى خۇش قىلىشقا تىرىشىمەن. مەن سىزنى ئالەمدە بىر رەنا دەپ ئالغان، ئەمدى سىزنى خاپا قىلىپ قويسام بولمايدۇ!

— رەھمەت سىزگە رەپقەت.

شۇ كۈنى ئاخشىمى رەنانىڭ ئۈيقۇسى كەلمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كەتكەندى، چىرايلىق بېزەلگەن ئۆي ئۇنى قارشى ئالدى، بۇمۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم غەم ئىچىدە ئۇخلىيالماي ئازاب چېكىۋاتقان كۈنى بولدى، ئۇ ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە: «بۇلبۇل كۈندە سايراۋەرمەيدىكەن، ئەگەر مەن تويى قىلماي ئۆزۈمنىڭ ئىشى بىلەن يۈرگەن بولسام ماڭا مۇشۇ ئازاب يوق» دېدى.

دېرىزىدىن كىرگەن شەيتان شامال رەنانى ئۇخلىتىپ قويدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆكسىدىكى چىلگىلىرى كۆزلىرىنى ئېچىپ تۇراتتى، شامالنىڭ نەيرەڭۋازلىقىنى خاتىرىلەپ تۇراتتى، بەڭباش شامال ھەممە ئادەمنىڭ سىرىنى رەنانىڭ ئۆيىگە ئۇچۇرتۇپ ئەكىردى، بەزىلەر قاۋاقتا، بەزىلەر بۇلۇڭدا كۈلەتتى، بەزىلەر ئىشلەپ بىر نېنىنى ئىككى قىلالماي قايغۇراتتى، يەنە بەزىلەر ئىشلىمەي چىشلەيتتى، ئوڭدا يېتىپ چۈشىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇراتتى.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## زەربە

رەنا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە بېرىۋالغانىدى. رەيقەت مېھمانخانىدا ياتىدىغان بولۇۋالدى. ئۇلاردىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى رەنانىڭ دوستلىرى بىلەن رەيقەتنىڭ ئاغىنىلىرى بايقىدى: «ئۇلار ئاجرىشىدىغان بوپتۇ» دېگەن سۆزلەر ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەت دائىرىسىدە تېز تارقالدى، رەنانىڭ ساۋاقداشلىرى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرى ئىپتاتتى: «رەيقەت بىلەن ئاجراشساڭمۇ بولىدۇ، ئاداش، ئۆزۈڭمۇ مۇشۇ چىرايىڭ بىلەن ئاشۇ قېرىغا تېگىۋالدىڭ، بىراق ئالمۇتاغا چىقىپ ئوقەت قىلىمەن دېگەن ئىشىڭ بولماپتۇ، ئاڭلىساق ئۇياقنى بەك قالايمىقان دەيدۇ، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال» دېگەنىدى. مەرھابا ئۇنىڭ بىلەن ئىككى كۈندە بىر كۆرۈشۈپ ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويدى:

— ئاداش، سېنىڭ گېپىڭگە قارىغاندا رەيقەتكىم ساڭا كۆيۈنىدىكەن، ساڭا يامان گەپ قىلماپتۇ!

— ئۇ مېنى داۋاملىق ئۆزىگە باغلاپ تۇرماقچى، ئاداش، ئۇ ماڭا ياخشى گەپ قىلىۋاتىدۇ، مۇشۇنداق ياخشى گەپلەر بىلەن مېنى ياندۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى مەن ئالمۇتاغا ماڭغاندىن كېيىن بىلىسىلەر، ئەگەر مەن ئالمۇتاغا بېرىپ ئىش - ئوقەت قىلسام، ئون يىل ئىچىدە ياۋروپاغا يۈزلىنەلەيمەن، ئۇ ۋاقىتتا ئىشلار باشقىچە بولۇپ كېتىدۇ،

مەرھابا. ئەلۋەتتە، ھەممە ئىشنىڭ خېيىم ـ خەتىرى بولىدۇ، لېكىن بىز بۇنىڭلىق بىلەن ئىزدەنمەي، ئۇرۇنۇپ باقماي يۈرسەك بولمايدۇ. بۇ خۇددى: «بەرىبىر قېرىپ ئۆلىمىز، ئۇنىڭدىن ھازىرلا ئۆلۈۋالمايلىمۇ» دېگەندەك بىر ئىش بولىدۇ، مەن مۇشۇ نىيىتىمدىن يانمايمەن، ئاداش !

— مەن بۇ ئىشقا جىق ئارىلىشىپ كېتەلمەيمەن، ئاداش، مېنىڭ سەندەك كاللام يوق. مەسلىھەتىم: ئەگەر چوقۇم ئاجرىشىمەن دېسەڭ، چىرايلىق بىر تەرەپ بولۇپ كەت، رەپقەتكام ئىزچىل ھالدا سېنى ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتىدۇ.

— ئۇ شۇنداق بولىدۇ، ئاداش، مەن ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىمنى قۇربان قىلىۋەتمەيمەن، ئاجرىشىپ كەتكەن ھالەتتىمۇ، رەپقەت مەن ئۈچۈن بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان ئادەم ئەمەس.

مەرھابا بىلەن رەنا ئوتتۇرىسىدىكى مۇشۇنداق پاراڭلار داۋاملىشىۋەردى. بىر كۈنى رەپقەت رەنانى ئۆيىگە ئىزدەپ كەلدى، رەپقەت رەنانىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى، ئىلگىرى ئۆيىنىڭ توكىنى ئۆچۈرمەي رەپقەتنىڭ قويىنىغا كىرىپ كېتىدىغان رەنا بۇ قېتىم كارىۋاتقا چىقىشتىن ئاۋۋال توكنى ئۆچۈرۈۋەتتى، دېرىزىنىڭ سىرتىدا يالماۋۇزدەك قاراپ تۇرغان قاراڭغۇ ئۆي ئىچىگە كىرىپ ھەممە يەرگە ئايەت ئېلىپ كەلدى، ئۇ كارىۋاتنىڭ ئاستىدىكى قاراڭغۇ بىلەن بىرلىشىپ ئۆينى بېشىغا كىيدى.

«تۇۋا، كۆڭۈل دېگەن ئاجايىپ بىر نەرسە ئىكەن بۇ، ئاجرىشىمەن دەپ تۇرۇپ ئۇنى يەنە ئۆيۈمدە قوندۇرۇپ قالدىما !» دېدى رەنا ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ.

سۇبھى دېرىزە ئالدىدىكى ئاپپاق پەردىدە تۇرۇپ ئۆي ئىچىگە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق سالام بەردى. ئاخىر گۈزەل تىلەكلەر كارىۋاتتىكى رەپقەت بىلەن رەنانى ئويغاتتى، ئىلگىرى رەنا ئاپپاق بەدىنى بىلەن ئۆي ئىچىدە يۇگۇرۇپ يۈرۈپ كىيىملىرىنى كىيەتتى، بۈگۈن ئۇ يوتقاننىڭ ئىچىدە جىم يېتىۋالدى. رەپقەت

ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيدى. دېرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەتىگەندىن بېرى سالامغا تويۇپ كەتكەن پەردە بىلەن كۆرۈشتى، پەردە ئۇنىڭغا قۇياش نۇرىنى كۆرسەتتى، رەنا دېرىزىنى ئاچتى، «ناىناقلار دەرياسى» تەرەپتىن تونۇش شاماللار ئۇنىڭغا ئادەم بىلەن گۇل ـ گىياھلارنىڭ قىنىغا پاتماي يورگەن ئۇچۇرلىرىنى ئەكەلگەندى.

ناشتىدىمۇ ئۇلار بىر ـ بىرىگە گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ كەتتى، ئاساسەن مۇشۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئالىرى ئۇستىدە پەيدا بولغان مۇھەببەت ئاستا ـ ئاستا ئەمەس، بىراقلا غايىب بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. رەپقەت بېشىنى كۆتۈرۈپ رەناغا قارىدى، رەنانىڭ جامالى يەنىلا ئادەمنى مەست قىلاتتى.

— ئەتە بىرەر يەرگە بېرىپ ساياھەت قىلىپ كەلمەمدۇق، رەنا؟ — دېدى رەپقەت جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

«ئەمدى بىزگە ساياھەت ئورنىدا نېمە باردۇ، خۇدايىم؟» دېدى رەنا ئىچىدە، «نەگە ئاپارسا ئاپارسۇن، بىراق مەن ئۇنىڭ بىلەن ئاجراشقىنىم ئاجراشقان !»

— بارايلى، رەپقەت، — دېدى رەنا باشقا يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ.

رەنا گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋالدى، رەپقەت ئىچىدە: «ئەمدى رەناغا نېمە دېسەم بولار، خاتىرجەم پۇل كىرىۋاتقان ئىشنى تاشلاپ قالايمىقان بازارغا كىرىپ كەتسە، كەلگۈسىدە زىيان تارتىپ قالارمۇ؟» دېگەندەك ئىشلار ئۇستىدە خىيال سۈرۈۋاتاتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يانفونى جىرىڭلاپ قالدى، ئۇ تېلېفوننى قولىغا ئالدى، نومۇرغا بىرلا قاراپ تېلېفوننى بېسىۋەتتى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ رەنا بىلەن خوشلىشىپ، مېھمانخانىغا قاراپ ماڭدى.

«مەن توي قىلماي ئۆتمەن دېگەن ئويۇمدا قالغان بولسام

www.uyghurkitap.com

ماڭا مۇشۇ ئاۋارىچىلىك يوق، بۇ ۋاقىتچە ئالمۇتىغا بېرىپ ئىشلىرىمنى باشلاپ بولاتتىم» دېدى رەنا ئۆز ـ ئۆزىگە.

ئەتىسى ئۇلار يېرىم كۈن يول مېڭىپ ئۆمەر ئوماق دېگەن ئادەمنىڭ ساياھەت ئورنىغا يېتىپ كەلدى. بۇ ئورۇن كۈنچىقىشقا قاراپ ئاقىدىغان دەريا بويىدا ئىدى. دەريانىڭ ئىككى تەرىپى كەڭ كەتكەن ئوتلاق ئىدى، ئۇلار چاققان بىر كىگىز ئۆيگە چۈشتى، تاماقتىن كېيىن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇردى. رەنانىڭ كەيپىياتى بەك تۆۋەن ئىدى، ئۇ رەپقەتنىڭ قورسىقىدىكىنى بىلەتتى، ئايرىلىپ كېتىش ئالدىدا ئۇ مۇشۇنداق بىرەر كۈننى ئۆزىنىڭ خاتىرىسىگە ئامانەت قىلماقچىدى. رەپقەتنىڭ كەيپىياتىنىڭ ھەربىر ۋاراقلىرىدا رەنانىڭ تاتلىق كۈلۈپ تۇرغان ئالتۇن سۈرەتلىرى بار ئىدى، ئۇنىڭ قورسىقىدىكى قۇرتلار: «بىر كۈن بولسىمۇ رەنانىڭ قىلىقىغا قېنىۋالامسەن؟» دەپ ئۇنىڭ تاپىنىنى قىچىشتۇرۇپ تۇراتتى.

بىرنەچچە تەكىيىنى جۈپلەپ يانپاشلاپ ياتقان رەنا ئۇخلاپ قالدى، ئۇنىڭ خورەكلىرى كىگىز ئۆيدىكى بۇرۇنقى مېھمانلاردىن قېلىپ قالغان شەيتانلىرىنى ھەيدەپ چىقاردى. رەپقەت ئۇنىڭغا قاراپ يېتىپ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى خورەكلىرىنى بۈگۈنكى خورەكلىرىگە سېلىشتۇردى، ئۇنىڭ بۇرۇنقى خورىكى شۇنداق ساز ئىدى، ئاسماندا ئەركىن ئوينايدىغان ئاق بۇلۇتتەك يېقىملىق ئىدى، مانا بۈگۈنكى خورىكى قاراڭغۇ ئۆيدە قالغان بالىنىڭ يىغىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى، ئۇنىڭ خورىكى رەپقەتنىمۇ ئۇخلىتىپ قويدى، ئۇ چۈشىدە رەنا بىلەن يەنە بىر قېتىم بىللە بولدى.

ئۇلار كەچلىك تاماقنى دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ يېدى. مۆھەت مىڭ يىلنىڭ ئالدىدىكى مۆھەتتەك گۈزەل، ئازادە ئىدى. تاماق ئۈستىدە رەپقەت بەش رومكا هاراق ئىچىۋالدى. ئىلگىرى ئامېرىكىنىڭ جىنسىي قۇۋۋەت دورىسىنى ئىشلەتكەن بولسا، ئەمدى بەش رومكا هاراق بىلەن ئۆزىنى گاڭگۈك قىلىپ

تەييارلىدى. ئۇ ئاغىنىلىرىگە «قۇۋۋەت دورىسى دېگەن زامان ئاخىر بولغاندا ئىشلىتىدىغان نەرسە ئۇ. ھەقىقىي ئوغۇل بالا ئۆزىنى گۆش، هاراق بىلەن تاۋلايدۇ» دەيتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ قۇۋۋەت دورىسىنى كەمدىن ـ كەم ئىشلىتەتتى.

بۇ دەريانىڭ شەھەردىكى «نايناقلار دەرياسى» بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى ـــ ئۇ كۆنچىقىش تەرەپكە ئاقاتتى، دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدە كەڭ كەتكەن ئورمان يوق، پەقەت شالاڭ توقايلىقلار بار ئىدى. ياۋا ئۆردەكلەر باشلىرىنى ئويىنىتىپ، ئوماق قىلىقلار بىلەن ئۆلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ غىل ـ پال قىلىپ يوقاپ كېتەتتى. ئاخىرقى قۇياشنىڭ چېكىلىپ چىقىۋاتقان نۇرلىرى ئاسماننىڭ سىرلىق پەردىسىنى ئېچىشقا ئۇرۇناتتى، قۇياشنىڭ ئاخىرقى يۈرەك قېتىدىن چىققان قىزىل نۇرلار كائىناتتىكى يايلاق ۋە دەريا بىلەن خوشلىشاتتى، قۇياش پۇرسەتنى كېچىگە بېرەتتى. بۇ ئالەمدە كېچىنىڭمۇ ھەققى بار دەپ ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتىگە بويسۇناتتى، زېمىندا ئادەملەر ھەق ـ ناھەق، دۇرۇس ـ نادۇرۇس، ياخشى ـ يامان دېگەندەك ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، تالاش ـ تارتىش قىلىپ يۈرگەندە قۇياش ئىككىلەنمەي پۇرسەتنى بەدرەڭ كېچىگە بېرىۋېتىپ يەنە بىر دۇنياغا سەپەر قىلاتتى.

رەنا بېشىنى كۆتۈرۈپ يىراق ئاسماندىكى قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى بىلەن خوشلاشتى. رەپقەت ئاشۇ يېقىملىق نۇرلارنى رومكىدىكى ھاراقتا ئارىلاشتۇرۇۋالدى، ئۇنى هاراق بىلەن قانلىرىغا سىڭدۈرۈۋالدى. قۇياشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇرلىرىمۇ كائىنات بىلەن پۈتۈنلەي خوشلىشىپ بولغاندىن كېيىن، جاھان بىردىنلا تىنچلىنىپ كەتتى، سۇلارنىڭ سۆيۈشۈپ ئېقىۋاتقان ئاۋازلىرىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئاڭلىنىشقا باشلاندى.

ـــ سىزگە دېسەم، مەن ئاخشامنىڭ مۇشۇنداق مەنزىرىلىرىنى بەك ياخشى كۆرىمەن، رەنا !

ـــ كېچىنىڭ مەنزىرىلىرى مىڭ ياخشى بولغىنى بىلەن ئۇ

يەنە كېچە ـ دە، ئۇ ئەسكىلىكنىڭ ، يامانلىقنىڭ مەنبەسى ئەمەسمۇ ! ــ دېدى رەنا. بۇرۇنقى كۈنلەر بولغان بولسا، ئۇ: «شۇنداق، رەپقەت، مەنمۇ مۇشۇنداق مەنزىرىلەردىن بەك ھۇزۇرلىنىمەن» دەپ ئۇنىڭغا ماسلاشقان بولاتتى، مانا ئەمدى ئۇ رەپقەتكە قارشى گەپ قىلدى.

ــ بەزىدە كېچىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق پەيزى بولىدۇ، رەنا.

ــ خۇددى سىز مۇشۇ كېچىنى باشلاپ كەلگەندەك گەپ قىلدىڭىزا، رەپقەت.

ــ شۇنداق، رەنا، بۇ كېچىلەرنى بىز باشلاپ كەلدۇق، ئەگەر بىز مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرمىغان بولساق، ئۇلارمۇ باشقا بىر يەرلەرگە كېتەتتى.

ــ بىز كېچىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايمىز، رەپقەت، ئەگەر قاراڭغۇلۇق بولمىسا قۇياش تۆت كۈندىلا جېنىمىزنى ئالىدۇ...

ــ قۇياشتا ئەيىب يوق، رەنا، قۇياش ئۆزىنى سوراۋاتىدۇ...

رەپقەت قولىدىكى ھاراقنى ئىچىۋەتتى.

«مەن رەپقەت بىلەن گەپ تالاشمايچۇ، ئۇ ماڭا ھېچقانداق ئەسكىلىك قىلمىدى» دېدى رەنا ئىچىدە.

ــ بەلكىم سىزنىڭ قارىشىڭىز توغرىدۇ، چۈنكى سىز كۆرگەن كېچىنى مەن كۆرمىگەن.

ــ گەپ ئۇنداق ئەمەس، رەنا، ئەسلىدە بىزنى ئاشۇنداق كېچە ئادەم قىلىدۇ، بىز كېچىنى چۈشەنمىگىچە قۇياشنىڭ مەرد قەلبىنى چۈشىنەلمەيمىز.

ــ ئاسماندىكى كېچە بىزنى ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ...

ــ ياق، كېچە ئاسماندا ئەمەس، كېچە يەردە، رەنا!

ئۇلار جىمىپ كەتتى، رەپقەتنىڭ روھىي كەيپىياتى خېلى ياخشى ئىدى، لېكىن رەنا گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى.

كېلىپ ئۇلارغا ئولاشقان رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى دەرياغا چۈشۈپ ئاپپاق ئاينىڭ قېشىغا كەتتى، بېلىقلار رىۋايەتلەرنىڭ مۇڭلىرى بىلەن مەست بولۇپ كەتكەندى، كۈندۈزى ئۇخلاپ

كېچىسى ھەربىكەت قىلىدىغان ھاشاراتلار سىرلىق دەريا بويىدا كېچە جەننىتىنىڭ بۆشۈكىدە تەۋرىنەتتى...
دەريا كېچىدىمۇ ئاقاتتى.
تولۇن ئاي قۇياشنى خاتىرجەم قىلاتتى.
ئىشقى بار، جىنسىي مۇھەببەتكە بېرىلگەن ئادەملەر بۇ ئالەمگە ھەرگىز باقمەندە ئەمەس ئىدى.
رەنا بىلەن رەپقەت كىگىز ئۆيگە كىرىپ كەتتى. كېچە ئۇلارنى يۇمشاق كۆرپىنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىردى. رەپقەت كېچىنىڭ تىلىنى بىلەتتى. ئۇ كېچىگە: «ئەمىسە بىزنى قورقۇتما، تاراق ـ تۇرۇق قىلما، سەنمۇ بىر بۇلۇڭغا بېرىپ كۆزلىرىڭنى يۇمۇپ يېتىۋال، ئەتە قۇياشنىڭ ئەلچىسى كەلسە ئالدىراپ قالىسەن» دېدى. ئاندىن رەناغا چاپلاشتى... مۇشۇ كىگىز ئۆي ساياھەت ئورنىنى بېشىغا كىيدى، ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇخلاۋاتقان ھەممە مېھمانلارنى ئويغىتىۋەتتى، ئەمدى ئۇخلاي دەپ بېشىنى ياستۇققا قويغان مېھمانلارنى چۆچۈتۈۋەتتى، راھەت ئىچىدە يېتىۋاتقان مېھمانلارنى ساراڭ قىلىپ قويدى، ئاسماندىكى ئۇلۇغ ئاي كىگىز ئۆينىڭ قىلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، ئۇ ساياھەت ئورنىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن كىگىز ئۆينى دەرياغا چۈشۈرۈپ قويدى، شۇ دەقىقىدە رىۋايەتكە ئايلانغان ئۆي دېرىزىنىڭ ئاستىدىكى رىۋايەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، بېلىقلارغا ئەگىشىپ كۆنۈپېتىشقا قاراپ ماڭدى، ئاخىرقى ھېسابتا كىگىز ئۆي سۇنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدى.
ئەتىسى ئۇلار چۈشكىچە ئۇخلىدى، رەنانىڭ قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى، ئۇ ئاخشام يۈز رەپقەتنىڭ ئارىسىدا قالغانىدى. ئاخشامقى رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى رەپقەتكە ئايلانغانىدى، بىرسىنىڭ گېپى تۈگىسە، بىرسىنىڭ قىلىقى تۈگىمىگەن، بىرسىنىڭ قورسىقى تويسا، بىرسىنىڭ كۆزى تويمىغانىدى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئۇ بېشىنى تەكىيىگە قويۇپ ئاخشام قورسىقىدا قالغان خورەكلەرنى چىقىرىشقا

باشلىدى. رەپقەت ئورنىدىن تۇرۇپ، تالاغا چىقتى، تال ـ تال قۇياش نۇرلىرى ئۇنى مۇبارەكلىدى، يەردىكى چۆپلەر ئېگىلىپ ـ ئېگىلىپ ئۇنىڭغا سالام بېرەتتى، چۆپلەر ئارىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرغان سېرىقگۈللەر ئۇنىڭغا قاراپ ئوغرىلىقچە كۈلەتتى، چۈنكى ئۇلار كېچىدە ئويغىنىپ كەتكەندە، ئۇلارنىڭ كۆلەڭگىلىرىنىڭ سەت قىلىقلىرىنى كۆرگەنىدى. ئاشخانىنىڭ ئالدىدىكى كىچىك مەيداندا ئۆمەر غوجايىنىنىڭ قېشىدا تۇرغان ئاق ئىت رەپقەتنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇ رەپقەتنى باشلاپ ئۆمەرنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇلار كۈلۈپ كۆرۈشتى.

— بەللى، تازا ئۇخلايدىغان يەر ئىكەن ئەمەسمۇ بۇ ! — دېدى رەپقەت كۈلۈپ. ئۇ تونۇگۈن ئەھۋالىلىشىپ ئۆمەر بىلەن تونۇشۇۋالغانىدى.

— بىزنىڭ بۇ يەردە كۆڭۈللۈك ئىشلار جىق، دەريا بويىغا بېرىپ بىردەم ئولتۇرامدۇق، رەپقەتكا؟

— بارساق باردۇق، ئۇكا، ئاخشام بىز كېچىچە دەريا بويىدا ئولتۇردۇق.

— ساياھەتچىلەر ئاخشىمى دەرياغا قارماق سالىدۇ، ماڭا دېگەن بولسىڭىز قارماق بېرەتتىمكەن ـ دە !

— ئاخشام ئادەم تۇتتۇق، ئۇكا، دەريانىڭ ئىچىدە رىۋايەتكە ئايلىنىپ كەتكەن نۇرغۇنلىغان ئادەملەر بار ئىكەن ئەمەسمۇ ! — دېدى رەپقەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھايت دەپ قويماپسىز، ئاكا؟

— «ئوك قولۇڭنى سول قولۇڭغا چاندۇرما» دېگەن گەپ بار ئۇكا، ھەممىسى پەرىلەر ئىكەن، سەت بولمىسۇن دېدىمغۇ !

— كېچىدە بەك چىرايلىق بولاتتى، ئاكا !

رەپقەت كۈلۈپ كەتتى.

ئۇلار دەريا بويىغا كېلىپ ئولتۇردى، بىر كۈتكۈچى يىگىت ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ داستىخان سالدى، ئاندىن چاي بىلەن نان ئەكەلدى، ئارقىدىن ئۆمەر ئات گۆشى بىلەن ھاراق بۇيرۇتتى.

ھەممە نەرسە تەخ بولغاندىن كېيىن، ئۆمەر ھاراقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئۆزىگە بىر رومكا ھاراق قۇيدى.

— ئەمىسە تونۇشۇپ قالدۇق، رەپقەتكا، بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى! — دېدى ئۆمەر. ئۇ: «خوش ئەمىسە!» دەپ قولىدىكى ھاراقنى ئىچىۋەتتى. ئاندىن رەپقەتكە بىر رومكا ھاراق قۇيۇپ بەردى.

— رەھمەت ئۇكا، ئەمىسە، سىنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، — دېدى رەپقەت، ئۇ رومكىنى قولىغا ئېلىپ، ھاراقنى ئىچىۋەتتى، — بەك ياخشى يەرگە كېلىۋاپسەن جۇمۇ، ئۇكا، ئېسىل يەر ئىكەن ئەمەسمۇ بۇ!

— رەھمەت ئاكا، بۇ يەرنىمۇ بەك تەستە ئالدىم، مۇشۇنداق بىر يەر بار، ساياھەت ئورنى قىلىپ ئاچىمەن دېسەم ھەممىسى ئولتۇرالمايلا قالدى، مەن دېمىسەم ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كەلمەيتىكەن بۇ يەر.

— قانچە يىل بولدى، ئۇكا، بۇ يەرنى ئاچقىلى؟

— بەش يىل بولدى. ئاكا، بىر ـ ئىككى يىل تېنەپ يۈردۈم، كېيىن ئاستا ـ ئاستا يول تېپىپ كەتتىم.

— بۇ يەرنى قاملاشتۇرۇپ ئېچىۋاپسەن، ئۇكا، سوداڭمۇ ياخشى ئىكەن، ئۆيۈڭ مۇشۇ ئەتراپتىمۇ؟

— ئۆيۈم ناھىيە بازىرىدا، بۇرۇن چارۋىچىلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، يۇڭ ئېلىپ ساتاتتىم، كېيىن بۇ ئىشىم ئاقمىدى، بولمىسا ئىشىم خېلى ياخشى ئىدى. نېمە دېگەنىلەن كېيىن ناھىيەدىكى بىر چوڭ غوجايىن بازارنى تارتىۋالدى، يۇڭنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈپ ھەممە چارۋىچىلارنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى، شۇنىڭدىن كېيىن، بىرنەچچە يىل مال ئېلىپ ـ سېتىپ يۈردۈم، كېيىن بۇ ئىشمۇ ئاقمىدى، بۇ ئىشقىمۇ دەسمايە جىق بولمىسا بولمايدىكەن. مانا ئەمدى بۇ ئىشىم يامان ئەمەس كېتىۋاتىدۇ، جاپا تارتقانغا تۇشلۇق بىر نەرسە بار، — دېدى ئۆمەر.

— ھە مۇنداق دە، ئۇكا، تاماقلىرىڭمۇ ياخشى ئىكەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇپمۇ ياز كۈنلىرى ئات گۆشى، قىزا چىقىرىدىغان ئىشنىڭ ياخشى ئىكەن!

— خېرىدارلار مېنىڭ مۇشۇ سۇرلىمىگەن ئات گۆشۈمگە ئامراق، ئەسلىي ئات گۆشىنى سۇرلىمەي ئۇدۇللۇق پىشۇرۇپ يېيسە ياخشى ئىكەن.

— شۇنداق، ئۇكا. ھەقىقەتەن سەن دېگەندەك بولىدىكەن، بۇرۇن مەن ئات گۆشىنى قىشتا يەيدىغان، ھازىر قارىسام يازدىمۇ بولىدىكەن...

— ئەمما ئاكا، ئاخشام خورەكنى تارتىپ باقتىڭىز - ھە؟! خورەك بالىسى ئۇنداق بولماس - ھە، مېنىڭ قېشىمدا ياتقان ئاشپەز بالا ئويغىنىپ كېتىپتۇ: «ئۆمەركا، ھاۋا گۈلدۈرلەۋاتىدۇ دەيدۇ!» تېخى!

— مەن ئەمەس ئۇكا، ئايالىم!

— ھە؟ چاقچاق قىلماڭ، ئاكا، ئايال خەقمۇ ئاشۇنداق دەھشەت خورەك تارتامدۇ؟

— راست ئۇكا، يالغان گەپ قىلىپ نېمە قىلىمەن!

— ئايالىم دېدىڭىزما، ئاكا؟ مەن تېخى ئاشنىڭىزمىكىن دەپتىمەن... ھە، مۇنداق دەڭ، ئاكا، چوڭ يەردە كىچىك قىزلارنى ئېلىۋالسىمۇ چانمايدىكەن، بىزنىڭ ئالىقاندەك ناھىيەدە ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ!

— ئەمىسە شەھەرگە كۆچۈپ بارمامسەن، ئۇكا!

— ماۋۇ گەپنى ياخشى قىلدىڭىز، ئاكا، ئوغۇل بالا بولغاندىن كېيىن ئۆمرىمىزدە بىرەر خوتۇننى ئۆزىمىز پۇل تېپىپ ئېلىشىمىز كېرەككقۇ؟

رەپقەت كۈلدى.

— مۇشۇ كۈندە خۇدايىم شەھەردىكىلەرگە بېرىۋاتىدۇ، سۇ ساتسىمۇ باي بولۇپ كېتىدىكەن ئەمەسمۇ ئۇ خەق!

رەپقەت قولىدىكى هاراقنى ئىچىپ بولۇپ رومكىنى ئۆمەرگە بەردى، ئۆمەر رومكىغا هاراق قۇيۇپ تۇراتتى، ئاشخانا تەرەپتىن

كەلگەن بىر ئەر بىلەن بىر ئايال ئۆنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇلارنىڭ چىرايى بەك ئوسال ئىدى. ئۆمەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

— قېنى ئولتۇرۇڭلار.

ئۇلار ئۆمەرنىڭ قېشىدا ئولتۇردى، ئۇلار ئۆمەرنىڭ مېلىنى باقىدىغان ئەر - خوتۇنلار ئىدى.

— هە ياسىن، بىرەر رومكا ئىچىپ قويامسەن؟ — دېدى ئۆمەر.

— خۇدايىم، توۋا دەڭ، — دېدى ياسىن.

— خوش، بىر ئىشقا كەلگەنتىڭلارما؟

— مېنى بەك ئۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ياسىننىڭ ئايالى پاتەم.

— هە بولدى، بىلدىم، سىز ئۆيگە قايتىپ تۇرۇڭ، مەن ياسىن بىلەن ئايرىم سۆزلىشەي، — دېدى ئۆمەر.

پاتەم ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە كەتتى.

— سىلەرنىڭ بۇ يەردە خوتۇن ئۇرىدىغان ئىش يەنە بار ئىكەن - دە، تېخى، — دېدى رەپقەت گەپكە ئارىلىشىپ.

— دادىسى ئېلىپ بەرگەن خوتۇن، ئۆزى ئالسا ئۇرامتى دەيسىز، رەپقەتكا! — دېدى ئۆمەر.

رەپقەت كۈلدى.

— هە ياسىن، مۇشۇ كۈندىمۇ خوتۇن ئۇرامدۇق؟ — دېدى ئۆمەر.

— بەك دۆت خوتۇن ئىكەن بۇ ، بىر ئاي بولدى، ئاخشىمى مىجەزىم يوق دەپ بۇلۇڭغا بېرىپ يېتىۋالغىلى، گەپ قىلسام ماڭا يېنىۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇردۇم شۇ !

— ئەمەس بىر ئىشنى قىپسەن - دە، ياسىن، داداڭمۇ ساڭا قىرىغاندا ئېلىپ بەرگەن خوتۇن ئىدى بۇ، خوتۇن دېگەننى ئۇرمايسەن، ئالدايسەن ! ئامرىقىم، قوزام، دەپ بەزلىسەڭ، ساڭا چاپلىشىپ ياتامدۇ ؟

— مال بولمىسا يا ئۇ قوزام دەيدىغان.
رەپقەت كۈلۈپ كەتتى.
— ئۇنداق دېمىسەڭ باشقا گەپلەر بىلەن ئالدىساڭمۇ بولىدىغۇ، ئاغرىقچان ئىكەن تېخى.
— يالغان، ئاغرىق ئەمەس !
— ئەمىسە دوختۇرخانىغا ئاپار، دوختۇرخانىغا ئاپارساڭ ئاشكارا بولىدۇغۇ ! پەقەت ئۇرما ! ئالداپ - سىلاپ ئەيۋەشكە كەلتۈرمەمسەن ! يىلدا بىر قېتىم ناھىيەگە كىرمەيسەن، يا بۇ يەردە تېلېۋىزور يوق، يا رادىيونى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ، شۇڭا سەن شەھەرلەردە بولۇۋاتقان ئىشلارنى بىلمەيسەن. قولاق سال، مانا بۇ ئالدىڭدا ئولتۇرغان مېھمان ئاكاڭنىڭ ئېتى رەپقەت بولىدۇ، شەھەردىن كەلگەن، ھەممە ئىشنى بىلىدۇ. مەن ساڭا دەپ قوياي، خوتۇن ئۇرىدىغان ئىشلار يۈز يىلنىڭ ئالدىدا قالدى. ھازىر دېگەن قانۇن بار، ئەر - خوتۇن مۇناسىۋىتىدىكى قانۇنلارمۇ چىقتى، ئەگەر بىر ئەر خوتۇنىنى ئۇرۇپ قويسا، بەش مىڭ سوم جەرىمانە قويىدۇ، بەش مىڭ سوم دېگەن ئىككى كالىنىڭ پۇلى. ھە، سەن بۇ ئىشنى بوش چاغلىما، ھازىر دېگەندە خوتۇنلارنى قوغدايدىغان قانۇنلار بەك جىق بولۇپ كەتتى، ئەڭ ياخشىسى ھەرگىز بۇنداق سەت ئىشلارنى قىلما !
— توۋا، شەھەرلىكلەر قىلغىلى ئىش تاپالماي، مۇشۇنداق قانۇنلارنى چىقىرىپ كېتىپتۇ - دە ! پۇلى يوق ئادەمنىڭ نېمىسىنى ئالىدىكەن؟
— پۇلۇڭ بولمىسا تۈرمىدە ياتىسەن ! — دېدى ئۆمەر.
— توۋا، ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى ئۇرسىمۇ ئارىلىشىدىكىنە بۇ شەھەرلىكلەر !
— ئەمدى گەپنى ئاز قىل، ياسىن، سەن بىلەن بىز تاش سانىساق شەھەرلىكلەر قوم سانايدۇ، بىلەمسەن ! بىز يۈز سومغا سېتىۋېتىدىغان بىر دانە كالا تېرىسىنى ئۇ خەق شەھەرگە ئەكىرىپ ئوتتۇرىسىدىن يېرىپ ئون پارچە بۆلۈپ مىڭ سومغا

يارتىدۇ، ھۈنەر بىلەن جان باقىدىغان خەق ئۇ، شۇڭا ئۇنداق قىلساڭ جەرىمانە ئالىمىز، بۇنداق قىلساڭ جەرىمانە ئالىمىز، دەپ تۇرىدۇ. ئۆزۈڭگە چىڭ بول، خوتۇنۇڭنى ئۇرما !

— ھە بولدى، چۈشەندىم، بالاغا قالىدىغان ئىش ئىكەن بۇ، ئەمدى ئۇرمايمەن، بىراق سەنمۇ بىزنىڭ ساراڭ پاتەمگە ئېيتىپ قوي، شەيتاندەك ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ يېتىۋالمىسۇن !

— ئۇنى مەن دېسەم بولمايدۇ، ياسىن، ئۆزۈڭ ئاستا قېشىغا بېرىپ ئىسقىرتىپ ئولتۇرۇپ بۇرۇنقى زاماننىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرسەڭ بوشاپ قالىدۇ.

ئۆمەر كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ياسىن بىلەن خوشلىشىپ يولغا سېلىپ قويدى.

— بەك ياۋاش بالا ئىكەن ـ ھە ! — دېدى رەيھەت ئۆمەرگە قاراپ.

— بەك ساددا، ئادەتتىكى ئىشلارنىمۇ بىلمەيدۇ ! — دېدى ئۆمەر كۈلۈپ.

ئۇلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئىچىپ بولدى، ئۆمەرنى بىر بالا كېلىپ چاقىرىپ ئەكەتتى، رەيھەت ئولتۇرۇپ ياسىننىڭ گېپىنى ئويلاپ، ئۆزىچە كۈلۈپ كەتتى.

«توۋا مۇشۇ كۈندىمۇ مۇشۇنداق ساددا ئادەم بار ئىكەن ـ ھە!» دېدى ئۇ ئىچىدە. رەيھەت كىگىز ئۆيگە كىرىپ ئۇخلىدى، ئۇنى رەنانىڭ خورىكى ئۆز شىرىنىسىغا چاپلىۋالدى. كەچتە ئۇلار يەنە دەريا بويىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېدى. تاماقتىن كېيىن رەنا روھلۇق كۈلۈپ رەيھەتكە قارىدى:

— ئەگەر رەيھەت مەن سىز بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپ، ئالمۇتاغا بېرىپ شۇ يەردە يول تېپىپ تۇرۇپ قالسام، سىز مېنى تىللامسىز؟

— ئۇنداق گەپ قىلماڭ، رەنا، مەن كىچىك بالا ئەمەس. ئوقۇمىغان، كىتابتىكى ئىشلارنى بىلمىگىنىم بىلەن تۇرمۇشتىكى ئىشلارنى بىلىمەن، مەن پەقەت بىرلا ئىشتىن

ئەنسىرەيمەن، رەنا، سىزنىڭ ئۆيـاقتا يۆلەنچۈكىڭىز يوق، ئۇن يىلدىن بېرى تاپقان ـ تەرگىنىڭىزنى يوقىتىپ قويامسىزكىن دەپ ئەنسىرەيمەن! ئالمۇتا بازىرى تېخى ھەقىقىي مۇنتىزىملىشىپ شەكىللەنمىگەن بازار، نۇرغۇن ئىشلار پۇل بىلەن پۈتمەيدۇ، ئادەم، مۇناسىۋەت بىلەن پۈتىدۇ. كاللامدىن ئۆتمەيدىغىنى، سىز ئۇ يەرگە چىقىپ ئۇيغۇرنىڭ تۇرمۇشىنى كۆرۈپ كەلدىڭىز، ئەمدى ئۇ شۇنچە ئارزۇ قىلغۇدەك يەرمۇ؟

«رەپقەت ئۆزىنىڭ غېمىنى قىلىۋاتىدۇ، مېنى داۋاملىق قولىغا باغلاپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇيەر ـ بۇيەردىن ئاڭلىۋالغان گەپلىرىنى ماڭا تەھدىت قىلىپ ئېيتىۋاتىدۇ» دېدى رەنا ئىچىدە.

— توغرا گەپ قىلدىڭىز، رەپقەت، مەندە باشقا ئوي يوق، ئاشۇ ياققا چىقىپ ئىزدىنىپ باقاي دەيمەن، كەلگۈسىدە چوڭراق بىر ئىش قىلىش ئۈچۈن ئاساس سالغىلى بولامدۇ، يوق، دەپ بىر ئورۇنۇپ باقايمىكىن دەيمەن. مەن ئالمۇتانىڭ بازىرىنى تەكشۈرۈپ كۆردۈم، ئۇ بازاردا ھەقىقەتەن ئىمكانىيەت جىق ئىكەن، مەن بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسام بولمايدۇ، ئەمدى ماڭا پۇل كېرەك، بىنانىڭ ئىشىغا كەلسەك، ئۇ سىزگە قالسۇن، مېنى بىر قوللاپ قويۇڭ، مەن ئۆزۈم تېخى ياش، قىلىمەن دېگەن ئىشىمنى بىر قىلىپ باقاي...

— بولىدۇ، رەنا، ھەممە ئىش سىز دېگەندەك بولىدۇ، مەن سىزنىڭ يولىڭىزنى توسۇمايمەن، سىزنىڭ مۇشۇ گۆھەر زېمىندىن كۆلۈپ چىقىپ كېتىپ، يىغلاپ قايتىپ كېلىشىڭىزنى خالىمايمەن...

«خۇدايىم ساقلار...» دېدى رەنا ئىچىدە.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا مەرھابانىڭ بۇرۇنقى ئېرى جامال ئەركىن بازارغا كېلىپ بىر قاۋاقتا ھاراق ئىچىۋاتاتتى، ئۇنىڭ چىرايى قاراڭغۇ قاۋاقنىڭ تاملىرىدەك سەت ئىدى. ئۇ ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ رەنانى تىللاپ ئولتۇراتتى. ئۇ مەرھابا بىلەن ئاجرىشىپ

كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئىشلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇ: «ئەگەر مەرھاباغا ياردەم قىلىدىغان ئادەم بولمىسا، ئۇ مېنىڭ سۈرەتلىرىمنى ھەرگىزمۇ قولغا چۈشۈرەلمەيتتى» دەپ ئويلايتتى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلىش ئۈچۈن داۋاملىق ئاشۇ نايناق قىزلارنى ئىزدەپ، پەردىنىڭ ئارقىسىدا رەنانى بىلىپ قالغانىدى. ئاندىن ئۇ رەنادىن ئۆچ ئالماقچى بولدى، لېكىن ئۇ قانداق ئۆچ ئېلىشنى بىلمەيتتى، شۇڭا، ياخشى بىر ئۇسۇل تاپالماي ھاراق ئىچىپ يۈرگەنىدى.

ئەسلىدە جامال ئۆزىنىڭ خوتۇنىدىن باشقا قىز - چوكانلارغا كۆزىنىڭ قىرىنى سالمايدىغان يىگىت ئىدى. ئۇنى ئاغىنىلىرى مۇشۇنداق ئېگىز - پەس ئىشلارغا باشلاپ كىرگەنىدى: «سەن مۇشۇ شەھەردىكى ئاشىنىسى يوق ئەڭ ئاخىرقى بىر ئەر بولۇپ قالدىڭ جۇمۇ، ئاداش! ئەمدى مىدىرلىمىساڭ بولمايدۇ، كېلەر يىلىدىن باشلاپ ئاشىنىسى يوق ئادەملەر بىزنىڭ كامپانىيەدە چۈشۈپ قالىدۇ، سەندىن ئايرىلىپ قالمايلى» دەپ ئۇنى ئازدۇرغانىدى، ئۇ بۇ بازارغا كىرگەندىن كېيىن، بىردىنلا بۇ ئويۇنغا قىزىقىپ، ئۈستىلىرىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەنىدى، ئاخىر بىر كۈنى مەستچىلىكتە ئۆيدە خىزمەت قىلىدىغان قىزغا چېقىلىپ قويۇپ، مۇشۇ كۈنگە قالغانىدى. ئۇ: «خوتۇن دېگەن جىق، تىرناقتا توختىغۇدەك قىزلار بار، لېكىن بالىلىرىم يېتىمچىلىكتە چوڭ بولسا بولمايدۇ» دەيتتى. شۇڭا، رەنادىن ئۆچ ئېلىش ئىرادىسىگە كەلگەنىدى. مەرھابا ئۇنىڭ تالادىكى ئىشلىرىنى بىلمەيتتى، بەزىدە يېرىم كېچىدە كېلىپ مۇنچىغا چۈشسىمۇ گۇمان قىلمايتتى، جامال مۇشۇنداق ئازادە مۇھىت ئىچىدە بوش ۋاقىتلىرىنى ئاشۇنداق ئىشلارغا بېرىۋەتكەنىدى، ئاستا - ئاستا ئۇ ئاغىنىلەر ئىچىدە مەركەز بولۇپ قالدى. ئىشىنىمۇ، گەپىنىمۇ ئۆزى قىلىدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭ بىر يۈرۈش گەپ - سۆزلىرى بالىلار ئارقىلىق جەمئىيەتكە تارقالدى: «ئۆيدىكى خۇدا بەرگەن خوتۇن، تالادىكى شەيتان بەرگەن خوتۇن،

خۇدا بەرگەن خوتۇن جانغا ئەسقاتىدىغان خوتۇن، شەيتان بەرگەن خوتۇن ئۆيۈنچۈق خوتۇن!» بۇ سۆزلەر ھەممە يەرگە تارقىلىپ كەتتى. بەزىلەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۈلسە، بەزىلەر نەپرەتلىنىپ مۇشۇ سۆزلەرنى قىلغان ئادەمنى ئەيىبلىدى.

جامال دەسلەپتە رەنادىن ئۆچ ئېلىش پىلانىنى ئويلىغانىدى، بىرىنچىسى: ئادەم يالاپ رەنانى راسا بىر ئەدەپلەش، ئۇنىڭ پۇتىنى چېقىشنى پىلانلىغانىدى؛ ئىككىنچىسى: ئۇنىڭ تۇغما ھالەتتە بۇزۇقچىلىق قىلىۋاتقان سۈرىتىنى قولغا چۈشۈرۈپ پۈتۈن شەھەرگە تارقىتىش ئىدى؛ ئۈچىنچىسى: ئۇنىڭ تاللا بازىرىغا ئوت قويۇۋېتىش ئىدى. ئۇ مۇشۇ ئۈچ خىل پىلان ئىچىدە گاڭگىراپ قالغانىدى، چۈنكى ئۇ بۇ ئىشتا ئۆزىنى قوغداشنى بىرىنچى ئورۇنغا قوياتتى، ئاخىر ئۇ ئادەم ئارىلاشتۇرسام چېنىپ قالىدۇ، ئۆزۈم قول سالاي دەپ، ئۈچىنچى پىلان بويىچە ئۇنىڭ تاللا بازىرىغا ئوت قويۇۋەتمەكچى بولدى. قاۋاقتىكى ھاراقلار ئۇنىڭ غەيرىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگەنىدى.

جامال قاۋاقتىن چىقىپ بىر كىچىك ماگىزىنغا كىردى، ئۇ بىر كىچىك ئاق سولياۋ تۇلۇڭ ئالدى، ئاندىن دوقمۇشتىكى ماشىنىلارغا بېنزىن قاچىلايدىغان ئورۇنغا كېلىپ، بېنزىن سېتىۋالدى، ئاندىن يەنە بىر ماگىزىنغا كىرىپ، بىر سومكا سېتىۋالدى، تۇلۇڭنى سومكىغا سېلىپ، بىر تاكسىنى توسۇپ، رەنانىڭ تاللا بازىرىغا قاراپ يولغا چىقتى.

جامال رەنانىڭ تاللا بازىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ماشىنىدىن چۈشتى، ئۇ ئالدى ـ كەينىگە قارىۋېتىپ، سومكىسىنى كۆتۈرۈپ تاللا بازىرىنىڭ ئىچىگە كىردى، بازارغا كىرىدىغان ئورۇنغا كەلگەندە، بىر قىز ئۇنى توسۇۋالدى:

— سومكىڭىزنى ئىشىكنىڭ قېشىدىكى تۆمۈر ساندۇققا سېلىپ قويۇڭ، ئاكا، سومكا ئەكىرىشكە بولمايدۇ، — دېدى خىزمەتچى قىز.

جامال بۇ گەپنى ئاڭلاپ كەينىگە ياندى، ئۇ ئىچىدە: «ئەمدى چاتاق بولدىغۇ!» دېدى. ئاندىن ئۇ سومكىسىنى ئىشىكنىڭ قېشىدا قاتار تۇرغان كىچىك ـ كىچىك ساندۇقلارنىڭ بىرىگە سېلىپ، ئۇنى قۇلۇپلاپ قويۇپ، تاللا بازىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ نىشانسىز ھالدا مال جازىلىرىنى ئايلاندى، ئاخىر بۇلۇڭدىكى قەغەز ـ قەلەم ساتىدىغان ئورۇنغا كېلىپ توختىدى، ئۇ بىر نەرسىلەرنى كۆرگەن بولۇپ ئەتراپنى بايقىدى، بازار بويىچە مۇشۇ ئورۇندا ئادەم ئەڭ ئاز ئىدى، ئادەم يوق دېيەرلىك ئىدى. «ئەگەر ئىشنى مۇشۇ يەردىن باشلىسام، تۆگدىكى بېنزىننى قانداق ئەكىرىمەن؟» دېدى جامال ئىچىدە. ئۇنىڭ بېشى قاتتى، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا يەنە قارىدى، ئۇ تۇرغان ئورۇندا ئادەم كۆرۈنمەيتتى، خېرىدارلار ئاساسەن گۆش ـ ماي ساتىدىغان تەرەپتە ئىدى. شۇ تاپتا جامالنىڭ كاللىسىغا بىر ئوي كەلدى...
ئۇ سىرتقا چىقىپ ئۆز كۆڭلىدىكى تەييارلىقلارنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، تاللا بازىرىغا قايتا كىردى. ئۇ يەنە دەپتەر ـ قەلەم تىزىلغان بۇلۇڭدىكى ئورۇنغا كەلدى. ئۇ ئەتراپنى يەنە بىر كۆزەتتى. ئەتراپتا ئادەم يوق ئىدى، ئۇ يانچۇقىدىن چاقماقنى چىقىرىپ، ئېگىشىپ ئوت ياقتى، ئاندىن چاقماقنى بوتۇلكىنىڭ قەغەز ئاغزى تەرەپكە قارىتىپ، بىر غېرىچ ئارىلىقتىكى يەرگە قارىتىپ قويدى. ئۇ ئىشنى تۈگىتىپلا ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا قاراپ ماڭدى، ئارقىدىنلا قولىغا يانفونىنى ئېلىپ: «ئالدىرىما ئاداش، ئالدىرىما، مانا ھازىر بارىمەن، مانا، مانا، كەلدىم، كەلدىم» دەپ ۋارقىراپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە: «ۋاي ئوت كەتتى! ئوت كەتتى!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. جامال كەينىگە قارىدى، ھەممە ئادەم ئوت كەتكەن ئورۇنغا قاراپ يۈگۈرۈشكەندى. ئوت بىردەمدىلا تۇتىشىپ ئۆرلەپ بولغانىدى. جامال چاندۇرماي ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى، ئۇ يولغا چىقىپ بىر تاكسى توسۇپ، ئەركىن بازار تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

www.uyghurkitap.com

تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئوت ھەممەيلەننى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى، قىزلار چىرقىراپ يۈرۈپ يول ئۈستىدىكى دېرىزىنىڭ ئالدىغا تىزىلغان ئوت ئۆچۈرىدىغان قىزىل سوزۇنچاق تۇڭلارنى ئېلىپ، ئوتنىڭ ئالدىغا يۇگۈردى، لېكىن ئۇلار قولىدىكى تۇڭنىڭ ئاغزىنى ئاچالمىدى. قىسقىسى، ئۇلار بۇ نەرسىنى ئىشلىتىشنى بىلمەيتتى. بازارغا مال توشۇيدىغان شوپۇرلار دەرھال «119»غا تېلېفون بەردى. ئۇزاق ئۆتمەي بىرنەچچە ئۆت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى سىگنال بېرىپ تاللا بازىرى ئالدىدا پەيدا بولدى، بۇ ۋاقىتتا بازار ئىچىدىكى ماللارنىڭ تەڭدىن تولىسى كۆيۈپ بولغانىدى.

رەنا ساياھەت ئورنىدىن قايتىپ كېلىپ، بولغان ئەھۋالنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. ئۇ بۇ ئىشتا چوقۇم مېنىڭ بىر دۈشمىنىمنىڭ قولى بار، دەپ گۇمان قىلدى. رەپقەت رەناغا: «سىز تونۇش ساقچىلارنى ئىزدەڭ، بۇ ئىشنى بىزگە ئېنىقلاپ بەرسۇن، بۇ زادى قانداق كەتكەن ئوت؟ ئەگەر بۇنى قەستەن قىلىنغان ئادەم بولسا، بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىش بولۇپ قالىدۇ» دېدى. رەنا رەپقەتنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ساقچىخانىغا بېرىپ، تونۇشلىرىنى ئىزدىدى. ئۇلار: «سىز خاتىرجەم بولۇڭ، بىز چوقۇم بۇ ئىشنى ئېنىقلايمىز» دېدى.

رەنا تاللا بازىرىنى تاقاپ، ماگىزىندا قالغان ساق ماللارنى ئەكەلگەن ئورۇنلارغا قايتۇرۇۋەتتى، خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىش ھەققىنى بەردى، ئۇلارنىمۇ تارقىتىۋەتتى.

رەنا بىر كۈندە بىر قېتىم ساقچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ تۇردى، ئۇ: «بۇ ئوتنى چوقۇم بىر دۈشمىنىم قويۇۋەتتى» دەپ پەرەز قىلاتتى. «ئۆتكەندە ماشىنامنى رەپقەتنىڭ قىزى زۇبەيدە كۆيدۈرۈۋەتتى، ئەمدى بۇ ئىشنى كىم قىلغاندۇ؟ يەنە زۇبەيدە قىلغانمىدۇ؟» دېدى رەنا ئىچىدە. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ساقچىلار ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىدى. ئاندىن ئۇلار بازارنىڭ ئىشىكى ئۈستىگە ئورنىتىلغان كۆزىتىش

ئەسۋابىنىڭ ئىچىدىكى لېنتىلارنى تەكشۈردى. ئۇلار ئوت كەتكەن ۋاقىتتىكى بازارغا كىرىپ چىقىۋاتقان ئادەملەرنىڭ يۈرۈش تۇرۇشلىرىغا دىققەت قىلدى، بولۇپمۇ جامالنىڭ كەينىگە قاراپ ـ قاراپ قويۇپ، تېلېفوندا سۆزلەشكەن بولۇپ، ئالدىراش ماگىزىندىن ئايرىلغان كۆرۈنۈشى ئۇلارنى گۇمانغا سالدى. رەنانى چاقىرىپ: «سىز بۇ ئادەمنى تونۇمسىز؟» دېدى. رەنا: «تونۇيمەن» دەپ ئەھۋالنى ئېيتتى. رەنا: «تاللا بازىرىغا ئوت قويغان كىشى جامالمىدۇ؟» دېگەن ئوي بىلەن ئۆزىدە ئاجايىپ بىر تۇرلۇك بىئاراملىقنى سەزدى. ساقچىلار ئۇدۇل بېرىپ جامالنى تۇتۇپ ساقچىخانىغا ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇنى شۇ زامات سوراق قىلدى.

ساقچىلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان جامالنىڭ چىرايى ئەسكى تامنىڭ توپىسىدەك سەتلىشىپ، قورسىقىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى چىرايىغا چىقىپ بولغانىدى: «ئەگەر قىلغان جىنايىتىڭنى ئۆزۈڭ ئىقرار قىلساڭ، كەڭچىلىك بار، بولمىسا قانۇن بويىچە جازالىنىسەن، بىز تاللا بازىرىنىڭ بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭلىرىغا ئورنىتىلغان كۆزىتىش ئاپپاراتىدىن سېنىڭ جىنايەت قىلمىشىڭنى تولۇق ئىگىلەپ بولدۇق. ئەمدى گەپ ئۆزۈڭدە قالدى» دېدى ساقچى ۋەزمىن ئاھاڭدا. جامال بۇ گەپنى ئاڭلاپ تەرلەشكە باشلىدى، ئۇ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىقرار قىلدى...

رەنا بۇ ئىشنى راستلا جامالنىڭ قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، تۇرۇپلا قالدى، ئاندىن ئۇ جامالدىن رەنجىمىدى، بارمىقىنى چىشلەپ ئۆزىنى ئەيىبلىدى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

# ئاخىرقى قارار

رەنا ئاخىر بىر قارارغا كېلىپ، رەپقەت بىلەن ئاجراشتى. ئۇ ئالمۇتا سەپىرى ئالدىدا تۇرغاندا، بىر تونۇش ئاۋاز قۇلىقى ئەتراپىدا ياڭراشقا باشلىدى. لېكىن، گەپ قىلىۋاتقان ئادەمنى كۆرەلمىدى، ئەتراپىغا قارىدى، قېشىدا بىرەرمۇ ئادەم يوق ئىدى. رەنا كۆزلىرىنى يۇمۇپ: «بۇ زادى كىمنىڭ ئاۋازىدۇ؟» دەپ دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى.

«بەزى گۈللەر ئېقىن سۇ ئۈستىدە ئېچىلىدۇ، شۇ قەدەر گۈزەل پورەكلەيدۇ، ھەممە ئادەمنىڭ قەلبىنى مايىل قىلىدۇ، لېكىن بۇنداق گۈللەر قېشىمىزدا ئېچىلىدۇ، بىز ئۇنى تۇتالمايمىز، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشالمايمىز ھەم سىرداشمايمىز، شامال بىزگە ئۇلارنىڭ يۇرەك سۆزلىرىنى يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ، بىزنى خاتىرجەم قىلىدۇ. بەزى گۈللەر كۆن كۆرمەيدىغان بۇلۇڭلاردا، تام تۈۋىدە ئېچىلىدۇ، رەڭلىرى بەك ئاددىي، لېكىن بۇ گۈللەر ئاشۇ ئېسىل گۈللەرنىڭ بىردىنبىر ئاساسى، ئەگەر مۇشۇنداق ئاددىي گۈللەر بولمىسا، سۇ ئۈستىدە ھەممە ئادەمنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىپ ئېچىلىدىغان گۈللەر ئۈنچىلىك قەدىرلىنىپ كەتمەيدۇ. جاھاندا گۈزەللىكنىڭ پەرقى قالمىغاندا، ھەممە نەرسە ئاشۇ ئېقىن سۇ ئۈستىدىكى گۈللەرگە ئايلىنىپ قالغاندا، ئەقىل بىلەن قىممەت ھاڭگىرت پەيدا بولغاندەك خارلىنىشقا باشلايدۇ. شۇڭا، بىز روشەن پەرق قىلىپ تۇرىدىغان بىر ئالەمدە

ياشاۋاتىمىز، شۇڭا ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ قىممىتىگە ۋەكىللىك قىلىمىز...»

بۇ ئاۋاز رەنا ئۇچۈن بەك تونۇش ئىدى، بىراق بۇ ئاۋازنىڭ ئىگىسىنى ئەسلىيەلمىدى...

رەپقەت رەنانىڭ مېھمانخانىسىنى ئۆزىنىڭ نامىغا ئۆتكۈزىۋالدى، ئاندىن رەنانىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنىڭغا خېلى جىق پۇل بەردى. رەنا ئولتۇرۇۋاتقان بىنا ئۆيىنىمۇ ساتتى، يولغا چىقىش ئالدىدىكى ھەممە تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ بولدى. ساۋاقداشلىرى بىلەن تونۇش ـ بىلىشلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تاماققا چاقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى. رابىگۈل ئالمۇتادا ئۇنىڭ يولغا چىقماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، تېلېفون بەردى: «ئاداش، مانا ئەمدى بىر پۇلنۇڭ مىلىك بولىدۇ، خۇدايىم بۇيرۇسا سەن جاھاندا بىرلا رەنا بولۇپ قالىسەن!» دېدى. رەنانىڭ روھىي كەيپىياتى ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى.

رەنانىڭ ئالمۇتاغا چىقىدىغان ئىشى توغرىسىدا جەمئىيەتتە خىلمۇخىل گەپ ـ سۆزلەر تارقىلىشقا باشلىدى. بىرلىرى: رەنا بۇزۇقچىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قاپتىكەن رەپقەت قوغلىۋېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە تۇرالماي، ئالمۇتاغا چىقىپ كېتىدىغان بوپتۇ دېسە، يەنە بىرلىرى: رەنانىڭ ئالمۇتادا بىر رۇس ئاشنىسى بار ئىكەن، شۇ يەرگە چىقىپ شۇ ئادەم بىلەن توي قىلىدىكەن، ئۇ كاتتا باي ئادەم ئىمىش، بىراق يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان ئادەم ئىكەن، دېيىشەتتى. بۇ سۆزلەر رەنانىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قۇلىقىغىمۇ يەتتى. ئاپىسى يىغلاپ تۇرۇپ: «بىزنى تاشلاپ نەگە بارىسەن شور پېشانە قىزىم؟» دەپ قايغۇردى. رەنا: «خاتىرجەم بول ئاپا، تۆت كۈندە بىر كېلىپ تۇرىمەن، مەندە ھېچ ئىش يوق، خەقلەرنىڭ گېپىگە قۇلاق سالما»دەپ، ئاتا ـ ئانىسىنى خاتىرجەم قىلدى.

مەرھابا رەنانى ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلدى، ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن رەنادىن كەچۈرۈم سورىدى: «جامال بەك ئەسكى ئىش

قىپتۇ، ئاداش، بۇ ئىشقا مەن سەۋەبچى بولدۇم، ئەگەر مەن ئۆزۈمنىڭ ئىشى بىلەن ئارقاڭغا كىرىۋالمىغان بولسام، جامالمۇ سېنىڭ تاللا بازىرىڭغا ئوت قويۇۋەتمەيتتى، سېنى بۇنچىۋالا چوڭ زىيانغا سالمىغان بولاتتى، مېنى كەچۈر، ئاداش !» دېدى. رەنا: «ئۇنداق دېمە، ئاداش، كەتكەن ئىشلار كەتتى، مەن ھەممە ئىشنى ئۆزۈمدىن كۆرىمەن، ئاداش، شۇ چاغدا بىزمۇ ئۇنى ئويناتقان، ئەگەر بىز ئۇنى مۇشۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق قورقۇتمىغان بولساق، مەقسىتىمىزگە يەتمىگەن بولساق، بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇ ئىشمۇ يوق. شۇڭا، ئاداش، بۇ مېنىڭ پېشانەمگە يېزىلغان ئىش، مەن سېنىڭ يۈزۈڭگە قاراپ ياق دېيەلمىدىم، مانا مۇشۇ ئىش ئۈچۈن مۇشۇنداق بەدەل تۆلىدىم، بۇنىڭغا ئامال يوق، ئاداش...» دەپ مەرھاباغا، شۇنداقلا ئۆزىگە تەسەللى بەردى.

مەرھابا تەسىرلىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

ئەتىسى رەنا مەرھابانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە يەنە كەلدى، ئۇ ئەركىن بىلەن كۆرۈشتى. ئەركىن مەرھابانى ئىزدەپ: «سىز رەنانى ئۆيىڭىزگە چاقىرىپ بەرگەن بولسىڭىز، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشۈۋالسام، بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىن، كۆرۈشەلمەسمەن» دېگەنىدى. مەرھابا ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، مېھمانخانىدا ئەركىن بىلەن رەنا قالدى. رەناغا سېلىشتۇرغاندا ئەركىن بەكمۇ ئازادە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدىن ئۇ يەنە ئون يىلنىڭ ئالدىدىكى ئەركىن ئىدى، يىللار ئۇنى ئازابلىدى، قاقشاتتى، لېكىن ئۇمىدسىزلەندۈرەلمىگەنىدى.

— سىزنى ئالمۇتاغا چىقىپ كېتىدىكەن، دەپ ئاڭلاپ يەنە يۈزۈمنى قېلىن قىلىپ ئالدىڭىزغا كەلدىم، رەنا. يېڭى سەپەرگە تەييارلىنىپ بوپسىز، ئاقىۋل بولسۇن، دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە قوغلاندى بولۇشىمىز مۇمكىن، لېكىن يۇرت مەڭگۈلۈك ئانا مېھرى بىلەن پېشانىمىزنى سىلايدۇ. سىز بۇنداق ئىشلارنى مەندىن ياخشى بىلىسىز، شۇنداق بولسىمۇ يەنە بىر قېتىم

ئىسىڭىزگە سىلىپ قوياي، مەيلى رەنا، ئۇچۇۋېرىسىڭ، لېكىن چۈشىدىغان يېرىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان مۇھەببەت نۇرلىرى ئۆينىڭ كەيپىياتىنى ئىللىتىپ تۇراتتى، مەرھابا كۆرگىلى بولمايدىغان يەردە قۇلىقىنى ئىشىككە چاپلاپ ئولتۇراتتى.

— سىزگىمۇ رەھمەت، ئەركىن، بىرنەچچە ئايدىن بېرى مەن مۇشۇ ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ كېلىۋاتىمەن، ئون نەچچە يىلدىن بېرى ئويلىمىغان ئىشلارنى ئويلاپ قالدىم، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنداق بىر ئادەم بولۇپ قالغىنىمغا ھەيران، لېكىن بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى سىزگە چۈشەندۈرەلمەيمەن، بۇ ئىشلارغا ۋاقىت كېتىدىغان ئوخشايدۇ، ئەركىن. مەن نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىۋاتىمەن، مانا ئەتە ئالمۇتاغا ماڭغىلىۋاتىمەن، مەن بۇ پۇرسەتتىن ئۆزۈمنى تارتالمايمەن، كۆڭلۈمدە مەقسىتىمگە يەتسەملا دەيمەن، كاتتا باي بولۇۋېلىش يولىدا بەك ئاۋارىمەن، لېكىن مەن ئۆزۈمنى بىلىمەن.

ئەركىن يېنىدىن بىر پارچە سۈرەتنى ئېلىپ رەناغا بەردى:

— ئېسىڭىزدە بارمىكىن، رەنا ، سىز شۇ يىلى بېيجىڭغا ئوقۇشقا مېڭىش ئالدىدا ئىككىمىز بىر خاتىرە سۈرەتكە چۈشكەنىدۇق...

– شۇنداق، ئېسىمدە بار، ئەركىن، نەق مۇشۇ سۈرەت !

— بۇ سۈرەتنى سىزگە يوللۇق تۇتاي، رەنا، بۇ سۈرەت ئون نەچچە يىلدىن بېرى ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن، ئەمدى كىشى يۇرتىدا سىزگە ھەمراھ بولسۇن، ھەممە ئىشلىرىڭىز ئۇتۇقلۇق بولغاي، رەنا !

رەنا قولىدىكى سۈرەتكە قاراپ خىيالغا كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئون نەچچە يىل ئىلگىرىكى كۆرۈنۈشلەر پەيدا بولدى. شۇ يىللاردا ئۇلارنىڭ قېنى بىر - بىرىنىڭ جامالىدا ھۇزۇرلىناتتى. رەنا تاڭ قۇياشىدەك پاكىز، يېقىملىق، ئەركىن پۈتۈن شەھەردە ھېجىيىپ يۈرگەن بەختلەرنى پېشانىسىگە يىغىۋالغان ئامەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىگىت ئىدى. پاكىز يىللار ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنى بىر ئارغامچىغا باغلىغان، لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچى بوشاپ كەتكەنىدى.

— رەھمەت ئەركىن ، مەنمۇ سىزگە بىر سوۋغات بېرەي، ماشىنامنى سىزگە سوۋغا قىلاي، مەن بۇ ئىشنى سىزگە چۈشەندۈرمەيمەن، ئەگەر سۆزلىسەم مەن بۇگۈن بىر كۈن سۆزلەيمەن، ئەكسىچە ماشىنام سىزگە كۈندە سۆزلەيدۇ...

ئەركىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قالدى، ئۇ رەناغا قارىدى، ئۇ رەنانىڭ كۆزىدىن ئۇن نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئالامەتلەرنى كۆردى. ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇنىڭ ماشىنىسىنى قوبۇل قىلدى.

— رەھمەت رەنا، كۆپ رەھمەت ! مەن بۇ ماشىنىڭىزنى گۆھەردەك ئاسرايمەن !

ھۇجرىسىدا قولىقىنى ئىشىككە چاپلاپ تۇرغان مەرھابا ئىچىدە: «ئەركىن گەپتىن باشقىنى بىلمەمدۇ نېمە؟» دېدى.

— ئەمىسە ئەتە ماشىنامنى مەرھابانىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويىمەن، ئاچقۇچىنى مەرھابادىن ئېلىۋېلىڭ.

— رەھمەت...

ئەركىن رەنا بىلەن خوشلىشىپ مەرھابانىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى. مەرھابا ھۇجرىسىدىن چىقىپ رەنانىڭ قېشىغا كىردى.

— بۇ يەردە ئولتۇرىسەنغۇ، ئاداش؟ ئاۋۇ ئۆينى تەييار قىلىپ قويسام كىرمەيسىلەرغۇ؟ — دېدى مەرھابا چاقچاق قىلىپ.

— ئەركىننىڭ بۇنداق ئۆيلەر بىلەن خۇشى يوق، ئاداش، ئۇ سامانلىقتا ئامراق.

— شۇڭا بوزەك قىپتىكەنسەن ـ دە، ئۇنى، كۆڭۈل دېگەن مۇشۇنداق گەپ ئىكەن، ئاداش، ئەسلى بىلسەڭ ئۇ بىر گۆھەر ـ ھە!

رەنا ئاخىرقى ھېسابتا رەپقەتنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتتى. لېكىن، رەپقەت يەنىلا رەنانىڭ غېمىنى يەيتتى، ئۇ رەنانىڭ يامان

كۆنگە قىلىشنى خالىمايتتى. مۆشۈنداق ئويلار ئۇنى بىر پالچى موماينىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى، موماينىڭ يېشى سەكسەندىن ئاشقانىدى. ئۇ قىلىن كۆرپىدە ئولتۇرۇپ رەپقەتنى قوبۇل قىلدى، ئۇ مۆشۈ شەھەردە ئوبدانلا داڭقى چىققان پالچى ئىدى. ئۇ قەدىمكى، سىرلىق كۆزلىرى بىلەن رەپقەتكە قارىدى، ئۇ رەپقەتنى تازا بىر دەڭسىۋالدى، ئاندىن كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇدى. ئاخىر كۆزىنى ئېچىپ رەپقەتكە بىر قارىۋېتىپ، ئالدىدىكى ئۇششاق تاشلارنى ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۆتكىدى، ئۇ ھەممە تاشلارنى بىر قېتىمدىن تىزىپ چىققاندىن كېيىن، رەپقەتكە قارىدى:

— يېقىندا سىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئادەم سەپەرگە ئاتلىنىدىكەن، ئۇ بارسا كەلمەس بىر يولغا تەييارلىنىۋېتىپتۇ، ئەڭ ياخشىسى ئۇياق يولدىن قالسۇن !

موماينىڭ تەلەپپۇزى ناھايىتى سىرلىق ئىدى، رەپقەت بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىچ ـ ئىچىدىن مومايغا قايىل بولۇپ قالدى.

رەپقەت ئورنىدىن تۇرۇپ يېنىدىن مومايغا ئاتىغان پۇلنى ئالدى، ئۇ پۇلنى مومايغا بېرىپ، رەھمەت ئېيتتى، ئاندىن موماي بىلەن خوشلىشىپ سىرتقا چىقتى.

رەپقەت مېھمانخانىسىغا قايتىپ كېلىپ ئوسمانغا تېلېفون بەردى، ئۇ ئوسمان بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ، تاماققا ئولتۇردى. ئوسمان:

— بىرنى ئىچەمدۇق، — دېدى. رەپقەت خىزمەتچى باللارنى هاراقنا بۇيرۇدى. ئۇلار هاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى.

— ئەمدى رەناغا ئوخشايدىغانراق بىر قىز تېپىۋالساڭ، ئاداش، — دېدى ئوسمان چاقچاق قىلىپ.

— ئەمدى ئۇنداق قىز تېپىلمايدۇ، ئاداش...

— تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا ئېلان بەرسەڭ تېپىلىپ قالار؟

— تېپىلمايدۇ، بىر شەھەردە يۈز يىلدا ئاران ئاشۇنداق بىر قىز چىقىدۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئەمسە باشقا شەھەرگە بېرىپ ئىزدەپ باقساڭ بولغۇدەك، ئاداش، ئۇنىڭ دەردىدە بىرنېمە بولۇپ كەتمىگىن يەنە!

— راست، ئاداش، بىرنەچچە كۈن بولدى، بېشىم قېيىپ ئېسىمنى تاپالماي يۈرىمەن، مۇشۇنداق كېتىۋەرسەم ساراڭ بولۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن...

— بولمىسا بىللە چىقىپ كەت، ئاشۇ ياقلاردا چالا موللىلاردىن بىرىنى تېپىپ نىكاھ قىلدۇرۇۋالامسەن؟

— ئۇ مۇمكىن ئەمەس، ئاداش، خېلى ئايلاندۇرۇپ باقتىم، نىيىتىدىن پەقەت يانمىدى، ئىرادىسى بەك چىڭ ئىكەن، بولمىسا بىناسىغا ھېسابلاپ ئاز پۇل بەرمىدىم.

— ئۇ ئايال تىجارەتچىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ نوچىسى بولمەن دەيدىغۇ ئەمدى.

— شۇ ئاداش... بايام بىر پالچى موماينىڭ قېشىغا بېرىپ پال ئاچقۇزۇپ كەلدىم، بەك ئۇستا موماي ئىكەن.

— قايسى موماينىڭ قېشىغا باردىڭ؟

— نىيازخان جادۇگەر دېگەن موماي بىلەن كۆرۈشتۈم.

— يامان جادۇگەر ئۇ، ئۆتكەندە مەن بىر ئاغىنەمنى باشلاپ بارغانىدىم، تاشلىرىنى ئۇياق - بۇياق قىلىپ نېمە دەيدۇ دېمەمسەن، «قوشنىڭىزنىڭ دەرۋازىسى يېنىدا بىر كۆتەك بار ئىكەن، شۇ كۆتەكنىڭ يېنىغا بىرسى بىر قورچاق كۆمۈپ قويغانىكەن. شۇ قورچاقنىڭ تاپىنىدا بىر تال يىڭنە بار، سىز شۇ قورچاقنى كولاپ چىقىرىپ، يىڭنىنى ئېلىۋەتسىڭىز، پۇتىڭىزنىڭ ئاغرىقى ساقىيىپ قالىدۇ» دېگەن، قارا. ئۇ ئاغىنەم ئۆيىگە بېرىپ، راست دېگەندەك قوشنىسىنىڭ دەرۋازىسى يېنىدىكى كۆتەكنىڭ ئاستىنى كولاپ بېقىپتۇ، بىر قورچاق چىقىپتۇ، قارا. بىراق، ئۇ قورچاقنىڭ تاپىنىدا يىڭنە يوق ئىكەن، — دېدى ئوسمان.

— ماڭا سىزنىڭ ئەڭ يېقىن بىر ئادىمىڭىز سەپەرگە تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ، ئۇ بىر بارسا كەلمەس يول، دەيدۇ قارا.

— مانا تېپىپتۇ، بەك يامان موماي ئۇ، — دېدى ئوسمان، — رەنا بىلەن بىر كۆرۈشۈپ باقساڭ بولىدىكەن، ئاداش.

— كەچتە يولۇقۇپ باقايمىكىن دەيمەن !

— كۆرۈش، مومايىنىڭ گېپىنى دە، ھېچبولمىغاندا ئاڭلاپ قالسۇن.

كەچتە رەپقەت مېھمانخانىسىدا رەنا بىلەن كۆرۈشتى. تاماقتىن كېيىن رەپقەت ئۇنىڭغا پالچى مومايىنىڭ گېپىنى دەپ بەردى. ئارقىدىن ئۆزىنىڭ ئارزۇلىرىنى مومايىنىڭ گېپىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزدى. رەنا گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋالدى، خېلى ئۇزاق ئۆتكەندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ رەپقەتكە قارىدى:

— مەن سىزنىڭ گېپىڭىزگە قۇلاق سالمىغان يەردە، ئاشۇ پالچى مومايىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالامدىم، رەپقەت؟

— ھەرھالدا ئاڭلاپ قويۇڭ، رەنا، «پالغا ئىشەنمە، پالسىزمۇ يۈرمە» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ !

— رەھمەت سىزگە!

— ئەمىسە بۈگۈن مۇشۇ مېھمانخانىدا قونۇپ قالايلى.

— بۈگۈن بولمايدۇ، رەپقەت، خاپا بولمايسىز، ئەتە مەن سىز بىلەن بىر كېچە ـ كۈندۈز بىللە بولاي، بۈگۈن مۇھىم بىر ئىشىم بار ئىدى، كەچۈرىسىز.

— ئەمىسە گېپىمىز گەپ، ئەتە كۆرۈشەيلى، — دېدى رەپقەت.

رەنا رەپقەت بىلەن خوشلىشىپ، يەنە بىر مېھمانخانىغا كېلىپ ساقچىخانىنىڭ بىر مەسئۇلى بىلەن كۆرۈشتى، ئۇ ئادەم رەنانىڭ پاسپورتىنى بەردى، ئۇنىڭ بارلىق رەسمىيەتلىرىنى پۈتكۈزۈپ بەردى، ئاندىن ئۇ رەناغا قاراپ:

— يەنە باشقا ئىشىڭىز بارمۇ، خانىم؟ — دېدى. رەنا ئاپپاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ:

— سىزگە كۆپ رەھمەت، ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنتۇمايمەن،

نۇرغۇن يىللاردىن بېرى ماڭا بەك جىق ياردەم بەردىڭىز. ئەمدى سىزدىن ياردەم سورايدىغان بىر ئىش بار ئىدى، شۇ ئىشقا ياردەم قىلغان بولسىڭىز، بىلىسىز، تاللا بازىرىمغا ئوت قويۇۋەتكەن جامالنىڭ ئىشى، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ئۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئەسكىلىك قىلغان يېرىم بار، بەزى ئىشلارنى ئۆزىمىز بىلىشىمىز، ئىشنى جەرىمانە بىلەن تۈگەتسەڭلار، مەن ئالمۇتاغا بارغاندىن كېيىن سىزگە تېلېفون قىلىمەن! — دېدى.

— ھە جامالنىڭ ئىشى دەڭ، بولىدۇ، بىز ئويلىشايلى، تۈرمىدىن بەك بالدۇر چىقىرىۋەتسەك بولمايدۇ، يەنە بىر مەزگىل ياتسۇن، ھەيۋىسىنى ئوبدان سۇندۇرۇپ قويمىساق بولمايدۇ، — دېدى ساقچىخانىنىڭ مەسئۇلى.

— مەيلى شۇنداق بولسۇن، ئەمما بەك ئۇزاق يېتىپ قالمىسۇن، ئەمسە مۇشۇ ئىشنى ئۆزىڭىزگە ھاۋالە قىلدىم.

— خاتىرجەم بولۇڭ.

رەنا ھەممە ئىشلىرىنى پۈتكۈزۈپ بولۇپ، مەخپىي بىر ئورۇندا ھېلىقى مۇھىم ئەرباب بىلەن كۆرۈشتى. ئەرباب ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۇ رەنانى يوغان قورسىقى بىلەن قۇچاقلىدى، يوغان ئاغزى بىلەن رەنانىڭ لەۋلىرىنى غىدىقلاشقا باشلىدى. رەنا ئادىتى بويىچە ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى تۇتۇشقا كىرىشىپ كەتتى، ئەرباب ئىنجىقلاپ ياتاتتى. رەنانىڭ قوللىرى ئۇنىڭ ئەرلىك ھېسسىياتىنى ئېچىۋاتاتتى، ئەرباب ناھايىتى روھلىنىپ كەتتى.

— سىزنىڭ مۇشۇ قولىڭىززە، ھەقىقىي پەرىشتىنىڭ قولى ـ دە مانا، قولىڭىز بەدىنىمنىڭ بىر يەرلىرىگە تەگدىما، ئۆزۈم روھلىنىپ بىرنەچچە ئايغىچە يىگىتتەك بولۇپ كېتىمەن، مۇشۇ شەھەرگە تېگىشمەيدىغان قوللار ـ دە، بۇ.

— مېنىڭ بۇ قوللىرىم پەقەت سىزنى كۆرگەندىلا مۇشۇنداق شىپالىق قوللارغا ئايلىنىپ قالىدۇ، — دېدى رەنا ئۇنىنى

قارلىغاچتەك ئۈىنىتىپ.

— مانا ئەمدى ئالمۇتاغا چىقىمەن دەيسىز، بىر قانىتىم سۇندى ـ دە.

— ئۇنداق بولمايدۇ، بىرلا تېلېفون بەرسىڭىز ئايروپىلان بىلەن ئۇچۇپلا قېشىڭىزغا كېلىمەن.

— بەللى، مانا سىز ھەقىقىي پەرىنىڭ ئۆزى .

ئۇ ئاغزىدا بۇنداق دېگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە رەنانىڭ ئالمۇتاغا كېتىشىدىن خۇشال ئىدى، چۈنكى قول ئاستىدىكى بەزى ئادەملەر ئارىسىدا گەپ ـ سۆز تارقىلىشقا باشلىغانىدى، ئۇلار ئۇنىڭ رەنا بىلەن بولغان ئىشىنى غەيۋەتلەرگە ئارىلاشتۇرۇپ سىرتقا ياياقتا ئىدى.

ۋاقىت رەناغا ياردەملىشىپ ھەممە ئىشلىرىنى پۈتكۈزۈپ بەردى. تازىلىق ئۆيىدىكى قىزىق سۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇپ چۈشەتتى، قېلىن ئاپپاق لۆڭگىلەر بارماقلارنىڭ ئۈستىدە ئۇسسۇل ئوينايتتى، يەردىكى گىلەملەر يىغلاۋاتاتتى، گۈللىرى كۆزلىرىنى ئاچالماي قالغانىدى...

ئەتىسى رەنا يەنە بىر كۈن تەييارلىق قىلدى، كەچتە ماشىنىسىنى مەرھابانىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا توختىتىپ، ئاچقۇچىنى مەرھاباغا بەردى.

— ئەركىنگە بېرىپ قوي، ئاداش.

ئەتىسى ئەتىگەندە ناشتىدىن كېيىن، رەنا ئاتا ـ ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى. ئۇنى رەپقەت، ئوسمان، ساۋۇت، ئەركىن قاتارلىق ئەركەكلەر ئون ماشىنا بىلەن چېگرا ئېغىزىغا ئۇزىتىپ چىقتى، رەنانىڭ سورۇن قىزلىرى ئاپپاق پاچاقلىرىنى ئوينىتىپ، ئۇنىڭ چامادانلىرىنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ، تەكشۈرۈش ئۆيلىرىگە توشۇدى. ئەركىن بىر چەتتە رەناغا قاراپ تۇراتتى، رەنانىڭ ئۇچىسىدىكى ئاسمان رەڭ كۆكرەك پۈرمە ئەتلەس كۆڭلەك ئۆزىگە بەك ياراشقانىدى، ئەتلەس ئۇنىڭ بەدىنىدە چاپلىشىپ تۇراتتى، كۆكسىنىڭ تەڭدىن تولىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭغا بىر قاراپ سالغان ئادەم كۆزىنى

ئۈزەلمەيتتى.

«سىزمۇ كەتتىڭىز، رەنا، مانا ئەمدى مەن سارالڭ بولۇپ قالىدىغان بولدۇم ـ دە!»، «تېلېفون بېرىپ تۇرىمەن!»، «ئىككىمىز چۈشكەن سۈرەتلەر بارغۇ...»، «كۆڭدە سۈرەتلىرىڭىزنى قۇچاقلاپ ياتسام قارا بېسىپ قالار»، «توكنى ئۆچۈرمەي ياتسىڭىز قارا باسمايدۇ!»

رەپقەت كۈلدى.

تەكشۈرۈش زالىدا يولۇچىلار تىقما ـ تىقما ئىدى. ئوسمان بىلەن ساۋۇت رەنانىڭ بەش چوڭ چامادىنىنى نايناق قىزلارغا سۆرىتىپ ئۆچرەت ساقلاۋاتاتتى. ئۇلار بىر چەتتە تۇرۇپ رەپقەت بىلەن رەنانىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتاتتى.

— ئاۋۇ ئىككىسى ئاجرىشىپ كەتكەندەك ئەمەس، — دېدى ساۋۇت ئوسمانغا.

— ئۇلار دېگەن زامانىۋى ئادەملەر، ئاجراشتى نېمە، توي قىلدى نېمە، ھەممىسى ئوخشاش، ياۋروپالىقلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى دورىغان نەرسىلەر ئۇلار، ئاجرىشىپ كەتسىمۇ بىر ـ بىرىنى توغرىلاپ ھاجىتىدىن چىقىپ يۈرۈۋېرىدۇ.

— ئەمدى رەنا ئالمۇتادا پۇل تېپىپ تېخىمۇ كاتتا بايلاردىن بولۇپ كېتىدىغان بولدى ـ دە!

— ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ ئاداش، پېشانىسىگە باغلىق...

ئۆچرەت رەناغا كەلگەندى، ئۇ رەپقەت بىلەن خوشلاشتى. ئاندىن تەكشۈرۈش ئورنىغا قاراپ ماڭدى.

ئەركىن رەنادىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئىچىدە «گۈلدەك ماكانىڭنى تاشلاپ خەقنىڭ ماكانىدا نېمە قىلارسەن رەنا؟» دېدى.

رەنانىڭ نايناق قىزلىرى قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى.

— مانا، ئەمدى رەنا كەتتى.

— يىغلاپ كەتمە يەنە، ئاداش.
— يىغلىسا يىغلىغۇچىلىكى بار قىز رەنا دېگەن.
— ئاڭلىسام ئۇياقتا سەتەڭلەر مۇسابىقىسى ئۆتكۈزەرىمىش، رەنا ئاشۇنداق مۇسابىقىلەردىن بىرەرىگە قاتنىشىپ چېمپىيون بولۇپ كەتمىگىدى...
— ئۇ قىز ھەرقانداق ئىشنى قولدىن بەرمەيدۇ.
— خۇدايىم ، دەسسىگەن يېرىدىن گۈل ئۈنەر.
— ئەمىسە ئاداش، ئايالىڭغا بىر دۇئا قىلىۋەتمەمدۇق؟
— ئاجرىشىپ كەتسىمۇ ئايالىڭ دەيسەنغۇ؟
— ئۆگەي خوتۇنۇڭ دەيمەن دەپ، خوتۇنۇڭ دەۋېتىپتىمەن !
— خۇدايىم تىلىگىنىنى بېرەر!
مۇشۇ كۈنى كەچتە بىر مەھەللىدە توي بولۇۋاتاتتى، تويدا ناخشىچىلار ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى، بىر ناخشىچى: «كەلسەڭ ئەگەر بۈگۈن كەل يايرىم» دېگەن ناخشىنى ئېيتقاندا بىر مېھمان تەسىرلىنىپ يىغلاپ كەتتى، ھېچكىم ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ پەيزى بىلەن ئىدى، ھېلىقى يىغلىغان مېھمان بېشىنى كۆتۈرۈپ ناخشىچىغا قارىدى، ئىچىدە «شۇنداق، بىز پۇشايمان ئىچىدە ياشايدىغان ئاجىز بەندىلەر ئىكەنمىز» دېدى.
رەنا چېگرادىن ئۆتۈپ قازاقىستان زېمىنىغا دەسسەپ بولغاندا، شامال چىقىپ كەتتى، شامال رەنانىڭ مەھەللىسى تەرەپتىن مەھەللىدىكى گۈللەرنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كەلگەندى، ئېگىز سۇۋادان دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ پىچىرلاشلىرىنى ئېلىپ كەلگەندى. يەنە رەنا كىچىك ۋاقتىدا رامزان ئايلىرى باللار بىلەن ئېيتىشىدىغان رامزان قوشاقلىرىنىڭ مۇڭلىرىنىمۇ ئېلىپ كەلگەندى.

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ياتقان بايلار!
خۇدانىڭ پەرمانىغا ياتقان بايلار!
رامزان، ئاللا شەھرى رامزان
خۇش مۇبارەك كەلدىلەر شۇ رامزان !

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# يېڭى ماكان، يېڭى هايات

رەنانىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى، ئۇ قازاقىستان زېمىنىغا دەسسەپ تۇرۇشىغا، ئالدىدا رابىگۈل بىلەن هاكى پەيدا بولدى، رابىگۈل رەنا بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، هاكى رەنا بىلەن كۆز ئارقىلىق قۇچاقلاشتى، ئاندىن يۈك ـ تاقلىرىنى ماشىنىغا سېلىپ، ئالمۇتاغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

— بەك ياخشى ئىش قىلدىڭ، ئاداش، مەن سېنى كەلمەسمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم، خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا مانا كاتتا سودىگەر بولۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باستىڭ! — دېدى رابىگۈل رەناغا، ئۇ رەنانى كۆرۈپ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى.

— مەنمۇ بەك ئالدىرىدىم، ئاداش، رەپقەت بىلەن بىر تەرەپ بولۇش ئاسانغا توختىمىدى، — دېدى رەنا.

ئۇلار پارىڭىنى باشلىۋالدى، رەنا توختىماي سۆزلەۋاتاتتى، هاكىنىڭ كۆزلىرى يولدا بولغىنى بىلەن كاللىسى رەنانىڭ گېپىدە ئىدى. رابىگۈل توختىماي: «هە ئاداش، هە، شۇ، تۇۋا» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ تۇراتتى. تۆت سائەت ئىچىدە رابىگۈل رەنانىڭ هەممە ئىشلىرىنى بىلىپ بولدى، ئۇ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى، بىر تاغار ئالتۇن تېپىۋالغان ئادەمدەك خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي كەتتى.

رەنا يەنە رابىگۈلنىڭ ئاشۇ تونۇش ئۆيىگە كەلدى، ئۆتكەندە

چۈشكەن ئۆي يەنىلا شۇ پېتى تۇراتتى، بۇ ئۆيدە ئۇنىڭ بەك چىرايلىق ئەسلىمىلىرى بار ئىدى، ئۇ مۇنچىغا چۈشۈپ پاك بولۇپ چىقىپ، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى، بىر سائەت ئۇخلاپ ئارام ئالغاندىن كېيىن رابىگۈل ئۇنى يەنە ئاشۇ دوستلىرىنىڭ سورۇنىغا باشلاپ باردى. ئۇلار يەنە ئاشۇنداق قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئاندىن ئولتۇرۇپ تاماق يېدى. ئويۇن رەسمىي باشلانغاندا رەنا ناھايىتى روھلىنىپ كەتتى، مېھمانلار بىلەن توختىماي رومكا سوقۇشتۇرۇپ، قىزىل ھاراق ئىچىشتى. رابىگۈل رەناغا قاراپ ھەيران قالدى، ئۇ ئۆتكەندە ناھايىتى تەمكىن ئولتۇرغان، مانا ئەمدى بەك ئازادە بولۇپ كەتكەنىدى. ھاكى پۇرسەت چىقىرىپ رەنا بىلەن مۇڭدىشىۋالدى. ئۇ تانسا ئوينىغاندا رەنانىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ: «ئەتە سىزگە تېلېفون بېرىمەن» دېدى.

رەنا تالاغا چىقماي ئۆيدە بىرنەچچە كۈن دەم ئالدى، رابىگۈل ھەر كۈنى چۈشكىچە ئاشخانىسىغا بېرىپ ئاشخانىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇراتتى. ھاكىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ رەنانىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئازادە قېنىشىۋالدى. ئەڭ مۇھىمى ھاكى مۇشۇنداق ئويۇنلار ئارقىلىق رەنانى ئۆزىگە ئىشەندۇرۇۋالغانىدى. بىرنەچچە كۈندىن بىرى رەنا بەك ياخشى دەم ئېلىۋالدى: ئۇ كۈندە چۈشكىچە ئۇخلايتتى، چۈشتە ئورنىدىن تۇرۇپ باش ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ ئازراق چاي ئىچەتتى. ئاندىن دېرىزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ كىچىك مەيداندىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلاتتى، ھېلىقى ماي بوياق رەسىم ساتىدىغان ئىككى بوۋاي يەنە شۇ ئورنىدا ئولتۇرۇپ خېرىدار كۈتەتتى. بەزى كۈنلىرى ئۇ ھاكىنىڭ ماشىنىسىنى كۆرۈپ قالاتتى، ھاكى ئۇنىڭغا تاماق ئەكېلىپ بېرىپ كېتىپ قالاتتى، رەنا مۇشۇنداق جىمجىت ئولتۇرۇپ خىيالغا چۈشۈپ كېتەتتى.

رەنا بېيجىڭدىكى ئوقۇغۇچىلىق تۇرمۇشىنى ئەسلەپ قالدى، ئۇ يەردە تونۇشقان ساۋاقداشلىرىنى ئەسلىدى، ئاندىن شىنجاڭدىن

كېلىپ تىجارەت قىلىۋاتقان بالىلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، ئۇ ئۇلار بىلەن خېلى قويۇق ئارىلاشقانىدى. ئۇنىڭ سودا ئىشلىرىغا بولغان قىزىقىشىمۇ شۇ ۋاقىتتىن باشلانغانىدى. ئاندىن مەكتەپ پۈتكۈزۈپ كەلگەندىن كېيىن رەپقەت بىلەن تونۇشقان كۈنلىرىنى ئەسلىدى. بولۇپمۇ ئۇ بۇ قېتىمقى تاللا بازىرىغا ئوت كەتكەن ئىشنى ئويلاپ، ئۆزىنىڭ بەزى قاراشلىرى ئۈستىدە باشقىدىن ئويلاشتى، ئۆزى ئىلگىرى توغرا دەپ چۈشەنگەن ئىشلارغا سوئال قويدى: «ئەگەر مەن مەرھابانىڭ ئېرىدىن ئاجرىشىدىغان ئاشۇ ئىشىغا شۇ قەدەر غەيرىي ھالەتتە ئارىلاشمىغان بولسام، كېيىنكى كۈندە جامال زەربىگە چىدىماي تاللا بازىرىغا ئوت قويۇۋەتمەس بولغىيدى، مەن مەرھاباغا ئۆزۈمنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئېرىنى ئاشۇنداق سەت ئۇسۇل بىلەن قاپقانغا دەسسەتتىم، ئاخىر ئىقتىسادىي جەھەتتە ئوبدانلا زىيان تارتتىم، ئەھۋالغا قارىغاندا كاللامدىكى بەزى قاراشلار ۋە ياشاش ئۇسۇللىرىم باشقا ئادەملەرنىڭ ياشاش ئىدىيەسىگە توغرا كېلىپ كەتمەيدىغان ئوخشايدۇ» دېگەن قاراشلارغا كەلدى. ئۇ بىرىنچى قېتىم ئۆزىنى مۇشۇنداق ئوپېراتسىيە قىلدى، شۇ دەقىقىدە ئۇ جامالنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدى.

ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، رەنا ھاكى بىلەن رەسمىي سۆھبەتلەشتى. ھاكى ناھايىتى تېز ۋاقىت ئىچىدە كونا ماشىنا ساتىدىغان شىركەتنى يېڭى ماشىنا كىرگۈزۈپ ساتىدىغان شىركەتكە ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. رەنا ئۆتكەندە كەلگەندە ھاكى ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ: «ئەگەر ئالمۇتاغا كېلىپ ئىش ـ ئوقەت قىلماقچى بولسىڭىز، بىرەر ئىش ـ ئوقەتنىڭ يولىنى قىلىپ بولغۇچە توغرا تاپسىڭىز ئىككىمىز شېرىكلىشىپ يېڭى ماشىنا كىرگۈزۈپ ساتايلى، بۇنىڭدا بىرىنچىدىن، ئىشەنچلىك، ئىككىنچىدىن، پايدىسى ياخشى، چۈنكى ھازىر چەت ئەلنىڭ ماشىنىلىرى بەك تېز سېتىلىۋاتىدۇ» دېگەنىدى. رەنا مۇشۇ پىكىرنى توغرا تېپىپ قالغانىدى، ئۇ ھاكىمنىڭ شىركىتىنىڭ

ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن: «ئەمىسە مەنمۇ شېرىك بولاي» دەپ شىنجاڭدىن ئەكەلگەن دوللىرىنىڭ يېرىمىنى ھاكىنىڭ شىركىتىگە قوشتى. راست دېگەندەك ئاشۇ ئايلاردا ھاكىنىڭ تىجارىتى بەك ياخشى بولۇپ كەتتى، ياپونىيە، كورىيەلەردىن كىرگۈزۈلگەن ماشىنىلار بەك تېز سېتىلدى. رەنا خۇشياقسا بەش - ئون كۈندە بىر قېتىم شىركەتكە بېرىپ كېلەتتى، قالغان ۋاقىتتا رابىگۈلنىڭ ئاشخانىسىغا بېرىپ ئولتۇراتتى. ئاندىن ئەتىسى - ئاخشاملىرى رابىگۈل ئورۇنلاشتۇرغان زىياپەتلەرگە قاتنىشاتتى، بۇنداق زىياپەتلەر ئىزچىل ھاراق بىلەن باشلىنىپ ھاراق بىلەن ئاخىرلىشاتتى. مەست بولۇپ كەتكەن سېمىز چوكانلار ئەرلىرىنىڭ قولتۇقىغا ئېسىلىپ ئۆيلەردىن ئاران چىقاتتى. مۇشۇ كۆرۈنۈشلەر رەنا ئۈچۈن بەكمۇ قىزىق بىر كىنو ئىدى، ئۇ مەست چوكانلارنىڭ دوستۇم مەن ساڭا ئېيتاي دەپ تۇرۇپ، بىر - بىرىگە ئېسىلىپ چوك - چوك قىلىپ سۆيۈشلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كېتەتتى.

ھېلىھەم ھاكىنىڭ تىجارىتى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئالمۇتادىكى پۇلدارلار يېڭى بىر ماشىنىنى ئۈچ - تۆت يىل ھەيدەپ، ئېلىشىغا سېتىۋېتىپ يېڭى ماشىنا ھەيدەيدىغانلىقى ئۈچۈن، يېڭى ماشىنىلارنىڭ بازىرى كونا ماشىنىلارنىڭ بازىرىغا ئوخشاش ياخشى ئىدى، ھاكى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي كەينى - كەينىدىن بىرنەچچە ماشىنا كىرگۈزۈپ ساتتى، رەنامۇ شىركەتتە ئولتۇرۇپ سودا ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ ماشىنا سېتىشنى ئۆگەندى، دەسلەپكى قەدەمدە بىر قىسىم پۇلدارلار بىلەن تونۇشتى.

رەنا ئەتىسى - ئاخشاملىرى شىنجاڭغا تېلېفون بېرىپ تۇردى، ئاتا - ئانىلىرىغا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ تۇردى، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلدى. ئاندىن ھېلىقى مۇھىم ئەربابقا تېلېفون بېرىپ، ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىش - ئوقەتلىرىنى

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئېيتتى. ئاندىن رەپقەتكە تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭغا ھاكىمنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى دەپ بەردى، رەپقەت ئۇنىڭدىن ھاكىمنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلدى، ھەتتا رابىگۈل بىلەن ئارىلىشىۋاتقىلى قانچە ۋاقىت بولغانلىقىنىمۇ سورىدى. ئۇ رەنادىن ئەنسىرەپ تۇراتتى. ئۇ: «رەنا تەييار تەجرىبىدە يول تېپىپ كەتكىنى بىلەن، قالايمىقان، مۇرەككەپ بازارغا ماسلىشالمايدۇ» دەپ ئەنسىرەيتتى.

ھەش - پەش دېگۈچە يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئارىلىقتا ھاكى رەنا بىلەن رابىگۈلگە پارىژنىڭ ئايروپىلان بېلىتىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى پارىژغا ساياھەت قىلىپ كېلىشكە يولغا سالدى. ھاكى: «بىزگە رەنانىڭ ئايىغى ياراشتى، رەنا كېلىپ شىركىتىمىزگە پاي قوشقاندىن كېيىن سودا ئىشلىرىمىز ياخشى بولدى، مانا يېرىم يىل ئىچىدە ئوبدانلا پۇل تېپىۋالدۇق، ئەمدى سىلەر بىر ئويناپ كېلىڭلار» دەپ ئۇ ئىككىسىنى بىر يىپقا باغلاپ يولغا سېلىپ قويغانىدى. ئۇلار پارىژدا ئون بەش كۈن تۇردى، نۇرغۇن داڭلىق ساياھەت نۇقتىلىرىغا باردى. بولۇپمۇ، سۈرەتتەك گۈزەل يېزىلىرىغا بېرىپ ساياھەت قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە قونۇپ ھۇزۇرلاندى. رابىگۈل رەناغا: «مەن سېنى يۈزدەيۈز قوللايمەن، ئاداش، بىز پۇل تېپىپ باي بولمىساق بولمايدۇ، پۇل تاپساق پارىژنىڭ مۇشۇنداق يەرلىرىدىن ئۆي - ماكان سېتىۋالىمىز، تۇرمۇشىمىز گۈلدەك ئۆتىدۇ، جېنىمىز راھەت تاپىدۇ، بايلىقنىڭ ھۇزۇرىنى كۆرىمىز» دېدى. قىسقىسى، ئۇلار پارىژغا كەلگەندە بەكمۇ جانلىنىپ كەتكەنىدى، يېقىنقى زامان دۇنيا مەدەنىيىتىگە ئۇل سالغان پارىژ مەدەنىيىتى ئۇلارنىڭ خاتىرىسىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى.

ھاكى شىركەتنىڭ يېرىم يىللىق پايدىسىنى ھېسابلاپ چىقىپ، رەناغا بېرىشكە تېگىشلىك پۇلنى قولىغا تۇتقۇزدى. رەنا رابىگۈل بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىنادىن بىر يۈرۈش ئۆي سېتىۋالدى، ئۇ ئۆينى شىنجاڭدىكى ئۆيىگە ئوخشاش قىلىپ

بېزەپ، رابىگۇلنىڭ ئۆيىدىن كۆچۈۋالدى. مۇشۇ جەرياندا ئۇ ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە باش قاتۇردى، ئۇ دەسلەپتە شىنجاڭدىن مال كىرگۈزۈپ «شىنجاڭ تاللا بازىرى» دەپ نام قويۇپ، بىر چوڭ تاللا بازىرى ئېچىش ئويىدا بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا ھاكى قوشۇلمىدى، رەنا ئۆز ئالدىغا ئۆي ئېلىپ رابىگۇلنىڭ ئۆيىدىن كۆچۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ھاكى ئۇنى پات ـ پات «يوقلاپ» تۇردى، مۇشۇنداق كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ رەنا بىلەن پاراڭلىشىپ قالدى.

— يېقىندىن بېرى بەك تولا كېلىۋالىدىغان بولدىڭىز، ھاكى، رابىگۇل بىلىپ قالسا ئىشنىڭ چوڭى چىقمىسۇن يەنە.

— ئۇ مېنىڭ ھەرقانداق ئىشىمغا ئارىلاشمايدۇ، رەنا، رابىگۇل يا مېنىڭ ئايالىم ئەمەس، ئۇمۇ ئەركىن ئادەم، مەنمۇ ئەركىن ئادەم، بىز ھەممىمىز ئۆزىمىزگە مەسئۇل بولىمىز. توغرا، بىز ئارىلىشىۋاتىمىز، لېكىن مەن ئۇنىڭغا ھېچقانداق ۋەدە بەرمىگەن، ئۇمۇ ماڭا ھېچقانداق ۋەدە بەرمىگەن، كەلگۈسىدە ئەگەر ھەرقايىسى جەھەتتىن مىجەزىمىز كېلىشىپ قالسا، توي قىلىشىمىز مۇمكىن، بولمىسا مۇشۇنداق دوست بولۇپ يۈرىدىغان گەپ. ئۇمۇ ئەتىسى ـ ئاخشاملىرى بىر ئەرگە موھتاج بولۇپ قالىدۇ، مەنمۇ بىرەر ئايال بىللە بولۇپ مىجەزىمنى تەڭشىشىم كېرەك، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى مۇناسىۋەت مۇشۇنداق ئاددىي.

— مۇنداق دەڭ، ھاكى...

— ئەمدى رەنا، ھېلىقى تاللا بازىرى ئاچىمەن دېگەن ئىشىڭىزغا بەك ئالدىراپ كەتمەڭ، ھازىر بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا بۇنداق تاللا بازارلىرى بەك جىق بولۇپ كەتتى، بەزىلىرى تاقىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ، ئەگەر سىز تاللا بازىرى ئاچىمەن دېسىڭىز، ھازىرلا سىزگە ئۆزىنىڭ تاللا بازارلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان ئادەم چىقىدۇ، لېكىن سىز بۇنداق بازار ئېچىپ نەپ ئالالمايسىز، شۇڭا ھازىرچە بازار ئېچىش ئويىڭىزنى قاتلاپ قويۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرۇق. يېقىندا ئاڭلىسام بازاردا گۆرۈچ بەك مېڭىۋېتىپتۇ، ئەگەر شىنجاڭدىن تۇركومەلەپ گۆرۈچ كىرگۈزگىلى بولسا، بۇ ئىشتىنمۇ ئاز ـ تولا نەپ ئالغىلى بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

ــ بۇ ئاۋارىچىلىكى جىق ئىش، ھاكى...

ــ شۇنداق، بۇ ئاۋارىچىلىكى جىقراق، ئۇششاق ئىش... ئۇنداق بولسا ئاساسىي كۈچىڭىزنى بىزنىڭ شىركەتكە قارىتىڭ، مەن ئۆتكەندە ئومۇمىي پىلانىمنى سىزگە ئېيتقان، ھازىر بۇ يەردە كورېيە بىلەن ياپونىيەنىڭ ماشىنىلىرى بەك ياخشى بازار تېپىۋاتىدۇ، ھەممە ئادەم بىر يەردىن پۇل تېپىۋالغاندەك ماشىنا ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. قاراڭ، بىز مەبلەغنى جىقراق سېلىپ جىقراق ماشىنا كىرگۈزەيلى، قېتىم سانىنىمۇ كۆپەيتەيلى، مۇشۇنداق قىلساق يەنە نەچچە يىل ئىچىدە ئوبدانلا پۇل تېپىپ كېتىمىز، ئۇ ۋاقىتتا ئۆزبېكىستاندىمۇ بىر شىركەت قۇرساق بولىدۇ، ئاندىن ياۋروپا، ئامېرىكا بازىرىغا قول ئۇزارتساق، ئاستا ـ ئاستا ئامېرىكىنى مەركەز قىلساق، كېيىن شۇ يەرگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ، دۇنياۋى بايلار قاتارىدىن بىز ئۇيغۇرلارمۇ ئورۇن ئېلىپ باقساق... مېنىڭچە ھازىرقى ئەڭ ياخشى ئوقەت ماشىنا ئېلىپ ـ سېتىش، پاكىز بىر ئىش، پايدىسىمۇ ياخشى !

ــ مەن ئويلىشىپ باقاي، ھاكى...

ئەسلىدە رەنا ھاكى دېگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ قورسىقىدا ئىزچىل ھالدا ئۆز ئالدىغا بىر ئىش قىلسام بولاتتى، دەيدىغان ئوي بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ ھاكىمنىڭ شىركىتىگە باشچىلاپ كىرىپ كەتمىگەنىدى. شىركەتنىڭ پايدىسى قانچە ياخشى بولسىمۇ، ئۇ خەقنىڭ شىركىتى، مەن ئۆز ئالدىمغا بىر شىركەت قۇرۇپ بىر ئىش قىلىشىم كېرەك، دەيتتى. ئۇنىڭ پىلانى يەنە شۇ «شىنجاڭ تاللا بازىرى» ئېچىش ئىدى، ئۇ بۇ ئىشنى كاللىسىدا خېلى ئۇزاق پىششۇرۇپ كەلگەنىدى. شىنجاڭدىن مال كىرگۈزۈپ، ھەرقايسى تەرەپتىن

تىرىشسام، مۇشۇ ئەتراپتىكى تاللا بازارلىرىنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيمەن، دەپ ئويلايتتى. مانا ھاكىملىق گېپى ئۇنى يەنە قايتا ئويغا سېلىپ قويىدى. ئۇ ئاخىرقى بىر پىكىرگە كېلەلمەي رەپقەتكە تېلېفون بەردى، چۈنكى رەپقەت ئۇنى شۇ كۈنى بازارغا ئۇزىتىپ چىققاندا: «ھەرقانداق بىر ئىش قىلماقچى بولسىڭىز ماڭا بىر مەسلىھەت سېلىڭ، ماڭا تېلېفون بېرىڭ، يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس، دېگەن گەپ بار، ئالمۇتا بازىرى مۇرەككەپ، ھەرقانداق ئادەمگە ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كەتمەڭ» دېگەنىدى.

رەپقەت شىنجاڭدا ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ مەسلىھەت بەرگەنىدى: «رەنا، ھازىرقى ئەھۋالىڭىزدىن قارىغاندا، ئەڭ ياخشى ئىش ھاكىملىق شىركىتىگە پاي قوشۇش ئوخشايدۇ، باشقا ئىشلارغا ئالدىراپ كەتمەڭ، ئۆز ئالدىڭىزغا مۇستەقىل شىركەت قۇرۇش ئىشىغىمۇ ئالدىرىماڭ، ئالدى بىلەن قىلىدىغان ئىشىڭىز ئېنىق بولسۇن، شۇ ۋاقىتتا يەنە مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىمىز. ھەرگىز ئالدىراپ كەتمەڭ، قولىڭىزدىكى پۇلنى چىڭ تۇتۇڭ، ئەمدى ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا رابىگۇل بىلەن ھاكىمغا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمۇ ياخشى ئىكەن، بىر ـ ئىككى يىل ئاشۇ شىركەتكە پاي قوشۇپ تۇرسىڭىز، قالغان ئىشلارنى ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ بىر تەرەپ قىلىمىز» دېدى. رەپقەتنىڭ پىكرى رەنانىڭ ئويى بىلەن ئوخشاش چىقتى، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ قولىدىكى ھەممە پۇلنى ھاكىملىق شىركىتىگە تاپشۇردى. ئۆزىمۇ پات ـ پات شىركەتكە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىدى.

راست دېگەندەك كېيىنكى يېرىم يىلدىمۇ ھاكىلارنىڭ ماشىنا سودىسى بەك ياخشى بولدى، ئالمۇتادا كورېيەنىڭ داڭلىق ماشىنىسىنى سېتىۋېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى، كىشىلەر بەسلىشىپ كورېيەنىڭ ماشىنىسىنى ئېلىۋاتاتتى. ھاكى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، كەينى ـ كەينىدىن ماشىنا كىرگۈزۈپ، كېيىنكى يېرىم يىلدا خېلى جىق پۇل تېپىۋالدى.

رەپقەت بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولۇپ قالدى. ئۇ رەنا ئۈچۈن خۇشال بولۇپ: «مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ماڭا خوتۇن بولغان ئايال، ئەگەر ئۇ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا ئەلۋەتتە مېنىڭمۇ يۈرىكىم ئېچىشىدۇ» دەيتتى.

يېڭى يىل كېلىپ قالغانىدى. رابىگۇل پۈتۈن دىققىتى بىلەن يېڭى يىل كېچىلىكىگە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

ھاكى شىركەتنىڭ يېرىم يىللىق ھېساباتىنى قىلىپ، رەناغا تېگىشلىك پايدا سوممىسىنى تۇتقۇزدى. ئامېرىكىنىڭ 16 ـ نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى لىنكولىنىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن دوللار ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئوبدانلا خۇش قىلغانىدى. توغرىسى ئۇ ھاكىنىڭ «ئامېرىكا چۈشى» گە ئىشىنىپمۇ قېلىۋاتاتتى.

يېڭى يىل كېچىسى ئۇلار رابىگۇلنىڭ ئۆيىگە يىغىلدى، رابىگۇل بىلەن ھاكى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىدىن يىگىرمىگە يېقىن ئادەمنى چاقىرغانىدى. رابىگۇل ئالمۇتانىڭ ئادىتى بويىچە ئالتە خىل ھاراق ئېلىپ تەييارلىق قىلغانىدى، داستىخان بەك مول، بەك چىرايلىق راسلانغانىدى، رابىگۇل ئالمۇتاغا كەلگەندىن كېيىن مۇشۇ يەرنىڭ قائىدىسىگە بەك تېز سىڭىپ كەتكەنىدى، ئۇ ھەممە تائاملارنى مۇشۇ يەرنىڭ قائىدىسى بويىچە تەييارلىدى، ئۇ ھەممە ئىشقا شۇ قەدەر ئەھمىيەت بەرگەنىدى.

تاماقتىن كېيىن ئويۇن رەسمىي باشلىنىپ كەتتى، سېمىز چوكانلار سۆزلەپ تۇرۇپ ھاراقنى كوم ـ كوم ئىچەتتى. ئۇلارنىڭ يوغان كۆزلىرى ئەرلىرىنىڭ تايىنىنى قىستاپ قوياتتى. رەنا ھاياتىدا ئۈچۈق ـ ئاشكارا ھالەتتە بىرىنچى قېتىم ئاق ھاراق ئىچتى. ئۇنى رابىگۇل زورلاپ تۇرۇۋالغانىدى. رابىگۇلنىڭ كەينىدە ھاكى بار ئىدى. رابىگۇل رەنانى يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن چىرايلىق ئارزۇ ـ ئىستەكلەرنى بىلدۈرۈپ مۇبارەكلىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا بىر رومكا ئاق ھاراق تۇتتى، خۇشاللىق ئىچىدىكى رەنا رابىگۇلنىڭ قولىدىكى رومكىنى ئېلىپ

ئىچىۋەتتى، ئۇلارغا دىققەت قىلىپ تۇرغان ھاكى بۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. دېمەك، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەمدى رەنا بىلەن ئاق هاراق ئىچەلەيدىغان بولغانىدى. رەنا ئۈچ رومكا هاراق ئىچكەندىن كېيىن، چىرايى ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈزىدىكى كىچىك چېچەكمۇ ئېچىلغان تاغ گۈلىدەك پارقىراپ كەتتى.

يېڭى بىر يىل ئالمۇتا شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدا مەست هالەتتە پەيدا بولدى. يوللار، دەرەخلەر، ماشىنىلار، ئىرىق ـ ئۆستەڭلەر، ئاسمانلارنىڭ ھەممىسى مەست ئىدى. ئۇلار بىرنەچچە كۈن يولىنى تاپالماي قېيىپ يۈردى. ئاخىر ۋولگا دەرياسى تەرەپتىن كەلگەن شاماللار ئۇلارنى ئاستا ـ ئاستا سەگىتىپ ئەسلىگە كەلتۈردى. ئاپپاق قار ئىرىشىپ يوللاردىكى سەتچىلىكلەرنى يېپىپ تۇراتتى، قارلارنىڭ ئارىسىغا ئارىلىشىۋالغان رىۋايەتلەر كېچىدە قالغان ئادەملەرنىڭ يانچۇقلىرىغا كىرىۋېلىپ ئۇلارنى ئۆيلىرىگە ئەكىرىپ قوياتتى، قىش بوۋاي مەغرۇر ھالدا ئۆيىنىڭ ئالدىدا تۇرغان كىچىك باللارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇلارنى قۇچاقلاپ يۈزلىرىگە سۆيۈپ: «مانا ئەمدى سىلەر تېز چوڭ بولىدىغان بولدۇڭلار، مەن سىلەرگە بۆرۈتۈم بىلەن ساقىلىمنى يۇقتۇرۇپ قويدۇم» دەپ ئۇلارنى خۇشال قىلاتتى. قىش ھەممە يەرنى ئاپپاق دۇنياغا ئايلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، تام مەشنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئوتقا دەردىنى ئېيتىۋاتقان ئادەملەرگە تەسەللى بېرەتتى. ئاپپاق قارلار تالادا قۇياش بىلەن يۈز تالىشاتتى، ئۇنى يورۇتۇپ، يوقاتماقچى بولغان قۇياش نۇرلىرى بىلەن ئېلىشىپ قالاتتى. قار ھارغان زېمىننىڭ ھالىنى سورايتتى، قۇياش ھارغان ئادەملەرنىڭ ھالىنى سورايتتى. ئالەمدىكى ھەممە رىۋايەتلەر شەھەرگە يىغىلىپ بەس ـ بەستە قىش بوۋاينى مۇبارەكلەۋاتقان كۈنلەردە، رەنا ئالمۇتانىڭ ئازادە، ئادەم يوق كوچىلىرىدا مېڭىپ بىر ئاشخانىغا كىرىپ تاماققا ئولتۇردى. ئۇ تاماق بۇيرۇتۇپ بولۇپ، دېرىزىدىن تالادىكى

قارلارغا سالام بېرىۋاتقاندا، رىۋايەت ساندۇقىدىن قىچىپ چىققان بىر ئادەم تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قېشىدا پەيدا بولدى، رەنا بۇ ئادەمگە قاراپ چۆچۈپ كەتتى، ئۇ بۇ ئادەمنى چۈشىدە كۆرگەنىدى، ئۇ ئادەم قەيسەر ئىدى. قەيسەر رەناغا قاراپ كۈلدى. ئۇنىڭ شوخ كۆزلىرى رەنانىڭ كۆزلىرى بىلەن قوچاقلىشىۋالدى، ئۇ رەنانىڭ ئېسىگە كەلدى. ھە راست، ئۇ قەيسەر بىلەن شىنجاڭدا تونۇشقانىدى، ئۇلار بىرنەچچە قېتىم سورۇندا بىللە بولۇپ قالغانىدى، قەيسەر كۈلۈپ تۇرۇپ ئەھۋال سورىدى:

— سىز بىلەن ئالمۇتادا كۆرۈشۈپ قالغىنىمنى قاراڭ، بۇياققا قاچان كەلگەنىدىڭىز؟

— بىر يىل بولدى...

— ئىش ـ ئوقەت بىلەن كەلگەنىدىڭىزمۇ؟

— ھەئە...

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— ھازىرچە بىر ئىش قىلىپ كېتەلمىدىم، بىر دوستۇم بار ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىمەن.

— ھە، مۇنداق ئىكەن ـ دە! ماڭا تۆت يىل بولدى، مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتىمەن، شىنجاڭدا، يەنە گۇاڭجوۋ شەھىرىدە شېرىكلىرىم بار، ئۇلار ماڭا مال سېلىپ بېرىدۇ، ئاساسەن بۇياققا كىيىم ـ كېچەك كىرگۈزۈۋاتىمەن، مۇشۇ يەرنى بازا قىلىپ باشقا شەھەرلەرگىمۇ مال سېلىۋاتىمەن، ھەرھالدا ئىش ـ ئوقىتىمىز يامان ئەمەس...

— ھە، ئەمىسە يول تېپىپ كېتىپسىز.

— تاپاۋىتىمىز يامان ئەمەس، بىراق ئاز ـ تولا كاشىلىغىمۇ ئۇچراپ تۇرىمىز، بازارنىڭ بەزىبىر نوچىلىرى، ساقچىلىرى پات ـ پات ئاۋارە قىلىپ تۇرىدۇ، بۇ يەرنىڭ مۇشۇ يېرى يامان...

— ئەمىسە ساقچىلار بىلەن ئاغىنە بولۇۋالسىڭىز بولىدىكەن.

— ئەمدى شۇنداق قىلمىساق بولمىدى، نەچچە زاماندىن بېرى

ئۆزىمىزنىڭ ئىشلىرى بىلەن يۈرۈپتۇق، مانا ئەمدى مۇناسىۋەت قىلمىساق بولمىدى...

رەنا بۇيرۇتقان تاماق كەلدى، رەنا قەيسەرنى تاماققا تەكلىپ قىلدى، قەيسەر: «مەن هازىر تاماق يەۋالغان، ئاشخانىدىن چىقىپ كېتىۋاتسام سىزنى كۆرۈپ قالدىم، كۆرۈشۈپ قوياي دەپ قېشىڭىزغا كېلىشىم» دېدى. ئاندىن رەنانى تاماققا تەكلىپ قىلدى، رەنا تاماقنى ئالدىغا تارتتى.

— سىز ئازادە ئولتۇرۇپ تامىقىڭىزنى يەۋېلىڭ، رەنا، مەن سىرتقا چىقىپ بىر قاپ تاماكا ئېلىۋالاي، هازىر كىرىمەن.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا قاراپ ماڭدى.

رەنا ئەتراپقا قاراپ قويۇپ تاماق يېيىشكە كىرىشىپ كەتتى. قېشىدا دېرىزىنىڭ چىرايلىق پەردىسى ئۇنىڭغا هەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭغا تالادىكى قارلارنىڭ هېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، قاراڭغۇدا قارلار ئاشخانىنىڭ ئالدىدىكى يوغان ئاكاتسىيەنىڭ جىنلىرى بىلەن دېيىشىپ قالاتتى، جىنلار: «سىلەر كېلىپ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى بۇزدۇڭلار، بىز بۇرۇن كېچە ـ كۈندۈز تالادا كاللىمىزغا كەلگەن ئىشلارنى قىلاتتۇق، مانا ئەمدى سوغۇقتا تىترەپ ئىگىمىزگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان بولدۇق» دەپ قارلاردىن رەنجىيتتى. چىرايلىق ئىشلەنگەن گۈللۈك پەردە چېچەكلىرىنى رەنانىڭ بېشىدا ئايلىنىپ يۈرگەن خىياللىرىغا داملاپ تۇراتتى، ئۆزىنىڭ ئازادە هالىتىنى رەناغا كۆز ـ كۆز قىلاتتى.

قەيسەر تاماكىسىنى چەككەچ ئاشخانىغا كىرىپ، كاسسىرنىڭ ئالدىغا بېرىپ رەنانىڭ تامىقىنىڭ پۇلىنى تۆلىۋەتتى، ئاندىن رەنانىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— يەنە ئازراق بىر نېمە يەمسىز؟ بۇلارنىڭ كاۋىپى بەك ياخشى، سىزگە چاچماي ئەكىرسۇن.

— رەھمەت، قورسىقىم تويدى، راست، مەن بۇ يەرنىڭ مۇشۇ كاۋاپقا سىزگە چېچىپ پىشۇرىدىغان ئىشىغا بەك هەيران.

— شۇنى دېمەمسىز، مەن ئۇلاردىن نەچچە قېتىم سورىدىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭلار دېسەم، ئۆگىنىپ قاپتۇق دەيدۇ.

— ھەر يەرنىڭ مۇشۇنداق بىر ئىشى بولىدىكەن، مەسىلەن، شىنجاڭدا بىزنىڭ يۇرتتا كاۋاپقا لازا چېچىپ پىشۇرىمىز، خوتەن، قەشقەردە تۇز، زىرە تەمى بىلەن پىشۇرىدىكەن، ئوخشىمايدىكەن، بىز تاتلىق گۆشنى ئاچچىق قىلىپ يەيدىكەنمىز، ئۇلار تاتلىق گۆشنى تېخىمۇ تاتلىق قىلىپ پىشۇرۇپ يەيدىكەن. يازدا بىر دوستۇم بىلەن پارىژغا بېرىپ ساياھەت قىلىپ كەلدۇق، بىر رېستورانغا كىرىپ كالا گۆشى بۇيرۇتتۇق، مۇلازىم: «گۆشنى سىلەرگە قانچە پىرسەنت پىشۇرۇپ بېرىمىز» دەيدۇ، بىز ئۇلارنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمىدۇق، كوچىلاپ سورىساق: «ئەسلىي گۆشنى بوشراق پىشۇرىمىزمۇ ياكى ئۇزاق تۇرغۇزۇپ تازا سىڭدۈرۈپ پىشۇرىمىزمۇ؟» دېگىنى ئىكەن، بىز: «تولۇق پىشۇرۇڭلار» دېدۇق. دېمەك، ئۇلار گۆشنى بىزگە ئوخشاش بەك قايناتماي پىشۇرۇۋېتمەيدىكەن، بىر يەرنىڭ ئىشى يەنە بىر يەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن.

— بالدۇر كۆرۈشەلمەپتۇق، رەنا، بولمىسا پارىژغا سىزنى ئۆزۈم ئېلىپ چىقاتتىمكەن! — دېدى قەيسەر كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

— ئىگىسى بۇيرۇمىغان گەپ ئىكەن، — دېدى رەنا، — ئەمىسە چىقايلى، قەيسەر.

ئۇلار دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى، رەنا كاسسىر تەرەپكە مېڭىۋېدى، قەيسەر ئۇنى چاقىرىۋالدى:

— بولدى، تاماق پۇلىنى مەن تۆلىۋەتتىم، رەنا، — دېدى.

— سىزنى ئاۋارە قىپتىمەن - دە، قەيسەر، پۇلىڭىزنى چاك تۇتۇڭ، يازدا سىرتقا چىقىدىغان پۇلىڭىز تۈگەپ كەتمىسۇن يەنە.

— پۇلنىڭ گېپىنى قىلماڭ، رەنا، سىز ئۈچۈن جېنىم پىدا.

— پۇلنىڭ گېپىنى قىلمىساق بولمايدۇ، قەيسەر،

ھەممىمىزنى ئويىنىتىۋاتقان نەرسە مۇشۇ پۇل.

ئۇلار ئاشخانىدىن چىقتى، ناھايىتى سوغۇق ئىدى، رەنا نوركا چاپىنىنىڭ ياقىسىنى ئۆرۈپ چىقىرىپ، ئۆزىنى ئوڭشىدى، قەيسەر ئۇنىڭغا قارىدى:

— قاتتىق سوغۇق بولىدىغان يەر ئىكەن بۇ، رەنا، ئەسلىدە مەشكە ئوتنى قالاپ قويۇپ ئۆيدىن تالاغا چىقماي، دېرىزىدىن ماراپ قىشنى چىقىرىدىغان يەر ئىكەن بۇ!

— ئۇ ۋاقىتتا بىر قىش كوچىغىمۇ چىقمايسىزكەن ـ دە !

— سىزدەك پەرىلەر كېلىپ قالسا دەرھال بېشىمىزنى كۆتۈرىمىز !

رەنا كۈلۈپ كەتتى:

— خوش، ئەمىسە !

— مېنىڭ ئۆيۈم ئالدىمىزدىكى كوچىدا، 3 ـ رەت 15 ـ دومدا، ئۆزۈم يالغۇز تۇرىمەن، بىرىپ ئۆيۈمنى كۆرۈۋېلىڭ، كېيىن بىرەر ئىش بولۇپ قالسا ئىزدەيدىغانغىمۇ ياخشى، — دېدى قەيسەر.

— كېيىن بىر پۇرسەت بولار، قەيسەر، — دېدى رەنا، — يانفونىڭىزنىڭ نومۇرىنى يانفونىمغا كىرگۈزۈۋالاي ئەمىسە !

رەنا قەيسەر بەرگەن نومۇرنى يانفونغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئارقىدىن قەيسەرگە تېلېفون بېرىش شەكلىدە ئۆزىنىڭ يانفون نومۇرىنى ئۇنىڭ يانفونغا يوللىۋەتتى.

— ئەمىسە ياخشى كۈنلەرمۇ كېلىپ قالار، رەنا، بۈگۈن مۇشۇنداق بىر كۆرۈشۈپ قالدۇق، ئەتە سىزگە تېلېفون بېرىمەن، بىزنىڭ ئۆيدە ئولتۇرىمىز، ياخشى پاراڭلىرىم بار، سىزگە ئوخشاش چىرايلىق قىزلارنى كۆرسەم سۆزلىگۈم كېلىپلا تۇرىدۇ، يا قورسىقىم ئاچمايدۇ، قاراڭ، ئىچىلىپلا كېتىمەن...

رەنا ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۈلدى، ئىچىدە قەيسەرگە قايىل بولۇپ قالدى: «بۇرۇن سىرداشماپتىكەنمەن، ياخشى بالا

ئىكەن بۇ !» دېدى ئۇ ئىچىدە.

ــــ رەھمەت قەيسەر، مەن بىر كۈنى سىز بىلەن ياخشى بىر پاراڭلاشسام بولغۇدەك !

ــــ پاراڭلىشايلى، سىزگە دېدىمغۇ، مەن سىزدەك پەرىلەرنى كۆرسەم توختىماي سۆزلەپ كېتىمەن، سىز بۇ بازاردا ھەممە ئادەمگە گۇمان بىلەن قارىمىسىڭىز بولمايدۇ، مەسىلەن، سىز بۈگۈن مېنىڭ بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك سودىلاشتىڭىز، ئەگەر ئەتە سەللا دىققەت قىلمىسىڭىز، مەن ئەمەتكە ئۆزگىرىپ قېلىشىم مۇمكىن، شۇڭا بۇ يەردە بىر ئادەمگە ئىككى كۆز، بىر كاللا ئازلىق قىلىدۇ، شىنجاڭدا يەتكەن كۆز بۇ يەردە يېتىشمەيدۇ، شۇڭا بۇ يەردە تۆت كۆزلۈك ئادەم بولۇپ يېتىلىشىڭىز كېرەك، قىسقىسى، ھەرقانداق ئادەمگە گۇمان بىلەن قاراشنى ئۇنتۇماڭ...

ئۇلار خوشلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ يولىغا ماڭدى، رەنا قەيسەرگە قايىل بولۇپ قالدى. يولىنىڭ چېتىدىكى قارلارنىڭ ئارىسىدا زېرىكىپ تۇرغان رىۋايەتلەر رەناغا ھەمراھ بولۇپ ئۆيگە ئاپىرىپ قويدى.

رەنا ئۆيگە كىرىپ كارىۋاتتا يېتىپ ئارام ئېلىۋاتقاندا، غۇلجىنىڭ ئەركىن بازىرىدا، بىر مەست بىر ئۇلاڭ، بىر تەتۈر دەسسەپ بىر قاۋاققا كىردى، ئۇ قاۋاقنىڭ غوجايىنىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــــ بىر گېپىم بار، قۇلىقىڭنى ئەكەل، ــــ دېدى.

ــــ قىز بالىدەك مىجەزى بار نەرسە ـ دە، مۇشۇ، دەۋەرمەمسەن! ــــ دېدى غوجايىن.

ــــ بىلىپ قوي، سەندە ھېسسىيات دېگەن بىر نەرسە يوق جۇمۇ ! ــــ دېدى مەست، ــــ ماڭا قارا، ئېگىشە، ماۋۇ مەخپىي گەپ جۇمۇ، ئىنسانغا تىنما، مۇشۇ يېڭى يىلدىن باشلاپ بازاردا قوي گۆشىنىڭ ئورنىغا تۆگە گۆشى سېتىلىدىكەن...

غوجايىن كۆلۈپ كەتتى:
— ھە، يەنە نېمە گەپ ئاڭلىدىڭ؟
— بازاردا گەپ جىق، قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆيىگە ئىچ كۇيىۋ ئوغۇل بولۇپ كىرگەن گۇيلارنىمۇ تىزىملايدىكەن...
— ھە، ھە، گەپ قىلە...
— سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ خوتۇنىغا سالام بەرمىگەن گۇيلارنىمۇ تىزىملايدىكەن...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

## ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە

رەنا ئالمۇتادا قەيسەر بىلەن بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشكەندىن كېيىن، مەقسەتلىك هالدا ئەتراپتىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئېسىگە رەپقەتنىڭ بەزى گەپلىرى كېلىپ قالدى، مۇشۇ كۈنلەردە رەپقەت ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ تېلېفون بېرەتتى: «ئېگىز ـ پەس ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ قالماڭ، ‹قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى› دېگەن گەپ بار، هەممە ئىشتا ئۆزىڭىزگە چىڭ بولۇڭ» دەيتتى. قەيسەرمۇ ئۇنىڭغا مۇشۇنداق مەزمۇندا سۆزلەيتتى. رابىگۈل بىلەن هاكى ئۇنىڭ روهىي هالىتىدىكى مۇنداق ئۆزگىرىشلەرنى بايقاپ تۇردى، قەيسەرنىڭ ئۇنىڭغا: «هەممە ئادەم ۋە ئىشلارغا گۇمانلىق قاراشقا ئادەتلىنىڭ» دېگەن گېپى ئۇنىڭغا هەقىقىي تەسىر قىلغانىدى. چۈنكى، ئۇ هاكىغا، ئۇنىڭ «ئامېرىكا چۈشى» گە ئىشىنىپ هەممە پۇلىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويغانىدى. مۇشۇ ئىش، مۇشۇ تەۋەككۇلچىلىك ئۇنى دەككە ـ دۈككىگە سېلىپ قويغانىدى. «ئۇ هەممە تۇخۇم بىر سېۋەتكە ئېسىلىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ» دەپ ئەنسىرەپ قالغانىدى. هاكىدا بىرەر يامان نىيەت يوقمۇ؟ ئۇ ئويلىنا ـ ئويلىنا ئاخىر مۇشۇنداق بىر خىيالغا كېلىپ قالدى، لېكىن ئۇ دەرهال بۇرۇنقى كەيپىياتىغا قايتتى: «‹گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ› دېگەن گەپ بار، بۇنداق خىياللارنى ئاز قىلاي... توۋا، مەن ئەمدى ئۇيەر ـ بۇيەردە يۈرمەي، كۈندە

شىركەتكە بېرىپ ئىشلىسەم بولىدىغان ئوخشايدۇ، مۇشۇنداق قىلغاندا شىركەتنىڭ ئاساسىي ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىمەنكەن !» دېدى رەنا. ئۇ يېڭى بىر ئوي - پىكىرگە كەلگەندىن كېيىن، قورسىقىدىكى گەپلەرنى ھاكىغا ئېيتتى:

— ھاكى، ئەمدى مەن بۈگۈندىن باشلاپ شىركەتنىڭ سودا ئىشلىرىغا رەسمىي ئارىلىشاي، مەن بۇنداق يۈرىۋەرسەم بولمىغۇدەك، مەنمۇ ماشىنا كىرگۈزۈپ سېتىشنى ئۆگىنەي، ماڭىمۇ ۋەزىپە قىلىپ بېرىڭ !

— بولىدۇ، بىر يىلدىن بېرى مەن سىزنى شىركەتنىڭ ئىشلىرىغا زورلاپ كەتمىدىم، بىرىنچىدىن، سىزنى شىركەتنىڭ ئۇششاق ئىشلىرىغا باغلىۋالماي دېدىم؛ ئىككىنچىدىن، بازار كۆرسۇن، قىلماقچى بولغان ئىشلىرى ئۈستىدە ياخشىراق ئويلىنىۋالسۇن، دېدىم. ئەمدى شىركەتكە كېلىپ ئىشلەيمەن دېسىڭىز، بۇ مەن ئۈچۈن بەك ياخشى ئىش، رەنا، ئەمدى بىزنىڭ كەلگۈسى شىركىتىمىزنىڭ ياۋروپالىشىشى، ئامېرىكىغا يۈزلىنىشى ئۈچۈن سىزدىمۇ تەييارلىق بولۇش كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈندە جامالىڭىزغا قاراپ ئىش قىلسام باشقىچە ياشىرىپ كېتىمەن ئەمەسمۇ !

— ئەمىسە مەن ئەتىدىن باشلاپ شىركەتكە بېرىپ ئىشلەي.

— ياخشى، رەنا، سىز شىركەتكە كەلسىڭىز ھەممە ئىشلىرىمىز روناق تېپىپ كېتىدۇ، سىز بىلىسىز، سىز كېلىپلا بىزنىڭ ئىشلىرىمىز جانلىنىپ كەتتى.

رەنا ئەتىسى ئەتىگەندە شىركەتكە بېرىپ ئىشلىدى، ئۇ كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ شىركەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللىرىنى كۆرۈشكە باشلىدى، نېرى تۇرۇپ ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىنى بايقاۋاتقان ھاكى ئىچىدە: «ئۇ چوقۇم بىر ئىشنى ئويلاۋاتىدۇ» دېدى.

كەچتە رەنا رابىگۈل بىلەن كۆرۈشتى، ئۇ رابىگۈلگە قورسىقىدىكى ھەممە گەپنى دەۋەتتى:

— مەن چوقۇم چوڭ قىلىپ بىر تاللا بازىرى ئاچمىسام بولمايدۇ، ئاداش، ئالمۇتا بويىچە، يەنە شىنجاڭدىمۇ يوق بىر تاللا بازىرى ئاچىمەن، ئۇ مۇشۇ ئىككى شەھەردە بىردىنبىر كۆلىمى چوڭ، مال تۈرلىرى تولۇق ھەمدە باشقا مۇلازىمەتلىرىمۇ بار بىر تاللا بازىرى بولۇشى كېرەك. ھازىر ئورۇن ئىزدەۋاتىمەن، ئەمدى مۇشۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىچە، مەنمۇ بىرەر ماشىنا سېتىش شىركىتى قۇرايمىكىن دەيمەن. ھاكىمغا ئىشەنمىگەنلىكىم ئەمەس، ئاداش، مەن ئۆز ئالدىمغا بىرەر ئىش قىلسام دەيمەن، ئەسلىدە مەن مۇشۇ يەرگە ئۆز ئالدىمغا ئىگىلىك تىكلەيمەن دەپ چىققان، لېكىن ھازىر ھاكىمغا باغلىنىپ قالدىم، سەن مۇشۇ ئىشنى توغرا چۈشەن، مەنمۇ ماشىنا سودىسى ئىشلىرىغا ئارىلىشاي، بىلمىگەننى بىلەي...

— شۇنداق قىل، ئاداش، مەن سېنى قوللايمەن، ئەمدى مېنىڭ بىر مەسلىھەتىم: سەن پۈتۈن كۈچۈڭنى ئاشۇ ئاچماقچى بولغان تاللا بازىرىغا قاراتساڭ، بىر ماشىنا سېتىش شىركىتى قۇرسام دېيسەن، بۇ ئىشقىمۇ بولىدۇ، بىراق بۇنداق بىر شىركەت قۇرساڭ بارلىق دەسمايەڭ ئاشۇ شىركەتكە كىرىپ كېتىدۇ، بىر يىلدىن بېرى كۆرۈۋاتىسەن، جىق پۇل تەلەپ قىلىدىغان ئىش ئىكەن بۇ، شۇڭا سەن بۇ ئىشنى ياخشىراق ئويلاش.

رەنا رابىگۈل بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، ئۇ كارىۋاتتا يېتىپ يەنە خىيالغا پېتىپ قالدى، ئالمۇتانىڭ ئەمەلىيىتى ئۇ ئويلىغاندەك ئەمەس ئىدى. رەنا بىلەتتى، مەيلى قانداق ئىشتا بولسۇن، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت بولمىسا ھېچ ئىشنى قىلغىلى بولمايتتى، شۇڭا ئۇ ئالمۇتاغا كېلىپ تونۇشقان بەكرى دېگەن بىر ساقچىنى ئېسىگە كەلتۈردى، ئۇنىڭغا تېلېفون بەرمەكچى بولۇپ يانفوننى قولىغا ئالدى، لېكىن ئۇ دەرھال بۇ پىكرىدىن يېنىۋالدى. چۈنكى، ئۇ ئادەتتىكى بىر ساقچى ئىدى، ساقچى باشلىقى بولسا باشقا بىر ئادەم ئىدى، ئۇ ئۇنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىپ يەنە ئۆزىنىڭ خىيالىغا كىرىپ

كەتتى. ئاخىر قەيسەرگە تېلېفون بېرىپ ئۇنى ئۆيىگە چاقىردى: «ئەمىسە كېلىڭ، بىللە تاماق يەيمىز» دېدى.

قەيسەر كوچىلاردا زېرىكىپ يۈرگەن رىۋايەتلەرنىڭ ئاپپاق قاناتلىرىغا ئېسىلىپ ئۇچۇپ كەلدى، يولدىكى قارلار ئۇنىڭ قىلىقىنى كۆرۈپ كۈلۈشتى: «مۇشۇ ئەر دېگەن مەخلۇق قىز - خوتۇن بار دېسە ئالدى - كەينىگە قارىماي ئۇچىدۇ - ھە! قارا ئاۋۇ ئاداشنىڭ سەتلەشكىنىنى، شەپكىسى چۈشۈپ قالسىمۇ قارىماي كېتىۋاتىدۇ» دېيىشتى.

قەيسەر رەنا بىلەن كۆرۈشتى، ئۇ ئېلىپ كەلگەن رىۋايەتلەر ئىشىكنىڭ ئالدىدا قالدى، ئۇلار ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئۆيگە سولاپ ياشىشىغا ھەيران ئىدى.

رەنا قەيسەرنى قىزغىن قارشى ئالدى.

— ئوخشىتىپ مانتا ئەتكەنىدىم، قەيسەر، گېلىمدىن ئۆتمەي سىزنى چاقىردىم.

— شۇ، مەنمۇ ھەرقاچان مانتا ئەتتى دەپ ئالدى - كەينىمگە قارىماي ئۇچقانىدىم.

رەنا قەيسەرنى كېلىدۇ دەپ ناھايىتى چىرايلىق ياسىنىۋالغانىدى. يازدا كىيىدىغان گۈللۈك كۆڭلىكىنى كىيىۋالغانىدى، ئۇنىڭ كۆكسى سىرلىق كۆڭلىكى ئىچىدە پىلىكىدىن ئۇزۇلگەن چىلگىلەردەك ئوينىناپ تۇراتتى. ئۇ پەتنۇستىكى چىرايلىق سىركايىگە چاي قۇيۇپ قەيسەرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، قەيسەرنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆكسىدە قېتىپ قالغانىدى، ئۇنىڭ مۇشۇ دەقىقىدىكى مەنىۋىيىتى رەنانىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى، رەنا كۈلدى، ئۇ قولىدىكى پەتنۇسنى ئاشخانا ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ، قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، قەيسەرنىڭ قېشىغا كەلدى.

— بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز، رەنا...

— بۇرۇن سەتمىتىم؟ — دېدى رەنا كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، بۈگۈن تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ

كېتىپسىز...

« مەنزە، مۇشۇ قىزنىڭ ئالدىدا گەپتىن تۇتۇلۇپ قالىمەنمۇ زادى ! » دېدى ئۇ ئىچىدە.

— رەھمەت قەيسەر، مېنى چىرايلىق دەيدىغان ئادەملەر ئاز ئەمەس، لېكىن سىزگە ئوخشاش چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ چىرايلىق دەيدىغانلار جىق ئەمەس .

— رەھمەت رەنا، مەن سىزنى شىنجاڭدا بىرىنچى قېتىم كۆرگەندىلا ھوشۇمنى تاپالماي قالغان، مانا بۈگۈن ئالمۇتادا مۇشۇنداق چىرايلىق ئولتۇرۇۋاتىمىز، بۇمۇ بىر تەقدىرمىكىن دەيمەن !

— شۇنداق، قەيسەر.

— ئەمىسە ئىككىمىز تەقدىرگە تەن بېرىپ، قول تۇتۇشۇپ ئامېرىكىغا بېرىپ بىر ياشىۋالمايلىما، رەنا؟ — دېدى قەيسەر رەنانىڭ ئىللىق نۇر چاقناپ تۇرغان جەلپكار كۆزىگە قاراپ .

— مەن ئامېرىكىنىڭ يولىنى بىلمەيمەن، قەيسەر، سىز بىلەمسىز؟

— ئامېرىكىنىڭ دوللىرىنى يەرگە تاشلىساق بىزنى ئۇچۇرۇپ ئاپىرىدۇ ....

— ئۇ ۋاقىتتا قەغەزنىڭ كەينىگە كىرىپ تېخىمۇ يىراق بىر يەردە مۇساپىر بولىمىزمۇ؟

— ئۇ بىر ئەركىن دۇنيا، ئۇ يەردە مۇساپىر دېگەن ئۇقۇم يوق ...

— ئۇلار بىزنى مۇساپىر دېمەسلىكى مۇمكىن، لېكىن بىز ئۆزىمىز ئۆزىمىزگە مۇساپىر بولۇپ قالىمىز ـ دە.

— ئەگەر بىز ھەممە ئىشنى ئۇنتۇساق، ئىككىمىزنىڭلا دۇنياسىدا ياشىساق بىزگە ھېچقانداق قايغۇ ـ ھەسرەت يېقىنلىشالمايدۇ ...

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، قەيسەر، لېكىن بۇ مۇمكىن ئەمەس، يىللار ئۆتىدۇ، بىزنى ئويىنىتىۋاتقان، سۆزلىتىۋاتقان

قېنىمىز ھامان بىزنى ئاۋارە قىلىدۇ.

— ئەمىسە ئامېرىكىنى خالىمىسىڭىز، مۇشۇ يەردە ئۆي تۇتايلى.

— ئالمۇتادا ئۆي تۇتمايدىكەنغۇ؟

قەيسەر قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇ ئىچىدە: «تونۇۋا مۇشۇ قىزنى پەقەت گەپتە يېڭەلمەيمىنا؟» دېدى .

— ئىش - ئوقىتىڭىز قانداقراق، رەنا؟ ماڭا سىر بەرمىگىنىڭىز بىلەن مەن ھەممە ئىشىڭىزنى بىلىپ بولدۇم، ھاكىمنىڭ شىركىتىگە پاي قوشۇپسىزغۇ؟

— تۈيغۇن ئىكەنسىز، ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى باشلىۋالغۇچە شۇنداق قىلىپ تۇرغان ...

— بىر قارارغا كەلدىڭىزمۇ؟ نېمە ئىش قىلاي دەيسىز؟

— يەنە شۇ تاللا بازىرى ئاچايمىكىن دەيمەن، كاللامدا چوڭ بىر تاللا بازىرىنىڭ كۆرۈنۈشى بار، مۇشۇ بازارغا جاھاندا بار نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئەكىرسەم دەيمەن. ئۇنى ئۇستى يېپىق بىر شەھەرگە ئايلاندۇراي دەيمەن. يەر ئۇستى شەھەردە نېمە بولسا مۇشۇ شەھەردىمۇ ئاشۇ نەرسىلەر بولسا، پۈتۈن كۈچۈمنى مۇشۇ ئىشقا قاراتسام، شىركەتنى ھەسسىدارلىق شىركىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقسام، ئۇيغۇر دەپ ئېتى بار بايلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قاتنىشىشىنى قولغا كەلتۈرسەم، ئۇن يىلنى بىر تەرەققىيات باسقۇچ قىلىپ بېكىتىپ كاتتا بىر ئىش قىلسام دەيمەن، قەيسەر ...

قەيسەر گەپ قىلمىدى، ئۇ كۆزلىرىنى چىم - چىم قىلىپ بىر ئىشلارنى ئويلاۋاتاتتى .

رەنا قەيسەرگە قارىدى، قەيسەرنىڭ كۆزلىرىدىن سوزۇلۇپ چىققان خىياللار بىر چىگىچ تورغا ئايلىنىپ ئۇنىڭ مەنئۆييتىگە جايلاشقانىدى. قەيسەر ئىچىدە پىكىر قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ رەنانىڭ ئالمۇتاغا كېلىپ تىجارەت قىلماقچى بولغان ھەقىقىي مۇددىئاسىنى بىلگۈسى بار ئىدى.

www.uyghurkitap.com

— سىز مۇشۇ ئىشلارنى شىنجاڭدا قىلىسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى قەيسەر سۇكۇتنى بۇزۇپ.

— بولىدۇ... بىراق مەندە شىنجاڭدىكى ۋاقىتتا بۇنداق ئوي يوق ئىدى.

— ھە... مۇنداق دەڭ، بولدى، رەنا، مەن سىزنى چۈشەندىم ، مەن ئۆزۈمنىڭ مىجەزى بويىچە ھەرقانداق ئادەمگە، ھەرقانداق ئىشقا گۇمانلىق قارايمەن، مەن سىزنىڭ ئالمۇتاغا زادى نېمە ئىش بىلەن كەلگەن مۇددىئايىڭىزنى بىلمەي كەلگەنىدىم، بايامقى بىر ئېغىز گېپىڭىز بىلەنلا سىزنى چۈشىنىپ قالدىم. بۇ ئالمۇتا دېگەن بەك مۇرەككەپ يەر، بۇ شەھەرگە ئەتراپتىكى دۆلەتلەردىن خىلمۇخىل ئادەملەر كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى بىر قىسىملىرى ھارام پۇللىرىنى يالغاندىن ئىككىلا دومىلىتىپ پاكىزلاشتۇرۇپ رەسمىيلەشتۇرۇۋالىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئالمۇتاغا بېرىپ پۇل تېپىپ كەلدىم، دەپ يۇرتىغا بېرىپ بەش ۋاق ناماز ياكى ساخاۋەتچى بولۇۋالىدۇ. بۇ شەھەردە مۇشۇنداق ئادەملەر ئاز ئەمەس. مەن دەسلەپتە سىزنى كۆرۈپ مۇشۇنداق بىر ئويلاردا بولغانىدىم. مانا ھازىر بۇ ئىشلار ئايدىڭلاشتى، بايامقى تاللا بازىرى ئاچىمەن دېگەن ئويىڭىز بەك ياخشى ئىكەن، رەنا. مەن سىزگە بىر مەسلىھەت بېرەي، سىز مېنىڭ مەسلىھەتىمنى ياخشىراق ئويلىشىپ بېقىڭ، سىز مۇشۇ ئىشىڭىزنى شىنجاڭدا قىلىڭ. مۇنداق قارىسام سىز ئۆزىڭىزنىڭ بېغىنى تاشلاپ چەت ئەلگە چىقىپ باغ ئىزدەپ يۈرۈپسىز. توغرا، چەت ئەلنىڭ بازىرىنى بىلىش كېرەك، تەتقىق قىلىش كېرەك. لېكىن، ئۆزىمىزنىڭ ئاساسىنى تاشلىۋەتسەك بولمايدۇ، سىز شىنجاڭدا ئۆزىڭىز ياشاۋاتقان ئاشۇ شەھەرنىڭ نوپۇس سانى بىلەن مۇشۇ ئالمۇتا شەھىرىنىڭ نوپۇسىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ. ئەلۋەتتە، بازار دېگەن ئادەم جىق يەردە بولىدۇ. دېمەك، سىزنىڭ بازىرىڭىز يەنە شىنجاڭ، ئەگەر سىز مۇشۇ ئىشىڭىزنى شىنجاڭدا باشلىسىڭىز، تېز يول تېپىپ كېتىسىز، چۈنكى سىزدە

ئەۋزەللىك بار، شارائىت بار. بۇ ئەۋزەللىك يەنە مۇنداق ئۈچ چوڭ شارائىتقا بۆلۈنىدۇ، ئالدى بىلەن سىزدە ئىقتىسادىي ئاساس بار، ھەرقانداق بىر بانكىدىن قەرز ئالالايسىز؛ ئىككىنچىدىن، ئىجتىمائىي ئاساسىڭىز مۇستەھكەم، مۇناسىۋەت تورلىرىڭىز ھەرۋاقىت ھاجىتىڭىزدىن چىقالايدۇ، مانا بۇ ئەڭ چوڭ بايلىق. بۇنداق مۇناسىۋەت بىر ئادەمنى بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا بىر كۈن ئىچىدە مىليونېر قىلىۋېتەلەيدۇ، بىر ئۈچۈر بىلەن سىزنى كاتتا باي قىلىۋېتەلەيدۇ. مۇشۇ ئىككى ئەۋزەللىكتىن باشقا سىز يەنە بىر تۈركۈم ئىشسىز قالغان ياشلارنى ئىشقا سالالايسىز، ئايلىنىپ كېلىپ بۇمۇ مىللىتىڭىزگە قىلغان بىر خىزمىتىڭىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىنى سىزگە دەپ بەرگەن، رەنا، مەن ھازىر ئالمۇتاغا پېتىپ قالدىم، بۇ يەردىن يۇلقۇنۇپلا شىنجاڭغا كېتەلمەيمەن. ئەگەر مەن بۇرۇن مۇشۇنداق ئىشلارنى ئويلىيالىغان بولسام، مەندىمۇ سىزدەك ئاشۇنداق ئەۋزەللىكلەر بولغان بولسا، مەن بۇ بازاردا بىر كۈن تۇرمايتتىم، شۇڭا سىز ھازىر ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ماڭسىڭىز كېتەلەيسىز، تارتىنىشىدىغان ھېچقانداق ئىشىڭىز يوق، ياخشى ئويلىشىڭ، رەنا!

— توغرا، قەيسەر، مەن بۇ ئىشنى ياخشى ئويلاشمىسام بولمايدۇ، ئەمدى بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن بىرەر ئىش قىلمىساممۇ بولمايدىغاندەك...

— ئەمەلىيەتتە مانا ھازىر ھاكى بىلەن قىلىۋاتقان ئىشىڭىز ئەڭ ياخشى ئىش، پاكىز ئىش، كېتىمەن دېسىڭىز پۇلىڭىزنى ئېلىپ كېتىۋېرىسىز.

رەنا گەپ قىلمىدى، ئۇنىڭ كاللىسى قالايمىقانلاشتى، ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق قىيىن ھالەتكە چۈشۈپ قالمىغانىدى. ئۇ قەيسەرنىڭ مەسلىھەتىنى توغرا كۆردى، لېكىن بۇ شەھەردە بىرەر چوڭ ئىش قىلماي كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمايتتى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ سەۋەبلىرى جىق ئىدى. ئۇ شىنجاڭدا كەينىدىن گەپ تاپىدىغان ئادەملەردىنمۇ ئاز ــ تولا ئەنسىرەيتتى.

ئەتىسى رەنا ھاكى بىلەن كۆرۈشتى، ئۇنىڭغا: «ئۆز ئالدىمغا بىر تاللا بازىرى ئېچىپ تۇراي، ھاكى، ئۇنى ئاستا ـ ئاستا چوڭايتىۋالىمەن» دېدى. مەقسەت ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ قوشقان دوللىرىنى ئېلىۋېلىش ئىدى. ھاكى ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى ـ دە، چاندۇرماي ئۇنىڭ كەيپىياتىغا ماسلاشتى. ئۇ رابىگۇل بىلەن ياخشى بىر پاراڭلىشىۋېلىپ، رەناغا بىر ئورۇن تېپىپ بەردى، بۇ ئورۇن ئاۋات بازاردىكى بىر چوڭ بىنانىڭ يەر ئاستى قەۋىتىدە ئىدى. كۆلىمى ئۈچ مىڭ كىۋادرات مېتىر ئىدى. بۇ ئىلگىرى بىرسى تاللا بازىرى ئاچقان ئورۇن ئىدى. ئورۇن ياخشى يەردە بولغاچقا، بۇ يەر رەناغا ياردى. ئۇ بۇ يەرنىڭ ئىگىسى بىلەن كۆرۈشتى، دەسلەپكى قەدەمدە باھاسىنى ئۇقۇپ باقتى، شىركەت مەسئۇلى ئۇنىڭغا: «ياخشى ئويلىشىڭ، ئەگەر مۇشۇ يەرنى ئىجارىگە ئالىمەن دېسىڭىز، بىز باھاسىدا كېلىشسەك بولىدۇ» دېدى. رەنا مۇشۇ ئۈچۈرنى ئېلىپ قەيسەر بىلەن كۆرۈشتى.

— سىزگە ئۇ يەر توغرا كەلمەيدۇ، رەنا. ئەگەر، مۇشۇ يەردە تۇرىمەن، بىر تاللا بازىرى ئاچىمسام بولمايدۇ دېسىڭىز، مەن سىزگە باشقا ئورۇندىن يەر تېپىپ بېرەي. قارىماققا ئۇ يەر خېلى ئاۋات، باھاسىمۇ مۇۋاپىقتەك، لېكىن سىز ئاشۇ رايوننىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلمەيسىز. مەن سىزگە ئوچۇقىنى ئېيتسام، ئۇ بەك خەتەرلىك يەر. ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيدىغان ئادەملەر تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ دۇكان ئىجارە ئېلىپ سودا قىلىدۇ، لېكىن ئۇزاققا بارماي زىيان تارتىپ بۇ يەردىن كېتىدۇ، ئۇ يەرنى كونىلار: «ساراڭلار كوچىسى» دېيىشىدىكەن. بۇرۇن بۇ يەردىن بەك جىق ساراڭلار چىققانىكەن، ھازىر ئۇ رايوننى ئىككى چوڭ سودىگەر كونترول قىلىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئىككى چوڭ تاللا بازىرىنىڭ دەستىدىن سىرتتىن كەلگەن ھەرقانداق سودىگەر روناق تاپالمايدۇ، بىرەر ئادەم سىرتتىن كېلىپ تاللا بازىرى ياكى سودا سارىيى ئاچسا، ئۇ ئىككىسى بىر بولۇۋېلىپ ماللارنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ يېگى

بازار ئاچقان ئادەمنى بازاردىن سىقىپ چىقىرىۋېتىدۇ، ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ماللارنىڭ باھاسىنى بىراق ئۆرلىتىۋېلىپ، يەنە خېرىدارلارنى ئۆزىگە قارىتالايدۇ. بۇ يەردە مۇشۇنداق ئويۇن بار، رەنا. بولمىسا ئاشۇنداق ئاۋات كوچىدا ئاشۇنداق ياخشى دۇكانلار تۇرامدا؟ مۇمكىن ئەمەس، مۇشۇ كۇندە كىشىلەر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارنىمۇ ماگىزىن قىلىپ بولدى. ئۇنداق ياخشى يەرنى قولدىن بېرىپ قوياتتىمۇ ؟ — دېدى قەيسەر.

— بازارنى ئاشۇنداق قالايمىقان قىلسا ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى ئارىلاشمامدۇ؟

— ئارىلىشىدۇ. ئۇلار: «ماقۇل، قىلمايلى، قول ئاستىمىزدا ئىشلەيدىغان خادىملار ئۇقۇشماي شۇنداق قىلىپ قويۇپتۇ، ئەمدى دىققەت قىلىمىز» دەپ قويىدۇ، ئارقىدىن يەنە ئۆزىنىڭ كاللىسىدىكى ئىشنى قىلىۋېرىدۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ يۇقىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بەك چىڭ، دادىلىرى ئۆز ۋاقتىدا ئۇرۇش قەھرىمانى بولغان ئادەملەر ئىكەن، ئۇلارغا ھېچكىم چېقىلالمايدىكەن !

— مۇنداق گەپ ئىكەن ـ دە ! — دېدى رەنا. ئۇ قەيسەرگە تېخىمۇ قايىل بولۇپ قالدى. ئىچىدە ھاكىنغا خاپا بولۇپ قالدى. «ھاكى مۇشۇ ئىشلارنى بىلمەسمۇ؟ ئۇ بىلىپ تۇرۇپ مېنى مۇشۇنداق يەرگە ئىتتەرگىنى نېمىسى؟» دېدى ئۇ ئىچىدە.

رەنا رابىگۈل بىلەن كۆرۈشۈپ، ھاكى تېپىپ بەرگەن يەرنى ئالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى، ھەم قەيسەرنىڭ گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا دېدى.

— ھاكى ماڭا ئاجايىپ بىر يەرنى كۆرسىتىپتىغۇ، ئاداش؟ — دېدى رەنا رابىگۈلنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— بىز ئۇ يەرنىڭ ئۇنداق يەرلىرىنى بىلمەيمىزكەن، ئاداش، ئەسلىدە ئاشۇنداق قالايمىقان يەر ئىكەن ـ دە، ئۇ ؟

— مەن شۇ ئەتراپتىكى جىق ئادەملەر بىلەن كۆرۈشتۈم، ئاداش، ئۇ يەر ماڭا توغرا كەلمەيدىكەن.

— ئەمسە باشقا يەردىن ئورۇن ئىزدەيلى، ئاداش.

— شۇنداق قىلايلى، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەن ساڭا خەۋەر قىلاي، بىز بازارنى بىر ئايلىنايلى!

رەنا ئەتىسى يەنە ماشىنا سېتىش شىركىتىگە بېرىپ ئىشقا چۈشتى، ئۇ ھاكى بىلەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئوچۇق - يورۇق ھالدا كۆرۈشتى. رەنا ئۇنىڭغا تاللا بازىرىنىڭ گېپىنى قىلمىدى، ئۇ مەقسەتلىك ھالدا مۇشۇنداق جىم بولۇۋالغانىدى. ھاكىمۇ ھېچ ئىش بىلمەيدىغان ئادەم بولۇۋالدى. رەنا ھاكىدىن ئوبدانلا رەنجىدى، ئۇ ھاكىدىن گۇمانلىنىپ قالدى، شۇ كۈنى كەچتە رەپقەتكە تېلېفون بېرىپ ئۇ يەردىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى.

— ... سىز يولغا چىققاندا مەن سىزگە قاتتىقراق گەپ قىلالماي قالدىم، رەنا، كۆڭلىڭىزنى ئايىدىم، سىز خام خىيالنى بەك جىق قىلىپ كەتتىڭىز، رابىگۈل سىزگە ياخشى مەسلىھەت بەرمىدى، يولغا چىقىشنىڭ ئالدىدا ئالمۇتانىڭ ئاسمىنىدىن دوللار ياغىدىغاندەك قىلىپ كەتتىڭىز. مانا ئەمدى مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىسىڭىز بولمايدۇ. مەن سىزگە باشقا بىر مەقسەتتە مۇشۇنداق قىلىۋاتقىنىم يوق، ماڭا ئۆزىڭىزگە ئىشەنگەندەك ئىشىنىڭ. ئوچۇق ئېيتسام، مېنىڭ سىزنى شىنجاڭغا قايتۇرۇپ ئەكېلىپ قايتا يارىشىۋالسام دەيدىغان نىيىتىم يوق. سىز دەرھال قايتىپ كېلىڭ، ھاكىدىن دوللىرىڭىزنى قايتۇرۇۋېلىڭ، ئۆزىڭىزگە چىڭ بولۇڭ. ئەھۋالدىن قارىغاندا رابىگۈلنىڭ نىيىتى دۇرۇس ئەمەس، ئۇ سىزگە ئاشۇنداق بىر قالايمىقان يەرنى تاپقان بولسا، قورسىقىدا جىن بار ئۇنىڭ. ئەمدى مېنىڭ گېپىمگە كىرمىسىڭىز بولمايدۇ، دەرھال بېرىپ ھاكىدىن پۇلىڭىزنى ئېلىڭ. ھېچ ئىش قىلماي بەش - ئون كۈن تۇرۇۋېلىڭ، ئاندىن ئۆزىڭىز بۇ يەرگە قايتىپ كېلىڭ! نۇرغۇن دوللىرىڭىز بولغان بىلەن، ئۇ تېخى ھاكىمنىڭ قولىدا. ئۇنى دەرھال ئۆزىڭىزنىڭ قولىغا ئېلىۋېلىڭ!

رەنا رەپقەتنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بوشاپلا كەتتى، ئۇ مۇشۇ ۋاقىتتا رەپقەتنى چۈشەنگەندەك بولدى. رەپقەتكە بولغان ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشتى. شۇ تاپتا رابىگۈلنىڭ ھەقىقىي ئوبرازى ئۇنىڭ كاللىسىدا تەدرىجىي روشەنلەشتى. چۈنكى، ئۇ بىر يىلدىن بېرى ئالمۇتادا ھېچ ئىش قىلالمىغان، ئەكەلگەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى ھاكىمنىڭ شىركىتىگە دەسمايە قىلىپ بېرىپ، ئۆزى مېھمان بولۇپ يۈرگەنىدى. رەنا ئىختىيارسىز تىترەپ، تەرلەپ كەتتى .

رەنا ئەتىسى بىر كۈن ئورنىدىن تۇرالمىدى، كەچتە قەيسەر ئۇنىڭغا تېلېفون بەردى، ئۇ رەنانىڭ مىجەزى يوقلۇقىنى بىلىپ، تاماق ئېلىپ يوقلاپ كەلدى. رەنانىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. بىر كۈن ئىچىدە رەنانىڭ روھىي ھالىتى بىر ئۆمۈر يىغقان دۇنيا ـ دەپىنىسىنى بىر كېچىدىلا ئۇتتۇرۇپ بولغان قىمارۋازنىڭكىدەك چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنىدى.

— ئوبدانلا مىجەزىڭىز يوق تۇرىدۇ، رەنا، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ كىيىمىڭىزنى كىيىڭ، مەن سىزنى دوختۇرخانىغا ئاپىراي، بولامدۇ ؟

— دوختۇرغا بارغۇدەك ئىش يوق، قەيسەر. يېتىپ قېنىپ بىر ئۇخلاپ، تەرلىۋالسام ياخشى بولۇپ قالىمەن.

— قىزىق سامسا ئالغاچ كەلگەنىدىم، بىر ـ ئىككىنى يەپ باقامسىز؟

— ياق، گېلىمدىن تاماق ئۆتمەيدۇ، مۇزلاپ كېتىۋاتىمەن، ماڭا قويۇق قىلىپ بىر ئىستاكان قەھۋە دەملەپ بېرىڭ، ئىچىپ بىردەم يېتىۋالاي !

قەيسەر ئاشخانا ئۆيگە كىردى، ئۇ قەھۋەنىڭ ئورنى بىلەن شېكەرنىڭ ئورنىنى بىلەتتى. ئۇ قايناق سۇ قايناتتىپ كىچىك قەھۋە چۆگۈنىدە قەھۋە دەملىدى، ئاندىن ئۇنى ئىستاكانغا قۇيۇپ، رەنانىڭ ئالدىغا ئاچىقتى. رەنا ئىسسىق قەھۋەنى قولغا ئېلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىچتى، ئاندىن كارىۋاتقا چىقىپ

يوتقاننىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى.

— بىرەر ئىش بولدىما، رەنا؟

— ھاكىمدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن...

— ئەمىسە ئەتە ھاكى بىلەن كۆرۈشۈڭ، ھېچ نەرسە دېگىلى بولمايدۇ، بازار دېگەندە ئۇرۇق ـ تۇغقان، تونۇش ـ بىلىش دېگەن نەرسە يوق، پۇل ھەممە ئادەمنى ساراڭ قىلىپ قويىدۇ. ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇڭ، ئەمدى ئىككىلەنمەڭ، ئۇلار سىزنى بىكاردىن ـ بىكار مۇشۇ يەرگە قىزىقتۇرمايدۇ ـ دە !

ئۇ رەنانىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ قوللىرىنى تۇتۇشقا باشلىدى .

— ئەسلىدە شىنجاڭدىكى ۋاقتىمدا رەپقەتنىڭ گېپىنى ئاڭلىسام بوپتىكەن، قەيسەر.

— ئەمدى بولدى، رەنا، كۆپ ئويلىماڭ، ياخشى بىر ئۇخلىۋېلىڭ، قالغان گەپلەرنى ئەتە قىلىشىمىز، مەن سىزگە ھەمراھ بولۇپ بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونۇپ قالاي ...

— سىزنى ئاۋارە قىلماي، قەيسەر، — دېدى رەنا. ئۇ كۆزىگە لىق ياش ئالدى.

ئەتىسى بېشى لوقۇلداپ ئاغرىپ تۇرۇپ، زورىغا قەيسەر بىلەن بىللە ناشتا قىلدى. ئەمدىلا ناشتا قىلىپ بولۇشىغا بىر سودا شېرىكى قەيسەرگە جىددىي كۆرۈشمىدىغان ئىش بارلىقىنى ئېيتىپ تېلېفون قىلدى.

قەيسەر رەنادىن كەچۈرۈم سوراپ، ئىتتىك سىرتقا قاراپ ماڭدى. يۈرىكىمۇ، بېشىمۇ ئاغرىپ تۇرغان رەنا شۇ بىنائارامچىلىقتا بىرقانچە كۈنلەپ ئۆيىدىن تالاغا چىقمىدى. بىر كۈنى — ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن رەنا رابىگۈلنىڭ ئۆيىگە باردى. ئىشىك تاقاق ئىدى. شىركەتتىمۇ ئادەم قالمىغانىدى، ئىشخانىلارغا قۇلۇپ سېلىۋېتىلگەنىدى، ئۇ جىددىيلەشتى، يۈگۈرۈپ بېرىپ ماشىنىلارنى تىزىپ قويغان زالنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەينەكتىن ئىچىگە قارىدى، زالنىڭ ئىچىدە بىرمۇ

ماشىنا يوق ئىدى، ئۇ شۇ يەردىلا ئولتۇرۇپ قالدى...

رەنا يەردە يېتىپ قالدى، خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ قەيسەرگە تېلېفون قىلدى، باشقا شەھەردىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەن قەيسەر ماشىنىسى بىلەن كېلىپ ئۇنى ئۆيىگە ئەكەتتى. رەنا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بۇ قاتتىق ئەمەلىيەت ئۇنى گەپ قىلالماس قىلىپ قويغانىدى.

— بەك قايغۇرۇپ كەتمەڭ، رەنا، ئۇلار ھېچ يەرگە قېچىپ كېتەلمەيدۇ، مەن سىزگە ياردەم قىلىمەن، — دېدى قەيسەر .

رەنا كۆزلىرىنى ئاچماي كارىۋاتتا ياتاتتى .

ئۇنىڭ ھالىغا ئىچى ئاغرىغان قەيسەر كۆڭلىدىن: «قىز بالا بولغاندىكىن ئەسلىدە بارىغا قانائەت قىلىپ يۈرسە بولاتتى !» دېگەننى ئۆتكۈزدى.

كەچتە رەنانىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتتى، قەيسەر ئۇنى ئۆيىدىن كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ، ماشىنىسىغا سېلىپ دوختۇرخانىغا ئاپاردى. دوختۇرلار رەنانى تەكشۈرۈپ ئاسما ئوكۇل سېلىپ قويدى، قەيسەر ئۇنى تاماق توشۇپ يوقلاپ تۇردى.

رەنا دوختۇرخانىدا بىر ھەپتە ياتقاندىن كېيىن، تولۇق ئەسلىگە كەلدى. ئۇ قەيسەر بىلەن بىللە رابىگۈلنىڭ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە باردى. رابىگۈلنىڭ ئاپىسى قايغۇلۇق ھالدا ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. ھاۋاخان ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى.

— بۈگۈن توققۇز كۈن بولدى، قىزىم، مەنمۇ رابىگۈلنى تاپالمايۋاتىمەن، ھېلىقى ھاكى دېگەن پالكۆزنىڭ ئۆيىگىمۇ ئادەم ئەۋەتىپ باقتىم، ئۇلارمۇ بالىمىزنى ئىزدەۋاتىمىز دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇ كۈنى بالىسىنى يېتىلەپ بازاردىن كىيىم ئېلىپ بېرىمەن دەپ چىقىپ كەتكەنىدى، مانا مۇشۇ كۈنگىچە خەۋىرى يوق، تۇۋا، بالا دېگەن ئادەمگە مۇشۇنداقمۇ دۈشمەن بولىدىكىنە، بارمىغان يېرىم قالمىدى، ھېچقانداق يەردە ئىز ـ دېرىكى يوق...

— ئەگەر ئۇلاردىن تېلېفون كېلىپ قالسا بىزگە خەۋەر

قىلىۋېتەرسىز، ــ دېدى قەيسەر گەپكە ئارىلىشىپ .

ــ ماقۇل بالام... توۋا، مۇشۇنداقمۇ بالا بولىدىكىنە، ھېلىقى پالكۆزنىڭ كەينىگە كىرىپ ئىچىدىغان بولۇۋالغان، ئۇ ئىككىسى بىر يەردە ئىچىشىپ مەست بولۇپ ئۆلدىمۇ يا!

ــ قالايمىقان گەپ قىلما، خوتۇن، يامان بولىدۇ، قىزىڭنى ئادەتتە باشقۇرمايسەن، ئەمدى شۇملۇق تىلىسەڭ بولامدۇ؟ ــ دېدى خىزىر ئاكا.

ــ توۋا، توۋا! «ھايۋان بالىسىنى باقساڭ ئاغزى ـ بۇرنۇڭنى ياغ ئېتەر، ئادەم بالىسىنى باقساڭ ئاغزى ـ بۇرنۇڭنى قان ئېتەر» دېگەن مۇشۇ ـ دە!

رەنا بىلەن قەيسەر ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقتى. قەيسەر ماشىنىسىنى ئازادە يوللاردا ئاستا ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى، رەنانىڭ چىرايى يەنە شۇنداق ئۇسال، كاللىسى قالايمىقانلىشىپ كەتكەندى. شۇ تاپتا رەپقەتنىڭ، قەيسەرنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلاقلىرىدا جاراڭلاشقا باشلىدى، ئۇ ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ئۆزىنىڭ شۇ قەدەر نادان، شۇ قەدەر جاھىل، شۇ قەدەر ئۆزۈمچىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، شۇنداقلا شۇ قەدەر ئاجىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. كۆڭ بەك سوغۇق ئىدى. رەنا كۆزىنى ئاچالماي قالدى. قەيسەر رەناغا قارىدى:

ــ ئەمدى نەگە بارىمىز، رەنا؟

ــ بىر قەھۋەخانىغا بارايلى، قەيسەر، بەك مۇزلاپ كېتىۋاتىمەن .

قەيسەر ماشىنىسىنى تىياتىرخانىنىڭ قېشىدىكى قەھۋەخانىغا توغرىلىدى.

ئۇلار قەھۋەخانىغا كىرىپ ئولتۇردى، قەيسەر قەھۋە بۇيرۇتتى. مۇلازىم ئىككى كىشىلىك قەھۋەنى ئەكېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. رەنا قەھۋەنى قولىغا ئېلىپ ئىچتى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قەيسەرگە قارىدى. قەيسەر قايغۇرغان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

— سىزنى بەك ئاۋارە قىلىپ كەتتىم، قەيسەر.
— ئۇنداق دېمەڭ، رەنا. مەن بىر ئوغۇل بالا، مۇشۇنداق ئىش بولۇۋاتسا قاراپ تۇرسام قانداق بولىدۇ، ئالدى بىلەن مەنمۇ بىر ئۇيغۇر بالىسى ـ دە...
— رەھمەت، قەيسەر. ئەمدى مەن تۇگەشتىم، ئەسلى ئۇلار مېنى مۇشۇ يەرگە قىزىقتۇرۇپ، جايلىماقچى بوپتىكەن... مەن خەقنىڭ قاپقىنىغا دەسسەپ كېتىپتىمەن.
— سىز بەك قايغۇرۇپ كەتمەڭ، رەنا. سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ، سالامەتلىك بىرىنچى، سالامەتلىك بولسا ھەممە نەرسە بولىدۇ، ئۇلارنى قېچىپ نەگە بارالايدۇ دەيسىز، تاپىمىز ئۇلارنى. نەچچە يىلدىن بېرى مەن بۇنداق ئىشلارنى جىق كۆرۈپ كەتتىم، سىز ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، قالغان ئىشلارنى ئاستا ـ ئاستا بىر تەرەپ قىلىمىز .
رەنا يەنە بىر قېتىم بېشىنى كۆتۈرۈپ قەيسەرگە قارىدى، شۇ تاپتا ئۇ دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئادەمدەك ئۈمىدسىزلىنىپ كەتكەنىدى، قەيسەرنىڭ گېپى ئۇنى شۇ دېڭىزدىن بىر قولىۋاقا تارتىپ چىقتى، ئۇ تەسىرلىنىپ كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى.
— ئۇلار ئادەم ئەمەس ئىكەن قەيسەر...
— مېنىڭ دېگىنىم شۇ، رەنا، بازاردا ئادەم ئاز، تەڭدىن تولىسى شەيتان، سەل دىققەت قىلمىسىڭىز ئېغىر ئاقىۋەت يۈز بېرىدۇ.
— بۇلار نەگە قاچقاندۇ قەيسەر؟ مۇشۇ قازاقىستاننىڭ ئىچىدە بارمىدۇ؟
ئۇنىڭ چىرايى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىۋاتاتتى .
مېنىڭچە ئۇلار قازاقىستاننىڭ ئىچىدە ئەمەس، بۇنداق ئىش قىلغان ئادەم ئۆز دۆلىتىدە تۇرمايدۇ، مېنىڭ بىشىمدىن بۇنداق ئىشلار جىق ئۆتكەن، رەنا. مېنىڭ ساقچى ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان قەھرىمان دەيدىغان بىر ئاغىنەم بار، ئۆزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالىقاپىراق نەرسە، لېكىن قولىدىن ئىش كېلىدۇ، مەن ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ باقاي. ئەگەر ۋاقتى بولسا مۇشۇ يەرگىلا كەلسۇن، شۇنىڭدىن بىر ياردەم سوراپ باقايلى.

— شۇنداق قىلايلى، قەيسەر.

قەيسەر قەھرىمان دېگەن ئاغىنىسىگە تېلېفون بەردى: «مۇھىم بىر ئىش چىقىپ قالدى، ئاداش، بىز تىياتىرنىڭ قېشىدىكى قەھۋەخانىدا، ئازراق ۋاقتىڭنى چىقىرىپ مۇشۇ يەرگە بىر كېلىپ كەتكەن بولساڭ» دېدى. قەھرىمان: «ھازىر بارىمەن ئەمىسە» دەپ جاۋاب بەردى.

— كېلىدىغان بولدى، رەنا... سىز بۇ ئىشقا بەك قايغۇرۇپ كەتمەڭ. ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، پۇل دېگەننى تاپقىلى بولىدۇ، سالامەتلىكنى تاپقىلى بولمايدۇ.

— توۋا، مەن ئۇلارغا شۇنچە ئىشىنىپ كېتىپتىمەنكىنە !

— قويمىچى دېگەن ئاشۇنداق ئىشەندۈرۈپ قويىدۇ ئەمەسمۇ رەنا ...

— توۋا، — دېدى رەنا ھەسرەت چېكىپ.

— مۇشۇ كۈندە سىزدەك پۇلى بار ئادەمنى كۆرسە كىم قويمايدۇ.

— بۇ گەپچە ئەگەر ئۇلارنىڭ ئورنىدا سىز بولغان بولسىڭىز مۇشۇنداق قىلامتىڭىز ؟ — دېدى رەنا. ئۇنىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتتى.

قەيسەر پات ـ پات دېرىزىگە قاراپ ئولتۇراتتى، ئۇ قەھرىماننى كۈتۈۋاتتى، ئۇ نەزىرىنى دېرىزىدىن يۆتكەپ رەناغا قارىدى. رەنانى غەم بېسىۋالغانىدى، زىيان قارا تۇزغا ئايلىنىپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ رەناغا بىرنېمە دەي دەپ تۇرۇشىغا، دېرىزىنىڭ ئالدىدا بىر ماشىنا توختىدى. قەيسەر دېرىزىگە قارىدى، قەھرىمان ماشىنىدىن چۈشۈۋاتاتتى، قەيسەر ئورنىدىن تۇرۇپ رەناغا «كەلدى !» دېدى. رەنا دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنى رۇسلىۋالدى.

قەيسەر قەھۋەخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ قەھرىماننى كۈتۈۋالدى. ئۇلار ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇردى. قەيسەر قەھرىمانغا قەھۋە بۇيرۇتتى.

— مېنىڭ مۇشۇ ئوقەت بىلەن خۇشۇم يوق، ئاداش، ماڭا بولسا ئاشۇ شىنجاڭنىڭ جۇنىدىن بولسا، مۇشۇ سوغۇقتا بىر ئىستاكان كۆتۈرۈۋالسام، مەندەك نوچى ئادەم يوق ـ دە ! — دېدى قەھرىمان.

— ئەمىسە بىر ئاشخانىغا يۆتكىلەيلى ! — دېدى قەيسەر.

— ياق، ئىشىم بار، ئاشخانىدا كەچقۇرۇن ئولتۇرساق بولىدۇ، ئاداش. خوش، قانداق يولىيورۇقۇڭ بار؟

— بۇ قىزنى ساڭا تونۇشتۇرۇپ قوياي، ئېتى رەنا، ئۆزى ۋەتەندىن كېلىدۇ...

— قاچانلا قارىسام مۇشۇنداق چىرايلىق قىزلارنى ئەگەشتۇرۇپ يۈرىسەنغۇ سەن .

— رەنا، بۇ ياق ئاغىنەم بولىدۇ، ئىسمى قەھرىمان، تونۇشۇپ قېلىڭلا.

— ياخشىمۇسىز، — دېدى رەنا ئورنىدىن تۇرۇپ قەھرىمانغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ.

قەھرىمان ئېگىز، بەستلىك، كۆرۈمسىز ئادەم ئىدى، بارماقلىرى ئۇزۇن، ئەگرى، كۆزلىرىنىڭ ئېقى قالمىغان، قاپقارا ئىدى، يۈزىنىڭمۇ ساق يېرى يوق، بىرنەچچە يەردە پىچاق ئىزى بار ئىدى، دوختۇر تىككەن يەر بەك سەت كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— گەپ قىلە، نېمە ئىش ئىدى ئادىشىم ! — دېدى قەھرىمان قەيسەرگە قاراپ.

— بېشىمىزغا كۆپ چۈشۈپ قالدى، ئاداش، ئەسلىدە ئالدىڭغا بارساق بولاتتى، بىزگە ياردىمىڭنى ئايىماسسەن ! — دېدى قەيسەر.

ئۇ بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قەھرىمانغا ئېيتتى. ئاندىن ھاكى بىلەن رابىگۈلنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ بېرىشنى

ئۆتتۇندى.

— هاكىمنى ئوبدان بىلىمەن، ئۆگەي ئانىسىغا خۇشامەت قىلىدىغان رەسۋا ئىدى ئۇ، بىر ئاچىزنىڭ نىمىنى ئەپقاچقۇچە ساڭا ئوخشاش ئەركەكلەر بىلەن ئېلىشسا بولمامدۇ ئۇ هارىمى ! — دېدى قەھرىمان.

— شۇ ئەمەسمۇ ئاداش !

— ئەمىسە مەن ئۇلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ باقاي. مېنىڭچە ئۇلار قازاقىستاندا ئەمەس، ئۇنچىلىك پۇلنى قويۇۋالغان ئادەم بۇ يەردە تۇرمايدۇ. ئۇلار چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى. مەن تاموژنىدىكى ئاغىنىلىرىمنى ئىشقا سېلىپ باقاي، شۇلار بىر سۈرۈشتە قىلىپ باقسۇن، ئەگەر چەت ئەلگە قاچقان بولسا ئايروپىلاندا قاچىدۇ.

— بىزگە بىر ياردەم قىل ئاداش.

— ئەمىسە مەن ئىككى كۈندىن كېيىن ساڭا تېلېفون بېرىمەن !

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى،

قەيسەر قەھرىماننى ئۇزىتىپ قويدى.

— ئەمىسە مەن باشقا ئىشلىرىمنى تاشلاپ تېلېفونۇڭنى كۈتىمەن ئاداش، قالغان گەپلەرنى شۇ ۋاقىتتا دېيىشەرمىز.

— بولىدۇ ! — دېدى قەھرىمان، ئۇ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپلا تېزلىكتە قوزغاپ كېتىپ قالدى.

— قولىدىن ئىش كېلىدۇ بۇ ئاداشنىڭ، — دېدى قەيسەر رەنانىڭ قېشىغا كېلىپ.

— دەڭا، هاكىمنى تاپقىلى بولارمۇ قەيسەر؟ — دېدى رەنا قايغۇرۇپ .

— تاپقىلى بولىدۇ، چەت ئەلگە چىقىپ كەتسىمۇ مۇشۇ يەر شارىدا بار بولىدىغۇ. سىز هازىرچە بەك جىق ئويلاپ كەتمەڭ، بولغۇلۇق بولۇپ بولدى، ئەمدى ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىپ ئىزدىمىسەك بولمايدۇ، باشقىلارغا ئوشۇق گەپ قىلماڭ ئەمدى.

ئۆزىڭىزگە چىڭ بولمىسىڭىز بولمايدۇ .

— توۋا، مەن ئۇلارغا بەك ئىشىنىپ كېتىپتىمەن، قەيسەر، رەپقەت شىنجاڭدا ماڭا بىر ئادەم بىلەن بىرنەچچە تاغار تۇزنى بىللە يەپ بولمىغۇچە ئۇنىڭ ئىچ ـ سىرىنى بىلگىلى بولمايدۇ، سىز ناۋاتنىڭ ئۇستىدە چوڭ بولدىڭىز، ئەتراپىڭىزدىكى ئادەملەرگە بەك دىققەت قىلىڭ، دېگەنىدى. رەپقەت ئەۋلىيادەك گەپ قىپتىكەن ـ دە...

— رەپقەت ئەسلىي ياخشى ئادەم جۇمۇ، ئاشۇ...

— مەن بەك چوڭ بەدەل تۆلەپ كەتتىم قەيسەر.

— بۇ كۇنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، رەنا، قورقماڭ، زىيىنىڭىزنى مەن تۆلىتىپ بېرىمەن !

رەنا ئالدىدىكى قەھۋەنى ئىچىپ تۈگىتىپ، قەيسەرگە قارىدى:

— ئەمىسە مېنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويامسىز؟

— ماقۇل، ياخشى ئۇخلاپ دەم ئېلىۋېلىڭ، جىق ئويلىماڭ، ھەممە ئىشلار ئۆز يولى بىلەن پۈتىدۇ !

ئۇلار قەھۋەخانىدىن چىقتى، قەيسەر ماشىنىسىدا رەنانى ئۆيگە يەتكۈزۈپ قويدى.

— ھەرقانداق ئىشىڭىز بولسا ماڭا تېلېفون بېرىڭ، مەنمۇ سىزگە تېلېفون بېرىمەن ! — دېدى قەيسەر رەناغا قاراپ.

— ماقۇل، رەھمەت قەيسەر.

ئۇ قەيسەرنىڭ ئۆزىگە كۆرسەتمەۋاتقان غەمخورلۇقىدىن ھەقىقەتەن تەسىرلەندى .

بىرنەچچە كۈندىن بېرى رەنا ھېچ يەرگە بارماي ئۆيىدە دەم ئالدى. ئۇ رەپقەتتىن كەلگەن تېلېفوننىمۇ ئالمىدى، دېرىزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ دەرەخلەرنىڭ ئۇستىدىكى قاغىلارنى ساناپ ئولتۇردى .

رەنا شىنجاڭدىكى كۈنلىرىنى ئەسلىدى، ئۇ يىللاردا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كەپتەرلەر ئۇنى پەرىشتىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆنلەر ئۇنىڭ قولىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكى ۋە بويىنىدىكى يوغان كەھرىۋا مارجاندەك گۈزەل ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ خىيال دۇنياسىدا پاشايىتتى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ كۆنلەر ئۇنىڭ چۈشىگە ئايلاندى.

چۈشتىن كېيىن قەيسەر رەنا بىلەن كۆرۈشتى، ئۇ رەنانى ئالغىلى كەلگەنىدى. چۈشتە قەھرىماندىن تېلېفون كەلگەنىدى: «ئەمىسە ئاداش كەچتە كۆرۈشەيلى، ئاشنائىڭنىڭ ئىشىنىڭ يىپ ئۇچىنى تاپتىم» دەپ خەۋەر بەرگەنىدى. ئۇ رەنانى ئېلىپ كاتتا بىر رېستورانغا كەلدى، ئاندىن قەھرىمانغا تېلېفون بەردى.

قەھرىمان ھايال بولماي رېستوراندا پەيدا بولدى. قەيسەر ئۇنى يۇقىرى ئورۇنغا ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭدىن سەممىي ئەھۋال سورىدى.

— بىر يىل كۆرۈشمىگەن ئادەمدەك قىلىپ كەتتىڭا، ئاداش، — دېدى قەھرىمان سەت كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ.

— ئاداش، بىزگە ھەربىر كۈن بىر يىلدەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ مۇشۇ كۈندە ! — دېدى قەيسەر.

— ئۇنى چۈشىنىمەن، ئاداش !

قەيسەر مۇلازىمەتچى قىزنى چاقىرتىپ «ئەمىسە بىزنىڭ تاماقلىرىمىزنى چىقىرىۋېرىڭلار، ھارىقىمىزنىمۇ ئەكېلىپ بېرىڭلار» دېدى.

مەززىلىك تائاملار چىرايلىق داستىخانغا كەلتۈرۈلدى، قەيسەر قەھرىماننى تاماققا زورلاپ تۇردى، يېرىم بوتۇلكا ھاراق ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، قەيسەر قەھرىماننىڭ كۆزىگە قارىدى:

— گەپ قىلغاچ ئولتۇرمامسەن، ئاداش !

— ئالدىرىما، ئاداش، ماۋۇ ھاراق تۈگەپ كەتسۇن، شۇ ۋاقىتتا يۈزۈم سەل قېلىنلىشىدۇ دېگىنە، ئاندىن ئىزا تاتماي سۆزلەيمەن، ھارىقىڭنى قۇيۇۋەر ! — ھازىرلا ئاغزىمدىن گەپ چىقىپ كەتسە مېنىڭ قىممىتىم بولمايدۇ، بىردەم تۇرۇۋالاي، ئاداش ! — دېدى قەھرىمان. قەيسەر ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەندى:

— ھەرقاچان مۇشۇ كۈنلەردە تەڭگە خەجلەۋاتىسەن !

— مەزلۇم كىشىدەك گەپ قىلما، ئاداش، مەن دەسسىگەن يەرنىڭ ھەممىسىدىن دوللار ئۈنىدۇ!

قەيسەر كۈلۈپ قويۇپ يېنىدىكى تەييارلىۋالغان دوللارنى ئېلىپ قەھرىماننىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

— نېمە ئاداش بۇ؟ ئاق تاماكا سېلىپ قويمىغانسەن؟

— بىزدە ئۇنداق نەرسە نېمە قىلسۇن ئاداش؟ ساڭا ئوخشاش ناگىنى بار ئادەملەردە بولمامدۇ ئۇنداق شۇم نەرسىلەر. ھازىرقى سەن دېگەن ئۇ نەرسەڭنى سېلىپ قويدۇم!

— ئۇنداق ياخشى نەرسىنى تىقىشتۇرۇپ نېمە قىلىسەن، ماۋۇ چىرايلىق داستىخاننىڭ ئۈستىگە قويماتىڭ، ئاداش ئۇنى! — دېدى قەھرىمان، ئۇ يانچۇقىدىن دوللارنى ئېلىپ داستىخاننىڭ ئۈستىگە قويدى، ئاندىن ئالدىدا تۇرغان رومكىدىكى ھاراقنى ئىچىۋېتىپ، دوللارنى ئېلىپ سانىدى.

— ھە، ئون سەككىز ۋاراق، بىر مىڭ سەككىز يۈز دوللار دېگەن گەپ. سەنمۇ مۆھەببىتىڭگە خىيانەت قىلىپ ئىككى يۈز دوللارنى قايرىۋاپسەن - دە، ھە ئاداش! — دېدى قەھرىمان.

قەيسەر نائىلاجلىقتا كۈلۈپ قويدى.

— ھاكى قويىۋەرمىسۇن، مەنمۇ قويۇپ باقاي دېدىم، ئاداش! — دېدى قەيسەر.

ئۇ پورتماندىن ئىككى يۈز دوللارنى چىقىرىپ قەھرىماننىڭ ئالدىغا قويدى.

— مەندە پۇل بار، قەيسەر، ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ كېتىپتىمىنا! — دېدى رەنا سومكىسىنى ئاختۇرۇپ.

— سىز جىم ئولتۇرۇڭ، خانىم، بۈگۈن قەيسەرنىڭ پۇلىنى خەجلەيدىغان كۈن، — دېدى قەھرىمان. ئۇ قەيسەر چىقارغان ئىككى يۈز دوللارنى قولىدىكى بىر مىڭ سەككىز يۈز دوللارغا قېتىپ، چىرايلىق قىلىپ يېنىغا سالدى.

— ئاداش، مەن مۇشۇ دۇنيادا ئىككى نەرسىگە ئامراق، بىرسى خوتۇن، يەنە بىرسى مۇشۇ دوللارغا. مۇشۇ دوللارنى ئىجاد

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلغان ئامېرىكىلىقلار ھېلىمۇ ئاسماندا ياشىمايدىكەن، ھەي، بۇ دوللار دېگەننى جىن ـ ئالۋاستىلارغا ئاپىرىپ تەڭلىسەڭمۇ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ !

— شۇنداق ئاداش، ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ گېپىمىزگە كېلەيلى ! — دېدى قەيسەر.

— خوش، ھاكى بىلەن رابىگۇل كاناداغا قېچىپتۇ !

رەنا بۇ گەپنى ئاڭلاپ قېتىپلا قالدى، قەيسەر ئىتتىكلا رەناغا قارىدى. رەنا دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— ئاللا دېدىم، ياماللىقىنى قارا بۇ رەزگىلەرنىڭ! كەلمەسنىڭ قازىنىنى ئېسىپتۇ ـ دە ! — دېدى قەيسەر.

— ئايروپىلاندا قېچىپتۇ، ئون كۈننىڭ ئالدىدىكى ئىش ئىكەن، تاموژنىدىكى ئاغىنەم ئايرودۇرومدىكى تونۇشلىرىدىن ئېنىقلاپتۇ، يېنىدا بىر بالىمۇ بار دەيدۇ.

— كانادا... مۇشۇ كۈندە ھەممىسى ئاشۇ دۆلەتكە قېچىۋاتىدۇ، — دېدى قەيسەر.

— ئۆزىمۇ ھەرقانداق بىر ئادەم كەلسە پوش دېمەيدىغان دۆلەت ئۇ ، — دېدى قەھرىمان ، — ئەمدى كانادادا تونۇشۇڭلار بولسا شۇلار ئارقىلىق سۈرۈشتە قىلساڭلار بولىدۇ !

— كەينىدىن قوغلاپ بارسامچۇ قەھرىمان؟ — دېدى رەنا قەھرىمانغا قاراپ .

— بارسىڭىز بولىدۇ، خانىم، بىز سىزنى مۇشۇ يەردىن چېرايلىق يولغا سالالايمىز ، بىراق نەتىجە چىقمايدۇ، بىز بۇنداق ئىشنى تولا كۆرۈپ كەتتۇق، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمىتى بۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشمايدۇ، يەنە يىغلاپ قايتىپ كېلىسىز .

— شۇنداق، رەنا، ئۇياققا چىقىپ بىر ئىش پۈتكۈزگىلى بولمايدۇ، — دېدى قەيسەر.

— ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟

— قانداق قىلىش توغرىسىدا كېيىن پاراڭلىشايلى، رەنا، كانادادىمۇ ئۇيغۇر باللار ئاز ئەمەس، بۇنىڭغا ۋاقىت كېرەك. بىر

ئامالىنى قىلىمىز، قويمىچى دېگەن نەگە بارسۇن ھامان كوكۇلىسىدىن ئىلىنىدۇ.

— قەيسەر بىرىدىغىنىڭنى بېرىپ بولۇپ ھاراق قۇيمايسەنغۇ؟ ئۇ پۇللىرىڭنى ئۆزۈملا ئالمايمەن، ئاغىنەمگىمۇ بېرىمەن ئەمەسمۇ! ئۇنداق قىلما، ئاداش! — دېدى قەھرىمان مىيىقىدا كۈلۈپ.

— ھاراق ئايلانسۇن، ئاداش، مانا يەنە بىر بوتۇلكا كەلتۈرىمەن، بوگۇن ياشايمىزغۇ! — دېدى قەيسەر. ئۇ مۇلازىمنى چاقىرىپ يەنە بىر بوتۇلكا ھاراق كەلتۈردى.

— ماۋۇ بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئىككى ئىستاكانغا بۆلۈپلا قۇيايلى، ئاداش، مەن رومكىدا ھاراق ئىچمەيمەن، — دېدى قەھرىمان. ئۇ بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئىككى ئىستاكانغا بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيۇپ، بىرىنى قەيسەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، — ئىككىگە بۆلۈپلا ئىچىۋېتەيلى!

قەيسەر يېرىم ئىستاكان ھاراقنى ئىچىپ بولغۇچە، قەھرىمان بىر ئىستاكان ھاراقنى ئىچىپ بولدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قەيسەر بىلەن خوشلاشتى.

— ئەمىسە مەن ماڭغاچ تۇراي، سىلەر بىردەم پاراڭلىشىۋېلىڭلار. قەيسەر، مەندىن پۇل ئالدى بۇ ئاداش دېسەڭ بولمايدۇ ـ ھە، ئۆزۈڭ بىلىسەن، مېنىڭ جېدىلىم جىق ئادەم، پۇل بولمىسا مۇشۇنداق يوگۇرۇپ يۈرەلمەيمەن ئەمەسمۇ! مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئېلىۋالمىسام يا تاپقان پايداڭنى بىزدەك خىزمەتكارلارغا ئاپارمىساڭ!؟

— ئەمدى بۇرنىمىزغا سۇ كىردىغۇ، ئاداش، — دېدى قەيسەر.

قەھرىمان ئورنىدىن تۇرۇپ رېستوراندىن چىقىپ كەتتى.

— مېنىڭ سىزگە دەيدىغان بىرلا گېپىم بار، رەنا، سىز ھەرگىز قايغۇرماڭ، ئالتۇن تېپىۋالغاندەك بوينىڭىزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈرۈڭ، پۇل تېپىلىدۇ، ئادەم تېپىلمايدۇ، — دېدى

قەيسەر.

رەنا بېشىنى كۆتۈرۈپ قەيسەرگە قارىدى، ئۇنىڭ گۈزەل كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ئالتۇن تېپىۋالغاندەك كۈلۈپ تۇرىدىغان رەنالىقى غايىب بولغانىدى.

— ئىستاكىنىڭىزدىكى ھاراقنىڭ يېرىمىنى ماڭا قويۇپ بەرگەن بولسىڭىز، قەيسەر.

— ياق، ئەمدى سىز ھاراق ئىچمەڭ، رەنا، مۇشۇنداق قايغۇلۇق كۈنلەردە بۇنىڭغا ئۆگىنىۋالسىڭىز كېيىن خۇمار بولۇپ قالىسىز، ئۇ ۋاقىتدا ئىشىنىڭ چاتىقى چىقىدۇ.

— ئەمىسە بۇگۈن مەن بىلەن بىللە بولۇڭ، نېرۋام ئۆرلەپ كېتىۋاتىدۇ، بىر ئىش چىقىدىغاندەك قىلىدۇ.

— ئۇنداق دېمەڭ، پۇل ئۇچۇن ئۇنداق قايغۇرماڭ، شىنجاڭغا بارغاندا مەن سىزگە پۇل بېرىپ تۇراي، سىز يەنە شۇ پۇللار بىلەن يول تېپىپ كېتىسىز، گۆھەر دېگەن گۆھەر، ئۇ قاراڭغۇدىمۇ گۆھەر، ھەرگىز ئۆزىڭىزنى تاشلىۋەتمەڭ.

قەيسەر ئىستاكاندا قالغان ھاراقنى ئىچمىدى، ئۇ رەنا بىلەن رېستوراندىن چىقتى. ئۇ ماشىنىسىنى رېستوراننىڭ ئالدىغا قويۇپ، تاكسى بىلەن رەنانى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى، رەنا: «مۇشۇ يەردە قونۇپ قېلىڭ، قەيسەر» دەپ ئۇنى ئېلىپ قالدى.

ئۆينىڭ ئىچى ناھايىتى ئىسسىق ئىدى، قەيسەر كارىۋاتنىڭ قېشىغا كېلىپ رەنانىڭ قېشىدا ئولتۇردى، رەنا جەرەندەك چىرايلىق ياتاتتى، قەيسەر ئۇنىڭ پۇتلىرىنى يىغىپ ياتقان ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىچى ئاغرىپ كەتتى.

— مەن سىزگە ئازراق قەھۋە دەملەپ بېرەي، رەنا، ئىسسىق ئىچىۋېلىپ بىر ئۇخلاڭ، ئەتە يېنىكلەپ قالىسىز. مەن سىزگە دېدىمغۇ ھەرقانداق ئىشىڭىز بولسا مەن بار، ئەمدى بۇنداق قايغۇرۇپ يۈرسىڭىز بولمايدۇ، خاپىلىق ئادەمدىكى ئانا بەرگەن ئامەتنى ئېلىپ كېتىدۇ!

رەنا بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇ قەيسەرنىڭ كۆزىگە

قارىدى: «پېشانەمگە يېزىلغان ئەر مۇشۇمۇ يا؟» دېدى ئۇ ئىچىدە.
— سىز بۇ گەپنى كىمدىن ئاڭلىغان قەيسەر؟
— بىر كىمدىن ئاڭلىمىغان، ئۆزۈمنىڭ گېپى، مەن هاراق ئىچسەم مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ قالىمەن.
— ئەمىسە ئىككىمىز بىر ئولتۇرۇپ ئىچىشسەك بولغۇدەك، — دېدى رەنا ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ.
— سىز سەل خاتىرجەم بولۇۋېلىڭ، رەنا، سىزگە جىق گەپلەرنى قىلىپ بېرىمەن! — دېدى قەيسەر، — قەھۋە سوۋۇپ قالمىسۇن، ئىچىۋېلىڭ.
رەنا قەھۋە ئىچىۋاتقاندا، قەيسەر ئورنىدىن تۇرۇپ تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، ئۇ ئىشىكنى ئېتىۋېتىپ، كۆڭلىكىنى سالدى.
«ياخشى بىر يۇيۇنۇپ سەگىۋالاي، يەنە ئاخشامقىدەك رەنانىڭ قېشىدا ئۆلىمەن دېسە، بىر نېمە قىلىمەن دەپ سەتلىشىپ قالماي. هەي بىچارە قىز، هېلىمۇ جېنى تۆمۈر ئىكەن، ئاز زىيان ئەمەس ـ دە، ئۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە قىز بالا تۇرسا، هەي، مەنمەنچىلىكنىڭ ئاقىۋىتى ـ دە، بۇ» دېدى قەيسەر كىيىملىرىنى سالغاچ. ئۇ سۇنى تەڭشەپ يۇيۇندى، سۇنىڭ ئاۋازى رەنانى يەنە ئويغا سېلىپ قويدى.
قەيسەر مۇنچىدىن چىقىپ رەنانىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، رەنا ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى:
— مەن مۇزلاپ كېتىۋاتىمەن، قەيسەر، — دېدى رەنا.
— ئورۇنغا كىرىپ يېتىڭ، مەن بۇگۇن سىزنى كۈتىمەن، ئۇستىڭىزگە ئىككى يوتقان يېپىپ قوياي، ياخشى بولۇپ قالىسىز، رەنا. ئەمدى ئۇ ئىشلارنى ئويلىماڭ، سودىگەرچىلىكنىڭ ئۆزىمۇ بىر شەكلى ئۆزگەرگەن قىمار، بەزىدە ئۇتىدىغان گەپ، بەزىدە ئۇتتۇرىدىغان گەپ، ئۇتقاندا جاهانغا پاتماي، ئۇتتۇرۇۋەتكەندە هەممە نەرسىدىن ئۇمىدسىز بولۇپ يۈرسەك بولمايدۇ. مەسىلەن، جەمئىيەتتە نۇرغۇن بىچارە ئادەملەر بار،

ئۇلار كۈننى كۈنگە ئۇلاپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ، شۇ ئادەملەرمۇ ئۈمىد بىلەن ياشايدۇ ئەمەسمۇ؟ ئازادە يۈرۈڭ، رەنا، دوست بار، دۈشمەن بار. ھەرگىز ئۆزىڭىزنى سۇندۇرماڭ...

«ئاھ خۇدا، بۇ جاھاندا يەنە مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈل ئادەملەرمۇ بار ـ ھە !» دېدى رەنا ئىچىدە.

— ئەمىسە مەن ياتاي، قەيسەر، مۇشۇ قىشتا مېنىڭ بېشىمغا مۇشۇ بالا كەلدى، لېكىن سىز مېنىڭ قېشىمدا بىر پارچە ئوتقا ئايلاندىڭىز، مەن سىزگە بۇنداق ياخشىلىق قىلالىشىم ناتايىن، لېكىن سىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، — ئۇ كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى.

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، رەنا، مەن بۇ ئىشتا سىزگە ياردەم بەرمىسەم بولمايدۇ، چۈنكى مەنمۇ مۇشۇنچىلىك بولغۇچە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ياخشىلىقىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بىر ئەر، ياراتقان ئاللا مېنى سىزنىڭ مۇشۇ ئىشىڭىزغا ئۇچرىتىپ سىناۋاتىدۇ، بۇ كاشىلىدىن قاچسام بولمايدۇ، مۇشۇنداق بىر پۇرسەتتە ئەرلىكىمنى كۆرسەتمىسەم بولمايدۇ، سىزلا ئەمەس، رەنا، مەنمۇ سىناق ئىچىدە ياشاۋاتىمەن، شۇڭا ھەر ئىككىلىمىز بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ ياشىشىمىز كېرەك.

رەنا يىغلاپ ئېقىپ كەتتى.

رەنا كارىۋاتقا چىقىپ يوتقاننىڭ ئىچىگە كىرىپ ياتتى، قەيسەر ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر ئەديىال يېپىپ قويدى، ئاندىن ئۆزىمۇ كارىۋاتقا چىقىپ رەنانىڭ قېشىدىكى تەكيىگە بېشىنى قويدى، ئاندىن توكىنى ئۆچۈرۈۋەتتى. رەنا قاراڭغۇ ئۆينىڭ ئىچىدە كۆزىنى ئاچتى، ئۇ قېشىدىكى يەنە بىر يوتقاننىڭ ئىچىدە ياتقان قەيسەرنى ئۆزىنىڭ يۈرىكىدە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئۇ قاراڭغۇدا قەيسەرنىڭ گەپلىرىنى قايتا ئويلىدى، قەيسەرنىڭ ئەقلى ئۇنىڭغا ئارام بېرىۋاتاتتى.

«ئەمدى مەن ئۆزۈمنىڭ راست دەپ ياشىسام بولمايدىكەن، چوقۇم ئاز ـ تولا خەقنىڭ مەسلىھەتىگە كىرىپ تۇرۇشۇم كېرەك

ئىكەن. ئۆز ۋاقتىدا شىنجاڭدا رەپقەتنىڭ گېپى قۇلىقىمغا كىرمىدى، ئەمدى قەيسەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسام ئۆزۈمگە ئۆزۈم قىلىپ قويىدىغان ئوخشايمەن. مەن مۇشۇ كۈنگىچە ئۆزۈمنى ھېچكىمگە تەڭ قىلماي ياشاپ كەلدىم، ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىمۇ رەنجىتتىم، بەزىلەرنى بىۋاستە رەنجىتتىم، بەزىلەرنى بىلىپ - بىلمەي رەنجىتتىم، ئەڭ مۇھىمى ئەركىننىڭ ياشلىق باھارىنى غازاڭ قىلدىم. مانا ئەمدى جاجامنى يەۋاتىمەن، بۇ ماڭا ئاز. پۇشايماننىڭ دورىسىنى قەيەردە ساتىدىغاندۇ؟ ياق، پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئەي پۇشايمان، ئەي پۇشايمان! توغرا، مېنىڭدە جان بار، بېشىمنى كۆتۈرۈپ ياشاي» دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ.

ئەتىسى ئۇلار چۈشكىچە ئۇخلىدى، دەسلەپتە قەيسەر ئويغاندى، ئاندىن رەنا كۆزىنى ئاچتى. ئۇلار باش - كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، قەيسەر ئاخشامقى رېستورانغا بېرىپ ماشىنىسىنى ھەيدەپ كەلدى. ئۇ رەنانى ماشىنىسىغا سېلىپ، غۇلجىلىقلار ئاچقان بىر ئاشخانىغا ئەكەلدى. تاماقتىن كېيىن رەنانىڭ تەلىپى بويىچە تىياتىرخانىنىڭ يېنىدىكى قەھۋەخانىغا كىرىپ، قەھۋە ئىچىپ ئولتۇردى. رەنانىڭ بۈگۈن قەيسەرگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ ئولتۇرغۇسى كېلىپ قالغانىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ چىرايى ئۇبدانلا تولۇلۇپ قالغانىدى، كۆزلىرىدىمۇ يېقىملىق نۇرلار پەيدا بولغانىدى.

— مەن بۇرۇن نۇرغۇن ئىشلارنى بەك خام ئويلاپتىمەن، قەيسەر.

— ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كېتىدۇ، رەنا، سىزگىمۇ پۇرسەت كېلىدۇ، كانادادا مېنىڭمۇ ئاغىنىلىرىم بار، مەن ئۇلارغا بۇ ئەھۋالنى ئېيتىمەن، تېلېفون بېرىمەن، خەت يازىمەن، ئۇلاردىن ياردەم سورايمەن. سىز خاتىرجەم بولۇڭ، قارا نىيەت ئادەم ھامان جازاسىنى يەيدۇ، ئۇلار بىر مەزگىل كۆرەڭلەيدۇ، لېكىن بىر ئۆمۈر يىغلايدۇ، ئۇلار ساختىپەزلىك قىلىپ باغقا كىرسۇۋالغىنى

www.uyghurkitap.com

بىلەن كىشىلەر ئۇلارنى ھويلىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ، ۋاقىت ھەممىنى توغرىلايدۇ، شۇڭا سىز ئۆزىڭىزنى تاشلىۋەتمەڭ، بۇ ھەممىدىن مۇھىم. سىز بىر ئالىي مەلۇماتلىق ئادەم، سىز ھەممە ئىشنى بىلىسىز، لېكىن بۈگۈن مەن مۇشۇ ئىشلارنى يەنە بىر قېتىم ئېسىڭىزگە سالمىسام بولمىدى، ئەسلىدە بىر ھەقىقىي سودىگەر مۇشۇنداق بوران ـ چاپقۇن ئىچىدە تاۋلىنىدۇ، يېتىلىدۇ، پۇل تېپىشنىڭ ئۆزى بىر تەجرىبە بولسا، ئالدىنىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر تەجرىبە، بىرى گۆھەر بولسا، بىرى ئالتۇن، ئىككىلىسى ئوخشاش قىممەتكە ئىگە، ئۇلار بىزنىڭ ئەقلىمىزدە كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭگۈشتەرلەر...

— رەھمەت قەيسەر، بەك ياخشى گەپ قىلدىڭىز، راست گەپ قىلسام مەن سىزنى بۇنچىلىك ئىش بىلىدۇ دەپ ئويلىمىغان، مەن ئاساسەن كىتابنىڭ ئىچىدىكى ئىشلارنى بىلىمەنكەن، سىز جەمئىيەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى ئىشلارنى بىلىسىزكەن، بىز بەك كېچىكىپ تونۇشۇپتۇق...

رەنا جانلىنىپ خېلى ئوبدان بولۇپ قالغانىدى. كۆزلىرىدە قەيسەرگە لازىم بولۇۋاتقان ھېسسىيات بار ئىدى، لېكىن قەيسەر كۆزلىرىنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قاچۇرۇۋالدى، ئۇ رەنا ئۈچۈن قايغۇرۇۋاتاتتى، شۇڭا ئۇنىڭ رەنانىڭ بەدىنىگە چېقىلىشقا كۆڭلى بارمىدى: «دەسلەپتە قىلمىغان شۇ ئىشنى ھازىرمۇ قىلماي، ئۇنىڭ چىرايى ئەمدى ئەسلىگە كەلدى، يۈرىكىدىكى جاراھىتى ساقىيىۋالسۇن» دېدى.

— بۈگۈن مۇشۇ يەردە پاراڭلىشىپ قالدۇق، رەنا. مەن سىزگە ئەمدى ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىدىن ئازراق گەپ قىلىپ بېرەي، شىنجاڭدا سىز بىلەن كۆرۈشكەندە ماڭا بۇنداق پۇرسەت چىقمايتتى، مەن ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇرا مەكتەپنى ياخشى نەتىجە بىلەن پۈتكۈزگەن، كېيىن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇدۇم، مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن خىزمەتكە ئورۇنلاشتىم، ئىدارىدە ئاساسەن قىلىدىغان ئىش يوق ئىدى. مۇشۇ مەزگىلدە جەمئىيەتتىكى بىر

قىسىم باللار بازاردا تىجارەت قىلىپ پۇل تېپىپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئېتىنى يازالمايدىغان باللارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ بازارغا كىرىپ تىجارەت قىلدىم، ئىدارەم ئىستاژىمنى ساقلاپ قالدى، مەن شۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن تىجارەتكە كىرىشىپ كەتتىم. شىنجاڭدا، گۇاڭجوۋدا سودا قىلدىم، كېيىن مۇشۇ يەرگە كېلىپ تۇرۇپ قالدىم. مېنىڭ تىجارەت قىلىشتىكى دەسلەپكى ئارزۇيۇم: «جىق تاپمايمەن، بىر قورۇ ـ جايغا، بىر ماشىنىغا، بازاردىن بىرنەچچە دۇكان ئېلىپ ئىجارىگە بېرىشكە يېتەرلىك پۇل تېپىۋالسام بولدى، ئاندىن بېرىپ خىزمىتىمنى قىلىمەن» دەيتتىم. لېكىن، بۇ ئارزۇيۇمغا يەتكەندىن كېيىن بازاردىن چىققۇم كەلمىدى، مانا ھازىر ئاشۇ ئارزۇدىن نەچچىسىگە يېتىپ بولدۇم، لېكىن بازاردىن چىقىپ كېتەلمەيۋاتىمەن، پۇل دېگەن بەك ياخشى نەرسە ئىكەن، رەنا، لېكىن ئۇ يەنە شۇنداق ئەسكى نەرسە ئىكەن...

رەنا قەيسەرنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى، قەھۋە ئۇنىڭ بەدىنىگە ئىسسىقلىق بېرىۋاتاتتى، ئۇنىڭمۇ قەيسەرگە ئۆزىنىڭ تارىخىنى سۆزلىگۈسى كەلدى، لېكىن پېتىنالمىدى.

مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە رەنا قەيسەردىن ئايرىلالماس بولۇپ قالدى، لېكىن قەيسەر ئۇنىڭ ئۆيىدە قونمايدىغان بولۇۋالدى: «ئەمدى خەتەرلىك كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، رەنا، ئەمدى يالغۇز ياتسىڭىزمۇ ھېچ نەرسە بولمايدۇ» دېدى. رەنا ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى: «قەيسەر مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتىدۇ» دەپ چۈشەندى، لېكىن قەيسەر كۈندە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى، تاماقتىن كېيىن يەنە تىياتىرخانىنىڭ قېشىدىكى قەھۋەخانىغا كىرەتتى، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئولتۇرۇپ مۇڭدىشاتتى.

رەنا قەيسەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بولغان ئىشلارنى رەپقەتكە يەتكۈزدى، ئۇ تېلېفوندا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا

بىر ـ بىرلەپ چۈشەندۈردى: «ئەمدى بولغۇلۇق بولدى، رەپقەت، مەندىن ئەنسىرىمەڭلار، مەن پات ئارىدا ۋەتەنگە قايتىمەن» دېدى.

رەپقەت بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خېلىلا جىددىيلىشىپ قالدى، چۈنكى بۇ ئاز پۇل ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تونۇش ـ بىلىشلىرىنى ئىشقا سېلىپ، كانادادىكى تونۇشلىرىغا تېلېفون بەرگۈزدى، ئۇلار ئارقىلىق ھاكىغا مۇنداق مەنىدە ئۇچۇر بەردى: «ئەگەر ھاكى ياخشىلىقچە پۇلنى ئەكېلىپ قايتۇرۇپ بەرمىسە، بىز شۇ يەردىكى قارا قوللار ئارقىلىق ئۇنىڭ جېنىنى ئالىمىز، ياخشى ئويلاشسۇن، بىز دېگىنىمىزنى قىلالايمىز!»

رەنا ۋەتەنگە قايتىدىغان بولدى. ئۇ نۇرغۇن پۇل بىلەن كېلىپ قۇرۇق قول قايتىدىغان بولدى، رەپقەت تېلېفوندا ئۇنىڭغا زور ئىلھام بەرگەنىدى: «بېشىڭىزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قايتىپ كېلىڭ، مەنلا شىنجاڭدا بولىدىكەنمەن، سىز يەنىلا بۇرۇنقى رەنا» دەپ ئۇنىڭغا پۇلمۇ ئەۋەتىپ بەردى. قەيسەرنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشى بىلەن رەنا ئۆينى سېتىپ تەييار بولدى، ئۇ بارلىق تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن رابىگۈلنىڭ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، موماي بىلەن خوشلاشقاچ بولغان ئەھۋالنى ئۇلارغا ئېيتتى، خىزىر ئاكا بىلەن ھاۋاخان رەنانىڭ ئالدىدا بېشىنى كۆتۈرەلمىدى.

رابىگۈلنىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسى ئۆزىنىڭ قىزىدەك بىر كىچىك قىزنىڭ ئالدىدا بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالغاندا، رابىگۈل بىلەن ھاكى كانادادا راھەت تۇرمۇش ئىچىدە كۈلۈپ ئويناۋاتتى، ئۇلار شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئۆي سېتىۋېلىپ جايلىشىۋالغانىدى. رابىگۈل ئاخىر مۇرادىغا يەتكەنىدى.

رابىگۈل شىنجاڭدىن ئالمۇتاغا كەلگەن ئىككىنچى يىلى بىر يىگىت بىلەن توي قىلغانىدى، تويدىن كېيىن ئۇلار چىقىشالمىدى. رابىگۈل ئاجرىشىپ كېتىمەن دېگەن ئويغا كەلگەندە ئۇ قورساق كۆتۈرۈپ قالغانىدى. رابىگۈل ئوڭۇشلۇق

يەڭگىپ بولغاندىن كېيىن بالىسى بىر ياشقا كىرگۈچە ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئېرى مەمەت تەييارتاپ دېگەن يىگىت بولۇپ، گەپ سېتىشتىن باشقا ئىشنى بىلمەيتتى. تۆت ئادەم يىغىلىپ كۈلىدىغان، ئىچىدىغان يەرگە بېرىپ قىزىقچىلىق قىلاتتى. يەنە بىر مىجەزى تۆت ئادەم يىغىلغان يەردە ئەقىل ئۆگىتەتتى. ئىدىيوم، ئەقلىيە سۆزلىرىنى قوشۇپ سۆزلەش ئارقىلىق كىشلەرنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى. بەزى مۆرەككەپ ئاتالغۇلارغا تەبىر بېرىش ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدا ھە دەپ ئۆزىنى كۆرسىتەتتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر ئۇنىڭغا «پەلسەپچى» دەپ لەقەم قويۇپ قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئادەم ئۇنى: «مەمەت پەلسەپە» دەپ ئاتايدىغان بولۇۋالغانىدى. ئۇ تۇرمۇشتا ئاساسەن نان قېپى ئىدى. بازارغا چىقىپ بىر پۇلنى ئىككى قىلالمايتتى. دادىسىنىڭ روزغارىنى يەيتتى. ئۆينىڭ خىراجىتىنى ئاساسەن دادىسى قىلىپ بېرەتتى، دادىسى ھەر قېتىمدا بىرنەچچە ئاي يېتىدىغان ئۇن، ماي، گۈرۈچلەرنى ئۆيىگە ئەۋەتىپ بېرەتتى، رابىگۈلنى ئۇنىڭ مۇشۇ تەرەپلىرى زېرىكتۈرۈپ قويغانىدى. رابىگۈل مەمەت پەلسەپىدىن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، «بالامنى ئۆزۈم باقىمەن» دەپ ئوغلىنى ئېلىۋالغانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ مەمەت پەلسەپە بالىسىنى باقالمايتتى، ئاخىر بېرىپ دادىسىغا تايىنىدىغان گەپ ئىدى. رابىگۈل ئۇنىڭ مۇشۇ تەرەپلىرىنى بىلىپ، بالىسىنى بەرمىگەنىدى: «ئەگەر بالام ئۇلارنىڭ قولىغا قالسا، ئوقۇشسىز قالىدۇ، بۇۋىسىنىڭ يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرى بىلەن بولۇپ، ئۇلارغا قۇل بولۇپ كېتىدۇ، چوڭ بولغاندا دادىسىغا ئوخشاش مەدداھ بولۇپ چىقىدۇ» دەپ، بالىنى ئالىمەن دەپ چىڭ تۇرغانىدى. كۈنلەر ئۆتۈپ ئۇ ئاشخانا ئېچىپ يۈرگەندە، ھاكى بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى. ھاكى كۈندە چۈشتە ئۇنىڭ ئاشخانىسىدىن تاماق يەيتتى، يەنى لەغمەنلا يەيتتى، تاماقتىن كېيىن ئۇنىڭ لەغمىنىنى ماختاپ رەھمەت ئېيتاتتى، ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇشۇ قىلىقلىرى ئۇلارنىڭ تونۇشۇپ ئارىلىشىپ قېلىشىدىكى دەسلەپكى سەۋەب بولۇپ قالغانىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھاكى رابىگۇل بىلەن ئوبدانلا چىقىشىپ قالدى. رابىگۇلمۇ ئۇنى مەمەت پەلسەپە بىلەن سېلىشتۇرۇپ تۇردى، ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا يەر بىلەن ئاسمانچىلىك پەرق بار ئىدى. ھاكى شىركىتىدە كونا ماشىنىلارنى سېتىپ، ئوبدانلا پۇل تاپقانىدى. ئۇ ئۇنىڭدىن خېلى ئۈمىدلەرنى كۈتەتتى. ھاكى مۇشۇنداق ئىسسىقچىلىقتا رابىگۇل بىلەن توي قىلماقچى بولدى، رابىگۇل: «تويغا ئالدىرىمايلى ھاكى، مۇشۇنداق ئارىلىشىپ ئۆتۈپ تۇرايلى» دېدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھاكى رابىگۇلگە: «توي قىلمىساق بولمايدۇ، ئەمدى بۇ ئىشنى سۆرىمەڭ، ئىككىلىمىز خاتىرجەم بولايلى» دېگەندە، رابىگۇل ئۇنىڭغا قورسىقىدىكى گەپنى ئېيتقانىدى: «مەن ئاتا ـ ئانام بىلەن مۇشۇ يەرگە چىقىپ قاپتىمەن، ئامال يوق، ئالمۇتادا پەقەت تۇرغۇم يوق، ھاكى، باشقا بىر دۆلەتكە چىقىپ كەتسەك دەيمەن، شۇ يەردە ئۆي تۇتۇپ ياشىساق. مەن سىزگە كۆپ ۋاقىتتىن بېرى مۇشۇ گېپىمنى دېيەلمەي يۈرەتتىم، مانا ئەمدى سىزگە راست گەپ قىلمىسام بولمايدۇ. بىز بۇ شەھەرگە مۇساپىر، سىزنىڭ بوۋىلىرىڭىزنىڭ تېگىمۇ شىنجاڭدىن، بۇ يەردە خەقنىڭ كۆزىگە قاراپ يۈرگىچە ئەركىنرەك بىر دۆلەتكە چىقىپ ياشىمايمىزمۇ» دېگەنىدى. ھاكى رابىگۇلنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن كۆنگەنىدى. «مەيلى، باشقا بىر دۆلەتكە چىقساق چىقايلى، ئالمۇتا بىرياققا قېچىپ كەتمەيدۇ، كېيىن قاچان كېلىمىز دېسەك كېلىۋېرىمىزغۇ» دېدى. لېكىن، ئىقتىساد مەسىلىسى مۇھىم مەسىلە ئىدى، چەت ئەلدە پۇل بولمىسا ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايتتى، بىرەر ئىش ـ ئوقەتنىڭ پېشىنى تۇتۇش ئۈچۈنمۇ پۇل بولمىسا بولمايتتى. قىسقىسى، چەت ئەلدە ھەممە تىرىكچىلىكنى باشتىن قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ھاكى: «بولىدۇ رابىگۇل، مەن پۇل تاپاي، تىرىشاي» دېدى. ھاكى مۇشۇ جەرياندا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن قەرز ئېلىپ، شىركىتىنىڭ

سودىسىنى كىڭەيتكەنىدى. شۇ ۋاقىتتا، رابىگۇل شىنجاڭغا تۇغقان يوقلاشقا چىققانىدى، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى شىنجاڭ بىلەن خوشلىشىش ئىدى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن ئاخىرقى كۆرۈشۈۋېلىش ئىدى: «كېيىن ئالمۇتادىن ئىككىنچى بىر دۆلەتكە چىقىپ كەتسەم ھە دېگەندە شىنجاڭغا كېلەلمەيمەن» دەپ ئەنسىرەيتتى. شىنجاڭدا ساۋاقداشلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، رەنانىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن رەناغا چاپلاشقانىدى، ئۇنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ: «ئاداش، ئەگەر ئالمۇتاغا بېرىپ ئىش ـ ئوقەت قىلساڭ پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە چوڭ باي بولۇپ كېتىسەن، ياۋروپاغا چىقىپ تىجارەت قىلىدىغان مەشھۇر تىجارەتچى بولۇپ كېتىسەن» دەپ ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرغانىدى. رابىگۇلنىڭ دەسلەپكى مەقسىتى مۇنداق ئىدى: رەنانى ئالمۇتاغا قىزىقتۇرۇپ، ئۇنىڭ مەبلىغىنى شۇ يەرگە يۆتكەپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىش ـ ئوقەت قىلىپ، ئۇنىڭ دەسمايىسىدە جىقراق پۇل تېپىپ، باشقا بىر دۆلەتكە چىقىپ كېتىش ئىدى. لېكىن، كېيىن بۇ ئىشنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كەتتى، ھاكى كاناداغا چىقىپ كەتكەن تونۇشلىرى ئارقىلىق شۇ دۆلەتتىن يول تېپىپ، تەييارلىقنى پۈختا قىلىپ، بانكىدىكى پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئالمۇتادا ھېچقانداق بىر ئىنسانغا تۇيدۇرماي رابىگۇل بىلەن بىللە كاناداغا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ھېچقايسىسى ئاتا ـ ئانىسىغا سىر بەرمىگەنىدى. ئەگەر بۇ ئىشنى رەنا بىلىپ قالسا، ئۇ بىزگە ئېسىلىۋالىدۇ، دەپ قورققانىدى. رەنانىڭ ھاكىنىڭ شىركىتىگە قوشقان پۇللىرى ئۇلارغا بەك ياققانىدى، رابىگۇل ھاكىغا ئىلھام بېرىپ، «ئەنسىرىمەڭ، ۋاقتى كەلگەندە رەناغا ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن» دېگەنىدى. ئۇلار كانادادا كۈلۈپ يۈرگەندە، رەنا ئالمۇتادا يىغلاۋاتاتتى.

قەيسەر رەنانى ئىزدىتىش ئۈچۈن كاتتا بىر رېستوراندا مېھمان چاقىردى، مېھمانلارنىڭ تەڭدىن تولىسى شىنجاڭدىن چىقىپ ئوقەت قىلىۋاتقان بالىلار ئىدى، يەرلىك بالىلاردىن بىرنەچچىسىلا بار ئىدى. قەھرىمان سەت كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ

تۆرگە چىقىپ ئولتۇردى. زىياپەت باشلانغاندىن كېيىن ئۇ ئىستاكاندا ئىچىشنى باشلىۋالدى، ئۇ توختىماي سۆزلەپ تۇراتتى، قەيسەر چاندۇرماي ئۇنى ماختايتتى: «توغرا، قەھرىماننىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئورۇنلۇق، ئادەتتە بىز ساقچىلارغىمۇ قاراپ قويساق بولىدۇ، بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە بىزنى مۇشۇلار خاتىرجەم قىلىدۇ ئەمەسمۇ» دەپ بەردى. قەھرىمان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ روھلىنىپ كەتتى، ئۇ ھارىقىنى كۆتۈرۈپ رەنانىڭ ئالدىغا كەلدى، رەنا ئۇنى كۆرۈپ قولىغا چېيىنى ئېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يەنە بىر قېتىم ئەھۋال سورىدى.

— سىزگە كۆپ رەھمەت قەھرىمان، شىنجاڭغا بارسىڭىز مېنى ئىزدەڭ، — دېدى رەنا كۈلۈپ، ئۇنىڭ رەڭگىرويى تولۇق ئەسلىگە كەلگەنىدى.

— سىزگىمۇ رەھمەت، خانىم، مانا بىر ئوبدان بولۇپ قاپسىز، قايغۇرماڭ، ھاكى سىزنى جايلىغان بولسا، ئۇنىمۇ جايلايدىغان ئادەم چىقىدۇ، سىزگە چوڭ زىيان يوق، پۇللىرىڭىزنى ئالالايسىز، مۇشۇ قەيسەرلەرنىڭ بەك يولى بار، بۇنىڭ ئوغرى ‑ لۈكچەكتىنمۇ ئاغىنىسى بار، باي ‑ غوجاملاردىنمۇ ئاغىنىسى بار، بىر ‑ ئىككى يىلغىچە پۇلىڭىزنى ئېلىپ بېرىدۇ، ھازىر بۇنداق ئىشلار كۆپىيىپ كەتتى، — ئۇ قولىدىكى يېرىم ئىستاكان ھاراقنى ئىچىۋەتتى.

قەھرىمان ئۆز ئورنىغا كەتتى، ئۇ يەنە توختىماي سۆزلەۋاتاتتى. رەنا بېشىنى كۆتۈرۈپ مېھمانلارنىڭ ھەممىسىگە بىردىن قاراپ چىقتى، ئۇ قەيسەر بىلەن قەھرىماننىڭ ئوبرازىنى كۆزى ئارقىلىق يۈرىكىگە سىڭدۈرۈۋالدى:

«ئالمۇتا ماڭا بىر مەكتەپ بولدى، مەن بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمدا خېلى جىق ئادەملەرنى ئۇنتۇپ قېلىشىم مۇمكىن، لېكىن مەن قەيسەرنى، رابىگۈلنى، قەھرىماننى، ھاكىمنى، رەپقەتنى ئۇنتۇمايمەن، ئۇلار مېنى يىغلاتقان ھەم كۈلدۈرگەن، ماڭا ئەقىل ئۆگەتكەن» دېدى رەنا ئۆز ‑ ئۆزىگە سۆزلەپ.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

# يەنىلا ياخشىلار كۆپ بۇ ئالەمدە

شۇ كۈنى رەيھانە رەنانىڭ تېلېفونىنى ئالغاندىن كېيىن، بەك جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى. لېكىن، ئۇ رابىگۈلنى ئۇنداق قىلار دەپ ئويلىمىغانىدى، پۇل ئۈچۈن دوست دۈشمەنگە ئايلانغانىدى. ئۇ ئىچىدە: «ئادەم بەك ساددا بولۇپ كەتسە مۇشۇنداق بولىدۇ، ھاي دېسەم ئۇنىمايدۇ، ئاخىر ئۆزىنىڭ دوستىنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپتۇ» دەپ ھەسرەت چەكتى. «مىڭ قىلمىسا رەنا تېخى كىچىك ــ دە، تەييار ناننى يەپ چوڭ بولغان نەرسە ــ دە، ئۇ ! » دېدى رەيھانە.

ئۇ ئوسمان بىلەن ساۋۇتنى چاقىرىپ ئەكىلىپ، رەنادىن ئاڭلىغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا ئېيتتى.

— ئالە شەرىڭنى، رەنانى قۇرۇتۇپتىغۇ؟

— ئۇنداق دېمە، رەيھانە خاپا بولىدۇ !

— قولىدا يېتەرلىك پۇل تۇرسا نېمە بار ئالمۇتادا، قويمىچىلارنىڭ ئۇۋىسى تۇرسا ئۇ !

— مۇشۇ يەردە بىر ئوبدان پۇل تېپىۋاتاتتى.

— شۇ ئاغىنىلەر، پېشانىسىگە يېزىلغىنى شۇ ــ دە ! — دېدى رەيھانە گەپكە ئارىلىشىپ.

— يېنىپ كەل دېگەنسەن؟

— قايتىپ كەلسە يەنە موككىدە خوتۇن قىلىسەن دېگىنە ئۇنى.

— بىر ئادەمگە تېگمۇەرمەس.
— ئەمدى ئاشنا قىلىۋالساڭ بولىدۇ ئۇنى.
رەپقەت كۈلدى:
— ئۇنىڭ ئۇچۇن ئاز زىيان ئەمەس ئاغىنىلەر بۇ!
— سەن ئۆزۈڭ بار، ئاداش، ئۇ رەنا نېمىدىن قورقاتتى، ئاشۇ سەتەڭنى دەپ بىر سەتلىشىۋالدىڭ ـ ھە!
— بۇمۇ تەقدىر، ئاداش، تەقدىر دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىدىغانسىلەر؟ بىز تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى پېشانىمىزگە يېزىلىپ بولغان ئىشلارنى تەقدىر دەيمىز...
— گۈلباھار بىلەن يارىشىۋالامسەن يا؟
— ئەمدى ئۇنداق گەپ قىلساڭ ماڭا ياراشمايدۇ، ئۇ خوتۇن رىۋايەتكە ئايلىنىپ كەتتى، قاچانقى خوتۇن ئۇ؟
— ئۇنداق دېمە، قېيىنئاتاڭنىڭ دۇئاسىنى ئالسەن.
— دۇئا بىلەن كۆكلەيدىغان يىللىرىدىن ئۆتۈپ كەتتى بۇ.
— ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى خوتۇننى رەنا ئېلىپ بېرىدۇ دەڭلا، ئاداش.
— ئالمۇتادىن رۇس قىزدىن بىرنى ئالغاچ كېلەمدۇ يا!
— سودىگەر بولغاندىن كېيىن ئىككىنى ئالغاچ كېلە، بىرسىنى سېتىپ ئىزىنى چىقىرىۋالامدۇ!
— يەنە شۇ گەپ ئاغىنىلەر، تەقدىر، مەن مۇشۇ كۈندە ھەممە ئىشنى توغرا چۈشىنىدىغان بولدۇم، باشقا كەلگەننى كۆرمەي ئامال يوق!
— بىزنىڭ بېشىمىزغا بىرەر سەتەڭ قىزلار قونمايدۇ، مۇشۇ كۈنگىچە دادىمىز ئېلىپ بەرگەن قېرى خوتۇن بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىۋاتىمىز.
— سەن داداڭنىڭ ياخشى بالىسى ـ دە، ئاداش.
— ئۇنداق ئەمەس، پارچە پۇل بۇ ئاداشتا!
— سەنمۇ خاتا دېدىڭ، پۇلنىڭ ھەممىسى خوتۇندا! — دېدى رەپقەت يەنە گەپكە ئارىلىشىپ.

ئۇلار كۇلۇشۇپ كەتتى.

— خوش، چاقچاقنىمۇ قىلدۇق ئاغىنىلەر، ئەمدى سىلەرگە بىر مەسلىھەت، رەنانىڭ بۇرۇنقى زاماندىكى ئوبيېكتى ئەركىن دېگەن بالىنى بىلىسىلەرغۇ؟

— ھە، ھە، بىلىمىز...

— ئاشۇ بالا تا مۇشۇ كۈنگىچە رەنانىڭ ئارمىنىنى يەپ يۈرىدۇ، ئۇنى قازاقىستانغا ئەۋەتىپ رەنانى ياندۇرۇپ كەلسەك دەيمەن، ئۇنىڭ پاسپورتىنى مەن تۆت كۈندىلا پۈتكۈزۈپ بېرىمەن، ئىككىسىنىڭ تويىنى قىلىپ قويمايلىما...

— بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى رەپقەت، رەنا ئۇنامدۇ ئۇنىمغا؟

— مەن تېلېفوندا رەنا بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇ ھەرھالدا قايىل بولۇپ قالدى...

— ئۇنى ياۋاشراق بىر ئەرنىڭ ئىلكىدە قىلىپ، ئەتىسى - ئاخشاملىرى ئۆزۈڭ سۆرەپ يۈرىدىكەنسەن - دە ! — دېدى ساۋۇت.

— ئۇنى شىركىتىمىزنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىمەن، ئۆزى ئوقۇغان، ئالىي مەلۇماتلىق قىز ئەمەسمۇ، قارىمامسىلەر، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ.

— خۇدايىم بەرسە پەيغەمبەر غىڭ قىلالماپتۇ دېگەن گەپ بار، ئەمدى ساڭا بىر نەرسە دېگىلى بولمايدىغۇ !

— پىكرىڭلار بارمۇ؟

— يوق.

— ئەمىسە سىرتقا مۇنداق دەيسىلەر: رەنا ئالمۇتادا ئۆزى ئەركىن بىلەن توي قىلىمەن دەپ تېلېفون بېرىپتىكەن، ئەركىن ئۇنى ئەكەلگىلى كەتتى، كەلگەندە تويىنى قىلىدىكەن، چەت ئەلدە مۇساپىرچىلىقتا بۇرۇنقى ئوبيېكتىنى ئەسلەپ قاپتۇ، كۈندە چۈشىگە كىرىدىكەن، چۈشىدە بىر ئەۋلىيا ئەمدى سىز ئەركىنگە تەگمىسىڭىز ئىشىڭىز ئىلگىرى باسمايدۇ دەپتۇ، دېگەندەك

گەپلەرنى تۇتقۇپ تارقىتىشقىلار، مەن ئەتە ئەركىن بىلەن سۆزلىشىمەن، بۇ ئىشنى مۇشۇنداق قىلىپ ئىككىلىسىنى خاتىرجەم قىلايلى.

— موللا بولۇپ كېتىپسەن جۇمۇ، ئاداش.

— مۇھەببەتنىڭ ئوتى يامان، ئاداش.

— خاتىرجەم بول، ئاداش، ئۇنداق گەپلەر دېگەننى ياپسا كەلتۈرۈۋېتىمىز، رەنا ئالمۇتادا ئاغرىپ يېتىپ قاپتىكەن، رەپقەت شىنجاڭدا موللىغا ئوقۇتۇپ ساقايتىۋاپتۇ دېگەندەك گەپلەرنى ئۇچارتىۋېتىمىز ـ دە!

— ھەقىقىي ئاغىنىلەر دېگەن مانا سىلەردەك بولىدۇ!

— بىزدە گەپ يوق، ئاداش، بىز بۇ دۇنيا ـ ئۇ دۇنيا ئىشەنچلىك ئادەم، موللامنىڭ ئېشىكىنى سۈغىرىپ پۇلىنى ئالساق بولدى ـ دە...

— سەنغۇ ياخشى، ئەل ـ ئاغىنە بولغاندىن كېيىن دوللار بېرەرسەن، ئاداش؟

— ئالتۇن بېرىمەن، ئاداش، ئالتۇن، سىلەر ئالتۇندەك ئاغىنىلىرىم تۇرساڭلار.

ئەتىسى رەپقەت شەھەرلىك باسما زاۋۇتقا ئادەم ئەۋەتىپ ئەركىننى چاقىرتىپ كەلدى، ئۇلار بۇرۇن بىر ـ بىرىنى كۆرسە تىنچلىق سورىشىپ قويۇپلا ئۆتۈپ كېتەتتى، ئەركىن مۇشۇ كۈنگىچە رەپقەت بىلەن روبىرو ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ باقمىغانىدى. ئۇ رەپقەتكە قاراپ جىم ئولتۇردى. رەپقەت ئۇنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىنى سورىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا رەنانىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى، ئەركىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى بۇتنىڭ كۆزىدەك قېتىپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ مىدىرلاپ رەپقەتنىڭ ئىشخانىسىدىكى گۈللەرگە قارىدى، ئاندىن دىققىتىنى رەپقەتكە مەركەزلەشتۈردى:

— رەنا ئۆزى قانداق ئىكەن؟ — دېدى ئەركىن.

— ئۆزى ياخشى.

— ئۇ ئاخىر بىر پېشكەللىككە ئۇچراپتۇ ـ دە.

— مەن رەنانى جىق توسۇغان، لېكىن رابىگۇل دېگەن نېمە ئازدۇرۇپ كەتتى.

— بۇ ئىشلارنى ماڭا بەك تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ كەتتىڭىزغۇ رەپقەتكا؟ — دېدى ئەركىن رەپقەتكە قاراپ، ئۇنىڭ چىرايى يەنە شۇنداق سوغۇق ئىدى.

— سىز بىلەن بىر ئىشنى مەسلىھەتلەشكۈم كېلىپ قالدى، ئۇكام، ئەمدى بۇرۇنقى ئىشلارنى دېمەيمىز، ئەگەر توغرا تاپسىڭىز مەن پاسپورت قاتارلىق رەسمىيەتلىرىڭىزنى پۈتكۈزۈپ بەرسەم، ئالمۇتاغا بېرىپ رەنانى ئەكەلسىڭىز، ئاندىن بىز ئىككىڭلارنىڭ توينى قىلىپ قويساق. مەن رەنا بىلەن تېلېفوندا ئۇزاق سۆزلەشتىم، ئۇنىڭ بېشىدىنمۇ جىق ئىش ئۆتۈپتۇ، جىق ئۆكۈنۈپتۇ. نەچچە قېتىم تېلېفوندا سىزنىلا سوراۋاتىدۇ، مەن سىزنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن چاقىرتقان، ئۇكام.

ئەركىن رەپقەتكە قارىدى، ئۇنىڭ رەپقەتنىڭ قورسىقىدىكى ئويۇنىنى بەكمۇ بىلگۈسى كېلەتتى، لېكىن ئۇ رەپقەتنىڭ كۆزىدىن ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى.

«بۇ ئوغرىنىڭ قورسىقىدا نېمە باردۇ ئەمدى؟» دېدى ئەركىن ئىچىدە، «نېمە بولسا بولسۇن، مەن ئالدى بىلەن بېرىپ رەنانى ۋەتەنگە قايتۇرۇپ كېلەي !»

— ماقۇل رەپقەتكا، مەن بېرىپ رەنانى قايتۇرۇپ كېلەي !

— قالغان ئىشلاردىن خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇكام، ۋاقتى كەلگەندە تويۇڭلارنى ئۆزۈم قىلىپ قويىمەن.

— سىز مېنىڭ پاسپورتۇمنى پۈتكۈزۈپ بېرىڭ، قالغان ئىشلارنى ئۆزۈم قىلىمەن، مەن ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى مۇشۇنداق بىر ئىشنى كۈتۈپ تۇرغان، مەندە خوتۇن ئالغۇدەك پۇل بار...

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ئۇكام، سىز تەييارلىق قىلىۋېرىڭ، مەن بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدە پاسپورتىڭىزنى

پۈتكۈزۈپ بېرىمەن، تېزرەك يولغا چىقىڭ.

— ماقۇل رەپقەتكا، سىز ماڭا رەنانىڭ ئالمۇتادىكى تېلېفون نومۇرىنى دەپ بەرگەن بولسىڭىز.

رەپقەت رەنانىڭ تېلېفون نومۇرىنى بىر قەغەزگە يېزىپ ئۇنىڭغا بەردى.

ئەركىن رەپقەت بىلەن خوشلىشىپ ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى.

رەپقەت ئەركىننىڭ پوزىتسىيەسىگە قاراپ خۇشال بولدى. ئۇ ئەركىننىڭ مۇشۇنداق جاۋاب بېرىشىگە ئىشىنەتتى، ئۇ رەنا ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشقا ماقۇل دەيدىغان يىگىت ئىدى، ئۇ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ئۆزى بىۋاسىتە بېرىپ، ئەركىنگە پاسپورت ئىلتىماس قىلىدىغان ماتېرىياللارنى ئۇلارغا تاپشۇردى. ئىشلار راۋان ئىدى، رەپقەت مۇشۇنداق بىر ئۇسۇللار بىلەن رەنا بىلەن ئەركىننى خاتىرجەم قىلماقچى بولدى.

ئەركىن ئالمۇتاغا تېلېفون بېرىپ، رەنا بىلەن كۆرۈشتى. رەنا ئۇنىڭغا ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلدى، ئەركىن ئۇنىڭ بۇلاقتەك ئويناپ تۇرىدىغان سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى جامالىنى كۆرگەندەك بولدى. رەنا: «ئەمىسە سىز كېلىڭ، مەن يولىڭىزغا قارايمەن» دېدى. ئەركىن خۇشال بولۇپ، قىن ـ قىنىغا پاتماي كەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا رەنا بىلەن بىللە قول تۇتۇشۇپ ياشاشنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇسى ئىدى. مانا ئەمدى بۇ ئارزۇلار ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا رەنادىن ئايرىلىپ قالغاندا رەنا ئازدى، ئۇنى شەيتان ئازدۇردى، دېگەنىدى، ھەرگىزمۇ ئۇنى ئەيىبلىمىگەنىدى. ساۋاقداشلىرى: «رەنا سەندىن چاندى، ئەركىن، تىل سالساڭ بولمامدۇ ئۇ ۋىجدانسىزغا» دېگەندە، ئۇ ئۇلارنى ئەيىبلىگەنىدى: «خاتالىشىۋاتىسىلەر، بالىلار، ئۇنداق ئىش يوق، ئۇنى شەيتان ئازدۇردى» دېگەنىدى. كېيىن يىللار ئۆتۈپ ئۇ

شــىنجاڭـغا قايتــىپ كېلــىپ، شەھــەردە كــېيىنــەكتەك ئــۆچــۆپ يۈرگەنــدە، ساۋاقداشلار: «رەنـا ئۇنداق بولـۇپ كېتــىپتۇ، مۇنــداق بولۇپ كېتىپتۇ» دېگەندە، ئۇ ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: «قالايمىقان سۆزلىمەڭلار، يامان بولىدۇ، رەنانى شـەيتان ئازدۇرغــان، ئۇنىڭـدا گۇناھ يوق» دېگەنىدى. كېيىن رەنا رەپقەت بىلەن توي قىـلغانـدا، ساۋاقداشلار يەنە ئۇنىڭ مۇشۇ قىلىقى ئۈچۈن نەپرەتلەنگەندە، ئۇ: «ئـۇنداق قىلـماڭلار، رەنا داۋاملىق ئېزىـپ كېتــىۋاتـىدۇ، مــەن ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن، ئۇ چوقۇم بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى ئـۆز مۇھەببىتىگە قايتىدۇ» دېگەنىدى. مانا رەپقەتنىــڭ ئۆچۈرى ئۇنــى ھەقىقىي ھاياجانغا سالدى. ئۇ ئون نەچچە يىل قـايغۇرۇپ بوگــۈن بىر كۈلگەنىدى.

ئەركىــن ئۆيىگــە بېرىپ، ئــۆزىنىڭ مـۇشۇ قارارىنــى ئاپىسى بىلەن دادىسىغا ئېيتتى، چوڭلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ گەپ قىلالمـاي قـالدى. ئاپــىسى مۇشـۇ يىللاردا ئــۇنى گەپكـە كىـرگۈزۈلـمەي كېلىۋاتاتتى، بىرنەچچە يەردىن لايىـق تاپقـان بولسىـمۇ، ئەركىــن يېقىن كەلمىگەنىدى: «مەن تـوي قىلمـايمەن، ئاپا، ئاۋارە بولمـا، ئۇنىڭ ئۈستىــگە ھازىـر ئادەم ھېچكىم كۆرمىـگەن، بىـلمىگـەن قىزلار بىلەن تونۇشۇپ توي قىلمايدۇ» دەپ ئاپىسىنىڭ گـېپىگـە كىرمىگەنىدى. ئاپىسى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئادەمنى بىلەتتى، مانـا ئەمــدى ئۇنىـڭ قـارارىنى ئـاڭـلاپ خۇشال بـولـدى: «مەيلـى تـوي قىلـسۇن، ئۆز سۆيـگىنى بـىلەن تـوي قـىلسـا خـۇشال ئۆتـىدۇ، سۆيمىگەن جانانىنى ئالغۇچە، ئۆزى سۆيگەن تازنى ئالغىنى ياخشـى ئەمەسمۇ» دېدى ئىچىدە. لېكىن، ئەركىنـنىڭ دادىسـى ئۇنىڭ بـۇ ئىشىغا قارشى چىقتى، ئۇ بالىسىغا قاتتىق گەپ قىلىپ قويدى:

— ئېلىــشىــپ قـالـمىغـانسەن، بـالام، ئـوغۇل بـالا دېگـەن ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ غېمىنى قىلغۇلۇق.

— مــەن ساق دادا، ئەگــەر ئـېلـىـشىــپ قالـغان بولـسـام بـۇ ۋاقىتچە ئۆيلىنىپ بولاتتىم.

— تـۇرسـۇن، ئۇنــداق گــەپ قــىلـمــاڭ، ئـۇ ئـۆزى يـاخـشـى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرىدىغان قىز ئەمەسمۇ!
— سەن ئارىلاشما!
— مەن ئانىسى تۇرسام ئارىلاشمىسام قانداق بولىدۇ؟ ئەمدى بىز بۇ ئىشقا ئارىلاشمايلى، تۇرسۇن.
— رەھمەت ئاپا، ئەمىسە مەن مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە يولغا چىقىمەن، دادامغا ئۆزۈڭ چۈشەندۈرۈپ قوي.
ئەركىن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
— سەن ئەركىننىڭ ئالدىدا ماڭا ھۆررۇ ـ پۆررۇ دەيسىنا؟ مەن كىم! تاياق يېگۈڭ كېلىۋاتىدۇ ھە قېرى! — دېدى تۇرسۇن خاپا بولۇپ.
— دەپ كەتكىنىنى قېرىنىڭ، سېنىڭ ئاۋۇ مېنى بوزەك قىلىپ ئۇرۇپ ئويناپدىغان يىللىرىڭ ئۆتۈپ كەتتى، ماڭا قولۇڭنىڭ ئۇچىنى تەگكۈزۈپ باقە قېنى، ھازىر ساقچىلار خوتۇنىنى ئۇرىدىغان ساراڭلارنى تۇتۇپ، تاغقا ئاچىقىپ تاش كولاتقۇزۇۋېتىپتۇ! — دېدى خەلچەم كۆرەڭلەپ.
— دۆت خوتۇنلىرىنى ئۇرسا كارى يوقتۇ! سەندە كاللا بارمۇ ـ يوقمۇ، سەن مۇشۇ كۈندە رەنانىڭ نېمە بولۇپ كەتكىنىنى بىلمەمسەن؟ دادىسىدەك بىر ئەردىن چىقتى ئۇ! ئاشۇنى ئالمەن دېسە گەپ قىلمايسىنا!
— ئىككىسى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئاشۇنداق سۆرىشىپ يۈرەتتى، بىر ـ بىرىنى ئوبدان بىلىشىدۇ، يامان بولىدۇ، قالايمىقان گەپ قىلماڭ، تۆت كۈندىلا ئۆزىمىزگە يانىمىسۇن يەنە...
— سەن مېنىڭ يۈزۈمنى قويمايدىغان بولدۇڭ ـ دە! تۇۋا، مەنمۇ بەش ـ ئون مەھەللىنىڭ قىزلىرىنى نەچچە تاسقىۋېتىپ سەن ساراڭنى ئالغان، بۇ گۈينىڭ بالىسىزە، ئۆمرىدە بىرلا قىزغا ئېسىلىۋالدى يا! دادىسىنى دورىمىدى ـ دە، بۇ گۈي!
— بالىسى دادىسىنى دورايدىغان يىللار ئۆتۈپ كەتتى ئاخۇنۇم، يەردىكى سەت كۆمۈر ئايرىپىلان بولۇپ ئۇچۇۋاتسا،

بالىسى يەنە دادىسىنىڭ ئاشۇنداق سەت قىلىقلىرىنى دورامدا؟ ئاۋۇ مەھەللىدىكى خورازمۇ ئىككى مېكىياننى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈشنى نومۇس دەپ بىلىدىغان بولدى!

— زامان ياخشى تەرەققىي قىلىۋېتىپتۇ ـ ھە، خوتۇن؟ ئۆز ۋاقتىدا سەن ماڭا تەگكەندە بىر يىلغىچە بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىيالمايتتىڭ، مانا ئەمدى ساقچىلارغا ئوخشاش ماڭا ۋارقىرىپ، ئالىيدىغان بولدۇڭ، مۇبارەك بولسۇن خوتۇن! — دېدى تۇرسۇن ئايالىنىڭ چىشىغا تېگىپ.

— زامان تەرەققىي قىلسا مۇشۇنداق بولىدۇ، تۇرسۇن... ئەمدى گەپنى ئاز قىلىڭ، ئەركىننىڭ تويىغا تەييارلىق قىلمىساق بولمايدۇ.

— توۋا، ھازىرقى بالىلار دېگەن بەك دۆت جۇمۇ، مۇھەببىتىم، سۆيگىنىم دەپ نەدە قوڭىدىن قېرىپ قالغان بىر نىمىلەرگە ئېسىلىۋالىدىكەن ـ دە! مۇشۇ مۇھەببەت دېگەن گەپنى قانداق بىر نەرسە تاپقان بولغىيدى دەيمەن، مۇشۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەن نۇرغۇن بالىلارنى ساراڭ قىلىپ بولدى ـ دە!

— قېرىغاندا ياشلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماڭ ، ئالىمەن دېگىنىنى ئېلىپ بەرسەك بولدىغۇ!

— قىلە، نېمە قىلساڭ قىلە، خوتۇن! مەن سەت قارىياغاچتەك مۇشۇ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ بېرىمەن.

خەلچەم تۇغقانلارغا خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلانى ئۆزىنىڭ پىكرىگە باغلىۋالدى، ئىچكى جەھەتتە تويغا تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى بەك روشەن، ئەركىننى ئۆيلەپ خۇشال قىلىش، ئۆزى خاتىرجەم بولۇش ئىدى.

ئەركىن پاسپورتنى قولىغا ئالدى، رەپقەت ئىشلارنى ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم تاپشۇردى: «چېگرادىن ئۆتكەندىن كېيىن قەيسەر ئىسىملىك بىر بالا ئالدىڭىزغا چىقىدۇ، شۇ بالا سىزنىڭ ھەممە ئىشىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ» دېدى.

ئەركىن بۇ ئىشنى تېخى ئاغىنىلىرىگە ئېيتمىغانىدى. يولغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىقىش ئالدىدا ئۇ ئاغىنىسى، يەنى ئۇلارنىڭ يىگىتبېشى ئىمام بىلەن كۆرۈشتى، ئىمام ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئىمامنىڭ بېشى قاتتى. بۇ بىر مەسلىھەت بولماستىن: «مۇشۇنداق قىلمىسام بولمايدۇ، ئاداش، سەن ماقۇل دەپ بەر، قالغىنىنى ئاغىنىلەرگە چۈشەندۈر» دېگەندەك ئۇقتۇرۇش ھەم تەلەپ ئىدى. شۇڭا، ئۇ: «ياخشى بوپتۇ، ئاداش» دېمىسە بولمايتتى.

— ياخشى ئىش ئىكەن ئاداش، مانا مۇرادىڭغا يېتىدىغان بوپسەن، ئاتلان، بېرىپ ئەكەل، تويۇڭنى قىلايلى، رەنا يامان قىز ئەمەس، ئاداش. ئەمدى شۇ ئوقەت قىلىمەن دەپ يۈگۈرۈپ يۈرىدىغان ئىشىدىن قالسا بولىدۇ، بۇ بىر ساۋاب، ئاداش، بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئالدىغا بېرىپ ئەكەلسەڭ ئۇمۇ سېنىڭ ياخشىلىقىڭنى ئۇنتۇمايدۇ، — دېدى ئىمام.

— مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن ئاداش، ئۇ مەن قاچۇرۇپ قويغان رەنا، — دېدى ئەركىن.

— بېرىپ ئەكەل، ئاداش، خۇدايىم بەرسۇن، مۇھەببەت ئۈچۈن ئون نەچچە يىل ئازاب چەكتىڭ، بەك جاھىل ئىكەنسەن، بىر قىز بالىغا ئېسىلىۋالغۇچە يەنە بىر باغچىغا كىرىپ باققان بولساڭ ئۇ يەردىمۇ كۆڭۈلگە ياققۇدەك بىرەر جانان چىقاتتى، بالاڭ ئون ياشقا كىرىپ قالاتتى...

— ئۇنداق دېمە، ئاداش، سەن مېنى چۈشىنىسەن، ھەرقانداق بىر جانان مەن ئۈچۈن بىر قورچاق، مەن ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ دەسلەپكى تىنىقى ئىچىدە ياشايمەن.

— توغرا، مەن سېنى قوللايمەن، ئاداش، ئەمدىكى گەپ ئۇ توۋا قىلسا بولىدۇ، ئۇ سېنى ئاز رەنجىتمىدى، ئادەم ئازمايدۇ ئەمەس، ئاداش، ئازغاندىن كېيىن شۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئازغانلىقىنى بىلىشى كېرەك، توۋا قىلىشى كېرەك، شۇ ۋاقىتتا ئۇ يېڭى بىر ئادەم بولىدۇ. بىزنىڭ مەھەللىدىكى سەلىمە سەتەڭنى بىلىسەن، قىلمىغان قىلىقى قالمىغان، مانا ھازىر توۋا

قىلىپ بەش ۋاق ناماز ئوقۇۋاتىدۇ، ئىككى يېتىم بالىنى مەكتەپتە ئوقۇتۇۋاتىدۇ، توۋا قىلدى دېگەن گەپ. توۋا قىلغان ئادەملەرنىڭ دەسسىگەن يېرىدىنمۇ ئوخشاشلا گۈل ئۈنىدۇ، بۇ جاھاننىڭ تۈز ـ تەمى كۆڭۈلدىكىدەك تەڭشەلمىكى بەك تەس ئىكەن، بەزىدە تۈز باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىكەن... ئەمىسە بىسمىللا دەپ يولغا چىق، ئاداش ! ئاقيول بولسۇن، ئاللا تىلىگىنىڭنى بەرگەي !

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

## قەلبتىن قەلبكە سەپەر

ئەركىننىڭ ئاغىنىلىرى ئۇنى چىگرا ئېغىزىغا ئەكېلىپ يولغا سالدى، ئەركىن ئېغىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر ئاغىنىسى كەينىدىن سۆزلەپ قالدى:

— بىر ئەخمەق ئاداش بولدى ـ دە، بۇ، چىرايىنىڭ خۇنى قالمىغان بىر نېمىنى ئالىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرگىنىنى قارا...

— مۇھەببەتنىڭ كۈچى، ئاداش، ئەركىن دېگەن زامانىمىزنىڭ مەشھۇر مۇھەببەتشۇناسى، سەن بىلەن بىزگە ئوخشاش بىر ھېجىيىپ قويغان قىزلارنى ئېلىۋەرمەيدۇ.

— ئۇنى مۇھەببەتشۇناس دەۋاتامسەن؟

— مېنىڭچە ئەركىننىڭ كاللىسىدا دەردى بار، مۇھەببەت دېگەن نەرسە ئاشۇنداق ئاجىز ئادەملەرگە ئېسىلىۋالىدۇ، نېمە دېگەن تاقەت ئۇنىڭدىكى، بىر قىز بالىنى ئون نەچچە يىلمۇ ساقلامدۇ!

— قويۇڭلار بالىلار، ئاقىۋول بولسۇن دەپ دۇئا قىلايلى، بۇ مۇھەببەتچىلىكتە ساڭا توغرا كەلگەن نەرسە ماڭا توغرا كەلمەيدۇ، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ سۆنىيىنى چالىدىغان گەپ، بىز بۇنداق دەپ بەرسەك خەق نېمە دەيدۇ، — دېدى ئىمام.

— ئەركىن ئىمامنىڭ گېپىگە ئۇرۇۋېتىپتۇ ـ دە.

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئەركىن سومكىسىنى كۆتۈرۈپ چىگرا ئېغىزىدىن ئۆتتى. قەيسەر يىراقتىن ئۇنىڭ چىراي - تۇرقىغا بىر قارىۋېتىپ، قېشىغا كەلدى.

— كەچۈرۈڭ، سىز ئەركىن بولامسىز؟ — دېدى قەيسەر كۈلۈپ

— ھەئە ..

— ئەمىسە بىر كۆرۈشۈپ قويايلى، ئىسمىم قەيسەر، مېنى رەنا ئەۋەتتى.

— رەھمەت قەيسەر، رەنانىڭ سالامەتلىكى قانداق؟

— ياخشى، ھازىر ياخشى بولۇپ قالدى، — دېدى قەيسەر، — ئەكېلىڭ، سومكىڭىزنى ماڭا بېرىڭ!

— رەھمەت، مەن ئۆزۈم كۆتۈرۈۋالاي!

— ماشىنا يولنىڭ بويىدا، ئەمىسە سىرتقا چىقىپ ماشىنىغا چىقايلى، — دېدى قەيسەر. ئۇ يول باشلاپ ئالدىدا ماڭدى.

ئۇلار ماشىنىغا چىقتى، قەيسەر ماشىنىسىنى بىر خىل يېقىملىق ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى، قەيسەر ئۆزىنى ئەركىنگە تونۇشتۇردى، ئاندىن ئۇنىڭغا ھاكىمنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

— كانادادىكى باللارغا تېلېفون بېرىۋەتتىم، ئۇلار خاتىرجەم بولۇڭلار، بۇ ئىشتا بىز سىلەرگە ياردەم بېرىمىز، — دېدى.

«رەنا پۇلدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئەڭ قىممەتلىك نەرسىگە ئىگە بولىدىغان بولدى مانا» دېدى ئەركىن ئىچىدە.

ماشىنا ئازادە يولغا چىققاندا، قەيسەر سۈرئەتنى تېزلەتتى، ئەركىن كۆزىنى يۇمدى، ئۇنىڭ خىيالىدىكى رەنا ئۇنىڭ قۇچىقىدا پەيدا بولدى. تۆت سائەتتىن كېيىن ئۇلار ئالمۇتا شەھىرىگە كىردى.

قەيسەر ماشىنىنى ئۇلار دائىم كىرىدىغان ئاشخانىنىڭ ئالدىغا توختاتتى. رەنا ئۇلارنى مۇشۇ ئاشخانىدا كۈتۈۋاتاتتى. قەيسەر ماشىنىدىن چۈشۈپ ئەركىننى ئاشخانىغا باشلاپ كىردى.

رەنا ئاشخانىدا ئۇلارنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەركىنىنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇ ئەركىن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ئاندىن كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى.

— سىزنى ئاۋارە قىلدىم، ئەركىن، — دېدى رەنا.

— ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالى ياخشىمۇ رەنا، بىز سىزدىن بەك ئەنسىرىدۇق، — دېدى ئەركىن.

— ماڭا قەيسەر ياردەم قىلدى، قەيسەر بولمىغان بولسا كۇنۇم تەستى مېنىڭ.

— قېنى، ئەممىسە جوزىغا كېلەيلى، تاماق يېيىپ پاراڭلىشىمىز، — دېدى قەيسەر ئۇلارنى ئۈستەلگە تەكلىپ قىلىپ. ئۇ مۇلازىم چاقىرىپ تاماق بۇيرۇتتى، — ئەممىسە نېمە يەيسىلەر، دېمەيلا تاماقنى ئۆزۈم بۇيرۇۋەردىم، — دېدى قەيسەر.

— رەھمەت ، — دېدى ئەركىن، ئۇنىڭ پۈتۈن دىققىتى رەنادا ئىدى، ئۇ رەناغا قاراپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى رەنا ۋەتەندە كۆرگەن رەنا ئەمەس ئىدى، ئۇ رەنانىڭ قاش ـ كۆزلىرى ئۇچۇپ يۈرەتتى، ئۆزى يەردە ئەمەس، ئاسماندا ياشايتتى، ئەركىنگە ئۇخلاپ قالغان مۈشۈككە قارىغاندەك قاراپ قوياتتى. مانا ھازىرقى رەنا ئۇ نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا قولىنى تۇتۇپ «نايناقلار دەرياسى» نىڭ ئامەتلىرى ئىچىدە ئويناپ يۈرگەن رەناغا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ روھىي ھالىتى بوش، يۈرەكتىكى دەزلىرى كۆزىنىڭ چۆرىسىدە ئۇنى سەتلەشتۈرۈپ تۇراتتى...

— خېلى ئوڭشىلىپ قاپسىز، رەنا، مۇشۇ ياخشى، سالامەتلىك بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، مال ـ دۇنيا ئادەمنىڭ مىجەزىنى بۇزۇپ قويىدۇ، بۇنداق ئىشلارنى سىز مەندىن ياخشىراق بىلىسىز.

— مەن رابىگۇلگە بەك ئىشىنىپ كېتىپتىمەن، ئەركىن.

مۇلازىم تاماق ئېلىپ كەلدى، ئۇلار تاماققا تۇتۇش قىلدى، ئەركىن رەنانى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى، رەنانىڭ ھايات يولىدىكى بۇ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش ئۇنىڭ ئارزۇسىدىكى ئالتۇن

دەرۋازىسىنى ئېچىسپ بەردى. ئەركىن ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئاشۇ دەرۋازىنىڭ بوسۇغىسىغا ئىگە بولدى.

تاماقتىن كېيىن قەيسەر ئورنىدىن تۇردى:

— مېنىڭ ئازراق ئىشىم بار ئىدى، بازارغا بېرىپ كېلەي، باللار بايام بىرنەچچە قېتىم تېلېفون بېرىپ بولدى، سىلەر بىردەم ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىڭلار، قايتىدىغان چاغدا ماڭا تېلېفون بېرىڭ، رەنا، بىللە كېتەيلى.

— ئەمىسە سىز ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ! — دېدى رەنا.

— بۈگۈن سىزنى جىق ئاۋارە قىلىۋەتتىم، قەيسەر، — دېدى ئەركىن ئورنىدىن تۇرۇپ.

قەيسەر ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

رەنا ئەركىنگە قارىدى، مانا بۇ ئۇ سۆيگەن ـ كۆيگەن ئەركىن ئىدى. يەنە رەھىمسىزلىك بىلەن تاشلىۋەتكەن ئەركىن ئىدى، پاك مۇھەببەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاشۇ بەختلىك يىللاردا ھەممە ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى شۇنىڭغا ئاتىغان ئەركىن ئىدى، تۇنجى قېتىم ئۇنىڭغا يۈرەك قېنىنى تۆكۈپ بەرگەن ئەركىن ئىدى. رەنا ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق بىر يەردە، يەنە مۇشۇنداق بىر سەتچىلىك ئىچىدە كۆرۈشۈپ قالىمەن دەپ ئويلىمىغانىدى، ئۇ ئىلاجسىز مۇشۇنداق بىر ئەمەلىيەتنى مەجبۇرىي قوبۇل قىلدى.

رەپقەت ئۇنىڭغا: «ئەركىننى ئەۋەتىمەن، قايتىپ كېلىپ ئەركىن بىلەن توي قىلىسىز، ئەمدى تۇرمۇشتا مۇقىم بولمىسىڭىز بولمايدۇ» دېگەندە، رەنا چىشىنى چىشلەپ ماقۇل بولغانىدى. ئۇنىڭ ئەركىن بىلەن توي قىلىش ئويى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ يوق ئىدى. لېكىن، ئۇ رەپقەتنىڭ گېپىگە كىرمىسە بولمايتتى. بىرىنچىدىن، رەپقەتنىڭ: «ھاكىمدىن پۇلىڭىزنى ئېلىۋالغۇچە جىم ياشىمىسىڭىز بولمايدۇ. مۇشۇ كۈندە ئەڭ مۇھىم نەرسە — سىزگە بىر ئائىلە كېرەك، سىزنى ۋاي دەيدىغان بىر ئەركەك كېرەك، بۇ ۋەزىپىنى ئەركىندىن باشقا ئادەم

كۆتۈرەلمەيدۇ» دېگەن سۆزلىرى ئۇنى قايىل قىلغانىدى. چۈنكى، قولىدا پۇلى بار رەنا باشقىلارنى تاللىيالىغىنى بىلەن، ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلغان رەنانى ئالدىراپ بىرسى چۈشىنىپ كەتمەيتتى. پەقەت ئەركىنلا ئۇنىڭ بىردىنبىر چىرىغى بولالايتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ رەپقەتتىن ئايرىلالمايتتى، ئۇ داۋاملىق رەپقەتنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدى. شۇڭا، ئۇ رەپقەتنىڭ بۇ پىلانىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولغانىدى.

«راست گەپ قىلسام مۇشۇ سەتچىلىك مېنى قايتا ئادەم قىلدى، مەن ئۆزۈمنى ھەقىقىي تۇردە قايتا تونۇدۇم، مۇھەببىتىمگە ئاسىيلىق قىلغان ئۇياتلىرىمنى تونۇدۇم، بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بايلىق بولدى. لېكىن، مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئەركىن بىلەن توي قىلىشنىڭ ئۆزى مەيلى ئەركىن ئۈچۈن بولسۇن ياكى ئۆزۈم ئۈچۈن بولسۇن ياخشى ئىش بولمايتتى، مېنىڭ كىم بىلەن توي قىلىشىم ئۇ ئىككىنچى ئىش، ئەڭ مۇھىمى ھازىر توي قىلمىسام بولاتتى» دېدى رەنا ئىچىدە.

ئۇ يەنە ئەركىنگە قارىدى.

— ... مەن مۇشۇنداق بىر كۈن ئۈچۈن سىزنى نەچچە يىل ساقلىدىم، رەنا، ئەمدى كېتەيلى ! — دېدى ئەركىن.

— مېنى كەچۈرۈڭ، ئەركىن، مەن ئېزىپ كېتىپ قالدىم.

ئۇ كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئالدى.

ئەركىن رەنانىڭ بۇ گېپىدىن تەسىرلىنىپ يەرگە قارىدى، ئۇنىڭمۇ كۆز ياشلىرى تامچىلىدى.

— ئەمدى كېتەيلى، رەنا، بۇ يەردىكى ئىشلىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇڭ، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. مەن ھېچقانداق ئادەمگە دەرد ئېيتمايمەن، سىز قەلبىمدە يەنىلا ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى رەنا. بىز توي قىلايلى، ئىناق ئۆتەيلى، بالا يۈزى كۆرەيلى، شۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ ھەممە يېرىمىز بىر - بىرىمىزنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كېتىدۇ، ئاندىن مەڭگۈ ئايرىلمايمىز.

رەنا يىغلىدى...

— بەكمۇ ئەپسۇس، ئەركىن، مەن قانداقلارچە مۇشۇنداق بىر رەنا بولۇپ قالدىم دېسەم مەن يوق، لېكىن مەن بۇرۇنقى رەنا ئەمەس ...

— ئۇنداق دېمەڭ، قىبلىگە قاراپ تۇرۇپ توۋا قىلىڭ، شۇ ۋاقىتتا پاك بولۇپ كېتىسىز ! — دېدى ئەركىن، — سىز بىر ئەقىللىق قىز، ئالىي مەكتەپنى ياخشى پۈتكۈزدىڭىز، لېكىن بىلىمىڭىزگە قۇلۇپ سېلىپ قويدىڭىز، ئەمدى مەن ئۇ گەپلەرنى دېمەيمەن، رەنا. سىز بىر گۈل، توزۇپ كەتسىڭىزمۇ ئېچىلىسىز، مەن مۇشۇنىڭغا ئىشىنىمەن، — دېدى ئەركىن.

— ئەركىن، ئەگەر بىز توي قىلساق، ئابرۇيىڭىزغا داغ تېگىپ قالارمىكىن...

— ھەممە ئىشنى يۇيۇۋېتىمىز رەنا.

— ئەمدى مېنى خەقلەر نېمە دەر، ئەركىن؟ مەن بۇرۇن خەقلەرنىڭ گېپىدىن قورقمايتتىم، مۇشۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن ئۆزۈمگە بەك دىققەت قىلىدىغان بولۇپ قالدىم.

— كىشىلەر سۆزلەۋېرىدۇ، بېشىدىن ئىش ئۆتمىگەن ئادەملەر سۆزلەپ قالىدۇ، ھەسرەت ئىچىدە، ئېغىر كۈنلەر ئىچىدە يېتىلگەن ئادەملەر بىر ـ بىرىنى چۈشىنىدۇ، بۇ دۇنيادا يەنىلا ياخشى ئادەملەر جىق، رەنا.

رەنا يىغلىۋەتتى.

قەيسەر قايتىپ كەلدى، ئۇلار ئاشخانىدىن چىقتى، قەيسەر رەنانى بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى، ئاندىن ئەركىن بىلەن بىللە ئۆز ئۆيىگە كەتتى.

ئەتىسى رەنا ئەركىن بىلەن ئالمۇتادىكى ئەڭ چوڭ سودا سارىيىغا كېلىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سوۋغا ـ سالام ئالدى، رەنانىڭ كەيپىياتى خېلى ياخشى ئىدى. رەنا ئەركىنگە قېشىدا كېيىنەكتەك ئۇچۇپ يۈرىدىغان يىللىرىنى ئەسلىمەتتى. ئۇلار ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا خېلى جىق نەرسە ئالدى، رەنا رەپىقەتكە بىر

ئاياغ كۆردى. لېكىن، ئەركىننىڭ ئالدىدا سەت بولمىسۇن، دەپ ئاكامغا ئالىمەن دەپ تۇردى. ئۇ ئاياغ كۆرۈۋاتقاندا بىر قىز ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ كۈلۈپ تۇردى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ بۇ قىزغا قارىدى، ئۇ بىردىنلا تۇرۇپلا قالدى، بۇ قىز بېيجىڭدا بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى سەنەۋەر ئىدى. ئۇ سەنەۋەرنى قۇچاقلىدى، ئۇنىڭ قولىدىكى سومكىسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ئەركىن ئېڭىشىپ سومكىنى قولىغا ئالدى، ئۇلار قايتا ـ قايتا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ھەر ئىككىسى شۇ قەدەر خۇشال بولۇپ كەتتى. رەنا قېشىدىكى ئەركىننى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى، ئاندىن ئۇنى بىر رېستورانغا باشلىدى، ئۇلار كۆرۈشمىگىلى توققۇز يىل بولغانىدى، ئاخىر ئۇلار ئالمۇتادا كۆرۈشكەنىدى. سەنەۋەرنىڭ قېشىدا بىر ئەر بار ئىدى. ئۇ بۇ ئەرنى رەنا بىلەن ئەركىنگە تونۇشتۇردى: « بۇ ياق مېنىڭ مۇھەببىتىم (يىگىتىم دېمەكچى) بولىدۇ، ئىسمى شۆھرەت» دېدى. ئۇلار قىزغىن كەيپىياتتا تاماققا ئولتۇرغاندا، رەنا سەنەۋەر بىلەن پىچىرلىشىپ سىردىشىۋالدى. ئۇنىڭ مۇشۇ توققۇز يىل ئىچىدىكى ئىشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سورىدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئالمۇتاغا كېلىپ قالغان ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا ھېكايە قىلىپ بەردى. سەنەۋەر يىگىتى شۆھرەت بىلەن بېيجىڭدا بىر شىركەتتە ئىشلەۋاتقانىدى. شۆھرەت شىنجاڭدىن بېيجىڭغا بېرىپ تىجارەت قىلىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان بالا ئىدى. ئۇ سەنەۋەردىن تۆت ـ بەش ياش چوڭ ئىدى، ئۇلار بېيجىڭ، رۇسىيە، قازاقىستان ئارىلىقىدا قاتناپ كىيىم ـ كېچەك سودىسى قىلاتتى. تاماق كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار بىر ـ بىرىنى تاماققا زورلىدى. ئارقىدىن يەنە ئۆزلىرىنىڭ گەپلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى، رەنا سەنەۋەر بىلەن مۇڭداشتى، شۆھرەت ئەركىن بىلەن تونۇشۇپ ھاراق ئىچىشىپ ئولتۇردى. كەيپىيات خېلى ياخشى ئىدى. لېكىن، رەنا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۇ يەردە ئالدانغان ئىشىنى دېمىدى. مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە ئۇ تەبىئىيلا ئۇنىڭدىن ئىزا تارتىپ قالدى. تاماقتىن كېيىن ئۇلار

خوشلاشتى. ئەتە تېلېفون قىلىشىدىغان بولۇپ بىر ـ بىرىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى يېزىشىۋالدى.

رەنا ئىككى كۈنگىچە ھەممە ئىشنى پۈتكۈزدى، ئەتە يولغا چىقىمىز دېگەن كۈنى كەچتە، ئۇ بىر مەخپىي يەردە قەيسەر بىلەن كۆرۈشتى، ئۇ قەيسەرنى چىڭ قۇچاقلىدى، قەيسەر ناھايىتى سەگەك ئىدى، چاندۇرماي ئۇنىڭ ئوتتەك قولىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىۋالدى.

— ... سىز مېنى ئەسكى قىلىۋاتىسىز، قەيسەر، ئەمىسە گەپ قىلىڭا، مەن ئەتە بۇ يەردىن ئايرىلىمەن، سىزگە نېمە قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟ — دېدى رەنا.

— بۇ قېتىم مۇشۇ ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن دوست بولۇپ قالدۇق، مېنىڭ ھېچقانداق تەلىپىم يوق، دوستلۇقىمىزنى ئۇنتۇپ قالمىسىڭىز بولدى، — دېدى قەيسەر.

— ئەگەر رېقەت ماڭا بۇرۇنقى مۇھەببىتىمنى تېگىپ تۇرۇۋالمىغان بولسا، مەن مەجبۇر سىزگە تېگەتتىم قەيسەر ...

— تەگمەيمۇ تەگكەندەك ياشىغىلى بولىدۇ، رەنا!

رەنا بۇ گەپنى ئاڭلاپ قەيسەرنى يەنە چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

— مەن سىزنى قانداق رازى قىلىمەن، قەيسەر؟

— مەن سىزگە سىز دېگەندەك ئۈنچىلىك قىلىپ بېرەلمىدىم، ئەگەر مېنى خۇش قىلىمەن دېسىڭىز، بىرىنچىسى، سىز شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن ئەركىن بىلەن توي قىلىڭ؛ ئىككىنچىسى، ئۇنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىنى ھۆرمەت قىلىڭ، سىز قەلبىڭىزدە ئۇنى ياخشى كۆرمىسىڭىز ئۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، لېكىن ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن مېنىڭ بىر ئارزۇيۇم بويىچە ئەركىننى ھۆرمەت قىلىڭ، ئەمدى ئۇنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلماڭ. مەن بىرىنەچچە كۈندىن بېرى ئەركىن بىلەن جىق پاراڭلاشتىم، ئۇ شۇ قەدەر سەمىمىي بالا ئىكەن، ئەمدى سىز ئۇنى رەنجىتمەڭ، ئەگەر سىز ماڭا مۇشۇنداق گەپ قىلمىغان بولسىڭىز، مەنمۇ سىزگە ئەركىننىڭ گېپىنى

قىلمىغان بولاتتىم، بۇ ئىشنى توغرا چۈشىنىڭ. مەن نېمە ئۈچۈن ئەركىنىنىڭ گېپىنى قىلىمەن، رەنا؟ مەن ئويلايمەن، بۈنىڭدىن كېيىن سىزنىڭ يولىڭىز مۇشۇ ئەركىنىنىڭ كەيپىياتىغا باغلىق، ئەگەر ئەركىننى رەنجىتسىڭىز بۈنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىڭىز يەنىلا ئېگىز - پەس بولۇپ قالىدىغاندەك...

— خاتىرجەم بولۇڭ، قەيسەر، ئەمدى مەن ئەركىننى رەنجىتمەيمەن.

ئۇلار قاراڭغۇدا خوشلاشتى، قىشتا مۈڭ تارقىتىدىغان تونۇش قۇشلار يوق ئىدى، قاغىلار ئېگىز دەرەخلەردە سەت قاقىلدىشىدۇ، ئۇلارنىڭ بوغۇق كانىيىدىن چىققان سۇرلۇك ئاۋازلار شۇنچە ۋەھىمىلىك، دەھشەت ئىدى. قاغىلارنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ قاقىلدىغاندا، يۇمشاق قارلار ئارىسىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان رىۋايەتلەر ئويغىنىپ يىراق يەرلەرگە قېچىپ كېتەتتى. قاغىلار ھاۋا بوشلۇقىدا شۇملۇق تىلەيتتى، قار يەر يۈزىدە ئەڭ گۈزەل رىۋايەتلەرنى بىر - بىرىگە چاڭلاشتۇرۇپ كۆپىيەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئەركىن بىلەن رەنا چېگرا ئېغىزىغا قاراپ يولغا چىقتى، يەر تۆۋىنى بولسا كېرەك، ئۇلار ئۈچ سائەتتە چېگرا ئېغىزىغا كېلىپ بولدى. قەيسەر ماشىنىسىنى توختىتىپ قويۇپ، ئەركىن بىلەن سومكا - چامادانلارنى كۆتۈرۈشۈپ تەكشۈرۈش ئۆيىگە كىردى. بۈگۈن ئېغىزدىن ئۆتىدىغان ئادەم بەك جىق ئىدى، ئۇلار نەرسە - كېرەكلەرنى ئەكېلىپ ئۆچرەتتە تۇردى. قەيسەر بوش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ماشىنىسىنىڭ كەينىدىن بىر كۆرۈنۈشنى ئېلىپ، رەنانىڭ قېشىغا كەلدى.

— بۇ ماي بوياق رەسىمنى سىزگە سوۋغا قىلاي، رەنا، بۇ بىزنىڭ ئاتاقلىق شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيوف ئاكىنىڭ رەسىمى، مەن بۇ رەسىمنى بىر داڭلىق رۇس رەسسامىغا سىزدۇرغان. ئەسلىي سۈرىتىنى شىنجاڭدا چىقىدىغان بىر ژۇرنالغا چىقارغانىكەن، مەن ئۇ ئادەمگە شۇ ژۇرنالنى بەرگەنىدىم بەك قاملاشتۇرۇپ سىزىپتۇ، بۇ رەسىمنى جىق ئادەم كۆرۈپ

تالاشقان، مەن ئۇلارغا بەرمىگەن، ئاخشام سىزگە بىر نەرسە سوۋغا قىلغۇم كەلدى، ئاخىر مۇشۇ رەسىمنى سىزگە سوۋغا قىلاي دېگەن يەرگە كەلدىم. ئويلاپ باقسام بۇ رەسىم سىزگە توغرا كېلىدىكەن، سىز بېيجىڭدا ئوقۇغان، مۇشۇنداق بىر ئادەمنىڭ بىر مىللەتكە بولغان تەسىرىنى سىز ياخشى بىلىسىز، ھەم بۇ رەسىمنىڭ قەدرىنى ياخشى چۈشىنىسىز. بۇنى ئالغاچ كېتىڭ، پات ـ پات بۇ سۆيۈملۈك شائىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ تۇرۇڭ، سىز رۇسچە، ئىنگلىزچە بىلىدىكەنسىز، تەرجىمىگە كىرىشىپ بېقىڭ، قىلالىسىڭىز شائىرنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىڭ، ئۇنى نەشر قىلدۇرۇش ئىشلىرىغا ئالمۇتادا مەن مەسئۇل بولاي.

رەنا تەسىرلەندى. ئۇ قولىدىكى ماي بوياق رەسىمگە قارىدى. روھلۇق، سەمىمىي، ئەقىللىك تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ ئوبرازى ئۇنىڭ كۆزى ئالدىدا نۇرلىنىۋاتاتتى. رەسسام ھەقىقەتەن ماھىر ئىدى، ئۇنىڭ قولىدا سىزىلغان شائىرنىڭ قاش ـ كۆزلىرىدىن ئەقىل نۇرلىرى يېغىپ تۇراتتى. رەنا رەسىمنى ئەركىنگە بەردى، قەيسەر قولىدىكى يوغان سومكىنى ئەركىنگە بەردى: «رەسىمنى مۇشۇ سومكىغا سېلىۋېلىڭ، ئەركىن» دېدى، ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ رەناغا قارىدى. رەنا يىغلاپ ئېقىپ كەتكەندى!

ــ ئەگەر قەيسەر سىز مۇشۇ جاھاندا ئەڭ ياخشى نەرسىگە ياكى بىر ئىشقا ئىگە بولغان بولسىڭىز، ئىگەكىم شۇ نەرسە ۋە شۇ ئىش مېنىڭ قولۇم ئارقىلىق سىزگە يەتكەي، بۇ مېنىڭ ۋەدەم ئەمەس، قەيسەر، يۈرىكىمدىكى بىر تىلەك، ئۆچمەس بىر تىلەك. مەن قەلبىمدە سىزنى مىڭ يىلنىڭ ئالدىدىكى قوشنىنىڭ ئامانىتىنى بىرنەچچە ئەۋلاد ساقلايدىغان ساپ گاڭگۈڭ ئۇيغۇر ئەجدادلىرىغا ئوخشىتىمەن. ئەگەر مەن مۇشۇنداق بىر پېشكەللىككە ئۇچرىمىغان بولسام، مەن مۇشۇ بازاردا سىزدەك بىر ۋىجدان ئىگىسى بارلىقىنى بىلمەي يۈرەتتىمكەن، ــ دېدى رەنا. شۇ دەقىقىدە ئۇ بارمىقىدىكى پارقىراپ تۇرغان قىممەتلىك

ئۈزۈكنى چىقىرىپ، قەيسەرنىڭ قولىنى تۇتتى، ئاندىن ئۈزۈكنى ئۇنىڭ ئالقىنىغا قويدى، — خاتىرە بولۇپ قالسۇن، قەيسەر، ئەگەر كۆڭلەرنىڭ بىرىدە مېنى ئۇنتۇپ قالسىڭىز، مۇشۇ ئۈزۈكۈم ئېسىڭىزگە سالا...

— بۇ ئۈزۈك، رەنا... بۇ ئۈزۈكنى ئالسام قانداق بولا؟

— خاتىرە قىلىپ ساقلاپ قويۇڭ، قەيسەر، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز ھاياتىدا بىر نەچچە مۇھىم نەرسىلىرى بولىدۇ، سىز بۇ ئۈزۈكنى ئاشۇنداق نەرسىلىرىڭىزنىڭ ئارىسىغا قېتىپ قويۇڭ، بۇ ھەم مەن ئۈچۈن بىر ئىلھام بولىدۇ. مەن داۋاملىق تىرىشىمەن، ھېچقانداق ئادەم، ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن مېنى يەرگە قارىتالمايدۇ، ھەم مېنى يىقىتالمايدۇ، مەن داۋاملىق تىرىشىمەن، ئۆزۈمگە خاس بىر يول تاپىمەن، سىز يەنە مېنىڭ دوستلىرىم، ماڭا ياردەم بەرگەن ئەزىمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئېتىراپ قىلىدىغان بىر يول تاپىمەن.

ئەركىن ۋاقىت توشتى دەپ رەنانى چاقىردى، ئۇلار يەنە بىر قېتىم قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى...

رەنا ئەركىننىڭ قېشىغا كەتتى، بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ كەتتى.

## يىگىرمە يەتتىنچى باب

# ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپىدۇ

رەپىقەت ئەل ـ ئاغىنىلىرىنى ھەمراھ قىلىپ چىپگىرا ئېغىزىغا كېلىپ رەنا بىلەن ئەركىننى كۈتۈۋالدى، ئەركىننىڭ ئاغىنىلىرىمۇ كەلگەنىدى، رەنا رەپىقەت بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، يىغلاپ كەتتى.

— يىغلىماڭ، رەنا، خەقلەر تاماشا كۆرىدۇ، يۈرۈڭ ئاشخانىغا بارىمىز، — دېدى رەپىقەت.

ئوسمان بىلەن ساۋۇت ئۇلارنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى ماشىنىغا سالدى، رەپىقەت ئەركىن بىلەن سەمىمىي كۆرۈشتى:

— سىزمۇ جاپا تارتتىڭىز، ئۇكام، — دېدى رەپىقەت.

— ياق، رەپىقەتكا، بۈگۈن ئەڭ بەختلىك ئادەم مەن! — دېدى ئەركىن كۈلۈپ.

ئەركىننىڭ ئاغىنىسى ئىمام ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ قولىنى تۇتتى:

— ئەھۋالىڭ ياخشىمۇ ئاداش؟ ئۇياقتا ئۆتۈۋېلىپ بىرەر قېتىممۇ تېلېفون بېرىپ قويمىدىڭا ؟

— رەنانى كۆرۈپ سىلەرنى ئۇنتۇپ قالدىم، ئاداش! — دېدى ئەركىن كۈلگىنىچە چاقچاق قىلىپ.

رەپىقەت ئۇلارنى ئاشخانىغا باشلاپ كىردى. مۇلازىملار بايا رەپىقەت بۇيرۇتۇپ قويغان تائاملارنى ئاچىقتى، رەپىقەت مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى:

— ئەمىسە تاماق ئېلىڭلار، رەنا، ئەركىن يولدا جاپا تارتتىڭلار!

— بۇ رەپىقەتكە نېمە بار دەيمەن - دە، ئىككىسىنى جۈپلەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئەركىننىڭ ئاغىنىلىرى ئالدىغا چىقمامدۇ؟ — دېدى ئوسمان ساۋۇتقا پىچىرلاپ.

— چىدىمايۋاتقان گەپ.

— ئەركىن دېگەنمۇ بىر لاتا ئىكەن - دە!

— هازىر دۇخاۋىدىن لاتا ياخشى، ئاداش!

ئاشخانىنىڭ ئايرىمخانىسى ناهايىتى چىرايلىق ئىدى، ھەممە ئادەم بىر - بىرىگە كۈلۈپ تۇرۇپ گەپ قىلىشاتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكى ئوي - پىكىرلىرى باشقا - باشقا ئىدى، ئاغزى بىلەن يۈرەكلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر غېرىچ يەر ئەمەلىيەتتە بەك يىراق ئىدى.

ئۇلار ئاشخانىنىڭ «ياۋروپاخانىسى» غا كىرىپ ئولتۇرغانىدى، ئۇزۇنچاق تاماق ئۈستىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قېلىپ قالغان ئالىقاندەك ئورۇنغا تېخى ئەتىگەندە ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۈللەر تىزىلغانىدى، تاملارغا ياۋروپانىڭ گۈزەل مەنزىرە سۈرەتلىرى ئېسىلغانىدى. رەپقەت ئىلگىرى دائىم مۇشۇ يەردە مېھمان كۈتەتتى. شۇڭا، ئۇ بۈگۈنمۇ بۇ مۇھىم مېھمانلارنى مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. تاماقتىن كېيىن بىر مەيدان ئىچىشىش باشلىنىپ كەتتى، ئوسمان بىلەن ساۋۇت چاندۇرماي رەنانىڭ روھىي كەيپىياتىغا دىققەت قىلىپ ئولتۇردى. ئۇلار ھەدەپ ئۇنىڭ چىرايىدىن يۈرىكىدىكى زىدىنى ئىزدەيتتى. رەپقەت كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتاتتى.

— ئارتىسقۇ بۇ گۈيۈك، — دېدى ئوسمان قېشىدا ئولتۇرغان ساۋۇتقا پىچىرلاپ.

— رەناغا ئوخشاش ئوقۇيالىغان بولسا ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىكەن - دە، بۇ گۆي! رەنانى خوتۇن قىلىپ يۈرگەن ئاي - كۈنلەردە خېلى بىر نەرسىلەر يوقۇپتۇ - دە، بۇ ئاداشقا.

— رەپقەت رەنانى ئەرگە بېرىۋېتىپ چىدامدۇ؟
— ئەمدى سۆرىشىپ يۈرسە ئۆزىنى ئەسكى قىلىۋالىدۇ.

مېھمانلارنىڭ ھەممىسى قولىدىكى ھاراقنى ئىچىۋەتتى، رەنا چىرايلىق چاچلىرىنى ئەركىنىنىڭ مۈرىسىگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاشقا باشلىدى، ھاراق، تاماكا مېھمانلارنى قىزىتىشقا باشلىغانىدى.

زىياپەتتىن كېيىن ئۇلار ماشىنىغا چىقىپ غۇلجىغا قاراپ يول ئالدى. رەپقەت رەنانى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى، رەنا ئۆيىگە كىرىشى بىلەن، ئاپىسى ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يىغلىدى، دادىسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن خۇشال كۆرۈشتى، رەنا دادىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى.

رەنا ئۆيدىن تالاغا چىقماي نەچچە كۈن دەم ئالدى. ئۇنىڭ ئويلايدىغان ئىشلىرى بەك جىق ئىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەركىن بىلەن توي قىلىدىغان ئىشى ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ بەك تۇيۇقسىز، تاسادىپىي تۇيۇلغانىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا ئۇ ئېھتىيات بىلەن بېرىپ رەپقەتنىڭ مېھمانخانىسىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى.

— ئەمدى سىز ئەركىن بىلەن توي قىلىۋېلىڭ، رەنا، مەن بۇ ئىشنى كۆپ ئويلاشتىم، شۇڭا مەن تېلېفوندا بەزى گەپلەرنى سىزگە ئوچۇق ئېيتقان، بۇ ئىشنى مۇشۇنداق قىلمىساق بولمايدۇ. ئەمدى ئەركىنگە يۆلىنىپ تۇرمىسىڭىز بولمايدۇ. مەن ئاشۇ مېھمانخانىڭىزنى ئۆزىڭىزگە تاپشۇرۇپ بېرىمەن، يەنە بۇرۇنقىغا ئوخشاش مېھمانخانىنى ئۆزىڭىز باشقۇرىسىز، بانكىنىڭ قەرزىنى ئۆزىڭىز تۆلەيسىز، مەن بىنانىڭ نامىنى ئۆزىڭىزنىڭ نامىغا ئۆزگەرتىپ بېرىمەن. بۇ يەردە سىزگە ئېنىق دەپ قويىدىغان بىر گەپ، ھەممىمىز تىرىشىپ كۈچ چىقىرىپ ھاكى ئەپقاچقان پۇلنى ھەل قىلىمىز، شۇ ۋاقىتتا سىز ماڭا بىنا ساتقان پۇلنى قايتۇرىسىز...

رەنا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەقىقەتەن تەسىرلەندى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ كەتتى، ئۇ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رەپقەتكە قارىدى:

— سىز نېمە ئۈچۈن ماڭا مۇشۇنداق قىلىسىز؟

— سىز مەن بىلەن ئاجرىشىپ ئالمۇتاغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن جەمئىيەتتە قالايمىقان گەپ تارقىلىپ يۈردى، ئەمدى مۇشۇ پۇرسەتتە مەن ئاشۇ گەپلەرگە رەددىيە بەرمىسەم بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىمىز ئەر - خوتۇن بولۇپ بىر ئۆيدە ياشىغان، ئەڭ مۇھىمى مەن بىر ئەر، سىز مۇشۇنداق بىر كۈنگە چۈشۈپ قالغاندا مەن قاراپ تۇرسام بولمايدۇ، بۇ بىرىنچى مەقسەت. يەنە بىر ئويۇمىمۇ بار، ئەمدى ئۇنى دىمەي تۇراي، قورسىقىمدا تۇرۇپ تۇرسۇن، ئۇ گەپنى دەيدىغانىنىڭمۇ ۋاقتى - سائىتى كېلىپ قالار...

— رەھمەت، رەپقەت، مەن ھەرگىز سىزنى ئۇنتۇمايمەن، — دېدى رەنا.

— رەھمىتىڭىزنى قوبۇل قىلىمەن، رەنا، بىراق سىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن دېگەن گېپىڭىز ئۇششۇقچە بولۇپ كەتتى، بىز جان بېقىۋاتقان مۇشۇ بازار بەك رەھىمسىز، ماۋۇ ماۋۇنىڭ يېقىنى ئىكەن، تۇغقىنى ئىكەن دېمەيدۇ، پۇلنى ئاساس قىلىدىغان بازاردا، ھەرگىز، مەڭگۇ دېگەن گەپلەر بولمايدۇ، شۇڭا بازاردا ئاتا - بالا دېگەن گەپ يوق دەيمىز. ئىقتىسادنى مەركەز قىلغان بازار ھەممە ئىشنى ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتى ھەم غەيرىي قانۇنىيەتلەردىن پەيدا بولغان خاھىشى بويىچە قىلىدۇ، تۆت كۈندىن كېيىن مەن ھەممە نەرسەمدىن ئايرىلىپ سىزنىڭ بىر خىزمەتچىڭىزگە ئايلىنىپ قالىمەنمۇ، بۇنىڭغا ھېچ نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بەزى گەپلەرنى ئوچۇق قىلىشمىساق بولمايدۇ! — دېدى رەپقەت، ئاندىن ئۇ يېنىدىن بىر كېلىشمنامىنى ئېلىپ رەناغا تۇتقۇزدى، رەنا ئۇنىڭدىكى ھەربىر ماددىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىپ، رەپقەتكە قارىدى:

— ھەممىسى سىز ھازىر دېگەن گەپلەر ئىكەن، رەپقەتكا، مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىگە قوشۇلىمەن. يەنە بىر گەپنىمۇ قوشۇپ

قويايلى، ئەگەر هاكى ئەپقاچقان پۇلۇمنى ئۈچ يىل ئىچىدە ئالالمىسام، ئۈچ يىلدىن كېيىن بەش يىلغا بۆلۈپ شۇ پۇلنى ئۆزۈمنىڭ پۇلىدىن تۆلەيمەن! — دېدى رەنا.

— بۇ گەپمۇ بولىدىكەن، رەنا، ئەمىسە ئۇنى قوشۇمچە قىلىپ يېزىپ قويۇڭ.

رەنا رەپقەتتىن قەلەم سوراپ، ئۆزىنىڭ پىكرىنى كېلىشىمنامىنىڭ ئاخىرىغا يازدى، ئاندىن قول قويۇپ قەلەمنى رەپقەتكە قايتۇرۇپ بەردى. رەپقەت قەلەمنى قولىغا ئېلىپ ئۆزىمۇ ئىمزا قويدى.

— ئەمىسە رەنا، بارمىقىڭىزنى ماۋۇ سۇرۇخقا بىر تەگكۈزۈۋېتىپ، ئىمزايىڭىزنىڭ قېشىغا بىر بېسىۋېتىڭ، — دېدى رەپقەت.

رەنا چىرايلىق بارمىقىنى رەپقەت ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويغان سۇرۇخقا باستى، ئاندىن كېلىشىمنامىدىكى ئىمزانىڭ قېشىغا بارمىقىنى باستى.

— مەن سىزگە قول قويدۇم، رەپقەت.

— بۇ ئىشلارنى مۇشۇنداق قىلمىساق بولمايدۇ، رەنا، كېيىنكى ئىشلارنى ھېچكىم بىلەلمەيدۇ.

— مەنمۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى جىق ئىشلارنى ئويلاپ كەتتىم، جىق ئۆكۈندۇم. بەزى ئىشلارنى سىزگە دېيەلمەيمەن، لېكىن مەن ئەمدى ھەممىڭلارنى خۇشال قىلىدىغان، رازى قىلىدىغان بىر ئادەم بولۇپ يېتىلىمەن، مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ، رەپقەت.

— ياق، سىز ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنى خۇش قىلالايدىغان، ئۆزىڭىزنى رازى قىلالايدىغان بىر ئادەم بولۇپ يېتىلىڭ، ئاندىن خەقنى، بىزنى خۇشال قىلالايسىز، شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي ئېگىلىپ كەتكەن ئالما دەرىخى نېمە ئۈچۈن بىزنى خۇشال قىلالايدۇ؟ چۈنكى، ئۇنىڭ ھەممە شاخلىرىدا ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ تۇرىدىغان مېۋىلىرى بار، مانا بۇ ئاساس، شۇڭا سىز

ئاساسىڭىزنى مۇستەھكەملەڭ !

— رەھمەت، رەپقەت، ئەسلىي مەن ئوقۇغان ئاشۇ مەكتەپلەرنى سىز ئوقۇغان بولسىڭىزچۇ !

— تەقدىر، رەنا، ئاللا شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان.

رەنا رەپقەت بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتتى، يوللاردىكى پەسىل قۇشلىرى ئۇنى غاز - غاز قىلىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغان ئىدى، رەنا خۇشال ئىدى، رەپقەتنىڭ گەپلىرى ئۇنى ئون ياش ياشارتىۋەتتى.

كۈنلەر رەنا بىلەن ئەركىننىڭ ئالىقانلىرىدىن، تاپانلىرى ئاستىدىن ئۆتۈپ كەتتى. دەسلەپكى باھار شامىلى ئېرىق بويلىرىدا پەيدا بولغاندا، قار سۈيى بىر قىش ئۇخلىغان ئوتلارنىڭ كۆزلىرىنى سۆيۈپ ئويغاتتى، زېمىنغا كۆز ئاچقان چىرايلىق ئوتلار دەسلەپكى باھار قۇشلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. شامال ئېرىقنىڭ ئىچىدە مەھكەم جايلىشىۋالغان ئاخىرقى جاھىل قارلارنىڭ ھەممىسىنى سۇغا ئايلاندۇرۇپ بولغاندا، ئىگىلىرىنىڭ بىر قىش يۆگەپ ساقلىغان ئەتىرگۈللىرى بىخ ئۇرۇپ كۆكلەپ، غۇنچە بولۇپ ئېچىلىشقا باشلىغانىدى. باھار بالدۇر ئويغانغان گۈللەر بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندا، ئەركىن بىلەن رەنا قول - قولچە تەييارلىق بىلەن توي تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلدى.

— توينى ياخشى قىلىمىز، ئاداش، سەن رەنا ئۈچۈن ئاز قايغۇرمىدىڭ، خەق نېمە دېسە دەۋەرسۇن، ئەمدى خەقلەرنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمايمىز، — دېدى ئاغىنىسى ئىمام ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىپ.

— توينىڭ ئىشلىرىنى سەن باشقۇرۇپ بەر، ئاداش، ھەممە نەرسىلەر ئازادە بولسۇن، دېمىسەڭمۇ مەن مۇشۇ كۈن ئۈچۈن بەك جىق بەدەل تۆلەپ كەتتىم.

رەپقەت ۋەدىسى بويىچە رەنانى يېتىلەپ يۇرۇپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا بېرىپ رەسمىيەت بېجىرىپ، ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ

بەرمەكچى بولغان بىنانىڭ ئىگىلىك هوقۇق گۇۋاهنامىسىنى ئېلىپ بەردى. رەنا ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى:

— گېپىڭىزنى ئاڭلىماي بەك زىيان تارتتىم، رەپقەت، ئەمدى سىزگە ھەقىقەتەن قايىل بولۇۋاتىمەن.

— ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى، رەنا، ئەمدى ئۇ گەپلەرنى دېيىشمەيمىز، ئەمدى بىزنىڭ ۋەزىپىمىز مۇلازىمەتنى ياخشىلاپ تېخىمۇ كۆپ خېرىدارلارنى ئۆزىمىزگە تارتىش، شۇ ۋاقىتىدا قىلغان ئىشىمىزدىن نەتىجە چىقىدۇ، كۈندە مېھمانخانىغا لىق ئادەم توشۇپ تۇرىدۇ، بىز مۇشۇ ئىشنى ياخشى قىلساق، كىرىمىمىز كۈندىن ـ كۈنگە ئاشىدۇ.

رەنا رەپقەتتىن چەكسىز رازى بولۇپ كەتتى، ئۇ ئىلگىرى ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەنپەئەت مۇناسىۋىتى، سەن بىرسىگە ياخشىلىق قىلمىساڭ ئۇ ساڭا مەنپەئەت بەرمەيدۇ، دەپ چۈشىنەتتى، ھەم مۇشۇ پەلسەپە بويىچە ئىش كۆرەتتى، بولۇپمۇ قىز ـ ئوغۇل ئوتتۇرىسىدا جىنسىي مۇناسىۋەتتىن باشقا مۇناسىۋەت بولمايدۇ، ھەممە مۇناسىۋەت مۇشۇ مۇناسىۋەتتىن باشلىنىدۇ، دەيتتى. مۇشۇ قېتىمقى پاراكەندىچىلىكتە، ئۇ بۇ قاراشلىرى ئۈستىدە يەنە بىر قېتىم ئويلاندى، بەزى ئىشلاردا ئۆزىنى ئىنكار قىلدى، يەنە بەزى ئىشلاردا ھەيران قالدى، مەسىلەن، رەپقەت، قەيسەر، ئەركىنلەرنىڭ مۇشۇ ئىشتىكى پوزىتسىيەسى ئۇنى بەك قايىل قىلغان، ھەيران قالدۇرغانىدى. ئەقەللىيسى ئىلگىرى قەيسەر ئۇنىڭ بىرنەچچە سورۇندا ئېرىق لېۋىدە كۆرۈشكەندەك تونۇشۇپ قالغانىدى، قەيسەر ئالمۇتادا ئۇنىڭغا ھەقىقىي كۆيۈنۈپ يول كۆرسەتتى، ئۆزى ئۇچۇن پۇل خەجلىدى، بۇ ئىشلار ئۇنى بەكمۇ تەسىرلەندۇرگەنىدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى مۇھىم ئەربابتىن تېلېفون كەلدى، ئۇ رەنادىن ھال سورىدى: «ھەممە ئىشلارنى ئاڭلاپ تۇردۇم، رەنا، ئالمۇتادا پېشكەللىككە ئۇچراپسىز، بەك يامان بوپتۇ، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئادەم

ئورۇنلاشتۇرىمەن، كانادادا تونۇشلار بار، ھاكى دېگەنىنىڭ يۈز قانىتى بولسىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. توي قىلماقچى بوپسىز، مۇبارەك بولسۇن، ئەمدى ئۇياق - بۇياققا قاتىرىماڭ، رەنا، سەمىڭىزگە سېلىپ قوياي، مۇشۇ شەھەردە ئىش قىلىڭ» دېدى.

رەنا ئەربابقا ئوشۇق گەپ قىلمىدى، ھە - ھە دەپلا تۇردى، ئۇ ئەرباب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە تېخى ئېنىق بىر قارارغا كەلمىگەنىدى، ئۇ ھېلىھەم ئۇنىڭ قولىدىكى ھوقۇقنى قىزىقىپ تۇراتتى. بىراق، «قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىن بىلىنىدۇ» دېگەندەك «ئەرباب» نىڭ قولىدىكى ھوقۇقنى خالىغىنىچە دەپسەندە قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، ھۇزۇر-ھالاۋىتى ئۈچۈن ئىشلەتكەنلىكى، ھوقۇقنىڭ كۈچى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن - يورۇقلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئاسانلىق يارىتىپ، ئامەت كەلتۈرگەنلىكى، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەنلىكى ئىدارىسى ۋە جەمئىيەتتە يامان تەسىر پەيدا قىلىپ، يەرلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى.

بىر شەنبە كۈنى ئىدى، «ئەرباب» كۆڭلىگە ئەڭ ياقىدىغان تۆت - بەش يېقىنى بىلەن بىللە شەھەرنىڭ شەرقىدىن ئاللاھازەل ئوتتۇز كىلومېتىر كېلىدىغان داڭلىق مەنزىرىلىك ئورۇن — بۇركۇتتاغقا ئارام ئالغىلى باردى. ئۇنىڭ يېقىنلىرى مەخسۇس بىر ماشىنىدا توخۇ سۇتىدىن باشقا پۈتۈن نازۇ نېمەت، ئېسىل ئىچىملىكلەرنى ئېلىپ چىققانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار تاغ ئىچىدە چارۋىچىلاردىن ئۈچ پاقلان سېتىۋېلىپ، سويدۇرۇپ، گۆشىنى قازانغا سالدى. ئۇلار «ئەرباب» نىڭ ھۆرمىتىگە تاغ ئىچىدىكى ئېقىن بويىغا جايلاشقان ئوت - چۆپى بولۇق، ئەتراپى قويۇق قارىغايلار بىلەن قاپلانغان، ھاۋاسى ساپ بىر جاينى تاللىغانىدى. «ئەرباب» يوغان قارىغاينىڭ تۈۋىگە سېلىنغان گىلەمدىكى كۆرپىدە ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلاۋاتاتتى. شۇنىڭغا يېقىنلا يەردىكى چوڭ كىگىز ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا داستىخان سېلىنىپ،

شەھەردىن ئېلىپ كېلىنگەن يېمەكلىكلەر ۋە ئىچىملىكلەر تىزىۋېتىلگەنىدى. تالادا قازاندا قايناۋاتقىلى خېلى بولغان پاقلان گۆشىمۇ پىشىپ قالغانىدى. «ئەرباب»نىڭ يېقىنلىرىدىن بىرسى ئۇنى ئېھتىيات بىلەن چاقىردى. «ئەرباب» ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇزدەك سۇدا يۇزىنى يۇۋەتتى ـ دە، بايىقى يېقىنى بىلەن بىللە كىگىز ئۆيگە كىردى. «ئەرباب» تۆرگە چىقىپ ئولتۇرۇشىغىلا پىشىپ مەي بولۇپ كەتكەن پاقلان گۆشىمۇ تاۋاقلاردا كەلتۈرۈلدى. «ئەرباب» ئەمدىلا قولىنى داستىخانغا ئۇزارتقانىدى، ئىشىكتە ياش بىر قازاق بالا پەيدا بولۇپ ئۇنى تالادا بىركىملەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان «ئەرباب» نىڭ تازا ئاچچىقى كەلدى.

— ئۇلارنى مەشەگە چاقىر! — دېدى ئۇ زەردە بىلەن.

قازاق بالا ئىشىكتىن غايىب بولۇپ، يەنە بىردەمدىلا پەيدا بولدى:

— سىزنى تالاغا چىقسۇن، دەيدۇ، — دېدى ئۇ.

«ئەرباب» بىرنېمە دېگۈچە يېنىدا ئولتۇرغان يېقىنلىرىدىن بىرسى: «مەن چىقىپ قاراپ باقاي» دېگىنىچە شاققىدە ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا قاراپ ماڭدى. ئۇمۇ بىردەمدىلا قايتىپ كىردى ـ دە، «ئەرباب»نىڭ يېنىغا كېلىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. شۇ ئان «ئەرباب»نىڭ چىرايى ئۆڭدى. ئۇ ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇرۇپ، پەگاھتىكى ئايغىنىنى تەستە كىيىپ تالاغا چىقتى. كىگىز ئۆيدىن ئالتە ـ يەتتە مېتىر نېرىدىكى ئېقىن بويىغا بىر دالا ماشىنىسى توختىتىلغان، ماشىنىنىڭ يېنىدا ئوتتۇرا ياشلىق ئىككى كىشى ۋە بىر ياش يىگىت قاراپ تۇراتتى. «ئەرباب» ئىككىلىنىپ بىر دەم تۇرۇپ ئاندىن ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى ـ دە، بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— بىز، — دېدى ئۇلاردىن بىرسى، — ئوبلاستلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن. سىزدىن سوراپ ئېنىقلايدىغان بەزى مەسىلىلەر بار ئىدى، شۇڭا يۇقىرىنىڭ قارارى بويىچە سىزنى

ئىزدەپ كەلدۇق.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان «ئەرباب»نىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. پېشانىسىدىن بولسا پۇرلىدە تەر چىقىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئەزايى ـ بەدىنى لايدەك بوشاشماقتا ئىدى.

— بىز بىلەن يۈرۈڭ، قالغان گەپنى ئىدارىگە بارغاندا دېيىشەيلى، — دېدى ھېلىقى كادىر.

«ئەرباب» ماشىنىغا ئارانلا چىقتى. ئېقىن ئۈستىگە سېلىنغان كۆۋرۈكتىن ئۆتكەن ماشىنا بىردەمدىلا يىراقلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يېقىنلىرى چۈشىنىكسىز بىر تەرزدە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قېلىشتى... شۇنىڭ بىلەن رەنا ئالمۇتادىن قايتىپ كېلىپ، تېخى ئۇنىڭدىن قايتا پايدىلىنىشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا، ئەرباب تۈرمىگە يول ئالدى...

رەنا ئالمۇتاغا يولغا چىققاندا مەسلىھەت بېرىش شىركىتىنى قول ئاستىدىكى سورۇن قىزلىرىغا باش بولۇپ قالغان قىزنىڭ باشقۇرۇشىغا بەرگەنىدى، ئۇ ھېساب ـ كىتاب قىلىپ ھەممە ئىشنى تۈگەتتى، شىركەتنى تاقاپ، قىزلارنىڭ ھەممىسىنى تارقىتىۋەتتى، ئۆزىمۇ خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

يەكشەنبە كۈنى چۈشتە توي باشلاندى، تويغا خېلى جىق ئادەم كەلگەنىدى، توي يەنە «زەپەر» مېھمانخانىسىدا بولدى. تاماقتىن كېيىن ھە دېگەندە رىياسەتچى مىكروفوننى قولىغا ئېلىپ تويىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى، رەپقەتنىڭ ئاغىنىلىرى دېرىزە تەرەپتە ئولتۇردى، قالغان مېھمانلار زالنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى. كەيپىيات بەك ياخشى ئىدى، ئادەت بويىچە ھەممە ئۈستەلدە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ باشلىنىپ كەتتى.

رەنا بەك چىرايلىق ياسىنىۋالغانىدى، ئۇ ئاپپاق توي كۆڭلىكى بىلەن مەغرۇر ھالدا ئەركىنىنىڭ قېشىدا كۈلۈپ ئولتۇراتتى، پات ـ پات ئورنىدىن تۇرۇپ قېشىدىكى ئۈستەلدە ئولتۇرغان قىزلار بىلەن پاراڭلىشىپ قوياتتى، ئۇنىڭ بۇ

قىلىقىنى كۆرگەن مېھمانلار توختىماي سۆز ـ چۆچەك قىلىشىشقا باشلىدى.
— تووۋا، تويى بولۇۋاتقان قىز دېگەن جىم ئولتۇرامدۇ؟
— قىز ئەمەس ئۇ، شەيتان! شۇڭا ئولتۇرالمايدۇ!
— ماۋۇ ئەركىن دېگەنمۇ بىر لاتا نەرسە ئىكەن، ئاشقان ـ تاشقان بارات تازىنىڭ دېگەنىدەك، ۋاشاڭ بولۇپ كەتكەن بىر نەرسىنى ئالدى دېسە!
— زامان ئاخىر بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ جۇمۇ مۇشۇ كۈندە! بۇ رەپقەت دېگەن گۈي باشتا رەنانى ئۆزى خوتۇن قىلدى، ئەمدى ئەركىنگە ئېلىپ بېرىۋاتقىنىنى قارا...
— پۇل بار ـ دە، سېنىڭ پۇلۇڭ بولسا، سەنمۇ شۇنداق قىلىسەن!
— كۆزۈمدىن بىر يوقىلە، ئاداش!
— ئەركىننىڭ رەناغا قاتتىق مۇھەببىتى بار، ھەي!
رەپقەتنىڭ ئاغىنىلىرى ئولتۇرغان ئۈستەلدىكى مېھمانلارمۇ چاقچاقلىرىنى باشلىۋالغانىدى، ساۋۇت ئوسماننى ئوخشىتىۋاتاتتى.
— ھېلىقى رابىگۈل دېگەن ساۋاقدىشى رەنانى بەك قويۇپ كېتىپتۇ ـ ھە، ئاداش؟!
— بىر ئادەمگە بەك ئىشىنىپ كەتسە شۇنداق بولىدۇ.
— ئىككىڭلارنىڭ گېپىنى بىرىمىكىن دەيمەن!
— سەن رابىگۈلنى ئاشۇنداق قىلمىغان بولساڭ، ئۇمۇ رەناغا شۇنداق قىلمايتتى! — دېدى يەنە بىر ئاغىنىسى.
— باشقا گېپىڭ يوقمۇ ئاداش؟ — دېدى ئوسمان.
— بۈگۈن باشقا گەپ ئاقمايدۇ ئاداش!
— قىلىقى شۇنداق ياخشى نەرسە ئىدى ئۇنىڭ، ئۆمرىدە بىر رەسۋالاشتى.
— پايدىسىنى ساڭمۇ بېرە!
— كاناداغا بارساڭلار سىلەرگىمۇ بېرىدۇ! — دېدى

ئوسمان.

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

كېيىن ئۇلار گۇڭۇر - مۇڭۇر پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

— بۇنداق قويمىچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالماق تەس ئىكەن ئاغىنىلەر، قانداق قىلىپ دېمەمسىلەر؟ ئەگەر بىر ئادەم نىيىتىنى ئالا قىلىپ ۋىجدانسىزلىق قىلسا، بىر كۈن بولماي بىر كۈنى ئۇنىڭ سېنى جايلىغىنى جايلىغان ئىكەن، چۈنكى ئۇ بىر ئامال بىلەن ساڭا يېقىنلىشىدىكەن. بۇ ۋاقىتتا سەن دەرۋازىسى يوق باغچىغا ئايلىنىپ قالىسەنكەن، ئۇ باغقا كىرىپ ئالماڭنى ئۈزۈۋېرىدىكەن، ئۇ باغقا كىرىپ، ئاخىر بېغىڭنى قۇرۇتۇپ بولغاندا سەن ئاندىن ئۇنىڭ رەسۋا، ئىپلاس نىيىتىنى بىلىپ قالىدىكەنسەن...

— ئۇنداق دېمە ساۋۇت...

— شۇڭا ھەرقانداق ئادەم بىلەن پەرق ساقلىمىساڭ بولمايدىكەن، بۇ ئاداش ماڭا بەك يېقىنلىشىپ كېتىۋاتىدىغۇ، بۇنىڭدا بىرەر ئىش بارمۇ، قانداق دەپ ئۆزۈڭگە سوئال قويۇپ باقمىساڭ بولمايدىكەن! — دېدى ساۋۇت.

— ئوسمان ئاداش، سەن سوئال قويماي ھەيدەۋەرگەنتىڭغۇ دەيمەن؟ — دېدى بىرسى.

— ساڭا ئوخشاش ئىلتىماس يېزىپ، ئولتۇرمايمىز بىز، — دېدى ئوسمان.

— رەنادا ئالمۇتاغا بېرىپ شۇياقتا يول تېپىپ كاتتا سودىگەر بولۇپ كېتىمەن دەيدىغان خىيال بار ئىدى، ئۇ مۇشۇ ئىشتا موللاق ئېتىپ كەتتى، — دېدى ساۋۇت.

— تەييار نان بىلەن چوڭ بولۇپ قالغان نەرسىلەر، جەمئىيەتنى چۈشەنمەيدۇ - دە.

— رابىگۇلگە يان بېسىۋاتىسەن - ھە؟ — دېدى بىرسى گەپكە ئارىلىشىپ.

— ھەممىسى تەقدىر، ئاداش، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ

پىشانىسىدىكىنى كۆرىدىغان گەپ، — دېدى ئوسمان، — رەپقەت ئاخىرقى ھېسابتا رەنانى ياخشى ئورۇنلاشتۇردى، بىر ئوغۇل بالىچىلىق قىلدى!

— بىراق ئۇ گۈينىڭ كۆڭلى يەنە رەنادىمىكىن دەيمەن! — دېدى ساۋۇت.

— ئۇنىڭغا ئارىلاشقىلى بولىدىغان گەپ ئەمەس، كۆڭۈل دېگەن ئۇ ھەم يۈزسىز، رەسۋا، مۇتتەھەم، سارالڭ بىر نەرسە، ئۇنى ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسى باشقۇرۇپ كېتەلمەيدۇ، — دېدى ئوسمان.

— يەنە بىر تەرىپىنى دېمىدىڭ ئاداش، ئۇ مېھماننى مېھمان دېمەيدۇ.

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئەمدى رەپقەتنى خوتۇنى بىلەن ياراشتۇرۇپ قويساق بولىدۇ، — دېدى ئوسمان.

— مۇمكىن ئەمەس، ئەمدى گۈلباھار ئۇنىڭ تەرىتىگە سۇ بەرمەيدۇ، — دېدى ساۋۇت.

— قىزلىرىغا دېسەك ئانىسىنى كەلتۈرىدۇ.

— تەس، بۇ ئىش گۈلباھارغا بەك ئېغىر كەلدى!

— بۇرۇنقى ئادەملەر ئۈچ ـ تۆت خوتۇن ئېلىپ باقاتتىكەن، ئۇلار قانداق قىلىدىغان بولغىيدى؟

— ئۇ چاغلاردا پۇل دېگەن نەرسە چىقمىغان تېخى، ئادەملەر بۇغدايغا قوي تېگىشەتتى، قورسىقى توق ئىدى، پۇل پەيدا بولغاندىن كېيىن ھەممە ئادەمنىڭ قارنى يامان بولۇپ كەتتى، شۇڭا بىر ئۆيگە ئۈچ ـ تۆت خوتۇنمۇ پاتمايدىغان بولۇپ قالدى...

— سەۋەب قىلساق يەنە ئامال بولىدىكەن، ئاداش، ئۆيگە پاتمىسا تالاغا پاتىدىكەنغۇ!

— بىر كۈنى بىزنىڭ خوتۇن گۈلباھار بىلەن كۆرۈشۈپ قاپتىكەن...

— توختا ساۋۇت، بىزنىڭ خوتۇن دېگەن قانداق گەپ ئۇ،

مېنىڭ خوتۇنۇم دېمەمسەن ؟ — دېدى بىرسى ئۇنىڭ گېپىگە لوقما سېلىپ.

— ھە بولدى، گېپىڭنى قىلىۋەر، — دېدى ئوسمان.

— بىر كۈنى ئاپالىم ئاشخانىدا گۈلباھار بىلەن بىللە بولۇپ قاپتۇ، گەپتىن - گەپ چىقىپ ئاپالىم: «قىزلىرىڭىز بار، ئەمدى يېنىشىۋېلىڭ، ئەر دېگەننىڭ ھەممىسى ساراڭ، ئۆيگە ئەكىرىپ ئوڭشىمىسىڭىز بولمايدۇ» دەپتۇ. گۈلباھار نېمە دەپتۇ دېمەمسىلەر؟ «مۇشۇ شەھەردە تولا خوتۇنلارنى تۇتۇپ كۆيدۈرىدىكەن دېسىمۇ يېنىشمايمەن» دەپتۇ...

— ئۇمۇ ساراڭ خوتۇن ئىكەن، سېنىڭ راست دەپ قويۇپ رەپقەتنى ئۆيگە ئەكىرىۋېلىپ سېغىنىپ ئىچمەمدۇ ! — دېدى بىرسى گەپكە ئارىلىشىپ.

— رەپقەت دېگەنچۇ، ساڭا ئوخشاش ئون مەھەللىنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ ئەمچىكىنى ئېمىپ چوڭ بولغان نەرسە ئەمەس ئۇ، بىلىپ قوي !

ھەممەيلەن كۈلۈپ باشلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالدى.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە ساپ سېمىز خوتۇنلارنىڭ ئەمچىكى - دە، ئۇ ! — دېدى ئوسمان ساۋۇتقا ماسلىشىپ.

— كىچىككىدىن قارنى يامان ئىكەنسەن - دە، ئاداش سەن !

— شۇڭا بۇنىڭ مىجەزىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

— خوتۇننىمۇ نېسى ئالغان نەرسە تۇرسا بۇ !

— كىچىك ۋاقتىڭدا تەييار مەممىگە يامان ئۆگىنىپ قاپسەن - دە، كالپۇكلىرىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ، ئاداش، مۇشۇ كۈندىمۇ مەممىدىن مەرىڭنى ئۈزەلمەيۋاتىسەنغۇ دەيمەن؟

— ساڭا مەمەم دەپ لەقەم قويساق قانداق بولىدىكىن، ئاداش...

ئۇلار شۇنداق چاقچاق بىلەن ئولتۇرغاندا تانسا باشلىنىپ كەتتى. زالنىڭ ئىچىدىكى كەيپىيات ناھايىتى قىزغىن ئىدى، تويغا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ياش ناخشىچى قورسىقى ئاغرىپ

كەتكەن ئادەمدەك بىردەم ئېغىشىپ، بىردەم تولغىنىپ ناخشا ئېيتاتتى، زالدا ئېزىپ يۈرگەن هاراق بىلەن تاماكىنىڭ پۇراقلىرى مۇلازىملارنىمۇ مەست قىلىپ بولغانىدى.

توي ئاياغلاشتى. هەممە ئىش شۇنداق چىرايلىق تۈگىدى، مېهمانلار خۇشال ـ خۇرام ئۇزاشتى.

— بۈگۈن ئاغىنىلەر ئەركىن بەك ياخشى هاراق قۇيدى جۇمۇ، — دېدى پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقان بىرسى.

— كەينىدە رەپقەت بار ـ دە، — دېدى يەنە بىرسى.

— ئەمىسە بۇ رەنا يەنە ئەتە ـ ئاخشاملىرىزە...

— توۋا دە، هەي، يامان بولىدۇ، ئۇنداق گەپ قىلما.

رەنا بىلەن ئەركىن ماشىنىغا چىقىپ هۇجرىسىغا راۋان بولدى. شامال ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى، بۇ قېتىمقى شامال ئالمۇتا تەرەپتىن كەلگەنىدى. ئەركىن شامال ئېلىپ كەلگەن پۇراقلارنى هېس قىلالمىدى. رەنا قۇچاق يەتمەيدىغان ئاكاتسىيەنىڭ يوپۇرماقلىرىدىن چىققان ئاچچىق پۇراقلار بىلەن كۆرۈشتى، قىش قار ئىچىدىن چىقىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەن ئاق كۆڭۈل رىۋايەتلەر بىلەن كۆرۈشتى. يەر ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرغان ئون سائەتلەپ چىقماي يۇيۇنىدىغان مۇنچىلارنىڭ پۇراقلىرى بىلەن كۆرۈشتى. شامال نۇرغۇن پۇراقلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ چېچىۋەتتى. رەنا يەنە بىر قېتىم مەست بولۇپ كەتتى...

www.uyghurkitap.com

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

# ھايات يېڭىلىكنى كۈتۈرمەيدۇ

ئەركىن بىلەن رەنانىڭ يېڭى تۇرمۇشى باشلىنىپ كەتتى.

رەنا ئون كۈنگىچە ھېچ يەرگە چىقماي ئۆيدە ئولتۇردى. ئۇ يەنە بۇرۇنقىدەك جانلىنىپ كەتكەندى، ئۇنىڭ جامالىدا يەنە ئاشۇنداق بىر خىل ئۇستۇنلۇكنىڭ نۇرلىرى چاقنايتتى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇلار دىۋاندا ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى، چىرايلىق بېزەلگەن ئۆي ئېلېكتىر چىراغنىڭ نۇرىدا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى مۇبارەكلەيتتى. شۇنداقتىمۇ يەنە كېچە قاراڭغۇلۇقى ئاچ كۆزلۈك بىلەن دېرىزىدىن ئۆيگە قارايتتى. رەنا تېلېۋىزورنىڭ ئۈنىنى پەسەيتىۋېتىپ ئەركىنگە قارىدى:

— مېنىڭ كاللامغا بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ، ئەركىن، سىز خىزمىتىڭىزدىن چېكىنىسىڭىز، بىز پۈتۈن كۈچىمىزنى مېھمانخانىغا قاراتساق، مەن سىزگە دېگەندەك بىز ئەمدى ۋاقىتنى چەك تۈتۈپ پۇل تاپمىساق بولمايدۇ، قارىماققا مېنىڭ ئىشلىرىم ھازىر ئىزىغا چۈشۈپ قالغاندەك، لېكىن مەن يەنە بەزى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلمىسام، رەپقەتكامنىڭ پۇلىنى قايتۇرمىسام بولمايدۇ.

— بولىدۇ، رەنا، بىز پۈتۈن كۈچىمىزنى مېھمانخانىغا قارىتايلى، بىراق مەن خىزمىتىمدىن چېكىنمەي، ئازراق يول ماڭسام دەم ئېلىشقا چىقىۋالالايمەن، بىزنىڭ باسما زاۋۇتتا

نەچچىسى شۇنداق قىلدى، دوختۇرخانىدىن ئېغىر ئاغرىق، ئىشقا يارىمايدۇ دېگەن ئىسپاتنى ئېلىپ بارسام دەم ئېلىشقا چىقىرىۋېتىدىكەن، دوختۇرخانىدا تونۇشلىرىم بار، — دېدى ئەركىن.

— ياق، ئەركىن، ئۇنداق قىلماڭ، گەپ بولىدۇ، بىراقلا ئىشلىمەيمەن دەپ چېكىنىڭ !

— ئەمىسە ئويلىشىپ باقاي !

ئەركىن خىزمەتتىن چېكىنىدى، ئۇ باسما زاۋۇتىغا سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس، ئىشلىمەيمەن دەپ دوكلات يېزىپ بېرىپ، زاۋۇت بىلەن ھېساب ـ كىتابىنى ئۈزدى، ئاندىن مېھمانخانىغا بېرىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن رەناغا ياردەملەشتى.

— پۇلى بار خوتۇننى ئالىدىغان گەپ ئىكەن ـ دە، ھە دېگەندە بىر بىنالىق بولۇپ قالدى يا ماۋۇ ئاداش، — دېيىشتى ئەركىننىڭ ئاغىنىلىرى.

رەنانىڭ ياردەملىشىشى بىلەن ئەركىن مېھمانخانىنىڭ ئىشلىرىغا تېز ماسلىشىپ كەتتى. رەنا ئالمۇتاغا چىقىش ئالدىدا ئەركىنگە بېرىۋەتكەن ماشىنىسىنى ھەيدەپ كۈندە دېگۈدەك كۈتۈش ـ مېھمان قىلىش دېگەندەك مۇناسىۋەت پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇرۇنقى مۇھىم ئادەملىرى بىلەن كۆرۈشۈپ تۇردى، بۇ ھەم رەپىقەتىنىڭ تەلىپى ئىدى. رەپىقەت ئۇنىڭغا: «سىز ئاشۇ ئادەملەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارغا سالام بېرىپ تۇرمىسىڭىز بولمايدۇ» دېگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، رەنانىڭمۇ مۇشۇ مۇناسىۋەتتىن خوشلاشقۇسى يوق ئىدى.

رەنا چۈشتە مېھمانخانىدا ئەركىن بىلەن تاماق يېدى، تاماقتىن كېيىن ئەركىن مېھمانخانىنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى، ئاشخانا ئۆيدە رەنا مۇلازىملارنىڭ كىرلىشىپ كەتكەن كىيىملىرىگە قاراپ، ئەركىنگە:

— سىز ئاشخانىدىكى بالىلارغا بىر يىغىن ئېچىڭ، ئەركىن، كىيىملىرىنى يۇيۇپ تۇرسۇن، ئۈچ كۈندە بىر قېتىم كىيىم

ئالماشتۇرۇپ تۇرسۇن، ــ دېدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ دەم ئالدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «دەسلەپكى ئىشتىن يانما دەپتىكەن، مانا مەن ئەركىنندىن قېچىپ ـ قېچىپ ئاخىر ئۇنىڭ قولىغا چۈشتۇم» دېدى. ئۇ ئىچىدىكى ئۆيگە كىرىپ كارىۋاتتا يېتىپ كۆزلىرىنى يۇمدى، ئۇ ئۇخلىغاندىمۇ ئاناردەك چىرايلىق ئىدى.

رەنا بىر سائەت ئۇخلىغاندىن كېيىن كۆزىنى ئاچتى، ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇۋېتىپ، ئىشخانىسىغا چىقىپ ئۇستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئاندىن پىلان بويىچە تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئالمۇتادا قالغان قەيسەرگە تېلېفون بەرمەكچى بولدى.

ئۇ قەيسەرنىڭ يانفون نومۇرىنى بېسىپ بولۇپ دەرھال تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپ قويدى، ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋەتتى. ئاندىن ئورنىغا كېلىپ قەيسەرگە تېلېفون بەردى، تېلېفون ئۇلانغاندىن كېيىن، رەنا بىردىنلا روھلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ تەلەپپۇزى تاغ ھەسەلىدەك تاتلىق ئاڭلىناتتى.

ــ ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ قەيسەر؟ ئىش ـ ئوقەتلىرىڭىز ياخشىمۇ؟ رەھمەت ـ رەھمەت، تويغا كېلەلمىدىڭىز، مەن چۈشىنىمەن، بازارنىڭ ئەھۋالى شۇنداق، كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭ، مەن ھەر كۈنى ئويغۇمدا ۋە چۈشۈمدە سىز بىلەن بىللە. ئەركىنگە: «ئەگەر بىر ئەر قەيسەردەك يول تېپىپ دۇرۇس نىيەت بىلەن ماڭالىسا، ئۇ ۋاقىتتا ئۇنى ھەقىقىي بەختلىك ئادەم دېگىلى بولىدۇ» دېدىم. ئەتە ـ ئۆگۈن ئەركىنمۇ سىزگە تېلېفون بەرمەكچى، سىز بۇ قېتىم شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىققاندا ماڭا تېلېفون بېرىۋېتىڭ، مەن ئەركىن بىلەن ئالدىڭىزغا چىقىمەن.

رەنا ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى.

ــ رەھمەت رەنا، كۆڭلىڭىزنى ئەسكى قىلماڭ، بورانلاردىن ئۆتۈپ كەتتىڭىز، سىز يەنە بۇرۇنقى رەنا بولۇپ يۇرتىڭىزدا

كۆكلەۋاتىسىز. مەن بىر ئەر، ئەردەك بىر ئىش قىلدىم، خالاس. ئەگەر سىز مېنىڭ ئورنۇمدا بولسىڭىز، سىزمۇ ماڭا ئوخشاش قىلغان بولاتتىڭىز. خۇدايىم بۇيرۇسا شىنجاڭدا كۆرۈشەرمىز.
ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ئىش، رەنا، مەن كانادادىكى ئاغىنىلەردىن تېلېفون ئالدىم، ئۇلار ھاكى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ، ئەھۋالىنى ئېيتىپتۇ، لېكىن ئۇ بىزدە بۇنداق ئىش يوق، بۇرۇن رەنانىڭ ئايالىم رابىگۈل بىلەن زىددىيىتى بار ئىكەن، ئۇ بىزنى سېسىتىش ئۈچۈن شۇنداق گەپ تېپىپتۇ دەپ تۇرۇۋاپتۇ، بۇ ئىشلاردىن خاتىرجەم بولۇڭ، رەنا، بىزگە ۋاقىت كېرەك.
رەنا تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىنى قويۇپ يىغلاپ ئېقىپ كەتتى...
باھارنىڭ ھەممە گۈللىرى ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن، ياز تەييارغا ھەييار بولۇپ كائىناتنىڭ ھەممە بۇلۇڭلىرىدا پەيدا بولدى. ئەنە شۇنداق شېرىن كۈنلەردە رەنا بىلەن ئەركىن ئازادە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى، يازنىڭ ئىللىق ھارارەتلىرى ئۇلارنىڭ تىنىقلىرىدىن پەيدا بولغان مەنۋىيەتلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇچراشتۇرۇپ ئۆزلەشتۇرەتتى. شامال ئۇلارنىڭ «نايناقلار دەرياسى» بويىدا قالغان ھېكايىلىرىنى ئۇچۇرتۇپ ئەكەلدى، ئازاب، ئىسسىق - سوغۇقلارنى باشتىن كەچۈرگەن مۇھەببەت ئەڭ ياخشى ۋاقىتلاردا ئەمەس، ھەممە ۋاقىتلاردا خاتىرجەم بولالايتتى.
— مەن سىزگە بىر ئىشنى مەسلىھەت سالاي دەۋاتىمەن ئەركىن، بىز سەھرادىن بىرنەچچە مو يەر سېتىۋېلىپ، ئېتىز قىلىپ بىر داچا سالساق، يازلاردا بۇ يەرگە چىقىپ بىر مەزگىل ئارام ئالساق، بىزمۇ ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرسەك دەيمەن، ئەركىن. مەن ئالمۇتادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تەبىئىي ھالدا سەھراغا ئامراق بولۇپ قالدىم، سىزچە قانداق؟
— بەك ياخشى دېدىڭىز، رەنا، كۆڭلۈمدىكىدەك گەپنى قىلدىڭىز، شۇنداق قىلايلى، يىلدا بىر قېتىم دەم ئېلىپ

ئۆزىمىزنى كۈتەيلى. ئورۇننى مەن تاپاي، ئەڭ ياخشى يەردىن تاپىمەن، سۈيى بار، ئوت - چۆپى بار، ھاۋاسى تازا، مۇھىتى يېقىملىق يەردىن تاپىمەن.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ئەركىن، بىراق بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنىماڭ، ھەتتا ئۆي پۈتكەندىن كېيىنمۇ تىنىماڭ، باشقىلار بىلمەي قالسۇن.

ئەركىن داچا سېلىش ئۈچۈن يېزىمۇيېزا يەر ئىزدەۋاتقاندا، رەنا كانادادىن كەلگەن بىر فاكسنى تاپشۇرۇۋالدى، فاكس رابىگۈلدىن كەلگەنىدى. رەنا فاكسنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن رەپقەت بىلەن كۆرۈشتى، ئۇ فاكسنى رەپقەتكە ئوقۇپ بەردى: «ھۆرمەتلىك دوستۇم، مەن سىنىڭ ئالدىڭدا ئادەم بالىسى قىلىدىغان ئىشنى قىلمىدىم، مۇشۇ كۈنلەردە دەردىمنى ئۆزۈم بىلىمەن، قان يىغلاۋاتىمەن، مېنى كەچۈر، ئاداش، مەن ھاكىمنىڭ كەينىگە كىرىپ ئېزىپ كەتتىم. ماڭا ئازراق ۋاقىت بەر، ئاداش، ئۈچ يىل ۋاقىت كېتەر، مەن بەش قېتىمغا بۆلۈپ پۇللىرىڭنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرىمەن، بۈگۈنكى بىرىنچى قېتىملىق پۇلۇڭنى بانكا ئارقىلىق يېرىۋەت قىلىۋەتتىم، مەڭگۈ سېنىڭ چىرايىڭغا قارىيالمايمەن. پۇلنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن خالىساڭ ماڭا تېلېفون قىل. مېنى كەچۈر ئاداش، دەردىمنى ئۆزۈم بىلىمەن...»

— ۋىجدان ئازابى دېگەن مانا! — دېدى رەپقەت.

— ئۇلار مۇشۇ پۇلنى بىرنەچچە يىل دومىلىتايلى دەپتۇ - دە، — دېدى رەنا.

— شۇنداق، رەنا... مەيلى، ئۈچ يىل دېگەن بىردەمدىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، گەپ قىلماي جىم بولۇۋالسا بىزنى جىق ئاۋارە قىلىۋېتەتتى، «ئېگىلگەن بويۇننى قىلىچ كەسمەپتۇ» دېگەن گەپ بار. ئەگەر پۇلى كەلسە، سىز ئۇنىڭغا چىرايلىق گەپ بىلەن تېلېفون بېرىڭ، بۇ جاھاندا ھەممىمىز ئاجىز، ئۇمۇ ساقىيىۋالسۇن، پۇرسەت بېرەيلى.

— ماقۇل، رەپقەت.

— ئەركىننىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— ياخشى، ئۆزلىشىپ كەتتى، ئۇنىڭغا مېھمانخانىنى تاشلاپ بەردىم!

— ئەركىننى ئوبدان قەدىرلەڭ، رەنا، ئۇ سىزگە ھەقىقىي يانتاياق بولىدۇ!

— رەھمەت!

مۇشۇنداق كۆڭلەرنىڭ بىرىدە، بىر خۇش خەۋەر رەنانىڭ دىلىنى يورۇتتى: گۈلبانۇ مەكتەپ پۈتكۈزۈپ قايتىپ كەلگەندى. ئۇ رەنا بىلەن كۆرۈشۈپ يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى، تەربىيە كۆرۈپ بىلىم ئىگىلىگەن گۈلبانۇنىڭ قاش ـ كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. رەنانىڭ تاللا بازىرى كۆيۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ گۈلبانۇنىڭ ئاپىسى سارىخان بىلەن ئوغلىنى مېھمانخانا ئاشخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى، گۈلبانۇمۇ ئوقۇشىنى خاتىرجەم داۋاملاشتۇرغانىدى.

— مۇبارەك بولسۇن، گۈلبانۇ، مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپسىز، — دېدى رەنا گۈلبانۇنىڭ دىپلوم ۋە باشقا ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ.

— رەھمەت، رەنا ھەدە، ئەگەر سىز ماڭا ياردەم قىلمىغان بولسىڭىز مەن بىر ئۆمۈر ئالىي مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرەلمەيتتىم، — دېدى گۈلبانۇ كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ.

— ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز تىرىشتىڭىز، گۈلبانۇ، ئۆزىڭىز تىرىشمىغان بولسىڭىز ياردىمىم كار قىلمايتتى. ئەمدى قانداق ئويلىرىڭىز بار، دەپ بېقىڭا قېنى؟

— بىلمەيمەن، رەنا ھەدە، سىز مېنى نېمە ئىش قىل دېسىڭىز شۇ ئىشنى قىلىمەن.

— ئەمىسە بىر مەكتەپكە بېرىپ ئىشلەڭ، يولىنى مەن ماڭاي، ھەرگىزمۇ مېنى دورىماڭ، بالىلارغا بىلىم بېرىدىغان، بىلىم ئىگىلەيدىغان ئادەم بولۇپ يېتىلىڭ.

— ماقۇل، رەنا ھەدە، مەن ھەممە ئىشتا سىزنىڭ ئاغزىڭىزغا

قارايمەن...

— بىر مەزگىل ئۆيدە ئاپىڭىزغا ياردەملىشىپ دەم ئېلىپ تۇرۇڭ، مەن مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي!

— ماقۇل، رەنا ھەدە! مەن بىر ئۆمۈر سىزنىڭ ئاغزىڭىزغا قاراپ ياشايمەن!

مۇشۇ ئارىدا ئەركىن شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ دەريابويى كەنتىگە كۆزى چۈشتى. بۇ يەر رەناغىمۇ ياردى. رەنا: «بولىدۇ، مۇشۇ كەنتتىن يەر ئېلىپ ئۆي سالايلى، بۇ يەر ھەممە جەھەتتىن ياخشى ئىكەن» دېدى. بۇ يول ئۈستىدىكى، ئورمانلىق ئىچىدىكى بىر كەنت ئىدى. كەنتنىڭ جەنۇب تەرىپى مۇنبەت تېرىلغۇ يەر بولۇپ، قارا تۇپراققا ئادەم تېرىسىمۇ ئۈنەتتى. ئېتىزنىڭ ئۇ يېقى توقايلىق، توقايلىقنىڭ ئۇ تەرىپى دەريا ئىدى. كۈنچىقىش تەرەپتىن كەلگەن سۇ كىچىك ئاپپاق قوزىلاردەك ئويناقشىپ كېلىپ «نايناقلار دەرياسى» غا قوشۇلۇپ كېتەتتى. توقايلىقتىكى پەسىل قۇشلىرى كەنتكە ئامەت تىلەيتتى. رەنا يۇقىرى – تۆۋەن ئالاقىلىشىپ يۈرۈپ كەنت يولى ئۈستىدىكى ئورمانلىقتىن ئون مو يەر سېتىۋالدى، كەنت باشلىقلىرى يۇقىرىنىڭ بېسىمى بىلەن ئەڭ ياخشى ئورۇننى رەناغا سېتىپ بەردى، ئەركىن تېز تۇتۇش قىلىپ قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ ئادەملىرىنى يىغىپ، داچىنىڭ خەرىتىسىنى ئۇلارنىڭ قولىغا بەردى. ئىككى ئاي ئىچىدە ئىككى قەۋەتلىك چىرايلىق بىر داچا پۈتتى. ئەركىن ئۆينىڭ ئىچىنى ناھايىتى چىرايلىق بېزەتتى. رەنا گۈلبانۇنى ھەمراھ قىلىپ، مۇشۇ داچىغا كېلىپ دەم ئالدى. ئۇلار جۈمە كۈنى يۇرت چوڭلىرىنى چاقىرىپ نەزىر قىلدى، نەزىردىن كېيىن بىر ئايال رەنا بىلەن كۆرۈشۈپ: «مەھەللىمىزدە سەكسەن سەككىز ياشقا كىرگەن ئايىم ئىسىملىك بىر موماي بار. ئۆزى بۇنداق نەزىرلەرگە كېلەلمەيدۇ، سىز ئاخشاملىقتا مومايىنى يوقلاپ قويۇڭ، مومايىنى بىلىدىغانلار ھەر

يەردىن كېلىپ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالدۇ» دېدى.

رەنا كەچكە يېقىن گۇلبانۇنى ئەگەشتۇرۇپ، ئايىم موماينىڭ ئۆيىگە كەلدى، گۇلبانۇ قولىدىكى تاۋىقىنى موماينىڭ ئالدىغا سىلىقلىق تۇرغان داستىخاننىڭ بىر چېتىگە قويدى. رەنا بىلەن گۇلبانۇ يەنە بىر قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئايىم مومايغا سالام بەردى.

— ئولتۇرۇڭلار قىزلىرىم، سالامەت تۇرۇپسىلەر ! — دېدى موماي ئاستا سۆزلەپ.

موماينىڭ نەۋرىسى چاي تەييارلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

ئايىم موماي ناھايىتى پاكىز قېرىغان ئىدى، ئۇنىڭ مەڭزىلىرىدىن ئادەمنىڭ دەسلەپكى تۇيغۇسىغا ئارام بېرىدىغان، ئۈمىد بېرىدىغان ھېسسىياتلار چاقناپ تۇراتتى، لېكىن موماينىڭ قاراشلىرى سۇرلۇك ئىدى، ئۇ رەناغا ئوبدان بىر قارىۋالدى، شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىنى بىر تاسقىۋالدى.

— مەھەللىمىزگە قوشنا بولۇپ كەپسىز، قىزىم، چىرايلىق، ئەقىللىك ئىكەنسىز، پېشانىڭىز ئوڭ ئىكەن، سىزنى ئاللاتائالا مۇشۇ يەرگە باشلاپ كەپتۇ، بىزنىڭ بۇ دەريابويى كەنتىمىزنىڭ تارىخى بەك ئۇزاق، ئۇزاقتىن بېرى بىزنىڭ بۇ يەردىن ناھايىتى جىق ئۆلىمالار، تەقۋادارلار چىققان. بۇ يەرنىڭ سۇيىمۇ ياخشى، يېرىمۇ ياخشى، ئادەملىرىمۇ ياخشى، بۇ يەر سىزدەك شەھەردە چوڭ بولغان ئادەم ئۈچۈن بىر دورا، ئادەمنى تېپۋىلارلا داۋالىمايدۇ، ھاۋا، مۇھىتمۇ داۋالىيالايدۇ. ئەمدى سىزگە ئازراق نەسىھەت قىلىپ قوياي. مەن مۇشۇنداق سۆزلەپ ئۆگىنىپ قالغان ئادەم، سۆزلىمىسەم بولمايدۇ، سىز بىر يىل ئىچىدە مۇنداق ئۈچ ئىشقا دىققەت قىلىڭ قىزىم: بىرى، بىر يىل گۆش يېمەڭ، يەنە بىرى، بىر يىل يۈز - كۆزلىرىڭىزگە گىرىم قىلماڭ، يەنە بىرى، بىر يىلغىچە تويغا قاتناشماڭ. ئاندىن بىر يىلدىن كېيىن ئۆزىڭىز تۇغۇلغان مەھەللىگە بېرىپ بىر نەزىر قىلىۋېتىڭ،

ئاجىزلارنى يوقلاپ، خۇشال قىلىڭ، ھەممە ئىشلىرىڭىز يۇرۇشۇپ كېتىدۇ، ئاللا رەھمەت قىلسۇن، قىزىم...

— رەھمەت ئايىم موما، مەن چوقۇم سىز دېگەندەك قىلىمەن، — دېدى رەنا. ئۇ مومايىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ جىمىپ قالدى.

— بولىدۇ قىزىم، مەن بۈگۈندىن باشلاپ نامىزىمدا سىزگە دۇئا قىلىمەن، لېكىن ئېسىڭىزدە بولسۇن، بىر ئادەم ئاخىرقى ھېسابتا دۇئا بىلەنلا روناق تېپىپ كەتمەيدۇ، ھەممە ئىش ئۆزىڭىزنىڭ خۇي - پەيلىڭىزدىن بولىدۇ.

— رەھمەت ئايىم موما.

موماي قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. دۇئادىن كېيىن، رەنا رەھمەت ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى. ئاندىن گۈلبانۇ بىلەن بىللە مومايىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇلار سۇۋادان تېرەكنىڭ سايىسىدا ئۆيگە قاراپ ماڭدى. مەھەللىنىڭ يوللىرى جەننەتنىڭ يوللىرىدەك يېقىملىق، تىنچ ئىدى. دەريا تەرەپتىن كەلگەن شامال خاماندا قالغان سامانلارنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرىنى رەنانىڭ دىمىقىغا سوۋغا قىلىپ تۇراتتى، بىر ياز قۇياشنىڭ نۇرى ئاستىدا پىشىپ مۇرادىغا يەتكەن سۇۋادان يوپۇرماقلىرى بىردىن - ئىككىدىن مۇقەددەس تۇپراققا تۆكۈلۈۋاتاتتى، شامال توختىماي رەنانىڭ چاچلىرىنى ئوينىتىپ تۇراتتى. مومايىنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغان، ئۇنى سۈر باستۇرغانىدى، بولۇپمۇ مومايىنىڭ: «ھەممە ئىش ئۆزىڭىزنىڭ خۇي - پەيلىدىن بولىدۇ» دېگەن گېپى ئۇنىڭغا بەك تەسىر قىلغانىدى.

رەنا ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى. قاراڭغۇ پەردىنىڭ كەينىدە پارقىراپ تۇرغان شەيتان ئەينەكنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ئۆيگە كىردى. ئۇ توكنى ياندۇردى، ئۆي يورۇپ كەتتى. ئۇ كارىۋاتتا يېتىپ كۆزىنى يۇمدى، خىيالى يىراقتىكى ئالمۇتاغا كەتتى، چۈشىدە قەيسەر بىلەن جۈپلەشتى...

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن گۈلبانۇ چىنە ـ قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ تازىلىق قىلىۋاتاتتى، ھويلىغا بىر ئايال كىرىپ كەلدى، ئۇ تۈنۈگۈنكى ئايىم موماينى تونۇشتۇرغان گۆھەر دېگەن ئايال ئىدى، رەنا ئۆيدىن چىقىپ گۆھەر بىلەن كۆرۈشتى. ئاندىن ئۇنى ئۆيگە باشلىدى. ئۇلار بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، گۈلبانۇ مېھماننىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى. گۆھەر ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن ئالدىراپتىمەن، كېيىن بىر كۈنى كىرەرمەن، — دېدى، ئاندىن تالاغا چىقتى.

— ئەگەر ۋاقتىڭىز بولسا مەن سىزنى ئالىيەنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باراي، خانىم، — دېدى گۆھەر.

— مەيلى ئەمىسە، بىر كۆرۈپ كېلەيلى، — دېدى رەنا. ئۇ گۈلبانۇنى ئەگەشتۈرۈپ ھويلىدىن چىقتى.

گۆھەر مۇشۇ مەھەللىدىكى ئابرۇيلۇق، پائالىيەتچان ئايال ئىدى، ئۇ تۈنۈگۈنكى بىرنەچچە ئاياللارنى باشلاپ كېلىپ رەنانىڭ يېڭى ئۆيىدە نەزىرگە ياردەملەشكەنىدى. بۈگۈن ئۇ رەناغا مۇشۇ كەنتتىكى رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئالىيە دېگەن بىر قىزنى تونۇشتۇرغانىدى، رەنا ئۇنىڭ بۇ ھۈنىرىگە قىزىقىپ، گۆھەرنىڭ كەينىدىن ئۇنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

ئالىيەنىڭ ئۆيى مەھەللىنىڭ ئايىغىدا ئىدى، ئۇ تەرەپ ئاساسەن ئورمانلىق ئىدى، ئورمانلىقنىڭ ئۇ تەرىپى ئېتىزلىق ئىدى. رەنا ئالىيەنىڭ ئاپىسى بىلەن كۆرۈشتى، ئاندىن ئالىيەنى، ئالىيەنىڭ رەسىملىرىنى كۆردى. رەسىملەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئالىيەنىڭ ماھارىتى ھەقىقەتەن ئۈستۈن ئىدى. بولۇپمۇ، رەڭ ئىشلىتىش ماھارىتى ئۆزگىچە ئىدى، رەنا ئۇنىڭ بىر ئەسىرى ئالدىدا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. ئۇ بىردەم بۇ رەسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەسەرگە تەپسىلىي قارىسا، بىردەم كەينىگە يېنىپ يىراق يەرگە بېرىپ رەسىمگە ئېگىلىپ قارىدى. رەسىمدە ئىككى سەھرا قىزى سىزىلغانىدى، ئۇ خۇددى رەنا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇشۇ مەھەللىگە كەلگەندىن بېرى يولدا كۆرگەن قىزلارنىڭ ئۆزى ئىدى. يەنە بىر رەسىمدە بىر بوۋاي سىزىلغان، بوۋاي ئېتىزدا قوناق ئۇزۇۋاتاتتى، يەنە بىر رەسىمدە ئۇلارنىڭ مەھەللىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريا سىزىلغانىدى، رەسىملەر بىر - بىرىدىن كۆركەم، بىر - بىرىدىن روشەن ئىدى، رەنا بۇ رەسىملەرنى كۆرۈپ تەسىرلەندى. ئاندىن ئالىيەنىڭ ئاپىسى بىلەن مۇڭدىشىشقا باشلىدى.

— قىزىم رەسىم سىزىشنى دادىسىدىن ئۆگەنگەن، ئۆزى بەك ھەۋەس قىلىدۇ، دادىسى ئۆز ۋاقتىدا شەھەردىن مۇشۇ كەنتكە چۈشكەن كادىرلاردىن ئۆگىنىپتىكەن. قىزىم ئۆرلەپ ئوقۇيالمىدى، بۇ يەردە ئوتتۇرا مەكتەپ يوق، ئەسلىدە مەن قىزىمنى ناھىيەگە ئەكىرىپ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتۇپ كېيىن شەھەردىكى سەنئەت مەكتىپىدە رەسىم كەسپىدە ئوقۇتاي دېگەن، بىراق قولۇم قىسقا بولۇپ قالدى، ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمىدى. دادىسى ئۇنى ئۆيدە تەربىيەلىدى، قىزىم بۇ يىل يىگىرمە ياشقا كىردى، ئۆزى بەك ئەقىللىك، مۇشۇ مەھەللىنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى سىزىپ بولدى، دادىسى يىلدا قوي سېتىپ ئۇنىڭغا ماي بوياق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىدۇ، بەزىدە ئۆزىمۇ سىزىدۇ. مائارىپ ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان ۋاڭ لى دېگەن بىر كادىر بار، شۇ ئادەم يىلدا ئىككى قېتىم كېلىپ قىزىمنىڭ سىزغان رەسىملىرىنى ئېلىپ كېتىدۇ، دادىسى ئۇ پۇللارغا يەنە قوي ئېلىپ باقىدۇ، ئىشقىلىپ، قىزىمىز بۇ ئىشقا بەك قىزىقىدۇ، دادىسى قىشتا خاڭدىن ناھىيەگە كۆمۈر توشۇپ ساتىدۇ، چاي - تۇزنىڭ پۇلى دادىسىنىڭ شۇ ئىشىدىن چىقىدۇ، — دېدى ئالىيەنىڭ ئاپىسى.

— مەن قىزىڭىزنى شەھەرگە ئەكىرىپ كەتسەم ماقۇل بولامسىز؟ — دېدى رەنا ئالىيەنىڭ ئاپىسىغا قاراپ.

— بۇ ... دادىسى بىلەن پاراڭلىشىڭ، ئۇ خاڭغا كەتكەن، كەچتە كېلىدۇ...

— ئالىيە ئۆزى خالامدىكىن؟ — دېدى رەنانىڭ قېشىدا ئولتۇرغان گۈلبانۇ.

— خالايمەن، — دېدى ئالىيە يەرگە قاراپ كۈلۈپ.

— ئەمىسە سىز دادىسىغا دەڭ، ئەگەر دادىسى توغرا تاپسا، مەن قىزىڭىزغا ياردەم قىلاي، شەھەرگە ئەكىرىپ ئۇنى سەنئەت مەكتىپىدە رەسىم كەسپىدە ئوقۇتاي، ئالىيەنى مەن بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇراي، ئۆزى بوش ۋاقىتلاردا رەسىم سىزسۇن، رەسىملىرى كۆپەيگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا مەخسۇس بىر رەسىم كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇپ بېرەي. رەسىملىرىنى ئالىمىز دېگۈچىلەر بولسا سېتىشىپ بېرەي، پۇلىمۇ تاپسۇن، ئوقۇشىنىمۇ ئوقۇسۇن. ئەگەر بۇ قىز مۇشۇنداق تىرىشىپ بەرسە، كەلگۈسىدە بىر چوڭ رەسسام بولۇپ كېتىدۇ، سىز مۇشۇ گەپنى دادىسىغا يەتكۈزۈڭ، ئەگەر ماقۇل دېسە مەن مۇشۇ قېتىمدىلا قىزىڭىزنى ئېلىپ كىرىپ كېتىمەن.

— رەھمەت، بەك ياخشى گەپ بولدى بۇ، مەن دادىسىغا دەپ باقاي، خانىم.

— ئەمىسە بىز ماڭايلى، ئەتە ماڭا بىر خەۋىرىنى بېرىۋېتىڭ، مەن ئۆز ۋاقتىدا بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقاندا پات - پات مۇشۇنداق رەسىم كۆرگەزمىسىنى كۆرەتتىم، ئۆزۈممۇ ماي بوياق رەسىملەرنى بەك ياخشى كۆرىمەن. بۇنداق ئىش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ، قىزىڭىزدا ئۈمىد بار، مەن ياردەم قىلاي، شارائىت يارىتىپ بېرەي، تىرىشسۇن، بىر رەسسام بولۇپ قالسۇن، — دېدى رەنا ئورنىدىن تۇرۇپ.

— رەھمەت، خانىم، مەن دادىسىغا دەي - ھە ؟ — دېدى ئالىيەنىڭ ئاپىسى.

— ئۇنىڭدىن باشقا بىر گەپ، ئەمدى ئالىيەنىڭ رەسىملىرىنى ھېچكىمگە ساتماڭلار، ھېلىقى ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن كېلىدىغان ئادەمگىمۇ ساتماڭلار، نەچچە زاماندىن بېرى ئۇ ئادەم بۇ قىزنىڭ رەسىملىرىنى بەك ئەرزان ئاپتۇ، ئەمدى

ساتمايدىغان بولدۇق، شەھەردىن بىرسى كېلىپ ھەممىسىنى ئېلىپ بولدى دەڭلار! — دېدى رەنا.

رەنا گۆھەر بىلەن گۈلبانۇنىڭ ھەمراھلىقىدا قورۇدىن چىقتى. كۆز شامىلى يولدىكى قايغۇرۇپ يۈرگەن غازاڭلارنى ئۇسسۇلغا سېلىپ موللاق ئاتقۇزۇپ ئېرىقلارغا ئۇچۇرتۇپ كېتەتتى، پىشقان قوناق بىلەن ئەمەننىڭ پۇرىقى مەھەللىدىكى ئادەملەردىن ھال سوراپ يۈرەتتى. مەھەللىنىڭ ئىچىدە شامالدىن باشقا نەرسىنىڭ جېدەلى يوق ئىدى، مەھەللە يۈز يىلنىڭ ئالدىدىكى مەھەللىلەردەك تىنچ ئىدى.

— بىزنىڭ ئۆيگە بارساق، خانىم، ئوخشىتىپ لەڭمەن ئېتىپ بەرسەم، — دېدى گۆھەر.

— رەھمەت، گۆھەر ھەدە، خۇدايىم بۇيرۇسا كېلەر قېتىم كەلگەندە بارارمەن، — دېدى رەنا، — سىزگە دەيدىغان بىر ئىش بار ئىدى، بۇ مەھەللىدە ياكى باشقا مەھەللىدە يېڭى توي قىلغان باللار بولسا بىر ئۇقۇشۇپ بەرگەن بولسىڭىز، بىزنىڭ قورۇغا كۆچۈپ كەلگەن بولسا، قورۇغا قارىغاچ ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇرغان بولسا!

— بار، ئۇنداق باللار بار، بالىسى بار باللارمۇ بار، مەن تاپاي، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ئەتە خەۋىرىنى بېرىمەن، — دېدى گۆھەر.

رەنا گۈلبانۇ بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەلدى، گۈلبانۇ ئۆينىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى. رەنا شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىگە تېلېفون بېرىپ، گۈلبانۇنىڭ خىزمەت ئىشىنى سۈرۈشتە قىلدى.

ئەتىسى ئالىيەنىڭ دادىسى قىزى بىلەن رەنانىڭ ئۆيىگە كېلىپ، رەنا بىلەن كۆرۈشتى، قاسىم ناھايىتى روھلۇق كۆرۈنەتتى، ئۇ رەناغا رەھمەت ئېيتتى:

— مەن بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ تولىمۇ سۆيۈندۈم، خانىم، سىزگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، قىزىمنى بىر

تەربىيەلەپ قويۇڭ، مەندىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانا، ـــ دېدى. رەنا:

ـــ ئەمىسە خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن ماڭغاندا ئالىيەنى ئېلىپ ماڭىمەن، ـــ دېدى.

گۆھەر رەنانىڭ ئۆيىگە قارايدىغانغا يېقىن توي قىلغان بىر بالىنى باشلاپ كەلدى، رەنا يىگىت بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بەزى ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلاشتى: «ماڭا ئۆيگە ياخشى قاراپ بەرسىڭىز بولدى، قالغان ھېچقانداق تەلىپىم يوق، باغنى ئانچە ـ مۇنچە پەرۋىش قىلىپ قويىسىز، قىشتا قالايدىغان كۆمۈرىڭىزنى ئۆزۈم چۈشۈرۈپ بېرىمەن، كۈزدە باغنىڭ يەرلىرىنى ئاغدۇرۇپ قويىسىز، يازدا كۆكتات تېرىپ قويىسىز» دېدى رەنا. يىگىت بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. بولۇپمۇ، رەنانىڭ: «قىشتا كۆمۈر چۈشۈرۈپ بېرىمەن» دېگەن گېپى ئۇنىڭغا بەك خۇشياقتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن رەنا گۈلبانۇ بىلەن ئالىيەنى ماشىنىغا سېلىپ، شەھەرگە قايتىپ كەلدى، قاينام ـ تاشقىنلىق شەھەر ئۇلارنى قارشى ئالدى.

ئۇزاق ئۆتمەي بىر يېڭىلىق بايقالدى. رەنانىڭ قورساق كۆتۈرگىنىگە بىرنەچچە ئاي بولغانىدى. يېقىندىن بېرى ئاخشاملىرى ئۇنىڭ قورسىقى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئەركىن ئۇنى دوختۇرخانىغا ئەكېلىپ بالىنىستىتا ياتقۇزدى: «مۇشۇ باھانىدە سالامەتلىكىڭىزنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرتۈۋالايلى رەنا» دېدى. رەنا ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ دوختۇرخانىدا ياتتى.

لېكىن، تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئەركىننى چۆچۈتۈۋەتتى، ئۇنىڭ چىرايىدا قان قالمىغانىدى، ئۇ رەنانىڭ مەسئۇل دوختۇرىنىڭ كۆزىگە يەنە بىر قارىدى:

ـــ خاتا ئەمەس، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، بىز بۇنداق كېسەلنى ئوبدان بىلىمىز، ـــ دېدى ئابلەت دوختۇر.

ـــ ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بالىنى چۈشۈرۈۋەتمىسەك بولمايدۇ.

«ئەمىسە ماڭمۇ يۇقتى دېگەن گەپ ـ دە، بۇ !» دېدى ئەركىن ئىچىدە. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى.

— بۇ خوتۇن نەدىن يۇقۇرۇۋالغاندۇ بۇ كېسەلنى؟

— هازىر ئۇنداق گەپنى قىلىشمايمىز ئەركىن، گەپ بالىدا، ئەگەر بالا تۇغۇلسا، بالىغا ئانىدىن يۇقىدۇ دېگەن گەپ، شۇ ۋاقىتدا ئىش تېخىمۇ چاتاق بولىدۇ، بۇ دوختۇرخانىنىڭ پىكرى ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ سىزگە شەخسىي بېرىۋاتقان مەسلىھەتىم ئۇكام، سىز بۇ ئىشنى ياخشى ئويلىشىڭ !

— ئۇ ۋاقىتتا ئايالىمغا نېمە دەيمەن؟

— ئايالىڭىزغا گەپ تېپىپ بېرىمىز، ئۇكام، هازىرقى گەپ ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ئېغىزىدىن ئۆتۈشى كېرەك، سىز: «بولىدۇ، بالىنى چۈشۈرۈۋېتەيلى» دېسىڭىز، دەيدىغان گەپنى مەن سىزگە ئۆگىتىپ قويىمەن، ئۇ بەك ئاسان، «بالىنىڭ پۇتىنىڭ بارماقلىرى يېتىلمەپتۇ، بۇ بالىنى ئالساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ» دەيسىز، ئايالىڭىز قايغۇرۇپ باقىدۇ، سىز تەسەللى بەرگەن بولىسىز، ئاخىر بالىنى چۈشۈرۈۋېتىمىز.

«مەن ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىمنى ئۆزۈم بىلىمەن، رەنا نەدىن يۇقتۇرۇۋالغاندۇ بۇ كېسەلنى ؟» دېدى ئەركىن ئىچىدە.

— بالىنى چۈشۈرۈۋېتەيلى، ئابلەتكا، بولمىسا بالىغا ئۇۋال قىلىپ قويىمىز...

— ئەمىسە، بولىدۇ، ئايالىڭىزغا خىزمەت ئىشلەڭ، قولىدىمۇ مەسىلە بار ئوخشايدۇ، دەڭ.

ئەركىن رەنانىڭ قېشىغا كىرەلمىدى، ئۇ سىرتقا چىقىپ بىر ئاشخانىغا كىرىپ، بىر بوتۇلكا هاراق ئېلىپ ئىچتى، هاراق ئۇنىڭ مۇزدەك بولۇپ كەتكەن بەدىنىنى سەل پەسەيتتى، ئەركىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئەركىن دوختۇرخانىغا قايتىپ، رەنانىڭ قېشىغا كىردى، رەنا خۇشخۇي

ھالدا ياتاقنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئېسىلغان تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇراتتى. رەنا ئەركىننى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئەركىن قېشىغا كەلگەندە ئۇ ئەركىندىن ھاراقنىڭ ھىدىنى سەزدى:

— بىر يەردە ئولتۇرۇپ قالغان ئوخشىمامسىز؟

— ئۆزۈم ئولتۇرۇپ ئازراق ھاراق ئىچتىم، رەنا...

— بىر ئىش بولدىما؟ چىرايىڭىز بەك ئوسالغۇ؟

— يۈرۈك، تالاغا چىقايلى.

ئۇلار سىرتقا چىقىپ، دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدىكى كىچىك ئورمانىنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئۇزۇن ئورۇندۇقلارغا كېلىپ ئولتۇردى. ئەركىن ئۇنىڭغا ئابلەت دوختۇر ئۆگەتكەن گەپلەرنى قىينىلىپ تۇرۇپ ئېيتتى. لېكىن، ئۇ ئىچىدە رەنانىڭ ھەم ئۆزىنىڭ كېسىلى ئۈچۈن يىغلايتتى.

رەنا گەپ قىلمىدى، ئۇ ئەركىننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قېتىپلا قالدى.

— بالا ئوغۇل ئىكەن، رەنا...

رەنا يەنە گەپ قىلالماي قالدى. ئۇنىڭ كاللىسى قالايمىقانلىشىپ كەتتى: «بالا تۇغۇلسا، بېقىپ چوڭ قىلسام، ياخشى تەربىيەلىسەم» دېگەن ئوي ـ پىكىرلەرنىڭ ھەممىسى بىر تۇتۇنگە ئايلانغاندى.

— ئابلەت دوختۇر ئاشۇنداق دەمدۇ ئەركىن؟...

ئۇنىڭ ئاۋازى بەك بوش ئىدى.

— ھەئە...

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— ياخشىراق ئويلىشايلى، رەنا، ئەگەر بالا ئۇلار دېگەندەك تۇغۇلۇپ قالسا، بالىغا قىلىپ قويىمىز.

— ئابلەت دوختۇر نېمە دەيدۇ؟

— ئۆزۈڭلار ئويلىشىڭلار، بىز يا ئۇنداق، يا بۇنداق بولسۇن دېمەيمىز دەيدۇ...

— بىراق، ئۇنداق تۇغۇلمىسىچۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئەمىسە ئۆزىڭىز ئابلەت دوختۇر بىلەن بىر كۆرۈشۈڭ.

— مەيلى، كۆرۈشەي...

ئۇلار ئورۇندۇقتا ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى، ھېچقايسىسى بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى.

ئىككىنچى كۈنى رەنا ئەركىنىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئابلەت دوختۇر بىلەن كۆرۈشتى. ئابلەت دوختۇر:

— ... ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق. بالىنى بىر ياقلىق قىلىش مەسىلىسى ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشى، سىلەر بىر قارارغا كەلسەڭلار، بىز مۇشۇ بويىچە ئىشلەيمىز، — دېدى.

— ئەمىسە بالىنى ئالمايلى، ئابلەتكا...

— بولىدۇ، ئەمىسە سىلەر چىقىپ ئارام ئېلىڭلار، قالغان ئىشلارنى ئۆزىمىز ئورۇنلاشتۇرىمىز.

رەنا قايغۇرغىنىچە بالنىستقا چىقىپ كارىۋىتىدا يېتىۋالدى.

— باشقا دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈپ باقامدۇق يا ئەركىن؟ — دېدى رەنا.

— مەيلى بارساق بارايلى، بىراق شەھەر بويىچە ئەڭ چوڭ دوختۇرخانا مۇشۇ!

رەنا كۆزلىرىنى يۇمدى، سەھەردە گۈللەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ئۈستىدە ئويناپ تۇرىدىغان شەبنەمدەك ياش تامچىلىرى ئۇنىڭ چىرايلىق كىرپىكلىرىدىن يىمىرىلىپ چىقىپ يۈزلىرىنى يۇيۇشقا باشلىدى...

ئەتىسى دوختۇرلار ئوكۇل بىلەن رەنانىڭ قورسىقىدىكى بالىنى چۈشۈرۈۋەتتى.

رەنا باشقىدىن ئاغرىپ كەتتى، دوختۇرلار ئۇنى قايتىدىن داۋالاشقا كىرىشتى. ئەركىن ئۇنىڭ قېشىدىن بىر دەممۇ نېرى بولمىدى، ئاخشاملىرى رەنانىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيتتى، ئۇ خىيال بىلەن كېچىنى ئۆزىتاتتى...

«مېنىڭ قورسىقىمدىكى بالا نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق بولۇپ قالىدۇ؟ مەن ئۆزۈمنى ياخشى بىلىمەن، مانا مەن جازاغا

ئۇچرىدىم، ئۆزۈم قىلغان ئاشۇ ئىشلارنىڭ خۇلاسىسى چىقتى، مەن ئالمۇتادا ھاكىملارغا ئالدىنىپ قالغاندىلا ئۆزۈمنى ھەقىقىي چۈشەندىم دەپ يۈرۈپتىمەنكەن، ئەمەلىيەتتە مانا ئەمدىلا ئۆزۈمنى چۈشىنىۋاتىمەن. ئەمدى ھەقىقەتەن جاجامنى يېدىم، ئۆزۈمنىڭ ساۋاقدىشىمۇ ئالدىدىغۇ مېنى؟ ئەگەر ئۆزۈم ياخشى بولغان بولسام مۇشۇ كۈنگە قالامتىم؟ مەن پۇلنى، نام ـ ئابرۇينى دەپ مۇشۇ كۈنگە قالدىم، ئاتا ـ ئانام مەندىن بەك زور ئۈمىد كۈتكەن، ياخشى ئوقۇپ كادىر بولىسىز قىزىم دېگەن، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچۇم مېنى بىزنىڭ مەكتەپتە ئىشلەپ قېلىڭ دەپ گېپىگە كىرگۈزەلمەي قايغۇرغان، لېكىن مەن كاتتا باي بولىمەن دەپ قىلمايدىغان ئىشلارنى قىلىپ يۈردۈم، ماڭا ئەمدى بۇنىڭدىنمۇ چوڭ جازا بولامدۇ؟ مىڭ ئەپسۇس! ۋاقىتنى كەينىگە قايتۇرغىلى بولسا ئىدى، يىگىرمە يېشىمغا قايتالىسام ئىدىم، باشقىدىن يول تۇتقان، ئىپپەتلىك، ۋاپادار ئايال بولغان بولاتتىم! ئۆكۈنۈشنىڭ دورىسى قەيەردىدۇ؟» دېدى رەنا ئىچىدە.

ئەركىن ئۇنىڭ قېشىدا ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇ ئەركىنگە قارىدى، ئاندىن ئۇنىڭ يوتقىنىنى يېپىپ قويدى، كىچە شۇ قەدەر جىمجىت ئىدى. رەنا كۆزلىرىنى يۇمۇپ يەنە خىيالغا پاتتى: «توۋا، قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللا، گۇناھىمنى كەچۈرگەيسەن! ئەمدى مەن ئادەم بولىمەن، ئەمدى ئۆزۈمنىڭ يولىنى تاپىمەن، ئاتا ـ ئانام، دوستلىرىم، ئاۋام ئېتىراپ قىلىدىغان بىر يول تاپىمەن! ماڭا نان بەرگەن خەلقنى رازى قىلىدىغان يول تاپىمەن! ئەركىن مەڭگۈ رازى بولغۇدەك ئىش قىلىمەن! ئۇنىڭغا ساغلام بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ كەلگۈسى ئىشلىرى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بېرىمەن! پاك، خاتىرجەم تۇرمۇش ئۈچۈن تىرىشىمەن! ئاھ ئۇلۇغ ئاللا، مېنى كەچۈرگەيسەن...»

ئەركىن ئەتىسى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، رەنانىڭ ناشتىلىقىنى تەييار قىلدى، ناشتىدىن كېيىن بازارغا چىقىپ كەتتى، ئۇ بانكىدىن پۇل ئالدى، ئاندىن دوختۇرخانىغا كېلىپ،

سولياۋ خالتىدىكى گېزىتكە يۆگەلگەن پۇلنى ئابلەت دوختۇرنىڭ ئالدىغا قويدى.

— مۇشۇ پۇللارنى مۇناسىۋەتلىك دوختۇر - سېستىرالارغا بۆلۈپ بەرگەن بولسىڭىز، ئابلەتكا، ئۇلارغا دەپ قويغان بولسىڭىز، رەنانىڭ كېسىلىنى ئېغىزدىن چىقىرىپ قويمىسا، «دوست بار، دۈشمەن بار»، ئەگەر ئۇنىڭ كېسىلىنى ھەممە ئادەم بىلىپ كەتسە بىز باش كۆتۈرەلمەيمىز.

— بۇنداق قىلمىساڭ بولاتتى، ئۇكا، كېسەللىك مەخپىيىتىنى ساقلاش بىزنىڭ ئەقەللىي بۇرچىمىز، ئۇنىڭسىزمۇ مەن بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان.

— خاپا بولماي مۇشۇ پۇللارنى ئۇلارغا بىر تارقىتىۋېتىڭ، ئابلەتكا، ئىشلار تېخىمۇ پۇختا بولۇپ كېتەر ! — دېدى ئەركىن.

— ئەمىسە مەن پۇللارنى ئۇلارغا تارقىتىپ بېرەي ! — دېدى ئابلەت. ئۇ پۇللارنى ئېلىپ ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى.

رەنا دوختۇرخانىدىن چىقتى. ئابلەت دوختۇر ئۇنىڭغا نۇرغۇن دورىلارنىڭ رېتسېپىنى يېزىپ بەردى. ئەركىن ئايالىنى دەريابويى كەنتىگە سالغان ئاشۇ داچىغا ئاچىقىپ قويدى. ئۇنىڭغا ئالىيە بىلەن گۈلبانۇ ھەمراھ بولۇپ شۇ يەردە تۇردى.

«ھەي رەنا، ھەي رەنا، سېنى كىم مۇشۇ يولغا باشلىدى؟ سېنى قايسى شەيتان مۇشۇ يولغا باشلىدى؟ ئەگەر سەنمۇ ماڭا ئوخشاش ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي مەن بىلەن قالغان بولساڭ، ئۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ تەقدىرىمىز قانداق بولاتتى؟» دېدى ئەركىن.

بۇ يىلقى كۈز بەكمۇ بالدۇر كەلگەنىدى. ھەممە دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ بولغانىدى. ئۇلارنىڭ شاخلىرىدا كۆلگەن كۆنلىرى ئاياغلاشقان، يەردە، ئازگاللاردا، ئېرىقلاردا يىغلاشقا باشلىغانىدى. رەنا داچىسىدا دورىسىنى ئىچىپ ياخشى دەم ئېلىۋاتاتتى، ئۇ كۈندىن - كۈنگە روھلىنىپ كەلگۈسى ئۈچۈن بەكمۇ ياخشى پىلانلارنى چۈشەۋاتاتتى. چۈشتە ئۇ ئىككى سائەت ئۇخلىدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۈلبانۇ بىلەن ئالىيەنى ئەگەشتۈرۈپ دەريا بويىغا باردى. شامال دەرياغا خۇشامەت قىلىپ ئەتراپىدىكى ھەممە غازاڭلارنى سۈغا بېرىۋەتكەنىدى. رەنا دەرياغا قاراپ تۇردى. ئۇ ئاشۇ يىللاردىكى «نايناقلار دەرياسى» بويىدىكى ئويۇنلىرىنى ئەسلىدى، شامال بېلىق بىلەن سۇنىڭ يۇراقلىرىنى ئالدىغا ئەكېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈردى. بۇنداق پۇراقلار رەنا ئۇچۇن ئەينى يىللاردىكى ھەرقانداق كەيپىياتىغا ئوخشىمايتتى...

«ئەگەر مەن مەكتەپ پۈتكۈزۈپ كەلگەندىن كېيىن بىرەر مەكتەپكە كىرىپ خىزمەت قىلغان بولسام، بۈگۈنكى تۇرمۇشۇم قانداق بولار ئىدى؟ ئەگەر مەكتەپ پۈتكۈزۈپلا ئەركىن بىلەن توي قىلغان بولسام، ھازىر بالام قانچە ياشقا كىرەتتى؟ ئەگەر مەن ئالمۇتاغا بارمىغان بولسام، ھازىرقى ئورنۇم قانداق بولاتتى؟ بۇ جاھاندا ياشىماق نېمىدېگەن تەس - ھە ! قورسىقىمىز تويسا كۆزىمىز تويمايدىكەن، ئادەملەر ئۆزۈمنى كۆرسەتسەم دەپ ئېزىپ - تېنەپ يۈرىدىكەن، لېكىن توغرا يول تاپماق بەك تەس ئىكەن...»

رەنا چىملىقتا ئولتۇردى، كۆزدە زېمىن مۇرادىغا يەتكەنىدى، دەريادىكى ئاق ئالتۇن بىر - بىرىنى قوغلىشىپ يىراق يەرلەرگە كېتىۋاتاتتى، سۇ پەسىل قۇشلىرىنىڭ دۇئاسى بىلەن خاتىرجەم ئاقاتتى، بۇ مەنزىرىلەر ئالىيە سىزغان رەسىملەرنىڭ ئۆزى ئىدى. ئادەمنى شۇ قەدەر ھاياجانغا سالاتتى. نۇرغۇن ياخشى پۇرسەتلەر بىلەن ئۆزە تۇرغان زېمىندا كىشىلەرنى ياشاشقا ئىلھام بېرەتتى: «تىرىشىڭلار، ياشاڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھەم ئەجدادىڭلارنى بىلىڭلار، نەتىجىگە ئىگە بولۇڭلار!» دەپ دۇئا قىلاتتى. لېكىن، رەنا شۇ دەقىقىدە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي كېسىلى — ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ ئۇنىڭ قېنىنى زەھەرلەپ بولغانلىقىنى بىلمەيتتى.

دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن بىر ئاق كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ رەنانىڭ قولىغا قوندى، رەنا كەپتەرنى كۆرۈپ كۈلدى، بۇ ئاخشام ئۇنىڭ چۈشىگە كىرگەن كەپتەر ئىدى. ئۇلار كۈلۈشۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆرۈشكەندىن كېيىن، كەپتەر رەناغا قارىدى:

— مېنى ئانام مۇشۇ يەرگە سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتكەن، مەن سىزنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولۇپ كەتتىم، ھايات بىز ئۈچۈن ھەممىدىن ئۇلۇغ، سىز ھايات، مەن ھايات، شۇڭا ئىككىمىز مۇشۇ دەريا بويىغا كەلدۇق، بىز ئەركىن نەپەس ئالىمىز، كۆرەلەيمىز، ھۇزۇرلىنالايمىز، ئەڭ ياخشى نەرسىلەرنى يېيەلەيمىز، چۈش كۆرەلەيمىز، ناخشا ئېيتالايمىز، جاھاننىڭ ھەممە يېرىگە بارالايمىز. بۇنداق ئۇلۇغ راھەتنى ھېچقانداق گۆھەرگىمۇ تېگىشكىلى بولمايدۇ، بۇ بىزنىڭ مۇقەددەس ھوقۇقىمىز، يەنە ئەڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ھوقۇقىمىز، شۇڭا بىز ئۆزىمىزنى قوغداشنى بىلىشىمىز كېرەك، ئۆزىمىز ئۈچۈن، جەمئىيەت ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن، ئىنسانلار ئۈچۈن ياشاشنى بىلىشىمىز كېرەك...

كەپتەر رەنا بىلەن مۇشۇنداق قىزىق مۇڭدىشىۋاتقاندا، ئەركىن ئابلەت دوختۇر بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ ئابلەت دوختۇرغا يېقىندىن بېرى ئۇنى ئازابلاۋاتقان ئاشۇ پىكرىنى ئېيتتى:

— مەن جىق ئويلاشتىم، ئابلەتكا، ئەگەر مەن ئايالىمنىڭ كېسىلىنى ئۆزىگە ئېيتمىسام ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئوخشايمەن.

— ياق ئۇكام، ئەل ـ ئاغىنە، يېقىن ـ يورۇق ھېچكىمم بىلمەي قالسۇن، بىز ھەممىمىز نۇرغۇن ئىشلارنى بىلمەي ياشاۋاتىمىز، — دېدى ئابلەت دوختۇر.

ئەركىننىڭ چىرايى غەلىتە تۇرۇلدى، بۇ ئايالى رەنا ئۈچۈن، ئۆزى ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈرىكىدە پەيدا بولغان ئۆكۈنۈشنىڭ بەلگىسى ئىدى.

2008 ـ يىلى 2 ـ ئايدا يېزىپ تاماملاندى.

2013 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قايتا تۈزىتىلدى.

NIEDERSACHS.
STAATS- U. UNI-
BIBLIOTHEK
GÖTTINGEN

# ئۆكۈنۈش (رومان)


**ئاپتورى:** غەيرەت ئاسىم
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** بارنجان زەپەر
**مەسئۇل كوررېكتورى:** رەناگۇل ئابلىمىت
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991-2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شۇنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 16.25
**نەشرى:** 2014 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2014 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1 — 3000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 17550 - 5
**باھاسى:** 45.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# ئۆگۈنۈش

ISBN 978-7-228-17550-5

9 787228 175505 >

定价：45.00元